# شرقی توركستان تأریخی

محمد امین بوغرا

ئه نقه ره نه شرى، 1987

**نه شركه تييارليغوچى**

فاطمه بوغرا

**باسقوچى**

*Ofset repromat*

OFSET REPRODÜKSİYON MATBAACILIK
Yüksel Cad. 40/2 Kızılay/ANKARA Tel: 134 33 50

**تارقاتقوچى**


*Fatma Buğra*
*Abidin Daver Sokak 47/6-D,*
*Çankaya, Ankara 06560*



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

**بو كتاب**
**يورت و ملت يولیده جانینی و مالینی**
**آییمیغان وطنپرورلرغه**
**توهفه قیلیندی**

آوراسیا دا شرقی تورکستان نینگ اورنی



## شرقی توركستان تاریخی نی باستورورب چقیش خراجیتینی قامداش گه قاتناشقان محترم وطنداشلریمیز نیكْ اِسم تیزیمی

ابراهیم آخون كریه  احمد حاجم طبیب  اُستاذ قاسم خُتَنی  احمد قاری عبدالعزیز
باقی حاجم ییكْسا تاش حاجم  تۆسون حاجم یعقوب كشغری  تُردی یحیٰی تركستانی
توخته حاجم خیاط· ثابت حاجم مولوی  حامد حاجم صادق  حامد قاریم گوما
حامد حاجم مِرزا  حسن قربان قراقاشی  حسین قاری اسلامی  داود محمود آرتوشی
ذونون حاجم (محمد قاسم) رحمت الله احمد یوسف (بای باجه)  رحمت الله عبدالعزیز
سراج قاریم  صایت عبدالكریم عبدالرحمن اسماعیل  عبدالصبور رحمت الله تركستانی
عبدالحكیم نیازی  عبدالحمید زاید گوما  عبدالحمید عمر روزی  عبدالستار مولوی
عبدالعزیز اسلام  عبدالعزیز خان نیازی عبدالعزیز یركندی  عبدالعزیز یونس آرتوشی
عبدالعظیم عبدالعزیز خُتَنی  عبدالغفور امین وشركاه عبدالغفورهاشم آقسو  عبدالفتاح
عبدالكریم  عبدالقادر عبدالظاهر داملا  عبدالقادر محمد تركستانی عبیداله حاجم كریه
عمر حاجم (قییش)  غازی بیك حاجم گوما  غلام محی الدین آرتوشی  فیض الله
خان حاجم  قربان شریف بیك كشغری  قربان عبدالله  محمد امین عبدالخالق
محمد امین قارا قاشی  محمد توردی خان غوجام محمد تورسون هاشم  محمد ترسون
حاجم یورونقاش  محمد رحیم جان  محمد روزی (الخوتنلی)  محمد سعید حاجم
سامبولا  محمد قربان  الحاج محمود قارغیلیق  معصوم بیك حاجم  نورمحمد مقصوم
خُتَنی  یعقوب طالب حاجم اوغلی (ینگی حصار)



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

# بسم الله الرحمن الرحيم

## مندرجات


نشرغه تیارلیغوچی دین سونوش XII

موئه‌للیپنی تونوشتوروش XVI

تقریظ XXII

مقدمه XXIV

منبع تو تولغان اثرله‌ر

بیرینچی باب: عمومی تاریخ

بیرینچی بولوم: عمومی تاریخ نیڭ بیر خلاصه سی

۱ـ فصل: تاریخ علمی نیڭ ماهیتی 3

۲ـ فصل: عمومی انسان تاریخی نیڭ باشی 5

ایکینچی بولوم: عمومی تورك تاریخی نیڭ بیر خلاصه سی

۱ـ فصل: تورك تاریخی نیڭ باشلانغوچی 13

۲ـ فصل: تورك لر نیڭ معدن دوری ده کی مدنیتی 15

۳ـ فصل: تورك لر نیڭ عمومی کوچوش دوری 19

٤ـ فصل: کوچوش دوری دین کین کی تورك آنایورتی 23

قدیم تورك لرده یزیغ 25 قدیم تورك لرده دولت تشکیلات وحقوق 28 قدیم تورك لرده دین 31

ایکینچی باب: شرقی تورکستان نیڭ خصوصی تاریخی

بیرنچی بولوم: روایت لر وأدبی اثرلرغه کوره شرقی تورکستان نیڭ قدیم تاریخی 37

ایران روایت لری 38 اسور روایت لری 40 یونان روایت لری 40 هندستان روایت لری 44 تورك روایت لری 45

تنقید و محاکمه 49 خلاصه 54 افراسیاب مرثیه سی 56

ایکینچی بولوم: اسکندر دوری دین هون دوری غه چه شرقی تورکستان 59

اوچونچی بولوم: شرقی تورکستان هون دولتیغه قوشولغان چاغدین اسلام چاغیغه چه اوتکه ن دوره

### ١ــ فصل: چوك هون امپراطورلوق 65

هون دولتی نیڭ كڭروگه نی 66 چین محاربه سی 68 یاوچی محاربه لری 69
اوغوز (متـه) خان نیڭ وفاتیدین كین كی واقعه لر 70چین حكومتی نیڭ هون دولتی ضدی غه سیاستی هون وچین اراسیده سوقوش 71
هون دولتی ده داخلی اغتشاش 74 هون تڭری قوتی چین نی مغلوب اتكه نی 75 هون دولتی نیڭ ایكی غه ایریلغانی 76
هون دولتی نیڭ ماهیتی 78 هون لرنیڭ دینی 80

### ٢ــ فصل: هون دولتی دوریده شرق توركستان 81

چین نیڭ شرق توركستان غه تونجی قتیم تعرضی ومغلوب بولغانی 82 چین دولتی نیڭ شرق توركستان غه اول دفعه استیلاسی 83
شرق توركستان نیڭ چین استیلاسی دین قوتولغانی 84 شرق توركستان التی شهر خان لری اراسیده داخلی اختلاف 84
شرق توركستان و چین اراسیده ٣٠ ییل لیق سوقوش (٧٣ ــ ١٠٣ م) 85

### ٣ــ فصل: قوشخان (كوشان) امپراطورلوقی 89

التی شهر نیڭ قوشخان امپراطورلوق غه قوشولغانی 91 قوشخان لر دوریده شرق توركستان ده دین و مدنیت 92
شرق توركستان دین قوشخان لرنیڭ نفوذی یقیلیب یرلیك خان لرنیڭ مستقل بولغان لری 94

### ٤ــ فصل: سیانپی بیرله شمه دولتی 95

چین استیلاسی دین سیانپی اتحادیه سی غه كیریش اراسیده كی مدت ده شرق توركستان نیڭ شرقی وشمالی حصه لری 95 سیانپی تورك
لری استقلالی وشرق توركستان 96 شرق توركستان خانلیق دولت لری نیڭ استقلالی (٣٩٠ ــ ٤٤٨ م) 98

### ٥ــ فصل: توپاتورك دولتی 99

قوجو و التی شهر خانلیق لری نیڭ توپا امپراطورلوق غه قوشولغانی توپا تورك لری نیڭ مدنیتی 101

### ٦ــ فصل جوجان تاتار امپراطورلوقی 101

تولون قاغان نیڭ شرق وغربی توركستان نی الغانی (٤٦٠ ــ ٤٧٠ م) 102

### ٧ــ فصل: یفتل (هفتال) امپراطورلوقی 104

شرق توركستان نیڭ یفتل دولتی غه تابع بولغانی 105

### ٨ــ فصل: كۆك تورك دولتی 106

شرق توركستان نیڭ كوك تورك بیرله شمه سی غه كیرگه نی 107 موقان قاغان نیڭ قوشنا دولت لر بیله ن مناسبتی 108
كوك تورك دولتی نیڭ ایكی غه آیریلغانی  ایكی كوك تورك دولتی ده چین خیانتی سببی دین چیقغان حادثه لر 111
شرق كوك تورك دولتی وچین 112 شرق كوك تورك دولتی نیڭ یقیلغانی 114 غربی كوك تورك دولتی ده داخلی انقلاب وچین تعرضی
115 غربی كوك تورك قاغانی نیڭ ایران شاهی یزدگرد غه یاردم بیریب اسلام عرب عسكری بیله ن اوروشقانی 116 غربی كوك تورك
دولتی نیڭ ینه قوتله نگه نی 117 غربی كوك تورك دولتی نیڭ یقیلغانی وتوركستان لرغه چین استیلا قیلغانی 118 شرق توركستان نیڭ
جنوبی ولایت لری غه تبیت لیك لرنیڭ استیلا قیلغانی 121




ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولیازمىلار ئامبىرى

۹ــ فصل: قوتلوق وتورکش دولت لری

کوك تورك دولتی نيڭ تبريلگه نی 121 شرق ده قوتلوق دولتی 121 غرب ده تورکش دولتی 122
قوتلوق وتورکش دولت لری نيڭ بيرله شکه نی وتورکستان لرنيڭ چين اسارتيدين قوتولغانی 124 تورك قوتلوق دولتی بيله ن اسلام اميرلی اراسيده کی واقعه لر 125 قتيبه بن مسلم مهلب بن أبي صفره 126 بير تاريخی حقيقت 130 ينه بير تاريخی حقيقت 131 شرق تورکستان نيڭ داخلی واقعه لری 132 کوك تورك دولتی نيڭ سياسی واجتماعی احوالی ومدنيت اثرلری 134 داخلی سياست 135 دولت تشکيلاتی 135 عادت واخلاق 137 صناعت 138 تجارت 139 دين 140 اورخون ابده لری 143

۱۰ــ شرق تورکستان دا ايکنجی تورکش دولتی 143

سولو قاغان نيڭ عرب عسکری لری بيله ن سوقوشقانی 143 سولو قاغان نيڭ وفاتی وتورکش لر ايچيده اغتشاش 144

۱۱ــ فصل: شرق تورکستان غه ينه چين نيڭ استيلا قيلغانی 152

۱۲ــ فصل: شرق تورکستان نيڭ چين استيلاسيدين قورتولوشی وميڭ ييل غه چه چين تعرضی دين خاطر جمع بولغانی 154

۱۳ــ فصل: قارلوق دولتی 155

۱٤ــ فصل: شرق تورکستان دا مستقل دولت قوررولغانی 158

۱٥ــ فصل: التی شهرغه تبت ليك لرنيڭ ايکينجی استيلاسی وبو استيلادين قورتولوشی 159

۱٦ــ فصل: شرق اويغور دولتی 160

شرق ويغور لری نيڭ يقيليشی 162 شرق اويغور لری نيڭ دينی 164 شرق اوريغور لری نيڭ مدنيتی 165 اويغور يزيغی 168

۱۷ــ فصل: قديم زمان لرده کی تورك وچين سياست لری حقيده بير مطالعه 171

تورك سياستی 172 چين سياستی 173

تورتونجی بولوم: قاراخان لر دوريدين مغول دوريغه چه شرق تورکستان

۱ــ فصل: قاراخان لر دولتی 177

قوررولوشی 177 دولت نيڭ کڭروگه نی 178 شرق تورکستان ده اسلاميت نيڭ يايليشی 180 ستوق بوغرا قاراخان نيڭ غزات قيلغانی 182 موسیٰ بوغرا قاراخان 183 هارون بوغرا قاراخان 184 غربی تورکستان نيڭ قاراخان لر دولتی غه قوشوليشی 185 قاراخان يوسف قدرخان 187 سامانی دولتی نيڭ يقيلغانی 189 علی تکين ايليك خان بيله ن سامانی خاندانی دين منتصرنيڭ محاربه لری 190 علي تکين ايليك خان وسلطان محمود اراسيده محاربه 191 قاراخان يوسف قدرخان نيڭ سلطان محمود بيله ن محاربه سی 193 قاراخان يوسف قدرخان وسلطان محمود اراسيده مصالحه 194 طغان علي خان وختای محاربه سی 195 ايليك خان اتالغوسی خصوصيده بير تحقيق 196 ايليك خان لر نيڭ قاراخان غه عاصی بولغانی 200 قاراخان يوسف قدرخان وسلطان محمود نيڭ کورروشکه نلری 202 علي تکين ايليك خان نيڭ ايکنجی قتيم عصيانی 205 سلجوق اوغول لری نيڭ شرق تورکستان غه تکيشليك تاريخچه سی 206 قاراخان يوسف قدرخان وعلي تکين ايليك خان نيڭ وفات لری 210 قاراخانليق دولتی نيڭ ايکی غه بولونکه نی 211 ايکنجی هارون بوغرا خان نيڭ قاراخانليق دوريده کی واقعه لر 212 قاراخان لر دولتی نيڭ يقيلغانی 216 قاراخان لر دوريده اداره تشکيلاتی 217 عسکر

تشكيلاتى 219 قاراخان لر دوريده شرق وغربى توركستان نيڭ مدنيتى 220 علم 221 آبادليق ـــ صناعت 223 زراعت وتجارت 225 قاراخان لر دوريده شرف عنوان لرى 226 قاراخان لر دوريده تورك ليك وادبياتى 228 قاراخان لرنيڭ چاغداش دولت لر اراسيده كى سياسى موقعى 230 قاراخان لر و اولردين ايلگريكى چوك تورك دولت لرى يقيلغانلرى نيڭ سبب لرى خصوصيده بير مُلاحظه 232

## ٢ــ فصل: شرق وغربى توركستان دا قاراختاى دولتى 234

قاراخيتاى لرنيڭ شرق وغربى توركستان غه استيلاسى 237 كوبيڭ، گوياڭ قانون، تيرگه خان لرنيڭ گورخان بولغانى 239 ايديقوت وقليج خان نيڭ چنگيز خان غه تابع بولغان لرى 245 قارا خيتاى دولتى نيڭ يقيلغانى 246 كوچلوك نيڭ كيم ليكى و شرق توركستان غه كليش سببى 249 قارا خيتاى دولتى نيڭ تشكيلاتى 251

# بشينجى بولوم: شرق توركستان دا مغول لر دورى

## ١ــ فصل: شرق توركستان غه چنگيز خان استيلاسى 255

شرق توركستان نيڭ چنگيز خان زمانه سيده كى احوالى 257 چنگيز خان اۆلگه ندين كين شرق توركستان 258

## ٢ــ فصل: چاغاتاى خاندانى دولتى 259

شرق توركستان ده اوكتاى خاندانى نيڭ حكومتى 260 شرق توركستان نيڭ ينه چاغاتاى خاندانى غه اۆتكه نى 261 مستقل بير چاغاتاى دولتى قورولغانى 263 توغلوقتيمور نيڭ خان بولغانى 265 توغلوقتيمور خان نيڭ غربى توركستان نى الغانى 266 تيموربگ نيڭ عصيانى 270 تاش كوپروك محاربه سى 272 الياس خوجه اوغلان نيڭ خان بولغانى 273 شرق توركستانى ده انقلاب 276 شرق توركستان حكمدارلرى وتيموربگ اراسيده اون ييل ليق محاربه لر 279 خضر خوجه اوغلان نيڭ خان بولغانى وشرق توركستان ده بيرليك 282 قمرالدين بگ نيڭ توقتاميش خان بيله ن اتفاق توزگه نى 283 شرق توركستان ده راى اختلاف وقمرالدين بگ نيڭ وفاتى 286

تيمور بگ نيڭ شرق توركستان غه تعرضى 287 خضر خوجه خان نيڭ اجرا اتى 288 تيمور بگ نيڭ اۆلومى 290 محمد خان نيڭ خان بولغانى 291 شمع جهان نيڭ خان بولغانى 292 شير محمد خان نيڭ خان بولغانى 293 شير محمد خان و اولوغ بگ ميرزا اراسيده محاربه 294 شير محمد خان وفات بولوب اويس خان نيڭ خان بولغانى 297 اوچونجى ايسن بوغا خان 298 ايسن بوغا خان نيڭ فرغانه نى الغانى 299 يونس خان نيڭ خان بولغانى 300 يونس خان نيڭ محاربه لرى 303 سلطان يونس خان نيڭ تاشكندنى بايتخت قيلغانى 305 سلطان يونس خان نيڭ مدنيت غه ايكى مهم خذمتى 306 محمود خان نيڭ خان بولغانى 307 سلطان محمود خان نيڭ كورگان لربيله ن قيلغان محاربه لرى 309 محمد شيبانى خان نيڭ سلطان محمود خان غه خيانت قيلغانى 312 سلطان محمود خان نيڭ بابر ميرزا بيله ن مناسبتى 313 كاشغر محاربه سى وابابكر ميرزا نيڭ اوچ غه استيلاسى 315 سلطان محمود خان نيڭ شيبانى خان ضدى غه اقداماتى 315 تاشكندنى شيبانى خان نيڭ اليب كتكه نى 317 خان لرنيڭ اسير ليقدين قوتولغانى والاچه خان نيڭ وفاتى وشرق توركستان ده انقلاب 319 سلطان محمود خان نيڭ شهيد بولغانى وكين كه واقعه لر 320 شرق توركستان ده چاغاتاى دولتى نيڭ يقيلغانى 322 چاغاتاى دولتى دوريده شرق توركستان نيڭ اجتماعى واداره تشكيلاتى 323 اجتماعى احوال 325 اداره تشكيلاتى 328

## ٣ــ فصل: التى شهر دوغلات حكمدارلرى نيڭ تاريخچه سى 329

سلطان ابابكر ميرزا دوغلات نيڭ التى شهرده مستقل دولت تاسيس قيلغانى 334 سلطان ابابكر ميرزا نيڭ عقلى نيڭ اختلالى 339 شرق توركستان دوغلات دولتى نيڭ يقيلغانى 340 سلطان ابابكر ميرزا نيڭ اداره تشكيلاتى 344



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

٤ــ فصل: اوّزبك وقازاق اتالغولری نيڭ كليب چيقيشی 346
اوزبك 347 قازاق 349
٥ــ فصل: شرق توركستان دا سعيديه دولتی 350
سلطان سعيد خان نيڭ ترجمه حالی 351 سلطان سعيد خان غه منصور خان نيڭ بيعيت قيلغانی 356 ٩٢٣ دين ٩٢٦ هـ غه چه بولغان واقعه لر 358 ٩٢٧ دين ٩٣١ هـ غه چه بولغان واقعه لر 360 شرق توركستان نيڭ شمال حصه سی نيڭ قولدين كتكه نی 269 بلورستان وبدخشان غه يوروش 363 عبدالرشيد سلطان نيڭ وليعهد بولغانی،تيبت وكشمير فتحی 365 سلطان سعيد خان نيڭ وفاتی 369 سلطان عبدالرشيد خان نيڭ خان بولغانی 370 محترم اوقوغوجی لريميز دين عذريميز 371
٩٤٠ دين ١٠٤٨ هـ (١٦٣٠ ــ ١٥٣٣ م) غه چه اوتكه ن واقعه لر 372 عبدالله خان نيڭ خانليق دوری 373 عبدالله خان نيڭ خانليقدين يقيلغانی 375 اسماعيل خان نيڭ خان بولغانی واباق خوجه نيڭ توز كورلوق 376 سعيديه ملی دولتی نيڭ يقيلغانی 377 سعيديه دولتی ده اداره تشكيلاتی وعسكرليك ايشلری 378 اقتصادی احوال 380 معارف وادبيات 382 عمومی خلق نيڭ اجتماعی احوالی وروحياتی 383
٦ــ فصل: شرق توركستان غه قالماق استيلاسی 385
قالماق لرنيڭ تاريخچه سی 386 آباق خوجه نيڭ اولادی نيڭ آراسيده مجادله 390 آباق خوجه واولادی نيڭ دوريده شرق توركستان 392

## اوچونجی باب: شرق توركستان غه چين استيلاسی و ملی انقلاب لر دوری

### بيرينجی بولوم: بيرينجی چين تعرضی 397
١ــ فصل: چين استيلاسی تاريخی دين ١٨١٦ م غه چه كی مدت ايچيده شرق توركستان ملتی غه بولغان ظلم لر 399
٢ــ فصل: شرق توركستان ده چين غه قارشی بيرنچی عمومی انقلاب 407
٣ــ فصل: شرق توركستان غه ايكينجی چين استيلاسی 308
٤ــ فصل: شرق توركستان دا ايكنجی عمومی انقلاب 410
٥ــ فصل: ١٨٦٣ ــ ١٨١٥ م آراسی شرق توركستان نيڭ عمومی احوالی 412
٦ــ فصل: شرق توركستان دا اوچونجی عمومی انقلاب 415
ايلی ويته سو انقلابی 417 كوچا انقلابی 420 راشد الدين خان خوجه نيك كاشغر، ياركند وختن مجاهدلری بيله ن اوروشقانی 425 كوجا مجاهدلری نيك عاقبتی 429 كوچا حكومتی نيڭ ماهيتی 430 ختن انقلابی 432 ختن مجاهدلری نيڭ عاقبتی 435 حاجی بادشاه نيڭ اداره تشكيلاتی وبعضی اجرا اتی 438 كاشغر انقلابی وعاقبتی 440 ياركند انقلابی وعاقبتی 442
٧ــ فصل: شرق توركستان حدوديده بولغان تورك يورت لريغه روس لرنيڭ استيلاسی 446

٨ــ فصل: يعقوب بگ نيڭ واقعه لرى 448

يعقوب بك نيڭ حكمدار بولغانى 449 ختن سفرى 450 كوچا سفرى 453 يعقوب بك نيڭ قوتى نيڭ زياده بولغانى 455 يعقوب بك نيڭ توربان، اوروچى و ايلى نى الغانى 456 يعقوب بك نيڭ استقلال اعلان قيلغانى وبدولت عنوانى نى الغانى 458 يعقوب بك نيڭ يات دولت لر بيله ن مناسبت پيدا قيلغانى 459 اوروچى وغولجه غه ايكنجى قتيم تونگان استيلا قيلغانى 460 شرق توركستان غه چين تعرضى 461 يعقوب بك نيڭ اولومى وشرق توركستان ده داخلى مجادله 463 شرق توركستان استقلالى نيڭ يقيلغانى 465 يعقوب بك نيڭ استبدادى 467 اداره تشكيلاتى 468 يعقوب بك نيڭ تاريخ صحيفه سيده كى اورنى 470

ايكينجى بولوم: شرق توركستان غه تورتونجى چين استيلاسى 475

١ــ فصل: چين مانجور امپراطورلوق نيڭ اخرق دورى ده شرق توركستان 475

٢ــ فصل: ايلى ويته سو غه روس استيلاسى 477

٣ــ فصل: چين امپراطورلوق نظامى ييقولغونجه شرق توركستان نيڭ عمومى احوالى 479

چين امپراطورلوق نيڭ شرق توركستان خصوصيده كى يمان بلانى 482 مانچو امپراطورلوق نيڭ شرق توركستان دا اقتصادى سياستى 485 شرق توركستان ده بيرنجى قتيم نفوس ساناغى 487 چين مانچو امپراطورلوق دوريده شرق توركستان ده حكومت تشكيلاتى 488

٤ــ فصل: چين جمهوريتى دورى ده شرق توركستان 491

شرق توركستان ده ايكى يريم حكومت 494 قارا سپچ (گوله خوى) جمعيتى 496

٥ــ فصل: شرق توركستان دا ملى اويغانيش 499 محاكمه 502

٦ــ فصل: شرق توركستان دين چين جمهوريتى نيڭ نفوذى يوق بولغانى 506

ياڭ زيڭ شيڭ نيڭ سياستى نيڭ شكلى 507 شرق توركستان ده سايلام 510 شرق توركستان ده فابريكا وسيم سيز تلكراف 514 شرق توركستان نيڭ مدنيتى غه واقتصادياتى غه ياڭ زيڭ شيڭ نيڭ قيلغانى خيانت لرى 515 ياڭ زيڭ شيڭ نيڭ اۆلتورولگه نى 521

٧ــ فصل: چين شورين نيڭ حكومت دورى 522

## تورتونجى باب: شرق توركستان دا آخرق عمومى انقلاب

مؤلف نيڭ مطالعه سى 529

١ــ فصل: قمول انقلابى 536

٢ــ فصل: توربان انقلابى 141 خوجه نياز حاجى نيڭ توربان نى آلغانى 546

٣ــ فصل: ختن انقلابى نيڭ كليب چيقيشى 553 ياركند فتحى 563

٤ــ فصل: قاراشهر، كورلا، كوچا، آقسو وكاشغر واقعه لرى 567

٥ــ فصل: آلتاى، چوچك، وغولجه انقلاب لرى 572

٦ــ فصل: التى شهر دين تونگان لرنيڭ يوق اتيلگه نى 575

٧ــ فصل: چين حكومتى نيڭ شرق توركستان نى اوْچ حصه غه تقسيم قيلغانى 578



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

٨ــ فصل: ختن قوت لری بیله ن تیمور سیجاڭ آراسیده کی مناسبت نیڭ بوزولغانی 580
٩ــ فصل: خوجه نیاز حاجی نیڭ التی شهر غه کلگه نی وختن حکومتی نیڭ اڭا رسماً بیعت قیلغانی 590
١٠ــ فصل: تیمور سیجاڭ نیڭ اۆلتورولگه نی 592
١١ــ فصل: اوروچی ده کی حادثه لر 596
١٢ــ فصل: ملی انقلابچیلرنیڭ یات دولتلر بیله ن مناسبتی 601
١٣ــ فصل: خوجه نیاز حاجی وتونگان لر 604
١٤ــ فصل: ینه ختن وکاشغر واقعه لری 606
١٥ــ فصل: خوجه نیاز حاجی نیڭ شخصیتی حقیده بعضی توشونچه لر 610
١٦ــ فصل: توریان وایلی ده کی تونگان لر نیڭ التی شهرگه توکولگه نی 613
١٧ــ فصل: ٢٠ رمضان ــ ١٠ ذی القعده غه چه بولغان واقعه لر 616
١٨ــ فصل: ماجوڭ یڭ نیڭ کاشغر غه کلگه نی 621
١٩ــ فصل: انقلاب نیڭ فاجعه لیك صحنه لری 623
٢٠ــ فصل: ختن انقلابی نیڭ یقیلغانی 633
٢١ــ فصل: انقلاب نیڭ اخرقی صحیفه لری 68
٢٢ــ شرقی تورکستان ملی انقلابچی لری نیڭ عسکری وسیاسی وضعیت لری 645
داخلی سیاسی وضعیت 648 خارجی سیاسی وضعیت 650 تفسیر 651
٢٣ــ فصل: شیڭ نیڭ حکومتی نیڭ ماهیتی 652
شیڭ کیم دوری 654
خاتمه ــ شرقی تورکستان نیڭ انقلابی توگادیمو ؟ 657

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

فاتىمە بۇغرا
ئىيۇن، 1987

بۇ ئەسەرنى، مۇئەللىپى نىڭ تىلىگىگە مۇۋاپىق نەشر قىلىش، يېزىلىشىدىن قىرىق يەتتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن بوگۈن بىزگە نېسىپ بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ تەڭرىمىزگە شۈكۈر قىلامىز. بۇ مۇقەددەس خىزمەتنى ئورۇنداشتا ماددى ياردەملىرىنى بىزدىن ئايىمىغان ھىممەتلىك يۇرتداشلىرىمىزغا رەھمەت ئېيتىمىز.

ئەسەرنىڭ مەتنى (تېكستى)، مۇئەللىپنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىلغان نۇسخىسىدىن رەتلەندى. ئەسەر، شەرقىي تۈركىستاندا مۇندىن قىرىق- ئەللىك يىل ئىلگىرى رواجدا بولغان ئەدەبىي تىلىمىز نۇمۇنىلىرىدىن بىرى بولغاچ، بۇ ئالاھىدىلىكىگە خەلەل كەلتۈرۈشتىن تارتىندۇق.

بىراق، ياش كىتابخانلارنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزئالدىدا تۇتۇپ، ئەسەردە قوللىنىلغان ھەرپلەرنىڭ ھازىرقى زاماندا شەرقىي تۈركىستاندا ۋە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدە قوللىنىپ تۇرغان تەڭداشلىرىنى تۈبەندە كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. كىرەك كۆرۈلگەن يەرلەردە ھىجرى تارىخلەرنىڭ يېنىغە ۋە يا ئورنىغە مىلادى تەقۋىم تەڭداشلىرى بېرىلدى.

رەڭلىك خەرىتەلەرنى مۇئەللىپ ئۆزى سىزىپ چىققان. قارا سىزىق خەرىتەلەر ۋە رەسىملەر بولسا نەشرگە تەييارلىغۇچى تەرەپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كىتابنى مۇنداغىلا سۈسلەشگە ئىمكانىيەت بەرگەن تارىخ تەتقىقاتچىلىرىدىن باھائەددىن ئۆگەل، ئەمەل ئېسىن، ئاندرېيو فورېس، ئەرىك نايمان، ياسىن ئەيسا ۋە يىپەك يولىنى پىلىمگە ئالغان جوڭگو- ياپون ئارخېئولوگلەر ھەيئىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

ئەسەرنىڭ كۆپراق قىسمى، ١٩٤٠ دە رەھمەتلىك مەمەت قاسىم داموللام (قاراقاش) نىڭ قاراسىغىدە ۋە كەشمىردىكى شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

قالغان قيسمى بولسا ۱۹۷۱ دە شرقى توركستان ملى اِنقلاب تاريخى ئونوانى ئاستىدا ۋە مەرھوم ئىلى ھاجىم (علي روزي الخوتنلى) نىڭ خيراجيتى بيلەن مەمەت قاسىم داموللام تەرەپىدىن نەشر قىلىنغان. ھەر ئيككى نەشردە كتاپ ئۆچيوز ئەدەتتين بسيلغان، خەريتەلەر ۋە رەسىملەر بسيلماي قالغان.

موئەللىپ، ھاياتى نىڭ ئاخيرقى يىللىريغىچە ۋەتەن تاريخىنى تەتقيق قىلىش بىلەن شوغۇللانغان؛ ئەسەرىنى يگى باشتىن يزىپ چىقىش ئوچون پورسەت ۋە ئيمكان ئيزلىگەن ھالدا ۱۹٦٥ يىلىدە ۋاپات قىلغان. تۆرت بەش يىل بورون ھورمەتلىك ذونون ھاجىم (ذونون قاسىم)، موئەللىپ نىڭ ئارخيويدىن پايدىلىنىپ، ئەسەرنى يگىباشدىن رەتلەپ نەشر قىلمىقىمىز نى تەكلىپ قىلدى ۋە كيرەكلىك خىراجىتىنى تەئمين قىليب بەردى. بو تەكلىپ بوينچە بىر مود دەت ئيشلىگەندىن كىن، ئەسەرغە ئۆز ئيادەمىز بولوب بىرنەرسەلەر قوشماغىمىز نىڭ، موئەللىپ نىڭ شەخسىيىتىدىن كلىپچىقغان ئىلاھيدەلىگىنى موھاپىزە قىلىش جەھيتىدىن، توغرى بىر ھەركەت بولمىغانلىقى غە قانائەت كەلتورد وك. بونىڭ ئوچون، ئەسەرنى ئۆزپىتى بىلەن بير گىنە توم ئيچىدە رەتلەپ، موئەللىپ نىڭ تيلەگيگە ئەڭ يقين شەكىلدە باستورپچقىشنى، ئەسەرگە قوشومچە بولوشى كيرەكلىك مەلوماتنى، ئىزاھات ۋە ۋەسيقەلەرنى ئيككينچى بىر توم ئيچيدە نەشر قىلىشنى موناسىپ كۆرد ۆك. ئيككينچى تومغە كىرگۈزىلگەن قوشومچەلەر نىڭ يەرلەرى ھازىرقى نەشردە مەتين ئاراسىدە كىچىك رەقەملەر بىلەن كۆرسىتىلدى.

" مگو اول تيريگليك، مەگو اول اولوم؟
قەيودين كليرمەن، قەيوقە يولوم؟

(نيمە بو تيريگليك، نيمە بو اولوم؟
قەيردين كليپمن، قەيرگە يولوم؟)"

قوتا تغوبيليك، ۱۱۳٥-بيت، ۱۰۷۰م، يوسف خاص حاجب



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## بو كتاب دا قوللانىلغان هه ريله ر نىڭ ئويغورچه ينگى يزيق ۋه توركيه جمهوريتى ئلپبه سى ته گداشلرى بله ن خه لقارا ترانسكريپسيه ئۈن به لگوله رى نىڭ بير سالىشتورماسى

| كتاپتا قوللانىللغان هه ريله ر | كتاپتا قوللانىللغان ميسال | يڭى ئويغورچه ئه لپبه له ر هه ريله ر | يڭى ئويغورچه ئه لپبه له ر مسال | توركيه جمهوريتى ئه لپبه سى | خه لقارا ئۈن به لگوله رى |
|---|---|---|---|---|---|
| آ | انا | ئا a | ئانا | A a | a |
| اَ | اركين | ئه ə | ئه ركين | E e | e ε |
| ع | عربى | ئـ a | ئه ره بى | a ' | æ ə |
| اِ | اسلام | ئى i | ئسلام | I İ | i: |
| او | اولماق | ئو o | ئولماق | O o | o |
| اۆ | اۆلماك | ئۆ θ | ئۆلمه ك | Ö ö | ф |
| اُو | اولاغ | ئو u | ئۇلاغ | U u | ʊ u |
| اۈ | اۈزوم | ئۈ ü | ئۈزوم | Ü ü | y |
| ب | بير | ب b | بير | B b | b |
| ت | تورك | ت t | تورك | T t | t |
| ط | وطن | ت | وه ته ن | 〃 〃 | 〃 |
| پ | پوتون | پ p | پوت | P p | p |
| ف | فارسى | پ 〃 | پارسى | F f | ʃ f |
| ق | قوشماق | ق k | قالماق | K k | q |
| ث | اثر | س s | ئه سه ر | S s | s |
| س | سان | س 〃 | سان | 〃 〃 | 〃 |
| ص | صبر | س 〃 | سه بير | | 〃 |
| ح | حاجت | هـ ـهـ ه h̩ | هاجه ت | H h | h |
| هـ ـهـ ه | همشهر | هـ ـهـ ه 〃 | هه مشه هير | 〃 〃 | 〃 |
| ج | حاجى | ج j | هاجى | C c | ʤ |
| چ | چين | چ q | چين | Ç ç | tʃ c |

| كتاپتا قوللانىللغان | | يكى ئويغورچه ئه ليپه له ر | | توركيه جمهوريتى ئه ليپه سى | خه لقارا ئۆن به لگوله رى |
|---|---|---|---|---|---|
| هه ريله ر | مسال | هه ريله ر | مسال | | |
| خ | ختن | خ h | خو ته ن | H h | x |
| د | ديدى | د d | ديه ك | D d | d |
| ذ | مذكور | ز z | مه زكور | Z z | ð |
| ز | زيان | ز 〃 | زور | 〃 〃 | z |
| ض | ضربه | ز 〃 | زه ربه | 〃 〃 | d h |
| ظ | ظالم | ز 〃 | زاليم | 〃 〃 | z |
| ر | رمضان | ر r | راميزان | R r | r |
| ش | شهر | ش x | شه هه ر | Ş ş | ʃ |
| ك | كلمك | ك k | كه له ك | K k | k ɔ |
| گ | گيله م | گ g | گله م | G g | g |
| ڭ | ميڭ | ڭ ŋ | ميڭ | n | ŋ |
| غ | تاغ | غ oj | باغ | ĝ | gh ʁ |
| ل | قيلغيل | ل 〃 | قلغولوق | L l | l |
| لا | علاهيده | لا — | ئالاهيده | — | — |
| م | ممكن | م m | مومكين | M m | m |
| ن | نان | ن n | نان | N n | n |
| و | وطن | ۋ w v | ۋه ته ن | V v | aʊə v w |
| ژ | اوژمه | ز j | ئۆژمه | J j | y |
| ى | ياى | ى يـ y | ياى | Y y | j |
| يـ | قيلدى | ـ i | قلدى | I ı  I i | i |
| يـ | ييل | ﭘ i | ببل | i | i |


كتاپتا قوللانىلغان ره قه مله رنيڭ خلقارا ته ڭداشلىرى

١ ٢ ٣ ٤ ٥ ٦ ٧ ٨ ٩ ١٠

1 2 3 4 5 6 7 8 9 10



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمى ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



محمدامین بوغرا ، ئورومچی، ۱۹٤۸

# مۇئەللىپنى تونۇشتۇرۇش

مۇھەممەد ئىمىن (مەھەممەت ئىمىن) بۇغرا ١٩٠١ يىلى خوتەن نىڭ ئىلچى ناھىيەسىدە خەلىپەلىك ھويلادا ئوتراھال بىر ئائىلەدە دۇنياغا كەلگەن. ئۈچى ئوغۇل ئىككىسى قىز بەش قېرىنداشنىڭ بىلەن، كىچىك ياشتا دادىسى مۇدەررىس پىرىۋۇدىن ھاجىمدىن يېتىم قالغان. ئاناسى سەكىنە بانۇنىڭ تەربىيەسى ئاستىدا قىيىن شارايىت ئىچىدە ٩ ياشتا باشلانغۇچ ئوقۇشنى، ٢١ ياشتا لوپ، خوتەن ۋە قاراقاش دىكى مەدرەسەلەردە ئىسلامى ئىلىملەر بىلەن ئەرەپچە ۋە پارسچە تىل ۋە ئەدەبىيات تەھسىلىنى تۈگەتكەندىن كېين ١٩٢٢ دە خوتەن ئويباغ مەدرەسەسىدە، ٣٣-١٩٢٢ يىللىرى ئاراسىدا قاراقاش يېڭى مەدرەسەدە مۇدەررىس (ئوقۇتقۇچى) وە باش مۇدەررىس بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ ئارادا ھەر پۇرسەتتە ئۆزىنى ئىلمى جەھەتتىن يېتىشتۇرگىلى تىرىشكەن.

ئۇستۇن ئىلمى قابىلىيىتى ۋە يېقىملىق شەخسىيىتى بىلەن چاپسانلا ئەتراپقا تونۇلغان مەھەممەت ئىمىن ئاخۇن داموللام، شۇ زامانەدىكى زالىم ئەمەلدارلەر نىڭ قۇل قىلىشى ئاستىدا ئېزىلگەن خەلقىنى بۇ پالاكەتلىك ئاھۋالدىن قۇتقۇزۇش يولىدا كورەشكە بەلبا غلىغان. خەلقى نىڭ تىلەگى ۋە ئۈمىدىنى ياقلاپ مەدرەسە-مەسجىت مىمبەر لەرىدىن خەلقىنى ئويغاتىش وە ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ١٩٣٠ دە ئۆلكە ئىچىدە ئۆزۈن بىر سەياھەتكە چىقىپ ئۆتكۈر پىكىرلىك ۋە بىلىملىك كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئۆلكە دە سىياسى-مەدەنى ئىسلاھات ۋە ئەركىنلىك نىڭ يولىنى ئىزلىگەن. ئۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت (جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى) ۋە ئۇنىڭ ھامىيەسىدىكى خەنسۇ ھۆكۈمران سىنىپى نىڭ جاھىللىقى ۋە زۇلمىسگەرلىكى تۈپەيلى دىن سىياسى كۆرەش يولى بىلەن بىر نەتىجە گە ئۇلاشقىلى بولماسلىقىنى تونۇپ قوراللىغ ئىنقىلاب كۆتۈرەش ئارقىلىق بۇ مەخسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىنى تۇتتى. ١٩٣١ دە يوشۇرۇن بىر ئىنقىلابى جەمىيەت



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

تەشكيل قلىب ١٩٣٣-يىلى ٢- ئاىدىن ١٩٣٤-يىلى ٧- ئايغىچە دەۋام قيلغان ۋە قەشقەردىن چارخىلىق غىچە شرقى توركستان نىڭ جنوبى قسمىنى قوتقازغان خوتەن ئىنقلابى غە يەتەكچىلىك قلغان . شوكۈنلەردە ئونى ۋەتەن خەلقى مەھمەت ئىمىن ھەزرىتىم ، ئىمىر ھەزرىتىم دىگەن ؛ چەتتە،خوتەن ئىميرى دەپ ئاتالغان . خوتەنلىك ئىنقلابچى موجاھىدلەر نىڭ،ماجوڭيڭ ۋە ماخوسەن نيڭ توڭگان قوۋەت لىرىدىن مەغلوپ بولوشى نەتيجەسيدە ١٩٣٤-يىلى ٨- ئاىدا ۋەختىچە ئۆلكەدىن ئايريليشقە مەجبور بولغان .

١٩٣٤-١٩٤٢ يىللەرى ئاراسيدا ھندستان ۋە ئاوغانستان (افغانستان )دا تۇروپ ئۆلكە نىڭ تاريخى نى - سياسى ئاھوالى نى تەتقيق قلىش ۋە موھاجىر يورتداشلەر نىڭ ياش بالەلەرنى يتىشتوروش ئيشلەرى بىلەن شوغوللانغان . ١٩٤٢ دە ئاوغانستاندىن ھندستان غە ئۆتكەن بوغرا ، ئەنگليە قول ئاستىدىكى ھندستان ھۆكۈمىتى تەرەپى دىن «جاھان سوقوشى جەريانىدا خەتەرلىك ئونسورلەرنى توتوپ تورو ش» قانونيغە ئەساسەن قاماقغە ئىلىنغان . سەككىز ئاى پىشاۋردە توتولغان دىن كين جوڭگو مەركەزى ھوكومىتى نىڭ دەۋەتى بىلەن چوڭچىڭ (سوقوش جەريانيدا جوڭگو ھۆكۈمىتى مەركەزى ) غە باريپ مەسود بگ (دوقتور مصعود بايقوزى ) ئەيسا ئەپەندى (عيسىٰ آلپ تكين )ۋە قادير ئەپەندى (سامان ئوغلى ) قاتارلىق مىللەتچى مەسلەكداشلەرىغە قوشالغان ، شرقى توركستان مەسئەلەسىنى جوڭگودا تونوتوپ موداپىئە قلىش بىلەن شوغوللانغان . مەسەلا: ١٩٤٥- يىلى ٥- ئايدا چوڭچىڭ دە توپلانغان گومينداڭ ٦- پارتيە چوڭ قورولتايى غە ۋەكىللىك سوپىتى بىلەن قاتنشىپ ٤ ماددەلىك تاريخى بىر تەكلىپنامە سونغان . بو تەكلىپنامە نىڭ ئىككى ماددەسى ئەينەن شونداغ :« ١ (٣٤٦ )- مەركەزى ھۆكومەت تۈركستان خەلقى نىڭ بىر ئولوس بولغانلىقى نى تونوسون . توركستان خەلقى ئىچكىرى چين (جوڭگو ) خەلقى بىلەن سياسى بىرلىكدە بولسە مو، تەبيئەتتە باشقا بىر ئولوستور . پۈتۈن دونيا شونداغ تونوپ بونى تەسديق

ئەتمەكتەدۇر. بۇ ئۈچۈن دوقتور سونيا تىسسىن كىتابىدا ئۇلەرنى تۈرك ئۇلۇسى دىيىپ ئاتاغان. بۇگۈنلەردە ئىچكىرى چىندەكى ئادامشلەر نىڭ تۈركستان يەرلىك خەلقىغە بەرمەكدە بولغان ئاتلەرى ئۇلەرنى بەك قايغۇ ۋە شۈبھەگە تۈشۈرمەكدەدۇر. بۇ سەبەپتىن بەزى زىيانلىق تەشۋىقات پەيدا بولۇپ قالىشى نىڭ قورقۇنجىسى باردۇر. بۇ تىلەگىمىز ئۇمۇم نىڭ قارارىدىن ئۆتكەندىن كىن ئىجرا يوۋەننى تەرەپىدىن تىگىشلىك ئىدارە لەرگە يارلىغ بىرىلىپ ئىجرا قىلىنسۇن. مەركەز تەرىپىدىن بىر ھەيئەت قورولۇپ تۈركستانغە بارىپ بۇ قارارنى بىلدۈرسۇن.» ٢ (٣٤٤) دۆلەت قورولۇشى قانۇنى بويىنچە مىللى موختا- رىيەت بىرىلسۇن. پىيرقە (پارتىيە) نىڭ دۆلەت قورولوش قانۇنى ۋە بىرىنجى چوڭ قورولتاى باياننامەسى "دۆلەت ئىچىدەكى ئاز سانلىق مىللەت لەرگە موختارىيەت ۋەدە قىلىنغان ئىدى. بۇ ۋەدە تۈركستان خەلقى نىڭ چوڭ ئۈمىتلەرى بىلەن مەركەزگە تەرەپدارلىقىغە سەبەپ بولغان ئىدى. لاكىن ئىستكى بۇ ۋەدەلەر بۇكۈنلەردە ئۇنوتۇلغاندەك بىر ھالدەدۇر؛ ۋە تۈركستان خەلقى نىڭ قوشناسى بولغان غەربى تۈركستاندەكى ئۇلۇسدا شلەرى نىڭ موختارىيەت ۋە تەرەققىياتىنى كۆرۈپ ۋە ئۆزلەرى نىڭ ئارقادا قالغانلىق لەرنى بىلىپ ئىچىنما قىتا بولمىقى ۋە تاشقىرىدىن كىلادورغان پروپاغاندا (تەشۋىقات) لەرغە ئوكاي بىرىلىپ كەتمىكى ئاچوق ھەقىقەتلەردىندۇر. بۇ نىڭ ئۈچۈن يىقىن چاغدا بىر ۋەكىللەر ئۇمىگى قورولۇپ تۈركستانغە بارىپ موختار- يەتگە تىگىشلىك ئىشلەرنى تەكشۈرۈپ ئورونداپ قويسۇن. (تەكلىپنامە نىڭ تېكىستى ئالتاي ژورنالى نىڭ ١٣- سانىدە نەشر قىلىنغان.)

١٩٤٥ دە قايتىدىن ۋەتەنغە كەلگەن مەھمەت ئىمىن بوغرا ١٩٤٩ يىلى ٩- ئاي غىچە "شىنجاڭ ئۆلكەلىك ھۆكۈمەتى تەمىرات نازىرى، ئەرك غىزىتەسى باش موھەررىرى، ئۈرومچى دارالفنون تارىخ پروفىسورى، ئۇيغۇر ئويۇشمىسى ئىلىم ھەيئەتى رەئىسى ۋە ئۆلكەلىك ھۆكۈمەت موئاۋىن رەئىسى بولغان ھالدە ئۆلكە نىڭ سىياسى ئەركىن لىگىنى ۋە مەدەنى- ئىختىسادى تەرەققىياتىنى كوچايتىش يولىــــدا



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئەھەممىيەتلىك خىزمەتلەر كورسەتكەن .

١٩٤٩ - يىلى ئاخىرىدا شرقى توركستاننىڭ جوڭگو كومونىست ئىنقىلابى ھۆكۈمەتى نىڭ قولىغە ئوتىشى بىلەن ئىككىنجى قىتىم يورتتىن ئايرىلىشقە مەجبور بولغان مەھەممەت ئىمىن بوغرا ئىككى يىل كەشمىر (ھندستان) دە توروپ ١٩٥٢ دە توركىيەدە يەرلەشكەن؛ ١٩٥٥ دە توركىيە جومھوريتى پوخرالىقىغە ئۆتكەن. بو مودەت ئىچىدە موھاجىر يورتداشلەرنى جايلاشتوروش، توركستان مەسئەلەسىنى دونيا ئومومى ئەپكارىغە تونوتوش ۋە ۋەتەن تارىخى نى تەتقىق قىلىش بىلەن شوغوللا-نغان. ئونلەرچە خەلق ئارا يىغىنلەرغە قاتناشىپ مىللى مەپكورەسىنى موداپىئە قىلغان.

مەھەممەت ئىمىن بوغرا ١٩٦٥ - يىلى ٦ - ئاي نىڭ ١٤ - كونى ٦٤ ياشتا يۈرەك كىسىلى بىلەن واپات قىلغان. ئونىڭ ئىنقىلابى وە سياسى پەئالىيتى دىن باشقا ئىلمى وە ئەدەبى ساھەلەردە ھەم كۆرسەتكەن خىزمىتى ئاز ئىماس. شرقى توركستان نىڭ باشتىن ئاياغ تارىخى نى تونجى قىتىم ئو يزىپ چىققان. ئالتاى ژورنالى (چوكچيك، ١٩٤٥-١٩٤٣)، ئەرك گىزىتى (٤٩-١٩٤٦ ئورومچى)، توركستان ژورنالى (٤٥-١٩٥٣ ئىستانبول) ۋە توركستان ئاوازى ژورنالى (توركچە-ئىنگلىسچە، ٥٧-١٩٥٦ ئەنقەرە) نىڭ مەسئول موھەررىرلىگى جەريانىدا يۈزلەرچە ماقالەلەر يازغان. ئارادا "قصائد وطنية" (يورت قەسىدەلەرى)، "قوتلوق توركان ئوپرەتى"، "تورك يورتلەرىدە عرب-اسلام فتوحاتى"، "شرقى توركستان حرّيّت مجادلەسى"، "تاريخ رشيدى" نىڭ بىرىنجى جلدى نىڭ توركچە ترجمەسى ئونىڭ قەلەمىدىن چىققان ئونلەرچە ئەسەرلەر ئاراسىدەدور.

توۋەندىكى "توۋرتلوك" نەزىم، بوغرا نىڭ بەدىئى ۋە مەپكورىۋى تەرپىنى ئاچوق كۆرسەتكەنى ئوچون مەنزوم ئەسەرلەرى ئاراسىدىن تاللاپ سوندوق. ئون ئىكى بىيىللىق موساپىرتىدىن كىين ١٩٤٥ دە يورتىغە قايتىپ كەلگەندە ئورومچىدە يازغان.

# ئۇلۇغ يورتوم

ئولوغ يورتوم، ئەزيز يورتوم، سينى جاندين سالاملايمەن
بو ئاغريغ كۆزلەريم ني توپرقيڭ بيرلە داۋالايمەن
هاۋايىڭ بيرلە قايغودين يورەگيمني ئادالايمەن
ئولوغ يورتوم، ئەزيز يورتوم سينى جاندين سالايمەن

ئوكۆن مەن توپراقيڭدين ئاه و قان ياش بيرلە ئايريلديم
پراقيڭ دردیدە پەرۋانەدەك چوگرەڭدە ئايلانديم
ئيگيز تاغلەر، يامان چۆللەر، ئولوغ سولەر ئارا كەزديم
سەن ئولدوك رابيئە، ئيشقيڭدە مەن سەدينكيبى ياندیم

ئون ئيكى يىل سنيڭ درديڭدە بير ديۋانە بولدوم مەن
جهان خەلقى ئارا بيرلە تەلبيريب ئەپسانە بولدوم مەن
ئۆميت ئۆزگەندە سەندين، ئەقيلدين بيگانە بولوم مەن
ئۆميت كەلگەندە بير يولباسكيبى مەردانە بولدوم مەن.

غيرپليقتا سينيڭ تاتليغ خيياليڭ ئەردى يولداشيم
سينيڭ درديڭ، سينيڭ قايغوڭ هەميشە ئەردى قولداشيم
سينيڭ چون ئەردى كوڭلوم، سەن ئوچون ئەردى قيزيل ياشيم
ماڭا ئىتيڭنى بير ئەييتقانكيشى ئەردى قيرينداشيم.

ئوڭوم مو يا توشوم مو؛ يا ساڭا كەلديم مو ئەي يورتوم
بو سەن مو يا خييال مو يا ئيزيب كەتتيم مو ئەي يورتوم
وەيا ئۆلمەي توروپ جەننەت ئارا كيرديم مو ئەي يورتوم
نە بولسا ئاه قوچاقيڭ ئيچرە بير كيرديم مو ئەي يورتوم.

ميني باغريڭغە باس ئەمدى يتەر ئارتوق قارا كۆنلر
تاڭ ئاتسون ئەمدى ييللەرچە دەۋام ئەتكەن ئوزون تۆنلەر
قولومني توت، قويوبەرمە كيرەك لەيلاغە مەجنونلر
ئاشورغاي رابيئە هوسنينى ئەشقى بيرلە سەئدينلەر.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئولوغ مىللەت، ئەزىز يورتداشلەرىم سىزنى سالاملايمەن
ئولوغ ھەم مىھرىبان ئانا ئانا ، سىزنى سالاملايمەن
قىرىنداشلەر، ئەزىز ھەمشىرەلەر، سىزنى سالاملايمەن
سويوملوك قىزلەرىم، ئوغلانلەرىم، سىزنى سالاملايمەن

نىچۈك كەچتى سىنىڭ ھالىڭ قاراكۈنلەردە ئەي مىللەت
نىچوك تاڭ يۈزىنى كۆردوڭ ئوزون تۈنلەردە ئەي مىللەت
نىچوك جان قوتقوزوپ قالدىڭ ئو تولقونلەردە ئەي مىللەت
نىچوك قالدىڭ سەلامەت سەن ئو بوزغونلەردە ئەي مىللەت

ئولوس بىر قاش تاشىدور قالغوسىدور دريادا ھەر دايىم
كىلور ئۈستىگە بىر سەلدەك، يىنە كەتكۈسىدور زالىم
ئولوسنىڭ بارلىقىنى يوق ئەتەلمەس زولم ئىلە ھىچكىم
زولوم يوق بولغوسىدور، بولغوسى ئاخىردا ھەق ھاكىم

چەلىش مىللەت، ئوزوڭ قايغور، ئوزوڭ ئىشلە.ئوزوڭ بار ئول
ۋەتەننى سۆى ، ئولوسنى سۆى ، ئۈزوڭ ئۈزوڭگە غەمخور ئول
ساقا ئوڭ كۆزىلە باققان ھۆكۈمەتگە ۋاپادار ئول
بارىب ئىشلە ئىشىڭنى ،ھەر قەدەم ئالغاندا ھوشيار ئول

ئولوغ مىللەت، ئەسىل مىللەت، ئىچىڭگە ئال بو بوغرانى
ئىشىكتە تورغوزوب خىزمىتىڭگە سال بو بوغرانى
ئىزىلدى كوپ پراقىڭدا ، سەن ئەلىپقال بو بوغرانى
بو غور بەتتىن قوتولدور، ئەيلەگىل خوشھال بو بوغرانى

(ئالتاى ژورنالى ٩-سان، ١٩٤٥ ،چوڭچىك)

# تقريظ

شرقی توركستان نينك فداكار ملّت چی سی و بويوك مجاهدی فاضل محترم محمدامين حضرتلری نينك وجودغه چيقارغان اوشبو قيمتليك اثرلری حقيقتاً شرقی توركستان ملّتی اوچون مثالسيز بير هديه و مسرتليك بير بشارتدور. بديهی دوركی بونچه جامع و مكمل بير اثرنينك يالغوز بير ذات طرفيدين جمع و تاْليف بولماقی تحمل سيز زحمتلر و مُتمادی سعی و غيرتلر بيلەن ممكن بولادور. عجبا! بونچه زحمت و مشقتلرغه تحمل قيلدورغان و بو قدر جهد و اهتماملرغه باعث بولغان مقصد و تويغولر نيمه دور، اظهار فضل ويا اكتساب شهرت مو؟ هرگيز! بلكه كونلر هفتهلر آیلر، ييللر مشغول بولوب اوتكەن ـ كتكەن و حَتىّ اثرلری هم قالماغان بو تاريخی حادثاتنی ايكنجی دفعه جانلاندورغان و بيرنجی دفعه ملت نينك تاريخی صحيفهلرینی بو سزاوار افتخار حادثهلر بيلەن زينت برگەن سوايق و تمايلات، "اظهار فضل ويا اكتساب شهرت" دييلادورغان هوسلردين آزاده بولغان كوب عالی درجهدەكی غايهلر و مفكورهلردور. بو سوايق و تمايلات يوركده يرلاشكەن وطن عشقی و پوتون روحنی استيلا ايلاگەن ملت قايغوسیدور.

بو ذات عميق تمايلات و اساسليغ حسيات سببلری بيلەن توشونگەندورلركه: تاريخی معلوم بولمغان بير ملّت نينك سررشتهٔ حياتی معلوم بولمايدور. قايداغكه بير فرد شخصی حياتيده حافظهسيز هيچ بير نرسەنی ادراك قيلالمايدور، اونينك غه اوخشاش بير ملّت اجتماعی حياتیدەمو تاريخ سيز هيچ بير ملّی واقعهسیغه يخشی توشونوب صحيح نتيجهلر چيقارالمايدور. اوتكەن واقعهلر يالغوز اوتكەنليكی اعتباری بيلەنغينه ايمەس بلكه او واقعهلر نينك حالدەكی و استقبالدەكی حياتيميز اوچون كوب مهم تاثيرلری



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بولغان وجهیدین زیاده فایدهلیك و اهمیتلیكدور. بیر ملت نینگ انتباه و نهضتی اوچون او ملت نینگ مورخ لری‌نینگ برینچی عامل‌لردین بولغانلری و بو یولداشایانی حیرت خذمتلر کورسه‌تکه‌نلری ینه تاریخ لرده معلوم‌دور. اوتکه‌ن حیات تاریخی معلوم‌بولمغان بیر ملت نینگ حالی بیر طرفدین ماضی قارانغولوقی و ایکنجی‌طرفدین استقبال مجهول‌لوقی آراسیده پریشان و مُهمَل قالادور؛ چونکه بیر ملت نینگ حال و استقبال‌ده‌کی مشکلاتی ماضی‌ده‌کی واقعه لر، تجربه لر، سرگذشت‌لر واسطه‌سی بیله‌ن حل و فصل بولادور. بیر ملت نینگ اوتکوزگه‌ن طنطنه‌لیك دوره لری، قورغان سلطنت‌لری، کورستکه‌ن شهامت و غیرت لری، آباً واجدادلری نینگ شایان مفخرت سَرگسشت لری او ملت نینگ ملی ثقافتی و روحی انکشافی اوچون الگ مؤثر واسطه لردین‌دور.

منه بو ذات محترم بو اثر نینگ تدوین و تألیفی ده اوشبو مهم غایه لرنی توشونوب بو یولده‌کی چکیلگه‌ن زحمت‌لرغه هیچ اعتنا قیلمغاندورلر و بو توغرادین ملی وظیفه لری‌دین خیلی مهم راقی‌نی یخشی بیر صورتده ایفا قیلغاندورلر. بناً علیه اوشبو قیمتلیك اثر نینگ تألیف و طبعی‌نی پوتون وطنداش‌لریمیزغه تبریك ایلاب، بو اثرنی اوقوغان حالت‌لریده یالغوز اوتکه‌ن حکایه لرنی اوقوغان بولمای بلکه بو تاریخی واقعه لر نینگ هر صحیفه، هر فصل، هر بابی‌نی اوقوغاندین صوگره بیر آز ملت و وطن توشونچ لری بیله‌ن هم مشغول بولوش‌لری‌نی توصیه و آرزو قیلامیز.

یارکند لیك میان حسن خان
کابل دارالمعلمین باش معلمی
۱۵ /۱۲ /۱۹٤۰

# مقدمه

حاضرقی زمانەمیز نیڭ اصطلاحیده شرقی توركستان وغربی توركستان آتلری بیلەن تونولغان اوترا آسیا تورك یورتی هر اعتبار بیلەن غایت اهمیتلیك بیر اولكەدور . تاریخ معلوماتی یتیشمایدورغان بك اوزون زمانلردین بیری بو اولكە، تورك لرنیڭ یری و یورتی بولوب كلگەن . همەدین ایلگیری دنیاغه انسان و مدنیت تاراتقان بو یورت دور . قدیم چاغ لرده و اوتراچاغلرده بو اولكه ده حیات كچۈرگەن تورك جامعه لری اۆزلری نیڭ بارلیقلرینی و تاریخ لرینی میڭ لرچه صحیفه لرده یادگار قویغانلیق لری انیق دور . اسیتكه، كینكی عصرلرده توركستان اهالیسی فكر اسارتی استیده ایزیلمكده ایدیلر . بو دوره ده بو ملت نیڭ هر نه باری یوقی غرضلیك لر نیڭ فائده لریغه فدا بولغاندەك تاریخ لری مو قورقونچ بیر اسارت و خیانتغه اوچراب ایلگیركی زمانه لردین قالغان تاریخ اثرلرینی یوق اتتیلر . او اثرلر نیڭ یرینی بعضی غرضلیك لر نیڭ اویدورما افسانه و خرافاتلری الدی . او دورەده توركستان اولكه لریده بۈیۈك عالم لر و چوڭ یازوچی لر تولا یتیشكەن بولسه لرمو زمانه عادتی و محیط سیاستیغه تابع تونولغانلیق لری اوچون ملّی تاریخ لریغه اهمیتبرمەی باشقه موضوع لرده تولا كتاب لر یازدیلر . ملی تاریخ لری خصوصیده دوست ویا دشمن مؤلف لر نیڭ سۆزلریغه ارگیشیب بابالری نیڭ حقیده اولرنیڭ هرنه یازغان لرینی قبول اتتیلر . او دورەده یازیلغان تاریخ رشیدی و باشقه تاریخ كتاب لری میزنی كۆرسەكمو بو كتاب لر توركستان نیڭ آز و چەك لیك بیر زمانەدەكی تاریخی واقعەلری دین خبر بیرادور . ایران و چیندەك تولا وقتلرده دشمن بولغان بعضی ملتلر نیڭ



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمى ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

قدیم تاریخ کتابلریده توركستان تاریخیگه تیگیشلیك معلومات خیلی تولا بولسهمو تولاراق مضمون لری قلم انتقامی تویغوسیدین و بیر طرفلیك كوز بیلهن قاراب یازیلغان ایشهنچ سیز مضمون لردین عبارت بولوب او كتابلردین توغری معلومات آز الینادور. اسلام تاریخ لری یالغوز اسلام زمانهسی و اكا یاقین دورهلرغه عاید معلومات بیرادور؛ توركستان نیك و تورك لرنیك تمام تاریخی نی ایچیگه آلمای دور. حاضرقی علم و تحقیقات عصرلریده آوروپا و امریكا شرقیاتچیلری توركستان نیك تاریخی نی ممكن قدر تدقیق قیلدیلر؛ جیولوژی (یرقاتلام لری علمی)، اتنولوژی (انساننیك گروهلری علمی)، اتنوغرافیا (ملتلرنیك اصللری نیك تحقیقی)، اپیغرافیا (قدیم كتابهلرنی اوقوش) و اركیولوژی (قدیم اثرلرنی تونوش علمی) و موندین باشقه علم لر و وسیله لر بیلهن هیچ بیر تاریخچی ذكر قیلمیغان و بلكه هیچ خیال غهمو كلمیگهن تاریخی معلوماتیمیزنی میدانغه چیقاردیلر؛ توركستان ملتی نیك دنیاده ایك قدیم واك مدنی ملتلردین بیری ایكهنلیكینی اثبات قیلدیلر. آوروپالیغ سیاحتچیلر و عتیقه شناسلر نیك زخمتلری و مخطلف فنی تحقیقاتلری سایهسیده كشف قیلینغان اثرلر بیلهن توركستان اولكهسیده یاشاغان تورك ملتی نیك اون میك ییلدین اوزونراق بیر زماندین بری دوام قیلیب كلگهن غایت قدیم و حیرت قیلغودهك اوستون و شرفلیك مدنیت و تاریخ گه ایگه بولغانلیقی دنیاغه معلوم دور.

لیكن بو ایتیلغان معلوماتنیك تمامی یات تیللرده یازیلغان اثرلرنیك ایچیدهدور. بولرنیك هیچ بیری مستقل و توپلوغ صورتده توركستان تاریخی ماهیتده ایمس دور. بلكه بولرنیك ایچیدین یوزلرچه كتابنی اوقوغاندین كین توركستان حقیده یتترلیك معلومات قولغه كلتوروش ممكن دور. منه بو مشكلات یوزیدین توركستان اهالیسی آتا بابالریمیزنیك چكسیز و تولا شرفلیك تاریخلریدین و هیبتلیك خاقانلیق دولتلریدین واقف بولالمایمیز. بعضی خلق، توركستاننی هنوز تاریخی معلوم بولمغان اسرارلیق بیر

مملكت دیب گومان قیلادور. بعضی سی، دشمن نیك غرض لیك پرو- پاغاندا الری غه گول بولوب شرقی تورکستان مِلّتینی باشقه ملّت لر دەك شرف لیك بیر ملّت ایمس دیب خیال قیلادور.

غایت اچیغ مصیبت بیزگه بو دورکه: دشمن لر ویا دشمن طرفیدین فایدالانماق غرضیگه مبتلا بولغان بعضی انسان لر اوز فایدەلری نی کوزلاب کوهنه و یگی تاریخی میزنی بولغاب ملتی میز نی هیچ بیر تاریخ ده شرف لیك بیر حیات کچورمیگەن و دایما باشقه لری نیك قولیده اسیرلیق بیلەن یاشاغان و قدیم زمان لردین بری ملّت لردین کین قالغان بیر ملّت کبی کورستمکغه تریشتی لر و تیریشمکدەدورلر. اما بو غرض لیك لر بیر ملّت نیك تاریخی نی یوشورماق کوپه کوندوزده کون نی یوشورماق دەك امکان سیز ایشقه تَشَبُّث اتمکدین باشقه بیر ایش ایماس ایکەنلیکی نی بیلمەیدورلر.

منه بو سبب لردین اولوغ وطنیم و عزیز ملّتم نیك تاریخی غه تگیشلیك توغری معلومات نی توپلاپ عزیز ملّتم غه تاریخ دەکی یرینی کورستمك و میگلرچه ییللیق شرف و عظمت لری نی بیلدورمکنی بوینومغه مقدس بیر وظیفه بیلمکده ایدیم. حاضرقی مسافرلیق حیاتیمده کابل (افغانستان) ده اقامت قیلغان ییل لرده کی فاریغ لیق دین استفاده قیلیب قولوم غه کلتورمك ممکن بولغان قدیم و عصری منبع لردین شرقی تورکستان نیك تاریخی گه تیگیشلیك معلومات نی توپلاب بیر نچه ییل لیق تدقیق لردین کین اوشبو مقدار بیر کتاب نی شرقی تورکستان لهجەسی بیلەن تیارلاب عزیز ملّتم غه تقدیم قیلدیم.

بو کتاب شرقی تورکستان دەك غایت قدیم و دایمی صورت ده مدنیت غه ایگه بولوب یاشاب کلگەن بیر ملّت نیك، تورك جامعه سیدەك قدیم زمان لردین بری دنیادا بیرینجی درجەده اورون الب کلگەن بیر بویوك ملّت نیك تاریخی دین آزغینه بیر مقدارینی بیان قیلادور.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

براق ، شونی اهمیت بیله‌ن اسلتمك استایمن كه : بو کتاب نی تولوق بیر شرقی توركستان تاریخی دیب آلغا سوروش توغری ایمس، چونكه توركستان حقیده یازیلغان تاریخ كتابلری بك آز بولوب كو پراقی نشر قیلنمغان . من اوشبو كتاب نی یازغاندا قولوسغه كلتورالمیگه‌ن نورغون قیمتلیك منبع اثرلر بار . تاریخی میز نینك مجهول قالغان بؤلوم لری نی اشكارا قیلادورغان اثار عتیقه لری میز نینك یوزده توقسانی، و بلكه كؤ پراقی، تو پراق لرنینك آستیدا اركئو لوژی قازیش و تكشوروش ایش لری نی كوتوب توراد ور . منه بو اثر لر نینك نشر اتیلیشی و آثار عتیقه لرنینك كشف قیلینیشی بیله‌ن تاریخی میز نینك دائره‌سی هم كون ساین كنگروگوسی د ور .

لیكن بو وقت غه‌چه شرقی توركستان نینك اؤزا ولادی نینك قلمی بیله‌ن مونداغ بیر كتاب تخی یازیلمغانلیقی اوچون بو كتاب مونداین كین ملتم ده یتیشادورغان وطن پرورلرنینك تحقیقاتی اوچون بیر نمونه و تولوقلاش اوچون بیر باشلانغوچ بولالایدور . اقامت محیطیم ده‌كی تارلیقدین كلیب چیققان كم چیلیك لر و هم اؤزوم دین اؤتكه‌ن سهو خطالر اوچون اوقوغوچی لردین عذر تیلایمن .

کتابیمیز نینك آتی توغریسیدا شونی اسله‌تمك ایسته‌ی منكه : بو كتاب نینك اساس مضمونی ، كؤپراق زمانیمیزدا چین حاكیمیتی آستیدا بولغان چیگارا ایچیده‌كی تورك عرقیغه منصوب خلق لر نینك مملكت لریگه عاید تاریخی واقعه لردین عبارت د ور . بو نینك بیله‌ن برابر تخیمو كه‌كرو زمینگه یاییلغان تورك آنا یورتیدا بولوب اؤتكه‌ن واقعه لر نیمو خلاصه قیلیب بیان قیلادور .

هر بیر كتاب نینك اتی ویا او كتاب ده‌كی بولوملرنینك باشلیق لری اؤزی نینك اساس مضمونی نی افاده ایتیشی طبیعی د ور . كتابیمیزنینك اصل مضمونیغه تگیشلیك توپراقلرنینك آتی بوگونكی كونلرده بیر بویوك تارتیشما ایچیده تورماقدادور . چین حكومتی رسمی بولوب بو یورتنی " شینجاك " ( یكی اؤلكه ) دیب آتایدور . چه‌ت دولت لر مو خلق آرا دیپلوماتیك قایده بوینچه رسمی یازو

و بيانلرده " شينجاڭ " ويا بونيڭ ترانسكريپتي بولغان سينكياڭ ( Sinkiang ) آتالغولريني قوللانماقدادور.

يورت نيڭ اۆز ملي آتيني قوللانماق ايستيگەن، همده بوگونكي سياسي وضعيتني كۆز آلديدا توتقوچي بعضي يورتداش لريميز "چيني توركستان" ديب آتاماق طرفداريدورلر. بو اولكه نيڭ غربي دەكي يورتلرنيڭ " غربي توركستان" اسمي حاصرقي سياسي قورولوش نتيجه سيده باشقه باشقه آتلر بيلەن اتالغان ليقيني كۆزده توتقو چيلر " شرقي" كلمه سيگه احتياج يوق ديگەن فكرگه اساسلينيب " توركستان" آتالغوسي ني يترليك كۆرمكدەدور.

تورك عرقيغه منسوب قوم لر اولتورماقدا بولغان يورتلرنيڭ اڭ شرقيگه توشكەن بير مملكت بولغانليقيني كۆزده توتقان علم ادم لري اثرلريده بو يورتني " شرقي توركستان" ديب آتايدور.

شينجاڭ، چين توركستاني، توركستان،كبي آتالغولر زمانيميزدەكي ايچكي و تاشقي سياستدين كيليب چيقغانليق دين علمي بير اثر بولغان كتابيميزگه آت بولوش ويا بير موضوع تشكيل قيليش لياقتيگه ايگه ايمس دور. چونكه سياست اۆزگريشچان خاركترليك بير كيليب كيتر حالدين باشقه بير نرسه ايمس دور. دوام خاركترليك و ترقّي طبيعتليك علم ساحه سيده بولغان بير اثر هيچ بير وقت سياست زنجيري بيلەن باغلانيشيني قبول قيلمايدور.

بو اوچون كتابيميز نيڭ آتيني " شرقي توركستان تاريخي" آتاغانم دەك ايچ موضوع لريني مو " شرقي توركستان " اتالغوسي بيلەن باشلاشني مناسب كۆرمكدەمن، چونكه بو آت بير جوغرافيائي آت بولوب سياست بيلەن علاقەسي يوقدور پۈتۈنلەي علمي دور. ۱۹۳۰ دين بري ملي انقلابچيلر بو



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

علمی آتنی قوللاندیلر. بو سببدین چین حکومتادملری بو آتنی بیر سیاسی آت دیب تونوب قارشیلیق کورسەمەکدەدورلر. بو تونوش توغرا ایمس دور. چونکه بو آت بولسا انقلابچیلر یگیدین ایجاد قیلغان بیر آت ایمس دور. اوزون چاغلردین بری تاریخ و جوغرافیادا قوللانیلیب کلگەن علمی بیر آت دور. انقلابچیلرنیڭ بو آتنی رسمیلەشتوروشدین باشقا بیرنرسە قیلغانی یوق دور.

محمد امین بوغرا
١٣٥٩هـ (١٩٤٠م)، کابل

# منبع توتولغان اثرله ر

مفصل تورك تاريخى (تورکچه ) ، م. شمس الدين گۈن آلتاى ، ٥ جلد
استانبول ، ١٩٣٩ .

تورك تاريخى نيڭ انا خطلرى ، مدخل قسمى ، (تورکچه) ، معارف وكالتى ،
استانبول ، ١٩١٣ .

تلفيق الخبار و تلقيح الاسرافى احوال قازان و بولغار و ملوك التاتار
(عربچه ) ، مراد رمزى (وفاتى ١٩٣٥ ) ، ٢ جلد ، اورينبورگ ، ١٩٠٨ )

تورك لر نيڭ تاريخ عموميسى ، دوگينى نيڭ ١٧٥٨ ده يازغان
فرانسيسچه ٥ جلدليك اثريدين حسين جاهد ( يالچين ) نيڭ تورکچه
ترجمه‌سى ، استانبول ، ١٩٢٣ .

محاظرات تاريخ الامم اسلامى (عربچه ) ، محمد حضرى ، ٣ جلد قاهره ،
١٩٣٦ .

تورك شجره‌سى (تورکچه ) ، ابولغازى بهادرخان ، (وفاتى ١٦٦٤ ) ،
رضا نور نشرى ، استانبول ١٩٢٥ .

الفتوحات الاسلاميه (عربچه ) ، سيد زين دخلان

دول اسلاميه (تورکچه ) ، ستانلى لين پول نيڭ اسلام دولت لرى اتليق
(١٨٨٩ ) انگليسچه اثريدين خليل ادهم نيڭ ترجمه‌سى ، استانبول
١٩٢٧ .

طبقات سلاطين (فارسچه ) ، ستانلى لين پول نيڭ اسلام حكمدارلرى
نيڭ نسب لرى ، جلوس لرى و تاريخچه لرى اتليق انگليسچه اثريدين
عباس اقبال نيڭ ترجمه‌سى ، ٤ جلد ، طهران ، ١٩٣٤ .

ديوان لغات الترك (تورکچه - عربچه قاموس) ، محمود قاشغرى
( ١٠٧٤ م ده يزيلغان ) ، ٣ جلد ، استانبول ، ١٨ - ١٩١٧ .

تمورلنگ (تورکچه ) ، ادوارد گيبونى نيڭ انگليسچه اثريدين نديم
وفيق نيڭ ترجمه‌سى ، استانبول ١٩٣١ .



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

اسكی تورك يزيغ لری (توركچه ) ، حسين ناميق اورخون ، ٣ جلد
استانبول ، ١٩٣٦ ٠

تاريخ امنيه (توركچه ) كوچاليق موسی اخون (موللاسايرامی ) ،
قازان ، ١٩٠٤ ٠

دائرة المعارف القرن الرابع عشر العشرين (عربچه ) ، محمد فريد وجدی ،
قاهره ، ١٩٣٦ ٠

روضة الصفافی سيرة الانبيأ والملوك والخلفاء (فارسچه ) ، ميرخوند
(ميراخون محمد خاوندشاه ، وفاتی ١٤٩٨ ) ، ٧ جلد، بومبای ١٨٠٤ ٠

جامع التواريخ (فارسچه ) ، رشيدالدين فصل الله (وفاتی ١٣١٨م )
٢ جلد ، لندن ، ١٩١١ ٠

تاريخ رشيدی (فارسچه ) ، محمد حيدر ميرزا دوغلات ،(وفاتی ١٥٥١ )
قول يازماسی و دەنيسون روز نيك انگليسچه ترجمەسی ، لندن ، ١٨٩٥ ٠

تاريخ تمدن اسلامی (عربچه ) جورجی زيدان ، قاهره ، ١٩٠٢ ٠

تاريخ سيستان (فارسچه ) ، مؤللفی بيلنمايدور ، ١٣٢٧م ده يزيلغان ،
طهران ، ١٩٣٨ ٠

بابور توزوكی - بابر نامه (توركچه ) ، ميرزا ظهرالدين محمد بابر پادشاه
(وفاتی ١٥٣٠ ) ، لندن ، ١٩٠٥ ٠

التاريخ الكامل (عربچه ) ، عزالدين ابن الاثير (وفاتی ١٢٣١م )
١٣ جلد ، قاهره ، ١٨٨٣ ٠

زين الاخبار (فارسچه ) ، ابوسعيد عبدالحی بن ضحاك
الگيرديزی ، ١٠٤٠م ده يزيلغان ، طهران ، ١٩٣٧ ٠

تاريخ بيهقی (فارسچه ) ، ابولفضل محمد بن حسين البيهقی
(وفاتی ١٠٧٧ ) كلكته ، ١٨٦٢ ٠

تاريخ اليمينى (عربچه) ، ابو نصر عبدالجبار العتبى (وفاتى ١٠٣٦) ، ٢ جلد ، قاهره ١٨٦٥ ؛ دين ناصح جنز فارقانى نيڭ فارسچه ترجمەسى ، طهران ، ١٨٩٣ .

تاريخ كشمير (فارسچه) ، محمد اعظم كشميرى ، سرينگر ، ١٩٣٦ .

تاريخچهٔ افغانستان (فارسچه) ، انجمن ادبى افغانستان كابل ١٩٣٢ .

تاريخچهٔ آسيا (فارسچه) ، انجمن ادبى افغانستان، كابل ، ١٩٣٣ .

انسايكلوپيديا بريتانيكا ، ١٤- نشر ، لندن ، ١٩٢٩ .

ايران تاريخى جغرافياسى (فارسى) ، بارتولد نيڭ روسچه اثريدين ترجمه ، ١٩٠٣ .

تاريخ جهانكشائى (فارسچه) ، علاالدين عطا مالك جواينى (اۆلومى ١٢٨٣م) ، لندن ، ١٩٣٧ .

قديمختن (انگيليسچه) ، اورلشتاين ، اوكسفورد ، ١٩١٢ .

سريند يا (انگيليسچه) ، اورلشتاين ، ٥ جلد ، اوكسفورد ، ١٩٢١ .

ايچكيرى آسيا (انگيليسچه) ، اورلشتاين ، ٤ جلد ، اوكسفورد ، ١٩٢٨ .

تاريخ فرشته (فارسچه) ، ملاقاسم هندشاه ، ٢ جلد ، بومباى ، ١٨٣١م

مجمع الانساب (فارسچه) محمد بن على الشبانگرائى ، قوليازما .

مجمع البلدان (عربچه) ، ياقوت العماوى (وفاتى ١٢٢٩) ، ٧ جلد ، لاييپزيك ، ١٨٦٦ ، مصر نشرى ١٠ جلد ، ١٩٠٦ .

طبقات ناصرى (عربچه) ، قاضى منهاج الدين ابوعمر عثمان جُرجانى (وفاتى ١٢٨٨م) كلكته ، ١٨٦٤ .

تواريخ گلدستهٔ كشمير (اوردو) ، پندت هرگوپال ، سرينگر ، ١٩٣٥ .

اورتا آسيا دا عرب فتوحاتى (انگيليسچه) ، ه. گيبب ، لندن ، ١٩٢٣


هونلر (توركچه) ، حسين نامق اورحون ، انقره ، ١٩٤٩ .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بيرينجي باب

# عمومي تاريخ



2

تكۈى‌تاغرى‌ايته‌كلريدين تاپيلغان جابدوق و زينت نه‌ريسه‌كيره‌ك‌لرى. اوڭ طرفده كيلر هون دوريدين و سول طرفده كيلر كوك تورك دوريدين قالغان.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

# بیرینجی بولوم

## عمومی تاریخ نیڭ بیر خلاصه سی

شرقی تورکستان تاریخی نی باشلاشدین ایلیگری تاریخ علمی نیڭ ماهیتی ، عمومی انسان تاریخی نیڭ و عمومی تورك تاریخی نیڭ باشلانغوچی حقیده بیر آز اوقتوروش بریشنی لازم کوردوم؛ چونکه شرقی تورکستان خلقی نیڭ بو مسئله لرنی بیلمکغه احتیاج لری نی کورمکده دورمن .

### ۱ــ فصل

### تاریخ علمی نیڭ ماهیتی

تاریخ علمی انسان جمعیت لری نیڭ کیفیتی ، تورموشی و مدنیت لری نیڭ مرتبه سی ، زمان و مکان لری نی توغرا صورت ده بیلدیره دورغان علم دور. تاریخ انسان علم لری نیڭ اڭ اولوغ لری دین دور. چونکه بو علم بیله ن هرکم اوزی نیڭ انسان لر ایچیده کی یرینی و اوز ملتّی نیڭ دنیا ملتّ لر توپلولوغی آراسیداکی مرتبه سینی بیلادور. دنیا ملتّ لری نیڭ کوتورولوشی و سعادت و شقاوتی نیڭ سبب و عامل لری نی بیلدوراد ورغان ، اوتموشده کی انسان لرنیڭ باشیدین اوتکه ن حادثه لردین عبرت آلدوراد ورغان و بو یول بیله ن هر انسان نیڭ اوزی نیڭ ویا ملتّی نیڭ ویا پوتون انسانلیق عالمی نیڭ کلگوسیده کی سعادتینی تأمین قیلماق یول لرینی کورساتا دورغان علم اوشبو تاریخ علمی دور.[1]

تاريخ علمی، "عمومی تاريخ" و "خصوصی تاريخ" ديب ايكی غه آيريلادور. اوّلقيسی دنيا ملّتلرینيڭ همه‌سی ويا تولاسی نيڭ تاريخی نی بيان قيلادور. ايكنجی سی بير ملت، بير قبيله، بير يورت، بير شهر، بير كشی ويا مهم بير واقعه‌گه تيگيشليك تاريخی معلومات نی بيان قيلادور.

تاريخ قايناق لری : تاريخ معلوماتی توبنده‌كی قايناق لردين اليناد ور؛ ۱ـ توغری روايت لر : روايت نيڭ توغری ليقی نيڭ علامت لری بولرد ور. روايت نيڭ متواتر ويا مشهور بولماقی، روايت نيڭ متنيده تولا اختلاف بولماس ليق، راوی نيڭ تاريخ علمی اهلی دين بولماقی وياكی طرف سيز بولماقی، راوی نيڭ يالغانچی ايمس ليكی تجربه بيله‌ن معلوم بولماقی، راوی نيڭ توبنده‌كی منبع لرغه موافيق بولماقی، زمان و مكان احتياجيغه مخالف بولماس ليقی دور. ۲ ـ جوغرافيا : جوغرافيا نيڭ تاريخ گه دايما ياندا شيب كلمكی بير آز تاريخ اوقوغان لرغه معلوم دور؛ چونكه بير انسان جمعيتی نيڭ دنيا يوزيده قايسی يرده بولغانی، بو يرنيڭ وضعيتی و هواسی، تڭيزغه يقين ويا يراق ليقی، تو پراق و سولری، اۈسۈم لۈك لری و حيوان يتيشتورمك قابليتی بيله‌ن مذكور جمعيت نيڭ تاريخی نيڭ آراسيدا قوّتليك بير مناسبت بار دور. وينه بير ملّت نيڭ قايسی ملّت لر بيله‌ن اقتصادی، اجتماعی و سياسی مناسبت لرده بولغانی نی بيلمك لازم دور. منه بو همه‌سی جوغرافيادين معلوم بولادور. ۳ ـ قديم زمانه لرغه عايد ملی، دينی، سياسی اجتماعی كتاب لر، لغت قاموس لری و ادبيات اثر لری. ٤ـ قديم صنعت اثر لری، ٥ ـ شهر و ابادليق لر نيڭ ايز لری، خرابه لر، آبده لر، هيكل لر و كتابه لر.

ايلگيری زمانه لرده تاريخ منبعی يالغوز روايت لر و ادبيات اثر لری ايدی. ايكی يوز ييل دين بری تاريخ علمی نهايت ترقّی قيلدی. روايت و ادبيات اثر لری دين تاپيلميغان توغری و قيمتليك معلومات ميدانغه چيقتی. توغری و معتبر ديب تاريخ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

کتاب لریغه یازیلغان بیرمونچه روایتلر تحقیق و تدقیق نتیجه سیده تاریخی روایتلیك مرتبه سیدین توشوب افسانه و اساطیر ایکه‌نلیکی ثابت بولوب قالدی. دنیا تاریخ لریده هیچ تونولمغان بیر مونچه ملتلر نیڭ تاریخده غایت مهم موقع لری بارلیقی هم اوتراغه چقتی.

منه بو یڭیلیق و ترقی لرنیڭ سبب لری، جوغرافیا علمی نیڭ فوق العاده بیر صورتده ایلگیرله میکی و انکشافی، قدیم اثر لر نیڭ تدقیق آستیغه کیرمیکی، جیولوژی و ارکیئولوژی علم لری نیڭ عمومیت بیله‌ن رواج تاپقانلیقی، علمی سیاحتلر و فننی حفریات نتیجه‌سیده قولغه کلگه‌ن قدیم صنعت اثرلری و کشف بولغان شهر و آبادلیقلرنیڭ کوندین کونگه تولا بولماقی دور.

## ۲ــ فصل

## عمومی انسان تاریخی نیڭ باشی

انسان یاراتیلیب دنیاداحیات باشلاغانی نیڭ تاریخی هنوز بیلینمیگه‌ن بیر مسئله‌دور. بونی بیلمك اوچون هرزمان تاریخچی لر بیر نچه یول ایزله‌گه‌ن بولسامو هیچ بیری قناعت برگوده‌ك بیرنتیجه برمدی. همه‌دین ایلگیری یهودی‌لر حضرت آدم نیڭ یاراتیلغان زمانی نی تعیین قیلدی‌لر. اوڭا کوره انسانلر نیڭ یاراتیلغانی غه ۱۳۵۷ هجری تاریخی‌ده ۵۹٤٤ ییل بولادور. یهودی‌لر بو زمان‌نی انسان نیڭ تاریخی نیڭ باشی دیب بیلدی‌لر. اسلام تاریخچی لری‌نیڭ بعضی‌سی بونی قبول قیلغان بولسه‌مو اسلام مُحَقِق لری بونی اسرائیلیات‌دین بولوب سماوی ویا باشقه قوتلیك بیر دلیلغه تایانمیغان افسانه‌وی بیر اعتقاددین عبارت بولغانی اوچون قبول اتمدی‌لر، بونی بیلینمیگه‌ن بیر مسئله دیب قبول قیلدی لر. حاضرقی عصری‌میزده‌کی علمی تحقیقات و کشف لر نتیجه سیده

انتروپولوژی عالملری ، یر یوزیده انسان نیڭ موجودیتینی "جاوا" دا کشف بولغان الڭ قدیم انسان نیڭ سوڭاکیغه قاراپ آلتی یوز میڭ ییل دیب تخمین قیلادور. ۱۹۳۸ ده غربی توركستانده‌كی "توشوك تاش" و "امیر تیمور" اوڭگورلریده تاپیلغان قدیم انسان سوڭاکیغه قاراب اورتا آسیادامو لا اقل شو چاغلردین بیری انسانلر نیڭ یاشاغانلیقینی اوتراغه قویدیلر.[2]

انسان نیڭ دنیاده‌کی حیات دوره‌لری ، ۱- تاریخ دین ایلگیرکی چاغلر، ۲ - تاریخ چاغلری بولوب باشتا ایکیفه تقسیم قیلینادور.

"تاریخ دین ایلگیرکی چاغلر" دیمك انسانلر واقعه‌لری نی و احوال لرینی یازغالی باشلاغان وقتیدین ایلگیرکی زمانه‌لر دیمکدور. "تاریخ چاغلری" انسانلر اوز واقعه لرینی و اجتماعی احوال‌لرینی یازغالی باشلاغان چاغ دین کین‌کی زمان‌لر دیمکدور.

موندین تقریباً ایکی یوز ییل بورون ، تاریخ دین ایلگیرکی زمانه انسان‌لری خصوصیده تاریخ علمی نیڭ معلوماتی فقط قران و تورات ده ذکر قیلینغان قصص الانبیادین عبارت ایدی. معلوم دورکه بو معلومات قدیم انسان‌لرنیڭ آز غینه بیر طایفه‌سی نیڭ دینی احوالیدین خبر بیرادور. تقریباً ایکی یوز ییل دین بیری فننی و علمی صورتیده رواج تاپقان حفریات و کشف‌لر نتیجه‌سیده قولغه کلگه‌ن اوروش و آو اسباب‌لری ، اوی و شهر و هرقسم آبادلیق‌لرنیڭ خرابه لری و اثرلری و هرخیل ایشلاب چیقاریلغان نرسه کره‌ك لردین تاریخ دین ایلگیرکی انسان‌لر حقیده غایت که‌ڭرو معلومات حاصل بولوب دنیانیڭ هر یریده یاشاغان قدیم انسانلر نیڭ حیات طرزی ، مدنیتغه تیرگه‌ن یول‌لری ، مدنیت ده‌کی مرتبه‌ لری ، مدنیت ده ترقی قیلغان دوره لری ، صناعت ، علم و باشقه اجتیماعی احوال‌لری خصوصیده غایت ایچوق معلومات قول‌غه کلمکده دور.



ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

تاریخ علمی منه بو صورت بیله‌ن اساطیره و چویچه‌ک‌لر قارانغولیقی‌دین قوتولدی. بو شکل‌ده تاریخ علمی کوندین کونگه‌کُرو پ کوندین کونگه یکّی معلومات کشف بولماقدادور. الحاصل تمام عصری تاریخ کتاب‌لریده تاریخ‌دین ایلگیرکی چاغ‌لرگه تیگیشلیک یازیلغان افاده‌لر عموماً اوشبو قدیم حفریات و کشفیات‌دین النغان قیمتلیک معلومات‌دور.

تاریخ‌دین ایلگیرکی انسان‌لرنیڭ یوقاریدا بیان قیلینغان صورت‌ده کی اثرلریدین بیلینگه‌ن و تقریباً انیق صورت‌ده معلوم بولغان حیات دوره‌لری اوچ‌غه تقسیم قیلینادور: ۱- یونما تاش‌دوری، ۲- سیلیغ تاش‌دوری، ۳- معدن دوری.

یونما تاش دوریده انسان‌لرده‌کی غایت ساده حیات یاشار ایدی‌لر؛ حیوان‌لرنی آولاب گوشتی‌نی یر و تیره‌سینی یورگه‌نیپ اسیغ سوغاق‌دین ساقلانور ایدی‌لر؛ آولری تولا بوکلوکلرنی و بیلیقی تولا سولرنی تالاشیب سوقاش قیلاشور ایدی‌لر، بیر بیر لری بیله‌ن سوقوش‌هم قیلور ایدیلر. بو صورت‌ده‌کی تیریگلیک توغراسیدین انسان‌لر آسان آو آولاماق و انسان و یرتقوچی حیوان‌لردین عبارت بولغان دشمن‌لریدین اوزلرینی ساقلاش اوچون قطعی تاثیرلیک یراغ تیارلاماق احتیاجی‌نی تویوب نهایت تاش‌نی تاش‌بیله‌ن اوروب چاقماق تاشینی؛ ینه تاش‌دین توخماق، چوماق، کین‌لرده سونگو (نیزه) اوچی یاسادی‌لر. اما بو نرسه‌لر قوپال و ساده ایدی. بو حیات بیله‌ن انسان‌لر اوزون زمان‌غه‌چه یاشادیلر. بو دوره‌ده‌کی انسان‌لر اوتقالاب ایسینماق و یمک‌لرینی اوت‌بیله‌ن پیشورماق و کیچه‌لرده اوت یاندوروب اولتورغان اورون‌لرینی یوروتماق و یرتقوچی حیوان‌لرنی اوت‌بیله‌ن اُورکوتمکنی بیلور ایدیلر. بو دوره‌نیڭ ایچیده انسان‌لر حیوان‌لرسوڭاک‌لریدین خنجر، پیچاق و زینت اسباب‌لری یاساماقنی ایجاد قیلدی‌لر. بو دوره‌نیڭ باشلانغوچی قایسی تاریخ‌ده ایکه‌نلیکی انیق صورت‌ده معلوم ایمس‌دور. اما جیولوژی و ارکیولوژی متخصص‌لری‌نیڭ مختلف تخمین‌لریچه بو دوره‌نیڭ

باشلانغان زمانەسی موندین اللیگ میڭ ییل ـ اون میڭ ییل آراسیده بورونقی زمانەلرایکەنلیکی قدیم اثرلردین معلوم دور.

سلیغ تاش دوری انسانلری تاشدین اسباب یاساماق دا بارا بارا اوستا بولوب چاقماق تاشیدین نازوك و چیرایلیغ نرسەلرنی یاساب قوم تاشیغه سوروب سیلیغ لاب، پاقیراتیب ایش اتمك و ساتماقغه باشلادیلر. بو دورەده انسانلرنیڭ حیات طرز یده تولا ترقّی و اوزگوروش حاصل بولوب حیوان حیاتیدین توگول آیریلغان بیر حیات طرزی درجەسی غه یتتی، چونکه بو دوره ده انسانلرنیڭ بعضی سی کوچمنلیك حیاتینی تاشلاب بیر آتا آولادی بولغان بیر جمعیت یعنی قبیله صورەتیده آندا موندا یرلیشیب مدنیت نیڭ اوّلقی باسقوچی بولغان اجتیماعی حیاتغه قدم قویدی لر. بو اجتماعی حیات نیڭ باش سببی انسانلرنیڭ بیر طرفدین زراعت قیلماقنی اورگەنیبینه بیر طرفدین حیوانلرنی کوندوروب (اهلی لاشتوروب) معیشتلرینی تریم قیلماق و حیوان باقماقدین تأمین قیلیب اوت و یلدیز یمکنی ترك اتکەن لری دور. حاضرقی زمانه میزده تریلغو دییەلادورغان و انسانلیق عالمی نیڭ تریگلیك مادّەسی بولغان بوغدای، آرپا، تریغ و باشقه آشلیقاوسوملوکلری قدیم زمانەلرده یر یوزیدەکی یاوا اوتلر جملەسیدین ایدی. آت، تیوه، ایشەك، قوی، کالا، اچکودەك اهلی حیوانلر باشقه یاوا حیوانلردەك ایگەسیز و یاوا ایدی. انسانلر باشتا بوغدای نیڭ الڭ مهم غذا ایکەنلیکینی بیلیب اونی تریشنی اورگەنیب تریب یمکغه باشلادیلر؛ باشقه اشلیق لرنی هم ارقه ارقه دین کشف قیلدیلر؛ زراعت ایشینی آسانلاشتورماق اوچون اقینسو بویلریدا کەکرو تریم یرلری اچتیلر. منه بو حیات نیڭ رواج تاپماقی و الغا بسیشی، بو حیاتنی اختیار قیلغان انسانلرنی کوچمنلیکنی تاشلاب اورون لاشماقغه مجبور اتتی. و ینه انسانلر حیوانلرنیڭ یاواش لری بولغان آت، تیوه، ایشەك، قوی، اچکو، کالانی توتوپ کوندوروپ تربیه قیلیب اوز حاجتلریغه ایشلەتمکنی اورگەندیلر.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دیمکه انسانلر بو حیاتغه کیریب لا مُلك و مال ایگه‌سی بولدیلر. بو مُلك و مالدین فایدا آلماق و انی محافظه قیلماق و اوستورمك حرصی توغولدی. طبیعی دورکه بو مقصدلرنی قولغه کیتورمك اوچون انسانلرنیڭ بیر بیریغه یاردم قیلیشماقی و مشترەك فایده و حقلرغه اعتراف قیلیشیب اجتماعی بیر تشکیل وجودغه چیقماقی لازم بولدی.

بو دورەده انسانلر اۆی لرو قورغانلر بنا قیلماقغه باشلادیلر. اوّل بو اۆیلر غایت ساده اما خیلی مستحکم ایدیلر، تام لری تاشدین یاسالغان و اۆستی یاپالاق تاشلردین یاپیلغان کیچیك حجره لر ایدی. بو حُجره لرنی دولمان دییلادور. بو دولمان لرنیك زمانه میز غەچه بوزولمای قالغان لری توپراق آستیی دنیا نیك هر طرفیده بك تولا کشف بولدی. قورغانلر بولسه تاشدین بنا قیلینغان کەڭرو قالین تام لردین عبارت ایدی. بو عمارت ایشلری خیلی ایتتیك ایلگیریلەدی. انسانلر تاش پالدو لری بیلەن یاغاچ لرنی کیسیب عمارتلرنیڭ اۆستینی یاغاچ بیلەن یاپماق و کەڭرو اۆیلر، قورغانلر بنا قیلیب کیچیك کیچیك شهرلر وجودغه کلتوردیلر. بعضی قبیله لر کیچەلەب یورو ش قیلیب بولان تالانلردین ساقلانماق اوچون کوللرنیك ایچیگه، قیرغاقیغه یاقین قیلیب درختلردین کیسیلگەن میگلرچه قوزوق و کوتکلرنی اورون لاشتوروب انیڭ اوستیغه اۆی لر بنا قیلیب بو اۆی لردین قیرغاقغه کۆندوزی سالیب کیچەسی تارتیب آتادورغان کوپروکلر سالور ایدیلر.

او وقتلرنیڭ اڭ مستحکم و امین قلعه لری بولر ایدی. پالدولر بیلەن چوك درختلرنی کیسیب موندِاغ پوتون بیر قبیلەنی ایچیگه سیغدوراد ورغان یاغاچ قلعه لرنی بنا قیلماق غایت مشکلدور اما او وقتلردەکی انسانلرنیڭ بو یڭی ایجاد قیلغان اجتماعی حیاتلریغه بولغان ذوق لریدین ویا احتیاج لریدین توغولغان غیرت و کوشش لری بو مشکلليك لرنی یڭدی.

تاش بوقورسا و ياغاچ كتمنغه اوخشاش زراعت اسباب لرى و كالانى قوشغه قوشماق، آت، تيوه، و ايشه‌كغه يوك آرتماق و مينمك اوشبو دوره‌ده ايجاد قيلينغان ايشلردور. سيليغ تاش دوريده يونما تاش اسبابى هم ايشله‌تور ايدى. بلكه معدن دورى ده هم تا تيمور كشف بولغونچه هر ايكى قسم تاش اسبابنى ايشله تور ايدى، اما يازوچى‌لر تاريخ دوره لرينى تعين قيلماق اوچون سيليغ تاش صنعتى ايجاد قيلينغان زماندين باشلاب سيليغ تاش دورى، و معدن كشف بولغان وقتدين باشلاب معدن دورى ديب اسمله‌ندور دى لر.

انسانليق عالمى نيڭ حياتى يوقاريدا ايتيلغان وجه بيله‌ن تاش آلت‌لرى بيله‌ن تامين قيلانور ايدى وانسان لربو آلت لرنى تيار قيلماقده و انى حاجت‌لريغه ايشلتمكده بك تولا مشكلات چه‌كر ايديلر. اخيرى بر بوزيده و توپراق استيده باشقه ماده لردين صاف ليق حالتى بيله‌ن ياراتيلغان آلتون و باقر (مس) كان لريغه اوچراديلر. تجربه نتيجه‌سيده بو معدن لرنى اوت واسطه سى بيله‌ن ايريتيب خواهلاغان شكلده هر نرسه ياساماق ممكن ايكه‌نلى كينى بيلديلر. آلتون و باقرنى همّه انسان لردين ايليگرى اوترا آسياده تورك لر كشف قيلديلر و بو كشف نيڭ حاضرقى عصرى ميز دين تقريباً اون‌بير ميڭ ييل ايلگيرى ايكه‌نليكى ثابت بولغانوتوبنده كيلادور.[3]

كموش و تيموردەك باشقه ماده لر بيله‌ن ياراتيلغان معدن‌لرنى كين‌چه كشف قيليب او ماده لردين آيريب چيقارماقنى اورگنديلر. انسان لر آلتون‌دين زينت اسباب و باقردين قليچ، سۈنگو (نيزه) پيچاق و ياراغ‌لر، زراعت اسبابى و باشقه نرسه لر ياساديلر. ليكن باقر انچه چيدامليغ و محكم بولمغان اوچون يونما تاش و سيليغ تاش اسبابى نى ايشله‌تمكنى‌تاشلاماديلر. اخيردا انسان لر ترقّى يوليده ينه بير قدم ايلگيرى يورديلر و باقرنى قلاى بيله‌ن آرالاشتوروب ايريتيب توچ نى وجودغه كلترومك اوصولينى كشف قيلدى



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

لر، توچ باقردین چیداملیغ بیر معدن بولغانی اوچون انسانلر هر قسم یراغلر و اسبابنی توچدین یاساماقغه باشلادیلر. حقیقتاً معدن دوری بو توچ صنعتی رواج تاپقان وقتیدین باشلادی. لیکن قالای، باقرغه قاراغاندا نسبتاً از تاپیلادورغان بیر معدن بولغانی اوچون توچ ایشلاب چیقماق مشکلاتسیز ایمه س ایدی. توچ دین یاسالغان اسباب‌لر حاجت‌لریغه کفایه قیلماغاندین توچ دوری‌ده تاش اسبابنی ایشلتمک پوتونله‌ی ترک ایتیلمگه‌ن ایدی.

انسانلرکین تیمورنی کشف قیلدیلر و بو معدن‌نی ایریتمک و باشقه ماده‌لردین آیریماق باقر و باشقه معدنلرغه قاراغاندا قین ایش ایدی، لیکن بو معدن دین هر نرسه یاساغیلی بولوشی و چیدامليغ‌لیقی و اندین یاسالغان یاراغ‌لرنیک کسکینلیکی و هم بو معدن‌نیک دنیانیک تولا یرلریده تاپیلغانی اوچون انسانلرنیک رغبتی زیاده بولوب زمان اوتکه‌نچه یوقارقی مشکل‌لیک‌لرنی یگیب یترلیک درجه‌ده تیمور ایشلاب چیقاردیلر. تولا راق یاراغ‌لرینی و زراعت اسبابینی و محکم بولماقی نظرده توتولغان هرنرسه کره‌ک‌لرینی تیموردین یاسادیلر و تاش اسباب دین بیحاجت بولدی‌لر. باقر توچ، التون، کموش و باشقه معدن‌لرنی مناسب ایش‌لرغه ایشلەتتی‌لر. عصریمیزده‌کی علمی تحقیقات و کشفیاتغه کوره‌تمورنی همه ملتّ‌لردین ایگیری کشف قیلغان و ایشلتکه‌ن‌لر تورک‌لر ایدی[4]. کین‌چه دنیاغه یاییلیب کوپلری تیموردین استفاده قیلماقنی اورگه‌ندیلر، معدن دوری‌نی تاریخچی‌لر، باقردوری، توچ دوری، تیمور دوری دیب اوچ‌غه تقسیم قیلادور.

تاریخ چاغ‌لری بولسه انسانلرنیک تاشلرغه ویا معدن محصولاتیغه، بنا و آبده‌لرغه یازیلغان ویا اویولغان خط ویا سزیغ ویا صورت‌لرنی، ویا معدن محصولاتیدین ویا تاشدین یاسالغان هیکل‌لرنی وجودغه کلتورگه‌ن زمانه‌لردین باشلانادور. بو

د وره ، د نیانیڭ هر طرفیده برابر بیر وقتده باشلانمیغان . حاضر
قی زمانه میزده‌کی حفریات و کشفیات غه‌قارغاندا بو ایشغه همه
دین اوّل تورك لردین بولغان سومرلر، هیتیت‌لر و ایلام لر باشلا
غان ایدیلر[5] . مصرلیغ لر نیڭ بو ایشده تورك لر بیله‌ن بیر زمان
ده ویا بیر مدت‌کین ایکه‌نلیکلری معلوم دور. اما تاریخ‌چی‌لر مصر
لیغ لرنیڭ بو ایشده توتقان یول‌لری‌نیڭ انتظام لرینی و اوترا ده اوز
لوك سیز اثر لری تاپیلغان‌لیقی نی اعتبارغه الیب مصرلیغ لر نیڭ
بو ایشغه باشلاغان زمانی ، تاریخ چاغ‌لری‌نیڭ باشلانغوچی ایکه‌ن
لیکی غه اتفاق قیلدیلر. مصرلیغ لرنیڭ یازیب قویغان اثر لری نیڭ
الڭ قدیمی میلاددین بش میڭ ییل ایلگیری بیر زمانغه عاید دور. بو
مناسبت‌بیله‌ن تاریخچی‌لر تاریخ چاغ‌لری‌نیڭ باشلانغوچی نی میلاد
دین ایلگیری بش میڭ ییل دیب تعین اتتی‌لر. تاریخ چاغ‌لری‌تورت
دوره‌غه تقسیم قیلادور. ١-اوّلقی عصرلر ( ٥٠٠٠ میلاددین
ایلگیری - ٣٩٥ میلاددین کین‌غه‌چه)، ٢-اوترا عصرلر (٣٩٥م دین
١٤٩٣م غه‌چه) ، ٣-اخیرقی عصرلر(١٤٩٣م‌دین ١٧٨٩م‌غه‌چه،
٤- حاضرقی عصرلر (١٧٨٩م‌دین بویان)[3].

عمومی انسان تاریخی‌نیڭ باشیدین بو کتاب ده بیان
قیلماق لازم کورولگه‌ن مقداری اوشبو دور. کوپراق معلومات ایستیگه‌ن
اوقوغوچی‌لر مفصّل تاریخ کتاب لریغه مراجعت قیلسون لر.



آلتای قورغانلریدین تاپیلغان میلاددین اوچ میڭ ییل
بورونقی زمانه‌غه عاید تاش، ساپال و آلتون اثرلر.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

# ایکینجی بولوم

## عمومی تورك تاریخی نیڭ بیر خلاصه سی

### ۱ــ فصل

### تورك تاریخی نیڭ باشلانغوچی

آسیا نیڭ شرقیدین غربیغه اوزانیب کتکه‌ن اوترا اسیا یایلاغلری ، اسیا قطعه‌سی نیڭ بل سوڭاکینی تشکیل قیلادور. بو یایلاغلرنیڭ ایگیزلیکی و ککرولوکی اوترا قسم لریده هیبت‌لیك بیر درجه‌ده‌دور. بو اوترا قسم بولسه هیمالایا سلسله‌سی ، خزرتڭیزی و بایقال کولی اراسیده بولوب دنیانیڭ اڭ ایگیز و اڭ ککرو یایلاغیدور. اسمانغه تاقاشقوده‌ك تاغلر، قورقولوق چوللر و هیبت‌لیك بوڭلوك (جاڭگال)لر و سوبوی لریده‌کی یاپ یشیل چیرایلیغ ابادلیق لر بو اوترا قسم یایلاغلرده بیر بیری‌غه یانداشیب کیله دور. منه اوشبو شکلده تعریف قیلینغان اوترا اسیا یایلاغیده شرقده قدیرخان (خه‌نگه‌ن) تاغلریدین باشلاب شمالده بایقال حوضه‌سی و آلتای تاغ لری بوییچه غربده ایتل (ولغا ) دریاسی، خزرتنگیزی؛جنوبده هندو کش، پامیر، قاراقروم و قاراکفو تاغ (کیون لون ) سلسله لری و سریغ دریا بیله‌ن قایتادین قدیرخان تاغلریغه اولاشقان بیر سیزیغ ایچی ده‌کی منطقه تورك لرنیڭ انا یورتی دور. منه بو منطقه تاریخ‌بیلمگه‌ن قدیم زمان لردین بو کونغه‌چه تورك یورتیدور و تورك قوم لری بومنطقه دین دنیانیڭ هر طرفیغه هجرت‌لر قیلیب دنیانی اباد قیلدی لر[1].

تورك تاريخى نيڭ باشلانغوچى ديمكدين مقصديم تورك لركيم نيڭ اولادى ايكەنليكىنى و مُسَلْسَلْ نسب لرىنى بيان قيلماق ايمس دور. اسلام تاريخ لريدە بو خصوصدە بيان لر بولسەمو او بيان لرنى هنوز صحيح ديالمايميز. بلكە اسرائيليات دين النغان وياكى مُغول ملى افسانە (ميتالوژى) لريدين الينغان روايت لر دور. مقصديم علمى تدقيقات و تاريخى وثيقە لرنيڭ دلالتيغە كورە تورك لر خصوصيدە بيزگە حاصل بولغان اڭ قديم معلوماتنى ذكر اتمكدور. جيولوژى (طبقات الارض علمى) و اركئولوژى (اثارعتيقە علمى) نيڭ تدقيق لرى نتيجەسيدە كشف بولغان معلوماتغە كورە حاضرقى زمانەميزدين تقريباً ١٢٠٠٠ ييل نيڭ الديدە تورك انا يورتى حاضرقى وضعيتىدەك چول لرى تولا و نفوسى از ايمس ايدى. بلكە او وقتدە تڭرى تاغلرى (تيان شان تاغلرى) تماماً موز تاغ بولوب بو تاغدين تورت طرفغە يوز لرچە دريا اقار ايدى. جنوب دەكى قارانغو تاغ سلسلەسى (كيون لون) دين هم او وقتدە حاضرقيدين نچە حصە تولا چوڭ اقين لر اقيب حاضرقى تكلەمكان چولينى باشدين اياغ سوغارور ايدى. ارال و بالخاش كۆل لريدەك ايچ تڭيز لربك تولا ايدى. لوپكۆل لرى او وقتدە حاضرقيدين كوب كڭرو بير تڭيز ايكەنليكى اچوق معلوم دور. منە بو سبب لر سايەسيدە بو اۆلكە لردە هيچ بير قوملوق و چول كورونمس ايدى. هر قسم معدن لر و هر تۆرلوك اۆسۆم لۆكلر، سانسيز ياوا حيوان لر بو اولكەدە غايت جيق ايدى[2].

اقليم نيڭ بو صورتدە ابادليق و مدنيتغە مساعدليكى نيڭ سايەسيدە تورك لر تمام دنيادەكى انسان لردين ايلگرى مدنيت ميدانيغە اياغ باستى لر. هنوز باشقە ير لردەكى انسان لر تاغ و يار لرنيڭ انگور لريدە و درخت لرنيڭ كمار لريدە ياشار ايدى لر. باشقە انسان لر يونما تاش دوريدە ايكەن تورك انا يورتيدە تاش دورى اياغلاشيب معدن دورى باشلاغان؛ باقر، توچ دورىغە كيريلگەن. تورك لر بو معدن لرنى كشف قيليب قورال و زراعت اسبابى ياساب التون دين زينت اسبابى تيارلاب ايشلتمك و حتاكە انيڭ بيلەن تجارت



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قیلماق مرتبه لریغه قدر ایلگیرلیگه‌ن ایدی لر. یایلاغلردین یاوابغدای اریسا وتریغ کبی اۆسملوکلرنی و اوروغ لری نی کشف قیلیب زراعت قیلماق نی اۆرگه‌نیب سوبوی لریده کگرو تریم لیق لر، قورغان لر، و شهرلر یاساغان ایدی لر. اشه نیوه، ایشك، قوی، کالا نی کوندوروب لازم لیغ فایده لریغه ایشله تور ایدیلر. کوزه صنعتی بك عمومی له‌شکه‌ن و ترقی تاپقان ایدی. تاریخ دین ایلگریکی چاغلرده تورك یورتی ده کی اقلیم شرایطی و مدنیت حقیده تفصیلی معلومات بریش کتابیمیز نیڭ احاطه‌سی ایچیگه کیرمایدور. بو خصوص لرده معلومات منبع لری نی بیبلیو گرافیاده کورسا تیلدی.[3]

## ۲ـ فصل

## تورك لر نیڭ معدن دوری ده کی مدنیتی

حاضرده چین تیلیده "داگوبی" و تورك تیلیده اولوغ چول دییلگه‌ن مغولستان و شمالی چین اراسیده یر الغان قوملوق چول‌لرده و تکله مکان، قزیل قوم، قارا قوم چول‌لریده‌کی زمانه میزده هیچ بیر جانلیغ مخلوق یاشاماقی ممکن بولمایدورغان یرلرده دریا و اوسته‌ڭ ایزلری، زراعت علامت لری، شهر و کنت خرابه لری، تاش، باقر، توچ، تیمور، چویون و کوزه اسباب لری غایت تولا دور. بو منطقه لرنیڭ قدیم زمان لرده تماماً ابادلیقی و او یرده یاشاغان تورك لرنیڭ ایلگیری مدنیت غه ایگه ایکه‌نلیکی ده هیچ شك یوق دور. عالم لر بو ابادلیق و مدنیت نی بو یرلرنیڭ قوروغ چیلیق غه اوچراغانی و ساکنلری نیڭ هجرت قیلماقیدین ایلگیرکی زمانه‌لرده ایکه‌نلیکینی انیقلادی لر. بو اثر لرنیڭ عمری نی اك ازی توقوز میڭ ییل دیب تخمین قیلدی لر.[4]

١٩٠٤ م ييليدا خزر تكيزی نيك شرقی ده عشقاباد و مرو شهرلری نيك اراسيده كی آنو قورغانلريده تدقيقات يوروتكه‌ن اركئولوژی حفرياتی هيئتی نيك رئيسی بولغان رافايه‌ل پومپه للی[5] بو مدنيت نيك تاريخی نی موندين اون بير ميك ييل بورون ديب به‌لگوله دی. بو حفريات نتيجه‌سيده اوتراغه چيقغان كوب قيمتليك مدنيت وثيقه لری نی طرفسيز علم كوزی بيله‌ن تدقيق قيلغان امريكاليغ عالم تورك انا يورتی ده كان چيليق و صناعت مدنيتی نيك ميلاددين ايلگيری توقوزونجی ميك ييل ده يعنی زمانه ميزدين اون ميك ييل اوّل باشلاغانليقی نتيجه سيگه بارغانليقی نی بيلدوردی. بو نظريه غه قاراغاندا تورك يورتلريده كی كانچيليق دوری باشقه يرلرغه قاراغاندا ميك ييل اوّل باشلاغان ايدی.

التای تاغلری ايته كيدين و جنوبی سيبردين كشف بولغان قديم تورك قورغانلريدين چيقاريليب مسكو و لنينگراد موزه لريده ساقلانماقدا بولغان تورك مصنوعاتی نيك بير قسمی توچ دوری غه و بير قسمی تيمور دوری‌غه عايددور. بو لرنيك اراسيدا بولغان قليچ لرنيك تولاسی نيك دسته‌سی حيوان صورتيده دور. اوق اوچی، پيچاق، سونگو (نيزه) اورغاق، قارچی، پالدو، ييگنه، اوشكه، كركی توقا، ايزانگو، يوگه‌ن، قازان، تاوا تماماً توچ دين‌دور. مونچاق، توُگمه، بليزوك، أينه‌ك، مختلف حيوان صوره تيده ياسالغان زينت اسباب لرنيك بعضی سی توچ دين و تولاراقی التون‌دين دور.

ينه كتمن، پالدو، اوشكه، پيچاق، اوق اوچی، قليچ، سوُنگوُ، قيپتان (تيمورتُون) چاقماق، يوگه‌ن، ايزانگو، بوقورساتيشی، هر قسم چوك و كيچيك توقا، كمر زينتلری و باشقه نرسه لر تماماً تيموردين دور. تيمور دوری‌غه عايد التون، باقر و سوگه‌كدين ياسالغان هر قسم زينت اسبابی بار دور. بو بيان قيلينغان اسباب و التلرنی مذكور موزه خانه لرده كورگه‌ن كشی ميلاددين ايلگيريكی عصرلرده ياسالغان نرسه لر ايكه‌نليكی‌گه هيچ پوتكوسی كلمه‌يدور. چونكه بو نرسه لرنيك ياسيليشی ده كی چيرايليغ‌ليق و نازوكلوق و اونی ياساغان



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

اوستالرنيك مهارتي انساننى حيرتغه توشورادورغان اوستون لوك ده دور. بو اسبابنى كورگەن كشى اونى حاضرقى كون لردەكى مدنيتلیك شهرلرده ياسالغان ديب گومان قيلادور. لندون دەكى بريتيش موزىيوم ده هم تورك انا يورتى نيڭ توچ و تيمور اسباب لرىغه عايد يخشى بير كولەكسيون بار دور.

تورك انا يورتيده خصوصاً التاىده بك تولا يرلرى ده كشف بولغان كان اوچاق لرى و ايريتمك داشلرى قديم توراك لر نيڭ كان چيليقى نى و معدن ايشلەگەنليك لرىنى بيلدوره دور. بولرنيڭ تولا راقى باقركان لرىدور. حفريات نتيجه سيده بوزرلماىميدانغه چيقاريلغان كان اوچاق لرىنيڭ عصريميزدەكى كان لرغه يقين مكمل ايكەنليكى كورولدى.

بو بيانلرغه كوره تورك لر قديمقى معدن دوره لرى ده كانچيليق و كان محصولاتيدين هر خيل اسباب ياساماق صنعتى نيك اوصول و شكللرىغه آشنا ايديلر. بو اوچاق لرنيك فوق‌العاده تولا ليقى دين معلوم بولادور كه تورك لرنيڭ كانچيليق صناعتلرى يالغوز اوزلرىنيك حاجتلرىنى تأمين قيلماق اوچون غينه ايمس بلكه باشقه ملتلرغه ساتماق اوچون هم كان دين چيقارور ايدى لر. بو خصوصده كوپراق معلومات استيگوچىلر مفصل تورك تاريخ كتاب لرىغه قاراسون لر[6].

شرقى توركستان دا تاريخ دين ايلگريكى چاغلرغه عايد منتظم تدقيقات مع الأسف كوب از دور. شوندا غ بولسه موباشتا سوين هيدين بولوب بير قانچه اوروپاليغ عالم سياحتچىلرنيڭ كورستكەن مُنفرِد غيرتلرى نتيجه سيده قولغه كلگەن معلومات دور[7].

شرقى توركستان، زراعتنى ايجاد قيلماق، حيوانلرنى كوندورمك، هر خيل كان لرنى كشف اتمك، معدن صناعتى و باشقه مدنيت ايشلريده عمومى تورك انا يورتىغه شريك ايدى ديب غينه تورمايميز. بلكه بوغداى، ارپا، تريغ، زغيردەك اشليق لرنى باشقه

یاوا اۆتلر اراسیدین تونجی قتیم تاپیب تریغان شرقی تورکستان تورک لری‌دور[8]. آت، کالا ، اۆی نی باشقه حیوان لردین آیریب و کۆند وروب تربیه قیلغان لر همّه دین ایلگیری ینه شرقی تورکستان تورك لری دور دیب دعوا قیلالایمیز. چونکه بو نرسه لرنیڭ اصلی یاوا بولوب انسان لرنیڭ عقل‌لری و اَمگه‌کلری بیله‌ن او نرسه لرنی تصادفاً ویا فکر نتیجه سیده تاپیب و اوز منفعتی غه توشونوب اندین‌کین او نی زراعت قیلغانی ویا کوند ورگه‌نی انیق بیر مسئله دور، قایداغ‌که هر قدیم نرسه نیڭ وجودی ویا وقوعی غه انیڭ حاضرده کورولمکده بولغان قال دوق ویا ایزلریدین استدلال قیلماق علم ساحه سیده غایت معقول بیر نقطه دور؛ شرقی تورکستان تاغلریدین تکَری تاغلری‌نیڭ بعضی جیلغه لریده،باغراش‌کول اپ چوگره لریده یاوا بوغدای ،ارپا ،تریغ، حاضرده تولا دور. یاوا ات ، ایشك (قولان)،یاوا تیوه، و کالا (یاواقوتاز) قارانغو تاغ و قاراقورام تاغ‌لریده‌کی یایلاغ‌لرده حاضرده هم آوچی‌لر طرفیدین استفاده قیلیناماق‌ده دورلر[9]. اما باشقه اولکه لرده بو اوسوملوك و حیوان اصل‌لریدین اثر یوق‌دور ویاکه بك از دور.

کان خصوصیغه کلسه‌ك یوقاریده ذکر قیلینغان کان اوچاق لری و کشف بولوب دنیانیڭ چوڭ موزه خانه لری‌غه یوتکه‌لگه‌ن صناعت اثر لری تماماً شرقی تورکستان‌نیڭ مالی ایکه‌نلیکی بیلیندی. حاضرقی اصطلاح ده شرقی تورکستان دییله‌دورغان و قدیم شرقی تورکستان نیڭ تقریباً یریمی دین عبارت‌بولغان اولکه لرده‌کی تکَری تاغلری (تیان شان) قارانغو تاغ (کیونلون) والتون‌تاغ سلسله لریده قدیم ده ایشله‌نیب حاضرده مَتروك حالده قالغان کان و اوچاق لر نیڭ اثرلریغه سیاحتچی‌لر هر یرده اوچرایدور. تکله‌مکان چولی و تورپان چول‌لریده زمان زمان کشف بولغان باقر، توچ ، التون ،چویون ، تیمور، کوزه و کوموش مصنوعاتی و هر قسم جواهیر بویرلرنیڭ قوروغلوق‌غه محکوم بولوشیدین ایلگیرکی اباد وقتیده یاسالغان‌نرسه لر ایکه‌نلیکی نی و او یورت‌لرده اوستا هونرمندلرنیڭ تولالیقی نی اثبات قیلادور. قدیم آلتون کان ایزلریده باقر و توچ دین یاسالغان‌بولقا



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

و قسقاچ لر تاپیلغانی‌غه کوره بو یورتلرده التون کانچیلیقی نینگ باقر و توچ دوری‌ده رواج تاپقانی ثابت بولادور.

تکله‌مکان و توریان و قومول چوللریده سو بوی‌لری غه بیر نچه کونلوك مسافه لرده‌کی شهر و ابادلیق خرابه لری و زراعت ایزلری‌نی یاقین زمانلرغه عاید دییلسه‌مو مذکور چوللرنینگ ایچ طرف لری‌ده حاضرده جانلیغ مخلوق نینگ یاشاماقی امکانسیز حالغه‌کلیب قالغان یرلرده‌کی شهر و ابادلیق خرابه لری زراعت ایزلری اوسته‌ك و اریق، تیم، گرمه، قورغانلرنینگ بو منطقه لرنینگ قوروغلوق بلاسیغه دوچار بولیشیدین ایلگیرکی زمانه لرغه عاید ایکه‌نلیکی‌غه کامل قناعت باردور.[10]

## ۳ــ فصل

## تورك لر نینگ عمومی کوچوش دوری

قدیم زمانلرده تورك انا یورتی نینگ ابادلیق وضعیتی یوقارده ذکر قیلیندی. یورت نینگ شونداغ صورتده‌کی توپراق، هوا، و سولری‌نینگ موافیق‌لیقی و کوب‌لیکی و خلقی‌نینگ مدنیتی، خلق نینگ ایتیتیك کوپه‌یمه‌کی‌غه اك قوتلیك عامل ایکه‌نلیکی انیق بیلینگه‌ن بیر مسئله دور. مینه بو عامل نتیجه سیده تورك انا یورتی‌ده‌کی قدیمقی تورك لرنینگ نفوسی نهایت تولا بولوب تمام یورت شهر و ابادلیق لر تولوب کتکه‌ن ایدی. بو نفوس ابادلیق نینگ تولا بولماقی بیله‌ن حیات مشکل بولوب قالغان نینگ اوستیغه یورت نینگ تریگلیك مادسی بولغان یه‌غیش و سولری آزایماق غه باشلادی. تگری تاغلری وا نینگ تارماق لری بولغان قوروغ تاغ سلسله‌سی و باشقه تاغ لرباشدین ایاغ

موز تاغلری ایدی. کین لرده بیر طرف ده بو تاغلرنیڭ موز لری ازلاب تولا یرلری اچیلیب قالدی. و بیر طرف دین یورت ایچیدەکی ایچ تڭیز (کول)لر قوروغالی باشلادی. بو سببلر بیلەن یوزلرچە چوڭ کیچیك اقینلر قوروب کتتی. بو اقینلردین سو ایچەدورغان شهرلر و ابادلیقلر چول قالدی. منه بو صورت بیلەن بیر طرفدین نفوس نیڭ تولالیقی و بیر طرفدین یورت نیڭ قوروماق بلاسی غه اوچراغالی باشلاغانی، کوندین کونغه تورکلرغه تریگچیلیك نی مشکل قیلماقده ایدی. مونداغ وضعیت نیڭ تنازُعِ بقا (یاشاش تلاشی) و ایچکی سوقوش لر نیڭ اوروغی ایکەنلیکی طبیعی دور. بو یوزدین تڭری تاغلریدین و قارانغو تاغدین سولا نادورغان تورك یورتلرینیڭ خلقی غایت قینلیقبیلەن حیات کوچورور ایدی لر. هر طایفه و قبیله اوز حیاتینی ساقلاماق اوچون ینه بیری نیڭ اوستیغه تعرض اتمك و مغلوب نی هیداب چیقاریب یرینی اشغال اتمك ویا اوزی باشقه طرف غه کوچوپ کتمکغه مجبور بولدی لر[11].

هر حالده یرلرینی ترك اتکەن کوچمنلر اهسته اهسته دنیانیڭ تورت طرفیغه یوروب اوزلرینیڭ حیاتیغه مناسب یر ایستەمك غه باشلادی لر. تاریخچیلر بو کوچوش دورینیڭ باشلانغوچینی حاضرقی کوندین تقریباً توقوز میڭ ییل ایلگیری واقع بولغانیغه اتفاق قیلادورلر. بو کوچوش نیڭ بعضی سی الدینی الماق امکانسیز بیرسلدەك غَلَبَت و قهر سورتی بیلەن بارغان یرلردەکی انسانلرنی یوق اتمك ویا یریدین چیقارماق ویا اوزلرینیڭ اطاعتیغه کیرگوزمك یولی بیلەن واقع بولغان ایدی. بعضی سی قوملوق نیڭ تیگیدەکی سیزغان سودەك اهسته و یوموشاقلیق بیلەن واقع بولدی. بارغان یرلردەکی انسانلرغه انسانلیق و مدنیت اورگەتیب او یردەکی ایش باشیدا بولغان لرغه اطاعت قیلیب حیاتلرینی تأمین قیلدی لر. بو کوچوش بیر عصرده واقع بولغان ایمس. بلکه میلاددین ۸-۷ میڭ ییل ایلگیری تاریخ دین باشلاب ٤-عصر میلادیدەکی سیانپی کوچوشیغه قدر دوام قیلغان ایدی. اولردین کین کوك تورك، اویغور، اوغوز، سلچوق،



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

قیتای ، مونغول کوچوشلرینیڭ یاقین چاغلرده بولغانلیقی نی تاریخ اوقوغان همه کشی بیله‌دور. بو کوچوش نیڭ عمومی تورك انا یورتیدین دنیانیڭ تورت طرفیغه بولغان اقشی یوللری، قایناق لری و باریب توختاغان یرلری ۱- خریطه ده کورساتیلدی. بو یرلرده یالغوز شرقی تورکستاندین چیققان کوچمن قافله لرینیڭ خصوصیده بیر از بیان بیرامیز.

توریان اولکه سیدین چیققان بیر قول کوچمن قافله‌سی توغرا شرق غه یوروب اوترا چین، یعنی سریغ دریا (هوا کهو) و کوك دریا (یاڭزی کیاڭ) نیڭ اراسیده‌کی چین نیڭ اڭ مُنْبیت و یشیللیق اولکه‌سی نی ایگه له‌ب او یرده یرلشتی لر. لوپ اوّلکه سیدین یورگه‌ن ایکی قول کوچمن قافله لریدین بیرنجی قول جنوب غه قاراب یوروب کوکدریا نیڭ باش طرفیده حاضرده‌کی سیچوان و یوننه‌ن ولایت لریده یرلشتی لر. چین نیڭ مذکور منطقه لریده‌کی انسان لر تخی کاملاً وحشی ایدی لر. تورك مهاجرلری اولرنی یرلریدین چیقاردی لر. اولر تاغ لرده و چول لرده توگب کتتی لر. ایکنجی قول جنوب طرفیغه یوروب کوك کول اولکه‌سی (کوك نور- حاضرقی چیڭخای اولکه‌سی) غه باریب او یرده اوزون تورالمای تولاراقی کوچوشگه مجبور بولوب بو کوچکه‌نلر اوچ قولغه ایریلیب بیری سیچوان و یوننه‌ن طرفیغه و بیری هند یچین غه و ینه بیری شرقی هندستان غه یوروب او یرلرده یرلشتی لر.

تریم دریا حوضه سیدین یعنی حاضرقی التی شهر اولکه‌سی نیڭ اوتراسیده‌کی تکله‌مکان چوللری اورنیده‌کی قوروب کتکه‌ن اولکه لردین کوچمن قافله لری ارقا ارقادین غربی تیبت (لداخ) و پامیر یوللری بیله‌ن یوروب هندستان غه توکولدی لر. بو قافله لر هندستان نیڭ اڭ منبت یرلری بولغان سند و برهما پوترا دریاسی حوضه لری نی اشغال قیلدی لر. هندستان نیڭ اصلی خلقی نی جنوب غه سوروب یرلری نی ایگه‌له‌دیلر. مذکور اولکه لرنی اباد قیلیب شهرلر و اولکه لر وجودغه کلتوروب یرلشتی لر. بو تفصیل یکی زمانه لرده‌سند

دریا بویی دەکی هاراپپا و موهانجودارو شهرلری‌نیڭ خرابه لری دین کشف بولغان اثرلر بیلەن ثابت بولدی.

میلاددین ایلگری ۲۵۰۰ ییللاریدە تاروتای و ایلی اولکه لریدین چیقغان قافله لر توغرا غرب غه یوروب اورال تاغلری دین اوتوب تورت قافله غه ایریلیب پوتون شمالی اوروپانی فرانسا، انگیلتره، و ایرلاندا غەچه اشغال اتتی لر. او یرلردە تاغ ویا اوڭگورلردە و درخت کمارلریدە اولتوروب تولوق بیر وحشی لیك ایچیدە یاشای دورغان نهایت از مقدار انسان لر بار ایدی. تورك مهاجرلری اولرنی اوزلری‌غه تابع قیلدی لر. قارا ایرتیش حوضەسی (حاضرقی التای ولایتی) دین بیر قافله شمال‌غه یوروب بوتون سیبر میدانیغه ایگه بولوب تا شمال موز تڭیزی‌نیڭ بویی غەچه یاییلدی. بو قافله تورتونجی عصر میلادی دە شرقی تورکستان خانلیق دولت‌لریدین مغلوب بولوب شمال‌غه کوچمکغه مجبور بولغان سیانپی تاتار تورك لریدور. بولر نیڭ مرکزلری قارا ارتیش و تانواولا تاغلریدە ایدی.

منه شرقی تورکستان‌دین بولغان کوچوش‌لرنیڭ قسقەچه اوتمیشی بودور.[12] بیرنجی خریطه غه قارالسه عمومی تورك کوچوش‌لری دە شرقی تورکستان دین چیقغان کوچمن قافله لری‌نیڭ هەمه دین مهم وتولا راق کورونادور. تورك انا یورتی نیڭ باشقه نقطه لری‌دین چیقغان مهاجر قافله لری خصوصیدەکی تفصیلات نی بیبلیوگرافیادەکی اثرلردە کورولسون[3]. الحاصل دنیانیڭ تمام اطرافی هنوز مدنیت دین نسیبی نی الماغان و قارانغولوق ایچیدەکی عصرلردە علم و مدنیت نعمتی غه اریشکەن تورك‌قوملری، خداوندی تعالی نیڭ انسان لرنی علم و مدنیت شره فیغه یتکوزمك و دنیا یوزی‌نی اباد قیلماق قدره تیغه مضهر بولدی لر. چونکه تورك لر هر یرغه بارسه لر اوز علم و صناعت و مدنیت‌لرینی الیب باردی لر، او یرلرنیڭ خلقی غه اورگەتتی لر، او یرنی اوز انا یورت‌لری‌دەك اباد قیلدی لر. شهر و کنت تأسیس قیلدی لر.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى


## ٤ــ فصل

### كۆچوش دورى دين كين كى تورك انايورتى

كوچوش دورى ايچيده و كوچوشدين كين تورك انا يورتى ده اباد قالغان اۆلكه لرده تورك لر هر تۆرلۆك آت لر بيله ن جمعيت لر تأسيس قيليب غايت ايگيز مدنيت قوردى لر. مثلاً شرقى توركستان ده تريم حوضه سى يعنى حاضرقى التى شهر اولكه لرى، تورپان منطقه سى، ايسيغ كول اطرافى، يته سو، ايلى جيلغه سى، حاضرقى شمال مغولستان ده كى سَلَنْگا و اورخون دريالرى نيڭ بويى، حاضرده غربى گانسو دييلادورغان قارا دريا بويى ده كى، چو دريا بوييده كى قديم زمانده ارغو دييلادورغان يورت لر، غربى توركستان ده اينجى (سير دريا) حوضه سى، اوكوز (امو دريا) حوضه سى، سوغوت (زرافشان وادى سى) و باشقه سو بويلريده مختلف عصرلرده تورك لر غايت ايگيز مدنيت لر تأسيس قيلدى لر.

يوقاريده ايتلغانده ك شرقى توركستان ده كى سو بويلرى ده يرلشكه ن جمعيت لر اراسيده چول ويا تاغ فاصله لرى بولغان سبب دين باشقه باشقه ات لر بيله ن تونولور ايدى لر. تولا لرى نيڭ يورت لرى هم اوز لرى نيڭ اتلرى بيله ن مشهور ايدى[13]. مثلا اصلى اتى اودون بولغان ختن اۆلكه سيده كى خلقنى اودون دييلور ايدى. كاشغرده كى تورك لرنى كاشغر دييالور ايدى. بعضى قديم اثرلرده كاچغر و قاچغر هم يازيليب دور. ايران ده كى قاچار اتليغ تورك لرنيڭ اصلى شو كاشغر تورك لرى دين بولسه كره ك ديگه ن لر هم بار دور. كوچا هم اصل ده ساكن لرى نيڭ اتى ايكه نليكى روايت قيلانادور. آقسو اۆلكه سى نيڭ قديم اتى اۈچ دور. و بو آت ياقين زمان لرغه قدر بار ايدى. روايت غه كوره بو اولكه ده چوڭ اۈچ قبيله بار ايدى و حكومت لرى بير ايدى. بو مناسبت بيله ن بولرنى اۈچ دييلور و يورت لرى هم بو

اتبيلەن تونولور ايدى. منه بو اولكه لرده علم صناعت و مدنيت كون دين كونگه ترقى قيلماقده ايدى. هر اولكەدەكى جمعيت مستقل بير رئيس نيڭ ادارەسى استيده ياشار ايدى. رئيس لرىنى خان دير ايدى لر. خان غه تابع حكمدارنى بگ دييلور ايدى. بو اداره نيڭ ياساغ ويا توزوت (قانون) غه تابع ايكەنليكى غه تولا دليل بار دور. بير زمان لرده شرقى توركستان نيڭ التى شهر بولوميده و ايسيغ كۆل حوالى سى و چو دريا بوييدين عبارت بولغان غرب بولوميده اون مستقل خانليق بار ايدى. قوچو (تورپان) ايلى، ايميل (تاروتاى) التاى و بش بليق (اورومچى) اولكه لريدين عبارت بولغان شرق بولوميده توقوز خانليق بارليقى روايت قيلينادور. بو خانليق لرنيڭ نچه عصر ياشاغان ليق لرى معلوم ايمس دور. بو دوردەكى حادثه لرنيڭ تفصيلاتى خصو صيده ايشانغودەك تاريخى وثيقه يوق دور. اما بوگون كوب ساندا كيچيك فيودال دولت لر ارا سيده تولا وقت لرده سوقوش بولور ايدى. و تاشقرى دين هم هجوم تهديدى بار ايدى. ليكن بو حال لرى هم اوزون دوام قيلماى بويوك دولت تشكيلاتى قورولوب همەسى بيرلشتى لرەبيانى تو بنده كيلادور.



قوربانليق قاراقاشقا اتلر. آلتاى قورغانلريدين.
ميلاددين بورونقى عصرلرغه عايد.




ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## قديم تورك لرده يزيغ

قد يم تورك لرده كوچوش دوری دین ایلگیریکی زمانه لر
ده خط یازماق بار ایدی و خط نی پتیك دیر ایدیلر. بو خط نیك
شكلی هیرو غلیفی (قدیم مصر خطی) غه اوخشایدورغان رسم و صو
رتلردین عبارت ایدی. فرات و دجله حوضه لریغه هجرت قیلغان
سومر و آقاد تورك لری مذكور یرلرغه خط پیتمكنی تورك یورتی دین
كلتوردیلر. بو یرده او خط خصوصیده اوزون ایضاحات بیریشكه اورون
یوقدور. بو حقده مفصل عمومی تاریخ لرغه مراجعت قیلیش لازم دور.
بو اوچون كوچوش دوری و اُندین كین‌كی عصرلرده تورك لر اراسیده
عموماً رواج بولغان یزیغ نی بیان قیلامیز. كوك تورك دولتی دوریغه
عاید بولوب اورخون و یه نیسه‌ی اِرماقلری بوییدین ته‌پیلغان موگگو
تاش‌لر، بو تۆر یزیغ تولا راق بولغاچ تاریخ عالم لری بو یزیغ نی كوك
تورك الفباسی ویا "اورخون - یه‌نیسه‌ی یزیغی" دیب آتایدور. بیز" قدیم
تورك الفباسی" دیب اتاشنی مناسیب كوره‌میز. چونكه بو الفباده
یازیلغان اثرلر پوتون تورك یورتلریده تاپیلماقده‌دور. بو الفبا ۳۸
علامت دین عبارت دور. مونیڭ تۆرتی تاوشلوغ و قالغانی تاوش‌سیز
حرف لر دور. بو یزیغ اوڭ دین سولغا یازیلغانده‌ك اوستوندین
استیغه هم یازیلادور.[14]

قدیم تورك لرده بوندین باشقه بیر نچه قسم الفبالر بار
ایدی. براق اولر بیر قبیله ویا بیر یورت اهالیسی نیڭ قوللانیشی
بیله‌ن چه‌كلیك ایدی. كوپ قدیم زمانه لردین بیری تمام تورك آیماق
لری اراسیده عمومیت بیله‌ن تا یتنجی عصر میلادی (برینجی عصر
هجری) غه‌چه استعمال قیلینغان الفبا شوتوبنده كورسه تیلگه ن
تورك الفباسی دور. او وقت لرده اوروپاده حكومت سورگه‌ن آوار تورك
لری هم ایشله تور ایدیلر. كین‌لرده علاحده الفبا ایشله‌تكه‌ن
اویغورلر هم تاش‌غه، ویا تام غه و عابده لرغه اویولادورغان كتابه

# قدیم تورك الیفباسی



| | |
|---|---|
| اَ، آ | (ئه، ئا) a, e |
| اِ، اِی، ئی | ı, i |
| او، اُو | o, u |
| اوّ، اوٗ | ö, ü |
| ق | (ا، آو، اُوٗ، اِ بیله کیله‌دور) |
| ق | (اِق تاوشینی بیره‌دور) |
| ق | (اَوق، اُوق تاوشینی بیره‌دور) |
| غ | |
| ك | |
| ك | (اوّ ویا اوٗ ایلگیری‌ویا کیین‌کیله‌دور) |
| گ | |
| ت | (قالین تاوشلوقلربیله‌ن‌کیله‌دور) |
| ت | (ینچیکه تاوشلوقلربیله‌ن کیله‌دور) |
| د | (قالین تاوشلوقلربیله‌ن کیله‌دور) |
| د | (ینچیکه تاوشلوقلربیله‌ن کیله‌دور) |
| پ | |
| ب | (قالین تاوشلوقلربیله‌ن کیله‌دور.) |
| ب | (ینچیکه‌تاوشلوقلربیله‌ن کیله‌دور.) |
| ایچ | |




| | |
|---|---|
| [rune] اىچ | |
| ی | (ینچیکه تاوشلوقلربیله‌ن) |
| ی | (قالین تاوشلوقلربیله‌ن کیله‌دور) |
| ی | (بعضی شیوه‌لرده "ی" بعضی‌ده "ن") |
| ڭ | |
| ن | (قالین تاوشلوقللربیله‌ن‌کیله‌دور) |
| ن | (ینچیکه تاوشلوقلربیله‌ن کیله‌دور) |
| م | |
| ر | (قالین‌تاوشلوقلربیله‌ن‌کیله‌دور) |
| ر | (ینچیکه‌تاوشلوقلربیله‌ن‌گیله‌دور) |
| ل | (قالین‌تاوشلوقلربیله‌ن کیله‌دور) |
| ل | (ینچیکه‌تاوشلوقلربیله‌ن کیله‌دور) |
| چ | |
| س | |
| ش | (بعضی‌شیوه‌لرده "س" اوقولادور) |
| ز | (بعضی شیوه‌لرده [rune] شکلی یازیلیدور) |
| ند | |
| لد | |
| : | کلیمه (اتالغو) لرا راسیده ایریما به‌لگوسی |



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

کوك تورك خاقانی بیلگه خاقان ، قریند اشی کولتگین اوچون ۷۳۲ م بیلید ه قوید ورغان "اورخون مه‌نگو تاشی" دین ۸ سطرلیك بیر پارچه:-



حاضرقی یازومیزد ا اوقونوشی :

تابغاچ بود ون سابی سوچیگ آغیسی یمیشاق ارمیش. سوچیگ سابین یمیشاق آغین آراپ ایراق بود ونیغ یاغوتیر ارمیش. یاغورو قوند وقد ا کیسره اییغ بیلیگ آند ا اویور ارمیش . اوگو بیلگه کیشیگ اد گو الپ کیشیگ یوریتوماز ارمیش. سوچیگ سابیگه یمیشاق آغیگه ارتوروب اوٌکوش توٌرك بود ون اوٌلتیك .

معنیسی :

چین ملتی سوزی تاتلیغ ساوغیتی یوموشاقایمیش . تاتلیغ سوزی و یوموشاق ساوغیتی بیله آلداپ یراق ملت نی کوپ قتیم یقینلاشتورور ایمیش. یقینلاشیپ اورونلاشقاند ین کین یامان توٌشوٌنجه سینی او یرد ه تاراتور ایمیش. یخشی عالم کیشینی، یخشی باتور کیشینی نی، یوٌرگوٌزمه‌س ایمیش. بیر کیشی اوٌزگیریش قسلسه ، جماعتیغه ، ملتیغه بوٌشوٌکد ه‌کیغه‌چه رحم قیلماس ایمیش. تاتلیغ سوٌزیغه ، یوموشاق‌ساوغیتیغه الد ینیپ کوٌپ‌توٌرك ملتی اوٌلد وك . [15]

و يادگارلرینی اوشبو قدیم تورك الفباسی بیله‌ن اویار ایدیلر. یتنجی عصر میلادی‌ده بیر نچه تاریخی سببلردین اورخون الفباسی استعمالدین توشوب اویغور الفباسی تمام تورك ایماقلری اراسیده عمومییت پیدا قیلدی. بونیڭ تفصیلی اویغور بیانیده ذکرقیلانادور.[16]

### قدیم تورك لرده دولت تشکیلاتی وحقوق

قدیمقی تورك لر دولت نی "ال" و حاکِملیق قدرتی نی "قُوَتْ" دیر ایدیلر. عموماً تورك لر دولت و حکومت قورماقدین مقصد ملت نیڭ اسایش، تینچ لیق و عدالت ایچیده یاشاماقی ایکه‌ن لیکی نی بیلور ایدی لر. بو سببدین بو مقصدغه اویغون عمومی قانون بیله‌ن چکلیك بولغان نفوزلوق حاکِملیق‌غه اطاعت قیلادورغان مستقل جماعت لرنی تورك لر "ال" (دولت) تونور ایدیلر. بو "ال" نیڭ باشیده‌کی کشی‌غه "خان" دیبیلور ایدی. عمومی قانون‌نی مختلف لهجه لرده مختلف آت لر بیله‌ن اتار ایدیلر. شرق و شمال‌ده‌کی تورك لر "توّره" یاکه "تۇره" دیر ایدیلر. اویغورلرنیڭ بعضی سی "تۇزوك" ویا "تۇزوت" و بعضی سی "یاساق" دیر ایدی‌لر. بیز شرقی تورکستان‌ده بوکون غه‌چه استعمالده بولغان "توزوت" لفضی نی آلامیز. الحاصل تورك لرنیڭ خان‌لری اوز ایلی نی تۇزوت‌غه اویغون صورتده اِداره قیلماق‌غه مجبور ایدیلر. تۇزوت رسمیه‌تده ویا عادت‌بوییچه ملت قبول قیلغان حیات قاعده لریدین‌عبارت‌بولوب، بو قاعده اوچ یول بیله‌ن وجودغه کلور ایدی[17]:

۱- عرف و عادت ویا دین شکلیده یاواش یاواش اساس لانغان قاعده لر. ۲- خان لرنیڭ ملت‌چه قبول کورگه‌ن یارلیغ لری و ۳- خلق‌نیڭ چوڭ یغین‌لریده بیریلگه‌ن قارارلری. بو خلق‌نیڭ چوڭ یغین‌لری بوگونکی پارلمان لرغه اوخشاب قالغان غایت مهم



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

تشکیل لربولغانی اوچون بیرآز اچوق راق بیان قیلامیز. قدیم تورک لرده دولت اداره ایشلریده خلق نیڭ مهم مرتبه‌ده اشتراک لری بار ایدی. مثلا خان تعین قیلماق ویا حکومت تشکیلی نی اصلاح قیلماق، سوقوش ویا صلح قیلماق‌ده‌ک مهم مسئله لرده بیر عمومی یغین اچولور ایدی. یاراغ کوترمک قوتی بار کشی نیڭ بو یغین غه قتنیلماق حقی بار ایدی. بو عمومی یغین نی قورولتای ویا ساورون دییلور ایدی. یوقاریقی ده‌ک مهم مسئله لر بو ساورون لرده حل قیلانور و قارارلاشتورولور ایدی. خان نیڭ قول آستیده دولت اداره ایشلریغه مأمور بگ لر بار ایدی. بگلیک نیڭ یوقاری و توبن مرتبه لری بولوب ساداپیت لر، تارخان لر و بویروقلر بار ایدی.[18]

قدیم زمان لرده اوترا آسیا تورک لری غایت توغری و انسان تورموشیغه اویغون حقوقی اساس لرغه یوله‌نگه‌ن جمعیت لردین عبارت ایدیلر. مثال اوچون اولر اراسیده محترم سانالادورغان عمومی حقوق دین بعضی سی نی بیان قیلیب اوتامیز.

قدیم زمان لردین بری تورک لرده عائیله اوصولی نکاح غه باغلانیش لیق ایدی. نکاح بک مهم بیر سوزلشمه بولوب مراسم و توی بیله‌ن اجرا قیلانور ایدی. نکاح اوچون کلین نیڭ آتا آناسی نیڭ راضی لیقی شرط ایدی. کیو نیڭ قاین اتا و انا ویا هر قایداغ که بولسا کلین نیڭ ایگه‌سی غه بیر مقدار مال برمکی لازم بیر رسم ایدی. بو مال نی قالیق دیر ایدیلر. اکثر قالیق نیڭ باشی آت و آیاغی قوی بولور ایدی. ائراۆلسه خاتون میراث الور ایدی؛ بالالری بولغان تقدیرده بالالرغه آناسی ایگه بولماق حقی بار ایدی. کوك تورک خاقانی ِالتریش قاغان وفات قیلغاندین کین اوغوللریغه آنالری بیلگه قاتون نیڭ ولی بولغانی اورخون عابده لریده یازیلیب دور.

تورک لرنیڭ قدیم دین رعایه قیلینیب زمانه میزده هم بعضی تورک قوم لریده رعایه قیلینماقده بولغان و بیر اجتماعی وظیفه

و مُرَوّت سانالادورغان عادتبو ينچه اۆلگەن اكاسى نيڭ تول قالغان خاتونى نى تريگ اكاسى ويا اينى سى نكاحيغه الور ايدى.

تورك لرده ملكيت حقوقى، غايت قديم زمانه لردين برى محكم اساسلانيب قالغان بير احتياج حيات مسئلەسى ايدى. هركيم نيڭ اوزيگه مخصوص زراعت يرلرى بار ايدى. باشقه لر طرفيدين بو حقوقنى احترام قيلماق انسانيت اجاباتىدين سانالور ايدى. حيوانغه تامغا سالماق ملكيت علامتى دين ايدى. آيماقلر ويا خصوصى كشى لر آراسيده ير و يايلاغ و باشقه غير منقول ملكيت لر خصوصيده اجرا قيلينغان پوتوشمەك لر عادت ايدى. پوتوشمكلر آند بيلەن كوچغه ايگه بولور ايدى. بو پوتوشمكنى پيچغاس دييلور ايدى. خان لر و حكمدارلر اراسيده قول قويولغان پوتوشماك (معاهده) نى پيچيغ دير ايديلر.

قديم تورك لرنيڭ دولت لرى غايت قوتليك بير اساس اوستى غه اوتورتولغان ايدى. يورتده تينچ ليق و اسايش بار ايدى. بو انظباط نيڭ سببى معقول وعدالت غه تايانغان جزا قانون لرى بارليقى ايدى. عموماً سوچ (جنايت) ايكى غه ايريلور ايدى. اغير سوچ نيڭ جزاسى اۆلوم، ينگيل سوچ نيڭ جزا لرى هم بولور ايدى. اغير سوچ بولر ايدى: يورت و ال غه خيانت قيلماق، نامحرم خاتون بيلەن غير مشروع مناسبت قيلماق، ادم اۆلتورمك، محاربەده قورقاق ليق كورستمك، الچى ليك وظيفه سيده كم چيليك قيلماق، صلاحيت سيز كشى نيڭ حكومت ايشيغه ارالاشماقى، اۆز حكومتى غه باش كۆترمك، باغلاغليغ آتنى اورغولاماق. كشى نيڭ دولت غه قاريتا اشليگەن جرم لرىغه جزا برمك دولت نيڭ حقّى ايدى. منه بو جزا قانون لريگه قاراغاندا قديم قى تورك لرنيڭ دولت ايچيده انظباط و اسايش نى قوغداش ايش لريگه غايت اهميت برگەنليك لرى معلوم بولادور.[19]



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## قديم تورك لرده دين

قديم توركلرنيڭ تاريخده معلوم بولغان دينی شامان (قاملیق) دينی دور. قديم دين بری تورك لر و اولر بيلەن قانداش قوم لر و قوشنالری بولغان بعضی ملتلرنيڭ شامان دينی ده ايكەنليكی معلوم دور. شامان سوزی یاتلرنيڭ بوزماسی بولوب اصلده قام دور. بو دين نيڭ روحانی ادم لری شو ايكی صنف غه ايريلادور.

١ - تويين لر خلقغه دين حكوملرینی بيلدوروش، قربانليق و دينی مراسم لرده رهبرليك قيليش، دعوالرنی حل قيليش، عبادتخانه لرده دايمی صورتده توروب ذاهدليق بيلەن عبادتگه مشغول بولوش كبی وظيفه لرینی بجرور لر، و خلق بيلەن ارالاشماس لر. بو تويين لر حقيقی دين پيشوالری بولوب علم و عمل اۆرنه‌كلریدور. تويين لرنيڭ بويوك لرینی تڭری گەن (ربّانی عالم) دييلور ايدی. بو مناسبت بيلەن بو دين نی تويين دينی ديب هم اتارلر. ٢ - قام لر: بو لر مو تورك دين ادم لری بولوب خلق بيلەن ارالاشيب سِهرجادو، دم ساليش، تومار يازيش، توغدوروش، پری اويناتيش دەك ايشلرنی بجرور لر. بو مناسبت بيلەن تورك دينی نی قام دينی ديب اتاغان لر مو بار ايدی. كين لرده بو دينده خرافاتلر كوپاييب علم ازايغانلی تورغاندين كين قام لرنيڭ اهميتی كوچلانماقغه باشلادی. تويين لر ازاييب كتكەنليكدين قام دينی ديگەن آت رواج تاپتی و علم دنياسيغه شوات بيلەن تونولدی. بو دين نيڭ ماهيتی تاريخ نيڭ بيلگەنی گه كوره تو بنده كيچه دور.

يركوك و بوتون كائنات نی يوقدين بار قيلغان بير تڭری بار دور. بو تڭری نی قارا خان تڭری دير لر. قارا خان تڭری ١٨ انجی قات كۆكده اولتورادور. دنيانيڭ اداره ايشی نی قيلمايدور ياروقلوق، بار قيليش، رزق بريش، بركت كلتوروش، و توغدوروش، و

ئۈند وروش، اۋستوروش د ەك بوتون ياخشى ليق لرنى اداره قيلاد ورغان ايكنجى د رجه ليك بير تكرى بار د ور. بو نيڭ اتى اۋلكەن د ور . او، بيرينجى كۆكد ە اولتوروب بو ايش لرنيڭ هر بريگه وظيفه ليغ بولغان كيچيك تكرى لرگه نظارت وظيفه سى نى كورەد ور. قاراڭغولوق ، اۆلـۈم ، اچارچيليق ، آفت، قوراقليق ، بوران ، اوت ، سەل ، كسل ليك و هر تورلوك يمان ليق لرنى اداره قيلاد ورغان ينه بير تكرى بار د ور؛ اتى يرليك خان د ور. يته قات ير آستيد ەكى قاراڭغولوق د نياسيد ە اولتورا د ور. ير يۈزيد ەكى يمان ليق روح لرى بو نيڭ اد ارەسى آستيد ە ايشلەيد ور. يخشى ليق كچيك تكرى لرى اراسيد ە تۈرك لرنيڭ الڭ يخشى كورەد ورغان تكرى لريد ين بيرى "ير سو" (يرنى اۈنوملۈك قيليش، يامغور ياغد وروش، و سو يتكوزوش تكرى سى ) د ور. ينه بيرى "قاقين اوماى"، ينه بير آت بيلەن "اوماى قاتون" (توغوت و بالا تربيه قيليش تكرى چه سى ) د ور. تۈرك لرنيڭ عباد ت لرى ييل نيڭ بلگۈلۈك چاغلريد ه بو تكرى لرگه بلگۈلۈك ير لرد ه مراسم بيلەن قوربان ليق قيليش د ين عبارت ايد ى . قوربان ليق نيڭ الڭ بۈيۈكى قاراقاشقا آت بولوب يوكسك بير تاغ اۋستيد ه ارته يازنيڭ باش كونى د ە قاراخان تكرى اوچون بوغازلانور ايد ى . باشقه تكرى لر اوچون د رجەسى گه كوره قوربان ليق لر قيلينور ايد ى . شامان د ينى نيڭ باشقه عباد ت و عقيد ه لرى ، مراسم لرى ، توين قام لر نيڭ وظيفه لرى، د رجه لرى و تكرى بيلەن خلق اراسيد ه اوينايد ورغان رول لرى حقيد ه يازيلغان اُيريم اثر لر بار د ور.[20]

شامان د ينى نيڭ اصل كليب چيقشى حقيد ه ايكى تورلوك نظر بيه بار د ور:

برينجى نظريه اسلام عالم لريد ين تورك د ينى نى تتقيق قيلغوچى لرنيڭ ايتيشى چه شامان د ينى اصل د ه سماوى بيرد ين بولوب تورك پيغمبر لرى نيڭ واسطەسى بيلەن يايلغان توحيد (بير تكرى گه ايناانيش) د ينى د ور. كين لرد ه د ين نيڭ اساس لرى خرافات و جهالت سببى بيلەن بير تۈرلۈك بُت پرست ليك ويا طبيعت پرست ليك حاليغه كيلب يوقاريد ەكى شامان د ينى شكلى گه اۆزگرگەنليكى بيان قيليناد ور.[21]



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

ایکنجی نظریه اوروپالیغ تاریخ عالملرینیڭ نظریه‌سی بولوب عمومی قدیمقی انسان جمعیتلرینیڭ بدن، فکر، یر، و هوا شرایطی، یاشاش طرزی نیڭ تولوقلانیشیغه یاراشا پیدا بولا دورغان و ترقی قیلادورغان اینانیشلر نیڭ محصول لری دیب تونوید ورلر. انسانلر اراسیدا باشلانغوچ دا "توته‌میزم" (یخشی کورگه‌ن ویا قورقغان بیر حیوان یا بیر یاغاچ، یا بیر تاش، یا بیر تاغ و شوڭا اوخشاش نرسه لرگه عبادت قیلیش)؛ ایکنجی باسقوچدا "انی میزم" (روح غه عبادت قیلیش ــ اۆلگه‌ن داداسی ویا بیۆك کشی نیڭ روحیغه عبادت قیلماق)؛ اوچونجی باسقو چدا "ناتوریزم" (ناتوریزم طبیعتگه عبادت قیلماق دیمکدور. یر ناتوریزمی یرده‌کی توپراق، سو، اوت، تیمور و شوڭا اوخشاشلرگه عبادت قیلماقدور)؛ تۆرتینجی باسقوچدا "کۆك ناتوریزم" کۆك، کۆن، آی و یولدوزلرغه عبادت قیلیش رواج تاپقان. بوندین کین عقللر ترقی قیلغان چه الله غه اینانیش پیدا بولغان. بو نظریه بوگونکی کونده علم الدیدا قبول قیلینغان بیرگینه نظریه بولسه‌مو یوقاریقی برینجی نظریه نی بوتونلی یکّیب کتکوده‌ك درجه‌ده کوچ غه ایگه ایمس دور. شامان دینی نی تدقیق قیلغاندا سماویلیك نیڭ ایزلری یوق ایمس.

یسنه شو نیکُده‌ك قدیم تورك لرنیڭ دینی مراسمی، ملی حکایه لری، عرف و عادتلری، عبادت و عقیده لریده توته میزم، انمیزم، یر ناتوریزمی و کۆك ناتوریزمی نیڭ ایزلریدك کوب تاپیلادور. بو اوچون شامان دینی نیڭ اصل کیلب چیقیشی حقیده بوگون قطعی بیر حکوم بیریش منچه توغرا بولمسا کره‌ك.

تورك پیغمبری دیب آتالغان ٢٥ کشی نیڭ آتلرینی مو اوید ورما دیمك ممکن بولمغانده‌ك دیوان لغات الترك ده آتی و بیر قدر احوالی نی بیز اڭلاغان "قُلباق" اسملیغ بیر ذاتنی پیغمبر دیگه‌ن لر بار دور.[22]



۹ ـ رسم:
اويغور دوريده شرقي توركستان دا قيافت . تورپان ـ بەزەكليك خرابەلريدەكي رنكليك تام سيزيغلر دين الينغان



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

# ایکینجی باب

## شرق تورکستان نیڭ خصوصی تاریخی

# شرقی تورکستان نیڭ

# تاریخ دوره لری

شرقی تورکستان نیڭ میلاددین ایلگیری ایکنجی میڭ ییلدا تیمور و باقر دورەسی نیڭ اڭ اوستون باسقوچیدا بولغانلیقی نی و قوشنه مدنیتلرغه تیمور و قوروچ (پولات) دین یاسالغان مال ساتقانلیقی نی بیلامیز[1]. اولکەمیز نیڭ تاریخ چاغیغه کیریشی مو شو دوره غه توغری کلسه کرەك دیب توشونساكمو اسیتكه بونی توغرالاغوچی وثیقه تیخی اوتراغه قویولمادی. براق شرقی تورکستان تاریخی حقیده جدّی علمی تکشوروش تخی باشلاتیلغانی یوق[2]. شوڭا حاضرقی تاریخ وثیقه لریغه قاراب شرقی تورکستان نیڭ تاریخ چاغی نی ۷ نجی عصر میلاددین ایلگیری باشلایدور دیگاچ تورامیز. شرقی تورکستان دا تاریخ چاغینی شو بش دوره غه بولوب کوز دین کچورا بیله میز:

١ ـ روایتلرغه کوره قدیم تاریخ دورەسی ،

٢ ـ هون بیرلەشمەسیغه کیریشدین بورونقی دوره ،

٣ ـ هون دولتیغه قوشولغان چاغدین اسلام چاغیغه چه اوّتكەن دوره ،

٤ ـ شرقی تورکستان خانلری نیڭ اسلام دینی غه کیرگەندین کینکی دوره ، و

٥ ـ مانچو استیلاسیدین شیڭ شی سەی حاكمیتی غه چه اوتكەن دوره .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

# بیرینجی بولوم

## روایت لر وادبی اثرلرغه کوره شرق تورکستان نیڭ قدیم تاریخی

تورکستاندا میلاددین کوب عصرلر ایلگیری قون (هون) دولتی دین بورونقی زمانه‌ده بویوك دولت لر بار بولغانلیقی نی روایت لر و ادبی اثرلر، عصری تدقیق لر اثبات قیلماقده دور[3]. فقط بو دولت لرنیڭ اتی، سانی، قایداغ قورولغانلیقی حقیده‌کی روایت لر و ادبی ماتریاللرنیڭ کمچیلیکی و بیر بیریغه قارشی لیقی کوزده تو تولغانلیقی دین، بو دوره غه عاید معلومات نیڭ باشتا که‌لگه‌ن منبعی بولغان ارکیولوژیك تدقیقات نیڭ تورك یورت لریدا و خصوصاً حاضرقی شرقی تورکستان اولکه سیده یوق دیگوده‌ك از عمل غه اشورولغانلیقی دین، و بو نیڭ اوستیغه قولغه کچکه‌ن ارکیولوژی ماتریال لری نیڭ کوپراقی تخی عملی تدقیق دین اوتمگه‌نلیکی دین قدیم تاریخی میزحقیده‌کی معلومات نیڭ بیر بولومی تخی عصری علم ساحه سیده اوزیغه یاریشا اورون الغانی یوق دور[4].

شونداغ بولسه مو تورکستان نیڭ بو دوره سیگه عاید موجود ماتریاللردین الینغان معلومات نیڭ قیمتی ایران افسانه لری دین هندستان نیڭ ویدالریدین چین نیڭ بش امپراطورلر و واوچ خاندان دورلری غه عاید حکایه لردین، قدیم روما و قدیم یونان افسانه لریدین کوب اوستون دور[5]. چونکه بو مملکت لرنیڭ باشلانغوچ تاریخی واقعه لری عقل غه توغرا کلمیدورغان خرافات و افسانه لر بیله‌ن و هم طبیعت قانونیغه اویمایدورغان مبالغه و خیالی تَصَوُّر لر بیله‌ن تولغانلیقی نی کوره میز. حالبوکی تورکستان نیڭ اڭ قدیم دوره لریغه عاید بولغان معلومات ماتریاللریده مونداغ مبالغه لر

تاپیلمایدور. قولیمیزغه کلگەن ادبی روایتلر و باشقه وثیقه لردین الغان معلوماتیمیز نی قیسقه چه محترم اوقوغوچی لری میزغه سونامیز.

**ایران روایت لری**

ایران تاریخ روایتلریغه کوره میلاددین ایکی میڭ نچه یوز ییل بورون تورکستاندە توران دولتی دیگەن بیر بویوك دولت بارایدی. بو دولت ایران دولتی بیلەن بویوك سوقوشلر قیلغان، ایران و غربی آسیاغه استیلا قیلیب کین مغلوب بولوب تورکستانغه چیکیلگەن. ایران پادشاهلریدین فَریدوُن و مَنوُچِهرَ بیلەن توران دولتی پادشاهی افراسیاب (تورکستان پادشاهی) اراسیده دایمی سوقوش بولوب اوتکەن. ایران پادشاهی نوزەر نیڭ زمانه سیده افراسیاب تورت یوز میڭ عسکری بیلەن ایرانغه کیریب نوزەر نی اۆلتوروب ایران نی الغان و اون ایکی یل ایراندا حکومت سوروب ایراندەکی اچارچیلیق و عصیان سببیدین بو یورت نی بوشاتیب چیقیب کتکەن[6]. زاب نیڭ و کیقُباد نیڭ زمانه لریده بو شاه لر تورکستان پادشاهی افرا سیاب بیلەن بیر نچه قتیم سوقوش قیلیب افراسیاب نی قایتورغان. کیکاوس اۆلده افراسیابغه خراج تولەب تابعلیق و دوستلوق قیلغان بولسه موکین ارالری بوزولوب کوب قان توکۆلگەن. کیکاوس نیڭ اوغلی سیاوش نی افراسیاب اۆل اوزیگه کیو غول قیلسه موکین اونی اۆلتورگەن. سیاوشدین کین ایران تختیده اولتورغان ایران پادشاهی بیلەن افراسیاب اراسیدا کوب سوقوشلر بولغان. ایران عسکرلری افراسیابدین سیاوش نیڭ اۆچینی الالمای اخیراً یوشورون کشی ایبەریب سیاوش نیڭ تورکستانده توغولغان اوغلی کیخُسْرَونی الیب قاچقان. کیخُسرو ایران تختیغه اولتورغاندین کین داداسی نیڭ اۆچینی الماق اوچون ٥٣٠ م ب ییلده افراسیابغه قارشی سوقوش آچقان و مغلوب



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بولغان ايكنجى سوقوشدا بير نچه ميدان اوروش لرى بولوب ميلاد دين بورون ٥٢٩- ييلده بولغان بير ميدان اوروشيدا افراسياب ايران عسكرلرى‌نيڭ بير بوقتورماسى نتيجه سيده اوق تيگيب اۆله دور[7]. كيخسرو، توركستان نيڭ غرب قسمى نى اوره تيپه غه‌چه اشغال قيلادور[8].

تۆرك لر بو حادثه دين كين بيرليكنى يوق ايتادور. براق هر يرده و هر چاغدا كيخسرو نيڭ آلغان يرلريغه اقين قيلماق دين تارتينمايدور. لهراسپ دوريده تورك لر ينه بيرليكنى قوروب ايران عسكرلرى‌نى اۆكوز (آمو دريا) غربى غه سوروب چيقارادور. لهراسپ بوتون حياتى (ايران روايتيغه كوره يوزيگرمه يل) ايچيده تورك لر نى توسماق اوچون بلخ شهريده تورادور. سوڭ زمان لريده توركستان پادشاهى "ارجاسپ" ايران غه هجوم قيليب لهراسپ نى اۆلتورادور[9]. و اورنيغه ايران تختيده اولتورغان گستاسپ، ارجاسپ غه ييلليق خراج بيريب و او نيڭ اطاعتى ده بولوب ايران نى اداره قيلادور. كينچه ايران ده اوت غه عبادت قيليش دينينى ايجاد قيلغان زردشت نيڭ تشويقى بيله‌ن گشتاسپ، ارجاسپ نى بو دينغه دعوت قيلادور. ارجاسپ بوڭا غضب لانادور و ارادا اوزون دوام قيلغان سوقوش لر بولادور. نتيجه‌ده ارجاسپ، گشتاسپ نى مغلوب قيليب اونيڭ قيزلرينى گوره‌ى اليب توركستان غه اليب كيته دور. اخيراً گشتاسپ نيڭ اوغلى اسپنديار سوئى قصد بيله‌ن ارجاسپ نى و دولت ادم لرينى اۆلتوره دور. موندين كين تا اسكندر نيڭ ايران غه استيلا قيليشى (٣٣٠م ب) غه‌چه تورك لر ايران غه هجوم قيلغوده‌ك بويوك كوچلوغ دولت قورالمای دور.

كۆرولۆركه بو ايكى ميڭ ييل قدر مدت ايچيده‌كى توركستان خاقانى افراسياب آتى بيله‌ن كورسه تيلمكده دور. بنه شونيموا سليتيش كره‌ك دوركه ايران روايت لريغه قاراغاندا بو افراسياب نيڭ بير كشى بولغانليقى اكلاشيلماقدادور. براق كيخسرو زمانيده خوارزم ميدان سوقوشيده اۆلگه‌ن توركستان خاقانى نيڭ آتى ايران ليغ لرچه افراسياب ايكه‌نليكى نى باشقه منبع لرمو توغريلايدور. بوندين بورونقى لرنى افراسياب ديمك روايتچى لرنيڭ خطاسى بولسه كره‌ك.[10]

### اسور روايت لرى

اسورلردين قالما يادگار كتابه لرده كى معلوماتغه كوره اسارهادون (٦٦٩-٦٨٠مب) دوريده شمال قارانغولوق دنيا سيدين كيممرلر قافقاس تاغلريدين اوتوب هيچ بير قارشىليق كورمسدين اناد ولو قطعه يريم اراللى نى اشغال قيلدى لر. بولرنيڭ ارقاسيدين ايشغوزاى (يونانليغ لرچه اسكيت)لر قافقاس نيڭ شرقى غه يوروش قيليب غربى ايران و اسور مملكتى (عراق) نيڭ كوب يرلرينى الدى وكوب يرلرينى ويران قيلدى لر. اسور پادشاهى كين لرده اسكيت لرنيڭ باشليغى ايشياكايانى اۆلتوردى[11].

### يونان روايت لرى


يونان روايت لريغه كوره مشهور يونان تاريخ چى سى هرودوتس (٤٢٥-٤٨٥ ميلاددين بورون) نيڭ يازغانيغه قاراغاندا غربده توناد رياسى و شرقده توركستان نيڭ ايچيغه چه اوزانغان ساحه ده اسكيت دولتى بارايدى. اسكيت دولتى نيڭ خاقانى پروتاسيه نيڭ اوغلى مادياس (افراسياب) ٦٠٣مب ده[15] ايرانغه يوروش قيليب اوچاغده كى ايران نيڭ مه‌د پادشاهى كياخسارنى مغلوب قيليب ايران و غربى اسيانى اشغال قيلدى. يگيرمه سكز ييل بو يرلرده حكمدارليق سوردى. كى اخسار (كياكساره‌س) مادياس غه اطاعت قيليب اورنى نى ساقلا ماقده ايدى. ٦٢٥مب كى اخسار بير ضيافت ده مادياس نى چوڭ ادم لر بيله‌ن مست قيليب سوئى قصد بيله‌ن اۆلتوردى. باش سيز قالغان اسكيت لر كى اخسار نيڭ هجومى غه قاتيغ قارشى تورسه لر مو تارقاليب و مغلوب بولوب اسكيت مملكتى غه چيكيليب كتتى[12].

ايران پادشاهى ايكنجى دارا (٤٨٥-٤٢٥مب) نيڭ طبيبى يونان ليغ تاريخچى كيتاسياس نيڭ روايتى غه كوره قيروش (كيو خسرو) ايران نيڭ شرق چيگاراسيغه توتاش بولغان مملكت لرده كى قهرمان و سوقوشچى خلق لرنى حكمى استيغه الماق اوچون چوڭ بير قوشون بيله‌ن شرق غه يوروش قيلدى. بش ويا التى يل قانليق سوقوش



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمى ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ایکی اویغور دولتی بیرلاشقاندین کیین بو دولت نینگ کنگروکان وقتیده کی حدودی




نی کورساتادورغان خریطه

لر بولدی . ئسلاب ده قیروش، باختریا (بوگونکی افغانستاندا کی بلخ )
مَیْمَنَه و قاتاغان اولکه لری غه هجوم قیلدی . بو یر نیڭ خلقی نـــی
یونان لیغ لرّ داخی"آتار ایدی . بو خلق قیروش غه قاتیغ قارشی توروب
سوقوشتی . لیکن کینچه قیروش نیڭ مدپادشاهی استیاغ نیڭ نبیرەسی
ایکەنلیکی نی بیلگەنده اوزلری بیلەن بیر ئیرق بولغان مدپادشا هـی
نیڭ نبیرەسی بولغانلیقدین یات کشی ایمس دیب، اطاعت قیلدی . دا
خی لر بولسه الدینقی توران لردین ایدی . موندین کین ماژیانا (خورا
سان )او وارزمیا (خوارزم ) و سوغدایانا (بخارا و سمرقند )اولکه لری
نی الدی . ایران قوشونی یاکسارت (سیر دریا ) بوی لریغەچه ایلگیر
لەدی . قیروش اورتا آسیادین کیلادورغان هجوم لرنی توساش اوچون
او یرلرده بیر نچه قورغانلر یاساتتی . بو قورغانلرایچیده اڭ اهمیت
لیگی یاکسارت نیڭ اڭ مهم کِچیگی قارشی سیدەکی کیروش خانا (یونان
چه کیرو پولیس بوگونکی اوره تیپه ) قورغانی ایدی.[13]

مشهور یونان فیلسوفی سوقرات نیڭ شاگردلریدیـــن
خنوفانس ( ۳۲۰- ۳۸۰مب )نیڭ روایتیغه کوره موندین کین قیروش
شرقده (بوگونکی شرقی تورکستاندا )کی قدیم توران لردین بولغان قهر
مان ساقالرغه هجوم قیلدی .سوقوشدا ساقالرنیڭ خاقانی امورگز،قیروش
نیڭ قولیغه اسیر توشتی . قیروش بو نیڭ بیلەن ساقالر مملکتی غه ایگه
بولغانلیقی نی امید قیلدی . لیکن امورگز نیڭ خاتونی سیاراترا،آرتـا
قالغان ساقا عسکرلری نی توپلاب اوچ یوز میڭ اَر و ایکی یوز میـــڭ
خاتون کشی دین مرکب بەش یوزمیڭ کشی لیك بیر قوشون بیلەن قیروش
غه هجوم قیلدی . قیروش نیڭ کوب عسکرلری نی اۆلتوردی و اسیرالدی .
قیروش چیکیلیش غه و صلح قیلیش غه مجبور بولدی . قیروش نیڭ صلح
تکلیفی نی سیاراترا قبول قیلیب ایران اسیر لرینی قایتوروب بیریب خاقان
امورگز نی توتقونلوقدین قوتقوزدی و قیروش غه خراج بریش و سوقوش
ده عسکر بیلەن یاردم قیلیشنی قبول قیلدی . کین لرده قیروش نیـڭ
جهانگیرلیك عسکرلری ایچیده اڭ قهرمان تابورلرنی ساقا اتلیغ لـری
تشکیل قیلور ایدی.[14]



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

هرودوتس نيڭ روايتيغه كوره: ياكسارت (سير دريا) نيڭ شرقيدهكى مساجتلرنيڭ خانى تومريس خاتون بيلهن اۆيلنمكنى طلب قيلدى. تومريس بو طلبنى رد قيلدى. قيروش بو حقارتغه اۆچ الماق اوچون مساجتلرنيڭ يورتيغه هجوم قيلدى. مساجت باش قوماندانى تومريس نيڭ چوڭ اوغلى و هم وليعهدى سيارغايسى ايدى، سوقوشده سيارغايسى يارالانيب اسير بولدى. او بو اسيرليك غه ناموس قيليب، اوزينى اۆلتوردى. اوغلى نيڭ عاقبتيدين بك ارتوق پوشورقانغان قراليچه تومريس بويوك بير قوشون بيلهن قيروشغه تعرض قيلدى. هرودوتس نيڭ ايتقانيغه كوره بو سوقوش او زمانغهچه اوخشاشى كورولميگهن درجهده قانليغ بير سوقوش بولدى. ئسلاب دا ياقين يردين اوق اتيش سوقوشى بولدى. اوقلر بتكهندين كين يالاڭ قليچ بيلهن آرالاشيب سوقوشتى لر. هيچ بير ياق يڭيلمهسدين اوزون مدت سوقوش دوام قيليب اخيراً مساجتلر قطعى اوتوق قازاندى. ايران قوشونى نيڭ بويوك بير قسمى اۆلوب ميدانده قالدى، از قسمى قاچيب قوتولدى. اۆلوگلر اراسيده قيروش نيڭ جَسَدى تاپيلدى. تومريس، قيروش نيڭ باشينى كستوروب قان بيلهن تولدرولغان بويوك بير تولومغه قويدوردى. "من ياشا ماقدامن و هم اوتوق قازانماقدامن. سَن اوغلومنى حيله بيلهن مهندين الديڭ. سنى قان بيلهن تويغوزامنّ ديب اۆچينى الغان ايميش. قيروش نيڭ اۆلومى تاريخى ٥٢٠ م ب دور.[15]

كيتاسياس نيڭ روايتيغه كوره: بيرنجى دارا سكزيوز ميڭ عسكر بيلهن انادولوغه كيريب اويردين استانبول بوغازيدين كوپروك ياساتيب اوتوب بالقان يولى بيلهن تونا و دون دريالرى آراسيدهكى غربى اسكيتلرغه هجوم قيلدى. ليكن اسكيتلر بوتون تريلغو يرلرينى و يايالاغلرينى كويدوروب و قودوقلرينى كوموب بو ككرو يورتلرنى بير چول حاليغه آيلاندوروب اوزاقلرغه چيكيلگهن ايدى. بو سببدين دارا نيڭ عسكرلرى اچليق و سوسيزليق، يوقوملوق كسللر بيلهن كوب اۆلوب كتتى. نتيجهده دارا بو سفردين كوب ضايعات بريب فايده الالماسدين قايتيب كتتى. اما دارا نيڭ يادگار قويغان بيستون

كتابه‌لريده بو سفردين بحث يوقدور. توركستانده‌كي ساقالرغه‌قارشى بير سفر قيليب ساقالرنى اطاعتيغه كيرگوزگه‌نليكيدين بحث اتمكده‌دور.[16]

ينه هرودوتس نيڭ بيانيغه كوره: ايران امپراطورليقى الڭ ككروگه‌ن زمانه‌سى بيرنجى دارا ( ٤٨٥-٥٢٠م ب )نيڭ شهنشاه ليق دورى بولوب غربده مصر، يونان، سوريه، اناد ولو بو امپراطور لوق نيڭ ايچيده بولغانده‌ك شرقده ياكسارت (سير دريا) چيگارا تشكيل قيلور ايدى. بوڭا كوره او چاغدا ايران و يونانليغ لرچه ساقا اتالادورغان توركستان خلقى نيڭ غرب قسمى ايران بويوندوروقيغه توشكه‌ن بولسه‌مو شرق قسمى اۆز استقلال لريغه ايگه ايدى.

ينه خنوفاس نيڭ روايتى غه كوره: ايران شهنشا هى اردشير نيڭ وفاتى دين په‌رس امپراطورلوقى نيڭ اسكندر قوليدا يقيلى شى غه‌چه ( ٣٣٠-٣٥٩م ب )ساقالر ايران امپراطورلوقى غه تابع ايمه‌س، مستقل و دوستبير خانليق ايدى. ميلادنيڭ بيرنجى عصر يده ياشاغان يونان تاريخچى سى″ ديودور* نيڭ روايتى غه كوره اوچونجى دارا تختغه چيقغاندا ايران نيڭ شرق چيگاراسى آكسوس (امودريا) ايدى.[17] يعنى ساقالر ايران حاكميتى استيدا ايمه‌س ايدى.

ماكيدونياليغ جهانگير بويوك اسكندر ايراننى الغاندين كين ساقا مملكتى (توركستان) غه هجوم قيلسه‌مو ساقالر بك قهرمانچه مدافعه قيلغانليقدين اسكندر بولرنى اوزيگه اطاعت قيلدورماقنى خطر ليك ايش بيليب اولرنى دوست و ياردمچى حاليغه كلتوروش اوچون سوغديانا (بخارا و سمرقند) خاقانى اوقسيار نيڭ قيزى مشهور روكسا نا (روشنك) بيله‌ن اۆيله‌ندى لر. سير دريا بوى لريغه‌چه ايلگير يله‌ب كيروپوليس (اوره تيپه) نى الڭ سوڭ استحكام قيليب قايتدى.[18] قايتش دين بورون قهرمان و اوُستا اوقچى بولغان ساقالردين اتليغ قوشونلر تشكيل قيلدى.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

هندستان نینگ مقدس کتاب لری، ساکادویپا (اسکیت مملکتی) ده توروشکا دیگه‌ن خلق لر اولتورماقده ایدی دیب یازادور. هندستان نینگ میلاددین ایلگیریکی چاغلرغه عاید وقایع‌نامه لری[19] ده توروشکالرنینگ توران پادشاهی فریدون‌نینگ اولادی ایکه‌نلیکی‌نی و بولر نینگ خانی بولغان افراسیاب نینگ هندستان غه حکوم سورگه‌نلیکی‌نی و سمرقندده اولگه‌ن لیکی‌نی یازادور. هندستان‌ده‌کی ئوده‌ی‌پور راجالری نینگ عائیله تاریخی‌ده اولرنینگ اینگ قدیم اتاسی توروشکادین‌کلگه‌ن "باپا" اتلیغ بیر قهرمان ایمیش. "باپا" اوده‌یپور غه کلیب دولت قورغان دین‌کین اوّز یورتیغه قایتقان و اوغلی "قومان" بو دولت نینگ خانی‌بولوب قالغان ایمیش. بوکونغیچه دوام قیلماقدا بولغان اودیپور راجالیقی نینگ حکومدارلری اوّزلرینی قومان نینگ اولادی ساناب "هومان" عنوانی‌نی الماقدادور.

آرول شتاین طرفیدین نشر قیلینغان کشمیرنینگ رایانارینگانی اتلیغ وقایع نامه کتابیدا هندستان‌دا بولغان پادشاه‌لردین کوشکا، هوشکا و کانیشکا نی آپ‌اچوق تروشکا پادشاه‌لری دیب یازماقدادور. بولرنی چین تاریخلریده یوچی، و هندستان تاریخ‌لریده‌ساقادیدور (میلادنینگ بیرنجی عصریده‌دولت قورغان).

اونونجی عصرنینگ اینگ بویوك تاریخ جغرافیا و فزیك عالم لریدین ابوریحان بیرونی[20] مشهور کانیشکادین بحث اتکنده اونی "قانیق" دیمکده‌دور. بوندین معلوم بولادورکه بو حکمدار نینگ اصل اتی قدیم دین بوکونغه‌چه تورك لرده خاص اسم و همده آیماق اتی بولوب کلگه‌ن قانیق ایدی. آسیا تیل‌لری ایچیده آیریم خصوصیت‌گه ایگه بولغان سانسکریت (قدیم هندستان تیلی) نینگ سوّز قورولوشی نینگ بو تورکچه اتی‌نی بوزوب کانیشکا شکلیده قوللانیشقا الیب بارغانلیقی معلوم بولادور. نته کیم بیزنینگ تیلیمیزده سوز قورولوشی نینگ چین تیلی نینگ سوز قورولوشی بیله‌ن ایریم بولغانلیقدین بیز نینگ تیلیمیزده‌کی هیچ بیر کلمه‌نی چین

لیغ لر بوزمای سوزلیالمایدور. مثلا محمدنی موخامادی، تورسون نی تواَرسون، کاشغرنی خاشی، ختن نی خوتیاَن دیگەندەك.

ینه ابو ریحان برونی نیڭ بو بیر کلمه نیڭ اصل تلفظی نی کورستمکی هندستان نیڭ قدیم تاریخی دەکی بیر نچه ات لرنیڭ اصل شکلینی تاپیب الیشیمیزغه یول اچیب بیرەدور. بیز بو یول بیلەن یوروب توروشکا سوزی نیڭ اصلی تورك، هوشکا سوزی نیڭ اصلی اویوك یاکه هویوك، و کوشکا سوزی نیڭ اصلی کوبوك بولغانلیقی نی جسارت بیلەن دعوا قیلالایمیز.

ینه ابو ریحان بیرونی نیڭ بیانیغه کوره کابل نیڭ تورك پادشاه لری نیڭ نسب شجره سی ناگرکوت ایپك قورغانی دین تاپیلغان ایپك تومارده یازیلغان حالده قولغه کلتورولدی. بو توماره آتمیش کشی نیڭ اتی یازیلغان بولوب میلاددین بورون اونونجی ییل دین باشلاب میلاددین کین میڭ اوتوزنجی ییلغەچەدوام قیلغان حکمدارلرنیڭ شجره سی نی کوْرستمکده دور[21]. بو یرده شونی اسلتمك کرەك که: قدیم و یڭی تاریخچی لر یوقاریقی کابل پادشاەلری نیڭ ساقا لرنیڭ قالدوق لری ایکەنلیکی لرینی بیان قیلادور. بعضی تاریخچی لر او لرنیڭ یوقاریده آتی اوْتکەن و توبنده تاریخچه سی بیان قیلینادورغان کانیشکا (قانیق) منسوب بولغان قوشخان لر نیڭ قالدوق لری دیب بیلدورمکدەدور. افغانستان دا یازیلغان آسیا تاریخچەسی غه کوره ایران تاریخ لریده افراسیاب اتالغان قدیم تورك خاقانی نیڭ تورکچه آتی بوقاخان ایدی. افغانستان و ایران نی اشغال قیلیب بیرنچه ییل لر حکوم سورگەندین کین یکْیلیب تورکستانغه چیکیلیب کتکەن ایدی.

**تورك روایت لری**

ابولغازی بهادرخان نیڭ شَجَرَهٔ تَراکِیمَه اسم لیق اثریدەکی روایتغه کوره بك قدیم چاغلرده تورك قوم لری آیریم



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

آیریم اون توقوز مستقل دولتلر حالیده یاشار ایمیش[22]. بو اون توقوز دولت، دین اونی غربده بولوب غرب، شمال و جنوب ده یوکسك موزلوق تاغلر و شرقده قوملوق چول بیلەن چویرولگەن بك ككُرو مملكتلر غه ایگه ایمیش . توقوزی چول نیڭ شرقی ده بولوب تخیمو ككُرو مملكتلرغه ایگه ایمیش . بیر چاغلرده غرب دەكی اون دولت نیڭ حكومدارلری توپلانیب كوچلوق بیر دولت، قوروشغه قارار بیریب، اوز آرالرید ین بیرینی بو بیرلشمه دولت نیڭ خانی بلگوله دیلر و اكا "آل التر" عنوانی نی بردی لر و بو بیرلشمه دولت غه "اون اویغور" اتی نی بردی لر . بوندین كین شرقدەكی توقّوز دولت مو بیرلشمه دولت، قوروب آرالرید ین بیرینی بویوك خان بلگولەب اكا "كوّل اركین" عنوانینی بردیلر . بیرلشمه دولت غه "توقوز اویغور" دیگەن ات نی بردی لر . اوزون چاغلرغەچه بو ایكی دولت سیستیمی دوام قیلیب، كینلرده بو ایكی دولت بیرلشتی و دنیا بویونچه الڭ بویوك دولت حالیغه كلدی . بویوك حكمدار قاراخان عنوانی نی الدی . مشهور افراسیاب بو قاراخانلرنیڭ بیری دور . بو دولتلرنیڭ قاچان یقیلغانلیقی نی بیلمەیمیز .[23]

اوستادیم موراد رمزی افندی نیڭ اثری تلفیق الاخبار[24] نیڭ روایتی غه كوره : بعضی عصری تاریخ كتاب لری نیڭ بیانیغه قارا غاندا اویغورلرنیڭ میدان غه كیلیشی اوغوز خان نیڭ زمانه سیده بولوب میلاددین بورون ایكی میڭ سكیز یوز اللگ نجی یلده بولغان ایمیش .

دیوان الغات الترك ده محمود كاشغری نیڭ روایت، لری غه كوره[25]: افراسیاب نیڭ عنوانی خاقان ایدی و بو عنوان بیلەن اتالغانلیقی نیڭ اوزون حكایەسی بار دور . خان عنوانی افراسیاب، نیڭ اولادید ین بولغان كشی لرنیڭ عنوانی ایدی . افراسیاب نیڭ اولادی دین بولغان خاتون كشی لرنی قاتون یاكه تریم عنوانی بیلەن آتالور ایدی . افراسیاب كاشغرده اولتورور ایدی . كاشغرنیڭ هواسینی یخشی كورور ایدی . بو اوچون كاشغر اورداكند (پایتخت شهر) دیب،

دیب اتالور ایدی[26]. بارچوق ،افراسیاب زمانیدا شرقی توركستاندا بیر شهر بولوب بختنصر (نابوقودونوسور) نیڭ اوغلی بیتزن نی بار چوق شهریده قاماغان ایدی[27]. ایراندەكی قازوین شهرینی افراسیاب نیڭ قیزی قاز قاتون بنا قیلغان ایدی. بعضی لری قازوین و قوم شهرلرینی او چاغلردەكی تورك یورتی نیڭ چیگارا لری ایچیده سانا ماقدا دورلر. قُوم سوزی توركچه دور و هم قاز قاتون،قُوم ولا یتی نی یخشی كورور و او یرده آو آولا ر ایدی. توڭگاالپ اَر یعنی افراسیاب مَروٌ شهرینی بنا قیلغان. بُخارا نیڭ یاقینیدا یكَی كنت شهری بارایدی. بو شهرنی ایران لیغ لر روبین دَ ژ(توج قورغان )اَتاید ور. چونكه استحكام لری یك كوچلوق ایدی. افراسیاب،قیزی قاز قاتون نیڭ اِیری بولغان سیاوش (ایران شهزادەسی )نی بو شهرده اۆلتورگەن ایدی. ایلی دەكی قاز دریاسی نیڭ بو ات بیلەن اتالیشی نیڭ سببی،قاز قاتون نیڭ بو دریانیڭ بو ییدا یۆكسَك بیر قورغان یاساغانی بیلەن مناسبت لیك ایمیش. بارمان و بارسغان شهرلری نی افراسیاب نیڭ بارمان و بارسغان اتلیق ایكی اوغلی بنا قیلدوروب بو شهرلرگه اوز اسم لری نی برگەن. محمود كاشغری،داداسی نیڭ بارسغان دین ایكەنلیكی نی یازادور.

محمود كاشغری اِسكَنْدَرْ نیڭ توركستان غه هجومینی و مغلوب بولوب صلح قیلغانلیقی نی و قایتقانلیقی نی تو بنده كیچه روایت قیلادور[28]: " اِسكندر سمرقند دین اۆتوب توركستان غه یورش قیلغان چاغدا تورك خاقانی، شو اتلیغ یاش بیر كشی ایدی. بۆیۆك بیر قوشونی بار ایدی. خاقان شو، باش قوماندانلیق ظابط لریدین قرق كشی نی، اۆز عسكریغه و خلقی غه تویغوزمای،یاشورون حالده خو جند دریاسی (سیردریا )بو ییی غه ایبرگەن ایدی. بو لرنیڭ وظیفه سی اسكندر نیڭ سیر دریادین اوتوشنی و شرق غه یوروش یولینی بیلمك و درحال خاقان غه خبر قیلماق ایدی. بیر كون دولت نیڭ بویوك لری خاقان شوغه اسكندر دیگەن كشی یاقینلاشماقدا دور. انیڭ بیلەن سوقوشامیزمو یاكه بیزگه باشقه بویروقیڭیز بارمو ؟ دیدیلر.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

خاقان سرایدەکی کۆمۈش کۆلچکفە سو توشقازیب غاز اوردەك لر نی انیكٔ ایچیدە اویناتیشفە مشغول ایدی. خاقان یوقاریدەکی سوز نی قیلفان لرغە بو غاز اوردەك لرنیكٔ کوموش کولچکدە چو موب اوینا غانلیقی نی کوروگلر دیب جواب بردی. بولر بك خپا بولدی لر. خاقان نیكٔ نە بیر سوقوش و نە بیر یانغە چیکیلش غە حاضرلیقی یوق ایکەن دیب قایغوغە توشتی لر. لیکن خاقان کوب خاطر جمع ایدی یوقاریقی خبرچی ظابط لرنیكٔ خبری غە قاراب حرکت قیلیش غە یوشورون پلانی بار ایدی. بیر کیچە یوقاریقی خبرچی ظابط قایتیب کلیب اسکندر نیكٔ سیر دریادین اوتکەنلیکی نی خاقان غە خبر بردی. خاقان درحال یوروش دومباقی چالدوروپ کیچەلپ عسکرلرینی الیپ شرق یاقغە یوروب کتتی. بونداغ اوشتومتوت قاچقاندەك یوروب کیتیشی دین قورقوب هر کشی اوچراغان اولاغ نی مینیب خاقان نیكٔ ارقاسیدین قاچیب شرق غە کتتی لر. ارتە سیغە یورتدا کشی قالمای یورت ادم سیز چول حالیغە آیلاندی. او چاغدا بو مملکت نیكٔ هەمەخلقی چادیر حیاتیدە بولوب بالاساغون اسپایجاب و باشقە شهرلری قورولمیغان ایدی. خاقان شو عسکر و خلق نی سوروب یواش یواش شرق غە قاراب یورمکدە ایدی[29]. اسکندر، خاقان نی قاچتی دیگەن خیال بیلەن ارقاسیدین یوروش قیلماقدا، شونداغ یورگنچە چین نی الماق پلانینی قیلماقدە ایدی. اوزون یول لر یوروب اویغور یورتی نیكٔ یاقینیغە بارغاندا[30] خاقان، اوشتومتوت ارقاغە قایتتی. الكٔ باتور یگت لردین تورت مینكٔ یگتنی ایلغاب بیرّ اۆگە"(یاشلیغ و تجربیسی لیكَ)کشی نی اولرگە باش قیلیب اسکندر غە قارشی باسقونچی قیلیب یوللادی. بو عسکرلر نیكٔ قالپاق لری نیكٔ ایکی یانیدا لاچین قاناتیغە اوخشاش قانات لر تاقیلغان ایدی. الدی یاقغە اوق اتیب نشانغە تککوزگەندەك ارقا یانغە اتیب مو نشانغە اوراد ورغان اوستا نشانچی لر ایدی. اسکندر بوگا حیران قالغان ایدی.»[31]

بو تورك عسکرلری بیر کیچە اسکندر نیكٔ الدینقی صف عسکرلرینی اوشتومتوت باستی و قاتیغ مغلوب قیلدی. محمود کاشغری

بو سوقوش دەكي بير واقعە نيڭ تاريخي اهميتي نى اڭلاتيب ايتادور :
"تورك عسكرلريدين بيرى اسكندرنيڭ بير عسكرينى قليچ لادى. قيلچ
اونى كيند يكيگيچه ايكى پارچه لادى. بو قليچ ييگەن اسكندرعسكرى
نيڭ بليده بير خالتا التون آقچه بارايدى. قليچ بو خالتانيمو
پارچەلادى. ايچيدەكي آقچه لر قان ارالاش يرگه توكولوب قالدى.
ارتەسى تورك عسكرلرى بو قان ارالاش آقچه لرنى تونوماسدين بو نيمه
ديشتى. ارادين بيرى آلتون قان ديدى. بو مناسبت بيلەن شو
يردەكي كيچيك بير تاغ نيڭ اتي التون قان بولوب قالدى. بو كون
(محمود نيڭ زمانه سيده) التون قان اتليغ تاغ اويغور يورتي غه
ياقين بير يرده دور. چوگره سيده كوب چارواچى خلق ياشاماقدا
دور. بو سوقوشدا اسكندر يڭيليب خاقان شو بيلەن صلح قيليب
قايتيب كتتى. خاقان شو اسكندرنيڭ ارقاسيدين بالاساغون غه
كلدى. بير شهر ياساب "شو" ات قويدى." [32]

**تنقيد ومحاكمه**

يوقاريدەكي روايت لر اراسيده ايران روايت لرى كوب
خُرافات ارالاش حكايه ييغين لرى ايچيدين سوزوب اليشغه ممكن
بولغان عقل غه اويغون پارچه لرنيڭ قسقەچه بير مضمونى دور. بو
نيڭ اوستيغه بو روايت لرنيڭ يازيلغان تاريخي ابولقاسم منصور فر
دوسى (۳۲۹- ۱۱ ٤ هـ) نيڭ شهنامەسى بيلەن باشلايدور. فردو
سى بو روايت لرنيڭ ايران خلقى نيڭ اغيز لريدين واو زمانه لرده
تپيلغان قديم اثر لردين الغان بولسه كرەك.[33] بو اوچون عصرى عالم
لر شهنامه روايت لرينى قديم ايران خلق حكايه لرى ديب قيمت لەندو
رادور. بو نيڭ بيلەن يوقاريدا ايران روايت لريدين الغان پارچه لر
نى خلق حكايه لرى قاتاريدا سا ناب ايشانچ سيز ديب تاشلاش توغرى
ايمس ؛ چونكه بو پارچه لرنى ايشانچى ليك قايناق لر اثپاتلاب بيره
دور. مثلاً ايران نيڭ ميلاددين ايلگيرى ۱۰ نجى عصرده يازيلغان



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ایران دین کتابی اویستا نیڭ باشیده‌کی زائوسترا قسمی یوقاریقی روایت‌نی قوّتله یدور. توران خانی پیران و تیران حقیده اچوق معلومات بیره دور. ایکنجیسی دنیادا الڭ قدیم کلاسیك تاریخ کتاب‌لریدین حساب‌لانغان یونان منبع‌لریدین الینغان یوقاریده‌کی روایت‌لر هم ایران روایت‌لریدین الینغان پارچه‌غه اویغون بولغانلیقی‌کورونه‌دور. اوچونجیسی هندستان نیڭ میلاددین‌بوروn یازیلیب بوکون غیچه بار بولغان مقدس‌کتاب‌لری و هم وقایع نامه لریده‌کی وثیقه‌لردین ینه بو روایت‌لرغه اچوق شاهد چیقادور. یونان روایت‌لری بولسه علم دنیاسیدا تاریخی حجت‌اورنیده‌کورولمکده بولغان کلاسیك تاریخ کتاب‌لری نیڭ محصولیدور. بو کتاب‌لر یونان تاریخچی‌سی هَرودوتُوس، کتاسیاس و خنوفانس‌دین عبارت بولغان میلاددین عصرلرچه بورونقی مشهور عالم‌لردور. بونیڭ اوچون ایران روایت‌لریدین الینغان پارچه‌لر علمی قیمت‌غه ایگه بولغان بیرار حجت‌دور.

بو روایت‌لرغه قوشومچی‌لر باردور. بك قدیم یونان قایناق‌لریدین هوموروس (۸۵۰م ب) نیڭ ایلیادا و اودیسه اتلیغ اثرلریده میلاددین بوروn توقوزونجی عصرده یاشاغان هسیود بیله‌ن میلاددین بوروn بشنجی عصرده یاشاغان اشیل اتلیغ یونان شاعرلری نیڭ اثرلریده اسکیت‌لرنی الڭ مدنی ملت‌دیب وصفلاندورادور. هرودوتوس‌باشلیغ یونان تاریخچی‌لری ایسکیت‌لرنی اوچاغده‌کی بوتون ملت‌لردین باتورلوقدا بولغانده‌ك مدنیت‌علم و صناعت‌ده یوکسك بولغانلیقی‌نی یازادور. بو تاریخچی‌لرنیڭ روایت‌لریغه کوره ایران پادشاه‌لری اوز بالالرینی اوقوتماق اوچون ایسکیت‌لردین اوقوتقوچی‌لر کلتورگه‌نلیکلری انیق‌دور.[34]

اودیسا، کیف، موسکوا و لینینگراد موزه‌لری اسکیت‌لرنیڭ یوکسك مدنیت‌لرینی کورسه‌تادورغان قیمتلیك ارکئولوژی حجت‌لریدین تولغان حالده‌دور. سوڭقی یل‌لرده‌کی ارکئولوژی کشف‌لری ایسکیت مدنیتی نیڭ تاریخینی میلاددین میڭ‌لرچه ییل

بوروں چاغلرده بارایکه‌نلیکی نی اثباتلاماقدادور[35].

میلاددین کین یوز الیگنجی ییلدا یازیلغان باتلامیوس جغرافیاسی ایسکیت مملکتی نی غربده توناد ریاسی و شرقده ایماووس (التای تاغلر) بیله‌ن چیگارالانغان لیقینی کورستمکده دور. بیانی توبنده کیله دور.

هندستان روایتلرنیڭ بهاسی یونان روایتلریدین توبن کورولمایدور. چونکه بو روایتلر، ارکئولوژی وثیقه لر ماهیتیغه ایگه‌دور. خصوصاً میلاددین بورونقی مقدس کتابلر، اودیپور خانلری نیڭ شجره سی، کابل خانلری نیڭ شجره سی وهم کشمیر وقایع نامه سیده‌ك یازما قدیم حجتلرده ایسکیت، ساقا و قوشخان اتلری بیله‌ن تونولغان خلق لرنیڭ همه سی بیر توروشکا (تورك) ئرقیدین ایکه‌نلیکی اوچوق کورسه تیلگه‌ن و علم دنیاسیغه یکیلمس بیر وثیقه قازاندورغان دور. بیرونی نیڭ کانیشکا کلمه‌سی نیڭ تلفظ شکلی نیڭ قانِق بولغانلیقی نی بیلدوروشی بینه علم دنیاسیده بویوك بیر خطانی توزه تیشکه بیر اچقوچ ماهیتیده خدمت قیلماقدا دور. بیرونی نیڭ بو افاده‌سی یالغوز کانیشکا سوزی‌نیڭ اصل تلفظی نی کورستمك بیله‌ن غینه قالماسدین بوکا اوخشاش سانسکریتچه‌ده "شکا" بیله‌ن اتاغلاشقان تورانچه اتلر نیڭ همه سیده "شکا" نیڭ اصلی تلفضی نیڭ "ق" یاکه بوکا اك یاقین بولغان "ك" حرفی بولغانلیقی نی اکلاتادور.

افغانستان نیڭ تاریخچه[4] آسیا سیده افراسیاب نیڭ اصل اتی نیڭ بوقاخان بولغانلیقی نی یازیشی تاریخ ساحه سیده کوب اهمیتلیکدور. چونکه بعضی تاریخچی لر افراسیاب کلمه سی نی مدّ چه سوز بولوب تورانچه (تورکچه) ایمه‌سلیکی نی آلغا سورمکده‌دور. بو نیڭ دین افراسیاب نیڭ بیر تورك خاقانی بولماسدین بیر مد شاهی بولغانلیقی غه دلیل چیقارماق ایسته‌گه‌نلر باردور. تاریخچه اسیا بیزگه شو فکرنی بیره‌دورکه: بویوك تورك خاقانی نیڭ آتی بوقاخان بولوب ایران غه استیلا قیلغان چاغلرده مدّ تیلیده بویوکلیکی نی افاده



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

قیلغان افراسیاب کلمه‌سینی اوزی‌غه بیر عنوان (اتالغو) قیلیب الغان بولسه کره‌ك. مد وقایعنامه لریده و ایران تاریخ لریده بو آتالغو بیله‌ن تونولغان لیقدین اصل اتی بوقاخان اونوتولغاندەك بولسه کره‌ك. نیته‌کیم افراسیاب مرثیه سیدین اڭلاشیلغان غه کوره تورکستان دا مو افراسیاب نیڭ اوز اتی بیله‌ن آتالماسدین قهرمانلیقی نی افاده قیلادورغان آلب ارتوڭگا، و اڭ یوکسك حکمدارلیق نی افاده قیلغان بگلر بگی عنوان لری بیله‌ن آتالغانلیقی نی کوره میز.

ابولغازی بهادرخان نیڭ روایتی، بیر عنعنوی روایت لیك ماهیتده بولوب انیق بیر تاریخی وثیقه لیق قیمتی غه ایگه بولمای دور. شونچه لیکی بارکه: بك قدیم چاغلرده تورك لرنیڭ بویوك دولت قورغانلیقی حقیده‌کی انیق معلومات نی قوتلشکه یارایدور.[36]

تلفیق الاخبار، روایتی نی عصری قایناق لردین الغانلیقی نی یازغان بولسه‌مو قایناقی نی بیلمیگه‌ن‌لیکی میزدین بو روایتگه امدی‌لیکده بها بیرالمایمیز.

دیوان لغات الترك نیڭ روایت لریغه کلسك، افراسیاب نی، عایله سینی و مهم تورك شهرلرینی، اسکندرغه قارشی تورك خاقانی نیڭ موفقیت لیك مدافعه سینی اڭلاتیشده بك جانلیغ و انیق ماتریال‌لرنی بیره‌دور. ایران، یونان، هند و باشقه یات قایناق لردین اڭلانغان شرف لیك قدیم تاریخی میزغه دیوان لغات الترك روایت لری بیر ملی سوس بیریب او روایت لردین قولیمیزغه کلگه‌ن معلومات نی تولوق لایدور. افراسیاب نیڭ خاقان الب ارتوڭگا و بگلر بگی دەك صاف تورکچه عنوان لرینی کورسه‌تیب بیره دور. ایران روایت لریده افراسیاب نیڭ قیزی نیڭ اتی نی فرنکس دیبیلور ایدی. بو نیڭ صاف تورکچه بولغان اتی نیڭ قاز قاتون ایکه‌نلیکی نی دیوان دین اورگه‌ندوك. دیوان، موندین باشقا کوب حقیقت لرنی مو بیزگه اچوقلاب بیره دور. اسکندرنیڭ تورکستان دین قایتیب کتیشی نیڭ معقول بیر سببی نی ایران، یونان و باشقه قایناقلر هیچ کورستمسدین اوتوب

كيتەدور. موندا غ حريص و تويماس بير جهانگيرنيك، فتوحات ميدانيدين سببسيز قايتىشى عقلغە اويغون بولميغان بير حركت دور. البتە اسكندر نيڭ قايتيب كيتىشى نيڭ مهم بير سببى بارليقى نى اما تاريخ لردە بو سبب نى اسكندر نيڭ وقايع يازغوچى لرى نيڭ قصداً كورستميگەنليكى نى هر تاريخچى تۆشۆنەلمەى قالمايدور. بلكە بو سبب، بۇيۇك بير يڭيليش بولوشى ممكن دور. بو تقديردە بو سبب نى يازماق بويوك جهانگير نيڭ عزت نفسى و غرورىغە اويماغانليقدين وقايع نامە غە يازيشغە انيڭ ادم لرى جسارت قيلالمايدور. منە تاريخچى لرنيڭ دقتى نى اوزيغە تارتقان بو مجهول سبب نى ديوان بك اوچوق كورسەتيب بيرەدور. يعنى خاقان شو نيڭ اوستاليق بيلەن ايشليگەن بير سوقوش تاكتيكاسى بيلەن اسكندر نى بويوك بير يڭيليش غە اوچراتقانليقى و اسكندر نيڭ اۆز عسكرلرى نى بۇتۇنلەى يوقاليشدين قوتقوزوش، صلح قيليش و چاقان قايتيب كتيشدين باشقا چارە تاپالميغانليقى نى يالغوز ديوان دين اڭلادوق. بو حجت دين ديوان نيڭ روايت لرى نى علمى قيمت غە ايگە بولغان روايت لر قتاريدا بهالاش لازم كيلادور. ديوان روايت لرى نيڭ بير غينە كمچيليكى بو روايت لر نيڭ قسقە ليقى دور. چونكە ديوان، بير تاريخ كتابى بولماى بير لغت كتابى بولغانليق دين بو روايت لرنى بعضى بير كلمە نيڭ معنى سينى توشوندوروش مقصدى بيلەن كلتورگەن واقعە نى ممكن بولغان قدر قسقەچە يازيب اوتكەن دور. افراسياب نيڭ مرثيەسى بولسە افراسياب نيڭ تورك تاريخيدە نە قدر بويوك بير شخصيت ايكەنليكى نى و انيڭ فاجعەليك اۆلومى نيڭ تورك ملتى نيڭ هر بير طبقەسيدە نە قدر چوڭقور تاثير لر ياراتقانليقى نى گودەلندوروب كورستەدور.[37]




ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

خلاصه قیلیب ایتقاندا ، یوقاریده‌کی روایتلر و ماتریاللردین انیق اکلاشیلغان حقیقت شودورکه : میلاددین کوب عصرلر بورون چاغلردین اعتبارا اغیرلیق مرکزی شرقی تورکستان بولیب تورك یورتیدا بیر ویا بیر نچه بویوك دولت قورولغان . بو دولت ویا دولتلرنیك قورغوچی‌لری نیك توران ، ایسکیت، ساقا ، ماساجیت دیگه‌ن مختلف اتلر بیله‌ن اتالغانلیقی نی ایران ، یونان و هندستان نیك قدیم روایتلری و تاریخی وثیقه‌لریدین الساقمو اك کوچلوغ هندستان و کشمیر وثیقه‌لریدین بو دولتلر نیك مختلف یرلر و مختلف چاغلرده‌کی قورغوچی‌لری بولغان خلق نیك بیرلشکه‌ن اتنوغرافیك اتی نیك تورك بولغانلیقی انیقلانماقدادور. بوتورك دولتی ویا دولتلری نیك قورولغان باش تاریخی نی بو روایتلردین اچوق بیلالمسه‌کمو ایران و یونان قاینا قلریدین تورك دولتی نیك میلاددین ایکی میك ییل بورون چاغلرده اسیادا اك بویوك دولت حالیده بولغانلیقی نی کوردوك. هندستان قاینا قلری نیك آرتوقچه آیدیکلاتا دورغان وثیقه لرنی بیزگه برگه‌نلیکی نی یوقاریده کوزدین کچوردوك. بو نیك اوستیگه آسیا تاریخچه سی، ابولغازی بهادرخان و محمود کاشغری نیك قوشومچه ایضاحاتلری یوقاریقی حجت وثیقه لرنی کوچلاندورماقده یاراماقدادور. شونیمو بیلمك کره‌ك که : یوقاریده‌کی روایت و وثیقه لرنی یالغانلاید یغان هیچ بیر روایت ویا ارکئولوژی قایناق کورونمایدور. بلکه بوکون غه‌چه تاپیلیب موسکوا ، لنینگراد ، لندون ، برلین و دهلی موزه لریده قویولغان ارکئولوژی ماتریاللر بو روایتلرنی و وثیقه لرنی قوتلمکده‌دور

تاریخده اك قدیم بویوك دولت نیك اك بورون اوترا اسیا تورك لری طرفیدین قورولغانلیقی نی ایشانچ بیله‌ن الغا سورالایمیز . یوقاریقی قایناق لردین بویوك دولتلریمیز بارلیقی نی انیق بیلدوك. بو دولتلرنیك باشیدا افراسیاب (بوقاخان-الپ ارتوگگا بگلربگی )، پیران ، تیرابانا ، پروتاسیه ، مادیاس، اورکز و خاقان

شو لر دەك حكمدارلر، بويوك جهانگيرلرنى يگگەن تومريس خاتـــون ، سياترا خاتون دەك قهرمان خاتون لرنيڭ بولغانليقى نى اڭلادوق ، براق بيزگە بو حقيقتلرنى اڭلاتقان قايناق لرنيڭ بارچەسى اجنبـــى قايناق لر بولوب بيز نيڭ مفصل تاريخى ميزنى يازيشقا وظيفە ليـــك بولميغان قايناق لر دور. تورك لراراسيدە ملى تاريخ نى يازيب قالدرو روش عادتى قديم زمان لردە يوقموايدى، ياكە بار بولسەمو اولرنيـــڭ اثرلرى يوقالغانمو ايدى؟ هرحالدە كوب اسيتكە قديم تاريخى ميز حقيدە بوكون غەچە علم دنياسيدە قديم بير ملى اثر نيڭ اوزى نـــى كورستكەنى يوق دور. بار يوق وثيقە لريميز اجنبى لرنيڭ روايتلـرى و از غينە اركئولوژى ماترياللرىدين عبارت بولوب بك، قسقە و اُزوُك معلومات برمكدەدور. بو سببدين بك قديم دورە لردەكى بـويـــوك تورك دولتلرى غايت هيبتليك و پارلاق بير هيكل دەك علم دنيـــا سيغە اوزينى كورسەتيب تورسەمو انيڭ تفصيلى احوالينى و واقـــعە لرىنى علمى يول بيلەن اوتراغە قويياق ممكن بولماى تورماقدا دور. كلگوسيدەكى علمى تكشوروشلر و اركئولوژى كشفياتنيڭ بو ساحە دە كوب فايداليغ معلومات بيريشى و حاضرچە بوش قالغان بو كمچيليك نيڭ تولوقلانيشى كوب اميدليكدور.



آلتاى قورغانلريدين تاپيلغان التون سيرليغ توچ دين ياسالغان "آتليغ اوقچى" لوحەسى .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## افراسياب مرثيه سى:

آلپ اَرتوڭگا اۆلدیمو
ايسسيز آژون قالديمو
اۆزلَك اۆچين آلديمو
اَمدى يۈرەك ييرتيلور.

بەگلەر آتيں ارغوروپ
قازغو آنى تورغوزوپ
مڭزى يوزى سارغاريب
كۆركۈم اڭا تور تولور

آوليشيپ ارەن بورلەيو
ييرتيپ ياقا اۆرلەيو
سيقريپ اونى يۈرلايو
سيغتاب كۆزى اۆرتۆلۆر

اۆزلەك ياراغ كۆزەتتى
اوغرى توزاق اوزاتتى
بەگلەر بيگين آزيتتى
قاچسا قالِى قورتولور

كۆڭلوم ايچون اۆرتەدى
يەتميش ياشيغ قارتادى
كەچميش اوزوگ اَرتەدى
تۈن كۈن كيچيپ اير تەلۈر

اۆزلەك قاموغ گۆرەدى
يۈنچيغ ياوز تەپرەدى
اَردەم اريغ ساورەدى
آژون بەگى چەرتيلۈر

بيلگە بۆگو يۈنچيدى
آژون انى يينجيدى
اَردەم آتى تينجيدى
يەرگە تيگيپ سۈرتۈلور

اۆزلەك كۈنى تپرەتۆر
يالِڭوق كوچين گۆرەتۈر
اردين اژون ساورەتور
قاچسا تەقى ارتيلور

آتسا اوقين گزگيريب
كيم تور انى ييغديچو
تاغيغ آتيب اوغراسا
اوزى قويى ييرتيلور

ياغى اوتين اۆ چورگەن
تويدين انى كوچورگەن
ايشلار اوزوپ كەچۈرگەن
تەگدى اوقى اۆلدۈرۈ

تورغان اولوغ ايشلاقا
تەرگى اوروپ آشلاقا
توملوغ قەدير قشلاقا
قودتى اريگ اومدورور

**مرثیه نیڭ آخِلامی:**


قهرمان باتور یولبارس اۆلدیمو؟ اوسال و یمان دنیابیزگه قالدیمو ؟ زمانه افراسیاب دین وبیز دین انتقامینی الدیمو ؟ امدی بو مصیبت بیله یوزکلریمیز پارچه لانماقده دور. بو اغیر مصیبت ده بگ لر اتلری نی هر طرف غه چاپتوروب حارد وردی ، اولرنی قایغو اوروقلاتیب یاداغان حالغه کلدیلر. اولر تکزی و یوزی زعفر سورتولگه نده ک سارغایب کتتی . اولر افراسیاب غه ایچی اغریغاندین بوریده ک اولاشتی آه اوروب یاقالرینی یرتیشتی ، قاتیغ درد بیله ن موڭلوغ نغمه آوازیده اونسه ب فَر یاد قیلدی ، کوب یغلاشقان لیقدین اون لری پیتیب قالماقدا دور. تولا یغلاغاندین کوزلری کورمه س بولوب کتتی . فلك (زمانه )اوزوندین بیری افراسیاب غه دوشمن بولسه مو کوچی یتمه ی فرصت کوتمکده ایدی ، و اکنا سوءقصد اوچون یاشورون توزاق قوروب تورماقده ایدی . امدی بگلر بگی نی (افراسیاب نی )آلداپ آزغوروب توزاق غه توشوردی . زمانه نیڭ بو آلدامی و سوءقصدی دین قانداغ قاچیب قورتولسون .


افراسیاب نیڭ اۆلومی کوڭلوم نی ایچیدین کوید وردی . ساقایغان یارامنی تاتالاب قاناتماقدادور. کوڭلوم اۆتکه ن یاخشی چاغ لرنی حسرت بیله ن اسله یدور. کیچه کوندوز اۆتکه ن ساری اۆتکه ن چاغلر نی حسرت بیله ن اسله تمکده دور. زمانه تماما عاجز بیر حالغه کلدی . توبنده کی جاهل صنف لر و یمان لر قوزغالدی . فضیلت یاکه علم اخلاق قالمادی . بو نیڭ سببی دنیا حکمداری افراسیاب نیڭ وفات قیلغانلیقی دور.

افراسیاب اولگه ندین کین عالم لر ، حکیم لر، فیلسوف لرنیڭ حالی یمان بولدی . دنیا اولرنی ازدی . فضیلت نیڭ آتی سه سیندی . فضیلت سه سیغ اتگه اوخشاش خوارلیق و نفرت گه اوچرادی . گویاکه یرگه توشوب سود رولوب قالماقدادور. زمانه کونلرینی حرکتگه کلتوره دور. و بو حرکت بیله ن انسان نیڭ کوچی نی الالتادور و عاجز لاشتورور. بو نیڭ بیله دنیا ارلردین و یارارلیغ کشی لردین بو شالتادور. زمانه، قارشی کلگه ن کشی لرغه تخیمو آرتیلیب اولرنی یوق اتمه ی قالمای دور. زمانه اگر اوقنی نی نشانه گه الیب آتسا او اوقنی توسادورغان کیمدور؟ اگر اوق بیله ن تاغنی اتیب انی یوق اتیشنی قصد قیلسه تاغ نیڭ جیلغاسی و توبی لیگی قالمای ییرتیلیب پارچه لانیب کیته دور. زمانه نیك عادتی البته موندا غ دور. موندین باشقه ینه زمانه نیڭ تورلوك بهانه و اتهام لری بارلیقی قطعی دور. اگر قصدلب اوق اتسا تاغلرنیڭ باشی توزوب کیته دور.
او، دشمن او تینی اۆچورگه ن ایدی ؛ اوله رنی له شکرگاه دین قوغلاپ چیقارغان ایدی . باشیدین اغیر ایشله ر اۆتکه ن ایدی ؛ شونداغ بولسامو اوکا عجل اوقی تیگیب اۆلتوردی .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى





اسیغ کول یقینیدین تاپیلغان ساقالر دوریغه عاید آلتون
قاپتان. موسکوا و لینینگراد موزه‌لریده. بیر لوحة ...

# ایکینجی بۆلۆم

## اسکندر دوری دین هون دوری غه چه

## شرق تورکستان

بۆیۆك جهانگیر اسکندرنیڭ ٣٢٧ م ب ده شرقی تورکستان دین مغلوب بولوب چیکیلگه‌نلیکی نی یوقاریدا یازدوق. او چاغ دین باشلاب شرقی تورکستان نیڭ قون خاقانلیقی غه قوشولغان چاغ غه‌چه اوتکه‌ن یوز یگیرمه ییل‌لیق دوره سی تاریخ ساحه سیده اك قارانغولوقدا قالغان بیر دوره دور.[1] بو دوره‌ده یازیلغان هیچ بیر اثر ویا ارکئولوژی ماتریاللر بوگۆنغه‌چه بیزگه اوچرامادی. فقط ١٥٠ میلادی‌ده یازیلغان و علم دنیاسیده ئه‌سلاپقی علمی صفت لیك جوغرافیا کتابی حساب لانغان پاتلامیوس جوغرافیاسیده شو معلوماتنی کوره میز:

« غرب ده رورا (وولغا ) دریاسی و شرق ده بویوك دکیز بیله‌ن چیگارالانغان مملکتلرنیڭ عمومی آتی ایسکیتیا دور. بو ایسکیتیا مملکتی نیڭ اورتا قسمیدا ایماووس[2] تاغلری بولوب ایسکیتیانی غرب و شرق ایکی قسمغه آیریدور. جنوب‌ده شرق‌دین غرب غه اوزاغان ایمو اوبیل تاغلری[3] بار دور. بو بۆیۆك مملکت نیڭ ایماووس نیڭ غربیده‌کی قسمی تو بنده‌کی مملکتلرغه بۆلۆنه دور. وولغا دریاسیدین شرق غه قاراب تخمیناً آلتای غه‌چه آسیا سارماتیاسی؛ جنوب ده خزر تکیزی، هندستان تاغلری و آمو دریانیڭ اراسیده‌کی مملکت باکتیانا ؛ اوکسوس (اموددریا )و یکسارت (سیر دریا ) اراسیده‌کی مملکت؛ سوغدیانا نیڭ شرقی دین ایماووس غه‌چه سوزولغان مملکت. ساقا روم (ساقا مملکتی ) دیب اتالادور. ایماووس نیڭ شرقی ده‌کی مملکت



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

لر ، ایسکیتیا سریکا آتالادور.[3] باتلامیوس نیڭ برگەن بو معلوماتی،کورونوشدە طبیعی جوغرافیائی وضعیتی نی کورستمکدە دور[4]. لیکین تاریخچی نیڭ دقتی نی جلب قیلادورغان یری، باتلامیوس نیڭ ایسکیتیا (ایسکیت مملکتی) اتاغان بو مملکت اوچون کورستکەن چیگارا لرنیڭ او چاغدەکی قون دولتی نیڭ چیگارا لری نیڭ عینی بولغانلیقی دور. چونکە بوتون تاریخچیلرنیڭ اتفاقی بیلەن انیقلانغان بیر حقیقت شو دورکە: میلاددین بورون ایکنجی عصر اوترالریدا قون دولتی نیڭ چیگارا لری، غربدە ایتل (وولغا) دریاسی و خزر تکیزی ؛ جنوبدە هندوکوش ، پامیر ، قاراقورام ، قاراکغو تاغ (کوئینلون) آلتون تاغ قاتار تاغلری و سریغ دریا (هواکهو)؛ شرقدە کوریا و ژاپون تکیزی ؛ شمالدە سیبر یایلاغلریدین عبارت ایدی[5].

بوگا بناً بیز شو مطالعەنی یوروتالایمیز. بویوك قون خاقانی باغاتور (چینچە تَلَفُضِی موتا ) مُلکینی تورت طرفغە ککروتکەن دە غربدەکی ایسکیت دولتی نی یقیتیب وولغاغەچە بوتون ایسکیت مملکتلرینی قون دولتیغە قوشتی . غرب عالملری چە بونی بیر ایسکیت دولتی نیڭ یقیلیشی دیب تونولماسدین بیر ایسکیت عایلەسی نیڭ تخیمو کوچلوق و تخیمو پارلاق حالدە ایاغ باسقانلیقی شکلیدە کورولمکدە دور. هر حالدە ایسکیت سوزی نیڭ بو بویوك ساحەدە اورون لاشقان سارمات، باکتیان ، سوغد ، ساقا و سریك قوم لری نیڭ بیر مشترك اتنوغرافیك آتی ایکەنلیکی و باتلامیوس جوغرافیاسیدە سریك یورتی دیب اتالغان ایسکیتیا سریکا نیڭ اهالیسیدین بولغان قون لرنیڭ ایسکیت جامعەسی نیڭ بیرقیسمی ایکەنلیکی اڭلاشیلماقدادور.

چین منبع لریدە شرقی تورکستانغە عاید معلومات نیڭ الڭ قدیمقی سی، میلاددین ایلگیری ١١٥ - ١٣٨(مب) آراسی دە شرقی تورکستانغە سیاحت قیلغان جاڭ جیەن نیڭ برگەن خبر لری بیلەن باشلایدور. موندین بورونقی چاغلرغە عاید چین منبع لیغ یازیلغان نرسەلر تماماً تخمین و تخیمو توغراسی اصل سیز خرافی سوزلردین عبارت بولوب اعتبارغە لایق ایمس دور. دیمك

چین قایناق لریدین الینادورغان معلومات قون خانلیقی نیڭ تور کستانغه حاکمیتی نیڭ ۹۱ نجی ییلیدین باشلایدور⁷. بو معلوماتدین اڭلاشیلغانیغه کوره قون دوریده توركستانده قون دولتیغه تابع یرلیگ دولتلرنیڭ سانی اوتوز دین آرتوق ایدی (بیانی قون دولتی تاریخیده کیلەدور). بو نیڭ دین شو نتیجه نی چیقارامیز که توركستان ده بیر نچه عصر دین بری فیودالليق (یر خانلیقی) سیستمی حکوم سورمکده ایدی. بو یرلیك خانلیق اصولی بیلەن پارچه حالدەتارقاق دولتلر بیر بیرلری بیلەن بوغوشوب بورونقی بویوك دولتلر نیڭ بایراقی استیداکی بیرلیك و کوچدین محروم حالغه توشکەن ایدیلر.

حاصلی بو یوز یگیرمه ییللیق دوره نیڭ عمومی منظرەسی شو ایدی:

تورك عرقیغه منسوب بولغان دولتلرءبك قدیم زمان لردین اعتباراً یرلیگ خانلیق و بگلیك لرنیڭ اوز چیگارا لری ایچیده ایچکی استقلال لریغه ایگه لیکی نی تونور ایدی. اولرنیڭ دولت مرکزیدەکی خاقانغه بلگولوك اولچومده باج و خراج بیریش، لازم کلگەنده عسکر بیریش و خاقان نیڭ بیر وکیلینی اوز سارابیدا قبول قیلیش دین عبارت بولغان وضیفه لری بار ایدی. ایچکی ایش لریده تولوق حقوق غه ایگه ایدی. حتّا قوشنا دولتلر بیلەن دوستلوق مناسبتی قورو ش ویا سوقوشوشغه مو حقوق لری بار ایدی. اطاعت قیلیشده شبهه بولغان ویا عصیان قیلیب مغلوب اتیلگەن یرلیك خان لرنیڭ بالالری ویا اینی لرینی خاقان سارابیدا گورەی شکلیده تورغوزوش عادت ایدی.

دیمك که: بویوك تورك خاقانلیق لری، مونداغ یرلیگ خان و بگلرنی عمومی بیر یۆکسەك اداره آستیدا بیرلشتورگەن کونفدرا سیون (بیرلشمه) دولت دین عبارت ایدی. بو اصولدەکی بویوك دولت نیڭ باشیدا بولغان خاقان لرنیڭ سیاست و عسکرلیکده کوب اقتدارلیغ بولوشی و همده دایما دولت ایشی بیلەن مشغول بولوب شخصی راحتیغه هیچ بیریلمەیدورغان بولیشی دولت نیڭ بیرلیکی و کوچی نیڭ بەل سوکیکی یریده ایدی. هر دولت نیڭ یاش چاغلریده



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بو شرط لرنی اۇزیده توپلاغان اقتدارلیغ ولیاقتلیك حكمدارلـــر یتیشه دور واولرنیڭ غیرەتی و سیاستی سایه سیده دولت كوچلانـــا دور وكەڭرید ور. براق،ابنی خالدون نیڭ ایتقانیدەك زمان اوتكەنچه دولت قریغالی باشلاید ور. دولت تختیغه اقتدارسیز، لیاقتسیز وبی پروا شهزاده لر اولتوراد ور. بیر طرفدین شهزاده لر اراسیدا تخت تالاشی كوپ چیقیپ ایچكی سوقوش لر و ایریم ایریم قوراللیق گروهلر پیدا بولاد ور. موند اغ بیر وضعیت دولت نیڭ مركزی كوچی نی عاجزلاشتوراد ورغان عامل لرنیڭ اڭ اهمیتلیگی دور.

منه موند اغ حال لر قدیم بویوك تورك خاقانلیق لریده بك كوپ كورولگەن حال لرد ور. بویوك خاقانلیق تخت لریغه لیاقتسیز راحت پرست شهزاده لر اولتورغان.بو نیڭ اوستیغه پات پات تخت غوغاسی و نادان تجربه سیز شهزاده لرنیڭ اطرافینی یمان ادم لر نیڭ اوراب الیشی نتیجه سیده خاقانلیق مركزی ضعیفلاشتی . دولت غه قاراشلیغ یرلیگ خان لر و بگلر بو ضعیف لیقدین فایدالانیب اطاعت دین چیقماق و استقلال اعلان قیلماق غه باشلادی . بارا بارا خاقانلیق مركزی بیركیچیك خانلیق درجه سیگه توشوب قالدی .بونیڭ بیلەن توركستان ده بیرنچه چوڭ كیچیك مستقل دولت لر میدان غه كلدی . بو دولتلرنیڭ اراسیدا سوقوش لرتوختیمای دوام قیلور ایدی بعضیسی بعضی لریغه غالب كیلیب مغلوب نیڭ غالبغه اطاعتی نتیجه سیده بیر چاغدا توركستان دا سكز اون دولت بولغان لیقی نی كورەمیز. بعضی چاغلرده بو مستقل دولت لر ینه اوز آرا پارچەلانیب اوتوز دین ارتوق كیچیك دولت لرنیڭ میدانغه كلگەنلیكی نی كورەمیز .دوگنی[8] نیڭ چین تاریخی تدقیق لری، میلاددین بورونقی عصرلرده كی شرقی توركستان خانلیق لری نیڭ توبنده كی اون خانلیق دین عبارت بولغان لقینی كورسەته دور.

١- قومول خانلیقی : بوگونكی قومول ولایتی یته شهریبارایدی.
٢- لاولەن خانلیقی : بوگونكی لوپ كوللری نیڭ شمالیده.لوپ كوللری، اطرافیده شهرلری یته ایدی .

٣- اودون(بوگونكی ختن)خانلیقی : شهرلری اون ایدی .
تابعیده تاغدا و شرق ده بولوب بش بگ لیك بار ایدی .

٤- یارکند خانلیقی :(بوگونكی یارکند ولایتی)، تابعیده تاش قورغان بگلیكی و یارکند تاغلریده ینه بیر ایكی بگلیك بار ایدی .

٥- کاشغر خانلیقی : بوگونكی کاشغر ولایتی . اطراف تاغ لرده اون چوڭ و اون کیچیك شهرلری بار ایدی .
بو خانلیقنی باتلامیوس جوغرافیاسیده کاسیا دیب اتای دور . مرکز شهری اوردا کنت اتالور ایدی .

٦- کوچا خانلیقی : البته شهرده اڭ مهم خانلیق دولت ایدی.
تابع بگلیك لر قوما (بوگونكی بای و اطرافی ) اُوروك سو (چینلیغ لر بوزوب وَنسو دیرلر بوگونكی آقسو و اطرا فیدور .

٧- یونجو خانلیقی : تورکستان دا اتی اڭ کوب اۆزگەرگەن یر دور . اڭ قدیم اتی یونجو، اندینكین کنگیت ، اندین اندین سالاق ، اندین کین چالیش و اڭ سوڭره قاراشهر اتالغان دور . بویوك و مهم بیر خانلیق بولوب پایتختی یولدوز کول (باغراش کول ) بو ییدا کنگیت شهری ایدی .
تابع بگلیك لر : ١- سیكیر خانلیقی (قوروغ تاغدا ایدی )
٢- اوی سو بگلیكی . (بوگونكی اوشاق تال و اطرافی) ٣- بوگور . ٤- اولا (کورلا ) . ٥- چولوی (کورلا نیڭ غرب جنوبیده ) ٦- چَرچن .

٨- قوجو خانلیقی : یری بوگونكی توریان ،اوچ ناحیه نیڭ اوریدور . شهرلری قوجو (بوگونكی توریان نیڭ جنوبیدەكی خرابه )،لا چین (چینلیغ لر لیا وچیڭ دیرلر، بەزەكلیك بولسه کرەك )، قوچو (بوگونكی قارا قوچو ) .
تابع بگلیك لر : ١- قوقو(حاضرقی توقسون بولسه کره ك).
بعضی چین تاریخچی لری بوگونكی لوکچیننی قوقو دیرلر ).
٢- تولوی (چینلیغ لرچه-شی دووی دولتی دیرلر )



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

٩- بش‌بلیق خانلیقی : حاضرقی اورومچی و اطرافیدور. بسو یوك بیر خانلیق بولوب جنوبده قوجو خانلیقی ، شمالده قون دولتی و غربده اوسون خانلیقی بیله‌ن توتاش‌ایدی.
تابع بگلیك‌لر: ١- چه‌می ( بوگونکی قوتوبی ). ٢ — چوك بلیق (حاضرقی گوچك و اطرافی ). ٣- اوپوك كول (ماناس و اطرافی ). ٤- چو (اورومچی - پوکاك ارسیدا).
٥- بیلو (پوکاك ، یولیش جمیسار و اطرافی) .
١٠- اوسون خانلیقی : شرقده ایرتیش‌دریاسی ، غربده تاشکند خانلیقی ، جنوبده تگری تاغلری و شمالده سیبرغه‌چه چوزولغان کگرو اولکه‌ده بویوك بیر خانلیق ایدی. بولرنی باتلامیوس، آبی و ایپو قاژی ایسکیت لری ، دیب اتایدور چین قایناق لری اوسون یاکه ووسون دیب اتایدور. قدیم یونان قایناق لری‌لریده ماساجت اتالغان لر بولر بولسه کره‌ك ، پایتختی چه‌قو شهری ، ایلا دریا بو بیده ایدی .
١١- قون خانلیقی : شرق ده مانچو چیگا راسی، غربده ایرتیش‌دریاسی ، قومول و بش‌بلیق خانلیق لریغه توتاش ایدی٩.

دیمك بوگونکی شرقی‌تورکستان نیك التای ولایتی نیك و قومول ولایتی شرقیده‌کی ازغینه بیرقسمی قون خان‌لیقی‌غه تابع ایدی .

# اوچونچی بولوم

## شرقی توركستان
## هون دولتی غه قوشولغان چاغ دین اسلام چاغیغه چه اۆتكه ن دوره

شرقی توركستان طوایف الملوك شكلی بیله ن اوتكه ن مدت ده مغولستان ده اوزوندین بری یاشاماقده بولغان هون خانلیقی قوّتلانیب ۳۰۰ م‌ب تاریخیدین اعتباراً اطرافیده كی تورك خانلیقلری نی اوز بایراقی استیغه الماق و نفوذی نی كه ڭروتمك غه تشبث قیلغالی باشلادی. ۲۰۶ - ۱۸۰ م‌ب ییل‌لری اراسی ده تمام شرقی توركستان خان‌لری و آسیاده كی تورك جامعه لری نیڭ تولا راقی هون امپراطوری حاكمیتی غه تابع بولوب غایت چوڭ بیر تورك بیرله شمه (كونفدراسیون) دولتی قورولدی. قدیم و عصری تورك تاریخ لریده غایت درجه ده اهمیت‌لیك بولغان و دشمن لر طرفیدین هر قسم یالغان بهتان لرغه معروض قالغان بو تورك امپراطورلوقی نیڭ واقعاتی نی و مذكور بهتان‌لردین بو دولت نیڭ پاكلیقی نی بیان قیلماقنی لازم كۆردوم.

### ۱ــ فصل

### چوڭ هون امپراطورلوقی

چین نیڭ شمالی دین مغولستان نیڭ شمالیده كی اورخون دریاسی و تانووالا تاغلریغه چه اولتورغان تورك لرنی چین منبع لری ده هیوڭنو (شوننو) دیب اتایدور[1]. اوروپا منبع لریده هون یازیلادور،



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

اما مذکور تورك لر اوزلری نی قایسی عنوان بیلەن اتاغانلیقلری تاریخ دە معلوم ایماس دور . بناً علیه بیز بولرنی هون عنوانی بیلەن ذکر قیلامیز .

هون لرنیڭ دولتی نیڭ تاریخی میلاددین ١٥٠٠ ییل ایلگیری زمانەدین باشلانادور و او مجهول دوره لردەکی هون لر نیڭ احوالی بك قارانغودور . چین منبع لریدە هونلرغە عاید اوچوق معلومات، تولیسی منفی بولسەمو، ٣٠٠ م ب تاریخیدین بشلانادور . مذکور تاریخدین اعتباراً هون لر و چین اراسیدە محاربەلر بولور ایدی . چین حکمداری، هون لرنی توسماق اوچون هریردە استحکام لر و قلعە لر بنا قیلور ایدیلر . اخیراً ٢٤٩ م ب دە اوّلا تمام چین نی اوز حکمی استیغە الغان امپراطور شی هواڭدی مذکور استحکام و قلعە لرنی بیر بیریغە اولاب پیچلی تڭیزیدین گانسو غەچە اوچ میك کیلومتر ( ٦٠٠ پوتەی)دین اوزون راق بیر استحکام یاساب چیقدی . حاضر غەچە بار بولوب دنیانیڭ عجایب آثاری دین بولغان مشهور سَدِّ چین اوشبو استحکام دین عبارت دور . سد چین خصوصیدەکی فایدە لیغ معلومات توبندە " قدیم زماندە تورك لر بیلەن چین لیغ لر اراسیدەکی سیاست لر خصوصیدە بیر مطالعە " عنوان لیغ فصل دە مذکور دور .

هواڭدی بو سد دین خیلی استفادە قیلدی، چونکه هون لر هجوم قیلیب کلگەندە چین عسکرلری مذکور سد استحکام لریدە شدتلیك مدافعە قیلیب هون لرنی ارقەسیغە یاندوردیلر . و هواڭدی اۆلگونچە لیك هون لر سد چین دین اوتالمادی لر . چونکه هواڭدی زمانەسیدە یریم ملیون چین عسکری دایما سد چین اوستیدە تورار ایدی . هواڭ دی ٢١١ م ب دە اۆلدی[2] .

**هون دولتی نیڭ کڭروگەنی**

هون حکمدارلری نیڭ عنوانی تنڭری قوت (خدانیڭ برکتی) ایدی . ایلگیریکی تنڭری قوت لر نیڭ آت لری معلوم ایماس دور . فقط شیخواڭدی (یكجیك)[3] بیلەن همعصر بولغان تنڭری قوت نیڭ

آتی تومان خان ایدی[4]. تومانخان چین بیلەن اوروشماقنی تـَرک اتیب ایچکیردە قوتینی اشورماقغە کوشش قیلدی. اورخون و سلنگا دریالری بوییدەکی اویغور خانلیقی‌نی و بیر نچە چوڭ کیچیک تورک خانلیق و بگ لیک لری‌نی اوزیغە تابع قیلیب مهم قوّتغە ایگە بولدی. چین امپراطورهواکُدی اۆلگەندین کین انیڭ اولادی ارا سیدە امپراطورلوق تالاشی چیقتی و هم چین نیڭ هر نقطە سیدە عصیان لر یوز بردی. بو سبب بیلەن سد چیندە توراد ورغان عسکرلر ضعیفلاشتی. تنگْری‌قوت تومانخان بو فرصتدین استفادە قیلیب ۲۰۹ م ب دە چین‌غە هجوم قیلیب سد چیندین اوتوب شَنْسی و شانسی ایالت‌لری‌نی اشغال قیلدی. بو حالدە تنگْری‌قوت تومان خان اۆلدی، و هون یوروشی ایلگیریلا یالمای قالدی.

تومانخان اۆلگەندین کین اوغلی مَتە خان[5] تنگْری‌قوت بولدی. بو ذات نیڭ تورک لر طرفیدین بیریلگەن عنوانی اوغوزخان دور، اوغوزخان متە چین بیلەن اوروشماقنی ترک اتیب تمام تورک خانلیق و بگ لیک لری‌نی بیرلا شتوروب غایت قوّتلیک بیر تورک اتحادیە امپراطورلوقی تشکیل قیلماق سیاستی‌نی اختیار قیلیب اوّلا غرب دەکی تورک خانلیق‌لری‌نی اۆز بایراقی آستیغە کیرگوزدی.

مغولستان و اطرافیدەکی تورک خان لری اوغوز خان مَتە نیڭ اطاعتی‌نی مەیلی رغبت و مەیلی قورقونچ بیلەن قبول اتتی‌لر. لیکن مانچور اۆلکە سیدە اولتوروقلوغ تورک لردین قدیرغان تاغ‌لری نیڭ اراسیدە اولتورغان تورک خان لری، یعنی سیانپی، ووهوان، توپا، جوجان (گوجان)، اتلیغ تورک قبیلە لری هیچبیر شکیلدە اوغوزخان متە نیڭ اطاعتی‌نی قبول اتمای مستقل قالدی لر. بو لرنی مُغول تاریخ لریدە تاتار دیب یازادور. ینە ایلی اۆلکەسی دەکی ووسون خانی وگانسو و کوکودەکی یاوچی تورک لری‌نیڭ خانی هم اوغوزخان متە غە اطاعت قیلمادی لر.

اوغوزخان متە ۲۰۹ م ب تاریخیدە ووسون خانی نیڭ اوستیغە یوروش قیلیب انی مغلوب قیلدی و اۆلتوردی[6]. اورنیغە



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

ووسون قبیلەسی دین بیرکشی نی خان تعیین قیلدی. بو حادثەنی ایشیتکەن تورك خانلری قورقوب کتیب ارقه ارقه دین اوغوزخانغه اطاعت عرض قیلدی لر. کاشغر، یارکند، ختن، اوچ، کوچا، کنگیت، لولان، قوچو خانلری باشلیغ شرقی تورکستاندەکی مستقل ۳٦ دولت نیكْ حکمدارلری تماماً اوغوزخانغه اطاعت عرض قیلیب داخلی استقلاللری نی ساقلادی لر. موندین کین غرب طرفیدەکی تمام تورك خانلری اوغوزخانمته غه اطاعت قیلیب خزر تنگیزی و ایتل (وولغا) دریاسی غەچه انیكْ ایگیز حاکمیتی استیفه کیردی. ۲۰۰ م‌ب تاریخی دە هون امپراطورلوقی غرب دە خزر تنگیزی و ایتل دریاسی شرقدە قدرغان تاغلری غەچه یرلاشکەن تمام تورك لرنی اوز بایراقی آستیغه کیرگوزدی. کیچیك خانلیق و بگ لیك لردین تاشقری ۲٦ چوكْ خانلیق تورك دولتلری مته خان امپراطورلوقی نیكْ امری استیغه کیردی لر[7]. (۳- خریطه)

## چین محاربه سی

هون تنکری قوتلری اوزلری نی چین امپراطورلریدین یوقاری توتار ایدی لر و چین امپراطورلریغه توبندەکی عبارت بیلەن مکتوب یازار ایدیلر: "اسمان و یرتوغوب قویاش و آی تخت دە اولتورغوزغان تورك خان لری نیكْ اولوغ تنکری قوتی، تاوغاچ خانی دین ارزو ایتارکه..." تورك ملتّی چین ملتّی نی اوزلریدین توبن بیر ملّت نظری بیلەن کوروب اولرنی تاوغاچ دیر ایدیلر (تابع دیمکدور). چین امپراطوری هواکدی اولگەندین کین چین نیكْ هر طرفیدە عصیان چیقیب اخیراً عصیانچی لردین لیوباكْ (اصلی آتی کاوچو) اتلیغ بیری امپراطور بولدی. بو امپراطور مشهور خەن خاندانی نی قورغان کیشی دور.

۱۹۹ م دەلیوباكْ، شَنسی و شانسی ولایتلری نی هون تنکری قوتی دین یاندوروب الماق اوچون شَنسی غه یوروش قیلیب

بیر ایکی شهرنی الدی. اوغوزخان مته بو خبرنی اڭلاب اوچ یوزمیڭ عسکر بیلەن شنسی غە کلیب بیر میدان محاربەسیدە امپراطور نیڭ عسکرلری نی مغلوب قیلیب امپراطورنی قالغان عسکرلری بیلەن چاڭ ان (بوگونکی سیان فو) شهری نیڭ یاقینیدە بیر قلعەدە محاصرە قیلدی. اخیراً امپراطور لیو باڭ اوزی نی اسیر بولماقدین و عسکرینی قطعی صورتدە یوق بولماقدین قوتقوزماق اوچون اوغوزخان متەغە هر ییل معین بیر مقداردە خراج برمك شرطی بیلەن مصالحە قیلماقغە مجبور بولدی. بو صورت بیلەن چین امپراطورلوقی هون تنگری قوتی غە تابع بولدی[8]. موندین کین اوغوزخان متە چین امپراطوری نیڭ قیزی نی نکاحی غە الدی. اوغوزخان وفات قیلغاندین کین هم هر تنگری قوت چین امپراطوری نیڭ قیزی نی الماق رسمی جاری بولوب بیر عصر قدر مدت اوتراده دوستانه مناسبت دوام قیلدی.

**یاوچی محاربه لری**

اوغوزخان متە نیڭ شوکت و قدرتی نیڭ بو قدر قوت لەنگەنی غە رغماً یاوچی خانی اگا هیچ بو یون اگمس ایدی. اخیراً اوغوزخان، اوغلی باغدورخان نی تولا عسکر بیلەن یاوچی لرنیڭ اوستی غە یوللادی و قاتتیغ اوروش لردین کین باغدورخان نیڭ تمام عسکری یوق بولوب اوزی مشکل لیك بیلەن جان قوتقوزوب قاچیب کلدی. موندین کین بیر نچە نوبت محاربە بولوب ١٧٥ م ب تاریخیدە یاوچی لرنیڭ خانی اوروشدە اولگەن سببدین یاوچی لر پراکندە بولوب یورت لری نی تاشلاب غرب طرفیغە قاچیب لوپ کول لری نیڭ اطرافیدە یرلەشتی لر. و بو یردە هم شرقدین هون عسکرلری و شمال و غربدین لولان، قوجو و ختن خان لری نیڭ هجومی غە معروض قالیب یاوچی لر ایکی قول غە ایریلیب بیر قول تیبت طرفیغە کتتی لر. بو لرنی کیچیك یاوچی لر دییلادور. حاضرقی تیبت اهالی سی نیڭ اصلی اولر بولماق قوتلیك بیر احتمال دور[9].



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولیازمىلار ئامبىرى

ینه بیر قول شمال غرب طرفیدین یول تاپیب ایلی غه هجوم اتتیلر. ایلی ده‌کی ووسون‌خانی نانتومی، یاوچی‌لردین قاتیغ مدافعه قیلسه‌مو انیڭ قوتی یاوچی‌لرنیڭ قوّتی‌دین بك آزایدی چونکه تاریخ کتابلری‌نیڭ مختلف روایتلری‌غه کوره یاوچی‌لرنیڭ یاراغ‌کوتارگه‌نلری نیڭ عددی ۵۰۰،۰۰۰ و ۶۰۰،۰۰۰ آراسیده بولوب تمام نفوسی بیر ملیون‌غه یاقین ایدی. منه بو باعث‌دین نانتومی اۆلتورولوب ووسونلر مدهیش صورتده مغلوب بولدی لر[15].
بو حادثه‌دین کین یاوچی‌لر ایلی ده یرلاشمك نیتی ده تورغان‌حالده اوغوزخان نیڭ عسکرلری کلیب یاوچی‌لرنی غرب غه سوردی. یاوچی لر اسیغ کول‌نیڭ شمال طرفیدین اۆتوب اینجه (سیردریا) بوییده حاضرقی تاشکند اطرافیده یرلاشتی‌لر. لیکن یاوچی‌لر بو یرده هم اوزون تورالمادی‌لر.

نانتومی نیڭ کویونماو آتلیغ بیر نارسیده اوغلی تریگ قالغان ایدی و اوغوزخان‌مته انی داداسی‌نیڭ اورنیغه ووسون خانلیقی‌غه تعیین قیلغان ایدی. کویونماو ۱۶۵ م‌ب تاریخی اطرافیده اوغوزخان نیڭ نبیره‌سی بولغان تنگری‌قوت‌کیوك خان دین یاردم الیب یاوچی‌لرنیڭ اوستیغه هجوم قیلیب اولرنی اینجه بوییدین قوغلادی. یاوچی‌لر قاچیب آمودریا بوییده یرلاشتی‌لر.

### اوغوزخان(مته)نیڭ وفاتیدین کینکی واقعه‌لر

۱۷۴ م‌ب ده اوغوزخان (مته) وفات قیلدی و اورنیغه اوغلی باغدورخان تنگری‌قوت بولدی.۱۰ونیڭ اۆلومیدین کین اورنیغه اوغلی کیوك خان تنگری‌قوت بولدی. بو نیڭ زمانه‌سیده واقع بولغان حادثه‌لردین عصری تاریخ‌لرنیڭ روایتی فقط یاوچی‌لرنیڭ اینجه بوییدین قوغلانغان حادثه‌سی‌دور. تنگری‌قوت کیوك خان ۱۶۰ م‌ب ده اۆلدی. کیوك خان‌دین کین‌کی تنگری‌قوت‌لر نیڭ سانی‌نی و اتلری‌نی بیلمایمیز. اما چین امپراطورلری نیڭ یوقاریقی وجه بیله‌ن تنگری‌قوت‌لرغه خراج بیریب و قیز بیریب تابعیت

ودوستلوق صورتی بیلەن یاشاماقغە مجبورلیقی تقریباً ۱۳۰ م‌ب غەچە دوام قیلدی[11].

اوگوز (آمودریا) بویید ەکی یاوچی خانلری و باختر (بلخ) یاکە شمالی افغانستاندین تاخزر تنکیزیغەچە اولتورغان ساکا تورك خانلری و باشقە تمام تورك خانلیق دولتلرینیك ۱۱۹ م‌ب تاریخیغەچە دایما هون تنکری‌قوتلرینیك اطاعتیدە بولوب باشدین آیاغ تمام تورك یورتیدە اسایش و راحت حکم سورمکدە ایدی. سیانپی، و وهوان، جوجان و توپا لردین عبارت بولغان مانچور اولکەسیدەکی تاتار دیبیلادورغان تورك قوم لری هم تماماً هون تنکری قوتیغە تابع بولوب دولت نیك حدودی ژاپون تنکیزیغەچە کنکرودی (۳نجی خریطە غە قاراسونلر).

**چین حکومتی نیك هون دولتی ضدی غە سیاستی ـ هون وچین اراسیدە سوقوش**

چین حکومتی اوزون زاماندین بری (۱۹۹ م‌ب) هون تنکری‌قوتلریغە خراج بیریب تابع‌لیق موقعیدە توردی. و دایما بو حالدین قوتولماق فکریدە بولسەمو هون اتحادیەسی قوّتیغە تکلیك قیلالمای، معلوم بولغان سببدین، مجبوراً بو مُذَلّت نی کوتارورایدی. اخیراً چین امپراطوری هون تابعیتیدین قوتولماق اوچون بو ایکی چارەدین باشقە علاج یوقلوقیغە توشوندی[12]:

۱ـ هون اتحادیەسیدەکی خانلرنی تنکری‌قوت نیك ضدیغە قوزغاماق بیلەن بو اتحادیەنی پارچالاماق و ضعیفلاشتورماق و ۲ـ تنکری قوت اورداسیدەکی چین شهزادە خانم لری و اولرنیك خذمتیدەکی چینلیغ لر واسطەسی بیلەن تنکری‌قوتلوق خاندانی نیك تکین (شهزادە) لری اراسیغە نفاق تاشلاب مرکزیتنی عاجزلاتماق.


برنجی خیانت فقرەسی نی وجودغە چیقارماق اوچون چین امپراطوری وودی، چاك کیاك (ویا چاك چیەن) اتلیغ بیر ادمنی سیاحتچی عنوانی بیلەن تورك یورتیغە یوللادی[13]. بو نیك وظیفەسی



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

توركستان دەكى اك قوّتليك تورك حكمدارلرى دين ووسون خانىنى و ياوچى خان لرىنى تنكّرى قوت غه باش كوترمكغه تشويق اتمك ايدى. چاك چيەن قاراقوروم شهرى (هون دولتى نيك پايتختى) غه كلگەندە تنكّرى قوت انيك دسيسه كارليقى نى بيليب قاليب انى ١٣٩ م ب ييليدە حبس قيلدى و ١٢٩ م ب غەچە حبس دە قالدى. غالباً اورادەكى چين ليغ شهزادە خانملرنيك شفاعتى بيلەن چاك جيەن حبس دين قوتولوب ينه يول غه چيقتى. فرغانه و سمرقند يولى بيلەن ١٢٥ م ب ييليدە اوگوز يوييدەكى ياوچى لرنيك مركزى غه كلدى. اولرنى تنكّرى قوت غه باشقالدورماقغه و چين امپراطورى نيك ياردمى بيلەن اوّز اصلى يورت لرى بولغان گانسو غه يانيپ بارماق غه تشويق قيلدى. ليكن ياوچى لر غايت هوشيار و مدنى بير قوم بولغان لرى اوچون انداغ تشويق لرغه الدانماق و دشمن نيك خيانت وغرضى غه آلت بولماق نى هيچ قبول اتمدى لر و چاك چيەن نى يورت لرى دين هيداب چيقاردى لر. چاك چيەن مخفى شرقى توركستان جنوب يولى دين اوّتوب چين غه باردى. چاك چيەن ١١٥ م ب دە ينه شرقى توركستان غه كلدى. ايلى غه باريب ووسون خانى بيلەن كوروشتى و انيك تمام تورك خان لرى دين قوتى زيادە بولوب توروب هون تكّرى قوتى نيك حاكميتى آستيدا تورماقى انيك شأنى غه عيب ليقى نى سوّزلادى. اگر ووسون خانى تكّرى قوتى نيك اطاعتى نى تاشلاش اوچون مجادلەغه قدم قويسه چين امپراطورينيك اكّا ياردم قيلماقى نى بيلدوردى. الحاصل تولا تشويقات دين كين ووسون خانى تنكّرى قوت نيك اطاعتى نى تاشلاب استقلال اعلان اتتى. ليكن تنكّرى قوت درحال تولا عسكر ايباريب ووسون خانى غه ادب بردى و ووسون لرنى اطاعت غه كيرگوزدى[13].

يوقاريدە ايتيلغان وجه بيلەن چاك چيەن دسيسه كارليق دە هيچ بير ايش قيلالماى چين غه يانيب بارسەمو شرقى و غربى توركستان نيك باى ليقى نى و سياست اعتبارى بيلەن بو يورت لردەكى




ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دولت لر هون تکری قوتی غه تابع بولسه لرمو حقیقت ده کیچیك کیچیك یریم مستقل خانلیقلردین عبارت بولوب بو اولکه لرده هون عسکرلری بولمای فقط هر خان نیك اورد اسیده بیر نچه تمسیلچی غینه بارلیقی نی و بو اعتبار بیلەن بو خانلر اراسیغه اختلاف تاشلاماق و بو یول بیلەن اولرنی چین نفوذی استیغه کیرگوزمك نیك اسانلیقی نی بیلیب بارغان ایدی . چاك چیەن بو احوال نی امپراطوری غه سوزلادی . بو نیك بیلەن وودی نیك کوکلی دەتورکستان غه استیلا قیلماق آرزوسی پیدا بولدی ؛ لیکن قوتی یتماس ایدی .

امپراطوروودی نیك چاك چیەن واسطەسی بیلەن قیلغان خیانت لری سببی دین هون تکری قوتی و امپراطور وودی اراسیده کی مناسبت بوزولوب محاربه باشلاندی . بو محاربه اوزون دوام قیلیب اخیراً ۱۱۹م ب ده هون عسکرلری بیلەن چین قوماندانی خوچوپك اراسیده گانسو ایالتیده قاتیغ اوروش لر بولوب هون عسکر لری مغلوب بولدی و گانسونی چین عسکرلری کاملاً اشغال قیلدی.[14] بیر ییل کین چین عسکرلری شرقی تورکستان غه هجوم قیلغالی توردی . بو نیك بیانی هون دولتی دوریده شرقی تورکستان عنوانلیغ فصل ده کیلادور .

مذکور تاریخ دین کین تا وودی اولگونچه هون و چین دولت لری اراسیده دایما اوروش بولوب توردی . بعضی چاغ لرده چین لیغ لر و بعضی چاغ لرده هون لر غالب بولور ایدی . چین تاریخیده کی معلومات نیك خلاصه سی بو دور . واقعه لر نیك تفصیلاتی ده ایشانگوده ك معلومات یوق دور .

۷۶م تاریخیده چین ده امپراطور وودی نیك ضدّی غه انقلاب چیقتی و انقلاب چی لر تکری قوت دین یاردم تیلادی لر.[15] تکری قوت نیك یاردمی بیلەن انقلابچی لر غالب بولوب وودی نی اولتوردی لر . خەن خاندانی امپراطورلوقی غربی و شرقی بولوب ایکی غه ایریلدی . چین دولتی نیك قوّتی قالمادی.[16] مذکور بیلده شرقی و غربی تورکستان خان لری چین لیغ لرنی تکری قوت نیك

يارد مى بيلەن يگيب ينه هون اتحاد يەسى غه كيرد يلر. بيانى توبند ه كىيلا د ور.

### هون دولتى دە داخلى اغتشاش

اوغوزخان مىتەنيك د وريد ه قاچيب مانچور نيڭ شمالى د ەكى ووهوان و سيانپى تاغلريد ه يرلا شكەن و مذكورآت لر بيلەن تونولغان تورك قبيله لرىنى چين حكومتى هون د ولتى بيلەن اوروشماقغه د ايما مخفى تشويق قيلور ايد ى ٧٠ م ب تاريخيد ه ووهوان و سيانپى تورك لرى هون لر بيلەن اوروش باشلاد ى لر. بعضى وقتد ه غالب و بعضى د ه مغلوب بولماقد ه بولغان بو تورك لر بير د فعەد ه غالب بولوب قاراقوروم (پايتخت) نى اشغال قيليب اوغوزخان و باشقه تمام تكرىقوت لر نيڭ مزار لرىنى خراب قيلد يلر.[17] ليكن ٥٤ م ب تاريخيد ه تكرىقوت ووهوان و سيانپى تورك لرىنى قطعى صورتد ه مغلوب قيليب اولرنيڭ تولا سى نى يوق اتتى و اشقانى اوز يورت لرىغه قاچيب كتتى لر. تكرىقوت اولرنيڭ يورت لرى بولغان مانچور اولكەسى نى تماماً اشغال قيليب يورتى نى ژاپون تگيزىغەچه كنگروتتى.[18] ( ٣نجى خريطه )

بير طرفد ين ٦٠ م ب تاريخيد ه هون شهزاد ەلريد ين چيچى خان و خوجان سى خان اتليغ ايكى كشى تكرىقوتلوق تالاشيب اوروشوب قالد ى لر. خوجان سى خان چين د ين يارد م سوراد ى و ١٥م ب تاريخى غەچه بو د اخلى مجادله د وام قيليب مذكور ييلد ه چين يارد مى بيلەن خوجان سى خان غالب بولوب چيچى خان اوز تابع لرى بيلەن غرب غه قاچتى و ايلى غه كليب ووسون خانى نى مغلوب قيليب تكرى تاغلرى نيڭ شمالى د ه قوتليك بير د ولت قورد ى.[19] كين لرد ه سوغوت (بخارا و سمرقند ) خانلرى نى هم اوزى غه تابع قيليب پايتختى نى سوغوت غه يوتكەب سمرقند نيڭ ياقنيد ه بير شهر بىنا قيليب يرلەشتى .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

تنگری‌قوت خوجانسی خان بیر طرفدین چیچی خان نیڭ دشمنلیك فعالیتی و بیر طرفدین سیانپی و ووهوان تورك لری نیڭ محاربه‌سی اراسیده مشغول بولماقده ایدی. دایما مونداغ فرصت غه منتظر تورغان چین امپراطوری ٥٩م ب تاریخیده جیکجی اتلیغ بیر قوماندان‌نی تولا عسكر بیله‌ن شرقی توركستان‌غه یوللادی.[19] "شرقی توركستان‌غه اوّل دفعه چین استیلاسی" عنوانلیغ فصل‌ده كیلادورغان وجه بیله‌ن شرقی توركستان‌غه استیلا قیلدی.

چین امپراطوری شرقی توركستان‌غه استیلا قیلغاندین كین سوغوت‌غه چیچی خان نیڭ الدی‌غه بیر الچی ایباریب انیڭ اطاعت قیلماقی‌نی طلب قیلدی. چیچی خان بو الچی‌نی اۆلتوردی. بو یوزدین چیچی خان و جیکجی اراسیده اوروش چیقیب بو اوروش اوزون دوام قیلیب اخیراً ٣٦م ب تاریخیده چیچی خان اوروشده اۆلدی. جیکجی انیڭ باشی‌نی كسیب چین امپراطوری‌غه ایباردی. بو نیڭ بیله‌ن سوغوت و فرغانه (بوگونكی دیبیش بیله‌ن غربی توركستان) خانلری هم چین‌غه تارتیغ برمك و تابع بولماق‌غه مجبور بولدیلر.[20] منه تورك لر اراسیده بولغان اختلاف لردین دشمن بو قدر تولا فایده لرنی الدی.

**هون تڭری قوتی چین نی مغلوب اتکه نی**

هون و چین دولت‌لری اراسیده دشمنلیك و محاربه دوام قیلماقده ایدی. اخیراً تقریباً ١٠م ب تاریخیده هون عسكرلری چین‌نی قطعی صورت‌ده مغلوب قیلیب شرقی و غربی توركستان ده‌كی چین عسكرلری و مأمورلری‌نی یوق اتیب بو یورت‌لرده‌كی تورك لرنی چین اسارتیدین قوتقوزدی. تمام تورك خانلیق دولت‌لری هون اتحادیه‌سی‌غه كیردی. ٥٢م ب تاریخیده هون تنگری‌قوتی گانسونی هم چین‌دین الدی.[21]

چوڭ هون دولتی نیڭ شهزاده لریدین تکّری قوت خوجانسی خان نیڭ بیر اوغلی، شامو چولی (گوبی چولی) نیڭ جنوبی ده بیر حکومت تاشیس قیلیب حاضرده داخلی مغولستان دییلگه‌ن اولکه‌نی و شانسی وگانسو منطقه لرینی ایگه‌لاب ۴۸م ده استقلال اعلان قیلدی. بو تاریخدین باشلاب بو یگی هون دولتی نی جنوبی هون دولتی وگوبی چولی نیڭ شمالی ده‌کی قدیمقی پایتخت ده‌کی دولت نی شمالی هون دولتی دییلادورغان بولدی (۳ نجی خریطه غه قاراسونلر)،[22]

بو ایریلیش نیڭ سببی چین تاریخ لریغه کوره مغولستانده قحط لیك بولغانلیقی ایمیش دور. اما بی طرف عصری تاریخ کتاب لری نیڭ بیانی غه کوره بو ایریلیش نیڭ سببی تکّری قوت خاندانی نیڭ اوردا لریده‌کی چین شهزاده خانیم لری و اولر نیڭ خذمتی ده‌کی چین لیغ لر واسطه سی بیله‌ن یوروتولگه‌ن انتریکه لر ایدی. لیکن چین دولتی بو انتریکه دین درحال فایده‌لانالمای قالدی. چونکه شمالی هون دولتی بَك از وقتده غایت زیاده قوتلانیب تمام تورکستان خانلرینی اوز اتحادیه‌سی غه قوشتی و چین دولتی بو دولت بیله‌ن محاربه قیلمای مدارا و بویون اگمك سیاسه تی غه مجبور بولغانی نی چین تاریخ لری بیان قیلماقده‌دور.[23] جنوبی هون دولتی چین بیله‌ن متفق بولسه‌مو چین نیڭ نفوذی نی قبول قیلماسلیقده ایدی. چین تاریخیده "جنوبی هون دولتی چین حمایه‌سی غه کیردی" دییلگه‌ن سوز بو تاریخدین ۵۰ییل کین وقوع غه کلگه‌ن حادثه‌دین عبارت دور. بیانی توبنده کیلادور.

شمالی هون دولتی غه دشمن بولغان جنوبی هون دولتی و سیانپی و ووهوان خانلیق لری شمالی هون دولتی نیڭ کون دین کونگه قوتلانمکده بولغانی دین قورقونچ ده ایدی لر. چین دولتی هم دایما فرصت غه منتظر بولوب ظاهرده مدارا قیلماقده



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ایدی. اخیرا ۷۰م تاریخیده چین امپراطوری میکتی جنوبی هون دولتی و سیانپی دولتی بیله‌ن بیر اتفاق تشکیل قیلیب شمالی هون دولتیغه حرب اعلان قیلدی لر.[24] شمالی هون دولتی بو دشمن لری‌نی نچه دفعه مغلوب اتتی. ۷۳م ده بو اوچ دشمن‌دین مرکب غایت قوتلیك بیر چریك شرقی تورکستان‌غه هجوم قیلدی و بار کول تنگیزی نیك بوییده واقع بولغان قاتیغ محاربه‌ده هون و شرقی تورکستان عسکرلری مغلوب بولدی. بو صورت‌بیله‌ن ۲۳ ییل محاربه دوام اتتی، اخیراً مذکور اوچ دشمن‌نیك بیرلاشکه‌ن قوت‌لری چوخیه‌ن اتلیغ بیر چین قوماندانی نیك قیادتی استیده شمالی هون یورت لری‌غه هجوم قیلیب قاتیغ اوروش‌لردین کین ۹۳م‌ده قاراقوروم شهری نی الدی‌لر و تمام شهرلرنی ویران قیلدی‌لر.[25] تنگری‌قوت مغلوب بولوب اوز تابع‌لری بیله‌ن غربی مغولستان‌غه اوزی‌نی تارتتی. یئنه دشمن‌لر یتیب کلیب تانواولا تاغلری ایچیده قاتیغ محاربه‌لر بولوب اخیراً شمالی هون تنگری‌قوتی مغلوب بولوب اوز تابع‌لری‌دین بیر مقداری بیله‌ن غرب طرفیغه قاچیب هیچ یرده توختایالمای اورال تاغلری و خزر تنگیزی آراسیده‌کی یرلرده یرله‌شتی‌لر. بو تاریخدین کین آوروپاده چوك دولت تأسیس قیلیب اوروپا نیك تورت‌ده اوچی‌نی اشغال قیلغان غرب هون‌لری اوشبو مهاجرلردور[16] (عمومی تاریخ‌لرنی کورسون‌لر).

منه بو صورت‌بیله‌ن شمالی هون دولتی ییقیلیب غربغه کتمگه‌ن‌لرنیك بعضی‌سی اوز یرلری‌ده قالیب سیانپی تورك لری‌غه تابع بولدی لر و بیر قسمی جنوب غه هجرت قیلیب جنوبی هون‌لرغه قوشولدی لر.

شمالی هون دولتی ییقیلغاندین کین چین دولتی نیك الدیده یالغوز قالغان جنوبی هون دولتی چین امپراطوری‌غه خراج بیریب انیك حمایه‌سی استیغه کیریب جان ساقلاماق غه مجبور بولدی و تقریباً ۲۳۰ ییل غه‌چه چین حمایه سیده قالدی. لیکن کین‌لرده قوتلانیب جنوبی هون تنگری‌قوتی ۳۰۴ - ۳۰۸ م

اراسيده چين‌غه هجوم قيليب چين امپراطورى خوەى نى مغلوب و اسير قيليب اوزى‌نى چين امپراطورى اعلان قيلدى.[26] ٣٠٢م غچه جنوبى هون تكرى‌قوتى، لين‌فەن (حاضرقى پيكياك)نى پايتخت قيليب چين‌غه امپراطورلوق قيلدى. بو دولت‌نى چين‌تاريخى دە لياۋ امپراطورليقى ديب يازادور.[27] مذكور تاريخده توپا اتليغ‌تورك لر هون دولتى‌نى كاملاً ييقتى‌لر. بو نيك بيلەن آسيادە مختلف شكل‌لردە تقريباً ٢٠٠٠ ييل حكومت سورگەن هون دولتى ييقيلدى.

**هون دولتى نيك ماهيتى**

بو چوك تورك دولتى تولا و مختلف تورك خانليق لرى و بگ ليك لرى‌نيك بير چوك باشليغ نيك ادارەسى استيدە بيرلەشمك لريدين وجودغە كلگەن بير اتحاديە (كونفدراسيون) امپراطورلوق بولوب قديم ساقا اتحاديەسى‌غە اوخشاش بير دولت ايدى.

مهم و چوك ايش‌لردە، خصوصاً يات دولت‌لر بيلەن اوروشماق ايش‌لريدە، دولت نيك چوك باشليغى (تكرى‌قوت)نيك امرى قطعى بولوب باشقە كيچيك ايش‌لردە و هر خانليق و بگ‌ليك لر نيك داخلى ايش‌لريدە خان‌لر و بگ لر مستقل ايدى‌لر و حتاكە اۆز قوشنە لرى بيلەن اوروشماق و ياراشماق‌دە اختيارليغ و آزاد ايدى لر. مذكور خانليق و بگ ليك مملكت‌لردە تكرى‌قوت طرفيدين عسكر تورماس ايدى، بلكە هر خان‌نيك اورداسى‌دە تكرى‌قوت نيك مُمَثِّلى و انيك كاتب و خذ متكارلرى تورار ايدى. تكرى‌قوت يات بير دولت بيلەن اوروشماقچى بولسە اتحاديەغە داخل تورك خان لرى قُوَتى مقدارىچە عسكرى‌نى همراه اليب باريب اوروش‌غە قاتيلور ايدى لر. و هر ييل معين بير مقدار تارتيغ نى تكرى‌قوت خزانەسى‌غە برمكفە هر خان مكلف ايدى.

چين، ايران و اوروپا تاريخ لرى‌نيك تولا راقى‌دە هون لرنى بولانچى، تالانچى وحشى بير قوم ايدى ديب كورسيتيلادور. بو سوز لر بولسە حقيقت‌سيز تهمت بولوب قليچ بيلەن انتقام الالمغان



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دشمندین قلم بیلەن انتقام الماقدین عبارت دور. بو اوچون هونلرنینگ مدنیتلرینی بیر از بولسەمو بیان قیلماقنی تاریخچیلیق واجباتی دین بیلە میز. اما بو خصوصدە ینە معلوماتنی یوقاریقی دشمن منبعلریدین الماقغە مجبور دور میز. بو منبعلر گرچە ممکن قدر هونلر و باشقە تورکلرنی یمان دیمکغە کوشش قیلسەلرمو سوزگلیشی اولرنینگ مدنیت، انسانیت و تشکیلاتلری خصوصیدە بیر آز معلومات برمك ضرورتیدە قالمیشلردور. و او از معلوماتغە کورە:

هونلر غایت چوك و منتظم بیر دولت تشکیل قیلغان ایدیلر. پوتون اولکەلردە نظام و اسایش برقرار ایدی. هونلرنینگ عدلیە و سیاسیە قانونلری مکمل ایدی، محکمە و تورمالری بار ایدی. دولتنینگ چوك کیچیك اداری شعبەلری بار ایدی. هون دولتیدە هر شکلدە عمومی خلق اجتماعلری بولوب عامّەنینگ رائیی بیلەن توزوت (قانون)لر وضع قیلماق و مهم مشکلاتنی حل قیلماق مُرَوّجْ ایدی. هون دولتی قوتلیك بیر عسکری تشکیلاتغە ایگە ایدی.... ۳ میك دین زیادە راق عسکر ایشلە تور ایدی.[28] پوتون هونلر قول استیدەکی خلق عسکری انضباط و انتظامغە تابع ایدی. یعنی هر تورك بیر عسکر ایدی. ینە بیر طرفدین هر کشی بیر مقدار تریم یری یاکە یایلاغ یریغە ایگە ایدی. هونلر دوریدە کانچیلیق صناعتی و تجارت عمومی تورك یورتیدە بك ترقّی دە ایدی.

چینلیغلر هون مدنیتیدین تولا فایدە الغان ایدیلر. چیندە اوّل رواج تاپقان تقویم قدیم تورك تقویمیدین باشقە بیرنرسە ایمس ایدی.[29]

هون دولتیدە همە تشکیلاتدین عسکری تشکیلات مهم راق بولغان اوچون مملکت عسکری تشکیلات اعتباری بیلەن اوترا، سول، اوڭ دیب اوچ شعبەغە آیریلور ایدی. اوترا شعبە (قول) عسکری ایشلر توپ توغرا تنگریقوت نینگ اوز ادارەسیدە ایدی. سول (برانغار) شرق طرفدەکی شعبە نینگ عسکری ایشلری ولیعهد نینگ ادارە سیدە ایدی. اوڭ (جوانغار) غرب طرفدەکی شعبەنینگ

عسكری ایشلری تنگریقوت خاندانیدین بیر تکین (شهزاده) نینگ ادارهسیده بولور ایدی. شرق طرفی کون توغادورغان طرف بولغان اوچون مقدّس سانالور ایدی. تنگریقوت اوزینی چین امپراطوری دین یوقاری توتار ایدی. منه دشمنلرنینگ شهادتیچه ثابت بولغان بو مدنیت او زمانهلرنینگ اینگ ایگیز مدنیتی سانالادورغان بیر مدنیت دور.[30]

**هونلرنینگ دینی**

هونلرنینگ دینی یوقاریده بیان قیلینغان توییین دینی ایدی. لیکن بولرنینگ دوریده یوقاریده ایتیلغان وجه بیلهن رَبّ النَوع پرست[31]لیک رواج تاپیب عقیدهلری اصولی توبندهکی صورتده ایدی: دنیانینگ ادارهسی توپ توغرا تنگری قولیده بولمای هر بیر ایش اوچون باشقه مامورلر بولوب بو مامورلرنینگ هر بیری‌نی بیر معبودلوق رتبهسیده دیب عقیده قیلینور ایدی. مثلا دنیانینگ ادارهسی یعنی یاراتیش و یوق ایتیش فاعللری قویاش، آی، اسماندور دیر ایدیلر و بولرنینگ هر بیری اوچون مخصوص عبادت و قوربانلیق آیینلر بار ایدی. یرنی انساننینگ جسمانی مُرَبّیسی دیب عقیده قیلیب انینگ اوچون هم قوربانلیق قیلور ایدیلر. معبودلر اوچون قیلانادورغان قوربانلیقلرنینگ تولاراقی آت اولتورمکدین عبارت ایدی. یوقاریقی معبودلرنینگ هر بیری اوچون مخصوص معبدلر و هیکللر بار ایدی. و ینه بولردین کیچیک راق بولغان سو، یامغور، زراعت، اوت، شامال تنگریسیغه عقیده و قوربانلیق قیلور ایدیلر. دیمککه او وقتده تمام دنیاده عمومیت پیدا قیلغان مُشرِک‌لیق تورک یورتیده هم حاکم ایدی.[32]



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

# ٢ ــ فصل

## هون دولتی دوری ده شرقی تورکستان

٢٠٦ م ب تاریخیده شرقی تورکستانده‌کی ٣٦ خانلیق کیچیک دولتلر یوقاریدا ایتیلغان وجه بیله‌ن هون اتحادیه‌سی‌غه کیریب اوز اوستلریده هون تنگری‌قوتی نینگ نفوذی‌نی تونودی لــر. بو تاریخدین اعتبارا" تقریبا" یوز ییل مدت شرقی تورکستان اهالیسی مُکمّل بیر تینچلیق‌ده یاشادی‌لر. بو امنیت سایه‌سیده شرقی تورکستانده زراعت، تجارت و صناعت ایش‌لری بک کنگروب مدنیتی یخشی ترقّی قیلغان ایدی. بو خانلیق یورت‌لرده هون دولتی طرفی‌دین عسکر تورماس ایدی. فقط هر خان‌نینگ اورداسی‌ده بیر نچه کشی ویا بیر کشی‌دین عبارت بولغان بیر مُمَثِّل لیق هیئیتی تنگری‌قوت حضوری‌دین کلیب تورار ایدی. هر خان هر ییلی معین بیر مقدار تارتیغ‌نی تنگری‌قوت حضوری‌غه تقدیم اتمکغه مُکلّف ایدی. تنگری‌قوت یات دولتلر بیله‌ن اوروشسه هر خان اوز قُوّتی‌غه توشلوق عسکر الیب تنگری‌قوت نینگ امری موجیبیچه محاربه‌غه شرکت قیلور ایدی. و تمام خانلیق‌لر بو عمومی سیاست اعتباری بیله‌ن هون تنگری‌قوتی نینگ عالی اداره‌سی استیده بولوب هرخانلیق اوز حدودی ایچیده‌کی داخلی ایش‌لرده مستقل ایدی. هر خان اولسه انینگ اورنیده اوغلی ویا خاندانی‌دین بیر کشی ویا یورت اهلی‌نینگ انتخابی بیله‌ن بیر کشی خان بولور ایدی. تنگری‌قوت بونی تصدیق قیلور ایدی. شرقی تورکستان خانلیق دولتلری ١٠٨ م ب‌غه‌چه اوشبو وضعیت ایچیده یاشادی‌لر و بو مدت ایچیده شرقی تورکستان خان‌لری‌نینگ چین و باشقه یات دولتلر بیله‌ن هیچ مناسبت ویا عداوت‌لری یوق ایدی.[33]

## چين نيڭ شرقى توركستان غه تونجى قتيم تعرضى ومغلوب بولغانى

۱۱۹ مب تاريخيده كى گانسو محاربه سيده[34] هون عسكرى مغلوب بولوب چين عسكرلرى گانسو غه استيلا قيلغاندين كين امپراطور وودى حرص و طمع قولى نى شرقى توركستان غه اوزاتقالى باشلادى. گانسو حدودىغه توتاش بولغان لولان و قوجو خانلرى چين عسكرىغه قارشى شدت بيلەن مدافعه قيلور ايدى لر. اخيراً ۱۰۸ مب تاريخيده امپراطور وودى، چاوپونو اتليغ بير قوماندان نيڭ قول استيده شرقى توركستانغه نورغون عسكر يوللادى[35]. لولان ولايتىغه هجوم قيليب لولان خانى نى اسير قيلدى. اندين كين قوجو هجوم غه اوچراب قوجو خانى اوروشوب اخيراً مغلوب بولدى. بو صورت بيلەن شرقى توركستان نيڭ شرقيدەكى قوتليك ايكى خانليق حصه سى چين قوليغه توشتى.

۱۱۵ مب تاريخيده وودى شرقى توركستان نيڭ اك قوتليك دولتى بولغان ووسون دولتى نيڭ خانىغه يوقاريده اتى اوتكەن چاڭجيەن نى الچى قيليب ايباردى[36]. چاڭ جيەن، ووسون خانى بيلەن دوستلوق معاهدەسى عقد اتتى و امپراطور وودى ووسون خانىغه بير قيزىنى بردى. موندين كين التى شهر و ايسيغ كول اطرافيدەكى خانلر اوزلرى نيڭ اوستلرىدە چين حاكميتى نى تونوماقغه مجبور بولدى لر.

امپراطور وودى غربى توركستان خانلرى نى هم اوزىغه تابع قيلماق اوچون فرغانه خانى نيڭ الديغه الچى ايباردى. فرغانه خانى مذكور الچى نى اۆلتوروب جواب بردى[37]. وودى بو حادثەدين كين ۱۰٤ مب فرغانه غه عسكر يوللادى. فرغانه خانى بو چين عسكرى نى كاملاً يوق اتتى. بو حادثه وودى نيڭ حرصى نيڭ اوستىغه انتقام حسى نى اشوروب ۱۰۲ مب تاريخيده فرغانەغه آتمِشمِڭ عسكر يوللادى. بو چين عسكرى فرغانەغه غاليب كليپ خان اوروشدە اۆلدى و چينليغلر انيڭ تختىغه فرغانه اهالى سيدين بيرىنى اولتورغوزوب خان تعين قيلدى لر. منه بو صورت بيلەن فرغانه هم



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

چین نفوزی استیغه کیریب قالدی. چین مؤرخ لری بو چین غالیبیتی نی "چین دولتی شرقی و غربی تورکستانغه ایگه بولدی" دیب ذکر قیلادور. لیکن حقیقتده ایگه بولغانی نیڭ غلط ایکه‌نلیکی نی ینه چین تاریخیده کوره‌میز. چونکه چین تاریخ کتابلری‌ده یازادورکه چین نیڭ بو استیلاسی هیچ دوام قیلمادی[38]. بعضی وقتلرده خانلرنیڭ بعضی سی و بعضی وقتلرده همه‌سی چین‌غه حرب اعلان قیلیب چین نفوزی‌نی یوق ایتار ایدی، و ینه بیر وقتده چین‌عسکری غایت مشکل‌لیک بیله‌ن بعضی شهرلرنی استیلاسی استیغه السور ایدی. نچه‌دفعه‌ینه‌هون عسکرلری کلیب چین عسکری‌نی تورکستاندین قوغلاب چیقاردی‌لر، و نچه دفعه ینه چین عسکری غالب بولسدی. بو صورت بیله‌ن شرقی تورکستان تورك و چین عنسکرلری اراسیده بیر اوروش میدانی بولوب ۲۲ ییل‌مدت قانلیغ محاربه‌لر دوام قیلدی. ٦٨ م‌ب تاریخیده چین‌ده انقلاب چیقیب امپراطور وودی اولتورلوب[39] شرقی تورکستان‌ده‌کی چین عسکری، هون تنگری‌قوتی نیڭ یاردمی بیله‌ن یوق اتیلدی[40] و شرقی تورکستان‌خانلری‌هون‌اتحادیه‌سیغه‌کیریب ۳۷ ییل مدت اسایش و امنیت‌ده یاشادی لر.

### چین دولتی نیڭ شرق تورکستان غه اول دفعه استیلاسی (۵۹ ــ ۱۰ م ب)

٦٠ م‌ب تاریخیده هون شهزاده لریدین چیچی خان و خوجان‌سی خان اراسیده چیقغان داخلی محاربه و سیانپی تورك لری‌نیڭ هون‌مملکتی‌غه هجوم قیلغان فرصتدین چین امپراطوری استفاده قیلیب جیڭجی اتلیغ بیر قوماندانی‌نی تولا عسکر بیله‌ن شرقی تورکستان‌غه یوللادی. جیڭجی ٥٩ م‌ب ییلده لولان و قوجو خان لری‌نی مغلوب قیلیب بو ایکی یورت‌نی الدی. اندین کین کنگیت (قاراشهر) کوچا، کاشغر، یارکند، ختن باشلیغ ۳٦ خانلیق دولتلر ارقه ارقه‌دین چین قوّتی الدیده مغلوب بولوب انقیاد اتمکغه مجبور بولدی‌لر[41] استیلا تمام لانغاندین کین چین‌امپراطوری

جيكڭجى نى شرقى توركستانغه عمومى والى تعين قيلدى ، ولسوپ كۆل لرى يانيده وولى اتليغ شهرنى مركز قيلدى (حاضرده بو شهر دين اثر يوقدور ). چين تاريخ لرى نيڭ بيانى غه كوره بو استيلا ٤٩ ييل دوام قيلغان ايميش دور.[42] بو مدت ايچيده شرقى توركستان ده بولغان واقعات خصوصيده معلوماتيميز يوقدور .

### شرق توركستان نيڭ چين استيلاسى دين قوتولغانى

١٠ مب تاريخيده هون تڭرى قوتى شرقى توركستان غه ياردم عسكرى يوللادى . بو ياردم قوّتى كلگەن زمان خان لر هر بيرى اوز يورتى دەكى چينليغ لرنى يوق اتتى لر و شرقى توركستان نيڭ شرقى و شمالى دەكى خانليق دولت لر هون تڭرى قوتى نيڭ حمايه سى غه كيردى لر.[43] اما جنوب ده ختن ، يارکند ، كاشغر ، اوچ ، كوچا خان لرى فقط هون دولتى بيلەن دوست بولوب كاملاً مستقل صورت ده ياشادى لر . جنوبدەكى خان لرنيڭ همه سى دين يارکند دولتى نيڭ خانى كوچلوغراق ايدى .

### شرق توركستان التى شهر خان لرى اراسيده داخلى اختلاف

٤٠ م ده يارکند خانى شرقى توركستان خان لرى نى اوزى غه تابع قيلماق و قوت ليك بير تورك دولتى تشكيل قيلماق اوچون ختن خانى ايپار خان بيلەن مجادله قيلماق غه باشلادى . آز كون لرده ايپار خان نى مغلوب قيليب و اۆلتوروب ختن نى و اندين كين كاشغرنى هم الدى . ٤١ م ده كوچاغه هجوم قيليب كوچا خانى نى اوروش ده اۆلتوروب كوچانى الدى و اوز اوغلى نى كوچاغه خان تعين قيلدى . موندين كين يارکند خانى كنگيت ، قوجو ، لولان ، خانليق لرى نى هم اوزيغه تابع قيلماق اوچون كوشش لر قيلدى . ليكن او خانليق لر هون دولتى نيڭ حمايه سيده بولغان اوچون مُوَفق بولالمادى .[44]



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

٤٨ م ده هون دولتی ایکی غه ایریلغان وقتده شرقی توركستاندين هون نفوذی یوق بولدی. اما بو وضعیت اوزون دوام قیلمادی، چونکه شمالی هون دولتی کوچلانیب قوجو، لولان، کنگیت، شرق و شمال ده کی باشقه خانلرنی اطاعتی غه کیرگوزدی. کوچا اهالی سی هم یارکند خانی دین قوتولماق اوچون هون حمایه سی غه کیردی لر. یارکند خانی ٦٠ م غه چه ختن، کاشغر، اوچ، مملکت لری غه حکم دارلیقده دوام قیلدی. بو مدت ایچیده شمالی هون دولتی بیله ن دوستانه طرزده معامله قیلاشور ایدی.[45]

ایلگری یارکند خانی نیڭ قولیده اولگه ن ختن خانی ایپار خان نیڭ قریندا ش اوغلی کون توغدی خان تقریباً ٦٠ م تاریخیده یارکند خانی نیڭ ضدّی غه اغتشاش چیقاریب ختن نی الدی. اندین کین یارکندغه هجوم قیلیب او یرنی اشغال قیلغاندین کین کاشغر و اوچ نی هم الیب یارکند خانی نیڭ وارثی بولوب قوتلیك بیر دولت قوردی. کون توغدی خان شمالی هون تڭری قوتی بیله ن صمیمی دوست ایدی و بیر هون سفیری ختن اورداسی ده تورار ایدی.[46]

**شرق توركستان وچین اراسیده ٣٠ ییل لیق (٤ — ٧٣ م ك) شوقوش**

یوقاریده ایتیلغان وجه بیله ن شرقی توركستان نیڭ شمال و شرقی ده کی خانلیقلر هون دولتی نیڭ حمایه سیده و غرب طرفی (ختن، یارکند، کاشغر، اوچ) ولایت لری کون توغدی خان نیڭ حاکمیتی استیده اسایش بیله ن یاشاماقده ایدی لر. ٧٣ م ده چین امپراطوری میڭتی شرقی توركستان غه استیلا قیلماق اوچون پانچاا وا تلیغ بیر قوماندان نی قول استیده تولا قوشون یوللادی.[47] و بو دشمن قوت غه قارشی تورماق اوچون هون و شرقی توركستان عسکر لری دین مرکب بیر قوشون بارکول ده جمع بولدی. پانچاو، بارکول غه هجوم قیلیب شدتلیك اوروشلر بولدی، اخیراً هون و توركستان قوشونی مغلوب بولوب پانچاو بارکول و قومول خانلیق لری نی اشغال قیلدی.

٧٤ م ده قوجو خانی نی مغلوب قیلیب او ولایتنی هم چینغه تابع قیلدی. موندین کین امپراطور میگْتی، پانچااوغه یاردم قوتی ایباریب شرقی تورکستاننیڭ باشقه خانلیق یورتلری نی ضبط اتمکفه امر اتتی[48]. پانچااو ٧٥ م ده لولانغه هجوم قیلیب بیرنچه اوروشلردین کین غالب بولوب لولان دهکی هون مُمَثّلی نی و باشقه هون مأمورلری نی اۆلتوروب لولان خانی نی چینغه انقیاد قیلماقاوچون آنتْ ایچمکفه مجبور قیلدی. اندین کین پانچااو جنوب غه یوروش قیلیب چرچن خانی نی چینغه تابع قیلدی. ٧٧ م ده پانچااو ختنغه هجوم قیلدی. کون توغدی خان تولا اوروشلردین کین

مغلوب بولوب صلح طلب اتمکفه مجبور بولدی. پانچااو، ختن اوردا سیدیکی هون سفیری نی اۆلتورمك و چین حمایهسی نی قبول اتمك شرطی بیلهن صلح قیلماق نی قبول قیلدی. کون توغدی خان مذکور شرطلرغه عمل قیلیب هون سفیری نی اۆلتوردی و چین حمایهسی نی قبول اتتی. بو نیڭ بیلهن یارکند، اۈچ، کاشغر، هم چین نفوزی استیغه کیرگهن بولدی. بو حادثهلردین کین کوچا خانی کون خان، هون تکْری قوتی دین یاردم الیب اوچ و کاشغرنی پانچااو وکۈن توغدی خانلردین تارتیب الدی. بیر ییل دین کین ینه پانچااو و کۈن توغدی خان کاشغر غه هجوم قیلیب اویرنی اشغال قیلدیلر. آمّا اوچ نی الالمادیلر. بو اراده چین امپراطوری شرقی تورکستانغه بیر عمومی والی تعین قیلیب اوکٔا تولا یاردم قوتی ایباردی. عمومی والی کاشغرنی مرکز قیلیب اولتوردی. پانچااو چین عسکری باش قوماندانی صفتی بیلهن کاشغرده توردی. کاشغرنیڭ داخلی ایشلری نی ایلگرکی کاشغر خانی نیڭ اوغلی غه بیریب انی خان تعین قیلدیلر[49]

٨٠ م ده کوچا خانی کۈن خان، کنگیت خانی و اۈچ خانی بیلهن بیرلاشیب کاشغر غه هجوم قیلیب چین عسکری نی قاتیغ مغلوب قیلیب تولا راقی نی یوق اتتیلر. چین عمومی والی سی نی کنگیت عسکرلری توتوب اۆلتوردی. پانچااو از غینه عسکری بیلهن ختنغه قاچتی. بو مغلوبلوق نتیجه سیده امپراطور جاڭتی شرقی



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

توركستان‌دین امیدی‌نی اوزوب پانچااو نی عسکری بیله‌ن چین غه قیچقیردی. پانچااو بو امر موجبیچه چین‌غه کتمکفه تیار بولفاند° کون توغدی‌خان،کنگیت و کوچاخانلری‌دین قورقوب پانچااو نی کتکه‌لی قویمادی. کون توغدی‌خان دوستلری بولفان ووسون وسوغوت خانلریدین یاردم‌الدی. امپراطور جاگتی بو وضعیت‌نی اکلاب عزمی‌نی قوتله‌ندوروب پانچااو غه یاردم قوتی ایباریب شرقی توركستان محاربه‌سی‌غه دوام قیلماق‌غه امراتتی. بونیك بیله‌ن پانچااو قوتله نیب ۵۸ م ده کاشفرنی الدی.[50]

اوچ، کوچا، وکنگیت خانلری پانچااو بیله‌ن‌دایما اوروش قیلور ایدی لر. ۹۰ م ده باختر و هندستان پادشاهی بولفان یاوچی خانی وایماکادفایسیز ۷۰۰۰۰ اتلیغ عسکر نی پانچااو نیك اوستیگه یوللادی. اما بو اوزون تاغلیق یوللردین هاریب کلگه‌ن عسکرلر مغلوب بولوب قوماندانی باشلیغ تولاسی اولوپ ازراقی یانیب کتتی[51] (تفصیلی توبنده‌کیله‌دور)، بو حادثه چین‌نیك حرصی‌نی غایت درجه‌ده قوتله‌ندوردی و چین‌دین ارقه ارقه دین یاردم قوتی کیلابردی. ۹۱ م ده پانچااو اوچ وکوچاغه هجوم قیلیب بو ایکی خانلیق‌نی اشغال قیلدی.اما کنگیت خانلیقی‌نی هیچ وجه بیله‌ن الالمادی و دایما اوروش جاری ایدی. ایلی‌ده‌کی ووسون خانی کاملاً مستقل بولسه‌مو چین امپراطوری نیك دوستی و بیر روایت‌غه کوره کیو اوغلی و یاردمچی‌سی ایدی. الحاصل بو تاریخ ده چین نفوذی‌نی قطعیاً قبول اتمه‌ی اوز استقلالی‌نی قلیچ کوچی بیله‌ن ساقلاغان بیرغینه خانلیق کنگیت (قاراشهر) خانلیقی ایدی.[52] پانچااو کوچانی پایتخت قیلیب چین اسارتی‌غه مبتلا بولفان‌خانلرنیك اوستیغه عمومی والی‌لیك صفتی بیله‌ن ۱۰۲ م غه‌چه شرقی توركستان نیك تولاراق حصه‌سی‌غه حکمدارلیق قیلدی؛ و کنگیت خانی بیله‌ن دایما اوروش قیماقده ایدی. پانچااو ۱۰۳م ده‌چین غه یانیب کتتی. اورنی‌غه اوغلی پان‌یوك عمومی والی بولدی.[53]


پانچااو كتكەن بيلى ختن و ياركند خانلرى استقلال اعلان قيلدى. و پانيوكٔ نيكٔ قوليدە يالغوز كاشغر، اوچ، كوچا، لولان ولايتلرى قالدى. پانيوكٔ، بيلدين بيلغە ضعيفلاشماق دە ايدى. خانلر بيرر بيرر دين استقلال اعلان قيلدىلر. چين تاريخىغە كورە بو خانلرنيكٔ بعضىسى هون لرنيكٔ ياردمى بيلەن استقلال قولغەكلتوردى. ينە چين تاريخيدە يازادوركە بو نيكٔ بيلەن چيننيكٔ غربغە قيلادورغان تجارتى توختامادى و خانلر چين تجارت مالى نيكٔ اوتمكيغە مساعدە قيلور ايدى.[54]

كورولوركە ٧٣- و ١٠٣ م آراسيدەكى ٣٠ بيل مدت ايچيدە شرقى توركستان بير حرب ميدانى بولوب چين استيلاسى قارار آلالمادى. پانچااو ختن خانى و كوچا خانى اراسيدەكى دشمنليك دين استفادە قيليب بو اوزون سورگەن قانليغ محاربەلرنى سۆرگۆزوب بير مونچە شهرلرنى قيسقە مدت استيلاسى استيغە الميش دور. منە بو مناسبت بيلەن بو اوتوز بيللیق واقعەلرنى شرقى توركستان و چين اراسيدە ٣٠ بيللیق محاربە ديميز. باشقە تاريخ كتابلريدە واقعەلرنيكٔ تفصيلاتى دين خبر بريلماسدين بو مدتنى چين استيلاسى ديب يازيلغانغە اعتبار برمايميز.

افغانستان تاريخيغە كورە وايماكادفايسيز نيكٔ عسكرلرى مغلوب بولغاندين كين ١٣٠ م غەچە ياوچى پادشاهلرى چين غە خراج برمكغە مجبورلوقدە قالغان ايدى. مذكور تاريخ دە كانيشكاى شرقى توركستاننى الدى و چين عسكرلرىنى مغلوب اتتى ديب يازيليب دور. اما چين تاريخيدە بو سوز يوقدور. ليكن عصرى تاريخ لر نيكٔ اتفاقىغە كورە شرقى توركستاندە ١٣٠م نيكٔ الديدە قوتليك بير چين نفوذى پيدا بولغانى و حتاكە فرغانە و سوغوت اولكەلرىغەچە چين عسكرى كلگەنى مجمل صورتدە معلومدور اما تفصيلاتى معلوم ايمس دور.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى


۴نچی - قوشخانلر دولتی
مغولستان
چین
هندوستان
قوشخانلر دولتی نینگ
حدودی ......

## ٣ــ فصل

### قوشخان امپراطورلوق

يوقاريده ذكرى اوتكه‌ن ياوچى‌لر،باختر (بلخ) و تخارستان (قطغن و بدخشان و سوغوت (بخارا و سمرقند) اولكه‌لرىده يرلاشيب او يرلرده‌كى ساكا توركلرى‌نى هيداب چيقاريب بو اولكه‌لرده بش مستقل خانليق تشكيل قيلدى. هون دولتى قوتليك وقتده مذكور ياوچى خانلرى تكرى‌قوت‌غه خراج بيريب تابع ليق‌ده ياشارايدى‌لر. تقريباً ٤٠ م ده ياوچى‌لردين باختراولكه سيده‌كى قوش‌خان قبيله‌سى‌نيڭ خانى كادفايسيز تمام ياوچى‌لرنى اۆز اداره‌سيغه كيرگوزوب شمالى افغانستان (باختر) اولكه‌سى ده‌حكومت قيلماق‌ده بولغان يونانليغ‌لرنى يوق اتيب هندوكش تاغلرى‌غه‌چه كه‌كۆرو مملكت‌لرغه حاكم بير دولت تأسيس قيلدى. باختر شهرى (بلخ) نى مركز قيلدى و دولتى‌غه قوشخان دولتى عنوانى‌نى بردى. اوروپا، هندو چين تاريخ لريده تحريف بيله‌ن كوشان دييله‌دور و بعضى عصرى مؤرخ لر هم بو محرّف لفظ نى ايشله‌تمكده‌دورلر.

كادفايسيز ٥٠ م ده كاپيسا (قديم كابل) و قندهارنى اشغال قيلدى، اندين‌كين هرات و سيستان‌نى هم اۆز دولتى‌غه قوشوب آلدى، هندوستان‌غه هم يوروش قيليب جهلم درياسى‌غه‌چه آلدى، ٧٨ م ده اۆلدى. اوغلى وايما ايكنجى كادفايسيز عنوانى بيله‌ن تخت‌ده اولتوردى، فتوحاتى‌نى سند درياسى‌نيڭ دلتاسى (بوگونكى كراچى) غه‌چه يتكوزدى و او يرده‌كى ساكا حكمدارلرى‌نى اوزى‌غه تابع قيلدى.

شرقى توركستان و چين آراسيده‌كى ٣٠ ييل‌ليق محاربه‌لر وايما ايكنجى كادفايسيز نيڭ دورى‌غه توغرا كيلادور[55]. وايما كادفايسيز، چين امپراتورليقى نيڭ تورك خانليق لرى‌نيڭ ضدى‌غه



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

حربی اقدامات قیلیب بیر مونچه تورک لرنی اطاعتیغه کیرگوزگه نسی دین اندیشه قیلماقده ایدی؛ و اوزینی چین امپراطوری بیله‌ن تەڭ کورور ایدی. بناًعلیه وایماکادفایسیز ۹۰ م ده چین‌غه بیر الچی یوللادی. ایبارگه‌ن مکتوبی نیڭ مضمونی "تورک خان لری‌غه تعرض قیلماقدین درحال قولیگیزنی تارتیڭ و قدیم دین تورک امپراطورلری‌غه چین امپراطورلری‌نیڭ قیز بیره‌دورغان عنعنه سی غه موافق مڭا قیزیگیزنی بریڭ" دیمك معناسیده ایدی[56]. الچی کاشغرغه کلگه‌ن ده پانچااو، الچی نی حبس قیلدی و کین حبس دین چیقارسه مو چین‌غه یول برمای باخترغه یاندوردی. وایماکادفایسیز درحال سی اتلیغ بیر قوماندان نیڭ قول استیده ۷۰۰۰۰ اتلیغ عسکرنی کاشغرغه یوللاب پانچااو باشلیغ چین عسکرلری‌نی یوق اتمکغه امر اتتی. بو عسکرلر حاضرقی واخان و تاش قورغان یولی بیله‌ن کاشغرغه کلدی. لیکن بو عسکرلر یول نیڭ اوزون و یمان مشقتلیك لیکی سببی دین غایت درجه‌ده هاریب و عاجزلاب کلگه‌ن ایدی‌لر. مننه بو سبب دین بو عسکرلر پانچااو نیڭ عسکری‌دین یمان صورتده مغلوب بولوب و قوماندان لری (سی) مقتول توشوب ۷۰۰۰۰- اتلیغ عسکرنیڭ تولاسی محو بولوب ازغینه سی قاچیب کتتی[57].

بو مغلوبیت نیڭ نتیجه سیده وایماکادفایسیز چین تعرضی دین ساقلانماق اوچون چین امپراطوریغه بیر مقدار باج برمکغه مجبور بولدی و بو باجگذارلیق کانیشکای‌نیڭ عصری‌غه‌چه دوام قیلدی. بو روایت افغانستان نیڭ عصری تاریخ کتاب لریده ذکر قیلینماقده‌دور. اما چین تاریخی بونی تأیید قیلمایدور.

۱۱۰ م ده وایماکادفایسیز اولوب اورنیغه اوغلی و بیر روایتغه کوره توغقانی بولغان کانیشکای پادشاه بولدی. کانیشکای[58] بك سیاسی و جهانگیر بیر ادم ایدی. تختده اولتورغان کونی دین اعتباراً چین‌غه باج برمکنی کستی. هندستان غه یوروش قیلیب گانگا دریاسی غ·چه فتح قیلدی و هندستان نیڭ مختلف یرلیك حکمدارلرینی یوق اتتی، کشمیرنی فتح قیلدی. بو

فتوحات دين كين باختردە بير والي قويوب پورش پورە (پشاور) شەھرىنى پايتخت قيلدى. بو واقعات نيڭ تفصيلاتي ني افغانستان و ھندوستان تاريخ لريدە كورولسون[59].

## آلتي شهر نيڭ قوشخان امپراطورلوق غە قوشولغاني

١٥٠ م غەچە شرقي توركستان دە بولغان واقعات خصوصيدە ھيچ معلوماتي ميز يوق دور. براق، ٢-عصر ميلادى دەكي الڭ قوتليك تورك امپراطور لوقي بولغان قوشخان خاندانى دين مشھور كانيشكاى شرقي توركستان غە يوروش قيليب التي شھر خان لري ني اطاعتي غە كيرگوزدى. بو واقعە سياست اعتباري بيلەن مھم بير واقعە بولغاني نيڭ اوستيغە شرقي توركستان تاريخيدە بيرنجي درجەدە اھميتليك دور. چونكە بو واقعە سببي دين شرقي توركستان دە غايت چوڭ و مثلي كورولمگەن بير دين و مدنيت انقلابي حاصل بولغان ايدى. بو جھتدين مھم كورولگەن معلوماتني تفصيلاً بيان قيلاميز.

كانيشكاى ١٣٠ م دين باشلاب اۆگوز نيڭ شمال طرفيغە يوروش قيليب چين عسكرلري بيلەن اوروشقالي باشلادى. اخيرا ١٥٠ م دە كانيشكاى غايت قوتليك و منتظم عسكر ترتيب بيريب شرقي توركستان غە يوروش قيلدى. واخان يولي بيلەن يوروب تاغدوم باش ارت (واغجيرداوان) دين اشيب سريغ قول ني اشغال قيليب اندين كين كاشغرغە ھجوم قيلدى. او يردەكي چين قوتلري ني كاملاً يوق قيليب كاشغر، ياركند، ختن، اوچ، كوچا خان لري ني اطاعتي غە كيرگوزوب باشارگون بوغازي غەچە فتح قيلدى[60]. بو مذكور خان لر كين اطاعت دين چيقماسون ديگەن غرض بيلەن ھر خان نيڭ بير اوغلي ني رھن طريقەسي بيلەن اليب پورش پورغە ياندى. كانيشكاى بو رَھِن خانزادە لرغە بك احترامكارانە و شاھانە معاملە قيلور ايدى. بو خانزادە لر ياز موسميدە كاپيسيا شھري دە (قديم



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

کابل دور حاضرقی چاریکار شهری‌غه یاقین‌بگرام قریه سیده ایدی) و قیش‌کون لریده قندهارده تورار ایدی‌لر. قوشخان‌لرنیڭ کانیشکای دوری‌ده‌کی سلطنتی نیڭ کنگرولوکی‌نی ٤نجی خریطه‌ده کورولسون.

کانیشکای و باشقه قوشخان (کوشان) امپراطورلری‌نیڭ تمام واقعاتی‌نی بیان اتمك بو کتاب نیك وظیفه‌سی ایمس‌دور، بالفوز قوشخان امپراطورلری‌نیك شرقی تورکستان‌غه استیلاسی سببی‌دین شرقی تورکستان‌ده وجودغه کلگه‌ن‌دین و مدنیت انقلابی تاریخ نظری‌ده تولا مهم‌دور. منه بو واقعه‌نی افغانستان و چین تاریخ لری‌دین الیب محترم اوقوغوچی لرغه عرض ایتامن.[61]

**قوشخان لر دوریده شرقی تورکستان ده دین و مدنیت**

شرقی و غربی تورکستان و حتّاکه یاوچی و ساکا تورک لری کانیشکای‌نیڭ زمانه‌سی غه‌چه قدیم تورك دینی بولغان تویین دینی‌ده ایدی لر. باختر، یاوچی لر نیڭ سیاسی مرکزی‌بولغانده‌ك دینی مرکزی هم ایدی. باخترده نوبار اتلیغ مشهور معبد تویین دینی نیڭ اڭ چوڭ و مقدس معبدی ایدی. بو معبدنی ایران تاریخ لریده نوبهار دیب اتایدور. بو معبد یَفْتَلْ لر نیڭ انقراضی غه‌چه تویین، شامان و بودا دین لری‌غه بیرر دین حصه‌سی ایریلغان چوڭ بیر معبد ایدی. یفتل لرنیڭ انقراضی‌دین‌کین نوشیروان بو معبدنی مجوسی لرنیڭ آتشگده‌سی قیلغان ایدی. اسلام دوریده هم بو معبد مجوسی‌لرنیڭ اڭ مقدس سانایدورغان معبدی ایدی. ٤ نجی عصر هجری‌ده ییقیلدی.[62]

کانیشکای هندوستان نیڭ پتنه شهری‌نی فتح قیلغان دین کین مذکور شهرنی بودا دینی نیڭ پیشواسی آسواگوشا نیڭ دعوتی بیله‌ن بودا دینی غه کیردی. بو کوندین باشلاب اوزی نیڭ سلطنتی‌غه قارایدورغان مملکت‌لرده بودا دینی نیڭ رواجی‌غه تولا کوشش‌لرنی قیلدی. کانیشکای‌نیڭ دعوتی بیله‌ن افغانستان (باختر)

و سوغوت و تخارستانده بودا دینی تولا رواج تاپتی . شرقی تورکستانده او قدر سرعت بیله‌ن بودا دینی یاییلدی که از زمانده بو بودا دینی توبین دینی بیله‌ن تەڭ درجه‌ده نفوز پیدا قیلدی . بودا دینی نیڭ "ماتتیریا سامیتکا" کبی برقانچه مقدس کتابلری نی شرقی تورکستان محررلری تورکچه غه یشیپ اویغور حرفی بیله‌ن یازیب نشر قیلدی.[53] کانیشکا ی نیڭ دعوتی بیله‌ن بودا دینی نیڭ راهیبلریدین شرقی تورکستانغه تولا راهیبلر کلدی . افغانستان تاریخی غه کوره ختن شهری بودا دینی نیڭ مرکزی بولغان ایدی و ختنده ١٠٠ بودا معبدی و ٥٠٠ راهیب بارلیقی نی بیان قیلینیدور. بسیر چین سیاحتچی سی بو شهرده مذکور مقدارده توبین معبدلری و راهیبلری بارلیقی نی بیان قیلیبدور . چینده بودائی بولغان راهیبلردین فاشه‌ن اتلیغ بیری ٣٩٩ م ده ختن غه کلگه‌ن و اویردین کشمیر یولی بیله‌ن هندوستانغه کتکه‌ن ایدی . مذکور فاشه‌ن سیاحتنامه‌سیده یازیبدورکه او زمانه‌ده ختن بودا دینی نیڭ جنتی ایدی و غایت زینتلیك معبدلر بنا قیلینغان ایدی . بو معبدلر نیڭ بیریده بش میڭ غه یاقین راهیب بار ایدی بو راهیبلردین بیری بولغان کوماراجیوا کوچاده اولتورور ایدی.[64] کوچا خانی نیڭ قیزی نی نکاحیغه الغانلیقی مشهور روایتدور . و ینه چین تاریخی غه کوره شرقی تورکستان نیڭ او زمانه‌ده هندستاندین قالسا ایکنجی درجه‌دە بودا دینی نیڭ مرکزی ایکه‌نلیکی ثابتدور . چونکه چین اهالی سی نی بودا دینی غه کیرگوزمك اوچون ختن ، کاشغر ، کوچادین تولا راهیبلر چینغه باریب او وقتده چین پایتختی بولغان لویاڭ (حاضرقی خونه‌ن ) شهریده معبدلر تاسیس قیلغان ایدیلر.[65] کینلرده بو دین قوچو (توریان )ده رواج تاپتی و شرقی تورکستان راهیبلری نیڭ دعوتی بیله‌ن شرق مملکتلریده اورخون و سلنگادریالری بوییدکی مدنیتلیك اویغورلر بودا دینی نی قبول اتتیلر.[66]



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دین رابطه سی سایه سیده شرقی تورکستان ،هندستان افغانستان و چین اهالی سی اراسیده بیر یقینلیق پیدا بولدی، بو یقینلیق نیك نتیجه‌سی یالغوز دینی ایشلر غینه چه‌كلیك بولمادی بلکه بو سایه‌ده مملکتلرنیك بیر بیری نیك مدنیتی بیر بیری غه تولا سرایت قیلدی . هندستان دین هر قسم صناعت ادملری شرقی تورکستانغه تولا کلیب بو یورت اوز صناعتلری نیك اوستی غه هندستان صناعتی رواج تاپتی و ختن اهالی سی هندوستانغه یول تاپیب تجارت قافله لری باریش کیلیش اك یاقین یولدین جاری بولدی . شرقی تورکستان دین چینغه بارغان لر او یرغه بیده وتال اوروغلری نی الیب باریب چین لیغ لرغه بیده تریماق و تال یتکوزوب اوزوم حاصل قیلماق نی اورگه‌تتی لر . شرقی تورکستان دین چینغه بارغان لولان لیغ شایلون اتلیغ بیر تورك چین دین کاغذ صناعتی نی اورگه‌نیب شرقی تورکستانغه بو صناعت نی یایدی . حاضرده ختن و یارکندده رواج لیغ بولغان کاغذ چی لیك عیناً او زمانه‌دین قالغان قدیم اوصول دور . چین تاریخیغه کوره لولان‌ده کاغذ چی لیك ١٠٥ و ١٥٠ م اراسیده رواج تاپقان ایکه‌ن دور . الحاصل دین سایقه‌سی بیله‌ن هندستان و چین و باشقه یرلرغه بارغان شرقی تورکستانلیغ لر مذکور مملکتلرغه تورکستان نیك مدنیتی نی تاراتقانده‌ك او یورتلر نیك صناعت و علم و باشقه مدنیت اصول لریدین تولا فایده لیغ اصول لرنی کلتوردی لر . منه بو صورت بیله‌ن بو یورت نیك مدنیت اصولی ده مهم بیر تغییر و انقلاب یاکه ترقی حاصل بولدی .

**شرق تورکستان دین قوشخان لرنیك نفوذی ییقیلیب یرلیك خان لرنیك مستقل بولغان لری**

کانیشکای ١٤٠ م ده وفات قیلیب اورنیغه اوغلی هوشکا پادشاه بولدی . بو نیك دوری ده شرقی تورکستانده هیچ اۆز گوروش بولمای تینجیلیق ایدی . هوشکا تقریباً ١٧٢ م ده اۆلوب اورنیغه واسودیوا اتلیغ بیر ذات پادشاه بولدی[67]. واسودیوا ایران

شاه لری (ساسانی لر) بیلەن تولا محاربە قیلیب و هم هندستانده بعضی راجالر استقلال اعلان قیلیب نتیجەده قوشخان دولتی ضعیفلاشقالی باشلادی. اما التی شهرده قوشخان دولتی نیڭ نفوذی اوز حالی بیلەن بارایدی. واسودیوا ۲۲۰ م ده اولدی. بو تاریخده التی شهر خانلری استقلال اعلان قیلدی لر. التی شهر خانلری نیڭ بو استقلال لری سیانپی اتحادیەسی غە کیرگوچەدوام قیلدی. یعنی بیر یوز قرق بیل مدت بو یورت لرغە هیچ بیر عالی نفوذ یول تاپمای مستقل یاشادی لر.

## ٤ــ فصل

## سیانپی بیرله شمه دولتی

### چین استیلاسی دین سیانپی اتحادیه سی غه کیریش اراسیده کی مدت ده شرق تورکستان نیڭ شرق وشمالی حصه لری

یوقاریده ایتیلغان وجه بیلەن مشهور چین قوماندانی پانچااو نیڭ شرقی تورکستان نیڭ شرق حصه لری غە استیلا قیلغان تاریخیدین باشلاب قوجو، بارکول، لولان، کنگیت اولکه لری نیڭ خصوصیده اشانگودەك بیر معلومات یوقدور. مذکور تاریخدین ۲۲۰ م غەچە چین دەکی امپراطورلوق (خەن) خاندانی نیڭ قوتی بەك زیاده بولوب تمام مغولستان و آلتای دەکی تورك خانلیق لری چین امپراطوری غەخراج بریب و تابع لیق صورتده یاشارایدی لر. منه بو دلیل بیلەن مذکور حصه لرغە هم چین حاکمیتی باربولسا کرەك دیب گمان قیلینادور.[68]

ایلی و ایسیغ کول اطرافی و یته سو خانلیق لری مستقل حالده ایکەنلیك لری قوتلیك احتمال دور. ایمیل (تارووتای) و ایکی اوکوز (حاضرقی التای) خانلیق لری چین حمایەسی استیده




ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

غربی مغولستاندە دولت تأسیس قیلغان سیانپی تورکلرىغە تابع ایدی. ۲۲۰ مدە چیندەکی خەن خاندانی امپراطورلوقی یقیلیب چیندەا یکی تورک دولتی و بیر چین دولتی[69] قورولوب بولر بیر بیری بیلەن اوروشماقغە مشغول بولغاندین کین شرقی تورکستاننیڭ مذکور شرق حصەلرینیڭ کامل مستقل بولغانلیق لری معلوم دور. بوڭا کورە التی شهر خانلرینیڭ قوشخانلر نفوذیدین چیقغانی و شرق حصەلریدەکی خانلر نیڭ چین نفوذیدین قوتولغانلری تقریباً بیر تاریخدە واقع بولمیش دور.[70] بولر هم تقریباً ۱٤ ییل مدت مستقل قالدیلر.

## سیانپی تورك لری نیڭ استقلالی وشرق تورکستان


شمالی هون دولتی ییقیلغاندین کین سیانپی تورک لری نیڭ التای و تانواولا تاغلری ایچیدە یرلەشکەنی نی یوقاریدە یازغان ایدوك. مُغول تاریخ لریدە مانچور و شرقی مغولستاندەکی تورک لرنی عموماً تاتار دیگەندەك چین تاریخ لریدە مذکور اولکەلردە تورکلرنی عموماً تونگوز دیب یازادور. بو تورک لرنی مغول تاریخلریدە تاتار و چین تاریخلریدە تونگوز دییلسەمو بولر تاتار ویا تونگوز دییلگەن تورك لرنیڭ جملەسیدین بیر قبیلەدور. چین تاریخلریغە کورە بولرنیڭ قدیم یورتلری قدیرغان تاغلریدەکی سیانپی تاغی نیڭ جیلغەلری ایدی و بو مناسبت بیلەن بولرنی عصری تاریخ لردە سیانپی تورك لری دیب ذکر قیلینماقدەدور. سیانپی تورك لری التای تاغ لری ایچیدە یرلەشکەندین بری چین حمایەسی آستیدە دولت تأسیس قیلیب بارا بارا یورتلرینی کنگرو توب شمالی هون دولتی غە تابع یرلر نیڭ تولاراقیغە ایگە بولغان ایدی لر.

۲۲۰ مدە چیندەکی خەن خاندانی ییقیلیب تمام چین اغتشاش ایچیدە قالغانیدین سیانپی خانی استفادەقیلیب شمالی مغولستاننی اشغال قیلدی، ۲۲٥ مدە استقلال اعلان اتتی و سیانپی خانی اوزیغە "تنگریقوت" عنوانینی الدی.[71] لیکن




۵نجی - سیانبی تاتار دولتی

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى




۴نجی - توپا تاتار دولتی

بو وقتده جنوبی هون لر هم استقلال اعلان قیلیب شمالی چین نی ایگه لەب لیاو خاندانی اتلیغ چین امپراطورلوقی نی تأسیس قیلیب کوك دریا (یاگزی کیاڭ ) نیڭ شمالی تمام اڭا تابع بولغان ایدی . بو اوچون سیانپی تورك لری شرق و جنوب غه ککرویالمای یتیسو و ایلی نی اوزیغه تابع قیلیب تورماقده ایدی لر . یوز ییلدین زیادەراق مدت بو حالده قالدی لر . ۳۵۰ م دە مانچوریالیغ توپا تورك لری شمالی چین غه هجوم قیلیب جنوبی هون (لیو) امپراطورلوقی نی ییقیتغاندین کین توپالرنیڭ اوز ایچیده داخلی مجادله چیقتی . بو فرصتدین سیانپی تنگری قوتی فوخان (چین تاریخیده تحریف بیلەن فوکیئن یا زیلادور) استفاده قیلیب ۳۵۱ م دە گانسو و شنسی ولایتلری غه هجوم قیلدی ، او ولایتلرنی الیب اوزینی چین امپراطوری اعلان قیلدی و توپالر بیلەن مجادله قیلیب اخیراً اولرنی اوزیغه تابع قیلدی . ۳۸۱ م تاریخیده تنگری قوت فوخان نیڭ سلطنتی نیڭ حدودی شرقاً ژاپون تنگیزی جنوباً کوك دریا غرباً اینجه (سیردریا ) و پامیر تاغلری و بعضی روایتلرغه کوره اوگوز (امودریا ) و ارال کولی غەچه ایدی ( ەنجی خریطەغه قاراسونلر ) .

تنگری قوت فوخان ۳۵۱ م دە گانسو و شنسی نی الیپ چاڭ انْ (حاضرقی سیانفو) شهری نی پایتخت قیلغاندین کین لولان و قوجو خانلری تنگری قوت فوخان غه اطاعت قیلماق بیلەن انیڭ عسکری نیڭ هجومی دین قوتولماق غه مجبور بولدی . مذکور ایکی خان ۳٦۰م اطرافیده چاڭ ان غه باریب تنگری قوت نی زیارت قیلیب اطاعت عرض اتتی لر . تنگری قوت فوخان موندین کین تولا خرسند بولدی . شرقی تورکستان نیڭ التی شهردەکی خانلری نی اطاعتی غه کیرگوزمك اوچون لوخان[72] (چین تاریخیده لوگواڭ ) اتلیغ بیر ذات نیڭ قیادتی استیده عسکر یوللادی . التی شهر خانلری نیڭ راضی لیقی بیلەن ویا مدافعه قیلیب مغلوب بولغاندین کین اطاعت قیلغانلری معلوم ایمس . لیکن هر حالده پوتون شرقی تورکستان سیانپی تنگری قوتی



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

غه اطاعت قیلغانی و مذکور لوخان نیڭ شرقی تورکستانغه عمومی والی بولغانی معلوم دور.

### شرقی تورکستان خانلیق دولت لری نیڭ استقلالی (٣٩٠ ـــ ٤٤٨ م)

تڭری‌قوت قوخان ٣٨٣ م ده جنوبی چین نی الماق اوچون جنوبی چین دولتی بیله‌ن محاربه غه کیریشتی . لیکن بو محاربه‌ده قاتیغ مغلوب بولدی . بو مغلوبلوق نتیجه سیده شمالی چین‌ده انقلاب چیقیب سیانپی دولتی یمان ضعیفلاشتی و شمالی چین هم قولیدین کتیب قدیم پایتخت بولغان آلتای تاغلری ایچیگه اوزی‌نی تارتماقغه مجبور بولدی لر.[72]

بو وضعیت‌دین سیانپی دولتی نیڭ قول استیده بولغان تورك خانلری عموماً استفاده قیلیب سیانپی تڭری‌قوتی‌غه حرب اعلان قیلدی لر. اخیراً ٣٩٠ م ده شرقی تورکستان خانلری سیانپی لرنی آلتای‌دین شمال (سبیر) غه هجرت قیلماقغه مجبور اتتی‌لر. بو نیڭ بیله‌ن او معظم تورك دولتی سل الیب کتکه‌نده‌ك یوق بولوب کتتی. ایلگری شرقی تورکستانغه عمومی والی بولغان لوخان ٣٨٦ م ده تابع‌لری بیله‌ن کوکو اولکه‌سی‌غه قاچیب او یرده بیر مستقل دولت تأسیس قیلدی . بو دولت فقط ٤٤ ییل دوام اتتی. چین‌چه‌ده هولیاڭ دولتی دیبیلگه‌ن کیچیك دولت اوشبو دور.[73] منه بو صورت‌بیله‌ن شرقی تورکستان نیڭ بیرلیك خانلری باشقه باشقه مستقل بولوب ٤٤٨ م‌ده توپا امپراطورلوقی‌غه تابع‌بولغونچه طوایف الملوك شکلیده یاشار ایدی لر.

## ٥ــ فصل

### توپا تورك دولتی

شرقی توركستان نیك بو دولت غه تابع بولوب یاشاغان مدتی از بولسه‌مو بو تورك دولتی نیك تورك تاریخیده و قدیم مدنیت لر اعتباری بیله‌ن اهمیتی چوك دور. بناً علیه بو دولت نیك تاریخی واقعه لری‌نی و مدنیتی‌نی بیان قیلامیز.

هون دولتی دوریده هون تنكری‌قوتی‌غه اطاعت قیلمای قدیرغان تاغلری‌نیك شمال قسمیده مستقل یاشاغان بیر قسم تاتارلر توپا اتی بیله‌ن تونولور ایدی لر (٦نجی خریطه‌غه قاراسونلر). هون دولتی ییقیلغاندین كین توپالر اهسته اهسته جنوب غه توغرا یوروب شرقی مغولستان‌ده یرله‌شتی لر. كین‌لرده تخی‌مو توبن غه یوروب چین سدّی‌دین اوتوب شانسی اولكه سیده یرله‌شیب او یرده بیر بگ لیك كیچیك دولت تأسیس قیلدی لر. و بارا بارا قوتله نیب تقریباً ۳۰۰ م ده توپالر اوستیده خان بولغان ایلو جنوبی هون دولتی بیله‌ن دشمن‌لیك پیدا قیلیب ۳۱۱ و ۳۱۵ م اراسیده قاتیغ محاربه لر قیلدی. ایلو اولگه‌ندین كین اورنیغه خان‌بولغان یولو مغولستان‌ده‌كی تورك خانلیق لری و سیانپی تنكری‌قوتی‌بیله‌ن اوروشوب آلتای تاغلری‌غه‌چه یورتی‌نی كنكروتتی. موندین كین توپا لرغه خان بولغان بیر ذات (چین‌لر مایوك دیب یازادور) ۳۵۰ م ده جنوبی هون تنكری‌قوتی شایمان بیله‌ن اوروشوب اونی مغلوب قیلیب اخیراً انی اسیر قیلیب اۆلتوروب جنوبی هون دولتی‌نی كاملاً ییقتی. لیكن موندین كین توپالر نیك اۆز آراسیده داخلی اختلاف لر چیقیب مایوك نیك قوتی ضعیفلاشقان حالده سیانپی تنكری‌قوتی فوخان انی مغلوب اتیب اطاعتی استیغه الدی. سیانپی تنكری‌قوتی یوقاریده ایتیلغان وجه بیله‌ن ۳۸۳ م ده جنوبی چین



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

اوروشیده مغلوب بولغاندین کین توپالر نیڭ خانی کەوی استقلال اعلان قیلیب ٣٨٦ مدە سیانپیلرنی قطعی صورتده شمالی چین دین هیدەب چیقاریب اوزینی شمالی چین امپراطوری اعلان قیلدی، و خاندانیغه وەی خاندانی عنوانینی بردی[74]. چین تاریخیدەکی وەی امپراطورلوقی بو دور. سیانپی دولتی عاجزلاشقان ده چیننیڭ پیچلی ولایتیده استقلال اعلان قیلیب دولت قورغان ووهوان و بیرعبارت بیلەن یَنْ اتلیغ تورك دولتینی، کەوی مغلوب قیلیب بو منطقەنی هم توپا دولتیغه الحاق اتتی . کەوی اۆلگەن دین کین اورنیغه اولتورغانلر خونن ، شَنسی ، گانسو و باشقه شمالی چین ولایتلرینی الیب کوك دریا (یاڭزی کیاڭ) غەچه توپا (وەی) امپراطورلوقیغه تابع بولدی (٦نجی خریطه غه قاراسونلر).

**قوجو و آلتی شهر خانلیق لری نیڭ توپا امپراطورلوق غه انقیاد قیلغانی (٤٤٨ ــ ٤٦٠ م)**

چین تاریخلرینیڭ روایتیغه کوره جوجان امپراطوری ٤٢٩ م ده مغولستان نیڭ شمالیدەکی قیرغیز و اورخون دریابویی دەکی اویغورلر بیلەن بیرلەشیب مغولستان ، التای ، غربی گانسو و کوکو اولکه لرینی الغاندین کین ٤٣٥ و ٤٣٧ م اراسیده شرقی تورکستان خانلری جوجان استیلاسیدین قورقوب اۆزایستیگی بیلەن توپا امپراطوریغه تابع بولدی لر. تورکچه عمومی تاریخ ده یازیلغانیغه کوره ٤٤٨ م ده **توپا (وەی) امپراطورلیقی شرقی** تورکستانغه عسکر ایباریب قوجو و التیشهر خانلرینی اوزینیڭ حاکمیتیغه انقیاد قیلماقغه مجبور قیلدی[75] (٦ـ خریطه) . لیکن بو انقیاد اوزون دوام قیلمادی،چونکه بو وقتلرده تورك یورتلری ده اقتدارغه کلگەن جوجان تورك دولتی تقریباً ٤٦٠ م ده شرقی تورکستاندین توپا حاکمیتینی یوق اتتی .

ەنجی عصر ميلادیدە شمالی چيندە غايت ايلغار بير مدنيت دوری اچيلدی. بو مدنيت انكشافی توپا تورك خانەدانی نيك اثری ايدی. بو دورەدە چيندە سياسی، اقتصادی، معماری، عسكری، وباشقە مدنيت جبهەلری نهايت درجەدە ترقی قيلغان ايدی. او عصرلردە شرقی توركستان نيك بير جزٔی بولوب حاضردە گانسو نيك غربی حصەسی بولوب قالغان دوڭخواك اولكەسيدەكی تاغدين اويولوب ياسالغان معبدلردەكی معمارليق و هيكل سازليق و رسّامليق و نقّاشليق صنعت اثرلری، توپالر مدنيتی نيك شمالی چيندين اشيب تاشيب شرقی توركستانغە هم كلگەننی كورساتادور. چين و اوروپا موزە خانەلريدە توپالر نيك هر قسم صناعت اثرلری بك تولا دور.[76]

## ٦ــ فصل

## جوجان تاتار امپراطورلوق

جوجان تاتارلر اصليدە، شرقی مغولستان و مانچور اولكەلريدەكی تاتاراتی بيلەن تونولغان تورك لردين بير قبيلەدور. قديم تورك روايتلريدە بولرنی گوجان دييلەدور. و حقيقت اوشبو بولسە كرك دور. جوجان، جواجوان، چچن، ديگەن اتلر ياسات محررلرنيك تحريف لری بولماق قوتليك احتمال دور. چينليغلر بولرنی پوپان ديدور. بعضی اوروپا مؤرخ لری بولرنی آوار تورك لری ديب يازغان بولسەمو بو سوز اشكارا غلط سوزدور. چونكە آوارلر نيك بو تاريخدين اوزون مدت ايلگری آوروپادە شان و شوكتليك بير تورك دولتی غە ايگە ايكەنليكی ثابت دور. بيز بو يردە تاريخ كتاب لریدە مشهور بولغان جوجان اتی نی يازاميز.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

منه بو قبیله نیڭ خانی ۳۱۰ م دین باشلاب اقتدار پیدا قیلیب کیچیك بیر دولت شکلی نی الدی. سیانپی دولتی ییقیلغاندین کین اهسته اهسته شرق و غرب طرفی غه نفوذ ینی یاییب قاراقوروم شهری نیڭ شمالی شرقی سی (غالباً قاختا) اولکه سینی پایتخت قیلدی. کین خانلردین بیری تمام التای لرنی اشغال قیلدی و تنگری قوت عنوانی نی الدی. ۴۰۲ م ده تولون خان اتلیغ بیر ذات تگری قوت بولدی[77]. تولون خان شرق ده فتوحات قیلیب کوریا غه چه اطاعتی غه کیرگوزدی و تگری قوت عنوانی نی ترك اتیب قاغان عنوانی نی الدی. تولون قاغان ۴۲۴ م دین باشلاب توپا دولتی بیله ن محاربه قیلور ایدی. ۴۴۰ م اطرافی ده تولون قاغان غرب غه یوروش قیلیب ایلی، یته سو، ایسیغ کول اطرافی اولکه لرنی اوز سلطنتی غه الحاق اتتی و بارا بارا خزر تگیزی ویاییق (اورال) دریاسی غه چه پوتون شمالی تورك دنیاسی غه ایگه بولدی.

**تولون قاغان نیڭ شرق وغربی توركستان نی الغانی (۴۶۰ — ۴۷۰ م)**

تولون قاغان شرق و غرب فتوحاتی دین کین ۴۶۰ م ده جنوب غه یوروش قیلیب قوجو و التی شهر اولکه لرینی توپا امپراطوری نیڭ نفوذی دین تارتیب الیب اوزی نیڭ قاغانلیق اتحادیه سی غه الحاق اتتی[78]. آندین کین فرغانه و سوغوت اولکه لریده کی تورك خانلرینی اوزی غه تابع قیلیب اوگوز (آمودریا) دین اوتوب باختر اولکه سیده کی قوشخانلرنیڭ بقیه سی نی مغلوب اتتی. اولر کابل طرفیغه هجرت قیلدی لر. منه بو صورت بیله ن جوجان امپراطورلوقی هون امپراطورلوقی بیله ن تقریباً برابر کنگرولوکغه ایگه بولدی (۷ نجی خریطه غه قاراسونلر). جوجان دولتی بو طرزده قاهر بیر قوت غه ایگه بولوب کوندین کونگه کنگرومکده بولغان حالده تولون قاغان وفات اتتی و قاغانلیق خاندانی ایچیده تخت تالاشی یوزی دین داخلی محادله چیقیب دولت نیڭ ایلگریکی قوّت وهیبتی آزالدی.

تخارستان (بوگونكى قطغن و بدخشان ) اولكه سيده يگى بير كيچيك دولت تاسيس قيلغان يفتل تورك لرى بو فرصتدين استفاده قيليب باختر و سوغوت و فرغانه اولكه لرىغه استيلا قيلدى لر.

كين لرده جوجان لرنيك داخلى اختلافى توزولوب ينه ايكنجى قوتلەنگەنلرى نيك نتيجه سيده جوجان قاغانى تقريباً ٥٠٠ م تاريخيده شرقى توركستانغه يوروش قيليب يفتل عسكرلرىنى مغلوب قيلدى. بو نيك بيلەن شرقى توركستان خان لرى ينه ايكنجى قتيم جوجان اتحاديه سىغه قوشولوب جوجان دولتى ييقيلغونچه تينچليق بيلەن ياشادى لر.[79] ٥٥٥ م ده بو دولت ييقيليب انيك اورنى غه قورولغان كوك تورك دولتى شرقى توركستاننى اوزىغه تابع قيلدى.

جوجان تاتارلرى اگرچه توپالر و قوشخان لرغه نسبتاً مدنيتده توبن بولسەلر مو او زمانەدەكى تولا دولت لرغه قاراغاندا مدنيتده تولا ايلگرى كتكەن بير ملت ايدى. خصوصاً عسكرليك ايش لريده غايت مننتظم ايدى لر.

يوقاريدا مذكور بولغان تولون قاغان ادارى، عسكرى و اقتصادى ايش لرده غايت داهيانه قانون لر و نظام لر وضع قيلغان ايدى. تمام دولت ادم لرى، عسكر و رعيه لر بو قانونغه عمل قيلماقغه مجبور ايدى لر. جوجان قاغان لرىنيك شمالى چيندەكى وەى (توپا) و جنوبى چيندەكى چو امپراطورلوق لرى بيلەن و ايراندەكى ساسانى شاهلرى بيلەن كى سياسى مناسبت لرى چين و هند و اوروپا تاريخلريده مذكوردور.[80]




ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## ٧ــ فصل


## يَفتَل امپراطورلوق

يفتل لر اصل ده چين سدی نيڭ شماليده اولتوروغلوق چوڭ بير تورك قبيله سی ايدی. چين تاريخيده بولرنی "هُوا" و يا "يوتا" ديب يازادور. ٤٢٤ م تاريخيده يورتلرینی تاشلاب غربغه يوروب اُوّلا اينجه (سيردريا) بوييده يرلەشتيلر. كين او يردين هم كوچوب اوگوز (آمودريا) نيڭ باش طرف لریده يرلەشتيلر. ٤٥٠م اطرافيده حاضرقی بدخشان اولكه سيدەكی يفتل علاقه سی نی پايتخت قيليب بير دولت قوردیلر. بو مناسبت بيلەن بو تورك لرنی يفتل لر دييلدی. هندوستان تاريخ لریده افتال و افتاليت، عرب تاريخلريده هياطله و هيتال و اوروپا تاريخلريده ايفتاليت وآق هون اتالغان مشهور تورك دولتی اوشبودور.[81]

يفتل لرنيڭ دولت قوروب تخارستانده اقتدارغه كلگەن وقتی، جوجان لرنيڭ داخلی اختلافی و افغانستانده كی قوشخان خاندانی نيڭ سلطنتی پارچه پارچه بولوب انقراضغه يوز كلتورگەنی و پنجاب راجالری نيڭ داخلی محاربه غه توتولغانی دەك بير فرصتغه توغری كليب بو فرصت، يفتل لرنيڭ نهايت ايتيك و آزبير زمانده پوتون افغانستان، غربی توركستاننی و شرقی توركستاننيڭ جنوب قسمی نی اشغال قيليب فوق العاده قوتّله نيب كتمكی غه سبب بولدی. يفتل دولتی بونيڭ بيلەن غينه تورمای هندستانغه هجوم قيليب پنجاب، سند، كشمير اُولكه لرینی ضبط قيليب ٤٧٠و٤٨٠م آراسيده غايت معظم بير تورك امپراطورلوقی قوردی (٨نجی خريطەغه قاراسونلر). يفتل دولتی آز زماندين كين ايكی غه ايريلدی. بيری شمالی بولوب مركزی قطغن ده كی قوندوز شهری نيڭ جواريده تُوبن يفتل شهری ايدی. ينه بير قسمی جنوبی بولوب مركزی پنجابده ساكلا شهری ايدی. ٥٢٥ م تاريخلريده شمالی يفتل خانی



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى




سیبر
مانجور
منغولستان
گوبی چولی
تیبت
چین
هیمالایا
هندوستان
ایران
عمان دڭیزی
بنگال کورفزی

آقشونقار و جنوبی یفتل‌خانی توراما‌ن اتلیغ ذاتلر ایدی. جنوب ده‌کی خانلر شمال‌ده‌کی خانلرغه تابع ایکه‌نلیکی نیڭ گمانی غالب دور.

## شرق تورکستان نیڭ یفتل دولتی غه تابع بولغانی

٤٧٠ م ده یفتل لر جوجانلرنیڭ داخلی مجادله‌سی دین استفاده قیلیب غربی تورکستان‌نی اشغال قیلغاندین‌کین کاشغرغه هجوم قیلدی لر. بو هجوم نتیجه سیده کاشغر، یارکند، ختن، کوچا و قوجو ولایت‌لری غه‌چه جنوبی شرقی تورکستان یفتل دولتی غه تابع بولماق غه مجبور بولدی[82] (٨نجی خریطه غه قارا سونلر).

یفتل دولتی نیڭ شرقی تورکستان‌نیڭ مذکور منطقه‌لری غه حاکمیتی تقریباً ٥٠٠ م غه‌چه دوام قیلدی و مذکور تاریخده جوجانلر، یفتل لرنی مغلوب قیلیب شرقی تورکستان یفتل دولتی دین ایریلیب کتتی.



٧نجی و ٨نجی عصرلرده شرقی تورکستان دا ایشله‌تیلگه‌ن تخته‌اویما مطبعه‌ده بسیلغان اویغور یزیغی تیکستی و رسم. برلین موزه‌سیده.

## ٨ــ فصل

## كۆك تۆرك دولتی

هون دولتی ییقیلغاندین كین بیر قسم تورك لر آلتای تاغلری‌نیك اوّتمك ترس جیلغه لری‌غه سغینیب او یرلرده یرله‌شتی لر. بولر تورك افسانه لریده أرگنه قون دییلگه‌ن جیلغه‌ده تقریبًا التی یوز ییل یاشادی لر و او یرده نفوسلری و مال لری تولا بولدی. بو مدت ایچیده مذكور جیلغه‌دین تیموركانی كشف بولوب بو تورك لر تیمور صناعتی‌ده بك زیاده ترقّی قیلیب بو واسطه بیله‌ن مدنیت لری تولا ایگریله دی.

جوجان تورك لری دولت قورغاندین كین جوجان لر باشقه تورك لرنی اوّزی‌غه انقیاد قیلدورغاندك ارگنه قون تورك لری نی‌مو حاكمیت لری استیفه الدی لر. اما بولر هم باشقه تورك قوملری دەك علاحده بیر خان لری بار ایدی و داخلی ایش لری‌ده مستقل ایدی لر.

ارگنه قون تورك لری‌نیك خانی بولغان بومین‌خان اتلیغ بیر قهرمان جوجان لرنیك ضدیغه عصیان چیقاریب ٥٥٢ م ده جوجان عسكرلری‌نی مغلوب قیلیب اوتوگه‌ن تاغلری منطقه سیده‌كی اوتوگه‌ن شهری‌نی مركز قیلیب یگّی بیر دولت قوردی. خاندانی‌غه كۆك تورك عنوانی‌نی بردی و اكّا تابع بولغان تمام تورك لرغه تورك اتی‌نی اعلان قیلدی. بونیك بیله‌ن او زمانه‌غه‌چه هر قسم ات لر بیله‌ن تاریخ ساحه سیده كورولگه‌ن تورك قوملری اوّزلری‌نیك اصلی ات لری بیله‌ن میدان‌غه چیقتی. تورك اسمی شوكوندین تارتیب حاضرقی زمانه‌میزغه‌چه عمومیتی‌نی محافظه قیلماقده‌دور. یعنی كوك تورك لرنیك دوری‌غه‌چه تاریخ صحیفه سیده موقعیت كسب قیلغان تورك لرنیك ایچیدین تورك اتی بیله‌ن مشهور بولغان لری یوقدور. اویغور،

هون ، سیانپی ، جوجان ، توپا ، و باشقه اتلر بیلەن تونولغان ایدی لر . کوك تورك دولتی قورولماق بیلەن تمام تورك قوملری اصلی و عمومی اتلری استیده بیرلەشتی لر.[83]

بومین خان ، جوجان عسکری نی مغلوب اتکەندین کین ایلخان عنوانی نی الدی (قاغاندین بیر درجه توبن بولوب عمومی والی معناسی دەدور). ایلخان بومین بایراقی نیڭ اوستیغه بوز بوری نیڭ باشی نیڭ مجسمه سی نی بیرکیتور ایدی . چونکه اوغوز تورك لری نیڭ افسانه لریدەکی آلانقوا حکایه سی غه کوره بوز بوری نی اوغوز تورك لرا ولوغ بیلور ایدی لر و کوك تورك خاندانی بوز بوری نی معبود لوق درجه سیده اعتقاد ایتار ایدی لر . بوز بوری غه متعلق سوزلر مغول تاریخ لریدەکی الانقوا وارگنەقون حکایه لریده مذکوردور. ایل خان بومین ایکی اوچ ییل مدت ایچیده اوترا اسیادەکی پوتون تورك خانلیق لری نی بوز بوری باشلیغ بایراق نیڭ استیده بیرلەشتوردی.

### شرق تورکستان نیڭ کوك تورك بیرله شمه سی غه کیرگه نی

ایلخان بومین اوزی نی قاغان اعلان قیلیب جنوب غه قاچقان جوجان لرنی یوق قیلماق اوچون اوغلی موقان خان نی تولا عسکر بیلەن یوللادی . موقان خان، جوجان لرنی قوغلاب یوق اتیب ٥٥٥ م ده پوتون شرقی تورکستان نی و غربی تورکستان نیڭ بیر قسمی نی اشغال قیلدی.[84] بونیڭ بیلەن شرقده کوریا غربده خزرتڭیزی غه چه اوزانغان تورك خانلیق یورت لری نی تماماً حاکمیتی استیغه الدی . بو صورت بیلەن کوك تورك دولتی غایت چوڭ بیر امپراطورلوق بولدی. چین تاریخ لریده و اولردین الینغان عصری تاریخ لرنیڭ بعضی سی ده بو دولت نی توکیو[85] دولتی دیب یازادور . بو اوز تیلیدین باشقه تیلدەکی لفظ لرنی تحریف سیز دیالمایدورغان چین لیغ لر نیڭ تحریفی دور .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

بومين قاغان اينى سى ايستمى خان نى غرب منطقه سيده كى تورك لر اوستيغه عمومى والى تعين ايله دى و يابغو عنوانى نى بردى، بو عنوان قديم تورك لرده قاغان دين كين اوچونجى درجه ده كى رتبه غه مخصوص عنوان دور. اورخون ابده لريدين" يابغو" كلمه سى نيك " نايب "معناسيده ايكه نليكى اڭلانادور. يابغونيك ادار مركزى تالاس (طراز) شهرى ايدى. بو كنگرو مملكت اداره اعتبارى بيله ن ايكى غه ايريليب شرق حصه سى توغرا قاغان نيك اداره سى غه باغليق ايدى و غرب حصه سى يابغو نيك اداره سيده ايدى. شرقى توركستان دين قمول و باركول خانليق لرى شرق اداره سى غه قاراش ليغ بولوب باشقه منطقه لر غرب اداره سى غه تابع ايدى (٩ نجى خريطه غه قاراسونلر).

**موقان قاغان نيك قوشنا دولت لربيله ن مناسبتى**

بومين قاغان وفات قيليب اورنيغه بير اينيسى قاغان بولسه مو اوزون مدت ياشاماى اۆلدى. انيك اورنيغه بومين قاغان نيك اوغلى موقان خان ٥٥٥ م نيك اخريده قاغانليق تختيده اولتوردى. بو موقان خاننى چين تاريخلريده موخو ديدور. بيلمك كرك دوركه موقانخاننى اوروپا عصرى تاريخلرى نيك بعضى سيده ديزابول ديبيلادور. عرب تاريخ لرى نيك بعضى سى ده سَيْجبُور ديب يازيلادور. حقيقت ده بو ايكى لفظ غرب يابغوسى استمى نيك اتى دين تحريف بولغان لفظ لر بولوب انيك دين مراد استمى خان بولوش كرك موقا خان ايمس دور. ايستمى خان غرب ده بولغانى اوچون انيك شهرتى غربى اسيا و اوروپاده زياده بولوب او زمانه ده كى اوروپا و ايران مورخ لرى نيك بعضى سى كوك تورك قاغانى اوشبو ايستمى (ديزابول وياسيجبور) دور ديب خيال قيلميش لردور. عصرى مورخ لردين بعضى سى مذكور خطاغه تابع بولوب ينه بير خطاغه هم توشوب مذكور ايكى اتنى موقان خان غه اسناد قيلينميشدور.[85]

كوك تورك دولتى دوريده شمالى چين وەى (توپا) امپراطورلوقى و جنوبى چين دە چەاو امپراطورلوقى بار ايدى. بو ايكى دولت بيرلاشيب موقان قاغان تختدە اولتورغان زمان اڭا حرب اعلان قيلدى لر.[86] موقان قاغان بولر بيلەن محاربە قيليب هر ايكى سى نى مغلوب اتتى. خراج برمك صورتى بيلەن بو هر ايكى امپراطورلوق كوك تورك دولتى غە تابع بولماقغە مجبور بولدى لر. امپراطورنيڭ قيزى نى موقان قاغان الدى. بو صورت بيلەن دولت شرق طرفيدين خاطرجمع بولدى.

٥٦٣ م دە موقان قاغانغە ايران شاهى نوشيروان الچى ايباريب يفتل دولتى نيڭ ضدى دە بيرليك معاهدە عقد اتتى بو معاهدە موجيبنچە قاغان نيڭ امرى بيلەن ايستمى خان شرق دين و نوشيروان غرب دين ٥٦٥ م اطرافيدە يفتل لرنيڭ اۇستى غە هجوم قيلغالى باشلادى لر. اخيراً ٥٦٧ م دە يفتل لرنيڭ خانى، ايستمى خان قوليدە اۆلتورولوب بو نيڭ بيلەن شمالى يفتل دولتى ييقيليب اكثرى قوّتى شمالى اوروپاغە قاچتى.[87] بو حادثە دين كين ايستمى خان و نوشيروان يفتل يورت لرى نى اوترادە تقسيم قيلدى لر. اوگوز (امودريا) اوترادا فاصلە بولدى. كين لردە موقان قاغان بيلەن نوشيروان نيڭ دوستلوق مناسبتى بوزولدى. نوشيروان نيڭ روم امپراطورى[88] بيلەن باشلاغان دوام ليغ مجادلەسيدين قاغان استفادە قيليب غرب يابغوسى ايستمى خان نيڭ قيادتى دە ايرانغە عسكر يوللادى. ايستمى خان اوگوزدين اوتوب نوشيروان نيڭ عسكرلرى نى يمان مغلوب قيليب باختر (بلخ) و تخارستان (قطغن و بدخشان) اولكەلرى نى الدى.[89] بير زمان لردە ايتل (وولغا) بوى لريدين قريم يريم اراليغە چوزولغان ساحە لر هم كوك تورك دولتى نيڭ نفوذى استيغە كيردى. الحاصل ٦ نجى عصر ميلادى نيڭ ايكنجى يريمى دە اسيانيڭ اَكثر عسكرى و سياسى قوتى نى كوك تورك دولتى تشكيل قيلور ايدى[90] (٩ نجى خريطەغە قاراسونلر). نوشيروان بيلەن ايستمى خان اراسيدە مصالحە واقع بولغاندين كين ايستمى خان نيڭ قيزى بيلەن نوشيروان اويلە



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

نیب بونی اوزیغه غایت چوڭ بیر شرف بیلگەنی ایران تاریخ لریده معروف دور.

٥٦٨ م ده موقان قاغاندین غرب یابغوسی ایستمی خانوکیل بولوب روم (بیزانس) امپراطوری جوستینیانوس نیڭ الدیغه مان یاق ترخان اتلیغ بیر ذاتنی سفیر قیلیب ایباردی و اوتراده سیاسی و تجاری معاهده لر عقد اتیلدی. امپراطور جوستینیانوس، زیمارك اتلیغ بیر کشی نی ایستمی خان نیڭ حضوریغه سفیر قیلیب ایباردی.
٥٧٠ م ده موقان قاغاننیڭ حضوریده تورك و روم معاهده سی نیڭ عقد مراسمی مناسبتی بیلەن روم، ایران، چین الچی لری نیڭ حاضر بولغانی مشهور دور. کین لرده موقان قاغان اوز حضوریدین تاغما ترخان اتلیغ بیر ذاتنی روم غه سفیر قیلیب یوللادی.[91]

موقان قاغان نیڭ جنوبی وشمالی چین امپراطورلری بیلەن مناسبتی دوستانه ایدی. ایران شاهی نوشیروان بیلەن اوّلده دوست بولسه موکین نوشیروان، قاغاننیڭ سفیرلریغه زهر برمك خیانتیغه ارتکاب قیلغان اوچون مناسبت بوزولوب یوقاریده کی وجه بیلەن اوتراده محاربه واقع بولوب باختر و تخارستاننی تورك حکومتی تارتیب الدی.[92]

پیغمبریمیز حضرت محمد علیه السلام نیڭ توغولغانلری ٥٧٠ م ده بولوب موقان قاغاننیڭ دوریغه توغرا کیله دور.

موقان قاغان ٥٧٢ م ده وفات اتتی اورنیغه اینیسی دوپوخان قاغان بولدی. دوپو قاغاننیڭ عصریده کی مهم واقعه لردین بیری روم امپراطوری بیلەن محاربه بولماقی دور. واقعه شو دورکه: روم امپراطورلوقی بیلەن توتاش بولغان شرقی اوروپاده اولتورو غلوغ آوار تورك لری کۆك تۆرك دولتیغه انقیاد قیلمای مستقل بیر دولت ایدی و کۆك تۆرك دولتی نیڭ دشمنی ایدی. روم امپراطوری، آوار دولتی بیلەن بیر تجارت معاهده سی عقد اتتی. دوپو قاغان روم امپراطوری نیڭ بو حرکتی نی کوك تورك و روم معاهده سیغه اویغون کورمەی روم امپراطوریغه حرب اعلان قیلدی.[93] بوقا

خان اتليغ بير قوماندان نيڭ قيادتى آستيده عسكر يوللاب قريم يريم آرالى و قارا تڭيزى بوى لرى نى روم امپراطورى دين تارتيب الماقغه يارليغ قيلدى. ٥٧٥ م ده بوقاخان ايتل دريا سيدين اوّتوب قريم يريم آرالى نى اشغال اتتى. بوسفور قلعه سى نى هم ضبط اتتى و خرصون شهرى نى محاصره قيلدى. دوپو قاغان نيڭ عصرى ده يورت بو صورت بيله ن ينه كڭرودى (٩ نجى خريطه غه قاراسونلر).

### كوك تورك دولتى نيڭ ايكى غه ايريلغانى

٥٨١ م ده دوپو قاغان وفات اتتى و اورنيغه اسپراخ اتليغ بير شهزاده قاغان بولدى. اسپراخ قاغان ايلگركى قاغانلر ده ك لياقتليك كشى ايمس ايدى. بو اراده غرب يابغوسى ايستمى خان وفات قيليب اورنيغه اوغلى تاردو خان يابغو بولدى. قاغان نيڭ لياقت سيز ليكى دين قاغان و تاردو يابغو نيڭ اراسى ده اتفاقسيز ليق پيدا بولوب تاردو خان اسپراخ قاغان نيڭ اطاعتى نى تاشلاب استقلال اعلان اتتى و اوزى غه قاغان عنوانى نى الدى. بو صورت بيله ن ٥٨٢ م دين اعتباراً غرب ده بير قاغان و شرق ده بير قاغان حكومت سورمكغه باشلادى لر.

### ايكى كوك تورك دولتى ده چين خيانتى سببى دين چيقغان حادثه لر

چين دولتى كوك تورك دولت لرى نيڭ داخلى مجادله غه كيريب ضعيفلاشماقى اوچون قيلغان مخفى دسيسه كارليق غه كوشش قيلور ايدى. بو دسيسه لرنيڭ مهم راق لرى دين ايكى دسيسه نى چين تاريخيدين اليب بيان قيلاميز[94]:

١- چين امپراطورى نيڭ غايت بيليمليك و دسيسه كار پى گو اتليغ بير وزيرى بار ايدى. پى گو شرق و غرب كوك تورك قا



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى


غان لری بیله‌ن صممیانه دوستلوق روشی ده بولوب اخیراً بو ایکی قاغان آراسیغه غایت یمان بیر عداوت تاشلادی. بو عداوت سببی دین بو ایکی قاغان آراسیده مدهیش محاربه‌لر بولدی. لیکن کین ایکی قاغان اراسیده مصالحه بولوب چین‌نیڭ مقصدی حاصل بولمادی.

۲- ینه پی‌گو هر ایکی قاغانلیق‌غه تابع بولغان قوتلیك قبیله لرنیڭ خان‌لری‌نی آزغوروب قاغان‌غه عاصی بولماق‌غه مخفی تشویق قیلور ایدی. اخیرا غربی کوك تورك قاغانلیقی‌غه تابع بولوب شمالی التای‌ده‌کی تولو قبیله‌سی‌نی تارد و قاغان‌نیڭ ضدی‌غه عصیان چیقارتتوردی. بو قبیله غالب احتمال‌غه کوره حاضرقی قالماق لرنیڭ اصلی بولسا کرك دور. تولو قبیله سی او زمانه‌ده‌کی کوچمن تورك قبیله لری‌نیڭ اڭ قوتلیکی ایدی. تارد و قاغان بولرنیڭ عصیانی‌نی باسیقتورماق اوچون قاتیغ محاربه‌لر قیلدی. لیکن ۶۰۳ م ده تارد و قاغان یمان مغلوب بولدی و هیچ یرده تورالمای قاچیب تیبت پادشاهی نیڭ پناهیغه سغیندی.

منه بو صورت بیله‌ن غرب دولتی بیر نچه ییل قاغان سیز یاشاب مدهیش بیر قان توکوشمکده قالدی. لیکن ۶۱۱م‌ده غرب دولت خاندانی دین شیخوی قاغان اتلیغ بیر ذات تخت‌ده اولتورو عاصی‌لرنی قطعی صورتده مغلوب قیلیب یورت‌نی تینچ قیلدی. موندین کین غرب دولتی ۶۳۳ م غه‌چه قوت و تینچ لیق بیله‌ن دوام قیلدی.

### شرق کوك تورك دولتی وچین

دولت ایکی‌غه ایریلغاندین کین چین دولتی شرقی و غربی کوك تورك دولت‌لری‌نی ضعیفلاشتورماق‌نیڭ مهم فرصتی کلشی‌نی بیلیب قاغان لرنیڭ اوردا لری‌ده‌کی چین قیز لری و اولر نیڭ خذمتیده‌کی چین‌لیغ لرنیڭ واسطه سی بیله‌ن ممکن بولغان دسیسه




۹نچی کوک تورک دولتی

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

كارليق و خيانت ده فعاليت كورساتور ايدى لر. بو دسيسه نيڭ مهم لرى قاغانليق شهزادەلرىنيڭ بيرىنى بيرىغه دشمن قيلماق و دولتغه تابع كوچلوغ خانلر و قبيله لرنى عصيانغه تشويق اتمكدين عبارت ايدى. بو سببلر بيلەن هر ايكى تورك دولتى تولا وقتلر ده داخلى اغتشاشلرنى باسيقتورماقغه مشغول ايدى. بو نيڭ بيلەن هم قوتدين توشمگەن ايدى. اما چين امپراطورى ياڭ تيس تورك لرنى ضعيفلاشقان خيال قيليب ٦١٥ م ده شرقى كوك تورك دولتى نيڭ قوليدا بولغان شانسى ولايتىغه هجوم قيلدى. ليكن ياڭ تيس، شانسىغه كيرر كيرمس غايت تولا تورك عسكرى ياڭ تيس نيڭ الدىنى توسوب اونى قاتيغ مغلوب اتتى. ياڭ تيس قليچ دين آشقان عسكرى بيلەن قاچيب بير قلعەغه سغيندى. درحال او قلعەنى تورك لر محاصره قيلدى لر. ياڭ تيس ايكى اى محاصرەده قاليب اخيراً بير حيله بيلەن قاچيب جان قوتقوزدى و قاچقانچه هيچ يرده توختاي يالماي كوك دريا (ياڭسى كياڭ) بوييدەكى ياڭچو شهرىغه كتتى[95].

بو نيڭ بيلەن كوك درياغەچه تمام شمالى چين امپراطورلوقى شرقى كوك تورك دولتى نيڭ استيلاسى استيفه كيردى. شرقى كوك تورك قاغانى، شانسى والىسى بولغان لى يوەن نى شمالى چينغه امپراطور قيليب چاڭ ان (بوگونكى سيانفو) شهرىده اولتورغوزوب قويدى[96]. لى يوان بك بيليملىك بيرادم ايدى. او زمانده شمالى چينىنى كامل بير انضباطغه كيرگوزوب جنوبى چيندەكى ضعيفلاشيب قالغان چەاو خاندانى نيڭ امپراطورىنيڭ اوستىغه هجوم قيلغالى باشلادى. بير نچه ييلده جنوبى چين امپراطورلوقىنى يوق اتيب تمام چينغه اوزىنى امپراطور اعلان قيلدى. اۆز خاندانىغه تاڭ خاندانى اتىنى بردى. لى يوەن بو قوّتى و شوكتى بيلەن هم شرقى كوك تورك دولتىغه تابعليقده و معين بولغان خراج نى برمكده ايدى[97].

٦٢٠ م ده لى يوان اوز قوتىغه ايشانيب شرقى كوك تورك قاغانىغه حرب اعلان قيلدى. قاغان درحال چين غه هجوم قيليب لى يوان نى بير نچه دفعه قاتيغ مغلوب اتتى. اخيراً

لی یوان ینه بالدیرقی دەك تابع لیق و خراج برمكدە وفادار تورماق غه عهد قیلیب بیریب جانی نی و یورتی نی قوتقوزدی. اوشبو ییلدە شرقی كوك تورك قاغانی وفات قیلیب اورنیغه هیلی اتلیغ بیر شهزادە قاغان بولدی. هیلی قاغان دولت نی بك قوتلەندوردی.

٦٢٦ م دە لی یوان اۆلوب اورنی غه اوغلی تای تسوڭ امپراطور بولوب درحال استقلال اعلان قیلیب قاغانغه بیرادورغان خراج نی كستی[98]. بو یوزدین تورك و چین آراسیدا اوروش باشلاب هیلی قاغان اوز قیادتی آستیدا تولا عسكر الیب چین غه هجوم قیلدی و چین عسكرلری نی مغلوب قیلا قیلا اخیرًا چاڭان شهری نی محاصره قیلدی. محاصرەدە بولوب قالغان امپراطور تای تسوڭ بالدیرقی دین نچه حصه زیادە خراج برمك و دایما قاغان نیڭ عالی حاكمیتی غه تابع لیقدە تورماق شرطی بیلەن صلح قیلیب اوزی نی وعسكری نی كاملاً یوق بولماق دین قوتقوزدی[99].

### شرق كوك تورك دولتی نیڭ ییقیلغانی

چین امپراطوری تای تسوڭ ٦٢٦ م دەكی مغلوب لوقی دین كین تورك لر بیلەن محاربه قیلماق سیاستی نی تاشلاب منافقلیق و دسیسه كارلیق سیاستی نی توتتی. قاغانلیق شهزادە لری و دولت آدم لری و دولت غه تابع تورك خان لری آراسیغه فساد و نفاق اوروغی نی ساچقالی باشلادی. اخیراً یوقاریدا سوّزی اوّتكەن تولو قبیله سی نی آزغوروب تولو لر شرقی كوك تورك دولتی نیڭ ضدی غه قوتلیك بیر عصیان چیقاردی لر. هیلی قاغان، تولو لر نیڭ عصیانی نی باسیقتورماق اوچون ینه بیر قبیله نیڭ خانی بولغان تولی خان نی تولا عسكر بیلەن یوللادی. تولی خان مغلوب بولوب یانیب كلدی و هیلی قاغان، تولی خان نیڭ "مغلوب بولدوم" دیب كلگەنی نی بیر خیانت بیلیب اڭا قاتیغ جزا بردی[100].

تای تسوڭ بو واقعەنی ایشیتیب تولی خان نی قاغان



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

غه دشمن قيلماق دسيسه‌لريغه باشلادى. اخيراً بو دسيسه‌لر تولى خانغه تأثير قيليب قاغان‌نيڭ ضدىغه عصيان چيقاردى و تاى‌تسوڭ دين ياردم تيلادى. تاى‌تسوڭ بو فرصتدين استفاده قيليب قدرتى يتكه‌نچه چين عسكرى‌نى توپلاب و تولى خان و تولولر دەك عاصى‌لر بيله‌ن بيرله‌شيب تاى‌تسوڭ اوزى باش قوماندان بولوب تورك يورتىغه هجوم قيلدى. عاصى‌لرنيڭ ياردمى بيله‌ن هيلى قاغانى نچه دفعه مغلوب قيلدى. ٩ هـ (٦٣٠ م)ده دشمن‌لر شرقى كوك تورك دولتى نيڭ پايتختى بولغان قاراقوروم شهرى‌نى محاصره قيلديلر و اخيراً هيلى قاغان تاى‌تسوك نيڭ قوليده اسير بولدى. بونيڭ بيله‌ن شرقى كوك تورك دولتى ييقيلدى و چين‌غه ياردم بەرگەن يوقارى قى خاين‌لر هم چين خذمتكارى بولوب استقلال سيز و رذالت استيده قالديلر.[101]

**غربى كوك تورك دولتى ده داخلى انقلاب وچين تعرضى**

شرقى كوك تورك دولتى ييقيلغاندين‌كين غربى كوك تورك دولتى نيڭ ايچيده هم خراب قيلادورغان فتنه‌لر قوزغالدى. واقعه شودوركه: ١٢ هـ (٦٣٣ م)ده غربى كوك تورك قاغانى كون خان وفات اتتى و اوغول‌لرى اراسيده قاغانليق تالاشى پيدا بولوب ايكى اوغول نيڭ بيرى ايسيغ كول‌نيڭ غربى دەكى بش قبيله تورك‌لر بيله‌ن بيرله‌شيب تالاس (پايتخت) شهريده اوزى‌نى قاغان اعلان اتتى. و ينه بير اوغول ايسيغ كول‌نيڭ شرقى‌دين باركول‌غه چه اولتوروغلو غ بش قبيله تورك‌لر بيله‌ن بيرله‌شيب او اولكه‌لرده قاغانليق دعواسى قيلغالى توردى.[102]

بو فتنه اثناسى‌ده شرقى توركستان‌نيڭ جنوبيده‌كى قوچو، كنگيت، التى‌شهر خانلرى بى طرف ليكده بولوب هيچ قايسى قاغان‌غه تابع بولماى مستقل صورتده قالديلر. بو وضعيت ١٩ هـ (٦٤٠ م)غه‌چه دوام قيلدى. چين امپراطورى تاى تسوك

غرب دەكى بو فتنەلرنى اولغايتماق اوچون ممكن بولغان حيلە ودسيسەلرنى ايشلەتور ايدى. كوك تورك شهزادەلرى و يورت نيكً نفوذلوغلرىغە مخفى صورتدە ياردم وعدەلرى و هديەلر ايبارىب فساد اوروغى نى ساچار ايدى.[103]

اخيراً تاى تسوك غربى كوك تورك دولت مركزى نيكً ضعيفلاشقانىدين استفادە قيليب شرقى توركستانغە عسكر يولـلاغالى توردى. چين حدودىغە توتاش بولغان قوجو اولكەسى نيكً خانى چين عسكرىدين شدّت بيلەن مدافعە قيلور ايدى. ١٩ هـ (٦٤٠م) دە قوجو خانى مغلوب بولوب بو اولكە چين قوليغە توشتى.[104] چين عسكرى ايلگريلەب كنگيت (قاراشهر) غە هجوم قيلدى. كنگيت خانى تورت ييل قاتيغ سوقوش قيلدى. ٦٤٤م دە چين ليغلر غالب بولوب كنگيت نى اشغال اتتيلر. موندين كين نوبت كوچا خانى غە كلدى. كوچا خانى هم كامل تورت ييل اوروشوب ٦٤٨م دە كوچانى هم چين ليغلر اليب كتتى.[105]

**غربى كوك تورك قاغانى نيكً ايران شاهى يزدگرد غه ياردم بيريب اسلام**

**عرب عسكرى بيله ن اوروشقانى**

تورك و چين يورتلريدە ياكە اوترا و شرقى آسيادە يوقاريقى واقعەلر بولوب تورغان دورەدە غربى آسيا (عربستان) دە تام دنياغە اسلام نورى يا ييلماق دورى باشلادى. يعنى ٦١٠ م دە حضرت محمد عليه السلام پيغمبرليك صفتى بيلەن مبعوث بولوب وحى نازل بولدى. ٢٠نجى سپتمبر ٦٢٢ م دە محمد عليه السلام مكه دين مدينەغە هجرت قيلدى. بو نيكً بيلەن دنيادە يكًى تاريخ (تاريخ هجرى) دورى باشلاندى. بيز موندين كين حاضرقى زمانەميزدە شرقى توركستاندە معتبر بولغان قمرى هجرى تاريخى نى هم يازاميز.[106]



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بواوتراده پیغمبر یمیز علیه السلام وفات قیلیب حضرت عمرنیڭ خلافت دوریده مسلمانلر ایراننیڭ تولاراق یرلرینی فتح قیلغان ایدیلر. ۲۳ هـ (٦٤٤م) ده ایران ساسانی شاهلری نیڭ اخیرقیسی بولغان یزدگرد مسلمانلردین مغلوب بولوب قاچیب آمو دریادین اوتوب تالاسده کوك تورك قاغانی نیڭ پناهی غه سغیندی و یاردم تیلادی. قاغان یزدگردغه یاردم عسکری قوشوب اوزاتتی. یزدگرد بو تورك عسکری بیلەن قوتلەنیب اسلام عسکرلری بیلەن اوروشا اوروشا تا مَرو شهری غەچەکی اولکه لرنی یاندوروب آلدی. مرو شهری نیڭ الدیده اسلام امیری احنف بن قیس نیڭ قیادتیدەکی اڭ قوتلیك اسلام عسکری بیلەن قاتیغ و همەدین یمان بیر اوروش بولدی. اوروش اوتراسیده چین لیغ لرنیڭ کنگیت ولایتی نی الیب کتکەن خبری و قاغاندین تورك عسکرلری غه درحال یاندماق امری کلیب قالدی. بو امر موجبیچه تورك عسکرلری احنف بن قیس بیلەن اوروشمای یانیب کتتی. بو حادثەنی مسلمانلرنیڭ بیر نُصرتی اِلهی تلقی قیلغانلری اسلام تاریخ لریده مذکوردور.[107] عرب و غربی کوك تورك لرنیڭ اراسیده واقع بولغان تونجی قتمقی اوروش بودور.

**غربی کوك تورك دولتی نیڭ ینه قوتله نگه نی**

۲۸ هـ (٦٤٩م) ده تۈن‌خان قاغان نیڭ اوغوللری دین قولا خان اتلیغ بیری باشقه مخالف لری غه غالب بولوب غربی کوك تورك قاغانلیق اولکه لریدەکی فتنه لرنی باسیقتوروب و او زی نی تورك لرنیڭ قاغانی اعلان اتتی و تمام تورکستاندەکی خانلیق و بگلیك کیچیك دولت لرنی اوز بایراقی استیده بیرلەشتوردی. کوچا، کنگیت، قوچوغه استیلا قیلماقده بولغان چین عسکرلری نی کاملاً محو قیلیب بو یورت لرنی اسارت دین قوتقوزدی. بو صورت بیلەن ٦٥٠م ده غربی کوك تورك دولتی یگی باشدین قوتلەندی.[108]

**چین استیلا قیلغانی**

غربی کوك تورك دولتی نیڭ قونله‌نگه‌نی و قولا قاغان نیڭ تمام تورك لرنی بیرله‌شتورمك ده فعالیت کورسه‌تکه‌نی دین چین دولتی غایت درجه‌ده قورقونچ غه توشتی. تورك لرنیڭ قوتی نیڭ زیاده له‌شماقی‌نی ممکن قدر توختاتماق اوچون هر قسم حیله وچاره لر قوزغاب هیچ موفق بولالمادی. اخیرًا چین دولتی تمام قوتی بیله‌ن تورك یورتی‌غه هجوم قیلماق و تورك دولتی‌نی ییقماق و هیچ بولمسا اوزون محاربه لر بیله‌ن تورك قوتی‌نی ترقی‌دین توسماق غه قارار بردی.[109]

بو قارار موجبیچه ۳۵ هـ (٦٥٦م) ده چین امپراطوریچه‌سی ووخو[110] غربی کوك تورك دولتی بیله‌ن اوروشماق اوچون غایت قوتلیك اوچ قول عسکر یوللادی. بیرنجی قول التای‌غه هجوم قیلیب ایرتیش دریاسی نیڭ بوییده‌کی قارلوق قبیله لری‌دین عبارت بولغان تورك عسکرلری بیله‌ن نچه نوبت اوروشوب قارلوق لرنی مغلوب اتتی. ایکنجی قول ایمیل (بوگونکی چوچك) ولایتی‌غه هجوم قیلیب تاررووتای تاغلری‌نیڭ ایتکیده ییغیلغان تورك عسکرلری‌نی مغلوب اتتی. اوچونجی قول قوجو ولایتی‌غه هجوم قیلیب او یرنی الدی. کنگیت (قاراشهر) نیڭ یانیده‌کی چوڭ محاربه‌ده تورك عسکرلری‌بك یمان مغلوب بولدی لر. بو اوروش بیر ییل‌دین اوزون دوام قیلیب ۳۷ هـ (٦٥٧م) ده قولا قاغان چین عسکرلری‌نیڭ قولی‌غه اسیر توشتی. انی چین‌لیغ لر پایتختی چاڭ ان (بوگونکی سیان‌فو) غه الیب کتتی لر.

بو نیڭ بیله‌ن مو چین‌لیغ لر تورکستان‌غه کاملاً استیلا قیلالمادی لر. تورك لر باش سیز قالسه لر مو ینه ایکی ییل قاتیغ مدافعه قیلدی لر. تورك لرنیڭ مدافعه لری چین عسکرلری‌نی هاردورماقده ایدی. لیکن چین‌لیغ لر بو وضعیت مقابلیده اوزی‌نیڭ دسیسه‌کارلیق سیاستی‌نی یوروتکه‌لی باشلادی. بیانی بودورکه:



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

چین دولتی، تورك قاغانلیق شهزادەلریدین بعضیسیغه قاغانلیقنی برمك وعدەسینی و تولا هدیەلرنی ایباردی. بو احمق شهزادەلر قاغانلیق طمعیدە مدافعەنی ترك اتتیلر. مونیك اوستیغه وطن پرورلرنیك ضدیغه اغتشاش چیقاردیلر و چینغه مهم یاردم لربردیلر. و ینه بیر مونچه تورك قبیله خانلرنی و یورت کتّه لریني، هم هدیەلر و هر قسم چوك عنوانلرنی بیریب، چین حکومتی اوزیغه طرفدار قیلدی.[111] منه بو شخصی منفعتغه الدانغانلر اوز ملتی و دولتیغه مهم خیانتلرنی قیلدیلر. بو سبب لربیلەن تورك لرنیك غیرتی سنیب ۳۹ ھ (٦٥٩م) دە تورك لر قطعی صورتدە مغلوب بولوب تمام توركستانلرغه چین استیلا قیلدی.

بو نیك بیلەن ۱۰۷ ییل دوام قیلغان چوك كوك تورك دولتی ییقیلدی. اما بو ییقیلیش موقت صورتدە بولوب ۲۳ ییل کین غایت قوتلیك و عظمت لیك صورتدە بو دولت ینه تیریلدی. بیانی قوتلوق دولتی فصلیدە کیلادور.

چینلیغلر توركستاننی اشغال قیلغاندین کین یوقاریقی خاینلردین بیرینی غرب تورك حاکمی عنوانی بیلەن داخلی ایشلرنی اداره قیلماق اوچون تعین قیلدیلر.[112] بو حاکم اقتدارسیز بیر صورتدە چین بویروغی استیدە ایش قیلور ایدی. منه بو صورت بیلەن تمام شرقی توركستان و فرغانه و سوغوت (سوغدیانه یعنی سمرقند - بخارا) اولكەلریدەكی یرلیك خانلر هر ییلی چین امپراطوریغه تارتیغ بیریب و تابع لیقنی قبول اتیب اوزلرینیك موجودیت لرینی محافظه قیلماقغه مجبور بولدیلر. سوغوت و خُتَلان (قاراتگین و کولاب) و تُخارستان (قَطَغَنْ و بَدَخْشان) اولكەلریدەكی تورك خانلیق دولتلری چینغه یوقاریقی صورتدە تارتیغ بیریب شرقدین هجوم قیلادورغان بو قوتلیك دشمندین خاطرجمع بولوب غربدین هجوم قیلماقدە بولغان اسلام عرب عسكرلریدین مدافعه قیلور ایدیلر.

موندين كين چين عسكرلرى بدخشان يولى بيلەن افغانستان نيڭ جنوبى دەكى بلورستان (حاضرقى چترال و نورستان) جلغەلرىغە يوروش قيليب پشاور نيڭ ياقينىغەچە استيلا قيلسەلرمو بو استيلا بك از مدت دوام اتتى. چين تاريخىدە بيز شمالى هندستانغە استيلا قيلغان ايدوك دېگەنى اوشبو از مدت بلورستان غە استيلا قيلغانى دين عبارت دور.


**شرق توركستان نيڭ جنوبى ولايت لرىغە تبيت ليك لرنيڭ استيلا قيلغانى**

٧نجى عصر ميلادى نيڭ باش لريدە تيبت دە قوتليك بير دولت تشكيل تاپقان ايدى. ٦٣٠ دين ٧٠٣م (١٠-٨٤ هـ) غەچە حكمدارليق قيلغان گامپو ٦٦٣م دە كوكو (حاضرقى كوكونور ياكە چيڭخاى) اولكەسى دەكى تنگوت اتليغ تورك لرنيڭ خانىغە اوروش اعلان قيلدى. تولا اوروش لردين كين تنگوت يورت لرىنى گامپو اشغال قيلدى. گامپو بو نيڭ بيلەن قناعت قيلماى شرقى توركستاننى الماق اوچون حركت غە كلدى. بو يوزدين چين حكومتى گامپو غە حرب اعلان قيلدى و تولا اوروش لر بولوب ٦٧٠م (٥٠ هـ) دە چين عسكرى يمان مغلوب بولوب پراكندە بولدى. موندين كين گامپو، كوكو دين يوروش قيليب چرچن خانليقىنى اوزىغە تابع قيلدى و كين چەختن، ياركند و كاشغر ولايت لرىنى هم اشغال قيلدى. بو نيڭ بيلەن توركستان خصوصيدە چين غە عرب اسلام دولتى دين باشقە ينە بير قوتليك رقيب پيدا بولدى.

تيبت ليك لر كاشغرنى پايتخت قيليب ٦٩٢م (٧٣هـ) غەچە بو ولايت لرغە حكمدارليق قيلدى لر. بو مدت ايچيدە چين ليغ لر تيبت ليك لر بيلەن بير نچە نوبت اوروشتى اما توركستان اهالى سى سياست يوزيدين چين دولتى دين تيبت دولتىنى يخشى كوروب دايما تيبت ليك لرغە يارد م قيلور ايدى لر. بو سبب دين هر اوروش دە چين ليغ لر مغلوب بولور ايدى لر. ٦٩٢م دە چين ليغ لر غالب بولوب كاشغر، ياركند و ختن نى الدى لر.[113]



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



(۱۰ - میلیمتر ۴۰ کیلومتر)

# ٩ــ فصل

## قوتلوق وتورگش دولت لری

### كوك تورك دولتی نیڭ تیریلگه نی

كوك تورك دولتی ییقیلغاندین كین چین اسارتیده قالغان تورك لرغه بو اسیرلیق تولا اغیر كلور ایدی. چین امپراطوریدین رتبه لر، عنوانلر، هدیه لر، منصب لر الغان بعضی خان لر و خائن لر بو وضعیتدین خوش ایدی لر. فقط چیندین كلگه‌ن هرنرسه نی نفرت كوزی بیله‌ن كوروب ملی عنعنه و شرف لری‌غه صادق قالغان عمومی خلق و ملت پرور لر چین اسارتیدین قوتولماقاوچون دایما فرصت‌غه منتظر ایدی لر. فرصت كلگه‌ن زمان چین ضدی‌غه قوپوب استقلال‌لری‌نی الماق اوچون قول‌لریدین كلگه‌ن كوشش‌لرنی قیلور ایدی لر. همیشه تورك یورت‌لری‌نیڭ او یربو یرلریده انقلاب بولوب تورماقده ایدی. اخیراً توبنده‌كی ایكی انقلاب موفقیت بیله‌ن چین‌نی مغلوب اتیب تورك لرنی اسارتدین قوتقوزوب كوك تورك دولتی‌نی ییڭی باشدین تیرگوزدی.

### شرق ده قوتلوق دولتی ٦٨ ــ ٧٤٤ م (٦٠ ــ ١٢٥ هـ)

اورخون آبده لری‌دین كول تكین و تویقوق آبده لریده یازیلغان‌غه كوره كوك تورك حكمدارلری‌نیڭ اولادی‌دین ایتیمیش‌بگ اتلیغ بیر حكمدار بار ایدی. بو كشی اوتوگه‌ن شهری و اطرافیده‌كی تورك لرغه، چین‌غه تابع‌لیق صفتی بیله‌ن حكمدارلیق قیلور ایدی. مذكور ایتیمیش‌بگ نیڭ اوغلی ایلتریش‌بگ یانیغه ١٧ كشی‌لیك بیرقوت توپلاب ٦٨٠م (٦٠ هـ) ده اوشتومتوت اوتوكن شهری‌غه هجوم



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قیلیب شهرده‌کی چین‌لیغ‌لرنی یوق اتمك صورتی بیله‌ن اوتراغه چقتی و شول‌کونی قوتی ۷۰ اتلیغ بولدی. بو آز قوت‌بیله‌ن ایش‌غه باشلاب بیرنجی کونده ۷۰۰ اتلیغ عسکرغه ایگه بولدی. بو قهرمان، چین ضدی‌غه حرب اعلان قیلدی و پوتون تورك ملتی‌نی چین ضدی‌غه انقلاب چیقارماق‌غه دعوت اتتی. بو نیك بیله‌ن شمالی مغولستان ده‌کی تمام تورك‌لر ایلتریش‌بگ‌نیك استقلال بایراقی استیده‌بیرله‌شتی لر و ایلتریش‌بگ‌غه ایداتشات عنوانی‌نی بردیلر (شهزاده‌لرغه بیریله‌دورغان عنوان‌لرنیك اك چوكی دور). ۶۸۲م ده ایلتریش ایدات شات تمام مغولستان‌دین چین عسكرلری‌نی هیداب چیقاریب تورك استقلالی‌نی اعلان اتتی و ملت ایلتیریش ایداتشات‌نی قاغانلیق‌غه انتخاب قیلدی.[14] چین تاریخ‌لری‌غه کوره ایلتریش قاغان، قوتلوق خان عنوانی‌نی المیش‌دور (مبارك پادشاه دیمكدور). بو مناسبت‌بیله‌ن بو دولت‌نی مورخ‌لر قوتلوق دولتی دیب یازادورلر. لیكن اورخون آبده‌لریده بو عنوان‌نیك ذكری یوق‌دور. بلكه بو آبده‌لرده مذكور قهرمان‌نی ایلتریش قاغان دیب ذكر قیلادور و دولتی‌نی هم تورك دولتی دیب یازادور. منه بو صورت‌بیله‌ن شرقی كوك‌تورك دولتی یكی باشدین تیریلگه‌ن. ایلتریش‌خان (قوتلوق‌خان) ۶۹۱م (۷۲ھ) ده وفات اتتی. اورنیغه اینی‌سی قاپاغان‌خان تخت‌غه چیقتی. بو قاپاغان‌خان‌نی چین تاریخ‌لریده موچو دیب یازیلیب‌دور. قاپاغان خان شرق‌ده مهم فتوحات قیلیب مانچور و كوریا اولكه‌لری‌نی اشغال اتتی[15] (۱۰ نجی خریطه‌غه قاراسونلر).

**غرب ده توركش دولتی ۶۹ — ۷۳۹ م (۷۱ — ۱۲۲ ھ)**

چین تاریخ‌لریده تحریف بیله‌ن توكی‌شه دیب یازیلغان توركش قبیله‌سی تكری تاغلری‌نیك شمالیده غرب كوك تورك اتحادیه‌سی‌نی تشكیل قیلغان چوك اون قبیله (بوی) لرنیك بیری‌دور. بو توركش‌لر ۷ نجی عصر میلادی‌نیك اوترالریده توبول و ایرتیش دریا

لری‌نیكٔ اوتراسیده‌كی یایلاغلرده اولتورور ایدی لر. كین‌لرده او یـر لردین كوچوب ایسیغ كول نیكٔ شرقی ده یرله‌شتی‌لر (۱۱ نجی خریطه‌غه قاراسونلر). چین‌لیغ لر غربی كوك تورك دولتی‌نی ییقغاندین كیـن بو اون قبیله دایما تینچ سیزلیق و چین‌لیغ لر بیله‌ن محاربه‌قیلماقده یاشار ایدی لر. چین دولتی نیكٔ بولرنیكٔ اوستیده‌كی حاكمیتی تولا وقت‌لرده قیسقاسورگه‌ن ایدی.

اخیراً تورگش قبیله سی نیكٔ اۆچ آلهَ اتلیغ و باغاتـور خان عنوانلیغ خانی اهسته اهسته چوكٔ بیر نفوذ پیدا قیلیب ۶۹۰م (۷۱ هـ) ده تمام اون قبیله نیكٔ اوستیده حكومت قیلغالی باشلادی. چین امپراطوری‌دین نایب لیق صورتیده غرب تورك حكمداری بولغان قوشالو (چین تاریخیده اشی‌ناهین) نی مغلوب قیلیب چین غـه قاچماقغه مجبور قیلدی. اۆچ آله باغاترخان‌نیكٔ ایكی پایتختی‌بار ایدی. بیری غرب ده‌كی بش قبیله نیكٔ مركزی بولغان چو دریـا بوییده‌كی توخماق شهری ایدی. ینه بیری شرق‌ده‌كی بش قبیلـه نیكٔ مركزی بولغان ایلی‌نیكٔ شمالیده‌كی یته سو اولكه سیده ایدی.[116]

بو صورت‌بیله‌ن اوچ اله باغاترخان غربده اینجـه (سیر دریا) جنوبده تكٔری تاغلری، شرق‌ده باركول، شمالده قیرغیز یایلاغلری اراسیده یكٔی بیر تورك دولتی قوروب غربی كوك تورك دو لتی‌نی تیرگوزدی (۱۱ نجی خریطه‌غه قاراسونلر). بو تاریخلرده تكٔری تاغلری‌نیكٔ جنوبی‌ده‌كی اولكه لردین قوچو، لولان، كنگیت، كوچـا اوچ اولكه لری چین استیلاسی استیده ایدی. فرغانه و سوغـوت خان لری هم چین‌غه خراج بیریب یریم مستقل حالده یاشار ایدیلر و كاشغر، یاركند، ختن اولكه لری تیبت‌لیك لرغه تابـع ایدی.

اۆچ‌آله باغاترخان بو جنوبی تورك یورت‌لریدین اوّلا چین و كین‌چه تیبت استیلاسی‌نی یوق قیلیب غربی كوك تورك دولتی نیكٔ قدیمقی حدودی‌نیكٔ همه سی‌نی بیر تورك دولتی نیكٔ بایراقـی استیده بیرله‌شتورمك اوچون بیر سیاسی پلان توزدی. اوّلا غرب ده



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

کی اسلام عرب عسکری و جنوب دەکی تیبت لیک لر بیلەن بیرلە شیب چین نی کاملاً هیداب چیقارماق اندین کین تیبت لیک لرنی یوق اتمك و موندین کین عرب عسکری نی تورك یورتیدین اوزاقلاشتورماقنی توشوندی . باغاترخان تولا کوشش لردین کین عرب عسکری و تیبت لیک لر بیلەن چین ضدیغە بیرلیك پیدا قیلیب چین بیلەن اوروشقالی باشلادی . لیکن بو بیرلیك و غیرت چین نیكْ او کونلردەکی فوق العادە قوّتی نی ینگەلمدی . اما بو اوچ قوّت اراسیدە قالغان چین قوتی آران اوز نفوز منطقە سی نی غینە محافظە قیلالدی و تورکش ویا عرب ویا تیبت لیك لرغە تعرض قیلالمادی .

**قوتلوق وتورکش دولت لری نیكْ بیرلە شکە نی**

**وتورکستان لرنیكْ چین اسارتیدین قوتولغانی**

تورکش دولتی یوقاریقی صورتدە تشکیل تاپقاندین کین غرب دین عرب اسلام عسکرلری طرفیدین ، شرق دین چین دولتی طرفیدین و جنوب دین چین و تیبت لیك لر طرفیدین دایما خطرغە معروض ایدی . بو نیكْ اوستیغە شرق تورك یورتیدە ایلتریش قاغان نیكْ اورنیغە اولتورغان قاپاغان خان ، تورکش و باشقە لردین عبارت بولغان تمام غربی کوك تورك غە تابع بولغان تورك قوم لری نی اوز حاکمیتی استیغە الماق اوچون اقدامات قیلماقدە ایدی . اخیراً ٦٩٩م (٧٩ هـ) تاریخیدە قاپاغان خان تورکش دولتی نیكْ اوستی غە استیلا قیلدی و چین عسکرلری نی یوق اتیب شرقی و غربی تورکستان لرنی اوز بایراقی استیغە الیب قدیمقی کوك تورك ادارە طرزی بوینچە غربی تورك خانلیق لری اوستیغە قاپاغان خان اوز اوغلی نی یابغو تعیین قیلدی . اوچ الە باغاترخان ، قاپاغان خان نیكْ عالی حاکمیتی نی تونوب انقیاد قیلدی و اوزی نیكْ داخلی استقلالی نی محافظە قیلدی . (١٠ نجی خریطەغە قاراسونلر)[117]

موندین بیر ییل ایلگری ٦٩٨م دە قاپاغان خان چین

دولتی بیلەن اوروشوب پیچلی و شانسی ولایتلرینی اشغال قیلیب چین امپراطورینی خراج برمك صورتی بیلەن قوتلوق دولتیغه تابع بولماقغه مجبور قیلغان ایدی.[119] ۷۰۰م تاریخیده قاپاغان خان ایلتریش قاغان نیڭ اوغلی کول تکیننی فرغانه، سوغوت و تخارستان (قطغن و بدخشان) اولکەلریدەکی تورك خانلیقلرینی انتظامغه الماق اوچون ماوراءالنهرغه یوللادی. کول تکین او یورتلرنی اۆز بایراقی آستیغه الیب عمومی والیلیق صفتی بیلەن غربی تورکستانده یرلەشیب عرب اسلام عسکرلرینی توسقیلی تیارلاندی.

## تورك قوتلوق دولتی بیله ن اسلام امیرلری اراسیده کی واقعه لر

بو فصلدە عرب اسلام عسکرلرینیڭ تورك یورتلریغه غالب بولغانلری و آرادەکی محاربەلرنیڭ مختصر تاریخچەسینی یازامیز. اوّلا حضرت عمر نیڭ خلافت دوریدە ایران شاهینی اسلام عسکرلری نهاوند اوروشیدە مغلوب قیلغاندین کین خُراسان اطرافیدەکی تورك لر اوستیغه عرب لر حاکمیتی باشلادی. حضرت عثمان نیڭ زمانەسیدە اهالیسی نیڭ اکثری تورك بولغان خراسان مملکتی قطعی صورتدە اسلام عسکرلرینیڭ قولیغه توشتی. ۳۲ هـ (۶۵۳م) دە خراسان والیسی اَحْنَف بِنْ قَیْس نیڭ قیادتی آستیدە اسلام عسکرلری شرقغه هجوم قیلغالی باشلادیلر و بلخ شهرینی فتح قیلدیلر.[120] اندین کین اایاغ تخارستان (قطغن) و یوقاریقی تخارستان (بدخشان) دەکی تورك خانلیقلرینیڭ اوستیغه هجوم قیلدیلر. تورك لر تولا قاتیغ اوروشلردین کین مغلوب بولوب اسلام دولتیغه جزیه (باج) بیریب تابع بولماقنی قبول اتیب داخلی استقلاللرینی محافظه قیلماق شرطی بیلەن صلح قیلدیلر. بو نیڭ بیلەن اسلام عسکرلری (احنف) یانیب کتتی. موندین کین احنف بن قیس خوارزمدەکی تورك خانلریغه هجوم قیلسامو مغلوب بولوب یاندی. منه بو صورت بیلەن حضرت عثمان نیڭ زمانەسیدە اسلام عرب عسکرلری اوگوز (اموداریا) بوییغه کلیب توختادی.[121] بو واقعەدین کین بَنی اُمَیّه خلیفەلریدین عَبْدِ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

الملك نیك زمانه سی یعنی ۸۰ هـ (٦٩٩م) تاریخی غه چه عرب و تورك اراسیده مهم محاربه بولمادی و بلکه تخارستان خانلری استقلال لری نی حاصل قیلیب مذکور تاریخ غه چه ازاد یاشادی لر. عبد الملك زمانه سیدین اعتباراً تورك یورت لری غه غزات قیلغان مشهور عرب قوماندان لری نیك واقعاتی نی توبنده بیان قیلامیز.[122]

## مهلب بن ابی صفره و قتیبه بن مسلم

عبد الملك طرفیدین عراق والی سی بولغان مشهور حجاج ظالم خراسان غه هم والی ایدی. حجاج نیك امری استیده کی مهلب بن ابی صفره، اسلام عرب قوماندان لری نیك اك مشهوری ایدی. حجاج، مهلب نی خراسان غه والی تعین قیلیب تخارستان و سوغوت اولکه لریده کی تورك لرنیك اوستیغه غزات قیلماق غه امر قیلدی. ۸۰ هـ (٦٩٩م) تاریخیده مهلب اسلام عسکرلری بیله ن بلخ قه کلیب اوگوز (امودریا) دین اوتوب دریا بوییده کی کش قلعه سی غه هجوم قیلیب بو قلعه نی فتح قیلدی. اندین کین سوغوت اولکه سیده کی بخارا خانی وختلان (قاراتکین) خانی بیله ن ایکی ییل اوروشوب هیچ بیر یرنی فتح قیلالمادی. مونیك اوستیغه اسلام عسکرلری هر طرفدین تورك لرنیك هجومی غه معروض قالیب مدهیش بیر تهلکه ایچیده قالغان اوچون مهلب تمام عسکری نی الیب مرو غه یانیب کتتی.

مهلب مرو غه باریب از زمان ده وفات اتتی اورنیغه اوغلی یزید بن مهلب و اندین کین مفضل بن مهلب والی بولوب بولر هم تورك لر بیله ن تولا محاربه لر قیلدی لر. بولر اگرچه اسلام قوماندان لری نیك بیرنجی درجه ده کی لریدین ایدی لر اما تورك لرنیك شدتلیك مدافعه لری نی یگالمدی لر و هیچ فتوحات قیلالمادی لر.

٧٦ هـ ده حجاج خراسانغه قتيبته بن مسلم اتليغ بير قوماندانني والي قيلدى. قُتَيبَه خراسان مركزى مروغه كليب تخارستانده بير خانليقنيك پايتختي بولغان تالقان شهرى نى الدى. بو وقت ده تخارستانده بير بيريغه دشمن تورت خانليق تورك دولتلرى بار ايدى. قتيبه بو داخلي عداوتدين استفاده قيليب بو تورت خاندين ساغانيان (حاضرقي شيغنان) خاني نى اوروش سيز اطاعتيغه كيرگوزدى و باشقه اوُچ خانلرني ارقه ارقه دين مغلوب قيليب همه‌ني جزيه برمك صورتي بيله‌ن اطاعت قيلماقغه مجبور اتتي. قتيبه، تخارستانده كافي مقدارده عسكر قويوب اوزى مَرْوْ غه ياندى.

٨٧ هـ (٧٠٥م) ده قتيبه بلخ غه كليب اوگوزدين اوتوب باى كند شهريغه هجوم قيلدى. تورك لر غايت قاتيغ مدافعه قيلدى لر. حتاكه قتيبه باشليغ تمام اسلام عسكريني تورك لر ايكي آى مدت محاصره قيلدى لر. قتيبه و حجاج آراسيده خبرله‌شمه اوُزولدى. بيركوني مسلمانلر اوشتومتوت بير هجوم بيله‌ن محاصره‌دين چيقيب تورك لرنيك اوستيغه حمله قيلدى. غافل حالده تورغان تورك لر مغلوب بولوب شهرغه كيريب الماق اوچون ارقه‌غه ياندى لر. ليكن مسلمان لردين بير مونچه‌سي تورك عسكرلرى بيله‌ن شهرنيك آراسي ده كي يوللرني اشغال قيليب الغان سبب دين تورك لرنيك تولاسي شهرغه كيرالماى هر طرف غه قاچتي لر و آز غينه‌سي شهرغه كيريب مدافعه غه توردى لر. ليكن بو اوتراده مسلمان لر شهرنيك بير طرفيدين سپيل‌ني ييقماقغه موفق بولغان ايدى لر. شهر اهالي سي بوني كوروب جزماً مغلوب بولوش لريني بيليب قتيبه دين مصالحه طلب قيلدى لر. قتيبه تورك لرنيك انقياد قيلماق شرطي بيله‌ن اولرنيك مال و جان لريغه امان برمك صورتي بيله‌ن صلح قبول قيلدى. موندين كين قتيبه شهرغه كيردى و مسلمان لردين بيريني باى كندغه حاكم قيليب قويوب يانيب كتتي. قتيبه يانغاندين كين شهرده بير قوزغولوش پيدا بولوب حاكم اوُلتورولدى. بو حادثه‌ني قتيبه اڭلاب يانيب كليب حادثه نيك سببي‌ني و مسئول لرني تحقيق قيلماسدين شهر

خلقی‌نی قتل‌عام قیلدی . تمام نرسه‌لرنی اولجه قیلدی و شهرغه اوت قویوب تماماً ویران قیلدی . بو نیڭ بیله‌ن سوغوت اولکه سی نیڭ اڭ بای و اڭ چیرایلیق شهری بولغان بای‌کند شهری محو بولدی .

بو وقت‌غه‌چه قوتلوق کوك تورك قاغانی قاپاغان خان طرفی‌دین غربی تورك یورت‌لری‌غه عمومی والی بولغان کول تکین مهلب و قتیبه نیڭ هجوم‌لری‌دین مدافعه قیلماق‌غه آرالاشمای‌توردی، فقط تخارستان ، ختلان و سوغوت خان‌لری مدافعه قیلور ایدی . قتیبه یوقاریقی هجوم بیله‌ن بای‌کند شهری‌نی ویران قیلیب اهالی‌سی‌نی قتل‌عام قیلغاندین کین کول تکین عرب عسکرلری‌نیڭ قوتی‌نیڭ کوب‌لیکی‌غه توشونوب مدافعه وظیفه‌سی‌نی بالذات عُهده‌سی‌غه الماقنی لازم کوروب فرغانه و سوغوت تورك لری‌نی توپلاب قتیبه نیڭ ایلگری فتح قیلغان یرلری‌نی یاندوروب الیب اوگوز بوییده‌کی ترمز شهری‌غه باریب او یرنی قارارگاه قیلدی . ۸۸ هـ (۷۰۷م)ده قتیبه تمام اسلام عسکرلری‌نی الیب اوگوزدین اوتوب سوغوت‌غه هجوم قیلغالی یوروش قیلدی . کول تکین قتیبه نیڭ آلدی‌نی توسوب ترمز نیڭ یاقینی‌ده قاتیغ محاربه بولوب اسلام عسکری مغلوب بولدی . قتیبه قالغان عسکری بیله‌ن اوگوزدین اوتوب بلخ ده هم توختایالمای مروغه کتتی [123] ۸۹ هـ ده قتیبه اوشتومتوت سوغوت اولکه سی‌غه هجوم قیلدی بو هجوم مو ینه اوّلقی بیل‌ده‌کی‌ده‌ك قتیبه نیڭ مغلوب‌لوقی بیله‌ن نتیجه‌لنه‌ندی .

بو ایکی مغلوب‌لوق نتیجه سیده قتیبه ، ماوراالنهر ...ین امیدی‌نی اوزدی و حجاج‌غه تورك‌لرنیڭ شجاعتی‌نی تفصیل ...یله‌ن یازدی ، ماوراءالنهر نیڭ خریطه سی‌نی ایباردی و تورك‌لر ...یله‌ن ینه محاربه قیلغان تقدیرده عرب عسکرلری‌نیڭ محو بولماقی‌...ین قورقوتتی . لیکن حجاج ، قتیبه‌غه ملامت قیلیب انیڭ غیرتی‌نی ...زغادی و غایت تولا یاردم قوتی ایباردی ، و ایران یگی مسلمان‌لری ...، جهادغه دعوت قیلیب اولردین هم بك تولا یاردمکلتوردی . بو قوت بیله‌ن ۹۰ هـ (۷۰۹م)ده قتیبه بخاراغه یوروش قیلدی . کول تکین

١١- نجى توركش دولتى



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

بونی اکّلاب اوّز عسکری و فرغانه و سوغوت عسکرلری بیله‌ن سمرقندد ین بخاراغه یوروش قیلدی . قتیبه‌ایلگیری‌کلیب بخارانی محاصره قیلغان حالده کول‌تکین یتیشیب کلیب مسلمانلرغه قاتیغ هجوم قیلدی . غایت دهشتلیک محاربه‌لر بولوب مسلمانلر ارقه‌غه یاناقغه مجبور بولدی و بخارا محاصره‌دین قوتولدی . آخشام غه‌چه اوروش دوام قیلیب تورک لر مسلمانلرنی سوروب بخارادین خیلی اوزاقلاشتوردی لر . اخشام بولوب محاربه توختادی . مسلمانلر بیر آقین سودین اوّتوب توشتی لر. کول‌تکین تورک عسکرلری بیله‌ن بیر ایگیز یرگه توشتی . کیچه ده قتیبه مسلمانلرنی تورک لر اوستیغه بیر کیچه باسقونی قیلماق غه تشویق قیلور ایدی . لیکن بوگا هیچکم جسارت قیلالماس ایدی . اخیراً آتلیغ عسکرلرنیك قوماندانی وَکِیعْ بو تشویق‌نی قبول قیلیب بیر فرقه اتلیغ عسکر بیله‌ن آقین دین اوّتوب باشقه بیر یول بیله‌ن تورك عسکرلری‌نیك ارقه‌سیغه اوّتمکغه موفق بولدی و آرقه‌دین قاتیغ هجوم قیلدی . غافل حالده اوخلاغان تورك عسکرلری عقلی‌نی یوٌ توروپ پراکنده بولدی لر و کول‌تکین اوزی‌نیك محافظ عسکرلری‌بیله‌ن غینه قالیب قاتیغ اوروشتی. کول‌تکین اغیر یارا الیب عسکرلری‌مغلوب بولدی و فرغانه غه قاچتی . بو مغلوب لوق نتیجه سیده قتیبه نیكْ مقابلیده یالغوز قالغان بخارانی و سمرقند خانی و باشقه سوغوت و ختلان خانلری جزیه برمك و داخلی استقلال‌لری قول لریده قالماق شرطی بیله‌ن قتیبه‌دین صلح طلب قیلدی لر. قتیبه بو نی غایت اولوغ بیر ظفر بیلیب بوتکلیف نی قبول قیلدی . موندین کین مذکور خانلرنیكْ اطاعتی‌غه مراقبت قیلماق و جزیه الماق‌اوچون بخاراده بیر والی و کافی درجه‌ده عسکر قویوب قتیبه مرو غه یانیب کتتی .[124]

بو اثناده شرق‌ده توقوز اوغوز و خیتای عصیانی و چین محاربه سی چیقغان سبب دین کول‌تکین‌نی قاغان قاپاغان خان قارا قوروم غه قیچقیردی .

٩٣ هـ (٧١٢م)ده قتيبه خوارزم غه هجوم قيلدی. قاتيغ اوروشلردين كين تمام خوارزم خانلری جزيه برمكنی قبول اتمك صورتی بيلەن اطاعتغه كيردی لر. موندين ايلگری بير اوروشده اينيسی عبدالرحمن نی اسيرقيلغان تورت ميڭ تورك يگيتلرنی قتيبه ظلماً قتل‌عام قيلدی.

بو اوترادە سمرقند خانی ، قتيبەنيڭ اطاعتی نی تاشلاب استقلال اعلان اتتی. ٧١٣-٧١٢م ده قتيبه سمرقند غه يوروش قيلدی. سمرقند خانی شدت‌بيلەن مدافعه قيلدیو قاتيغ محاربه لردين كين قتيبه سمرقندنی فتح قيلدی و شهر ايچيده بير مسجد بنا قيلدی. اسلام تاريخ لری‌غه كوره قتيبه نيڭ بو ظفری بخارا و خوارزم ده مسلمان بولغان تورك لرنيڭ ياردمی بيلەن حاصل بولدی. قتيبه عبدالله اتليغ بير كشی نی سمرقندغه والی تعين قيليب و تولاعسكر و حدسيز يراغ قويوب اوزی مركزغه كتتی.

٨٤ هـ نيڭ اخريده (٧١٣م) قتيبه ينه تولاعسكر بيلەن كليب فرغانه غه هجوم قيلدی. خجند خانی قاتيغ اوروشلر دين كين مغلوب بولدی. قتيبه تخی مو شرق‌غه يوروب كاسان‌شهری نی فتح قيلدی. تاشكند خانی اوروش‌سيز جزيه برمك نی قبول اتتی. منه مشهور اسلام عرب قوماندانی قتيبه بن مسلم نيڭ تورك يورت لری‌ده قيلغان مُعَظّم فتوحاتی بودور. بو اخيرقی ظفردين كين قتيبه هيچ فتوحات قيلالمادی. ٩٦ هـ ده و بير روايتده ٩٧ هجری (٧١٥م) ده اوز عسكرلری‌نيڭ قوليده اۆلتورولدی.

**بير تاريخی حقيقت**

بيلمك كرك كه : اسلام تاريخ لری‌نيڭ بعضی سی ده قتيبه ٩٦ هـ ده كاشغرنی فتح قيلدی و او وقتده او يورت‌لر چين قول آستيده ايدی و قتيبه چين امپراطوری‌بيلەن‌صلح قيلدی‌دیگەن مضمونداا اوزون روايت‌لرنی يازادور.[125] بو روايت غلط دور و هيچ بير فقره



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

سی واقعی بیر حادثه نی بیان قیلمایدور. حقیقت بودورکه او وقتده شرقی تورکستان قوتلوق کوک تورک قاغانی قاپاغان‌خان غه تابع بولوب داخلی مستقل بیر نچه خانلیق لردین عبارت ایدی. چین بیله‌ن هیچ علاقه‌سی یوق ایدی. قتیبه کاشغرنی آلماق اویان تورسون غربی تورکستان نیڭ هه‌مه‌سی نی فتح قیلالماغانلیقی تاریخ تحقیقاتی بیله‌ن ثابت بولغان بیر مسئله‌دور. قتیبه نیڭ ۹۶ هـ ده مرو ویا سمرقند ده اولتورولگه‌نی قوتلیك روایت دور. اسلام عسکری یورتیمیزغه بالدیرراق کیریب آتا بابامیز نیڭ بالدیرراق مقدس اسلام دینی غه کیرگه‌نی اگر راست بولسا ایدی بیز غه بیر فخر سرمایه‌سی بولور ایدی. لیکن تاریخ ده واقع بولمغان موندا‌غ روایت بیله‌ن گوللانیب اصل سیز فخرنی قبول اتمك عیب دور. بو اوچون حقیقت نی ایتیب قویدوق.

### ینه بیر تاریخی حقیقت

اسلام تاریخ لری نیڭ تولاراقی ده قتیبه بن مسلم نی اسلام نیڭ چوڭ فاتح لری دین ساناب غایت اولوغ و اسلام خادمی دیب یازیلادور. لیکن اسلام مورخ لری نیڭ مُحَقِّق لری و باشقه بو طرف مورخ لر ایتادورلرکه: راست، قتیبه بن مسلم اسلام فاتح لری نیڭ بیرنجی قتاریده سانالسا لایق دور. چونکه احنف بن قیس و مهلب بن ابی صفره و انیڭ اوغول لری ده ك مشهور قوماندان لر و چوڭ شخصیت لر موفق بولالمغان فتوحات غه قتیبه موفق بولدی و تخارستان و ماوراءالنهر ده‌كی قوتلیك و جڭجوی تورك لرنی مغلوب اتتی و بو یورت لرغه اسلام بایراق نی تیکلادی. اما بو نیڭ بیله‌ن هم قتیبه نی اولوغ و مقدس بیر کشی و اسلام دینی نیڭ خادمی دیمك جاییده ایمس بیر سوز دور. چونکه قتیبه اسلام دنیاسی ده مثل سیز ظالم لیق بیله‌ن مشهور بولغان حجاج نیڭ اڭ ایشانیچ لیك ادمی ایدی و ظلم و ناحق قان توکمك ده حجاج دین کم لیکی یوق ایدی. تورك یورتیده اطاعت قبول اتکه‌ن تورك لرنی باشقه‌لر

قورقوتماقا وچون مدهيش صورتده قتلعام قيلماق والغان شهرلرنى كويدورمك و بولان تالان قيلماق و موكّا اوخشاغان خلق نى اسلام دينى دين نفرت قيلدوراد ورغان وحشيانه معامله لرى بسك تولا ايدى. اوترا آسيانيڭ الڭ باى و معمور شهرى بولغان باى كند شهرى‌نى جزئى بير بهانه بيله‌ن ويران قيلدى. تخارستان‌نى فتح قيلغانده تالقان شهرى‌نيڭ اهالى‌سى‌نى قتلعام قيلدى‌ويا راغنى تاشلاب تسلم بولغان ميڭلرچه ادم نى شهر اطرافيده‌كى يول‌لرنيڭ بوييده‌كى درخت‌لرغه تيريگ اسيب قويوب اۆلتوردى. بو نيڭ امثاليده‌كى ظلم لر و قتلعام لرنيڭ تفصيلاتى‌نى مفصل تاريخ كتاب لرى‌ده كورولسون[126]. الحاصل اطاعت قيلغان لرنى اۆلتورمك و اسير قيلماق و شهرلرنى ويران قيلماق و مال‌لرى‌نى بولان تالان قيلماق دەك اسلام شريعتى و انسانيت قانونيده منع قيلينغان ظلم لر بيله‌ن قتيبه تورك لرنيڭ كوڭل‌لرى‌غه اسلام دين نفرت قيلماق حسياتى‌نى پيدا قيليب قويدى. بو ظلم لر بيله‌ن اسلام و مسلمان‌دين نفرت قيلماقده و دايما انتقام الماق فرصتغه منتظر بولماقده بولغان تورك لر ٩٦ هـ (٧١٤-٧١٥م) ده قتيبه اۆلتورولگه‌ن زمان اطاعت‌نى تاشلاب استقلال اعلان اتتى‌لر. فقط سمرقند و بخارا شهر لرى‌ده عرب عسكرلرى تولا بولوب و هم بو ايكى اهالى‌نيڭ تولاسى مسلمان بولغان لرى اوچون بو ايكى شهر غينه اسلام دولتى‌غه تابع قالدى لر.

اسلام عسكرلرى بيله‌ن تورك لر اراسيده‌كى ماجرا لر توبنده اۆز مۆريديده ذكر قيلانادور.

**شرقى تورکستان نيڭ داخلى واقعه لرى**

قاپاغان خان يگرمه تورت ييل حكومت سوروب آسيادا كوك تورك دولتى‌نى يكّى‌دين تيرگوزدى. ٧٠٩م ده‌كى بخارا محاربه سيده كول‌تكين يارا لانيب يانغاندين‌كين قاپاغان‌خان عرب لر بيله‌ن محاربه قيلمادى. بو نيڭ سببى بير طرفدين چين بيله‌ن اوروشماق و بير طرفدين مغولستان نيڭ غربى ده‌كى توقوزاوغوز



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

و مانچور نيكٔ جنوبيدەكى خيتاى اتليغ تورك قبيلەلرىنيكٔ عصيانى نى باسيقتورماقغە مشغول بولماقى ايدى .

قاپاغان خان ٩٧ هـ (٧١٦م) دە وفات قيليب اورنى غە قوتلوقخان نيكٔ چوكٔ اوغلى بيلگە خان قاغان بولدى . بيلگە خان نيكٔ وقتيدە تورك عسكرى نيكٔ باش قوماندانى، اينى سى كول تيكن ايدى (يوقاريدە ذكرى اوتتى). بيلگە خان ١١٦ هـ (٧٣٤م) دە وفات اتتى. اورنيغە اوغلى ايجن خان قاغان بولدى . بو ذات نيكٔ وقتيدە توقوز اوغوزلر ينە عصيان چيقاريب وفاتىغەچە بو عصيان دوام قيلدى .

ايجن خان ١٢١ هـ (٧٣٩م) دە وفات قيليب اورنيغە قوتلوق بيلگە خان قاغان بولدى . بو ذات ١٢٥ هـ (٧٤٢م) دە وفات قيلدى . قوتلوق بيلگە خان نيكٔ زمانەسيدە چين دولتى قوت لەنيب شرقدە تولا يرلرنى اليب كتتى و داخلدە ويغور، بسمل و قارلوق قبيلەلرى عصيان چيقاردى لر . قوتلوق بيلگە خان نيكٔ وفاتيدين كين اورنيغە اۆزميش تكين قاغان بولدى . بو كشى نيكٔ وقتيدە چين هجوملرى و اويغور، بسمل ، قارلوق عصيانلرى سببى دين دولت انتها درجەدە ضعيفلاشتى . ١٢٦ هـ (٧٤٤م) تاريخيدە اويغور، بسمل و قارلوقلر بيرلەشيب قاراقوروم شهرىغە ـتيلا قيلدى لر . بو نيكٔ بيلەن ٦٥ ييل دوام قيلغان قوتلوقكوك تورك دولتى ييقيلدى .

توركش دولت رئيسى اۇچالە باغاترخان نيكٔ قوتلوق قاغانى قاپاغانخانغە اطاعت قيلغانىنى بيان قيلدوق . اۇچالە باغاترخان وفات قيلغوچە قاپاغان خان نيك اطاعتىدە توردى . ٨٧ هـ (٧٠٦م) دە اوچالە باغاترخان اۆلدى و اورنيغە اوغلى سواوقى خان اولتوردى . ليكن كينچە اينى سى چانوخان خانليق تالاشيب بو منازعت سببى بيلەن آكا و اوكا آراسيدە اوزون اوروش لر بولوب يورت تينچ سيزليقغە مبتلا بولدى . اخيراً متبوعلرى بولغان قاپاغانخان ٩٢ هـ (٧١١م) دە مذكور آكا و اوكانيكٔ هر

ايكيلاسينى اۋلتوروب اوچاله باغاترخان خاندانىنيڭ حاكميتىنى ييقيتتى . توركش دولتىنيڭ ايكنجى تا سيسىو واقعه لرىتو بنـــده كيلادور.

بو آراده شرقى توركستاندين ٨٠ هـ(٦٩٩م)ده قاپاغانخان چيننى هيداب چيقارماقى بيلەن شرقى توركستاننيڭ يرليك خانلرى توپتوغرا قاپاغانخان نيڭ اطاعتىده ايدى لـــر. قاپاغانخان وفات قيلغونچه بو وضعيت دوام اتتى . قاپاغان خان وفات قيلغاندين كين چينليغلر ينه شرقى توركستانغه هجوم قيلسه مو ٩٧ هـ(٧١٤-٧١٥م)ده توركش استقلالىنى اعلان قيلغـــان سولو قاغان نيڭ غيرتى بيلەن چينليغلر مغلوب بولوب قاچتىلر وبو تاريخدين ١٢٢ هـ(٧٣٩م)غەچه شرقى توركستان خان لـــرى توركش قاغانى نيڭ حمايەسى استيده مستقل پاشادى لر. تفصيلى توبنده توركش قاغانى بيانىده كيلادور.

**كوك تورك دولتى نيڭ سياسى واجتماعى احوالى ومدنيت اثرلرى**

كوك تورك دولتى نيڭ آسيا عمومى مدنيت تاريخيده مهم بير موقعى باردور. شرقى كوك تورك دولتى نيڭ ايكنجى خاندانى بولغان قوتلوق سلالەسى،بوكونغەچه قالغان اورخون آبده لـــرى ديب مشهور بولغان قديم تورك كتابه لرىنى ميراث قويوب قديم توركـ مدنيتى تاريخىغه غايت چوڭ بير خذمت قيلغان ايدى لر (بيانى توبنده كيلادور). غرب كوك تورك دولتى جغرافيائى موقعيتى نيـــڭ تقاضاسى بيلەن عمومى تاريخده تخىمو چوڭ بير موقعيت كسب اتكەن ايدى . بو دولت يالغوز چين دولتى بيلەن غينه ايمس بلكه ايــران ( ساسانى )دولتى و شرقى روما (بيزانس)امپراطورلوقى بيلەن هم سياسى و اقتصادى مناسبتلرده بولدى لر. ايران و بيزانس پايتخـــت لرىغه سفارت هيئتلرى ايباردى لر و او دولتلردين هم كـــوك تورك اوردالرىغه سفيرلر كلدى لر. كوك تورك لر، ٦نجى عصـــر



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

میلادی‌نینګ ایکنجی یه‌ریمی‌ده یالغوز چین‌دولتی‌نی‌غینه قورقوتوب قالمادی‌لر بلکه ساسانی و بیزانس‌دولت‌لری‌نی هم فعلاً تیتره‌تکه‌ن بیر قوت‌غه ایگه ایدی[127]

## داخلی سیاست

بو درجه‌ده قوتله‌نگه‌ن کوک تورک دولتی تقریباً بیر عصر مدت قد یرغان تاغلریدین ایتل (وولغا) دریاسی‌غه‌چه و التای تاغلری‌دین هندستان حدودی‌غه‌چه ساحه نینګ ایچیده‌کی تمام تورک اقوامی‌نی اوزی‌نینګ قوتلیک حاکمیتی استیده بیرله‌شتوروب اداره قیلدی‌لر و بو اولکه‌لرده نظام و اسایش‌نی محافظه اتتی‌لر. بو نظام و اسایش‌سایه‌سیده اطرافده‌کی چین، هندستان، ایران، روم ملت‌لری اراسیده تجارت مبادله‌لری و بیر بیری‌نینګ مدنیت و صناعت‌لری‌دین استفاده قیلیشماق غایت مکمل بیر صورتده ممکن بولدی. ایران و روم مدنیت محصول‌لری بولغان تجارت مال‌لری تورک یورتی نینګ ایچیده‌کی چوګ و اوزون کاروان یول‌لریدین اوّتوب چین و ژاپون‌غه باردی و او یرلرنینګ مال‌لری اوروپا غه‌چه باردی.

بو مبادله یالغوز تجارت مال‌لری‌غه چه‌کلیک بولمای بیر مونچه فکر و دین-مذهب‌لر بو ملت‌لرنینګ بیری‌دین ینه بیری‌غه تارقالدی. بونینګ‌گا نه‌سببی اوشبو تورک یورتیده‌کی اسایش و انتظام و سیاحت و تجارت ازادلیقی ایدی. او عصرلرده ایران‌ده رواج تاپقان مانی دینی، وهندستان ده‌رواج تاپقان بودا دینی نینګ اوترا اسیاغه کلیب اویردین چین‌غه اوتمیکی اوشبو جمله‌دین دور.

## دولت تشکیلاتی

کوک تورک لرنینګ دولت تشکیلاتی هون لرنینګ‌تشکیلاتی غه اوخشار ایدی. بو دولت هم یوقاریقی تورک دولت‌لری‌ده‌ک تولا

خانلیق و بگلیك لرنیڭ چوك و عمومی ایشلرده بیر رئیس نیڭ باریاقی استیده بیرلەشمکی دین عبارت بولغان بیربیرلەشمه (کونفدراسیون) دولتی بولوب زمانه میزدەکی دولتلردەك مرکزچی دولت ایمس ایدی. کوك تورك قاغانی غه تورك خانلری و بگ لری نیڭ اطاعتلری توبندەکی تورت ایش دین عبارت ایدی.

١- یات دولتلر بیلەن محاربه چیقغان وقتده هر خان و بگ اوز عسکری نی همراه الیب باریب قاغان نیڭ امری استیده محاربه غه قاتیلور ایدی لر.

٢- یورت نیڭ عمومی تینچلیقی نی محافظه اتمك خصوصیده قاغان نیڭ یارلیغی قطعی بولوب هر خان و بگ بو یارلیغ غه اطاعت قیلماقغه مجبور ایدی.

٣- هر خان و بگ معین بیر مقدارده قاغان خزانه سی غه تارتیغ ایبارور ایدی.

٤- قاغان نیڭ امری سیز هیچ بیر خان و بگ نیڭ یات دولت بیلەن دوستانه مناسبت ده بولماقی جایز ایمس ایدی.

موندین باشقه داخلی ایشلرده هر خان و هر بگ اوٚز نفوز منطقه سی ده مستقل ایدی و قوشنالری بیلەن حرب و صلح قیلماقده اختیارلیغ ایدی. هر خان و هر بگ نیڭ منصبی اوٚز اولادی غه میراث قالور ایدی.

کوك تورك دوریده ایلخان، یابغو، تکین، شاد، ابیت شاد، ایدات شاد، ترخان، بویروق، چور دیگەن شرف عنوانلری بار ایدی. قاغان خاندانی غه منسوب شهزاده لر، تکین یاکه شاد و یاکه ابیت شاد عنوانی بیلەن ایتیلور ایدی. اورخون آبدەلری غه کوره "تکین" مطلق شهزاده دیمکدور. تکین لردین بیر قبیله ویا ولایت غه والی بولغان کشی "شاد"، بیرنچه قبیله غه ویا ولایت غه والی بولغان کشی "ابیت شاد" ویا "ایدات شاد" عنوانی الور ایدی. اما یابغو عنوانی بولسا پوتون مملکت نیڭ بیر حصه سیده قاغان دین



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

نایبلیق صفتی بیلەن حکمدارلیق قیلادورغان شهزادەغە مخصوص عنوان ایدی. حکومت نیڭ چوڭ مأمورلری بویروق و بگ عنوانی بیلەن تونولور ایدی. یورت نیڭ بیر حصه سیده قاغان نیڭ نایبی (عمومی والی) بولغان کشی یابغو عنوانی بیلەن تونولور ایدی. قاغان لیق خاندانی دین بولمای یورت دە فوق‌العادە نفوذ صاحبی بولغان کشی غە ایلخان عنوانی بیریلور ایدی (بو عنوان مثلاً شرقی توركستان دەك بیر نچە خانلیق دولت، یا ر بیر منطقەدە عمومی نفوذی بار ذاتغە مخصوص بولوب فقط قاغان دین ایکنجی درجەدەكی رتبەنی افادە قیلادورغان عنواندور). ایلخاندین کین مرتبه جهتیدین باغاترخان، ترخان، خان چور (قبیله بگی) کلور ایدی. غرب کوك تورك دولتی دە حکومت کتابت و حساب ایش‌لری‌نیڭ اداره مأمورلرینی تامغاچی دیر ایدی‌لر. منه یوقاریدەكی معلومات کوك تورك دولتی دە منتظم بیر اداره تشکیلاتی بارلیقی نی کورساتادور.[128]

## عادت واخلاق

کوك تورك لردە یعنی حاضرقی مغولستان و آلتای آتالغان بولگە دە خلق نیڭ بیر قسمی کوچمنلیك حالیدە یاشاب حیوان باقماق و آو آولاماق بیلەن حیات کچورور ایدی لر. بو لر تیره دین یاسالغان چادرلردە اولتورور و یایلاغدین یایلاغقە کوچوب یورور ایدی لر. بیر قسمی شهر و کنت لردە اولتوروب زراعت و باغچی‌لیق بیلەن تیریگلیك قیلور ایدی لر و یاز کونلردە یایلاغلرغە چیقار ایدیلر.

کوك تورك دوریدە مغولستان و التای لردە هیچ شهر یوق ایدی دیگەن روایت‌لر غلط دور. چونکه اورخون، سلنگا، اونون، کرولین، انقرا، یاما (ینی‌سی) و ایرتیش دریالری و باشقە اقین لر بوییدە یوزلرچه چوڭ کیچیك شهرلر و ابادلیق‌لر بار ایدی. حاضرقی زمانه میزدە ینه بو شهرلرنیڭ خرابه لری اشکارادور.[129]

شهر خلقی تجارت و صناعت بیلەن مشغول ایدیلر .
کاروانچیلیقغە اوخشاش ایشلرغە مشغول بولغانلر هم تولا ایدی .
تریم یر و باغلرنی سوغارماق اوچون اوستك و اریق و آزما انشا قیلماق
دە ماهر ایدی لر . او وقتدە تورك‌لرنیك کییم لری چین‌لیغ لرنیك کی
غە اوخشار ایدی . لیکن چین‌لیغ لرنیك خلافیدە کییم لری‌نیك پیش
لری اوكدین سول طرفغە یورگەر ایدی لر . ساچلری‌نی توشورمەی
اوزون قویار ایدی لر . اتغە مینمك و یاراغ ایشلەتمكدە بك ماهر
ایدی لر . کسکین قلیچ لری و حیوانلرنیك موگوز لریدین یاسالغان
یای لری و ایسقیتقاندەك آواز بیرەدورغان اوق لری بار ایدی . التون
و کموش و جواهر بیلەن زینت بیریلگەن زرە مونجاق لری بار ایدی . و
اریا عرقی ایچار ایدی لر . کوك تورك لر غایت شجاعت‌لیك و جنگاوار
بولماقی بیلەن غایت انسانیت‌چی و مُرو وتلیك ایدی لر . مثلاً وزمانە
دەکی آثور و کلدان و باشقە ملت‌لرنیك ظفر آبدە لریدە مذکور بولغان
قتل‌عام و و حشیانە غارت و تخریب بیلەن خوشلانماق ، تورك ظفر
ابدە لریدین اکلانغانغە کورە تورك لردە اصلا یوق ایدی . او زما
نەدە اوزی‌نی مثل سیز مَدَنی اتایدورغان چیندولتی‌نیك مەیلی اوز
یورتیدە و مەیلی تورك یورت‌لریدە قیلغان قتل‌عام و تخریبات و مُد-
هیش غارت‌لری بیلەن چین تاریخی تولا غلیغدور.[130]

**صناعت**

کوك تورك لر ارگنە قوندەکی وقت‌لریدە کان لردین
تیمور چیقارماق و تیموردین تورلوك اسباب لر و یاراغ لر یاساماقدە
تولا اوستا ایدی لر . چین تاریخی‌غە کورە کین لردە کوك تورك لرغە
تابع بولغان جوجان تاتار قاغان لری او لرنیك بو صناعت لریدین
بك تولا فایدە لانغان ایدی لر . کوك تورك لر دولت قورغاندین‌کین
بو صناعت تخی‌مو رواج تاپقان ایدی . بو دولت دوریدە مغولستان و
التای خلقی التون و کموش و هر قسم کان محصول لریدین هر تورلوك
نرسە لر یاساب باشقە ملت‌لرغە ساتقالی باشلادی . او زمانەدەکی



ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

تورك صناعتی خصوصیده ٦٦٩م ده روم امپراطوری جوستینیان نیڭ آلدیدین غرب یابغوسی ایستمی خاننیڭ حضوریغه سفیر بولوب کلگەن زیمارك نیڭ کۆرگەن لری کافی شاهد دور.[131] زیمارك ایتادورکه: "تورك یورتیده آلتوندین یاسالغان نرسه لرنیڭ صنعتی و نازك لوقی روما مملکتلریده یاسالغان نرسه لردین هیچ توبن قالمای دور. ایستمی خان نیڭ بیرنچه اوردالریده من کورگەن آلتون اسباب لر نیڭ تولالیقی دین حیران بولدوق. منی ایستمی خان مراسم بیلەن حضوریغه قبول اتتی. بو قبول اورداسی تماماً ایپك زیلچه لر و ایپك کورپه لر و ایپك پرده لر بیلەن زینتلنگەن ایدی. ایستمی خان بو زینتلیك اوردادە آلتون تخت اوُستیده اولتوروب منی قبول اتتی. بو اوردا نیڭ زینت و حشمتی بیزانس امپراطورلوق اوردالری دین کم ایمس ایدی. بو اوردادە بیرنچه قومغان (افتابه) لرنی کوردوم. بو قومغانلرغه غایت چیرایلیغ و صنعتکارانه اویماسیزیغ لر و صورتلر قیلینیب دور. بو اوردانیڭ توگروك لری آلتون دین قاپلانیب دور. بو اوردادە آلتون دین یاسالغان تورت طاوس نیڭ اوستیغه ولتورغوزولغان غایت حشمتلیك آلتون تخت قویولوب دور. بو اوردادەکی آلتون قاچالر و قیمتلیك بساط لر و آلتون و کموش دین ایشلەنگەن حیوان صورتلرینی حیرانلیق بیلەن تماشا قیلدیم. تورك لرنیڭ کان محصولل‌ریدین هر تورلوك اسباب و یاراغ یاساغانلرینی بك تولا یرلرده کوردوم".

**تجارت**

کوك تورك دولتی دوریده تورك لر تجارت ایشی دەبك ترقی قیلغان ایدی لر. بیزانس (روم)، ایران، هندستان نیڭ چین تجارتی کوك تورك لر زمانه سیده دنیانیڭ اڭ مهم تُجارلری بولغان شرقی و غربی تورکستان خلقی نیڭ قولیده ایدی. خصوصاً چین نیڭ ایپك و تَوار (ایپك توقوما) لرینی یالغوز تورکستان سوداگرلری قوروغ کاروان یوللری بیلەن روم، ایران، هندستان غه

الیب باریب ساتار ایدی لر. او یورت لرنیك تجارت مال لری‌نی توركستان و چین‌غه كلتورور ایدی لر. او وقتده تورك سوداگرلری‌واسطه سی بیله‌ن یوقاریقی مملكت لرنیك بیری‌نیك مالی و مدنیتی‌غه ینه بیری‌غه اوتكه‌نی نیك اثر لری حاضرقی زمانه میزده مذكور مملكت لر نیك موزه لریده باردور. بو جمله دین ژاپون نیك قدیم ها ریو یوی معبدی‌ده‌كی موزه خانه‌ده ایران نیك ساسانی حكمداری دوریده ژاپون‌غه كلگه‌ن بیر مونچه قاچالر باردور.

**دین**

بو دوره‌ده كوك تورك لرنیك دینی قدیمقی تورك لر و هون لرنیك دینی بولغان توبین و قامان دینی ایدی. كوك تورك لر یوقاریده‌كی كوك اسمان و استیده‌كی قارا یرنی مقدس بیلیب اولر اوچون قوربانلیق قیلور ایدی لر. ییلده بیر نوبت دینی مراسم لری‌بار ایدی و ییلده بیر نوبت اسمان‌غه عبادت قیلور ایدی لر. اورخون آبده لریده‌كی كتابه لرغه كوره تكری‌نی تورك تكری‌سی دیب یازیلیب دور بو آبده‌لرده‌قاقین اومای اتلیغ بیر معبود نیك اتی یازیلیب دور. بو معبودغه كیچیك باله لرنیك تربیه و محافظه سی‌غه كفیل دیب اعتقاد قیلینور ایدی. دیمككه كوك تورك دولتی قورولوش‌دین ایلگری‌توركستان و چین‌ده رواج تاپقان بودا و مانی دین لری‌نی كوك تورك لر قبول اتمگه‌ن ایدی لر.

كوك تورك لرده‌كی اۆلوم و دفن مراسم و آیین لرنی ذكر اتمك لازم دور. بو مراسم و آیین نی یوغدیر ایدی لر. بیركشی اۆلسه اولگه‌ن اویده یرگه‌یاتقوزولور ایدی و تمام توغقان لر بیرر دین قوی یا ات ویا كالا قوربانلیق قیلور ایدی لر. اندین كین بولر اۆلوگ باراۆی نیك اطرافیده یرگه ییقیلیب یغلاشور ایدی لر. بیر مدت‌بو حال بیله‌ن تورغاندین كین ینه همه لری قوپوپ ات لریغه مینیپ مذكور اۆی‌نیك اطرافی‌نی یته نوبت اتلیغ حالده چورولوب هر نوبت



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

ایشیك الدی‌غه کلگه‌نده فریاد بیله‌ن ییغلاشور ایدی لر و یوز لرینی پیچاق بیله‌ن تیلیب او یردین چیقغان قان لرنی کوز یاش‌لری بیله‌ن ارالاشتوروب اقتور ایدی لر. اۆلوگ نی کۆممك بیر نچه کون‌کین بولور ایدی. یعنی اۆز اعتقادلریده دفن اوچون مبارك سانالادورغان کون کلگونچه اۆلوگ‌نی ساقلار ایدی لر. بعضی روایت‌لرده ارته یاز ده اۆلگه‌ن اۆلوگ‌نی کوزده و کوزده اۆلگه‌ن‌نی ارته یازده دفن قیلینغانی کوردوك. دفن اوچون مبارك سانالغان کون کلگه‌نده اوّلا اۆلوگ نیڭ مینگه‌ن و یخشی کورگه‌ن اتی نی کویدوروب کولی نی و حیاتیده یخشی کورگه‌ن خصوصی نرسه لری‌نی و یاراغ‌لری‌نی اۆلوگ بیله‌ن قوشوب دفن قیلور ایدی لر. دفن دین‌کین تمام حاضر بولغان‌لر آت غه مینیب مزار نیڭ چوۆگره سی نی یته ویا توقوز نوبت چوۆرولۆر ایدی لر. اندین کین قوربانلیق لر قیلور ایدی لر. اۆلگه‌ن کشی حیاتیده نچه دشمن اۆلتورگه‌ن بولسه شونچه تاش ویا باش‌سیز هیکل‌لرنی قبر اطرافی غه تیکلر ایدی لر. بو تاش و هیکل‌لرنی بال‌بال دیر ایدی لر.[132]

### اورخون آبده لری

کوك تورك دوریده شرق (مغولستان) تورك لری ده اوز لری‌نیڭ تاریخی حوادث‌لری‌نی تاش‌لر و مناره لر و تاش‌تام لر غه اویوب یادگار قویماق تولا رواج تاپتی و بو یادگار (ابده)‌لر کوك تورك لرنیڭ تاریخی معلوماتی نی بیزگه یتکوزگه‌ن‌دین باشقه او وقت ده تورکچه تیل‌نیڭ غایت ترقی قیلیب ادبی له‌شکه‌نی نی کورساتادور. بو ابده‌لرنیڭ حاضرده کشف بولغان لری‌نیڭ مهم راقی شمالی مغولستان‌ده‌کی اورخون دریاسی نیڭ کهنه اقینی بوییده و قوشوچایدام کۆلی نیڭ یانیده بیر بیری‌دین بیر کیلومتر یراق بولغان ایکی تاش ابده (مه‌ڭگو تاش) دور. بو ایکی آبده نیڭ بیری ۷۳۱م ده وفات قیلغان مشهور کول‌تکین نیڭ یادگاری بولوب ۷۳۲م ده تیکله‌نگه‌ن ایدی. ایکنجی‌سی ۷۳٤م ده وفات قیلغان بیلگه قاغان‌نیڭ یادگاری

بولوب ٧٣٥م ده تیکلگه‌ن . بو آبده لرنیڭ اۇستیغه و تورت طرفی غه حاضرده "اورخون الفباسی" دییله دورغان قدیم تورك الفباسی بیله‌ن تورکچه کتابه لر اویولوبدور. بو کتابه لرنیڭ بیر مونچه‌سی بیلگه قاغاننیڭ آغزیدین و بیر مونچه سی قاغانلیق خاندانیدین بولغان اولوغ تکین نیڭ اغزیدین یازیلغانی معلوم دور.

بو کتابه لرده شرق کوك تورك دولتی نیڭ چین قولیده ییقیلغانیدین کین‌کی اسیرلیق دوریده‌کی ظلم لر و خوارلیق لرنی و او وقتده‌کی بعضی تورك بگ لری ونفوذلوغلرنیڭ عمومی تورك ملتی غه قیلغان خیانت لری‌نی و اندین‌کین ایلتریش قاغان نیڭ بو دولت نی یڭی باشدین تیرگوزگه‌نی و قوتلوق کوك تورك دولتی نی قورغانی نی غایت جانلیغ و تاثیرلیگ عبارت لر بیله‌ن یازیلیب دور. بو کتابه لر نیڭ بیر قسمی چین‌چه دور. بو چین‌چه قسمی او وقتده تورك قاغانلیقی غه خراج بیریب تابع لیق حالده یاشاغان چین امپراطوری شۇه نزوڭ نیڭ تیلیدین یزیلغان مرثیه و مدحیه لردین عبارت دور. و مذکور ابده لرنیڭ شمالی ده ایلتریش و قاپاغان و بیلگه قاغان لرنیڭ وزیری بولغان تویقوق بگ نیڭ تیلیدین یازیلغان ایکی آبده بار دور. بو لردین باشقه کوپ ساندا کوك تورك و اویغور ابده (موگّگوتاش) لری کشف بولدی. منه بو ابده لر حاضرقی زمانه میزده اوقولدی. و تورك لرنیڭ غایت مهم و پارلاق بیر تاریخی، دنیاغه اچوق معلوم بولدی.[133] بو کتابه لرنیڭ تاریخی قیمتی دین باشقه ادبی قیمتی بك چوك دور. بو کتابه لردین بعضی لری خراب بولسه‌مو تولا راقیرلری اوز حالتی بیله‌ن بار دور. بو کتابه لردین ایکی پارچه‌نی اصلی تورك بولغان فنلاند یالیغ سیاحت چی لر اۆز یورت لری‌غه الیب باریب فنلاند یا پایتختی هَلسِنکی شهری نیڭ ملی موزه خانه سیده قویدیلر. بو آبده لردین‌بیر نچه‌سی نیڭ نسخه‌سی نی تاپتیم انشاالله اوز لهجه میزده ترجمه قیلیب نشر قیلامن.[134]



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## ۱۰ــ فصل

## شرق توركستان دا ايكنجى توركش دولتى

يوقاريده ايتيلگان وجه بيلەن قوتلوق كوك توركقاغانى قاپاغان خاقان ۷۱۱م دە توركش دولت خاندانىنى يوق اتكەندين كين توركش قبيلەسى و باشقه تورك قبيلەلرى ايريليب هر قبيله اۆز باشقه بولوب توپ توغرا قاپاغانخان نيڭ عالى حاكميتىغه تابع بولوب قالدىلر. بو اوتراده توركش قبيله سيدين سولو خان اتليغ بير ذات اوز قبيله سىغه خان بولدى. بو قهرمان اوّلدە قاپاغانخان نيڭ عالى حاكميتىغه اطاعت قيليب اهسته اهسته ايلگركى توركش دولتىدە داخل بولغان اون قبيله نيڭ همه سىنى بيرله شتوروب نفوذىنى آشوردى. بو حال، ۷۱٦م دە قاپاغانخان نيڭ وفاتىغه توغرا كليب قالدى. قاپاغانخاننيڭ اۆلومىدين كين سولو خان استقلال اعلان اتيب قاغان عنوانىنى الدى. بو كونلردە قوچو و التى شهرغه هجوم قيلماقده بولغان چين عسكرىنى مغلوب قيليب بو يورتلرنى اسيرليق تهلكه سيدين قوتقوزدى. بيلگه قاغان و كول تكين، سولو قاغاننى اوزىغه تابع قيلماق اوچون تولا اوروشتى ليكن موفق بولالمادى.[135]

۹۸ هـ (۷۱۷م) دە سولو قاغان عربلر بيلەن بير ستاركه (سوقوش تختا تيش كليشميسى) عقد اتتى و چين ضدىغه تيبتليكلر بيلەن بيرليك معاهدەسى توزدى. بو صورت بيلەن سولو قاغان چين دولتىغه قورقولوغ بير دشمن بولدى. بو وضعيت يوزيدين چين دولتى هر واسطه دين استفاده قيليب سولو قاغان نيڭ دوستلوقىنى حاصل قيلماق اوچون كوشش قيلور ايدى. سولو قاغان چين نيڭ بو دوستلوق معاملەسى نيڭ صميمى بولماى مجبورلوق يوزيدين منافقانه بير سياست ايكەنليكىنى بيليب او هم ظاهر

ده دوستلوق كوسەتيب قويار ايدى.[136] بو دوستلوق پردەسى آستيدا چينليغ لرغە دايما مشكلات چيقارماقدين هيچ تارتينماس ايدى.

## سولو قاغان نيڭ عرب عسكر لرى بيله ن سوقوشقانى

قتيبه بن مسلم اۆلتورولگەندين كين يَزِيدْبِنْ مُهَلَّبْ خراسانغە والى بولدى. سليمان بن عبدالملك نيڭ خلافت دوريده يالغوز سوغد يان (سوغوت) اولكەسى مسلمان لرنيڭ قوليده بولوب تخارستان و فرغانه و تاشكند اۇلكه لريدەكى تورك خان لرى تماما" سولو قاغان نيڭ عالى حاكميتى غه اطاعت قيلماقده ايدى لر. سولو قاغان اسلام تاريخ لريدەخاقان الترك دىب مشهور بولغان.[137] يزيد بن مهلب تورك لر بيلەن هيچ محاربه قيلمادى. چونكه انيڭ بيلەن سولو قاغان متاركه عقد اتكەن ايدى. او دورەدە مسلمان لر قافقاس طرفيدەكى خَزَراتى بيلەن مشهور بولغان توركلر بيلەن محاربه اتمكده ايدى لر. ٩٩ ھ (٧١٨م) ده خليفه سليمان بن عبدالملك وفات قيليب اورنيغه عمر بن عبدالعزيز خليفه بولدى. بو ذات نيڭ ايكى ييل بش آىليق خلافت دوريده عرب و تورك اراسيده اهميتليك بير حادثه اۆتمدى.

فقط سمرقندليغ لر عمر بن عبدالعزيز نيڭ الدىغه بير هيت ايباريب "قتيبه بيزغه غدر قيليب اطاعت قيلغا نيميز دين كين بيزنى اۆلتوردى، شهر لريميزنى ويران قيلدى، يرلريميزنى تارتيب آلدى، بيز يوق بولغان حقوقيميزنى طلب قيلاميز" ديگەن مضموندا عرض قيلدى لر. خليفه عمر بن عبدالعزيز سمرقند والى سى سليمان بن السرح غه توبندەكى يارليغ نامەنى ايباردى. "سمرقند خلقى قتيبه نيڭ ظلم لرىدين و اولرنى اۆز يرلريدين چيقاريب اتقانيدين عبارت بولغان اغيرليق لريدين شكايت قيلدى لر. منيڭ بو مكتوبوم سڭا يتكەن زمان قاضى نى بولرنيڭ شكايت لرىنى ايشيتمك



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

و حق كيم نيڭ طرفی ده بولسه انيڭ فايده‌سی‌غه حكم قيلماق‌غه امر قيل. اگر قاضی سمرقندليك لرنيڭ فايده‌سی‌غه حكم قيلسه قتيبه غالب بولوشدين ايلگری‌كی وقت‌ده‌ك سمرقندليغ‌لرنی اوز يورت و ياراغ و عسكرلری بيله‌ن قويوگلر و سيزلر هم او وقت‌ده‌كی عسكرگاهيگلرغه يانيگلر" بو يارليغ نامه والی‌غه يتكه‌ن زمان سمرقند قاضی‌سی جميع‌بن حاضرنی شكايت ايشيتمك و حق‌غه حكم قيلماق‌غه امر اتتی. قاضی‌نيڭ حكمی، "عرب‌لر و سمرقندليك‌لر اوتراده‌كی تمام صلح و مناسبت‌لرنی قالدوروب هر بيری اوز عسكرگاهلری‌غه چيقسون‌لر و يگی‌باشدين يا محاربه ويا صلح قيلسون‌لر" ديگه‌ن صورتده بولدی. سمرقند و تمام سوغديان خلقی‌نيڭ كتته‌لری، "مونداغ بولغان صورتده انيق محاربه بولادور و بو محاربه‌نيڭ نتيجه‌سی معلوم ايمس‌دور. اگر عرب‌لر غالب بولسه بيزغه يگی‌دين بيرد شمنليكنی قيلادور و تخی‌مو زياده بير بلا باشيميزغه كيلادور. بناءً عليه بيز اولقی شكايت‌نی ترك اتكه‌ن راضی بولاميز" ديب تالاش تارتيشنی قويديلر. اگرچه عرب مورخ‌لری عمربن عبدالعزيز نيڭ بو حكمی‌نی دنيا سياستی‌ده مثلی يوق بير انصاف وعدالت ديب يازادور. حقيقتاً شونداغ بولسه‌مو سوغديان تورك لری‌غه بو عدالت فايده كلتورمادی. عمربن عبدالعزيز وفات قيلغاندين كين ١٠١ هـ (٧١٩م) ده سوغديان تورك لری عرب‌لر نيڭ اطاعتی‌نی تاشلاب سوغديان‌ده‌كی عرب عسكرلری‌نی مغلوب اتتی‌لر. مذكور وقتده خراسان والی‌سی بولغان سعيد الخرشی قوتليك عسكر بيله‌ن كليب تورك لرغه غالب بولوب سوغديان نيڭ تولاراق شهرلری‌نی قتل‌عام قيلدی. تولاراق تورك لر قاچيب شرقی توركستان‌غه كتتی. بونيڭ بيله‌ن سوغديان نيڭ خلقی توگه‌ب كتكه‌لی آز قالدی.

سولو قاغان سوغديان تورك لری‌نيڭ باشی‌غه كلگه‌ن بو قاتتيغ حادثه‌نی اگلاب اولرغه يارديم قيلماق اوچون ١٠٣ هـ (٧٢١م) ده سمرقندغه يوروش قيليب عرب‌لر بيله‌ن تولا قاتتيغ اوروشتی ليكن اخيراً مغلوب بولوب ياندی. ١٠٦ هـ (٧٢٥م) ده مسلم بن سعيد آتليغ بير اسلام قوماندانی فرغانه‌غه هجوم قيليب خجند شهر

ينى الدى. بو حالده سولو قاغان تالاس دين يوروش قيليب مسلم بن سعيدنى مغلوب قيليب خجندنى ياندوروب الدى. خجند ياقىنيده بولغان بير اوروش ده سولو قاغان نيڭ عسكرلرى مسلم نى عسكرلرى بيله‌ن قورشاب الدى لر. اما مسلمان لر عنودانه هجوم لر بيله‌ن احاط دين چيقيب قاچيب كتتى لر. ١٠٨ هـ ده خراسان والى سى اسد بن عبدالله القسرى امو دريادين اوتتى. و ماوراءالنهرده شدتليك بير حربى اقدامات غه باشلاماق فكريده ايدى. بو حالده سولو قاغان يتيشيپكليب قاتتيغ اوروشلردين كين اسد عسكرلرى بيله ن

ارقه‌غه يانماق غه مجبور بولدى، و قاغان هم يانيب كتتى.[138] مذكور تاريخده اَسَدبِن عَبْدالله والى ليقدين توشورولدى و اورنيغه اَشْرَسْ بِنْ عَبْدُالله والى بولدى.

اشرس، ابولصَّيْدَا صلح بن طريف اتليغ بير عالم نى ماوراءالنهر تورك لرى نى اسلام غه دعوت قيلماق اوچون يوللادى. اصلح بن طريف خلق غه اسلام نيڭ حقيقتى نى آچوق بيانلر بيله‌ن بيلدوردى. بو دعوت نتيجه سيده اسلام دينى نيڭ حق ليقى و انسانيت نيڭ كمالاتى غه جامع بير يول ايكه‌نليكى نى بيلگه‌ن تورك لر غايت شوق بيله‌ن مسلمان بولغالى باشلادى لر. هر يرده مسجدلر بناء قيليندى و قران اوقوماق و شريعت احكامى نى اورگه‌نمك وظيفه لرى غه مشغول بولدى لر. اسلام شريعتى موجيبيچه مسلمان بولغان تورك لردين جزيه النماس بولدى. ايكى ييل مدت ايچيده سوغديان خلقى نيڭ تولا راقى مسلمان بولدى لر. بو مسلمان لردين جزيه النماس بولغانليقى دين اسلام دولتى نيڭ خزانه‌سى غه كيره‌دورغان واردات مهم مقدارده آزالدى. بو سبب بيله‌ن خلافت مركزى (شام) ده‌كى ماليات اداره لرى يمان اضطراب غه توشتى لر. اخيراً شام خزانه دارى، اشرس غه شو مضمونده مكتوب يازدى. "ماليات آزلاب كتتى. مسلمان لرنيڭ قوتى ماليات بيله‌ن دور. مينيڭ ايشيتكه‌نيم چه سوغديان و باشقه يورت لرنيڭ ذِمّى لرى (مسلمان بولمغان لر) اوز رغبت



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

لری بیلەن مسلمان بولمای بلکه جزیه بیریشدین قوتولماق اوچون مسلمان بولمیشلر. سن تحقیق قیلیب ختنه قیلغان و تمام فرضلرنی ادا قیلغان و قران یاد قیلغان کشیلردین جزیه آلما،آندین باشقه لردین بیز مسلمان دیگەنی غه قارامای جزیه آلغیل". بو یارلیغ نامه کلگەندین کین عملدارلر تورك مسلمانلریدین جزیه طلب قیلغالی توردی لر و اولر برمدی لر. اصلح بن طریف اوتراغه توشوب عملدارلرغه اعتراض قیلدی و مسلماندین جزیه آلماق اسلام اصولیغه مخالف دور دیب اعلان اتتی. عملدارلر بو اعتراض و اعلان غه اونامای زور بیلەن جزیه الماقده محکم تورغاچ اصلح بن طریف و بیرمونچه حق شناس عربلر و تورك مسلمانلری حکومت نیڭ ضدیغه عصیان چیقاردیلر. اشرس نیڭ سمرقندده‌کی نایبی بیر حیله بیلەن اصلح بن طریف نی و بیر نچه کته لرنی توتوب الیب حبس قیلدی. بو ظلم و حقسیزلیقنی کورگەن مسلمان و غیرمسلمان تمام تورکلر بیرلەشتیلر و سولو قاغاندین یاردم تیلادیلر. بو اوچون ١١٠ هـ (٧٢٨م) تاریخیده سولو قاغان تولا عسکر بیلەن غربی تورکستانغه اوتوب فرغانه، تاشکند سوغدیان تورکلریننیڭ همەسینی اۆز باياقی آستیغه الیب عربلرغه حرب اعلان قیلدی.[139] تمام سوغدیان اۇلکەسینی اشغال قیلدی، و عرب عسکرلرینی هیدەب چیقاردی. اشرس بو حادثەنی اڭلاب مرودین یوروش قیلیب آمل شهرینیڭ یاقینیدا آمودریادین اۆتتی. بو حالده سولو قاغان یتیشیب کلیب اوروش باشلاندی. اشرس نیڭ عسکرلری مغلوب بولوب ارقەغه یاندی و بیر مستحکم موقعده ینه عرب عسکرینی توپلاب اوروشغه توردی. بو نوبتده قاغان نیڭ عسکری مغلوب بولوب اشرس ایلگریلەب بایکند شهرینی آلدی. لیکن قاغان نیڭ عسکرلری اشرسنی بایکندده محاصره قیلیب شهرغه کیره دورغان سونی توختاتیب آلدی لر. عرب عسکری سوسوزلوقدین هلاکتغه یوز قویدی لر. اخیراً عرب عسکرلری اۆلومنی کۆزغه الیب قاتیغ بیر هجوم بیلەن سونی قوللریغه آلدی لر. ینه بیر کیچە یاسقونی بیلەن تورکلرنی شهردین بیر آز اوزاقلاشتوردیلر. سولو قاغان عرب عسکر

لرىنى غربى توركستاندين چيقماقغه مجبور قيلماق اوچون باىكند و سمرقندنى اوز حالىغه قويوب باشقه يول بيلەن خراسانغه يوروش قيليب خراسان نيڭ الڭ چوڭ شهرى بولغان كمرچه شهرىنى محاصره قيلدى. شهردەكى عربلر، ومسلمان تورك لر ساتيغ مدافعه قيلدىلر. اخيراً قاغان بو شهردەكى مسلمانلرنى شهردين چيقيب كتمكغه تكليف قيلدى. مغلوب و ياردم سيز قالغان بو مسلمانلر بو تكليفنى قبول قيليب شهردين چيقيب دبّوسيه شهرىغه كتتىلر. موندين كين اشرس، عرب عسكرلرى بيلەن كليب كمرچەنى قاغاندين اجراتيب الماق اوچون محاربەغه كيريشسه مو موفق بولالماى، اخيراً اشرس و قاغان كمرچەنى بى‌طرف بير ازاد منطقه حاليده قويماق و اسيرلرنى تيگيشمك شرطى بيلەن صلح قيلدى. هر ايكىلەسى اوز مركزلرىغه يانيب كتتىلر. بو نيڭ بيلەن يالغوز بخارا و سمرقند شهرلرىغينه مسلمانلر قوليده قاليب غربى توركستاننيڭ فرغانه، ختل (قاراتگين)، تخارستان و سوغديان نيڭ تولاراق حصەسى سولو قاغانغه تابع ليقده قالدى.

١١١ هـ (٧٢٩م) ده اشرس، خراسان والىليقيدين ييقيليب اورنيغه جنيد بن عبد الرحمن والى بولدى. ١١٢ هـ ده جنيد تخارستانغه غزات قيلماق اوچون يوروش قيلدى. سولوقاغان بونى ايشيتكەن زمان مسلمانلرنيڭ قوليده بولغان سمرقند شهرىغه يوروش قيليب او شهرنى محاصره قيلدى و سمرقند اميرى سَوْرَه بن الحر، قاغاندين مدافعه قيلماقغه قوّتى يتمسليكينى بيلدوروب ياردم تيلەب جنيدغه قناتليغ خط يوللادى. جنيد بو خبرنى الكلاب تخارستانغه هجوم قيلماقنى قويوب سمرقندغه يوردى. سمرقندغه تورت فرسح قالغان يرده قاغان بيلەن اوچراشيب اوروش بولوب جنيدنيڭ عسكرلرىنى تورك عسكرلرى آراغه الدى. بو حالده جنيد سمرقندده كى محاصرەده قالغان سَوْرَه بن الحرغه تورك لرنيڭ ارقه سيدين هجوم قيلماق امرىنى بردى. سوره، اون ميڭ كشىدين عبارت بولغان قوتى بيلەن سمرقنددين چيقيب تورك لرنيڭ ارقه سيدين هجوم قيلدى.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

تورك عسكری‌نیڭ مهم بیر قسمی سوره بیله‌ن توتوشوب قالغان سبب بیله‌ن جنید احاطه دین قوتولدی لیکن سوره تمام ۱۰۰۰۰ عسكری بیله‌ن شهید بولدی. احاطه دین قوتولغان جنید عسكرلری بیله‌ن سمرقندغه كیریب الدی، و قوتی‌نی توپلاب مدافعه‌غه توردی. بو حالده سولو قاغان سمرقندنی قویوب بخاراغه یوروش قیلیب او یرنی اشغال اتتی. جنید سمرقندنی تاشلاب یانیب كتسه ویا سمرقندده توروب قاغان نیڭ هجومی‌دین مدافعه قیلسه تمام قوتی‌نیڭ كاملاً محو بولماقی‌نی بیلیب ارقه دین خراساندین یاردم قیچقیردی. تولا یاردم قوتی كلگه‌ندین كین جنید سمرقندنی بوشاتیب خراسانغه‌یانماق اوچون حرب تعبیه اصولی بیله‌ن یوردی. سولو قاغان جنیدنی قوغلاماق و قوتی‌نی یوق اتمك اوچون تورکش خانلری‌دین بیری‌نیڭ قیادتی آستیده عسكر یوللادی. بیرجلغه‌ده اوچراشیب بك قتیغ اوروش‌لر بولدی. لیكن قوماندان بولغان خان اوروش اوترا سیده اۆلتورولگه‌ن سبب دین تورك عسكری مغلوب بولوب تولا راقی‌اۆلدی. جنید بو نیڭ بیله‌ن یوره‌كله‌نیب یانیب كتمك توگول قاغان بیله‌ن اوروشقالی باشلادی. اخیراً جنید غالب بولوب بخارانی الدی و قاغان تالاس غه یانیب كتتی. خراسان عسكری بولغان عرب عسكرلری یوقاریقی جنید و تورکش اراسیده‌كی سوقوشنی یوم الشعب محاربه‌سی دیب اتادی. بو محاربه‌ده بولغانلیق لری بیله‌ن فخر قیلور ایدی لر. اسلام تاریخ لری نیڭ بعضی سی‌ده سولو قاغان‌نیڭ بیر اوغلی جنید نیڭ قولی غه اسیر توشتی و انی جنید خلیفه هشام نیڭ الدیغه ایباردی دیب یازیلیب دور.

بو اوروش‌دین كین خراسانده اغتشاش چیقیب عرب عسكری ماوراءالنهرغه تعرض قیلالمادی و سولو قاغان هم التی ییل تینچ‌لیق بیله‌ن توردی. ۱۱۸ هـ (۷۳۶م) ده خراسان والی‌سی اسد بن عبدالله القسری، ختل (قاراتگین) اولكه سیغه یوروش قیلیب بیر نچه قلعه لرنی الدی. بو حالده سولو قاغان یتیشیب كلیب اسدنی قاتیغ مغلوب اتتی. اسد، قلیچ دین اشقان اسلام عسكرلری بیله‌ن اوگوز (امودریا) دین اوتوب بلخ ده توختادی. سولو قاغان

اسدنی قوغلاب اوگوزدین اوتتی و بلخ یاقینیده ایکی نوبت قاتیغ اوروش بولوب ، اسلام عسکرلری‌غه تولا زیانلریتتی . اخیراً قاغان اوگوز بوییده محافظلر تعین قیلیب تالاس‌غه یانیب کتتی .

بو محاربه‌لر نتیجه سیده بخارا و سمرقند شهرلری هم عربلر قولیدین چیقیب کتتی . بو نیڭ بیله‌ن ماورا۴النهر نیڭ همه‌سی و تخارستان (قطغن و بدخشان) دین عبارت بولغان تورك یورتلری سولو قاغان نیڭ حاکمیتی‌غه تابع بولدی . تورکش دولتی نیڭ انتها درجه‌ده کنگروگه‌ن وقتی اوشبو ور (۱۱ نجی خریطه‌غه قاراسونلر).

سولو قاغان نیڭ وفاتی وتورکش لر ایچیده اغتشاش

تورکش دولتی یوقاریده بیان قیلینغان وجه بیله‌ن اون قبیله نیڭ بیرلشکه‌نی دین حاصل بولغان بیر اتحادیه دولت ایدی . ایسیغ کول نیڭ غربی دکی بش قبیله توپ توغرا سولو قاغان نیڭ ادار سیده ایدی . بو بش قبیله نی قارا تورکش (غربی تورکش) دییلور ایدی.[139] ایسیغ کول نیڭ شرقی دکی یعنی ایلی ، بش بلیق ، بارکول ، ایمیل ، التای‌دکی بش قبیله،باغاترخان عنوان لیغ بیر عمومی والی نیڭ اداره سیده بولوب سولو قاغان نیڭ حاکمیتی آستیده ایدی . بو بش قبیله سریغ تورکش (شرقی تورکش)آتی بیله‌ن معروف ایدی . سولو قاغان ۱۱۸ هـ (۷۳۶م) دکی ماورا۴النهر محاربه‌سی ده مشغول بولوب مرکزدین یراق کتکه‌ن کونلرده سریغ تورکش عمومی والی سی کول‌چور باغاترخان مهم صورتده نفوذ پیدا قیلیب قاغانلیق تختی نی الماق هوسی‌غه توشوب مخفی طرزده سریغ تورکش‌لر نی اوزی‌غه طرفدار قیلغان ایدی.[140]

سولو قاغان ۱۲۱ هـ (۷۳۸م) ده ماورا۴النهر محاربه سیده مظفر بولوب تمام غربی تورکستان نی اشغال قیلیب یانیب کلگه‌ن



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

چاغدە كولچور باغاترخان ظاهرا قاغاننى زيارت قيلماق مقصدى بيلەن ليكن قلباً اگر فرصت تاپسا قاغاننى يوق اتمك نيتى بيلەن ايشانچليك عسكرلريدين بير مقدارينى يانيغە اليب توخماق شهرى غە كلدى و قاغاننى زيارت قيلدى. بير مونچە كون اوتكەندين كين بير كيچە دە كولچور باغاترخان اۆز آدملرى بيلەن قاغان نيڭ اوردا سىغە باسقون قيليب قاغاننى اۆلتوردى. اسلام تاريخ لرىنيڭ روايتلرىغە كورە سولو قاغاننيڭ اۆلتورولگەن حادثەسىنى خراسان والىسى اسد غايت اهميت بيلەن خليفە هشامغە بشارت بردى. خليفە بو كوچلوغ دشمندين قوتولغانيغە شكران سجدەسى قيلدى.

سولو قاغان اۆلتورولگەندين كين قارا توركشلر كولچور باغاترخانغە اوروش اعلان اتتىلر. بو نيڭ بيلەن قاراتوركش و سريغ توركشلر اراسيدە قانليغ اوروشلر باشلادى. بو فرصتدين چين حكومتى استفادە قيليب كولچور باغاترخانغە ياردم برمەك پردەسى استيدە توركستانغە مهم مقداردە عسكر يوللادى. چين عسكرىنيڭ ياردمى بيلەن كولچور باغاترخان قاراتوركشلرنى مغلوب اتيب اولرنى اوزىغە تابع بولماقغە مجبور قيلدى. ١٢٢ هـ (٧٣٩م) دين باشلاب كولچور اوزىنى توركش قاغانى اعلان اتتى.

سولو قاغان اۆلومى بيلەن توركشلر اراسيدە چيقغان داخلى مجادلەدين خراسان والىسى اسدبن عبدالله استفادە قيليب ١١٩ هـ (٧٣٧م) دە ختل (قاراتگين) اولكەسىغە غزات قيلدى. ختل تورك لرى نيڭ چوڭ قلعەسىنى فتح قيلدى و عسكرلرىنى قاراتگين جيلغەلريغە ايريم ايريم تارقاتتى. اسلام عسكرلرى، اوچراغان انساننى اسير و كوزىغە كورونگەن مالنى اولجە قيليب خلقنيڭ تولا سى شرقى توركستانغە قاچيب كتتى. بو واقعەدين كين اسد والىلىقدين توشورولوب اورنيغە نصربن سيّار اتليغ بير كشى والى بولدى. نَصر بِن سَيّار تخارستان و ماوراءالنهر خانلرى بيلەن تولا محاربەلر قيليب هر محاربەدە غالب بولوب ١٢٥ هـ (٧٤٣م) غەچە تمام

تخارستان ، سوغدیان (سوغوت) ، ختل ، فرغانه و تاشکنددەکی تورك خانلیق دولتلری اسلام عرب دولتیغه جزیه برمك صورتی بیلەن تابع بولدیلر .

بو وقتغەچه اسلام دولتی طرفیدین خراسانوالیسی بولوب تورك یورتلریغه مداخله قیلغان اسلام والیلرینیڭ انصافلیغ و دیندار راقی اوشبو نصربن سیّار ایدی . بو کشی غربی تورکستان خانلرینیڭ جزیه برمك صورتی بیلەن قیلغان اطاعتلریغه قناعت قیلیب معین بولغان جزیه نی الیب شهرلر و ملك و مالرغه ناحق قول اوزاتمای تورك لرنی اوزیغه دوست قیلدی . مسلمان بولغانلر دین جزیه المادی . نصربن سیار نیڭ وقتیده اسلام عالملری ماوراء النهرغه تولا کلیب تورك لرنی پیغمبر علیه السلام نیڭ توتقان یوللریغه اویغون یخشی تبلیغ و علمی تربیه بیلەن اسلامغه دعوت قیلدیلر . تورك لرنیڭ تولاراقی مسلمان بولدی .


## ۱۱ــ فصل

## شرق تورکستان غه ینه چین نیڭ استیلا قیلغانی

چین حکومتی کولچورغه یاردم برگەن پرده استیده سریغ تورکش نیڭ شرق حصه سیده (ایمیل و التای) ده ساکن بولغان قارلوق ، یغما ، توخسی قبیله لری اراسیغه مهم مقدارده چین عسکری یوللاب بو قبیله لرنی عسکری اشغالی استیغه الدی . بو قبیله لر قهرمانچه مدافعه دینکین چینغه تابع بولماقغه مجبور بولدی . بو سببه دین کولچور بیلەن چین اراسیدەکی دوستلوق مناسبت بوزولدی و اوروش باشلادی . اوچ ییل اوروش دوام قیلیب ۷٤٤م ده کولچور چین عسکرینیڭ قولیغه اسیر توشوب اۆلتورولدی[141] . بو نیڭ بیلەن چین عسکرلری سریغ و قارا تورکش لرنیڭ اوستیغه استیلا قیلدی . شونیڭ بیلەن سیردریا بوییغەچه و شمالده ارال کولی



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى


۱۲-نجی قارلوق دولتی
قارلوقلرنینگ آنا یورتی
قارلوقلر دولتی نینگ حدودی
مقیاس ۱-۲۰۰۰۰۰۰۰
آلتای لر

و خزر تنكيزىغەچە يايىلغان تمام تورك قوم لرى چين نفوذى استيفە كيريب قالدى . قوجو و التى شهر خانلرى هم اوز اوستلرىدە چين حاكميتى نى تونوماقغە مجبور بولدى.[142]

چين نيك بو استيلا عسكرى نيك باش قوماندانى كوريالىغ گاوسەنجى اتليغ بير كشى ايدى . استيلا تمام بولغاندين كين گاوسەنجى تورك يورتى غە عمومى والى تعيين قيليندى . چين مركزىغە فقط لفظى صورتدە غينە اطاعت قيليب دىكتاتوردەك حكم سوردى . گاوسەنچى پامير تاغلرىدەكى تيبت ليك كانجوت لرنى هم مغلوب قيليب اطاعتى غە كيرگوزدى .

تورك لر بو فلاكت غە مبتلا بولغان فرصتدين اسلام عرب اميرلرى استفادە قيليب تمام غربى توركستاننى فتح قيلغان ايدى لر. (بمياني تو بندە كيلادور) او وقتدە شرقى توركستاندين سانالادورغان تاشكند نيك خانى، چين استيلاسى دين قورقوب اسلام اميرلرىغە جزيە برمك شرطى بيلەن اسلام دولتى نيك حمايەسى غە كيرگەن ايدى . خليفە طرفيدين خراسان عمومى والى سى بولغان نصر بن سيّار، گاوسەنجى بيلەن بير عدم تعرض (سوقوشماسليق) معاهدەسى عقد اتتى . ليكن ١٢٩ هـ (٧٤٧م) دين اعتباراً خراسان دە مشهور ابا مسلم خراسانى نيك انقلابى نتيجەسيدە نصربن سيّار مغلوب بولوب ١٣١ هـ (٧٤٩م) دە خراسان و غربى توركستان ابا مسلم غە تابع بولدى . گاوسەنجى بو فرصتدين استفادە قيليب ١٣٢ هـ (٧٥٠م) دە تاشكندغە هجوم قيلدى و تاشكند خانى نى اسير قيليب خلقنى غايت مدهيش صورتدە قتلعام و بولان تالان قيليب توخماقغە يانيب كلدى . تاشكند خانى نى چينغە ايباردى و خان چيندە اۆلتورولدى . خان نيك اوغلى خراسانغە قاچيب باريب ابا مسلم يادرم تيلادى.[143]



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## ١٢ــ فصل

### شرق توركستان نيڭ چين استيلاسيدين قورتولوشى وميڭ ييل غه چه چين تعرضى دين خاطر جمع بولغانى

گاوسه‌ن‌چى نيڭ يوقاريقى حركتى‌نى ابامسلم اڭلاغان
زمان ١٣٤ هـ (٧٥١م) زيّادبن صالح اتليغ قوماندان‌نى تولاعسكر
بيله‌ن گاوسه‌ن‌چى نيڭ اوستيغه يوللادى. گاوسه‌ن‌چى، قارلوق و
باشقه تورك قبيله لرى‌دين تولاعسكر اليب زيّادبن صالح بيله‌ن اوروش
ماق اوچون يوردى تالاس شهرى‌نيڭ ياقينيدا ايكى دشمن اوچراشيب
اوروش باشلاندى. سكز ييل‌دين برى چين اساره تيدين قوتولماق
اوچون فرصت‌نى كوتوب تورغان تورك عسكرلرى درحال بيرله شيب
چين عسكرى‌غه قاتيغ هجوم اتتى‌لر. گاوسه‌ن‌چى آران بش‌الته ادمى
بيله‌ن قاچيب كتتى، باشقه چين عسكرلرى تورك قليچ لرى نيڭ آستيده
جان بردى. گاوسه‌ن‌چى شو قاچقانچه هيچ يرده توختايالماى چين
حدودى‌غه جانى‌نى آلدى. كين لرده چين امپراطورى نيڭ امرى
بيله‌ن اولتورولدى.[143] گاوسه‌ن‌چى‌نى قاچورغان تورك عسكرى نيڭ تولا
راقى قارلوق قبيله سيدين ايدى. بو نيڭ بيله‌ن توركستان‌دين چين
استيلاسى يوقالدى. بو تاريخ دين اعتباراً ميڭ ييل‌دين زياده‌راق
مدت چين عسكرى توركستان‌غه هجوم قيلالماى ١١٧٢ هـ (١٧٥٩م)
غه‌چه توركستان خلقى چين هجومى دين خاطرجمع‌ليكده ياشاديلر.

## ١٣ــ فصل

## قارلوق دولتی

یوقاریدا ایتیلغان وجه بیلەن گاوسەنجی قاچقاندین کین شرقی تورکستان خانلری اوزیچه مستقل بولوب قالدیلر. بشبلیق، ایمیل، التای اولکه لریده کی قارلوق قبیلەسی مذکور اولکەلرده بیر دولت قوردیلر. قوجو، قومول، بارکول، التی شهرده کی خانلرنیڭ هر بیری اوز اولکه لریده مستقل بولدیلر.

بو تاریخده شرقی تورکستاندەکی مستقل دولتلرنیڭ نچه ایکەنلیکی نی تاریخ روایتلری و تاریخی اثرلر اچوق خبربرمسەمو ختنده، یارکندده، کاشغرده، کوچاده، لولانده، کنگیتده، قوجوده مستقل خانلیق دولتلر بارلیقی چین تاریخدین اڭلانادور. بو دولتلردین تاریخ نظریده مهم راقی قارلوق دولتی ایدی. بنا ٴعلیه قارلوق دولتی نیڭ تاریخی نی بیراز تفصیل بیلەن بیان قیلامیز.

### قارلوق لر

قارلوق قبیله سی غربی و شرقی کوک تورک دولتی ایچیده غایت تولا و مهم بیر تورک قبیله سی ایدی. چین تاریخیده بولرنی "کوکولو"دیب یازادور. بولرنیڭ بیر قسمی آلتاینیڭ شرقیده کی اوتوگەن تاغلریده اولتورور ایدی و شرقی کوک تورک ادارەسی استیده یاشار ایدی. بولرنی اورخون آبده لریده اوچ قارلوق دیب یازادور.[144]



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بیر قسمی بشبلیق ، ایمیل ، والتای نیڭ غرب طرفیده اولتوروب غربی کوك تورك اداره سیغه تابع ایدی . چین استیلاسی دوره لریده چین غه تابع بولدی لر . چین نیڭ نفوذی عاجزلاشقان و تورکشلر چین ضدیغه قوزغالغان وقتده ایکنجی قسم قارلوق لر تورکشلرغه یاردم بیریب بو سایه‌ده ایسیغ کول نیڭ جنوب و غرب طرفیده‌کی ساحه لرغه مهم مقدارده قارلوق لر کلیب یرله‌شتی لر . قوتلوق کوك تورك دوریده همه قارلوقلر بو دولت غه تابع ایدی لر . سولو قاغان زمانه سیده اوتوگه‌ن تاغلریده‌کی لردین باشقه تمام قارلوق قبیله‌سی سولو قاغان غه تابع بولوب سریغ تورکش دییلگه‌ن چوك بش قبیله نیڭ بیری ایدی . سولو قاغان اولگه‌ندین کین قارلوق لر چین نیڭ نفوذی استی غه کیریب قالدی . کین لرده چینلیغ لر بیله‌ن بخشی مناسبت ده بولوب قارلوق لرنیڭ تولاسی گاوسه‌ن‌جی غه عسکر بولدی .

١٣٤ هـ (٧٥١م) ده‌کی زیّادبن صَالِح و گاوسه‌ن‌جی آراسیده واقع بولغان تالاس محاربه سیده قارلوق لر چین عسکری‌نی یوق اتیب مذکور ییلده بشبلیق ، ایمیل ، غربی التای اولکه لریده بیر قارلوق دولتی قوردی لر.[145] اوتوگه‌ن تاغلریده‌کی قارلوق لر حاضرقی مغولستان ده دولت قورغان شرق اویغورلریغه تابع یاشاماقده ایدی لر .

١٤٠ هـ (٧٥٧م) دین باشلاب قارلوق دولتی و اویغور دولتی آراسیده مجادله پیدا بولغالی توردی . بو مجادله لر نتیجه سیده اوتوگه‌ن تاغلریده‌کی قارلوق لر غربی آلتای اولکه سیغه کوچوب کلمکغه موفق بولوب بو نیڭ بیله‌ن قارلوق دولتی چوك قوّت غه ایگه بولدی . ١٤٩ هـ (٧٦٦م) ده قارلوق لر غرب غه یوروش قیلیب ایسیغ کول اطرافیده‌کی خانلیق و بگ لیك کیچیك دولت لرنی اوزیغه تابع قیلیب شمالده التای ، یته سو و کوکچه تکیزی (بالخاش کول) و غرب ده اینجه (سیر دریا) و جنوب ده تکری تاغلری آراسیده‌کی تورك یورت لری‌نی اشغال اتتی لر . (١٢ نجی خریطه غه قاراسونلر) .

منه بو صورت بیله‌ن تشکیل تاپقان قارلوق دولتی ، قارا خانلر دولتی قورولغان تاریخ غه‌چه مستقل یاشادی . قارا

خانلر دولتی قورولغاندین کین قارلوقلر مذکور دولتغه تابع بولوب مستقل بیر یابغولوق درجه سیغه توشتی. دیمك که ۲٤۷ هـ (۸۸۰م) غهچه کاملاً مستقل قالدیلر.[145]

قارلوقلر، خلیفه هارون الرشید زمانه سیده ۱۷٦ هـ (۷۹۳م) ده فرغانه نی الدیلر. لیکن اسلام عسکرلری کین چه غالب بولوب قارلوقلر فرغانهنی بوشاتیب یانیب کلدیلر. ۱۸۹ هـ (۸۰٦م) ده قارلوق خانی اویغور خانی و جنوبی تورکستانغه استیلا قیلغان تیبتلیكلر بیلهن بیرلهشیب عرب اسلام حکومتیغه حرب اعلان قیلیب بیر نچه نوبت اوروشلر بولدی.[146] لیکن او وقتده خراسان عمومی والیسی بولغان مأمون (هارون الرشید نیڭ اوغلی) تورکلر بیلهن یخشی مناسبتده بولماق سیاستینی توتقانی سببی بیلهن قارلوقلرنی مصالحهغه دعوت اتیب صلح بولدی. موندینکین قارلوقلر ایچیغه اسلام دینی کیرگهلی باشلادی.[147]

غربی تورکستاندهکی سامانی تورك اسلام دولتی بیلهن قارلوق دولتی اراسیده ۲۳۵ هـ (۸۵۰م) اطرافیده تولا محاربهلر بولدی. الحاصل قارلوق دولتی سامانی دولتی بیلهن قوشنه بولغانی اوچون بو ایکی دولت اراسیده گاهی صلح وگاهی حرب معاملهلری واقع بولغانی بیلاندور. اما بو قوشنهلیق تاثیری بیلهن قارلوقلرنیڭ تولا راقی نیڭ مسلمان بولغانی انیق دور.

قارلوق دولتی ۲٦۷ هـ (۸۸۰م) ده قاراخانلر دولتی بیرلهشمهسیغه کیردی. بو دولتنیڭ قوّت تاپماقیغه و بیر تورك امپراطورلوقی حالیغه یتمکیغه قارلوقلر مهم درجهده قاتیلدیلر. قارلوقلر قاراخان دولتیغه تابع بولغاندین کین ایلی دریاسیدین ایرتیش دریاسیغهچه چوزولغان یته سو اولکهسیده داخلی استقلال بیلهن یاشادیلر. بولرنیڭ خانی یابغو عنوانی بیلهن آتالغان ایدیلر. تا چنگیزخان زمانهسیغهچه داخلی استقلاللرینی محافظه اتتیلر. یته سو اولکهسینی حاضرده روسلر سمیر چینسکی دیب اتایدور.[148]



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

## ١٤ ــ فصل

## شرق توركستان دا مستقل دولت قورولغانی

گاوسه‌ن‌جی قاچقاندین کین شرقی توركستاننیك خانلری مستقل بولوشوب بیر بیرلری بیله‌ن دوستانه مناسبت ده ایدیلر. شمالده‌كی قارلوق دولتی بیله‌ن و شمال ـ شرقده حاضرقی مغولستانده‌كی اویغور دولتی بیله‌ن كینلرده مناسبتلری یخشی ایدی. تاریخده چین امپراطوری اویغور قاغانلیقی ، قارلوق ، كوچا ، ختن و باشقه تورك خانلیق دولتلرینیك حكمدارلری غه سوغاتلر ایباریب بولرنی اۉزیغه دوست قیلماقغه كوشش قیلور ایدی. ١٣٨ هـ (٧٥٥م) تاریخیده اوگلوك خان (چین‌تلفظی ئه‌ن لوشه‌ن) اتلیغ بیر تورك قوماندان چین نیك شمال و شرق اۉلكه لری نی اشغال اتتی و ایكی ییل كین اوگلوك خان چین پایتختی چاڭ اَن شهری‌غه یوروش قیلدی. امپراطور شوٗ ه نزوك اویغور و قارلوق و باشقه تورك حكمدارلری‌غه یالواریب یاردم تیلادی. اویغورقاغانی اۉز اوغلی باشلیغ تولاعسكر یوللادی و قارلوق خانی هم بیر مقدار عسكر بیله‌ن یاردم بردی. التی‌شهرنیك اڭ قوّتلیك دولتلری بولغان ختن‌دین ختن خانی اوز قیادتی استیده تولاعسكر بیله‌ن چین‌غه باردی و كوچا خانی هم مهم یاردم قوّتی یوللادی.
الحاصل بو تورك قوّتلری شمال‌دین و غرب‌دین چین‌غه كیریب اوگلوك خان بیله‌ن محاربه قیلا قیلا چاڭ ان‌غه باردیلر. بو ارادا امپراطور شوه‌ن زوك اۉلوب اوغلی سو امپرطور بولغان و چاڭ ان‌نی اوگلوك خان اشغال قیلغان ایدی. یوقاریقی تورك یاردم قوتلری اوگلوك خان‌نی مغلوب قیلیب چاڭ ان‌نی الیب امپراطور سوزوك نی قاچقان یردین كلتوروب تختده اولتورغوزدیلر. ٧٦٢م ده اویغور قاغانی بوكوگ قاغان شنسی یولی‌بیله‌ن اوگلوك خان‌نیك اوستیغه

هجوم قیلیب وانی یوق اتیب انیك پایتختی بولغان لویاك (حاضرقی خُونَن) شهری‌نی اشغال قیلدی. تورك قوتلری ١٤٦ هـ (٧٦٣م) غه‌چه چین‌ده توروب اوگلوك خان‌نی یوق اتیب چین‌نی تینچ قیلدیلر. اویغور دولتی نیك جنوب یابغوسی (حاضرقی داخلی مغولستان‌عمومی والی‌سی) غه چین امپراطوری چو بیر قیزی‌نی بردی. اویغور وباشقه یاردم قیلغان تورك دولتلری‌غه چین امپراطوری علاحده سوغات و تارتیغ بیرادورغان بولوب تورك یاردم عسکرلری چین‌دین یانیب کلدی لر. اوزون مدت غه‌چه چین امپراطورلوقی یوقاریقی چوك کیچیك تورك دولتلری‌غه تارتیغ بیریب اولرنیك مشترك نفوذی استیده قالدی.[151]

## ١٥ــ فصل

### التی شهرغه تبت لیك لرنیك ایکینجی استیلاسی

تیبت دولتی ١٥٠ هـ (٧٥٠م) دین اعتباراً بك قوّتله‌نگه‌ن ایدی. ١٤٨ هـ (٧٦٥م) ده چین‌غه یوروش قیلیب حتّا چاك ان نی مُحاصره قیلیب یانیب کتتی. هندستان طرف لری‌غه هم هجوم قیلیب قنوج نی الغانی روایت قیلانادور. منه بو قوت سایه سیده تیبت لیك لر ١٨٤هـ (٨٠٠م) اطرافیده شرقی تورکستان‌غه یوروش قیلیب چرچن، ختن و یارکند ولایت لری‌نی الدی. کین‌چه کاشغرنی هم الدی لر. اوُچ، کوچا و کنگیت خان لری هم تیبت لیك لرغه باج برمك غه مجبور بولدی لر. بو استیلا مُدتی تقریباً ٢١ ییل دوام قیلدی. بومدت ایچیده شرقی تورکستان ده بولغان واقعه لر خصوصیده ایشانگوده‌ك معلومات یوق‌دور. ٢٠٦ هـ (٨٢١م) ده تیبت لیك لر چین‌دین مغلوب بولغان‌نیك نتیجه‌سی ده قوّت لری ازالغان فرصت‌دین التی شهر خان لری استفاده قیلیب تیبت لیك لرنی هیداب چیقاردی لر.[152]



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى


تیبت لیك لرنی هیدیگەن دین کین ختن ، یارکند ، کاشغر ، اوچ ، کوچا ، کنگیت ، چرچن خان لری اوز باشقه اولّقی دەك مستقل بولدی لر. کین لرده کاشغر خانی اهسته اهسته قوّتلانیب ختن، یارکند ، اوچ خان لری نیڭ کاشغر خانی نیڭ عالی نفوذی التی غه کیرگەنلیك لری معلوم دور. لیکن ٨٤٠م غەچه شرقی تورکستان ده واقع بولغان حادثەلر خصوصیده ایشانگودەك معلومات یوق دور. ٢٢٦ هـ (٨٤٠م) ده شرق اویغور لری نیڭ شرقی تورکستان غه هجرتی سببی بیلەن بولغان حادثه لرنیڭ بیانی توبنده کیلادور.[153]

## ١٦ــ فصل

## شرق اویغور دولتی

مغولستان ده یرلەشیب اوپرده بیر خانلیق تأسیس قیلیب اویغور اتی بیلەن تونولغان بیر تورك زُمرەسی نی عصری تاریخ کتاب لریده اویغور قبیلەسی دیب اتایدور. بو فصل دەکی اویغور دولتی اشبو اویغور لرنیڭ سکزنجی میلادی ده قورغان یکّی دولتی دور. بیز بو اویغورلرنی شرق اویغوری دیمیز. شرق اویغورلری شرقی تورکستان تاریخی ده مهم بیر موقع غه ایگه دورلر. بو اوچون بو لرنیڭ بیرآز تاریخچەسی نی بیان قیلامیز.[154]

شرق اویغور لری هون دولتی دوریده اولرغه تابع بیر خانلیق حالده یاشادی لر. هون دولتی یقیلغاندین کین کی دوره لرده بو لرنیڭ حقیده معلومات یوق دور. کوك تورك دولتی قورولغاندەا ولرغەتابع قوّتلیك بیر خانلیق ایدی. کوك تورك دولتونیڭ تونجی ییقیلغانیده شرق اویغور لری چین حاکمیتی استیغه کیریب قالغان ایدی. ایلتریش قاغان ، کوك تورك دولتی نی تیرگوزگەندە



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

شرق اويغورلرى اكا تابع بولدىلر. قاپاغانخاننيڭ وفاتيدين كين شرق اويغورلرى بير يولي تاريخ ميدانىغه چيقتىلر. يعني مذكور وقتدين اعتباراً استقلال دعواسىنى باشلاب قوتلوق كوك تورك دولتيگه باش كوتهرگيلي باشلادىلر ۲۲٦ هـ (۷٤۰م) ده شرق اويغورلرى بايقال كولي نيڭ اطرافيده اولتوروغلوق بَسْمِلْ قبيلهسى (چينتاريخيده پاشي ميبي) نى واوتوگهن تاغلريدهكي بير قسم قارلوق لرنى وبولردين باشقه بير نچه توركاوروغلرينى اوزىغه تابع قيليب اوز ميش قاغاننى بير نچه نوبت مغلوب قيلدىلر. ۱۲٦ هـ (۷٤٤م) ده شرق اويغورلرى اوز ميش قاغاننى يوقاتيب قوتلوق كوك تورك دولتىنى ييقتىلر. اويغورلر قاراقوروم شهرى نى اليب او يرنى پايتخت قيلماى اورخون درياسى نيڭ غربي قاپىسيده كي قارا بالغاسون شهرىنى پايتخت قيلدى. اويغورخانى اوزىغه قاغان عنوانىنى الدى. حاضرقي مغولستان و سيبرنيڭ تاميده كي تورك لرنى اوز حاكميتى استيغه اليب غرب ده التاى غهچه وجنوب ده گانسو و شنسي حدودىغهچه ككرو بولغان شرق تورك يورتلرينى بو اويغور قاغانليقي نيڭ اچيگه الدى[156] (۱۳ نجي خريطه)

بو شرق اويغور قاغانليقي چينده كي اوكلوك خان اغتشاشىنى باسيقتورغانى، بوكوگ قاغاننيڭ ۷٦۲م ده لوياڭ شهرىنى اشغال اتكهنى و بو اقدامات سايهسيده تمام تورك دولتلرى بيلهن سياست يوزيدين بيرلهشيب چين دولتىنى مُشْتَرَكْ بير تورك لر حمايهسى استيغه الينغانى يوقاريده اوتتى. ۷٦٥م ده تيبتليك لر چينغه هجوم قيليب چاڭان نى محاصره قيلغانده امپراطور سو، بوكوگ قاغاندين يارد م تيلادى. قاغان درحال مهم يارد م عسكرلرى يوللاب تيبتليك لرنى قاچوردى.[157]

شرق اويغورلرىبو دولتلرينى قوروشدين ايلگريكى دوره لريده هم غايت ايگيز مدنيتغه ايگه ايدىلر. اورخون و سلنگا دريالرى بوييده غايت چرايليغ شهرلرى بار ايدى.[158] هون دولتى دوريده و كوك تورك و باشقه تكرى قوتلوق و قاغانليق دولتلر دوره لريده تمام ماليات دفترلرى و اداره لردهكى كاتبليق ايش

لری اوشبو شرق اویغور لرینیڭ قوللریده ایدی. اوغوزخانمته نیڭ وزیری اویغور ایدی دیگەن روایت مشهور دور. شرق اویغور لریکوك تورك دولتی نی ییقیب قاغانلیق اورنی نی الغاندین کین بو لر نیڭ مدنیتی بیر یولی ایلگیریلاب کتتی. مغولستان وگانسو میدان لری شرق اویغور لرینیڭ مدنیت و صناعت و علم اثرلریدین تولا غلیغ دور. کینکی یورتلری بولغان شرقی تورکستاننیڭ شرق حصه سیده تاپیلغان شرق اویغور اثرلری عقللرنی حیران قیلماقده دور. بیانی توبنده کیلادور.

## شرقاویغور لری نیڭ ییقیلیشی

شرق اویغور لرینیڭ دولتی غه تابع بولغان تورك قوم لری ارقه ارقەدین عصیان لر چیقارور ایدی لر. بو عصیانلرنی باسیقتورماق اوچون اویغور قاغانی نیڭ مهم قوتلری صرف بولور ایدی. بو عصیان لردوام قیلغانچه اویغور دولتی ضعیفلاشیب قالدی. عاصی قوم لرنیڭ کوچلوغراقی، یاماسوبی (ینی سی دریاسی) نیڭ بو بیدەکی قیرغیز لر ایدی. قیرغیزلر ٢٢٦ هـ (٨٤٠م) دەقارا بالغاسون شهریغه هجوم قیلیب الیب کتتیلر. بو نیڭ بیلەناویغور لر مغلوب بولوب بیرر میڭ ییلدین بری یاشاغان اولکه لرینی بوشاتیب هجرت قیلماقغه مجبور بولدی لر. شرق اویغورلری بو حادثه نتیجه سیده ایکی قول بولوب از راق بیر قول گانسو ولایتی نیڭ شمالی غه باریب او یرده یرلەشتیلر. حاضرده اولرنی چینلیغ لر چَه اَنْـ فَانَ،یعنی وحشی اویغور دیدور (بیزلر چنفندیمیز). تولاراق بیر قول شرقی تورکستانغه یوروب اوُچ ایل (حاضرقی غربیگانسو)، قومول قوجو،بشبلیق، ایلی، کنگیت، لولان اولکه لریده یرلەشتیلر و او یرلردەکی اصلی خلقغه ارالاشیب قالدی لر. از مدت کینبومُهاجر اویغورلر کهنه و اصلی یرلیك تورك لرغه اوُستون کلیب اولرنی اوّز حاکمیتی آستیغه آلدی و بو اولکه لرنیڭ خان لری اویغور لر



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دىن بولدى . كينچه بو اويغور خانلرىنىڭ همهسى بىر خاننىڭ اطاعتىنى قبول اتتىلر و بو چوڭ خانغه ايدىقوت (حاكميت ايگهسى) عنوانىنى بردىلر.[159]

ايدىقوت دولتى، قاراخانلر دولتى قورولغوچه كاملاً مستقل ايدى . نوفوذىنى كنگيت و كوچا غهچهكهڭروتكانى روايت قيلانادور. شرقده ووَى (حاضرقى لياڭجو) شهرىنىڭ شرقيده كىوَرشى تاغى غهچه اشغال اتتىلر. موندين ايكى يوزييل كين ختاى تورك دولتى، بو اويغورلرنى سىد-چين نىڭ ايچ طرفيغه سوردىلر. قاراخانلر دولتى قورولغاندين كين ايدىقوتلر قاراخانلرغه تابع بولوب ايچكى ايشلريده مختاريتنى ساقلاب قالديلر. قاراخانلرغه تابع بولغان زماندين باشلاب اويغورلر، باشارگون و قوروغتاغنىڭ او طرفيده بولوب قوروغ تاغ سلسلهسينى سينگير (حدد) ديرايديلر (حاضر هم بو ات موجود دور) . قاراخانلر دوريده تورپان قمول، ايلى، التاى ايميل، غربى گانسو و قاراشهرنى "اويغوريورتى" و خلق تيليدا "اويغور" دير ايديلر.[160]

قاراخانلر اسلام غه كيرگهن ده ايدىقوت باشليغ اويغورلر قاراخانلرغه عصيان چيقارديلر. اوترادا اتولا شوقوش بولوب اخيراً بويون سونديلر. ليكن اسلامنى قبول اتمهديلر (بيانى قاراخانلر فصليده كيلادور). اويغورلر نىڭ مختاريت دولتى ۸۰۰هـ (۱۳۹۷م) غهچه دوام قيلدى . ايدىقوت نىڭ پايتختى باشتا قوجو اولكهسيديكى قوجو شهرى ايدى.[161] بو شهر نىڭ خرابهسينى حاضرده عوام خلق "داقيانوس شهرى" ديدور. اطرافيدهكى كنتلرنى قاراخوجه (ويا قاراقوجو) دييلادور.[162] كين قاراخانلرغه عاصى بولغان وقتدين باشلاب ايدىقوت، بش بليق[163] شهرينى پايتخت قيلدى . بش بليق، بش قلعه ويا بش شهر ديمكدور.

قديم زمانلرده اويغورلر توئين دينيده ايديلر. كين
شرقي توركستاندا ١٥٠ مده بودا دينى راواج تاپقاندا شرقي.
توركستانليغ بودائى راهيبلر مغولستان غه باريب اويغورلرنى بودا
دينيغه كيرگوزديلر. شوزمان دين باشلاب شرقاويغور خان لرى
و كَتّه لرى همه‌سى بودا دينيده بولوب شرقاويغورلريده ان قوتليك
دين بودا دينى ايدى. شرقاويغورلرى قاغانى بوكوگ قاغان،
١٤٥ هـ (٧٦٢م) ده چين غه باريب لوياڭ (خُونَه‌نْ) شهر ينى
بير مدت اشغال قيلغان وقتيده مانى دينى راهيبلريدين تورت
كشى بيله‌ن تونوشتى و بو راهيبلرنى قارابالغاسون شهريغه همراه
اليب كلدى. بوكوگ قاغان، بوراهيبلر نيڭ دعوتى بيله‌ن مانى
دينيغه كيردى و بو دين نى اويغورلر اراسيده يايماق غه تولا
ياردم قيلدى. قارابالغاسون شهرى نيڭ ته‌تى (خرابه) گريدين
كشف بولغان اويغور اثرلرى بو واقعه‌نى بيلدورمكده‌دور.[164]

شرقاويغورلرى شرقي توركستان غه هجرت قيلغاندين
كين اولر ايچيده مانى دينى بيرآز رواج ليغ بولسه‌مو بودا دينى د
بولغان شرقي توركستان خلقى، دين لريده غايت باغليغ بولوشى
دين شرقي توركستان ده مانى دينى بك رواج تاپالمادى. ٣٧١ هـ
(٩٨١م) ده شرقي توركستان ده سياحت قيلغان بير چين ليغ سيا
حتنامه سيده ايديقوت نيڭ پايتختى بولغان قوجو شهريده اللیگ
بودا معبدى و بير مانى معبدى بارايدى ديب دور.[165]

كين لرده مانى دينى اويغور ايچيدين تولوق يوق
بولوب يالغوز بودا دينى غينه قالدى. بودا دينى، ٨٠٠ هجرى
(١٣٩٧م) تاريخى غه‌چه توريان و بش بليق ده‌كى اويغورلر نيڭ
دين لرى ايدى. مذكور تاريخده همه اويغورلر مسلمان بولدى لر
(بيانى توبنده خضرخوجه خان نيڭ بيانيده كيلادور) ٤ ـ عصر



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

میلادی (٨نجی عصر هجری) ده بش بلیق شهریده یاشاغان بیر اویغور محرری چین تیلیده یازیلغان بودا کتابی "سوترا" نی اویغور یزیغی بیله‌ن تورکچه غه ترجمه قیلدی. بو کتاب حاضرده اوروپا موزه خانه لریده باردور. بو کتاب نیڭ آتی آلتون یاروق دور، یعنی آلتون هدایت دیمکدور.[166]

**شرق اویغورلری نیڭ مدنیتی**

شرق اویغورلری نیڭ سیاسی موقعیتلری یالغوز بیر عصر مقداری بیر زمان بیله‌ن محدود، و اشغال اتکه‌ن یرلری فقط حاضرقی مغولستان و سیبردین عبارت بولغان تورك اولکه لری نیڭ بیر پارچه‌سی غینه بولغانی اوچون بولرنیڭ سیاست اعتباری بیله‌نکی اهمیتی ایلگریکی تورك امپراطورلوق لریدین آزدور. لیکن مدنیت و علم و صناعت اعتباری بیله‌ن شرق اویغورلری نیڭ مرتبه‌سی مغولستان و مانچور اولکه لریده یاشاغان تمام تورك قوم لریدین تولا اوستون ایکه‌نلیکی حاضرقی عصریمیزده‌کی علمی تحقیقات و حفریات نتیجه سیده معلوم بولوب اویغور مدنیتی دنیا مدنیت تاریخیده مهم بیر موقع آلماقده دور.

قارا بالغاسون شهری نیڭ ته‌تی لریده و مغولستان نیڭ مختلف یرلریده اویغورلرغه منسوب آبده لر و صنعت اثرلری و کتابه لر غایت تولا دور. بو اویغورلر شرقی تورکستان غه کوچوب کلگه‌ندین کین یرله‌شکه‌ن ساحه لریده تولا شهرلر اباد قیلدی لر. بش بلیق شهری ایلگری ویران بولغان ایدی. بو شهرنی اویغورلر یڭی دین بنا قیلدی لر. بش بلیق نیڭ شرقیده غایت چوڭ و چرایلیغ بیر شهر بنا قیلیب اڭا چوڭ بلیق آت قویدی لر.[167] بو شهر حاضرده هم باردور و انی چینلیغ لر گوچیڭ (قدیم شهر) اتایدور. ایلی ده ایلی بلیق و میکلاق اتلیغ ایکی شهر اباد قیلدی لر. بو گونکی التای ولایتی ده سُمی تالاس اتلیغ بیر شهر یاسادی لر. لوپکول لری یاقینیدا اوشمی، تریم و سولمی اتلیغ شهرلرنی هم اویغورلر بنا قیل

غانلیقی روایت قیلیناdور. الحاصل بولرنیڭ اباد قیلغان شهر و قلعه و ابادلیق لری بك تولا دور. دوڭخواڭ دین لیاڭچو غهچهسوچو و کانچو اولکه لریدهکی ساحه لرده اونبش دین زیاده راق اویغور شهرلری نیڭ خرابه و سپیل لری بار دور.[168]

غربی گانسوده اویغور شهرلرید ین خراب بولمغانلری هم بار دور, چینچه ده "اویغور" دیمك بولادورغان "چهاڭ" کلمه سی بو شهرلرنیڭ اتلریغه قوشولماقده دور. چهاڭ، ماوچهاڭ، پاو و باشقه شهرلر بو جمله دیندور. شرقی اویغورلری طرفید ین یاسالغان شهرلرنیڭ چوگرسیگه اون یگرمه قری ایگزلیکده و بش الته قری کنڭلیکده سپیل لر بنا قیلور ایدی لر. عمارتلری غایت مستحکم و مُزَیَّنْ ایدی. منه بو سبب دین اویغورلرنیڭ شهر و عمارت لری نیڭ تاملری و تمام توروسلری بوکون غهچه قالیب اولر نیڭ مدنیتلرینی دنیاغه اثبات قیلماقده دور. تورپان اولکه سیده کی حاضرده خرابه لری موجود بولغان عمارتلرنیڭ تولا راقی بودا معبد لری و آز راقی مانی معبدلریدور. بودا و مانی دین لری غه منسوب افسانه لر، تصویرلر و حکمدار و راهب لرنیڭ صورت لری نی کورسهتهدورغان تام سیزیغلری و هرخیل تورك الفبالری بیلهن یازیلغان کِتابه لر و خط اویولغان تخته لر، غایت نفیس ایپك توقوما و هر قسم زینت اسباب لرینی اوشبو عصریمیزده المان، اسکاندیناو، اِنگیلیس سیاحتچی لر تورپان اوُلکه سید ین بك تولا کشف قیلدی لر. بو اثر لرنیڭ بعضی سی نی مذکور سیاحتچی لر اوروپا غه الیب باریب موزه خانه لرده قویدی لر. تولا راقی اوْز یریده بار دور. بو اثرلرنیڭ تولاراقی قاراخوجهدهکی قوجو شهرینیڭ تهتیلرید ین کشف بولدی. ینه قوجو نیڭ شمالی دهکی مورتوقدهکی معبدده بودانیڭ تمام حیاتی نی کورساتادورغان بیر نچه تام سیزیغ لری بار دور. بَزَکلیك دهکی معبدده هر قسم رڭلیك رسم لر بار دور. و ینه قاراشهرنیڭ یاقینیده بیر اویغور معبدیده بودانیڭ تصویر لری کشف بولدی. و ینه دوڭخواڭ نیڭ یته میل جنوب شرقی سیدهکی بیر تاغده گرمه صورتیده اویولوب یاسالغان



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

تورت معبد بار دور. بو معبدلر بیر بیریدین ٥٠٠ قری اوزاقده‌دور. بو معبد لرده هر قسم هیکل و مجسمه لر و سیزیغ لر و کتابخانه لر و تماماً اویغور مدنیتی و صناعتی نیك اثرلری بار دور. بو معبد لرنی چین‌لیغ لر چِه‌اَنْ پوتوكْ (اویغور گرمه لری) دیدور. و ینه اَنْشِی شهری نیكْ ٢٤ میل جنوبیده‌كی بیر تاغده بیر گرمه معبد بار دور. اُنیـــكْ ده هم اویغور اثرلری تولا غلیغ دور. بو معبد ده یاوچی‌لر و توپالرغه عاید اثرلر و کتاب لر هم کشف بولدی. بو معبدنی چین‌لیغ لر شی‌او چِه‌اَنْ پوتوكْ (غربی اویغور گرمه‌سی) دیدور.[169]

بو معبدلرده کشف بولغان اویغور اثرلری‌نیكْ مهم‌راقی میكْ لرچه دینی و افسانه‌وی کتاب لر و بیرمونچه یغاچ مطبعه تختـه لری و اسباب لری‌دور. بو مطبعه لرده باسیلماق لازم بولغان کتاب نی اویغور حرفی بیله‌ن یاغاچ تخته لرغه اویوب و تخته لرنی مُتَحَرِّك چـرخ لر و پوزه لر اراسیغه اورونلاشتوروب کتاب باسار ایدیـلـر. منـه بوكَا كوره او وقت ده چین‌لیغ لرده بولغانده‌ك اویغور لرده هم مطبعـه چی‌لیك صناعتی بارلیقی معلوم بولماقده دور.[169] کورولورکه بو اثرلـــر، اویغور لرنیكْ غایت ایگیز بیر مدنیت‌غه ییتكه‌ن لری‌نی ثابت قیلماقده‌دور.

بو اثرلرنیكْ حقیده بیر المان عالمی 170 : "انگلتره فرانسا، المانیا ده مونداغ بیر نرسه لر هیچ یوق وقت ده چرایلیغ و چوكْ بیر مدنیت ایگه‌سی بولغان اتا بابالری بیله‌ن تورك لرنیكْ فخـــر قیلماق حق لری بار دور" دیب یازادور.




بير تگريده م (الىهه ) نيكسا پالدين ايشله نگه ن هيكلى.
قاراشهر سوچوق دين تيپيلغان. برلين موزه سيده .




مانى دينيفه تيگيشليك بير اويغورچه قوليا زما اثردين
بير ياپراق . ٨-عصر . اصلى برلين موزه سيده

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى


مەن بو يردە ديوان لغات التوركدەكى معلومات
بيلەن قوتادغوبيليك نيكڭ ويانا اويغورچە قول يازما نسخەسيدين
فايدەلنيب قديم اويغور الفباسى نى رەتلەپ چيقتيم.



اتى بيلينميگەن بير اويغور شاعرى نيڭ بير بتى




كلسه قالاى قاتيغليق اوْتر ديو سرينگيل



 آوَيلَك ايشين بيليپ تور انچه اكا تيرينگيل

( قايداغكه قاتتيغليق كلسه اوْتوپ كيتادور ديب تَسلّى تاپ
زمانه نيڭ عادتينى بيليب تورغيل و اوكا اونچەليك ايشەنگيل )

سلطان ابوسعيد خان نيڭ اوزون حسن غه يازغان پيتيگى
(ساچقان ييلى ٢٢ ربيع الاول ٨٧٣هـ )
استانبول ، توپقاپى سارايى موزەسى ارخيوى





ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## ١٧ ــ فصل

### قدیم زمان لرده کی تورك وچین سیاست لری

قدیم زمانلرده کی تورك لر و چینلیغ لر اراسیده کی تاریخی مناسبت لری اشبو شرق اویغور لری نیڭ اورخون بوییده کی دولت لری بییقیلغان تاریخ ده اپاغلاشادور. چونکه موندین کین چنگیزخان زمانه سی غه چه چین و تورك اراسیده مهم سیاسی حادثه لر واقع بولمغان ایدی. بو مناسبت بیله ن قدیم زمانلرده کی تورك لر و چینلیغ لرنیڭ سیاست لری خصوصیده تاریخ کتاب لریده یازیلغان تورك لرنیڭ حقیده کی یالغان بهتان لر و چینلیغ لرنیڭ حقیده کی ریاکارلیق لرنیڭ حقیقتی نی محترم اوقوغوچی لرغه عرض اتمك مقصدی بیله ن چین مورخ لری نیڭ اوز اقرار لریدین توبنده کی مطالعه نی چیقاریب یازامیز :

چین تاریخ لریده واندین الینغان عصری تاریخ کتاب لریده قدیمقی تورك لرنی وحشی ، جَنْگجوی ، خونریز و تالانچی ایدی دیب یازیلیب دور. لیکن ینه مذکور چین مورخ لری تاریخچی لیق وظیفه سی نیڭ اداسی غه مجبور بولوب تورك لر حقیده کی او سوز لرنیڭ مَحْض قلم انتقامی و بهتان دین عبارت لیکی و تورك سیاستی نیڭ صلح پرورلیك ، انسانیت چی لیك ، توغرا کوڭل لوگلوك و عزت نفس دین باشقه نرسه ایمس لیکی غه اقرار قیلماقده دورلر. و ینه چین مورخ لری چین نی مدنیت صناعت بیله ن دایما ماختاسه مو چین سیاستی نیڭ استیلاچی لیق ، انسانیت سیزلیك و حیله گرلیك دین عبارت ایکه نلیکی غه اعتراف اتمك مجبوریتیده قالماقده دورلر. بونیڭ بیانی بو ایکی عنوان ده ذکر قیلانادور.

هون ، جوجان ، كوك تورك و باشقه تورك امپراطـور
لوق لری بیله‌ن چین‌لیغ‌لر اراسیده‌كی حرب و صلح واقعه‌لری‌نی تمام
مورخ لر چین تاریخ لریدین الدی لر. تمام تاریخ كتاب لریده مفصل
صورتده روایت قیلینغان واقعه لرده هون لرنیڭ ویا جوجان لر نیڭ
ویا كوك تورك لرنیڭ چین‌غه تعرض‌قیلمغانلری،دایما چین‌نیڭ ظالمانه
تعرض‌لری‌دین مدافعه اتماك ویا انیڭ انتقامی‌نی الماق اوچون واقع
بولغانی مورخ لر نیڭ اتفاقی بیله‌ن معلوم بولادور. چین‌لیغ‌لرنیڭ
سدی چین‌نی بنا قیلماق‌غه مجبور بولغانی تورك لرنیڭ غارت و تالان
لریدین ساقلانماق اوچون ایدی دیگه‌ن سوز هم تورك لرنیڭ حقیده
بیر اتهام دور. سدی چین نیڭ بناسی نیڭ سببی شودور: هون
دولتی نیڭ مدهیش بیر صورتده قوّتلانیب كتكه‌نیدین او وقت‌ده‌كی چین
امپراطوری چهاڭ، غایت یمان قورقوب كتیب اولرنی عسكر قوتی بیله‌ن
مدافعه قیلماق‌نی امكان‌سیز خیال قیلیب تورك و چین اولكه لری‌اراسی
ده غیر قابل مرور بیر مانع (آشقیلی بولمایدورغان توسالغو) پیدا
قیلماق مالیخولیاسی‌غه توشتی . چهاڭ فقط اوشبو قورقونچ وسواس
دین توغولغان مالیخولیاسی‌نی وجودغه چیقارماق اوچون بوسدنی
انشا قیلدوردی . تورك لر، اگر چین مورخ لری دعوا قیلغانده‌ك خا
لص تالانچی بیر خلق بولغان تقدیرده انداغ وحشی و انتظام سیز
تالانچی‌لریین چین‌ده‌ك نفوسی تولا و یاراغ‌لری مكمل بیر ملت غایت
اسانلیق بیله‌ن مدافعه قیلور ایدی، و سد انشا قیلماق اوچون ملیون
لرچه ادم لرنی ییل‌لرچه مشقت‌لیك ایش‌غه سالماق‌غه هیچ حاجت
توشماس ایدی . بوسدنیڭ انشاسی وقتیده یریم ملیون ادم نیڭ
مشقت‌استیده اۆلگه‌نی‌نی چین تاریخ لری روایت قیلادور. بو سد
چهاڭ حیات وقتیده بیر مكمل استحكام وظیفه‌سی‌نی ادا قیلیب سد
اوستیده قویولغان بیر ملیون‌دین زیاده‌راق چین عسكری‌نیڭ هون



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

عسكریدین مدافعه قیلماقنی اسانلاشتورغان بولسهمو حهاك خیال قیلغاندهك فوق‌العاده بیر مانع (توسالغو) بولالمادی، چونكه كین‌لرده هون عسكرلری بو سدنی هیچ كوزغه ایلمای اۆتابردی لر. بیر اوروپا سیاحتچی‌سی نیڭ سد چین حقیده‌كی مطالعه‌سی‌نی یازامیز؛ سیاحتچی ایتادوركه :"چین سدی نیڭ بناسی موٴخلر گمان قیلغاندهك تورك لردین مدافعه اوچون غینه ایمس دور. بلكه بو نیڭ اصلی سببی او زمانه لرده شهرلرنی سپیل‌لر بیله‌ن احاطه قیلماق و مملكت نیڭ حدودی‌غه قلعه لر و سدلر انشا قیلماق عادتی دین چیقغان بیر ایش دور چونكه مونداغ سدلر او زمانه لرده دنیانیڭ هر نقطه‌سی‌ده بنا قلینور ایدی. باشقه یرلرده‌كی سدلرنیڭ بعضی‌سی كاملاً یوق بولوب و بعضی‌سی نیڭ ایزلری قالمیش دور. لیكن شمالی چین نیڭ توپراقی غایت مستحكم بیر توپراق بولغانی اوچون چین سدی بوكون غه‌چه باقی دور."[171]

تورك لر غالب بولغان وقت‌لرده تمام چین‌نی مستملكه قیلیب چین نیڭ انتهاسیز ثروت‌لری‌نی ایگه‌له‌ب الماق‌غه هیچ بیر مانع قالمغان حالده‌مو چین‌نی مستملكه قیلمادی لر. بلكه چین امپراطوری‌نیڭ تعرض قوّتی‌نی ضعیفلاشتورماق‌غه قناعت قیلدی لر و استقلالی‌نی ییقمادی لر. مغلوب و قوتی پراكنده بولوب اسیر نیڭ حُكمیده بولوب قالغان چین امپراطوری صلح تیلاسه تورك حكمدارلری بو صلح نی درحال قبول اتتی‌لر. چین نیڭ حربی اقدامات قیلماقی امكانسیزلیقی معلوم بولغان وقت‌لرده تورك لرنیڭ قوتی غایت زیاده بولسه‌مو تورك لر مونداغ فرصت دین استیلا و هجوم اوچون استفاده قیلمای بلكه بو فرصت نی بو ایكی قوشنه ملت نیڭ صلح و اسایش ده یاشاماقی نیڭ مهم بیر فرصت بیلیب چین غه دوستلوق قولی‌نی اوزاتقان لری و چین نیڭ داخلی اسایشی‌نی تاٴمین قیلماق اوچون مهم یاردم لرنی قیلغانلری چین تاریخ لریده تولا دور. چین‌ده چیقغان بیرنچه ایچكی سوقوش‌لرده قان توكولوشی‌نی باسیقتورماق اوچون چین حُكمداری غه تورك لرنیڭ یاردم قیلغانلری و تینچلیق بولغان زمان چین

توپراقی نی بوشاتیب اۆز خلقی غە قویوب بیریب یانیب چیقغانلری ومون-
داغ وقت دین استفادە قیلماق و چین غە استیلا قیلماق فکریدە بولمغان
لیق لری بو تاریخ نی اوقوغانلرنیڭ نظر لریدین مُکَرَر اوتادور. بو همە
سی نی چین تاریخی دە ویا اندین الینغان عصری تاریخ کتاب لریدە
کوروش ممکن دور.

تورك و چین اراسیدەکی محاربە لردە تورك لر غالب
بولوب چین توپراق لری نی الغان وقت لردە تورك لرنیڭ چین خلقی نی
قتل عام قیلغانی ویا شهرلرنی ویران قیلغانینی کورسەترلیك ایناغودك
سیر روایت نی چین مورخ لری ذکر قیلمایدور. تورك امپراطور لری چین
دین مغلوب بولوب قوتسیزلیك زمان لریدە هیچ وقت چین غە اطاعت
قیلماق و باج برمك نی قبول اتمدی لر. بلکە اۆلگونچە مدافعە قیلیب
شرف لیك اۆلوم بیلەن اۆلدی لر. شرف سیز اسارت حیاتی غە راضی بو
لمادی لر. چین اطاعتی نی موقتاً قبول اتکەن لر بولسە بولر بعضی
کیچیك خان لر ویا تورك امپراطور لری غە خیانت اتکەن عاصی لر دین
عبارت ایدی. اما تورك امپراطور لریدین هیچ بیری نیڭ انداغ قیلغا
نی نی چین تاریخی دە هم دعوا قیلینمایدور.

**چین سیاستی: استیلاچی لیق، انسانیت سیزلیق، هیلە گرلیك**

تورك لر ضعیفلاشیب چین لیغ لر قوّت تاپقان وقت لردە،
چین لیغ لر درحال معاهدە لرنی بوزوب، ایکی ملت نیڭ اسایش
و راحتی نی هیچ نظرغە الماي تورك یورت لری غە هجوم قیلور ایدیلر.
چین لیغ لرنیڭ تورك یورت لریدە قیلغان قتل عام لری، شهر لرنی
ویران قیلغانی، مغلوب و بی گوناە خلق نی اۆلتوروب اشقانی نی اوز
یورت لریدین هیداب چین نیڭ یراق یر لری غە و چول لری غە سوروب،
او بیچارە لرنی اچلیق دین یوق اتمك ویا چینلاشتورماق غە قیلغان
اقداماتی بك تولا دور. بو وحشیانە و ظالمانە سیاست لرنی چین نیڭ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

متعصب و انتقامچی مورخ لری اوز کتابلریده فخر بیلەن ذکر قیلیب ماختانماقدە دورلر.

حاضرقی مغولستاندەکی تورک اولکەلری بک تولا دفعەلر چین قتلعامی و تخریباتیغە اوچراغانلیقی یوقاریدە اوتتی. شرقی توركستاندە قومول، بارکول، قوجو، لولان اولکەلرینی بیرنچە دفعە چین عسکرلری قتلعام و خراب قیلغانی معلوم دور. بو جملەدین، یگرمە مقداری شهرغە ایگە بولغان لولان اولکەسی چین قتلعام و تخریباتی نتیجەسیدە کاملاً ویران و چول حالیغە کلمیش دور. ١١٧٢ ھ (١٧٥٧م) دە چینلیغلر پوتون بشبلیق و ایلی اولکەلرینیك خلقینی قتلعام قیلیب اشقانینی چینغە سوروب الیب کتیب بو اولکەلرنیك بیرنچەبیل انساندین بوشالغانی و کینلردە التی شهر و تورپاندین تارانچی (دهقان) مهاجرلری باریب اولکەلرنی یکی باشدین اباد قیلغانی شرقی توركستاندە هرکیمغە معلوم دور. چین مورخلری هم بو فاجعەنی لذّت و افتخار بیلەن بیان قیلمیشلر دور.[172]

چین دولتی اوزینیك قوتسیز وقتیدە ویا تورکلرنیك قوّتی زیادە چاغلردە چین امپراطورلرینیك تورکلرغە قیلغان تواضعلری و تورک حکمدارلریغە و شهزادەلریغە و حتّاکە کیچیك خانلریغە قیزلرینی بیریب و چیننیك نفیسماللرینی اولرغە سوغات قیلیب بو توغرا کوکّللوگ و جوانمرت خلقنی اوزیغە دوست قیلیب بولرنیك یوروشیدین ساقلانماق ویا قوتلریدین فایدالانماق تشبثیدە بولغانلرینی چین تاریخیدین الیب یوقاریدە تولا ذکر قیلدوق. اما چینلیغلرنیك بو حرکتلریدین مقصدلری صلح واساییش بولمای بلکە قوتلیك اتحاد و عسکری قوت اعتباری بیلەن چیندین یوقاری بولغان تورکلرنیك اراسیغە نفاق و تینچسیزلیق اوروغینی ساچماقغە یول اچماق مقصدلری ایدی. بو واسطە بیلەن تورکلرنیك قوتینی ضعیفلاشتورماق و دولتلرینی ییقیب یورتلریغە استیلا اتمك اصلی مطلبلری ایدی. بو موضوعنی کول تکین ابدە

سیده بیلگه قاغان غایت فصیح و اصیلانه عبارت لر بیله‌ن اگلاتا دور.[173] صلح پرور و توغرا کوگل‌لوگ تورک لر، چین نیڭ بو حیله‌گرلیک قیسماق لری‌غه تولا توشتی لر.

چین نیڭ قوتلیک وقتیده و خواهی ضعیف لیق حالی ده تورک قوم لری‌غه دایما بیر جان دشمنی ایکه‌نلیکی . مه‌یلی حرب و مه‌یلی صلح زمان لری‌ده هیچ بیر انسانیت و توغرالیق ملاحظه سیده بولمغانلیقی تاریخ صحیفه لریده انکار ممکن بولمایدورغان بیر نقطه دور.

منه بو مطالعه خالص چین تاریخی نیڭ برگه‌ن معلوماتی دین الینغان مفهوم لردور. بناءً علیه انصاف قیلغوچی نیڭ نظری‌ده آپ اچوق ثابت بیر دعوا دور.



کؤك تؤرك قهرمانی کـؤل تکین (وفاتی ۷۳۲م) نیڭ هیکلی نیڭ باشی اۆتوگه‌ن ده تاپیلغان . لاییپزیك مۆزه‌سیده .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



اويغور اورداسى مينيا تورى . سيزغوچيسى قوتلوق نيگار . ١٥ - عصر
استانبول ، توپقاپى موزەسى ارخيوىدين الىندى

# تورتونچی بولوم

## قاراخان لر
## دوری دین مغول لر دوری غه چه شرق توركستان

### ۱ـــ فصل
### قاراخان لر دولتی

#### قوررولوشی

بو دولت نیڭ حكمدار خاندانی نیڭ اوترا آسیا تورك قوم لری نیڭ قاسی غه منسوب ایكەلیكی ده فرقلیغ قاراش لر بار دور. چین تاریخ لریده بولر نیڭ قارلوق قبیله سیدین بولغانلیقی تخمین قیلینادور. بعضی منبعلرده بولرنی اویغور دیب تازیلیب دور. لیكن شرق اویغورلریدین ایكەنلیكی ویا قدیمقی یارلیقار اویغورلر نیڭ اولادی دین ایكەلیكی انیق ایمس.[174]

قاراخانلر دوریده تا ٔلیف قیلینغان كتاب لر و تاریخی و ادبی وثیقه لرغه كوره بولر نیڭ اصلی قدیم دین مُسَلْسَل صورتده كاشغرغه خان بولوب كلگەن بیر خاندان دور. مذكور كاشغر خانلیق خاندانی اۆزلرینی قدیمقی قاراخانلردین مشهور بوقاخان (افراسیاب) نیڭ اولادی دەب دعوا قیلور ایدیلر. بو اعتبار بیلەن اۆزلرینی باشقه تورك خانلریدین یوقاری توتار ایدی لر.[175]

شرقی توركستان خانلری ۲۰۶ هـ(۸۲۱ م)ده تیبت لیك لرنی یورتلریدین هیداب چیقاریب مستقل بولغاندین كین كاشغر خانی اهسته اهسته قوتی نی آشوروب یاركند ، ختن ، اوچ اولكه



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

لری‌نیڭ خان‌لری‌نیڭ اوستیغه نفوذی‌نی یایماقغه موفق بولدی. بارا بارا کوچا خانی‌نی هم اطاعتغه مجبور اتتی . بو نیڭ بیله‌ن کاشغر خانی تمام التی شهرنی بیر دولت اولکه‌سی قیلیب مهم قوّتغه ایگه بیر تورك دولتی قوردی.

تکری تاغلری‌نیڭ شمالیده‌کی قارلوق دولتی و کوکچه تگز (بالخاش کول) اطرافیده‌کی یغما، توخسی، اوغراق، چگل آتلیغ مستقل قبیله لر غربدین ماوراءالنهرده‌کی مسلمان سامانی دولتی و شرقدین اویغور دولتی نیڭ هجوم لری‌غه معروض قالیب تهلکه‌ده ایدیلر. تقریباً ٢٥٦ هـ (٨٧٠ م)ده قارلوق دولتی و یوقاریقی مستقل قبیله لر نیڭ خان لری ارقه ارقه دین کاشغرده‌کی التی‌شهر خانی غه اطاعت عرض قیلیب انیڭ حمایه سیغه کیردی لر. الحاصل کاشغر خانی تکری تاغلری‌نیڭ جنوب و شمالیده‌کی اون‌دین زیاده‌راق تورك خانلیق دولت‌لری‌نی اوز بایراقی استیده بیرلا شتوروب بیر اتحادیه (کونفدراسیون) تورك امپراطورلوقی تأسیس اتتی و اوزی‌غه قدیمقی اتابالری‌نیڭ عنوانی بولغان قاراخان عنوانی‌نی الدی. عرب لر ایلگریکی قاغان‌لرنی خاقان دیگه‌نده‌ك بو قاراخان‌لرنی هم خاقان الترك ده‌ب یازادورلر.[176]

**دولت نیڭ کگروگه نی**

٢٦٧ هـ (٨٨٠ م)ده قاراخان‌لیق تختیده بوقاخان اتلیغ بیر ذات اولتوردی. بو ذات شرق‌ده قوروغ تاغ سلسله‌سی نیڭ جنوبیده‌کی (لوپو) چَرچَن، آبدال، و میران اولکه لری‌نی ایگه لیدی. بو اولکه لر موندین ایلگری اویغور ایدیقوتی‌غه تابع ایدی. بو نیڭ بیله‌ن قاراخان‌دولتی و اویغور دولتی مملکت‌لری آراسیده قوروغ تاغ سلسله‌سی حدود بولدی. بو مناسبت بیله‌ن قوروغ تاغ نیڭ مهم یول‌لری اوستیده‌کی بعضی یرلرنی و بعضی تاغ‌لرنی سگّیر دییلمك او زماندین قالمیش‌دور. سگّیر تورکچه‌ده سرحد (حدود) دیمکدور.

بوقا قاراخان شرقدەكی بو مملكتلرنی الفاندینكین شمالدەكی قارلوق و باشقه خانلرنیڭ اطاعتینی تامین قیلماق و اوطرفدە هم فتوحات قیلماق فكریدە بولوب حاضرقی توخماق شهریغەیاقین بلاساغون شهرینی پایتخت قیلدی . اینجه (سیرد ریا) نیڭ قاییسی بیلەن آرال كۆلیغچه و آرال كۆلدین شرقغه قاراب كۆكچه تڭیز نیڭ شمالیدە سوروق تاغلری (حاضرقی سمی پلاتینسكی) قوشولوب ایرتیش دریاسیغەچه چوزولغان تمام تورك یورتلرینی اوز حاكمیتی استیفه الدی . موندین كین اویغور ایدیقوتی هم بوقا قاراخانغه تابع بولماقنی قبول اتتی . بو نیڭ بیلەن قاراخانلیق مملكتی نیڭ حدودی غربدە پامیر تاغلری ، سیرد ریا و آرال كۆلی ، شمالدە قیرغیزیا یلاغلری والتای تاغلری ، و شرقدە التای تاغلری و لیانگچو نیڭ شرقیدەكی ووشی تاغی ، و جنوبدە تنگوت خانلیقی (كوكو) و قارا كُفو تاغ (كیونلون) و قاراقورام سلسلەلریغه یتیب كنگُرودی (١٤ نجی خریطه).

بوقا قاراخاندین باشلاب قاراخانلرنیڭ پایتختی ایكی ایدی . قاراخانلر قیشكونلریدە كاشغردە ، یازكونلریدە بلاساغوندە اولتورور ایدیلر . اما حقیقی پایتخت كاشغر ایدی . بو مناسبت بیلەن كاشغر اوردا كند دییلور ایدی (پایتخت شهر دیمكدور) بوقا قاراخاننیڭ وفاتی و انیڭ اورنیغه اولتورغان قاراخانلر خصوصیدە معلوماتیمیز یوقدور . ستوق بوغراخانغچه اوتكەن واقعەلرهم معلوم ایمس دور.[177]

ستوق بوغراخان نیڭ داداسی بارخان بوغراخان قاراخان ایدی . بو كشی ٣٠٢ هـ دە وفات اتتی . وفات وقتیدە اوغلی ستوقتكین نارسیدە بولغانی اوچون اینیسی ایسن بوغراخاننی ولیعهد قیلدی و انیڭ ولیعهدی ستوقتكین بولماقغه وصیت قیلدی . بارخان بوغرا قاراخان نیڭ وفاتیدین كین ایسن بوغراخان قاراخانلیق تختیدە اولتوردی ، اكاسی نیڭ وصیتیغه مطابق ستوقتكیننی ولیعهد قیلدی و تورك عنعنەسیغه اویغون ستوق نیڭ آناسینی نكاحیغه آلدی . لیكن ایسن بوغراخان كینلردە ستوقتكیننی ولیعهدلیكدین توشورمك و اوز



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

اوغلىنى وليعهد قيلماق فكرىغه توشتى . ستوق تكين غايت هوشيار و منوّر بير شهزاده بولوب يگرمه ياش غه كيرگەن وقت لريده مخفى مسلمان بولدى.[178]

**شرق توركستان ده اسلاميت نيڭ يايىلىشى**

قاراخانلر دولتى قورولوشدين ايلگرى غربى توركستان تورك لرى تماماً مسلمان بولغان ايدىلر . قديم دين شرقى و غربى تور كستان خلقى نيڭ آراسيدەكى ملىّ بيرليك و اقتصادى رابطه غايت قوّت ليك ايدى . توقـقانليق و تجارت مناسبتى بيلەن بو ايكى توركستان خلقى نيڭ باريش كليشلرى نهايت تولا ايدى . منه بو واسطه لر بيلەن اوچونجى عصر هجرى ايچيده شرقى توركستان ده اسلام دينى خيلى يىا ييلغان ايدى . بارا بارا بعضى عالم لر سوداگر صورتى بيلەن شرقى تور كستا نغه كليب ممكن بولغان يول بيلەن خلقنى اسلام غه دعوت قيلماقده مهم فعاليت كورساتتى لر . بو نيڭ بيلەن شرقى توركستان ده اسلام تولا كوچلاندى. ليكن قاراخانليق خاندانى و يورت نيڭ كتته لرى مسلمان بولمادى لر . كاشغر و بالا ساغون طرف لريده خلق نيڭ ياريمى دين تولاراقى مسلمان بولغانليقى روايت قيلينادور .

٣٢٠ هـ (٩٣٢م) ده بخاراده‌كى سامانى دولت خاندانى غه منسوب بولغان ابونصر سامانى اتليغ عالم بير ذات سوداگر صورتى بيلەن بير كاروانغه باش بولوب اوزكند و توروغ آرت يولى بيلەن آرتوچ غه كلدى . يولدا بير يرده يولداش لرى بيلەن جماعت بولوب نماز اوتومكده ايدى . بو حالده آوغه چيقغان ستوق تكين اويرغه كليب قالدى و بو كاروان نيڭ مسلمانليقى نى بيلدى . ستوق تكين منوّر و حق پرست بير يگيت ايدى . ابونصر نمازدين فارغ بولغاندين كين انيڭ دين ستوق تكين اسلام نيڭ حقيقتى نى سورادى . ابونصر اسلام نيڭ حقيقتى نى بيان قيلدى . بو بيانات ستوق تكين نيڭ كوڭلى غه تولا تاثير قيلدى؛ ابونصرنى بير نچه كون ارتوچ ده تورماقغه امر اتتى و غايت

مخفي صورتده يالغوز اۇزى غينه مسلمان بولدى. كينلرده اۇزى نيك ايشانچليك ياۋرلرىنى و دوستلرىنى مخفي طرزده اسلام غه كيرگوزدى. موندين كين باشقه مسلمانلرنى اۆز طرفيغه تارتقالي باشلادى. بش التي آى ايچيده بير نچه يوز كشى دين عبارت بولغان مخفي ياش مسلمانلر جمعيتي ستوقتكين نيك قول آستيده تشكيل تاپتى. ستوق تكين بو ياشلرني مكمل يراغلاندوردى.

ستوقتكين بو جمعيت اعضالرىنى كاشغر شهرىغه مخفي صورتده كيرگوزدى. تشكيلات اعضالرى يگرمەدين اوتوزدين كيچيك قطعه لرغه آيريلغان ايدى. هر قطعه بير عسكرى قشلا ويا حكومت شعبه سى ويا كتته بير شخصيت نيك اۇستيغه باسقون قيلماقغه امر قيليندى. بو باسقون اوچون معين بير كيچه نيك معلوملوغ بير ساعتى تعين اتيلدى. بو پلان تعين قيلينغاندين كين ستوقتكين اوّلدين يا نيدا بار قرق ياۋرى بيلەن كاشغرغه كيريب اۇگەى داداسى ايسن بوغرا خانغه مهمان بولوب اورداغه توشتى. هجوم اوچون معين بولغان كيچه نيك معلوملوغ ساعتيده ستوقتكين مذكور قرق ياورى بيلەن قارا خان نيك ياتقان اويىنى باسيب انى اسير قيلدى، اوردادەكى تكين لر و منصبدارلرنيك بعضى سىنى اسير قيلدى و بعضى سىنى اۆلتوردى. باشقه يرلرغه باسقون قيلماقغه مأمور بولغان قطعه لر هم اۆز وظيفه لرىنى موفقيت بيلەن اجرا قيلدى لر. الحاصل بير كيچه ده ستوق تكين كاشغر شهرىنى آلدى. نفوسى نيك يريمى قدر مسلمان بولغان كاشغر مسلمانلرى هر طرف دين ستوقتكين نيك ياردمىغه يتيشكلى باشلادىلر. ايكى اوچ كون ايچيده ستوقتكين كافى درجەده بير قوّت توپلاماقغه موفق بولدى. بو صورت بيلەن پوتون كاشغر خلقى ستوقتكين نيك حاكميتىنى قبول قيلدى لر.[179]

ستوقتكين اۆز حاكميتىنى قرارالدورغاندين كين اۆزى نى قاراخان اعلان قيليب قهرمان معناسىنى افاده قيلادورغان بوغرا خان[180] عنوانىنى آلدى، مسلمان بولمغان خلقنى اسلام غه دعوت قيلغالي و غزات قيلغالي توردى. كاشغر، ياركند، اوچ، بلاساغون



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

وبارسغان (ایسیغ کۆل نیڭ شرقی) ایالتلریده و قارلوق دولتی ایچیده اسلام دینی هیچ مشکلاتسیز رواج تاپتی.

غربی تورکستاندەکی سامانی اسلام دولتی شرقی تورکستانده اسلام دینی نیڭ و اسلام علملری نیڭ تارالیشی اوچون قاراخان ستوق بوغرا خانغه تولا یاردم قیلدی. علما و محدثلر کاشغر و بالاساغونغه غربی تورکستاندین تولا کلدیلر. ستوق بوغرا خان مسلمان بولغاندین کین بعضی عالملر اگا عبدالکریم اتی نی برگەنی معلوم دور. چونکه ستوق بوغراخان نیڭ قاقتورغان آلتون یارماق (طلا) لریده قاراخان ستوق عبدالکریم عبارەتی قاقیلیب دور. بو یارماقلر دین پترسبورغ موزەخانه سیده بار دور.[181]

**ستوق بوغرا قاراخان نیڭ غزات قیلغانی**

ستوق بوغرا قاراخان مسلمان بولوب قاراخانلیق تختی نی الغاندین کین بو وقتغچه اسلامغه هیچ داخل بولمغان، بودا دینی نیڭ مرکزی بولغان ختن، کوچا و سریغ اویغور خانلری و اویغور ایدیقوتی قاراخانلیق مرکزی نیڭ اطاعتی نی تاشلاب استقلال اعلان اتتیلر. شمالدەکی اوغراق، یغما و توخسی قبیله لری هم عصیانغه قوپتیلر. قاراخان ستوق بوغرا، بو خانلر و قبیله لر نیڭ اۇستیغه عسکر ایباریب دایما غزات قیلما قدا ایدی. ستوق بوغرا قاراخان اۆزی ختنغه یوروش قیلیب تولا محارەبه لردین کین ختن خانی نی مغلوب اتتی. ختن خانی عسکرلری بیلەن شهرغه قاچیب مدافعەغه توردی. محاصره اوزون دوام قیلسەمو شهر فتح بولمادی. اخیری قامالغانلر ایچیدین بیر جنگشی (بگ) اۆز تابعلری بیلەن مسلمان بولوب شهر نیڭ ایچیده انقلاب چیقاردی و انیڭ یاردمی بیلەن شهر فتح بولدی. موندین کین ستوق بوغرا قاراخان کوچانی فتح قیلدی. لیکن بو نیڭ بیلەن هم ختن و کوچا خلقی تماماً مسلمان بولمای تولاسی قدیم بودائی دینلریده قالدیلر. اندین کین ستوق بوغرا قاراخان، اویغور ایدیقوتی نیڭ

اۇستیغه قاراشهر یولی و ایلی طرفی‌بیله‌ن ایکی یولدین عسکر یولـلادی. غایت مدهیش و تولا اوروش‌لردین کین اید یقوت مغلوب بولوب اولقیده‌ك قاراخانلیق مرکزی‌غه تابع داخلی مستقل بیر حکومت بولماق قدیم‌دین لریده قالماق شرطی‌بیله‌ن صلح قیلدی. و شمالده‌کی یغما ، تُخسی و اوغراق قبیله لری اۇستیغه هم تولا غزات یورروش‌لری قیلیندی. یوقاریقی غزات‌لرده ابو نصر سامانی‌نیك اوغلی عبدالفتاح تولا شهرت تاپتی و ستوق بوغراخان بو ذات‌غه الپ تکین‌غازی عنوانی‌نی بردی.[182]

**موسیٰ بوغرا قاراخان**

ستوق‌بوغرا قاراخان ، ۲۲ ییل قارخانلیق قیلغاندین‌کین ۳٤٤ـ (۹۵۵م)ده وفات قیلدی. اورنیغه موسا بوغراخان، قاراخان بولدی. موسا بُغرا قاراخان ستوق نیكْ اوغلیدور.

ستوق بُغرا قاراخان وفات اتکه‌ن خبری یاییلغاندین کین ختن‌وا ویغور خان‌لری عصیان اتتی‌لر. موسا بُغرا قاراخان اوّلا ختن‌غه یورروش قیلیب ختن‌لیك لرنی اطاعت‌غه کیرگوزدی. اندین‌کین الپ تکین غازی‌نی ایلی‌ده‌کی اویغورلر اوستیغه یوللاب ایلی دریاسی نیكْ شمالیده‌کی میكْلاق الی (حاضرقی غولجه ولایتی)نی فتح قیلیب او یرده‌کی بودا بتخانه لری‌نی ویران قیلدی. اویغورلرنی میكْلاق ولایتیدین سورروب چیقاریب اویرغه مسلمان تورك لرنی یرلشتوردی. ایکنجی ویا اوچونجی ییلی موسا بوغرا قاراخان، الپ تکین غازی‌نی کنگیت (قاراشهر) یولی بیله‌ن اویغورلر نیكْ اۇستیغه یوللادی. الپ تکین‌غازی‌کنگیت نی فتح قیلیب قوجوغه یورروش قیلدی. مدهیش اورروش‌لردین کین اویغور اید یقوتی مغلوب بولوب قوجو ولایتی‌نی بوشاتیب تکْری تاغلری نیكْ شمالیده‌کی بش‌بلیق شهری‌غه باریب اویرنی پایتخت قیلدی. الپ تکین‌غازی قوجو ولایتی‌نی فتح قیلغاندین کین بش‌بلیق طرفی‌غه یورروش قیلدی. لیکن اید یقوت، بش‌بلیق‌نیكْ جنوبیده‌کی تکْری تاغلری نیكْ‌یول



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

لرنی استحکام قیلیپ قوت توپلاپ تورغان ایدی. الپ تکین غازی مذکور تاغلر ایچیده قاتتیغ اوروشلر قیلدی. بو اوروشلردین بش بلیق یاقینیده کی جنوبی تاغ (نه‌ن‌سه‌ن) نیڭ ایتیکیده بولغان چوڭ بیر اوروشده الپ‌تکین غازی شهید بولدی. عسکرلری هم پراکنده بولوپ‌یمان مغلوب بولدی. بو نیڭ نتیجه‌سیده اویغورلر قوجو و کنگیت ولایتلرینی یاندوروپ الدی. الپ تکین غازی نیڭ مزاری نه‌ن‌سه‌ن تاغی ایتیکیده بولوپ، حاضر عوام خلق بو یرنی آلپا غوجام دیدور.

**هارون بوغرا قاراخان**

موسا بوغرا قاراخان ۳۷۲ هـ ده وفات قیلدی. اورنیغه اوذاتنیڭ اینی‌سی هارون خان قاراخانلیغ تختیده اولتوردی و بوغرا عنوانی‌نی الدی. هارون بوغرا قاراخان بك سیاسی و مُدَبِّر بیر ذات ایدی، تخت‌ده اولتوروب آز مدت‌ده اویغور ایدیقوتی‌نی قطعی صورتده اطاعتی‌غه کیرگوزدی و باشقه هیچ بیر خان ویا قبیله بگ‌اطاعت تاشیده قالمادی. بو صورت‌بیله‌ن قاراخانلیق اولکه لری‌نیڭ ایچیده ده کامل بیر تینچلیق و آسایش قرار تاپتی. هارون بوغرا قاراخان اوز تابعی‌ده‌کی مسلمان و مسلمان بولمغان تورك لردین مرکب غایت قوّتلیك و منتظم عسکر تیارلادی. بو نیڭ بیله‌ن دولت فوق‌العاده کوچلانیپ فتوحات قیلماق و مملکت‌نی کنگٌروتمك نیڭ وقتی کلدی.

**غربی تورکستان نیڭ قاراخان لر دولتی غه قوشولیشی**

غربی تورکستان، افغانستان و ایران‌غه حکمدارلیق قیلماق ده بولغان سامانی تورك لر نیڭ دولتی ضعیفلاشیب انقراض دوری‌نی

ياشاماقده ايدى. تابعيده‌كى والى‌لر و قوماندانلر حقيقتده سامانى دولت مركزى‌نيڭ اطاعتى‌نى تاشلاب هر بيرى اوز ولايتى‌ده مستقل‌صورتده حكمدار بولوشوب مملكت پارچه‌لانماقده ايدى. مذكور والى‌لردين غزنى والى‌سى امير ساوق تكين (سُبُكتكِين) افغانستان‌نيڭ تولا راق‌حصه‌سى‌نى ايگه‌لاب اوز قوّتى‌نى اشورماقغه و هندستان‌غه غزات قيلماقغه باشليغان، مونيڭ‌اوستيغه سامانى دولت مركزى بولغان بخارانيڭ بعضى سياسى و ادارى ايش‌لرى‌غه مداخله قيلغالى تورغان ايدى.

هارون بوغرا قاراخان بو بيقيلماق دورى‌نى ياشاماقدا بولغان سامانى دولتى‌غه وارث بولماق خيالى‌غه توشوب ٣٨٣ ھ ويا ٣٨٤ ھ ده فرغانه‌غه يوروش قيلدى. فرغانه‌نى الغاندين كين سمرقندنى هم آلدى. و صوگره بخاراغه يوروش قيلدى. سامانى‌حكمدارى‌امير نوح مغلوب‌بولوب بخارا شهرى‌غه قاماليب قالدى. قاراخان بخارانى قاتيغ محاصره آستيغه آلدى. نهايت امير نوح مدافعه‌دين عاجزكليب مخفى صورتده بخارادين قاچتى. اوگوزدين اوتوب اِمل شهرى‌غه باريب او يرنى پايتخت قيليب او يرده حكمرانليق قيلدى. قاراخان بخارانى اوروش‌سيز اشغال اتتى. سمرقندنى غربى تورکستان‌نيڭ مركزى قيليب اويرده اولتوروب ماوراءالنهر نيڭ اولكه‌لرى‌نى ارقه‌ارقه‌دين حاكميتى آستيغه آلدى.[184]

بو صورت‌بيله‌ن قاراخان اوچ ييل سمرقندده توردى. هارون بوغرا قاراخان‌غه بير قاتيغ كسل عارض‌بولوب بو كسل‌نيڭ اولوم كسلى ايكه‌نليكى بيلينگه‌چ كاشغرغه ياندى و يولدا ٣٨٧ ھ نيڭ اَوّليده وفات اتتى.

قاراخان ياناد ورغان وقتيده قرينداش‌اوغلى (مُوسَىٰ بوغراخان‌نيڭ اوغلى) على‌تكين‌نى غربى تورکستان‌غه عمومى والى تعيين قيلدى و اكا ايليك خان عنوانى‌نى بردى. "ايليك خان" قديم تورکستان لهجه‌سيده‌كى ايلخان معناسيده بولوب شاه، مَلِك، قِرال ديمك دور. بوقاخان زمانه‌سيدين اعتباراً تكرى تاغلرى‌نيڭ شماليده‌كى اولكه



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

لرنی اداره قیلماق اوچون قاراخانلیق خانه‌دانی‌دین بیر تکین‌او اولکه لرغه عمومی والی بولماقده ایدی و ایلیک خان عنوانی‌الور ایدی. بو غربی تورکستان ایلیک خانی تعین بولوب قاراخانلیق اولکه لریده غرب ایلیک خانی و شمال ایلیک‌خانی دەب ایکی ایلیک خان پیدا بولدی.

سامانی حکمداری امیر نوح بخارادین قاچقان کوندین اعتباراً قوّت توپلاماق و امیر ساوق تکین و باشقه امیر و والی‌لریدین یاردم طلب قیلماقده ایدی. سیر دریانیڭ آیاغیده‌کی جُنْد اولکه سیده آولتوروقلوغ سلجوق عشیرتی‌نیڭ خانی سلجوق سوباشی‌دین هم یاردم الماقغه کوشش قیلور ایدی. لیکن بولرنیڭ بعضی‌سی اۉز ایچکی ایش‌لری‌غه مشغول و بعضی‌سی قاراخان نیڭ قوّتی‌دین قورقونچده بولغانلری اوچون امیر نوح‌غه یاردم بیرالماس ایدی‌لر. قاراخان نیڭ وفات، خبری شایع بولغاندین‌کین امیر نوح بخاراغه هجوم قیلماق اوچون تمام قوّتی‌نی توپلادی و سلجوق سوباشی، اوغلی ارسلان بگ نیڭ قیادتی آستیده مهم بیر یاردم قوّتی ایباردی. امیرنوح بوقوّت لرنی الیب اۉگوزدین اۉتوب بخاراغه هجوم قیلدی. بخاراده‌کی طرفدارلری‌نیڭ یاردمی‌بیله‌ن ایلیک خان علی‌تکین نیڭ عسکری‌نی مغلوب قیلیب بخارانی آلدی و ایلگریکی‌دەك بخارانی پایتخت قیلدی.

ایلیک خان بخاراغه هجوم قیلماق‌غه تیارلیق قیلغالی باشلادی. امیرنوح بونی اکَلاب امیر ساوق‌تکین‌دین یاردم طلب قیلدی. ساوق‌تکین تولا یاردم عسکری بیله‌ن بخاراغه یاقینلاشتی. لیکن امیر نوح، ساوق‌تکین نیڭ اوکَا خیانت قیلماقی‌دین قورقتی. درحال وزیری عبدالله بن محمدبن‌عزیزنی ایلیک خان‌نیڭ الدی‌غه ایباریب ایلیک‌خان بیله‌ن صلح قیلدی. بو احوال‌نی ساوق‌تکین‌غه بیلدوروب ایلیک خان بیله‌ن اوروش قیلماسلیق و غزنی‌غه یانماق‌غه‌توصیه قیلدی. بناءً علیه ساوق‌تکین ایلیک خان و امیرنوح نیڭ مصالحه‌سی‌غه راضی‌لیق کورساتمك و غَزنی‌غه یانماق‌غه مجبور بولدی. بو مصالحه نیڭ موجیبیچه بخارا و سمرقند اراسیده‌کی قطوان چولی اوترادا فاصله بولوب قطوان نیڭ غربی امیرنوح‌غه و شرقی ایلیک خان‌غه تابع بولدی.

هارون بوغرا قاراخان وفات اتكند ين كين وليعهد بولغان اوغلى يوسف تكين قاراخانليق تختيده اولتوردى و قدِرخان عنوانى نى آلدى. "قدِرْخَانْ"، قديم توركچه ده مُقتَدِر و نفوزلوغ پادشاه ديمكدور . بعضى مورخ لر خيال قيلغاندەك قدرت دين مُشْتَق بولغان عربچه كلمه ايمس دور. ديوان لغات الترك نى كورسونلر.[185]

يوسف قدرخان تخت ده اولتوروب آز كونده ٣٨٧ هـ نيڭ اخريده اميرنوح وفات قيليب اورنيغه اوغلى منصور پادشاه بولدى، و مذكور ييل ده امير ساوق تكين بلخ يا قينيده وفات قيليب انيڭ ايكى اوغلى اسماعيل و محمود (مشهور سلطان محمود غزنوى) دادالرى نيڭ تختى نى تالاشيب محاربه غه تورغان ايدى لر . اوّلده ايليك خان و امير منصور آراسيده ايلگريكى مصالحه موجيبيچه مناسبت يخشى ايدى. امير منصور حكمدارليق غه لياقتى يوق غافل بير شهزاده ايدى . بو سبب دين يورت كتته لرى انيڭ دين يوز اويرود يلر . بو كتته لردين وزير عبدالله بن محمود بن عزيز و عسكر قوماندانى فايق باشليغ لر قاراخان يوسف قدرخان نيڭ حضوريغه ابو منصور اسپيجابى نيڭ رياستى استيده بير الچى ايباريب قدرخان غه بيعت عرض اتتى لر و امير منصور دين بخارانى قوتقوزما قينى التماس قيلدى يلر .

قدرخان بو التماس نى قبول قيليب سمرقندده كى على تكين ايليك خان غه بخاراغه هجوم قيلماق يارليغى نى يوللادى . ايليك خان بو هجوم غه تيارلانماقده ايكن يوقاريغى وزير عبدالله والچى لر منصورو فايق بخارادين قاچيب سمرقند غه كليب ايليك خان نيڭ پناهى غه سغندى لر . ايليك خان بخاراغه يورش قيلاد ورغان وقتده وزير عبدالله و سفير ابومنصوردين بير خيانت حركتى صادر بولغان اوچون بولرنى حبس قيلدى و فايق نى اوْچ يوز عسكرغه باش قيليب قراول (كشف قولى) صورتى بيلەن ايلگرى ماڭدوردى . آرقەده ايليك خان يوردى . اميرمنصور بو خبرنى اڭلاغان زمان بخارادين قاچيب اگوزدين اوتوب كتتى .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

فایق بخاراغه کیریب ایلیک خان‌دین یوز اویروب بخارا خلقی بیله‌ن بیرلا شیب ایلیک خان‌نیڭ ضدی‌غه مدافعه وضعیتی‌نی الدی و بیر طرفدین امیر منصور غه الچی ایباریب انیڭ بیله‌ن پوتوشتی و بو پوتوشمک نیڭ مضمونی پادشاه‌لیق اتی امیرمنصورده بولوب نفوز و حاکمیت فایق‌ده بولماق ایدی. بو نیڭ بیله‌ن امیر منصور یانیب بخارا غه کلدی و ایلیک خان بو وضعیت‌نی بیلیب سمرقندغه یانیب کلدی.

امیر منصور و فایق،ساوق‌تکین‌نیڭ اوغول‌لری نیڭ مجادله سیدین استفاده قیلیب خراسان‌نی ساوق‌تکین‌اولاد یدین‌تارتیب الماق اوچون بگتوزون اتلیغ‌بیر قوماندان‌نی خُراسان‌غه عمومی والی قیلیب یوللادی‌لر. لیکن بگتوزون بیر ایش‌غه موفق بولوشدین ایلگری ساوق‌تکین نیڭ چوڭ اوغلی محمود غالب بولوب داداسی نیڭ تختی‌نی الیب اوزی‌غه سلطان عنوانی‌نی اختیار قیلیب قوّت توپلادی. سلطان‌محمود، بگتوزون بیله‌ن اوروش باشلادی. بو حال‌ده امیر منصور و فایق هم تولا عسکر بیله‌ن خراسان‌غه باریب سلطان‌محمودنی مغلوب قیلیب خراسان‌نی الدی‌لر. اما کین‌چه فایق و بگتوزون امیر منصوردین بدگمان‌بولوب انی حکمدارلیق‌دین توشوروب حبس قیلیب اینی‌سی عبدالملک بن نوح نی امیر قیلدی‌لر، و بلخ‌نی مرکز قیلدی‌لر.

موندین‌کین سلطان‌محمود امیر‌عبدالملک و فایق‌لر بیله‌ن اوروشوب اولرنی مغلوب اتتی. عبدالملک، فایق و بگتوزون‌عسکرلری بیله‌ن بخاراغه قاچتی‌لر. سلطان‌محمود خراسان‌نی کاملاً اشغال اتتی. آز مدت‌کین فایق اولدی و عبدالملک،نارسیده بولغانی‌اوچون بخارادا قاتیغ بیر اضطراب و تنچ سیزلیق پیدا بولغالی توردی. علی‌تکین ایلیک‌خان بخارانی آلماق اوچون دایما مونداغ فرصت غه منتظر ایدی. منه بو فرصت‌کلگه‌ن زمان درحال کافی درجه‌ده عسکر بیله‌ن بخاراغه یوروش قیلدی.

ايليك خان بخاراغه ياقين كلگه‌نده بگتوزون بير مقدار عسكر بيله‌ن مدافعه اوچون چيقتي. ليكن مغلوب بولوب بگتوزون و سامانی لر نيڭ تولاسي ايليك خان قولي غه اسير توشتي . اونونچي ذيلحجه ۳۸۹ هـ قربان عيدكوني ايليك خان هيچ مقاومت سيز بخاراغه كيردي و پادشاهليق اورداغه توشوب شهرني تنچ قيلدي . امير عبدالملكيا شوررون ايدي. اني تاپماق اوچون ايليك خان جاسوسلر تاراتيب اخيري توتوب اوزكند شهريده نظربند قيلدي . بو نيڭ بيله‌ن ۱۲۸ ييليق سامانی دولتي ييقيلدي . بو دولت اسلام ديني غه وعلم غه بك تولا خذمت قيلغان بير تورك دولتي ايدي .

ايليك خان موندين كين ماوراءالنهر نيڭ تاميني ايگه‌ليدی . ايليك خان بيله‌ن سلطان محمود اراسيده دوستانه مناسبت بار ايدي . بو ايكي حكمدار نيڭ مملكتلري آراسيده اوگوز (آمودريا ) فاصله ايدي ( ۱٤ نجي خريطه ) ۳۹۰هـ ( ۹۹۸م ) ده قاراخان يوسف قدرخان سلطان محمود غه بير الچي ايباريب انيڭ ييكى تاءسيس قيلغان دولتي نی تبريك اتتي و اوترادا بير دوستلوق معاهده سي عقد اتمك آرزوسي نی بيلدوردی . سلطان محمود بو آرزوني غايت خوشلوق بيله‌ن قبول اتتي . سلطان محمود بو دوستلوق نی قوّتلاندورمك اوچون او زمان نيڭ اڭ مشهور عالمی و مُحَدّثي بولغان امام ابوالطيب سهل بن سليمان الصعلوكي و سرخس والي سی طُغان چق نيڭ باشقارميسي ده بير الچی ليك هيئتي نی قدرخان نيڭ حضوری غه يوللادی . قاراخانليق خاندانی دين بير خاتون نی اوّز نكاحي غه بيريلمكي نی التماس قيلدی . قدرخان بو التماس نی قبول قيليب ايليك خان نيڭ قيزی چِگِلْ قاتون نی سلطان محمود غه برمكفه يارليغ قيلدی . ايليك خان اوزكندده توی مراسمي نی اجرا قيليب چگل قاتون نی غزني غه يوللادی . بو دوستلوق صميمي صورتده التي ييل دوام قيلدی . ( چيگيل قاتون ، علی تكين اليك خان نيڭ اينيسي شمال ايليك خانی طغان خان نيڭ قيزی دور)



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## علی تکین ایلیک خان بیله‌ن سامانی خاندانی دین منتصرنیڭ محاربه لری

امیر نوح نیڭ ابو ابراهم اسماعیل اتلیغ و مُنتَصِر لقب لیك بیر اوغلی ایلیك خان نیڭ حبسخانه سیدین قاچیب خوارزم غه باریب اویرده بیر مونچه طرفدار توپلاب اتا بابا لری نیڭ دولتی غه قایتا دین ایگه بولماق اوچون کوشش قیلغالی توردی. ۳۹۱ هـ ده منتصر اوشتومتوت بخاراغه هجوم قیلدی. لیکن ایلیك خان سمرقند دین عسکر ایباریب انی مغلوب اتیب قاچوردی. منتصر بخارا دین مغلوب بولوب خراسان غه اۆتوب اویرده سلطان محمود نیڭ اینی سی نَصِر بیله‌ن بیرنچه قاتا اوروشوب مغلوب بولوب اویردین هم قاچتی.

۳۹۳ هـ ده منتصر سلجوق عشیرتی دین یاردم الیب سمرقند حوالی سی غه هجوم قیلدی لیکن مغلوب بولوب قاچتی. موندین کین منتصر حرکتی نی تگیشتوروب مخفی کوشش بیله‌ن بخارا خلقی دین تولا طرفدار پیدا قیلدی و هر یرده‌کی سامانی دولت خاندانی غه منسوب ادم لرنی یانی غه توپلادی. ۳۹٤ هـ ده ینه سلجوق لردین یاردم الیب بخاراغه یوروش قیلدی. بیر کیچه باسقونی بیله‌ن بخاراده‌کی عسکرلرنی مغلوب قیلیب بخارانی الدی. ایلیك خان بو واقعه‌نی اڭلاب سمرقند دین یوروش قیلدی. سلجوق لر ایلیك خان دین قورقوب منتصر دین ایریلیب جند غه یانیب کتتی لر و منتصر نیڭ قوماندان لری دین ابوالحسین الطّاق بش میڭ عسکری بیله‌ن ایلیك خان غه تسلیم بولدی. بو نیڭ بیله‌ن منتصرنیڭ قوّتی آز قالیب بخارا دین اۆز عسکرلری بیله‌ن قاچتی. ایلیك خان منتصرنی قوغلاب اۆگوز بوییدا آرقاسیدین یتیب سامانی خاندانی غه منسوب کشی لر نیڭ تولا سی نی اسیر قیلدی. منتصر آزغینه آدم لری بیله‌ن قورتولوب اۆگوزدین اۆتوب کتتی.

بو صورت بیله‌ن منتصر بعضی ایلیك خان نیڭ مملکتی غه بعضی سلطان محمود نیڭ مملکتی غه هجوم قیلیب بو هر ایکی مملکت نی تینچیتماس ایدی. سلطان محمود منتصرنیڭ فتنه سی نی کاملاً یوق

قیلماق اوچون خراساننیڭ هر طرفیغه قوّتلیك عسكر قویوب منتصرنی هیچ بیر یرده ارام الغالی قویمادی. اخیری منتصر ازغینه ادملری بیلەن مخفی صورتده اوگوزدین اوتتی و بو نیكدین ایلیك خاننیڭ حدود محافظلرینیڭ قوماندانلری صافی و سلیمان خبر تاپیب منتصرنی توتماق اوچون انیڭ باریریغه كلدیلر. و بیر نچه سامانی شهزادەلر و بیر نچه ادملرنی توتوب الدیلر اما منتصر یالغوز قاچیب قورتولدی واواره بیر حالده قاراقوم چولیدەكی كوچمنچی عرب لر نیڭ كتته سی ابنبهیج نیڭ پناهیغه سغیندی. ٣٩٥ هـ ربیع الاول (١٠٠٤م)ده ابن بهیج منتصرنی اۆلتوردی.

## علی تكین ایلیك خان وسلطان محمود اراسیده محاربه

٣٩٦ هـ (١٠٠٥م)ده علی تكین ایلیك خانطرفیدین اوگوز بوییدەكی حدود محافظلری و سلطانمحمود طرفیدین اوگوز نیڭ او قاتیدەكی محافظلر اراسیده بیر سوقوش چیقتی. بو وقتده سلطان محمود هندوستانده غزات قیلماقده ایدی و ارسلانجاذب اتلیغ بیر قوماندان غزنیده سلطانمحمود نیڭ وكیلی بولوب یورتنی ادارەقیلور ایدی. بو حدود محافظلرینیڭ اراسیدەكی سوقوش خصوصیده ایلیك خان و ارسلانجاذب اراسیده مبادله بولغان مكتوبلردەكی شد تلیك عبارتلر سببیدین اوترادە بیر سوغاقلیق پیدا بولدی. بو سوغاقلیق اخیری محاربەغه انجام تاپتی. ایلیك خان سلطانمحمود نیڭ یورتیغه ایكی یول بیلەن ایكی فرقه عسكر یوللادی. بیر فرقەنی اوز اینوسی چغریتكیننیڭ قیادتی استیده بلخغه یوللادی و ینه بیر فرقەنی قاراخانلیق خاندانیدین سوباشی تكیننیڭ قیادتی استیده خراسانغه یوللادی. چغریتكین اوگوزدین اۆتوب تمام بلخ و اطرافینی هندوكشْ تاغلریغچه اشغال اتتی. و سوباشی تكین مرو و هِرات و تولاراق خراسان شهرلرینی الدی.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولیازمىلار ئامبىرى

ارسلان جاذب و سلطان محمود نیڭ وزیری ابوالعباس فضل بن احمدلر تمام قوّتی نی غزنی غه توپلاب بلخ و هرات یوللری غه عسکر قویوب سلطان محمود غه خبر یوللادیلر. سلطان محمود بو حادثه نی ایشیتکه ن زمان هندستان غراتی نی چالا قویوب غایت ایتیك لیك بیله ن غزنی غه یاندی و اوز قوّتی نیڭ اوستیغه افغان قبیله لردین تولا عسکر الیب کابل غه کلدی. او یردین یوروب هندوکوش سلسله سیدین اوتوب بلخ غه هجوم قیلدی. چغری تکین بو مدهیش قوت غه مقابله قیلالمای بلخ نی بوشاتیب اوگوزدین اوتوب ترمز غه کلیب توختادی. سلطان محمود، ارسلان جاذب نی اون میڭ کشی لیك بیر قوّت بیله ن سوباشی تکین بیله ن اوروشماق اوچون خراسان غه یوللادی. تولا اوروشلردین کین سوباشی تکین مغلوب بولوب یاندی. سلطان محمود نیڭ ابو عبدالله محمد بن ابراهیم الطائی اتلیغ بیر عرب قوماندانی سوباشی تکین بیله ن اوروشوب سوباشی تکین نیڭ اینی سی نی یتته یوز عسکری بیله ن اسیر قیلدی. سوباشی تکین ساق قالغان عسکرلری بیله ن بخارا غه کلدی. بو ارادا ایلیك خان، چغری تکین غه اون ایکی میڭ کشی لیك بیر یاردم قوّتی ایباریب ینه بلخ غه هجوم قیلماقغه امر بردی. چغری تکین درحال اوگوزدین اوتوب سلطان محمود نی مغلوب قیلیب بلخ نی آلدی. لیکن بو حالده سوباشی تکین نی مغلوب قیلیب یانیب کلگه ن ارسلان جاذب تولا قوّت بیله ن سلطان محمود نیڭ یاردمی غه یتیشیب کلدی بو نیڭ بیله ن سلطان محمود قوّتلانیب قیسقا بیر تعرض بیله ن چغری تکین نی مغلوب اتیب بلخ نی یاندوروب آلدی. چغری تکین عسکری نی انتظام بیله ن اوگوزدین اوتکوزوب ترمزده توختادی. بوصورت بیله ن ۳۹۷ هـ(۱۰۰٦م) ده محاربه توگادی.

یوقاریده کی صحیفه لرده یزیلمای قالغان میلادی تاریخلر:

| صحیفه | هجری | میلادی |
|---|---|---|
| ۱۸٤ | ۳۳۷ | (۹۸۲م) |
| ۱۷۸ | ۳۸۷ | (۹۹۷م) |
| ۱۹۰ | ۳۹۳ | (۱۰۰۳م) |

## قاراخان يوسف قدرخان نيڭ سلطان محمود بيله ن محاربه سى

يوقاريقى محاربه دين كين سلطان محمود حدودغه قوت توپلاغيلى توردى و قدرخان بو سببدين سلطان محمود بيله سوقوش قلماق غه قرار بردى. ٣٩٨ هـ نيڭ اوّليده (١٠٠٧م) قدرخان تولا قوّت بيله ن كاشغردين يوروش قيلدى. شمال ايليك خانى طغان ايليك خان نى هم اوُز عسكرى بيله ن سمرقندغه بارماقغه يارليغ قيلدى. قدر خان و طغان ايليك خان سمرقندده اوچراشيب على تكين ايليك خان نى عسكرلرى بيله ن اليب جمعاً اللگ ميڭ دين اشوقراق قوّت بيله ن اوگوزدين اوتوب بلخ نى اشغال قيلدى.

بو حالده سلطان محمود غايت تولا قوّت بيله ن و بش يوز فيل بيله ن يتيب كليب بلخ نيڭ سكز ميل نه ريسيده كى كتر آتليغ ساى ده توختادى. قدرخان هم تمام قوّتى نى اليب بلخ دين يوروب كترغه باريب سلطان محمود نيڭ اودوليده حرب تعبيه سى نى قوردى. قدرخان قلب (قول) ده و على تكين ايليك خان ميمنه (اوڭ) ده و چغرى تكين ميسره (سول) ده قرار تاپتى. سلطان محمود اينى سى نصر و جورجان والى سى ابونصر فريغونى نى قول ده و التونتاش نى اوڭ ده و ارسلان جاذب نى سول ده تورغوزدى و صف نيڭ الدیده بش يوز فيل نى تيزيب استحكام قيلدى. منه اوشبو تعبيه بيله ن تيزيلغان ايكى مدهيش قوّت ارا سيده يگرمه ايكى ربيع الثانى ٣٩٨ هـ (١٠٠٨م) ده اوروش باشلاندى. اوّلده سلطان محمود نيڭ فيللرى تورك عسكرلرىغه خيلى زيان يتكوزدى. ليكن على تكين ايليك خان بش يوز كشى ليك بير قوّت بيله ن فيللرغه هجوم قيليب فيللرنى قاچوروب سلطان محمود نيڭ قول قسمى غه قتيغ بير يوروش قيلدى. سلطان محمود نيڭ عسكرلرى قاتيغ بير هزيمت غه اوچرادى ليكن صف لر ارقه سيده كى احتياطى قوّت نى اوّز قيادتى آستيده ساقلاب تورغان سلطان محمود عسكرلرىنى تشويق قيليب قاتيغ بير مقابل تعرض بيله ن على تكين ايليك خان نى ارقه غه ياناماقغه مجبور قيلدى. كچ وقتده سلطان محمود تمام قوّتى نى توپلاب و فيللرىنى الديغه ساليب قدر



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

خان نيكٔ عسكرى نيكٔ قول قسمى غه هجوم قيلدى . فيللر بير نچه عَلَمْ دارنى ييقيتتى و ارقەدەكى احتيات قوّتى غه قوماندان بولوب تورغان طغان ايليك خان، تورك بايراقلريدين بير نچه سى نيكٔ ييقيلغانينى كوروب احتياط قوّتى بيلەن ارقه غه يانيب قاچتى . بو حالنى كۆرگەن توركعسكر لرىدە انتظام سيزليق پيدا بولغاچ قدرخان و على تكين ايليك خانعسكر لرىنى بلخ غه يانماقغه امر اتيب اۆزلرى هم اخشام بولوب حرب توختاغاندين كين بلخ غه ياندىلر و عسكرلرنى توپلاب انتظام بيلەن اۆگوزدين اۆتتىلر . بو هزيمت نيكٔ يگانه سببى طغان ايليك خان نيكٔ سبب سيز قاچقانى ايكەنليكى غه مورخ لر اتفاق قيلماقدە دورلر . بعضى مورخ لر طغان ايليك خان بيلەن سلطان محمود آراسيدە مخفى بير مراسله بولوب طغان ايليك خان اۆز باشقه سلطان محمود بيلەن مصالحه قيليب حرب ميدانى نى ترك اتكانى نى روايت قيلادور . سلطان محمود شونچه ليك ظفر غه خرسند بولوب قدرخان نى قوغلاماقدە اۆزى نيكٔ يمان بير مغلوبلوقغه اوچراماقى نى بيلگەنى اوچون قدرخان اۆگوزدين اۆتوب كتكو نچه كترسايى دين تبراماى توردى .

**قاراخان يوسف قدرخان وسلطان محمود اراسيده مصالحه**

يوقاريقى محاربەدين كين سلطان محمود قدرخان نيكٔ ينه هجوم قيلماقى نيكٔ عاقبتى دين قاتيغ قورقوب قدرخان غه، على تكين ايليك خان غه و طُغان ايليك خان غه باشقه باشقه و ارقه ارقەدين الچى ايباريب مصالحه طلب قيلماقدە ايدى . قدرخان اوّلدە سلطان محمود نيكٔ مصالحه طلبى نى رد قيلدى . ليكن شونداغ بولسەمو اوروشدين صلح نى يخشى كورور ايدى . على تكين ايليك خان اوروش طرفدارى ايدى . طغان ايليك سلطان محمود نيكٔ مصالحه طلبى نى قبول قيلدى و اۆز باشقه مصالحه عقد اتتى . ٤٠٠ هـ (١٠٠٩ م)دە سلطان محمود آلديغه الچى يوللاب توپ توغرا انيكٔ بيلەن مَراودە قيلغالى باشلادى . قدرخان

طغان خان نینگ ایلگریکی محاربه‌ده‌کی سبب سیز هزیمتی توغراسی دین انیکْفه غایت قاتیغ کاییماقده ایدی. بو اوٚز باشقه مصالحه قیلیب مستقل بیر حکمدار ده‌ك ایش قیلغانی دین تولا غضبلانیب اوگا ادب بیریش اوچون اکاسی علی تکین ایلیك خانغه یارلیغ بردی. علی تکین ایلیك خان ۱۰٤ هـ قیش کونیده سمرقند دین بالاساغونغه یوروش قیلدی. لیکن سوغاق غایت قاتیغ بولوب یوللر قاردین توسولغان سبب دین علی تکین ایلیك خان اوٚزکند دین اوٚتالمای اویرده توروب قالدی.

بو یوروش خبری‌نی سلطان محمود اڭلاب درحال قدرخان نینگ الدیغه الچیلر یوللادی. مساعد و قدرخان نینگ رأیی‌غه موافق شرطلردین عبارت بیر مصالحه نامه ایباردی و طغان ایلیك خان نینگ خطاسی نینگ عفو قیلینماقی‌نی طلب قیلدی. قدرخان مصالحه نامه‌نی اوٚز رائی و شرفی‌غه موافق کوروب قبول اتتی و طغان ایلیك خان‌نی عفو قیلیب علی تکین ایلیك خان‌نی سمرقندغه یانماقغه یارلیغ قیلدی. او هم اوزکند دین سمرقندغه یانیب کتتی. موندین کین قدرخان و سلطان محمود و بولر نینگ اولادی آراسیده دوستانه مناسبت دوام قیلدی. تفصیلی توبنده بیان قیلینادور.

**طغان علی خان وختای محاربه سی**

قارا خیتای اتلیغ تورك لردین بیرر یوز مینگ اتلیغ بیرقوت آلتای تاغلریدین اوٚتوب شرقی تورکستانغه هجوم قیلدی و ٤۰۸ هجری (۱۰۱۸م) ده ایکی اوٚگوز (حاضرقی التای ولایتی) و ایمیل‌نی الیب ایلی اولکه‌سی‌غه ایلگریلاب ایلی دریا بویی‌غه‌چه کلدیلر. طغان ایلیك خان بو کونلرده قاتیغ کسل ایدی. خیتای تعرضیغه قارشی مدافعه‌غه بارغان عسکرلری نینگ مغلوب بولغانی‌نی اڭلاب خدادین اوٚزی‌غه شفا تیلاب یغلار ایدی. بیر کیچه‌ده طغان ایلیك خانغه شفا حاصل بولوب آز وقتده قوتغه کلدی. قاراخان دین و باشقه طرفلردین بالاساغون



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

غه كلگەن ياردم قوتلرىنى واوز قوتىنى اليب خيتاى لر اوستىغه يوردى. طغان ايليك خان نيك بو يوروشىنى خيتاى لر اڭلاب ارقه غه يانيب قاچتىلر. طغان ايليك خان اولرنى قوغلاب ايميلغه باريب خيتاىلرنى بك تولا اۆلتوردى واون ميڭ دين زياده راق خيتاى نى اسير الدى و اشقانىنى قوغلا قوغلا التاى تاغلريدين اۆتكوزوب چيقاريب ياندى. چاروا و باشقه غنيمت توشكەن نرسه لرنيڭ حسابى يوق ايدى. طغان ايليك خان بو ظفردين كين آز مدت ده وفات قيلدى. اورنيغه اينيسى ارسلان خان شمالى توركستان غه ايليك خان بولدى. بو ذات نى عرب تاريخ لريده ارسلان الاصم ديب يازادور. بير روايت ده يوقاريقى خيتاى محاربەسى ، اوشبو ارسلان ايليك خان زمانه سيده بولدى دەب يازيليب دور. ليكن يوقاريقى روايت تولا راق مؤرخ لر نيڭ سوزلرى بولغان اوچون صحيح راق دور. بو مغلوب لوق دين كين خيتاى دولتى قارا خانغه باج برمك صورتى بيلەن تابعليق مرتبه سيغه كليب قالدى. بو حال اوزون غچه دوام اتتى.

### ايليك خان اتالغوسى خصوصيده بير تحقيق

تولا راق اسلام تاريخ كتاب لريده قاراخان لر دولتى نى ايليك خان دولتى ديبيلادور و اۆز زمانەسى نيڭ اڭ مهم و قوّتليك بير اسلام دولتى ديب يازيلا دور. ايليك خان لر نيڭ واقعاتى نى مفصل ويا مجمل صورتده ذكر قيلادور ليكن ايليك خان عنوانى نيڭ نيمه ايكەنليكى نى و بو عنوان بيلەن تونولغان ذات لرنيڭ كيم ايكەنليكى نى و اولرنيڭ متعدد مركز لرده حكومت قيلغانليقى نى و مختلف زمانلرده اۆتكەن تولا ذات لر ايكەنليكى نى ويا بيركشى دين عبارت بولوب بير دولت خاندانى نيڭ مؤسسى ايكە نليكى نى اسلام مورخ لرنيڭ تولا سى بيلالميگەنليكدين بك كوب خطالرغه توشميش لردور. بيز بو يرده بو مورخ لرنيڭ سوزلرى نى يازيب خطا لرى نى كورستكەندين كين اوز تحقيقاتيميز نتيجه سيده قولغه كلتورولگەن حقيقت نى يازاميز.

"ايليكخان ٤٠٧ هـ (١٠١٢م) ده ماوراءالنهر نيڭ بعضى منطقه لريده حكمدارليق قيلور ايدى" (بيهقى صحيفه ٧٤٤). ايليك خان ٤٠٣ هـ (١٠١٢م) ده وفات اتتى"(عتبى صحيفه ٢٩١). "ايليك خان ٤٠٧ هـ غچه حيات ده ايدى" (خوارزم تاريخى،موسيوساچو نيڭ تاءليفى، جلد ٢ صحيفه ١٢). "ايليكخان كلمەسى توركستان خاقانى طرفيدين سمرقند و بخاراغه والى بولغان كشى نيڭ لقبى ايدى. بعضى لر گمان قيلغاندەك ايليكخان خاقان ايمس ايدى". (روضته الصفا صحيفه ٧٧٧). روضته الصفا نيڭ ينه بير صحيفه سيده" تاريخ لرده مشهور بولغان ايليكخان نيڭ اتى على تكين ايدى" دەب يازيليب دور. "على تكين بخارا حاكمى ايليكخانلردين ايدى. طغانخان نيڭ اينەسى و بوغراخان نيك قريندا شراوغلى و سلطان محمود و قدرخان نيڭ همعصرى بولوب ٤٢٥ هـ ده اولگەن. (بريتانيا اسلام اتسيكلوپيدياسى صحيفه ٢٩٧). "على تكين قدرخان نيڭ داداسى نيڭ قريندا شراوغلى ايدى" (مجمع الانساب صحيفه ٤٧٢). "٤٦٢ هـ ده سلطان مسعود نيڭ حضورىغه ايليكخان نيڭ الچى سى كلدى و من (بيهقى)او مجلس ده حاضر ايديم. سلطان مسعود الچى دين برادريم ايليكخان نيڭ احوالىقايداغ دەب سوردى. بو ايليكخان مقصود على تكين نيڭ اوغلى ايدى" (بيهقى صحيفه ٤٣١). "على تكين بخاراءى نيڭ اينى سى طغانخان، قدرخان بيلەن ايليكخان نيڭ تختى نى تالاشيب ٤١٤ هـ ده محاربه قيلدى و طغانخان غالب بولوب ايليكخان نيڭ پايتختى بولغان بالاساغون شهرينى اليب كتتى (بيهقى صحيفه ٦٥٥). "ايليكخان ٤٠٣ هجريده اۆلدى و اينيسى احمد طغانخان انيڭ اورنيده اولتوردى. احمد طغان خان ٤٠٨ هـ ده اۆلوب اورنيغه اينى سى ابومنصور ارسلانخان اولتوردى، بير قيزى نى سلطان محمود نيڭ اوغلى مسعودغه بردى، و ٤١٤هـ ده اۆلدى. انيڭ تختى نى تالاشيب توغقانلردين كاشغر حكمدارى قدرخان و على تكين بخارائى نيڭ اينى سى طغانخان اوروشوب طغان خان غالب كليب مرحوم ارسلانخان نيڭ پايتختى بالاساغون نى ايگەليدى" (ابن الاثير جلد ٢ صحيفه ٢١٠). عتبى هم اوز تاريخى نيڭ ٢٩٣ و ٢٩٤ نجى صحيفه لريده ابن الاثير نيڭ روايتى نيڭ عينى نى



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ذکر قیلادور "اسلام حکمدارلری شجره‌سی" اثریده ستانلی‌لن‌پول ، ایلیک خانلر دولتی دیگه‌ن عنوان آستیده قاراخانلر، غرب ایلیک‌خانلری و شمال ایلیک‌خانلری‌نی فرق اتماسدین آرالاش صورتده اولرنیڭ آت لری و جلوس و وفات تاریخلری‌نی یازادور و بیر زمانده بیرنچه ایلیک خانلر بارلیقی‌نی کورساتادور.[185]

سنه معتبر قدیم و عصری‌اسلام تاریخ کتابلریده‌کی اشتباه‌لرنیڭ نمونه‌سی بودور . و ینه بیر مونچه اسلام تاریخ کتابلریده ایلیک‌خان کلمه‌سی‌نی بیر تورك پادشاهی‌نیڭ آتی دەب گمان قیلادور . خواهی قاراخان و خواهی ایلیک‌خانلرنی هیچ بیلمایدور و بولرغه متعلق واقعه‌لرنی غایت پراکنده و استین اوستون بیان‌قیلادور. بناً علیه بو کتابلرده یازغان سوزلرنی بیز اعتبارغه الما‌دوق و یازما دوق .

یوقاریقی مورخ‌لرنیڭ بو اشتباه‌لری اولرنیڭ قاراخانلر دولتی‌نیڭ قورولوشی، ماهیتی و دولت تشکیلاتی خصوصیده معلومات لری یوقلوقیدین توغولغان خطالردور . چونکه اولرنیڭ تولا راقی تورکستانلرنیڭ اصلی حکمدارلری کاشغرده‌کی قاراخانلر ایکه‌نلیکی‌نی و اولرنیڭ حکومت طرزیده‌کی مخصوص روش‌لری‌نی و ایلیک‌خان عنوانلیغ کشی‌لرنیڭ مذکور قاراخان طرفیدین شمالده و غربده ایکی مُسَلْسَل عمومی والی‌لردین عبارت ایکه‌نلیکی‌نی بیلمایدورلر . قاراخانلر دولتی نیڭ تشکیلاتی موجبیچه ایلیک‌خانلر فوق‌العاده اختیارات و صلاحیت لرغه ایگه والی‌لر بولغانی‌نی بیلمیگه‌نلری اوچون اولرنی مستقل حکمدارلر دەب گمان اتمیش‌لردور . بیز تولا تکشوروش و اوزون تدقیق‌لردین کین بو خطالرنی یوق اتمك و حقیقت‌نی کشف قیلماق غه بیراز موفق بولدوق و انی قسقه صورتده محترم اوقوغوچی‌لرغه عرض ایتامیز :

قاراخان دولتی قوّتلانیب حدودی که‌ڭروگه‌ندین کین مرکز ینی ایکی قیلغان ایدی، بیر مرکز اصلی پایتخت بولغان کاشغرشهری ایدی و قاراخانلر تولا راق وقتلرده اویرده اولتوروب التی‌شهر خان لیق لری‌نی بالذات اۆزی اداره قیلور ایدی . ایکنجی مرکز بالاساعون

شهری ایدی. اویرده قاراخانلیق خاندانیدین بیر تکین (شهزاده) قاراخاندین نایب بولوب عمومی والیلیق صفتی بیلەن توروب تگرى تاغلرینیڭ شمالیدەکی تورك خانلیقلرینی اداره قیلور ایدی. بو عمومی والی ایلیكخان عنوانی بیلەن تونولور ایدی.

هارون بوغرا قاراخان غربی تورکستاننی آلغاندە اوا ۆلکەلرنیڭ ادارەسی اوچون قریندا شی اوغلی علی تکیننی عمومی والی تعیین قیلدی و اڭاهم ایلیكخان عنوانینی بردی. بونیڭ بیلەن ایلیكخان ایکی بولدی، بیری شمال ایلیكخانی ایدی. بونیڭ مرکزی بالاساغون بولوب تگرى تاغلرینیڭ شمالی و اینجه (سیردریا) نیڭ شرقیدەکی ۆلکەلرنی قاراخاننیڭ آتیدا اداره قیلور ایدی. ینه بیری غرب ایلیك خانی ایدی. بونیڭ مرکزی سمرقند بولوب، اینجه و اوگوز آراسیدەکی عربلر ماوراءالنهر آتاغان ۆلکەلرنی، قاراخاننیڭ آتیدە اداره قیلور ایدی. یوقاریقی مؤرخلردین عتبی، ابن الاثیر، ساچونیڭ روایتلری وبیهقینیڭ بیرنجی و اوچونجی روایتلری شمال ایلیكخانلریغە عایددور. روضته الصفانیڭ، اسلام انسیکلوپیدیاسی نیڭ و مجمع الانساب نیڭ روایتلری و بیهقی نیڭ ایکنجی روایتی غرب ایلیك خانلریغە عاید دور.

غرب ایلیكخانلرینیڭ بیرنجیسی علی تکین ایلیكخاندور. سامانی دولتینی ییقغان و سلطان محمود بیلەن مناسبت قیلغان و کین سلطان محمود بیلەن اوروشقان ایلیكخان اوشبو علی تکیندور. و ینه توبندە کیلادورغان وجه بیلەن قدرخانغە عاصی بولغان و قدرخان و سلطان محمود نیڭ مشترك هجومیدین قاچقان و سلجوق اوغوللری بیلەن بعضاً دوست و بعضاً دشمن بولغان و ایکنجی قتیم غربی تورکستانغە استیلا اتکەن و ینه قدرخان و سلطان محمود نیڭ عسکرلری نیڭ مشترك هجومیدین قورقوب قدرخاننیڭ اطاعتیغە کیرگەن علی تکین اوشبو ایلیك خاندور.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

اسلام مؤرخ لریدین بعضی سی مذکور علی تکین نی ایلیک خان نسی باشقه بیرکشی دەب گمان قیلمیش لر . وبعضی تاریخ کتاب لریده علی تکین نی بخارالیغ بیرکشی و ایلگریکی سامانی دولتی نیڭ ادم لریدین ایدی دەب فاحش بیر خطاغه توشولگەنلیکی کورونادور .

بوگمان و خطالرنیڭ منشاعی بیردور و او منشاٴ بودور: علی تکین ایلیکخان، قدرخانغه عاصی بولغان مدت ایچیده انی دولت ادم لری و محرر لر ایلیکخان دیمای فقط علی تکین در ایدی لــــر . سلطان محمود هم انیڭ قدرخانغه عصیانی و هم اوزی نیڭ حقیدەکــــی دوشمنچه حرکت لری سببی دین انی ایلیکخان دیمای علی تکین دیر ایدی . او مدت ایچیده علی تکین نیڭ حقیده بیر عاصی نیڭ حقیده تارا تیلادورغان یمان شایعه لر (پروپاگنده لر) تارا تیلور ایدی . منه بو حقیقت نــــی بیلالمگەن مؤرخ لر بو علی تکین نی ایلیکخان دین باشقه بیرکشی دەب گمان قیلمیش لر و بو گمان اغیزدین اغیزغه یوتکەلیب یوقاریقی خطاغه توشولمیشدور .

## طغان خان و علی تکین عصیانی

٤١٤ هـ (١٠٢٣م) ده شمال ایلیکخانی ابو منصور ارسلان خان وفات قیلیب اورنیغه قاراخانلیق خاندانی دین طغان خان اتلیغ بیر تکین ایلیکخان بولدی . لیکن بو کشی ایلیکخان بولغان کون دین باشلاب قدرخان نیڭ یارلیغ لریغه قارامای اطاعت سیزلیک کورساتما کغه باشلادی . قدرخان بوڭا ادب برمك اوچون کاشغردین بالاساغون غه یوروش قیلدی . طغان خان اشکارا محاربه غه اقدام قیلیب نتیجەده قدرخان مغلوب بولوب بالاساغون نی تاشلاب کاشغرغه یانیب کلدی .

غرب ایلیکخانی علی تکین، قدرخاننیڭ مغلوب بولغانی نی کوروب قدرخاننی ییقیتماق و قاراخانلیق موقعی نی اۉزی آلماق خیالی غه توشوب جَنْد ولایتی ده‌کی سلجوق عشیرتی نیڭ باشلیغی آرسلان یابغو بیله‌ن بیرلاشیب قدرخاننیڭ اطاعتی دین باش تارتتی. قدرخان اڭاجزا برمك اوچون عسکر یوللادی و بو عسکر مغلوب بولوب یاندی. بو حادثه ٤١٥ هـ (١٠٢٤م) نیڭ اوترالریده واقع بولدی.

قدرخان بو هر ایکی نایبی نیڭ عصیانی و اولرنیڭ بیرله شمکی بیله‌ن حاصل بولادورغان بویوك تهلیکه‌نی سَزدی. قدرخان بو تهلکه نیڭ چاره‌سی اوچون سلطان محمود غه الچی یوللادی. علی تکین بو حال بیله‌ن تورابرسه هم تورکستان و هم خوراساننیڭ تنچلیقی غه یمان بیر خطر بولماقی نی وهم سلجوق اوغوللری قوّت تاپقان تقدیرده هر ایکی دولت غه قورقونچلوغ بیر بلابولماقی نی بیلدوروب حاضرقی وقتده غربدین سلطان محمود و شرقدین قدرخان بیر وقتده علی تکین نیڭ و سلجوق اوغوللری نیڭ اۉستیغه هجوم قیلیب بو هر ایکی دشمن نی دفع قیلماق نیڭ لازم کلگه‌نی نی بیلدوردی. بو الچی بارغونچه سلطان محمود هم بو خطر نی بیلیب بلخ قه قوّت توپلاب اۉزی هم اویرغه کلگه‌ن ایدی. الچی سلطان محمود بیله‌ن بلخ ده کوروشتی. سلطان محمود، قدرخان نیڭ تکلیفی نی خوشلوق بیله‌ن قبول قیلیب هجوم وقتی نی تعین قیلدی.

الچی کاشغرغه یانیب کلگه‌ن زمان قدرخان ٤١٦ هـ نیڭ اوّلیده (١٠٢٥م) تولا عسکر بیله‌ن کاشغردین سمرقند غه یوروش قیلدی. سلطان محمود هم مذکور تاریخ ده اوگوز غه کیمه لرنی‌قتار قیلیب بیر بیریغه تیمور زنجر و تاسمالر بیله‌ن چاتیپ مستحکم بیر کوپروك سالیب تمام عسکر لرینی اوگوزدین اۉتکوزدی و بش یوز فیل نی ایلگری ماکدوروب تعبیه بیله‌ن سمرقند غه یوردی شرق طرفدین قدرخان هم سمرقند غه یاقینلاشتی. علی تکین و ارسلان یابغو، ایکی طرفدین احاطه قیلیب



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

كلمكده بولغان بو ايكى مدهيش قوتغه مقابله قيلالماسليقلرينى بيليب سمرقند و بخارانى بوشاتيب شمال طرفدهكى قيزيل قوم چولىغه قاچيب اويردهكى بوكلوكلر و پاتقاقليقلرغه كيريب آلدىلر . سلطان محمود اولر نيڭ ارقه سيدين قوغلاماق اوچون خزينهدارى بيلگه تكين نيڭ قيادتى آستيده عسكر يوللادى . بيلگه تكين على تكين نيڭ ارقه سيدين ييتالماى انيڭ خاتون و بالهلرىنى اسير قيليب يانيب كلدى . سلطان محمود بو اسيرلرغه قاراخانليق خاندانىدين بولغانليقلرى سببيدين احترام بيلهن معامله قيلدى .

### قاراخان يوسف قدرخان وسلطان محمود نيڭ كوروشكهنلرى

على تكين قاچقاندين كين سلطان محمود و قدرخان سمرقندغه كليب كوروشمكغه قرار بردىلر . سلطان محمود سمرقندغه يقينراق بولغانى اوچون بيرنچهكون ايلگرى كلدى . قدرخان ٢٧ صفر ٤١٦ هـ (٢٩ نيسان ١٠٢٥ م) ده سمرقندغه كيردى . بو ايكى شوكتليك اسلام تورك حكمدارلرى تاريخده مثلى كورولمگهن دَبْدَبَه و مراسم بيلهن كوروشتىلر . بيهقى و گرديزى اوّز تاريخ كتابلريده بو ملاقاتنيڭ حشمت و دبدبهلرىنى و ايكى حكمدارنيڭ بير بيرىغه تقديم قيلغان سوغاتلر نيڭ تولاليقى و نفيسليقى و نچه خزانهنى تولدورغودهك قيمتده بولغانليقىنى مفصل بيان قيليب دورلر . تفصيلاتىنى بيلمكنى خواهلاغانلر مذكور ايكى كتابنى و موسيو بارتولد نيڭ ايران جغرافيائى تاريخى» اتليغ كتابىنى كورسونلر[186] .

بو ملاقات بيرنچه كون دوام قيلدى و بو مدتايچيده قدرخان و سلطان محمود اراسيده مهم ايكى معاهده عقد اتيلدى . برينجى معاهده لازم كلگهنده بير بيرلريغه عسكرى ياردم قيليشماق و موكاً مناسب مضمونلردين عبارت ايدى . ايكنجى معاهده هم توركستان و هم خراسان نيڭ امنيتىغه خطر بولغان سلجوق اوغوللرىنيڭ قوّتلرىنى يوق قيلماق اوچون اولرنى و تابعلرىنى توركستان و خراسان و

وایران نینگ مختلف منطقه لریغه تارقاتماقیغه هر ایکی حکمدارنینگ قیلادورغان ایشبیرلیکینی بەلگولر ایدی. موندین کین بو دوستلوقنی توغقانلیق علاقەسی بیلەن قوتلەندورمك اوچون غایت طنطنه بیلەن ایکی مهم نکاح تویی قیلدیلر. بیری قدرخاننینگ اوغلی محمود یاغان تکینغه سلطان محمودنینگ قیزی زینب خاتوننی نکاح قیلیندی. ینه بیری سلطان محمودنینگ اوغلی شهزاده محمدغه قدرخان نینگ بیر قیزینی نکاح قیلیندی. بو مهم ایشلر پتکەندینکین سلطان محمود غزنیغه یانیب کتتی. بو حرکتلر نتیجه سیده طغانخان، قدرخاندین عفو تیلاب اطاعتغه کیردی.

### شرق تورکستان ده اغتشاش

قاراخان یوسف قدرخاننینگ سمرقندغه سفر قیلیب شرقی تورکستاندەکی عسکری قوّتنینگ تولا راقی غربی تورکستانده بولغانیدین ختنلیکلر و اویغورلر استفاده قیلیب عصیان چیقاردیلر. ختنده او وقتده مسلمان بولمیغانلر کوپچولوك ایدی. بولر قاراخاننینگ ختندەکی مأمور و عسکرلرینی یوق اتیب، بیکیتیلگەن پورخان اوّی لرینی (بودا معبدلرینی) اچیب بوداعی و قامانی آیینلرینی رواج برمکغه باشلادیلر. بیر طرفدین اویغور ایدیقوتی قاراخاننینگ اطاعتینی تاشلاب استقلال اعلان قیلدی. ٤١٧ هـ (١٠٢٦م) نینگ اوّلیده ایدیقوت، سلطان محمودغه بیر الچی ایباریب قاراخان یوسف قدرخاننینگ ضدیغه بیر معاهده عقد اتمکنی طلب قیلدی. سلطان محمود ایدیقوتنینگ بو طلبینی رد قیلدی.


گردیزینینگ زین الاخبار اتلیغ تاریخیده خیتای خانی یوقاریقی اویغور الچیسی بیلەن همراه بیر الچینی سلطان محمودغه یوللاب سلطان محمودنی قدرخانغه قارشی قوترا تماق اوچون تربشکەن بولسەمو سلطان محمود بونی شدت بیلەن رد قیلغانینی یازیب دور.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

شرقی توركستان‌ده بو حادثه‌لر بولغان كونلرده قدر خان هنوز سمرقندده ایدی . بعضی ضرور ایش‌لری بولغان سببدین بخارا و سمرقند خلقی‌نی غزاتغه تشویق قیلیب تقریباً یگرمه میڭ كشی لیك بیر قوّت توپلاب بعضی عالم و سیدلر نیڭ قیادتی استیده شرقی توركستان‌غه یوللادی . بو عسكرلر كاشغرغه كلیب ربیع الثانی ویا جمادی‌الاولی ٤١٦ هـ (١٠٢٥م) ده ختن‌غه یوردی‌لر . ختن مسلمان‌لری‌نیڭ یاردمی بیلەن شهرلرنی اسان فتح قیلدی لر . لیكن بودائی‌لر شهرلردین قاچیب تاغلرغه باریب اویرده قوّت توپلادیلر . یوقاریقی مجاهدلر غیر مسلمان‌لرنی قوغلاب تاغقه باردی لر . بولرنی بودائی‌لر تاغلرده و جلغه‌لرده ازیقتوروب پارچه‌لاب و غیر منتظم باسقون‌لر قیلیب همەسی‌نی شهید اتتی‌لر . ختن‌دەكی تورت امام ذبیح الله حكایەسی‌نیڭ اصلی بو واقعه‌دور . ختن‌ده بو واقعه بولغان كونلر (١٠١١-١٠ ای) ده قدرخان كاشغرغه كلیب ختن‌غه یوروش قیلدی . ختن‌غه كلیب عاصی‌لرنی یوق قیلدی . ختن خانی مسلمان بولوب كاملاً اطاعتغه كیردی .

اویغور ایدیقوتی گرچه خیتای دولتی‌دین یاردم الیب تولا وروشقان بولسیمو ١٠٢٦م‌نیڭ آخریده قطعی صورتده مغلوب بولوب قاراخان‌غه اطاعت اتمك و باج خراج برمك و اوزی‌نیڭ داخلی استقلالی اولقیدك قالماق شرطی بیلەن صلح قیلیب اطاعتغه كیردی .



قاراخانلردین محمد ارسلان‌خان نیڭ ١١٢٧-١١٢٤م‌ده بخارادا یاساتقان خانیقا نیڭ حاظرقی كورونیشی .

## علي تكين ايليك خان نيڭ ايكنجى قتيم عصيانى

قدرخان سمرقنددين تولاراق عسكرى‌نى اليب ختن‌غه باريب اويرده‌كى عصيان‌نى باسيقتورماق غه مشغول بولغان ليقى‌نى علی تكين اڭلاپ سلجوق اوغول‌لرى بيله‌ن بيرلاشمك و اۆز طرفدارلر ينى سلجوق اوغول‌لرى‌نيڭ عسكرى بيله‌ن قوّتلاندوروب ينه اولّقى ايليك خان‌ليق مقامى‌نى قوليغه كلتورمك اوچون تيريشكيلى توردى . سلچوق اوغوللرى دين طغرول‌بگ و چغرى‌بگ لر،علی تكين نيڭ تكليفينى قبول اتمه‌ديلر. سلجوق‌نيڭ نيره‌سى يوسف بگ اۆز تابع‌لرى بيله‌ن‌علی تكين طرفى‌غه اۆتتى . بو نيڭ بيله‌ن علی تكين سمرقندغه يوروش قيليب اويرده‌كى قاراخان عسكرلرى‌نى مغلوب قيليب سمرقند و بخارانى اليب مستقل صورتده حكمدارليق قيلماق‌غه باشلادى . قدرخان،علی تكين نيڭ اۆستيغه عسكر ايباردى و بو عسكرلر مغلوب بولدى لر. علی تكين نيڭ قوّتى كوندين كونگه آشماقدا ايدى .

٤١٦ هـ نيڭ آخريده قدرخان،اوغلى محمود ياغان تكين نيڭ رياستى آستيده سلطان‌محمودغه الچى ايباريب‌علی تكين و يوسف بگ نيڭ ضدى‌غه عسكرى ياردم برمكى‌نى طلب قيلدى . ياغان‌تكين بارغونچه سلطان‌محمود هند ستان‌غه مشهور سومنات غزاتى اوچون يوروش قيليب كتكه‌ن ايدى . بو اوچون سلطان‌محمود هند دين يانغاندين كين ياردم عسكرى يوللاماق وعده‌سى‌نى بردى. ياغان‌تكين يانيب كلدى . قدرخان هم بو كونلرده اويغور عصيانى‌نى باسيقتورماق اوچون محاربه غه مشغول ايدى . بناً‌عليه علی تكين نيڭ تأديبى‌نى سلطان‌محمود نيڭ وعده‌سى غه قراب تأخير قيلماق‌غه مجبور بولدى . بو اوتراده علی تكين،يوسف بگ‌نى اۆلتوردى و باشقه سلجوق اوغول‌لرى‌نى مغلوب اتيب شرقى توركستان‌غه قوغلادى . (بونى توبنده‌كى فصلده كيلادور)



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بو نیلګ بیلەن علی تکین نیلګ هر وقتدەکی عصیانی غه یار دم قیلادورغان سلجوق اوغوللری انیکدین قطعی صورتده آیریلیب علی تکین نیلګ قوتی آز قالدی . ٤١٨ هـ (١٠٢٧م) نیلګ اولیده قدر خان، یاغانتکین نی تولا عسکر بیلەن علی تکین نیلګ اوستیغه یوللادی و سلطان محمود هم ابو بکر حصیری آتلیغ بیر قوماندانی نیلګ قیادتی آستیده یاردم عسکری یوللادی . علی تکین بونی اکلاب درحال قدر خان غه اطاعت عرض قیلیب عفو تیلادی . غرب ایلیکخانلیقی قو یولغان شرط بیلەن قاراخانلیق مرکزی غه دایما اطاعت اتمك و وفادار بولماقی نی بیلدوردی . قدرخان بونی قبول قیلیب یاغانتکین و ابو بکر حصیری غه سمرقندغه هجوم اتماسلیك و ارقه لری غه یانماقیارلیغی نی ایبارادی و بولر یاندی لر . بو تاریخ دین باشلاب علی تکین ایلیکخان وفاتی غچه قاراخانلیق مرکزی غه کامل اطاعت ده بولدی .

شمال ایلیکخانی ایکنجی طغان خان ٤٢١هـ (١٠٣٠م) ده وفات قیلغان دین کین قدرخان شمالی تورکستان نی قطعی صورتده مرکزغه قوشوب اوزی نیلګ اوغلی ابو شجاع ایکینجی ارسلانخاننی شمال ایلیکخانی تعین قیلیب اکا شرف الدوله لقبی نی بردی .

### سلجوق اوغول لری نیلګ شرقی تورکستان غه تگیشلیك تاریخچه سی

اسلام تاریخیده غایت اهمیتلیك بیر یری بولغان سلجوقی لر اصلی ده شرقی تورکستان تورك لریدین بولوب اصلی منشألری و دولت، قو روشلریدین ایلگری کی وقتلریده بولر نیلګ قاراخانلر و ایلیکخان لر بیلەن ارالریده واقع بولغان حادثەلر شرقی تورکستان تاریخیده خیلی مهم بیر سیاسی واقعه لردور . بو مناسبت بیلەن سلجوق خاندانی نیلګ اصلی و بیر مقدار واقعه لری نیلګ قسقه غینه تاریخچه سی نی ذکر قیلیب اوتمك فایده سیز ایماس دور .

سلجوق خاندانی نیڭ اصلی تاقاغبگ نیڭ اوغلی سوّلچوّك سوباشی نیڭ اولادی دور . بو سوّلچوّك سوباشی نی عرب موٌرخلر سلجوق دیگەنلری اوچون تاریخدە بو تحریف لیك اسم بیلەن مشهور بولمیش دور. بیز مو اوزگرگەن بو اتالغونی ایشلاتامیز . تاقاغ بگ قارلوق قبیله سی دە داخل بولغان قانیق عشیرتی نیڭ بگی ایدی. قارلوق یابغوسی تاقاغبگنی تولا یخشی کورور ایدی . تاقاغبگ اوّلگەن دین کین اورنیغه اوغلی سوّلچوّك بگ بولدی . او کوّپ عقللیغ وإدارەچی بیرکیشی ایدی . یابغو،سوّلچوّك بگنی یانی غه قیچقیریب تمام عسکرلری غه انی قوماندان قیلدی و سوّباشی یعنی عسکرباشی عنوانی نی بردی . سوّلچوّك سوّباشی غه عسکرلری بك یخشی اطاعت قیلور ایدی و خلق هم انی کوندین کونگه احترام نظری بیلەن کورمکدە ایدی لر . بو سبب دین یابغو سوّلچوّك سوّباشی نیڭ عصیانی دین قورقتی و انی اوّلتورمك فکری غه توشتی . سوّلچوّك سوّباشی یابغو نیڭ فکری غه واقف بولوب درحال اوّز عشیرتی نیڭ تولا راقی نی همراه الیب یته سودین قاچیب اینجه (سیر دریا )نیڭ آیاغیدە و شرق قایی سیدەکی جنداوّلکه سیدە یرلاشتی . جند نیڭ یرلیك اهالی سی مسلمان ایدی . سوّلچوّك سوّباشی بو اهالی نیڭ دینی (اسلام )نی قبول اتتی و جند اطرافی دەکی مُشْرِك تورك قبیله لری نیڭ اوستیغه غزات قیلور ایدی . بارابارا مهم درجەدە قوّت تاپیب قالدی .

یوقاریدە ایتیلغان وجه بیلەن ۳۷٦ هـ (۹۹٦م )دە سوّلچوّك سوّباشی اوغلی آرسلان بگ نیڭ قیادتی استیدە قوّتلیك بیر عسکر بیلەن سامانی امیری امیرنوح غه یاردم بیریب امیرنوح بخارانی ایلیكخان دین الیب کتتی . بو وقت دین باشلاب سامانی خاندانی و سوّلچوّك سوّباشی آراسیدە دوستانه مناسبت پیدا بولدی . ۳۹۳ و ۳۹٤ هـ دە سوّلچوّك سوّباشی منتصر غه ایکی دفعه یاردم بردی .

سوّلچوّك سوّباشی وفات اتکەندین کین انیڭ اوچ اوغلی ارسلانبگ میکائیلبگ و موسیبگ لر سَلْجوق عشیرتی نی اداره قیلماقدە ایدی لر . میکائیلبگ بیر غزات دە شهید بولدی و آز مدت کین



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

موسی‌بگ هم وفات اتتی . خلق نینگ قیادتی و اداره‌سی یالغوز ارسلان بگ قولیغه توپلاندی و بو کوندین اعتبارًا یابغو عنوانی‌نی آلدی . علی تکین ایلیک‌خان نینگ اوّلقی عصیانی‌ده آرسلان یابغو اکا تمام قوّتی بیله‌ن یاردم قیلدی و مغلوب بولوب قیزیل قوم چولی‌غه قاچتی. سلطان محمود و قدرخان کوروشکه‌ن وقتده یوقاریده ایتیلغان وجه بیله‌ن سلجوق عشیرتی‌نی تورکستان و خراسان اولکه‌لریغه تارقاتیب بولرنینگ قوّتی‌نی یوق اتمک اوچون بیرلیکده حرکت قیلماق‌غه بیر معاهده عقد اتکه‌ن ایدی‌لر . بو معاهده موجبینچه سلطان محمود غزنی‌غه باروبار ماس ارسلان یابغو نی تابع‌لری بیله‌ن غزنی‌غه قیچقیردی و اکا یخشی وعده‌لر یازدی . ارسلان یابغو سلجوق عشیرتی نینگ بیر قسمی‌نی همراه الیب غزنی‌غه باردی . لیکین انینگ قرینداش اوغوللری طغرول‌بگ

محمودبگ ، چغری بگ ، یوسف بگ لر سلجوق عشیرتی نینگ تولا راقی بیله‌ن جندده قالدی‌لر . ارسلان یابغو غزنی‌غه بارغان زمان سلطان محمود انی توتتوروب اسیر قیلیب هندستان‌غه یوللادی و کالنجر قلعه‌سیده حبس اتتوردی . اوّز یورتلریده قالغان طغرول بگ ، محمودبگ ، چغری بگ ، یوسف بگ لر سلطان‌محمود طرفیدین خوارزم والی‌سی بولغان آلتونتاش‌دین قورقوب جنددین هجرت قیلیب بخارا تابعی بولغان نورآتا اتلیغ یایلاغده یرلشتی‌لر . قدرخان بولرنی شرقی تورکستان‌غه کلیب یرلشمکغه دعوت قیلدی . لیکن بولر ارسلان یابغو دەك یمان عاقبت‌غه دوچار بولماقدین قورقوب نوراتاده تورماق و قدرخان‌غه اطاعت قیلماق‌نی التماس قیلیب شرقی تورکستان‌غه کلمدی‌لر .

بو حالده علی تکین ایلیک‌خان نینگ ایکنجی عصیانی واقع بولوب اکا یوسف بگ اوّز تابع‌لری بیله‌ن یاردم بردی. علی تکین یوسف بگ نی تمام منصبدارلری‌دین یوقاری توتوب اکا اینانچ یابغو عنوانینی‌بردی. علی تکین ، طغرول‌بگ ، محمودبگ ، و چغری‌بگ لرنی اطاعتی‌غه الماق‌غه تیریشیب موفق بولالمغاندین‌کین یوسف بگ‌نی اولر بیله‌ن اوروشماق‌غه امر اتتی . لیکن یوسف بگ بو امرنی‌قبول اتمدی

وبلكه مخفى صورتده اولر بيله‌ن بيرلا شيب قالدى . بونى على تكين بيليپ، الپ قارا اتليغ بير قوماندانى نى يوسف بگ نى يوق اتمكغه امر اتتى . الپ قارا يوسف بگ نى و تابع لرى دين بير مونچه سى نى اۆلتوردى . طغرول بگ و چغرى بگ لر بو حادثه نى اڭلاب يوسف بگ نيڭ قصاصى نى الماق اوچون اوشتومتوت على تكين نيڭ اوستى غه هجوم قيليب انيڭ عسكرلرى نى مغلوب اتيب ، آلپ قارانى يوز كشى بيله‌ن اسير قيليب كوز لرى نى اويوب و بوغازلاب اۆلتوردى لر . على تكين بولر نيڭ اوستيغه مقابل تعرض قيلغانده طغرول بگ و چغرى بگ لرنى يمان مغلوب اتتى و ماوراء النهر دين قاچماقغه مجبور قيلدى .

طغرول بگ و چغرى بگ لر تابع لرى بيله‌ن قاچيب شرقى توركستان حدودى غه اوتتى لر. قدرخان غه يگى باشدين اطاعت عرض قيليب يَر تيلادى لر . قدرخان بولرغه كاشغرغه يقين بير يرنى تعين قيليب بردى و اويرده يرلشتى لر . طغرول بگ و چغرى بگ لر قدرخان دين غايت قورقار ايدى لر و هيچ قاچان ايكى سى بيرليكده قدر خان نيڭ حضورى غه كيرماس ايدى . قدرخان ظاهرده بولرغه تولا التفات لر كورساتيب ايكى سى نى بير يولى حضورى غه قيچقيرسه‌مو، بير بهانه بيله‌ن بيرى قاليب يالغوز بيرى كلور ايدى . اخيرى قدرخان بير بهانه بيله‌ن طغرول بگ نى توتوپ الدى . چغرى بگ بونى اڭلاغان زمان تابع لرى نى ييغيب كاشغردين قاچتى و قاراخانليق خاندانى دين آوغه چيقغان بير نچه تكين لرغه اوچراب اولرنى اسير قيليب شمال طرف غه كتتى . قدرخان او اسير بولغان تكين لرنى قوتقوزماق اوچون طغرول بگ نى قويوب ايبارمكدين باشقه چاره تاپالماى طغرول بگ نى حبس دين چيقاريب و بير مقدار انعام هم بريب اسيرلرنى ياندوروب ايبارمَك اوچون وعده‌اليب يولغه سالدى . چغرى بگ كاشغردين قاچقانچه جند غه كتكه‌ن ايدى. طغرول بگ انيڭ ارقه سيدين يتيب توتقون تكين لرنى ياندوروب ايباردى . بو واقعه تقريبا" ٤١٩ هـ (١٠٢٨م )ده ايدى . بو تاريخدين كين سلجوق اوغول لرى جندده اولتورماقده اوزلرى غه خطر حس قيلدى لر، چۆنكه جند اۆلكه‌سى شمال ايليك خانى ايكنجى آرسلان خان نيڭ اولكه‌سى ايچيده بولوب قدرخان غه تابع ايدى.بو اوچون



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

طغرول‌بگ و چغری‌بگ لر باشقه بیر یرغه هجرت قیلماقغه مجبور بولدی لر . اخیری مذکور سلجوق اوغول‌لری خوارزم والی‌سی هارون‌بن‌التونتاش‌دین یر تیلادی‌لر . هارون بولرغه خوارزم یایلاغلریدین‌یترلیک درجه‌ده یر بردی و اویرغه هجرت اتتی‌لر . کین‌لرده علی تکین ایلیک خان دین قیش‌کون‌لری‌ده نوراتاده اولتورماقغه اجازت الدی‌لر . بو صورت بیله‌ن سلجوق اوغول‌لری یاز کونلریده خوارزم یایلاغیده و قیش کونلریده نوراتاده اولتوروب مال باقیب کوچوب یورور ایدی‌لر. ٤٢٦ هـ (١٠٣٥ / ١٠٣٤م )ده علی تکین ایلیک خان نیك اوغلی نصر ایلیک خان سلجوق اوغول‌لری‌نی ماوراء‌النهردین قطعی صورتده قوغلاب چیقاردی.بو سببدین خوارزم و خراسان طرف‌لریده اولتورماقغه مجبور بولدی‌لر.

منه سلجوق لر نیك بو تاریخیمیزغه متعلق یری بودور.[186]

### قاراخان یوسف قدرخان وعلی تکین ایلیك خان نیك وفات لری

٤٢١ هـ (١٠٣٠م )ده سلطان‌محمود غزنوی وفات تپیپ اورنیغه اوغلی مسعود، سلطان بولدی . سلطان مسعود قدرخان‌نیك کیواوغلی ایدی و اوتراده مناسبت بك یخشی ایدی .لیکن ٤٢٣ هـ (١٠٣٢م )ده سلطان‌مسعود طرفیدین خوارزم والی‌سی بولغان التونتاش‌بیله‌ن علی تکین ایلیك خان‌نیك اراسیده حدود مسئله‌سیدین توغولغان بیر مناسبت یوزیدین اوروش چیقیب بو محاربه‌ده آلتونتاش اۆلتورولدی و علی تکین ایلیك خان مسئله‌نی قلیچ کوچی‌بیله‌ن حل قیلدی. ٤٢٣ هـ (١٠٣٢م )ده قاراخان یوسف قدرخان وفات اتتی ، اورنی‌غه چوك اوغلی ، ولیعهدی، محمود یاغان‌تکین قاراخانلیق تختیده اولتوردی و بوغراخان عنوانی‌نی الدی . محمود بوغرا خان‌غایت تجربه لیك‌سیاستچی و اداره‌چی بیر ذات ایدی . بو ذات‌نیك دوریده قاراخان‌لر دولتی منتهادرجه‌ده تینچلیق و اسایش‌ده یاشادی . غرب

و شمال ایلیك خانلری و اویغور ایدیقوتی و قارلوق یابغوسی دەكدولت غە تابع چوك و قوتلیك خانلر، مركزغە كامل اطاعت قیلماقدە ایدی لـر. الحاصل محمود بوغرا قاراخان نیڭ مەیلی خارجی بیر دشمن بیلەن محاربە اتكەنی و مەیلی داخلدە اهمیتلیك بیر اغتشاشغە دوچار بولغانی هیچ بیر روایتدە كورولمدی .

٤٢٦ هـ (١٠٣٥م )دە علی تكین ایلیكخان وفات قلیپ اورنیغە محمود بوغرا قاراخان نیڭ یارلیغی بیلەن علی تكین نیڭ اوغلی ابو المُحْسِن نَصْر، ایلیك خان بولدی . نصر ایلیك خان، قاراخانلیق مركزیغە صمیمی اطاعت قیلماقدە ایدی . سلجوق اوغوللرینی دولتغە عاقبت بیر خطر بولادور دیب ایلیك خان بولور بولماس ماوراءالنهردین پوتونلەی سوروب چیقاردی . نصر ایلیك خان نیڭ سلطان مسعود بیلەن مناسبتی تولا یخشی ایدی . سلطان مسعود ، نصر ایلیك خاننی برادریم دیر ایدی .

محمود بوغرا قاراخان ٤٣٩ هـ (١٠٤٧م )دە وفات اتتی و اورنیغە اینی سی طغرول تكین قاراخان بولوب بوغراخان عنوانی نی الدی . طُغْرول بوغراخان داداسی و اكاسی دەك لیاقتغە مالك ایماس راحت پرست بیر ذات ایدی . بو اوچون اونیڭ دوریدە مركز قوتی ضعیفلاشماقغە یوز كلتوردی .

**قاراخانلیق دولتی نیڭ ایكی غە بولونگە نی**

طغرل بوغرا قاراخان تختدە اولتوروب ایكنجی ییلی ٤٤٠هـ (١٠٤٨م) دە نصر ایلیك خان وفات اتیب اورنیغە اوغلی آبُوالمُظَفّر عماد الدولەابراهیم تكین، ایلیك خان بولدی . مذكور ییلدە استقلال اعلان اتیب غربی توركستاننی قاراخانلیق مركزیدین رسماً ایریدی . اوزیغە تاوغاچ قاراخان عنوانینی الدی . بونیڭ بیلەن هم قاراخانلیق مقامیغە احترام قیلیب تورماقدە ایدی . اوزیغە ایكنجی درجەدەكی قاراخانلیق رُتبەسی "تاوغاچ قاراخان" عنوانینی الفان ایدی . الحاصل بو



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

صورت بیله‌ن پامیر و آلای تاغلری و اینجه (سیر دریا) اوتراده فاصله بولوب، دولت ایکی غه بولۆندی. تورکستان اولکه‌سی نیڭ شرقی تورکستان و غربی تورکستان آتی بیله‌ن ایکی غه ایریلغانی اوّل دفعه اوشبو دور.

طغرل بوغرا قاراخان، راحت پرست بیر کشی بولغانی اوچون، ابراهیم تکین نیڭ بو حرکتی غه جدّی و عملی صورتده مخالفت اظهار قیلمای انیڭ اسماً احترام قیلغانی غه قناعت قیلیب قالدی. بو ایکی دولت نیڭ حدودی ، ۱٤ نجی خریطه‌ده کورولادور.

بو دوره‌ده‌کی مهم دنیا حوادثی دین بیری سلجوق اوغول‌لری نیڭ ٤۳۹ هـ ده غزنوی دولتی نی قطعی صورتده مغلوب اتیب خراسان و ایران و بعضی عراق اولکه لری غه استیلا قیلیب طغرل بگ نیڭ مشهور سلجوقی دولتی نی قورغانی دور.

### ایکنجی هارون بوغراخان نیڭ قاراخانلیق دوریده کی واقعه لر

طغرل بوغرا قاراخان ٤٥٥ هـ (۱۰٦۲م) ده وفات اتیب اورنی غه اینی سی هارون تکین، قاراخان بولدی و بوغراخان عنوانی نی الدی. بو ایکنجی هارون بوغرا قاراخان نیڭ تختده اولتورغان ییلی سلجوقی دولتی ده آلپ ارسلان، سلطان بولغان ایدی. ایکنجی هارون بوغرا قاراخان بیله‌ن سلطان الپ ارسلان نیڭ اراسیده‌کی مناسبت، دوستانه ایدی و بیر بیرلری نیڭ اوردالری غه سفیرلر ایبارا شور ایدی لر. کین لرده سلطان الپ ارسلان نیڭ ولیعهدی، مَلِکشاه غه ایکنجی هارون بوغرا قاراخان نیڭ تورکان قاتون اتلیغ قیزی نی غایت دبدبه و شاهانه مراسم بیله‌ن توی قیلیندی. ملکشاه نیڭ اورنیغه سلطان بولغان کیچیک اوغلی سلطان محمود اوشبو تورکان قاتون نیڭ اوغلی دور (واقعه لری اسلام تاریخ لریده مذکور دور).[187]

آمّا غربی قاراخانلیق حکمداری ابراهیم تاوغاچ قاراخان نیڭ سلطان آلپ ارسلان بیله‌ن مناسبتی یخشی ایماس ایدی. اخیراً

بو ايكى سى نيڭ آراسيدەكى دشمنليك هر ايكىلاسى نيڭ اۆلومى بيلەن نتيجەلاندى. ٤٦٥ هـ (١٠٧٢م) دە سلطان الپ ارسلان و ابراهيم تاوغاچ قاراخان آراسيدە خوارزم حدوديدا بولغان قاتتيغ محاربەدە ابراهيم تاوغاچ قارخان شهيد بولوب، عسكرلرى چاچيليب كتتى. موندين كين الپ ارسلان ايلگريلاب اوگوز (امودريا) دين اۆتتى دريانيڭ بوييدە تاوغاچ قاراخان طرفيدين حدود محافظى بولغان خوارزم ليك يوسف بگ اۆزىنيڭ آزغينە قوّتى بيلەن آلپ ارسلانغە قارشى قاتتيغ مدافعە قيلدى. آخيرى مغلوب بولوب قلعەغە قامالدى. آلپ ارسلان نيڭ عسكرلرى هجوم بيلەن قلعەنى اليب يوسف بگنى اسير قيليب الپ ارسلان نيڭ آلدىغە اليب كيردى لر. الپ ارسلان يوسف بگنى تورت قوزوقغە تارتيب اۆلتورمكغە حكم قيلدى. يوسف بگ، "مندەك قهرمان بير كشىغە شونداغ معاملە قيلماق لايقمو" ديب اعتراض قيلدى. الپ ارسلان بو سوزغە كاييب قوليدەكى اوقنى يوسف بگگە اتتى و اوق تگمدى. يوسف بگ، "الديگدە تورغان بير اسيرغە اوقوڭنى تگدورالمايسن، اوشبو نامردليكيڭ بيلەن بيزنيڭ يورتيميزنى آلغالى كلديڭمو؟" ديب اغزىنى بوزوب الپ ارسلاننى تيللاماقغە باشلادى. بونيڭدين الپ ارسلان فوق العادە غضبلانيب قليچىنى سوغوروب يوسف بگنى چاناماق اوچون يوگوردى آياغى تاييب ييقلدى. بو حالدە يوسف بگ اۆزىنى الپ آرسلان نيڭ اۆستيغە اتتى و كيمى نيڭ ايچيدە ساقلاغان پيچاقنى اليب الپ ارسلان نيڭ قورساقىنى ياردى. يوسف بگنى اويردەكى عسكرلر پارچە پارچە قيلدىلر. الپ ارسلان هم بير نچە ساعتدين كين اۆلدى. باشسيز قالغان عسكرلرى ارقەغە يانيب كتتىلر. منە بير حريصليقنيڭ نتيجەسيدە چوڭ ايكى اسلام تورك حكمدارى اۆلتورولوب ميڭلرچە انساننيڭ قانى تۆكولدى.[188]

تاوغاچ قاراخانليق تختيدە ابراهيم نيڭ اوغلى شَمْسُ الْمُلُوك ايكنجى نصر اۆلتوردى. بو ذات ٤٧٢ هـ دە وفات قيليب اورنيغە على تكين ايليك خان نيڭ اوغلى ابوعلى حسن تكين تاوغاچ، قاراخان بو



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

لدی و بوغرا خان عنوانی نی الدی. بو ایکی حکمدار نیڭ دوره لریده واقع بولغان حوادثلر خصوصیده معلوماتیمیز یوقدور. حسن تاوغاچ قاراخان ٤٧٤ ه اطرافیده وفات قیلیب اورنیغه ایکنجی نصر تاوغاچ قاراخان نیڭ اوغلی تخت ده اولتوردی. بوکشی نیڭ اتی معلوم ایمس اما عنوانی قدرخاندور. بو ذات ازغینه وقتده وفات قیلیب اورنیغه اوغلی احمد تکین تاوغاچ قاراخان بولدی. احمد تاوغاچ قاراخان نیڭ دوریده غربی قاراخانلیق مملکتی سلجوق سلطنتی نیڭ حاکمیتی استیغه کیریب قالدی و بش ییل مدت مُوَقّت صورتده استقلالی نی یوق اتتی. بو واقعه نیڭ بیانی توبنده دور.

٤٨١ ه (١٠٨٨م) ده سلجوقیلر سلطانی ملکشاه، غربی تورکستانغه یوروش قیلدی احمد تاوغاچ قاراخان، بیر نچه اورو شدین کین مغلوب بولوب ملکشاه نیڭ قولیغه اسیر توشتی. کین چه ملکشاه، غربی تورکستانغه حاکمیتی نی قبول قیلماق شرطی بیلەن احمد تاوغاچ قاراخاننی اۆز عنوانی بیلەن غربی تورکستانده حکمدار قیلیب یانیب کتتی. لیکن اوزکندخانی ملکشاهنیڭ حاکمیتی نی قبول اتمای استقلال اعلان اتکەنی اوچون ٤٨٢ ه ده ملکشاه غربی تورکستانغه کلیب اوزکندخانی نی محاربه بیلەن انقیاد قیلدوروب یانیب کتتی. لیکن ملکشاه نیڭ بو مهم ایکی حرب سفری بیلەن تأمین قیلغان حاکمیتی آران بش ییل دوام قیلدی. چونکه ٤٨٥ ه ده ملکشاه وفات قیلیب اوغوللری محمود و برکیاروق اراسیده سلطانلیق تالاشی یوزیدین محاربه چیقتی. بو فرصتدین احمد تاوغاچ قاراخان استفاده قیلیب استقلال اعلان اتتی، ملکشاه نیڭ عسکر و مأمورلری نی قوغلادی. احمد تاوغاچ قاراخان ٤٨٨ ه (١٠٩٥م) ده وفات تاپتی، اورنیغه خاندان دین محمود تکین تاوغاچ قاراخان بولدی و ٤٩٠ ه ده وفات اتتی. اونیڭ اورنیغه احمد تاوغاچ قاراخان نیڭ نبیرەسی یعنی قدرخان بن عمرخان بن احمد تاوغاچ قاراخان، تخت ده اولتوردی. بو ذات نیڭ اۆزاتی معلوم ایمەسدور. بوکشی ٤٩٥ ه ده وفات اتتی. ایکنجی هارون بوغرا قاراخان نیڭ دوریدەکی واقعات خصوصیده معلوما

تیمیز یوق‌نیكّ حكمی د ه‌د ور . چونكه بو ٤١ ییل مدت ایچیده موندا غ معظم د ولت نیكْ د اخلی و خارجی مهم واقعاتی تولا بولما قی طبیعی د ور. اما مع الأسف بو اوزون مدت د ه‌كی واقعات خصوصیده تاریخ روایت لری‌نیكْ برگه‌ن معلوماتی فقط یوقاریقی مجمل و قسقه معلومات د ین‌عبارت د ور .

مذكور مدت ایچیده شمال ایلیك خانلیقی خصوصیده قولغه‌كلتورگه‌ن معلوما تیمیزغه كوره شمال ایلیك خانلیقی، یوسف قدرخان زمانه‌سید ین اعتبارًا ایكنجی ارسلان‌خان‌نیكْ قولیده ایدی. بو ایلیك خان‌لر، قاراخانلیق مركزی‌غه دایما وفادار و اطاعتكار ایدی لر . شمال ایلیك خان‌لری‌نیكْ ات‌لری و ترتیب‌لری بود ور : یوسف قدرخان، شمال ایلیك خانلیقی‌غه اۆز اوغلی شرف الدوله ابوشجاع ایكنجی ارسلان‌خان‌نی تعین قیلغانلیقی یوقاریده ذكر قیلینغان ایدی . بو ذات ٤٢٤ ه‍ د ه وفات قیلیب اورنیغه اوغلی چغری‌تكین، ایلیك‌خان بولد ی و ٤٤٠ ه‍ اطرافیده وفات اتتی. آنیكْ اورنیغه اینی‌سی ركن الدوله محمود تكین، ایلیك خان بولد ی . محمود ایلیك‌خان نیكْ وفاتید ین كین اینی‌سی احمد تكین ایلیك‌خان بولد ی . بو ذات نیكْ وفاتید ین كین محمود ایلیك‌خان‌نیكْ اوغلی اوچونجی ارسلان‌خان ایلیك‌خان بولد ی . منه شمال ایلیك‌خان لری‌نیكْ آت‌لری و ترتیبی بود ور . لیكن محمود ایلیك‌خان و آند ین كین‌كی‌لر نیكْ جلوس و وفات تاریخ لری حقیده معلومات تاپالماد یم . اۆچونجی ارسلان‌خان‌د ین كین‌كی ایلیك خان‌لر خصوصیده هم ایشه‌نگود ه‌ك معلومات یوق‌د ور . لیكن ٥٢٨ ه‍ غچه شمال ایلیك خانلیقی، ایكنجی ارسلان‌خان‌نیكْ اولادی‌د ه دوام قیلغانی و بو ایلیك خانلیق اخرغچه قاراخانلیق نیكْ مهم بیر ولایتی و وفادار تابعی بولغانلیقی معلوم د ور.[189]



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## قاراخان لر دولتی نیک ییقیلغانی

ایکنجی هارون بوغرا قاراخان ٤٩٦ هـ (١١٠٣م) ده وفات اتتی . بو ذات نیک اورنیغه قاراخان بولغان کشی لرنیک اتلری وسانلری و واقعاتی خصوصیده هیچ بیر معلومات تاپمادیم . لیکن بو دولت نیک ٥٣٠ هـ (١١٣٦م) غچه دوام قیلغانی تاریخ روایت لری و ارکئولوجی سندلرنیک اتفاقی بیله‌ن ثابت دور .

٥٣٠ هـ ده قارا خیتای خانی نوسی گورخان تمام شرقی تورکستان غه استیلا قیلیب قاراخانلر دولتی نی ییقتی . بسیانی توبنده قاراخیتای دولتی فصلی ده کیلادور . بو نیک بیله‌ن ٢٨٠ ییل دوام قیلغان شرقی و غربی تورکستان یورت لری نی مدنیت و علم نیک الک ایگز مرتبه لری غه یتکوزگه‌ن معظم تورک قاراخانلر (خاقانی) دولتی ییقلدی.

اما غربی تورکستان ده کی غربی قاراخانلیق دولتی ضعیف لیق نیک مختلف فلاکت لیک دوره لری نی یاشاب ٦١٩ هـ غیچه دوام قیلدی . تاوغاچ قاراخان قدرخان ٤٩٥ هـ ده وفات قیلیب اوغلی قلیچ خان تخت ده اولتوردی ، و بوغراخان عنوانی نی الدی . بو کشی نیک زمانه سیده، یعنی ٥٢٠ هـ اطرافیده، سلجوق سلطانی سلطان سنجر غربی تورکستان غه هجوم قیلدی . قلیچ بوغرا قاراخان قاتیغ محاربه‌دین کین مغلوب بولوب سلطان سنجر غه اطاعت قیلماق غه مجبور بولدی . ٥٣١ هـ ده قراخیتای گورخان نوسی غربی تورکستان غه هجوم قیلیب قلیچ بوغرا قاراخان نی اوز حاکمیتی غه تابع قیلدی . قلیچ بوغرا قاراخان ٥٥٨ هـ ده وفات قیلیب اورنیغه اوغلی جلال الدین علی کوّرگان، قاراخان بولدی . جلال الدین علی کوّرگان نیک وفاتی و آندین کین قاراخان بولغانلر معلوم ایماس دور . مگر قاراخیتای لرنیک آخیرقی دوریده غربی تورکستان قاراخانی، سلطان عثمان ایدی . بو کشی ٦٠٦ هـ ده خوارزمشاه غه تابع بولوب ٦١٩ هـ ده محمد خوارزمشاه قولیده شهید بولدی . بو نیک بیله‌ن غرب قاراخانلر دولتی کاملاً ییقیلدی . منه غرب قاراخانلیقی ٥٢٠ هـ دین اعتباراً اوّلا سلطان سنجر غه و اندین کین

قاراخیتای دولتیغه و آندینکین خوارزمشاهغه تابع بولوب فقط ایچکی استقلال لرینی محافظه قیلیب یاشادی. تفصیلاتی قارا خیتای دولتی بیانیده کیلادور.

### قاراخان لر دوریده اداره تشکیلاتی

قاراخانلر دولتیده قدیم تورک اداره عنعنه سی نی محافظه قیلینیب دولت نیڭ باشیده خاندان نیڭ چوڭی بولغان ذات قاراخان (خاقان) عنوانی بیلهن تورور ایدی. قاراخان نیڭ حکمی آستیدیکی حکمدارلر عموماً ایکی درجه غه آیریلوراید یلر.

برنجی درجه، ایلیک خانلر درجه سی ایدی. ایلیک خانلر مملکت نیڭ مرکزدین اوزاق چوڭ حصه لریده قاراخان نیڭ نایبی صفتی بیلهن اۆز منطقه لریده غایت چوڭ اختیاراتغه ایگه بولوب تقریباً مستقل صورتده او حصه لرنی اداره قیلور ایدی لر، اۆز آت لریده یارماق (پول) باستورور ایدی لر، حدودلری توتاش بولغان یات دولتلر بیلهن حرب و صلح قیلماق و او دولت لرغه اۆز آت لریده الچی لر ایبارمك و اولرنیڭ الچی لرینی قبول اتمكده ك چوڭ ایش لرغه صلاحیت لری بار ایدی. بو سببدین تولاراق اسلام مورخ لری ایلیک خانلرنی مستقل حکمدارلر ایدی دیگهن گمانغه توشمیش لردور.

ایکنجی درجه، قاراخانلر دولتیغه تابع بولغان ایچکی استقلال (مختاریت) غه ایگه کیچیك یرلیك خانلر و قبیله بگ لری نیڭ درجه سی ایدی. بولرنیڭ داخلی استقلال لرینی قاراخانلر احترام قیلور ایدی، اۆز منطقه لریغه مخصوص اداره شکل لری، اجراآت لری دین و عادت لریده کامل اختیارات و آزادلیق لری بار ایدی. اولرنیڭ خانلیق ویا بگ لیك منصب لری اۆز اولادلریغه میراث قالور ایدی. قاراخانلر اۆز طرف لریدین بیر کشی نی تعین قیلماس ایدی لر. بو خانلرنیڭ مهم راق لری بولر دور: قوجو، بش بلیق، ایغیل (چوچك) ایکی اوگوز (التای) قومول و بارکول و اوچ ایل (غربی گانسو)



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

اولکه لری اویغور خانی ایدیقوت نینگ اداره سیده ایدی. ختن ولایتی چووی ویا قلیچ خان عنوانلیغ بیر یرلیک خاننینگ اداره سیده ایدی. ایلی دریاسی نینگ شرقی دین باشلانیب ایرتیش دریاسی غچه چوزولغان یته سو اولکه سی قارلوق خانی نینگ اداره سیده ایدی. قارلوق خانی یابغو عنوانی غه ایگه ایدی. تریم (حاضرقی لوپ) و چرچن اولکه لریده کی سریغ اویغورلرنی بیر یرلیک خان اداره قیلور ایدی. کوکچه تنگیز (بالخاش کول) نینگ شمالیده کی حاضرده روسلر سمی پلاتینسکی آتاید ورغان اولکه لرده اولتوروقلوغ یغما، توخسی، اوغراق قبیله لری بیرر دین خان ویا بگ لری نینگ اداره سیده ایدی لر. بو خان و بگ لر نینگ اوز آتلریده یارماق باستورماق و یات دولتلر بیله ن مناسبت پیدا قیلماق غه صلاحیتلری یوق ایدی. قاراخان ویا ایلیک خان لر حضوریدین تعین قیلینغان مالیه مأمورلری و قاضیلر و عسکری منصب دارلرنی قبول اتمک و اولر نینگ ایشلری غه یاردم قیلماق غه مجبور ایدیلر. بو ایشلرده یا توپ توغرا قاراخان غه ویا ایلیک خان غه باغلیق ایدیلر. یورت نینگ مالیاتی دین معین بیر مقدارنی قاراخان ویا ایلیک خاننینگ خزانه لریغه برمک و یارلیغ مقداریچه عسکر برمک غه مُکلّف ایدی لر.[188]

غرب ایلیک خانلیقی نینگ اداره شکلی قاراخانلیق نینگ باشقه منطقه لریده کی اداره شکلی دین فرقلیغ ایدی. ماوراءالنهر اولکه لری اوزون دین بری اسلام حکومت لری نینگ قولیده بولوب یرلیک داخلی مستقل خانلری یوق ایدی؛ هر یرغه والی و حاکم و باشقه مأمورلر مرکزدین تعین قیلینماق اصولی غه تابع یاشاب کلگه ن اولکه لر ایدی. بو اولکه لر قاراخانلر دولتی نینگ قولیغه توشکه ندین کین هم ایلیک خانلر و کینکی تاوغاچ قاراخانلر هم مذکور اصول بیله ن اداره قیلدیلر. عمومی اداره ایشلری و مالیات و عسکری ایشلرنی انتظام و مراقبت استیده توتماق و دولت غه تابع کیچیک خانلیق و بگ لیک لر نینگ اطاعتی نی تأمین قیلماق مقصدی بیله ن تمام قاراخانلیق مملکت لری تولا ولایتلر غه تقسیم قیلینغان ایدی. هر ولایتده قاراخان

لر ویا ایلیك خانلر طرفی دین مُمَثِّللر، مالیه مأمورلری، قاضیلر، عسکری منصبدارلر و کافی درجه‌ده عسکر قویولور ایدی. ولایت‌نی ایل دییلور ایدی (٤١نجی خریطه‌ده ایللرنی کورساتیلدی). قاراخانلیق اؤلکه‌لریده مُکمّل بیر عمومی پوسته خذمتی بار ایدی. ینه مهم حادثه لرنی مرکزغه ویا مرکزدین اوزاق منطقه‌لرغه و حدودلرغه ایتیك لیك بیله‌ن یتکوزمك اوچون کاشغر و بلاساغون و تمام حدود اراسیده منتظم بیر چیلیغ اؤستیغه قتار قیلیب مناره‌لر یاسالغان ایدی. مهم خبرلرنی بو مناره‌لر اؤستیده‌کی تعین قیلینغان ادم‌لر کوندوزده بایراق حرکتی بیله‌ن، و کیچه‌ده اوت یاقماق بیله‌ن، ینه بیر مناره اوستیده‌کی‌لرغه بیلدورور ایدی‌لر. اولر ینه بیر مناره اؤستیده‌کی‌لرغه بیلدورگه‌ن صورتده اڭ اوزاق حدودده واقع بولغان مهم حادثه لرنیڭ خبری بیر ایکی کون ایچیده پایتختغه اڭلانور ایدی. منه بو خبر واسطه‌سی تقریباً حاضرقی عصریمیزده‌کی تلگراف نیڭ خذمتی‌نی قیلور ایدی. حاضرده بو مناره‌لردین تولاسی موجود دور. بولرنی جنوب اؤلکه لرده تیم، شمال و شرقده تور ویاکه تورا دییلمکده دور.[189]

## حربی تشکیلات

قاراخانلر اۆز اطاعتلری‌نی قبول اتکه‌ن تورك قوملری دین مالیات و عسکر الور ایدی‌لر. بو قانونده مُسلِم و غیر مُسلِم نیڭ فرقی یوق ایدی و بو سیاست سایه‌سیده خزانه‌غه مهم واردات کلگه‌ن ده‌ك تولا جنگاور و شجاعتلیك عسکرلر غیر مسلم و جنگجوی قبیله لردین کلور ایدی. بو اوچون قاراخانلر مسلمان و غیر مسلمان تورك لردین مرکب غایت منتظم و قوّتلیك عسکرغه ایگه ایدی‌لر. نهایت یخشی بیر عسکری تشکیلاتغه ایگه ایدی‌لر. بو تشکیلات حرب فنی اعتباری بیله‌ن اشبو تورت قسم دین عبارت ایدی: (١) هجومچی قوللر ترتیباتی (٢) کیچه‌ده دشمن قاراوللری‌نی تویغوسوز توتوب الماق اوچون مخصوص قطعه‌لر ترتیباتی، (٣) عسکرنی دشمن هجومیدین و کیچه



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

باسقونی دین ساقلاماقغه مخصوص ترتیبات ، (٤) لوجیستیک ترتیباتی عسکرنیڭ مقداری و ارزاق تقسیماتی مخصوص دفترلرغه یازیلیب بک اچوق و منتظم بیر شکلده حساب توتولور ایدی.

قاراخان‌نیڭ رسمی و مخصوص بایراقی آل رنگ لیک ایپک شابی دین توقولغان توقوز دانه بایراق ایدی. ال رنگ ده شایی دین تیارلانغان بیر کونلوک قاراخان‌نیڭ باشیده توتولور و توقوز دانه بایراقی تورت یانیدین کوتاریلور ایدی. بو مناسبت بیله‌ن قاراخانی توقوز توغلوق خان دییلور ایدی (توقوزعددنی مبارك بیلمك قدیم زمانه دین اوشبو زمانه میزغچه دوام قیلغان ملّی عنعنه لردین دور).

قاراخان‌نیڭ توبنیده‌کی خانلرنیڭ بایراقلری هم ال رنگلیك بولوب عددی توقوزدین آز بولور ایدی. قاراخانلرده عسکری موزیکه لر بار ایدی. حاضرقی دومباق کارنای و سورنای لریمیز او وقت نیڭ عسکری موزیکه‌سی دین قالغان بیر نمونه دور. قاراخان عسکرلری‌نیڭ اوروش وقتیده جبهه و مرکز آراسیده بیر خصوصی پوسته لری بولور ایدی.[190]

**قاراخان لردوریده شرق وغربی توركستان نیڭ مدنیتی**

قاراخانلر دوریده غربی توركستانده مدنیت نیڭ منتها درجه‌ده انکشاف تاپقانی تاریخ کتابلریده غایت روشن معلوم دور. سمرقند، بُخارا، مرغینان، اوزکند شهرلری او زمانه نیڭ اڭ معروف مدنیت و علم مرکزلری ایدی. بو اولکه لرده قاراخانلر نیڭ بنا قیلدورغان جامع و مدرسه و مزار گنبذلر و حکومت بنالری، یوللر کوپروکلر و سرای و لنگرلر غایت تولا ایدی. بو بنالر نیڭ و اثرلر نیڭ بعضی سی نیڭ خرابه لری حالا هم موجود دور. اما شرقی توركستان‌نیڭ او وقتده‌کی مدنیتی و ابادلیقی دین اسلام تاریخ لری‌نیڭ تولا راقی مجمل و قسقه و یراق‌دین اڭلاغان معلوماتنی بسرا دور. لیکن شرقی توركستان خلقی دین بولغان ویا کوزی بیله‌ن کورگه‌ن

مُشاهِدلرنيڭ روايتلرى وبو عصريميزده كشف بولغان اثرلرغه كوره قاراخانلر دورى مدنيت و ترقى يوزيدين شرقى توركستاننيڭ آلتون دورى ايكه‌نليكى ثابت بولماقده دور . بناءً عليه او دوره‌ده‌كى مختلف مدنيت اثرلرىنى باشقه باشقه عنوانلر استيده ذكر قيلاميز .[191]

## علم

قاراخانلر نيڭ مدرسه لريدين اسلامى علملرده، فلسفه واجتماعيات علملريده غايت تولا مُتَبَحِّر عالملر چيقغان ايدى . گرچه تاريخ كتابلرى او زمانه لرده يتيشكه‌ن عالملرنيڭ اتلرى و ترجمه حاللرىنى بك از بيان قيلسه‌مو بيزغه ترجمه حاللرى و اثرلرى معلوم بولغان شرقى توركستان عالم، فيلسوف و اديبلرى از بولسه هم بولرنيڭ اسلام عالميده مثلى كورولمگه‌ن ذاتلر بولغانليقى او زمانه ده شرقى توركستانده علم ترقى‌سى منتها درجه‌ده بولوب عُلَمانيڭ غايت تولا ايكه‌نليكى‌غه اڭ قوّتليك دليل دور .

اسلام فيلسوفلرىنيڭ اڭ چوكى سانالغان و انيڭ علم رتبه‌سى‌غه هيچ كشى يېتالمگان فارابليغ ابو نصر محمد شرقى توركستانليغ دور . بو ذات بالاساعون ياقينيده‌كى تالاس ايلى‌غه تابع فاراب شهرى‌دين بولوب اولوغ ترخان اتليغ بير قارلوق اصيلزاده‌سى نيڭ اوغلى دور . بو ذات تحصيلى‌نى تالاس بالاساغون و كاشغر مدرسه لريده تكميل ايلاگاندين صوڭره اسلام عالميده سياحت قيليب بغداد ، شام و مصر فيلسوفلرىنى حيران اتتى و اڭا اسلام فيلسوفلرى ايكنجى ارِسطو عنوانى‌نى بردى‌لر . بو فيلسوف نيڭ منطق‌ده تاءليف قيلغان كتابلرى و "احصاء العلوم و التعريف باغراضها" اتليغ نظيرسيز انسيكلوپيد ياسى و "السياسته المدنيه" اتليغ كتابى و باشقه تولا تاءليفلرى زمانه ميزغچه قالميش دور . مشهور اسلام حكيمى بولغان بخارا توركلريدين ابو على بن سِينا علملرىنى فارابى نيڭ كتابى‌دين توپلاغانى‌نى بيان قيليب دور . فيلسوف فارابى ، هر



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

علمده نظیر سیز بولغاننیڭ اوستیغه موسیقی ده هم بیر ایجادچی درجه‌سیده اوستا ایدی. بوگون‌غه قدر انیڭ سِرّی‌غه موسیقی عالملری واقف بولالمغان. تیڭلاغوچی‌لری‌نی کولدورمك، بیغلاتماق و اوخلاتماق تاثیرلری‌نی بیرادورغان صورتده نغمه‌لر چالور ایدی. قانون نی اوشبو فارابی ایجاد قیلغان دیگه‌ن روایت‌لر بار دور. فارابی یتمش دین اشوق تیل بیلور ایدی. بوکشی شونچه علم و فضائلی‌بار توروب هیچ بیر منصب و رتبه قبول اتمگان وحتتا بیر اوّی هم توتمای حقیقی بیر زاهِدلیق بیله‌ن دنیادین اوّتکان. او خلق‌نیڭ صحبتی‌دین طبعاً قاچور ایدی و تولا وقت‌لر یالغوز سو بوی لریده و درخت‌لر آراسیده اولتوروب کتاب‌لری‌نی یازار ایدی. تولا راق عمری‌نی بغداد شام و مصرده اوّتکوزسه‌مو تورکلوك عالمی‌غه غایت چوقور علاقه‌سی بار ایدی. وفاتی‌غچه تورکچه کیم کیدی و سکسن یاشیده شام ده وفات اتتی.[191]

فقه، تفسیر و حدیث علم‌لریده امامعنوانینی الغان عالم‌لر خیلی تولا ایدی. امام محمد فقیه بالاساغونی، امام علاالدین خوته‌نی بو جمله دین دور.[193]

ادبیات‌غه کلسك، تورك یورت‌لری‌نی سیاحت قیلب تورك لغت‌لری و خلق ادبیاتی‌نی توپلاب دیوان لغات‌الترك اتلیغ بیر قاموس تألیف قیلغان محمود بن محمد، کاشغرنیڭ چوڭ عالم و ادیب‌لریدین دور. بو قاموس او زمانه‌ده هیچ مثلی یوق ویگی ایجاد صورتی بیله‌ن تألیف قیلینغان بیر کتاب ایکه‌نلیکی تاریخ بیلگه‌نلرغه معلوم دور. شعر و ادبیات بابیده و تورك لغتی‌غه جامع‌لیق وتورك لر نیڭ اجتماعی مرتبه لری‌غه تیلماچ لیق‌ده مثلی یوق قوتا تغوبیلیك اتلیغ منظومه کتاب هم بیر بالاساغونلوغ بولغان یوسف تایانغوتیڭ تألیفی دور.[194]

## ابادليق

قارخانلر دوريده شرقي توركستان حاضرقي دين نچــه حصه زياده اباد ايدى. او وقتده بار شهرلردين تولا راقي حاضرده يوق دور. بو شهرلرنيڭ بعضى سى نيڭ خرابه لرى بار و آت لــرى معلوم دور. بعضى سى نيڭ اتى هم اونوتولميش دور. و تاريخ خبـر برگه‌ن بير مونچه شهرلرنيڭ حاضرده خرابه لرى‌هم قالمابدور.

تاريخ رشيدى‌نيڭ موءلفي اۇزى‌نيڭ سياحتى‌ده شرقي توركستانده كورگه‌ن شهر خرابه‌لرى و مناره، گنبذ، جامع و مدرسه خرابه‌لرى خصوصيده اوزون بيانات بيرادور. بو شهرلردين تاريخده‌اتى بار و يرلرى تحقيقي ويا تقريبى صورتده بيلينگه‌نلرينى ١٤ - خريطه ده كورسه‌تيلدى.[195]

قاراخانلر دوريده يوللر، اوستَكْ لر، هرقسم عمارتلر، جامع‌لر، مناره لر و مدرسه لر غايت تولا بنا قيلينميشدور. خصوصاً كاشغر، ختن، كوچا، بالاساغون و بارسغان شهرلرى‌ده غايت معظم ابادليق نمونه لرى ايدى. قوچو، بش‌بليق، ايلى‌بليق، چوڭ بليق و كنگيت شهرلرى قاراخانلر دورى‌نيڭ بك چرايليغ ابادليق منظره لرى‌نى بوكون‌غچه ساقلاماقده دور. او زمانه‌ده يگرمه‌دين اشـــوق شهرلرى بولغان ختن ولايتى‌ده حاضرده يالغوز التهغينه شهربار دور.[196]

## صناعت

قديمدين‌صناعت‌ده نهايت اوستا بولغان شرقي تــوركستانليغلر قاراخانلر دورى‌ده صناعت‌ده تولا ترقي قيلدى‌لر. ايپك قورتى يتيشتــورمــك، ايپك تيارلاماق و ايپك دين شايى، اطلس و بَقَسَم توقوماق قاراخانلر دوريده رواج تاپتى. معمارليق صنعتى قاراخانلر دوريده كماليغه يتكه‌ن ايدى ديسك جايز دور. چونكه او وقت ده بنا قيلينغان جامع، مدرسه، مناره، گنبذ، حمام و باشقه عمارت



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

لرنيڭ خرابه لری‌ده کورولگه‌ن اوستالیقلر بوگا شاهد دور . ختن نیڭ یاقینی ده کشف بولغان آلتون سیرلیغ عمارتلر و کاشی‌لیغ رواقلر، کاشغر حوالی‌سیده کشف بولغان قاراخانلر نیڭ مزارلری‌نیڭ خرابه لری ده‌کی صنعت اثرلری یوقاریقی سوزومیزنی اثبات ایتادور .

بو معمارلیق اثرلری‌نیڭ بوگونغچه اوز حالی بیله‌ن ساق قالمغانی‌نیڭ اچوق ایکی سببی باردور. (۱) بو عمارتلرغه تاش ایشلاتیلمای پیشیغ کسکدین و یاغاچدین بنا قیلینغانلیقی دور. (۲) قاراخانلردین کین شرقی‌تورکستانغه غایت متعصب و یقغوچی بولانچی لرنیڭ تولا هجوم لری‌دور .

ختن، کریا، چرچن، کاشغر، اوچتورپان، کوچا قاراشهر، تورپان، قومول و اوچ‌ال (دونگخواك و انشی) اطرافیدین کشف بولغان ایپك، یوڭ و بوز کییم‌لیك پارچه لری و خصوصاً یوسف قدرخان زمانه سیده ختن‌ده شهید بولغان اسلام عسکرلری‌نیڭ کفن‌لری‌غه کوره قاراخانلر دوریده کییم توقوماقده‌کی تورك لرنیڭ مهارتی تقدیرغه‌لایق دور . او دوره‌ده یاسالغانلیقی معلوم بولغان التون، کموش، باقر و توچ‌دین یاسالغان هر قسم زینت اسباب لری، حرب آلت‌لری، اوی اسبابی، زراعت آلت‌لری و خصوصاً قاش‌تاش‌دین یاسالغان بلیزوك، یوزوك، کمر توقالری، آیاق، تخسه و پیاله لر بو صناعت‌لر نیڭ انکشافی و هنرمندلرنیڭ سلیقه لری‌نیڭ ترقی قیلغانی‌نی کورساتادور .

کانچی‌لیق صناعتی حاجت‌دین زیاده درجه‌ده آشقانلیقی شرقی‌تورکستان‌دین یات مملکت‌لرغه او دوره‌ده آلتون، باقر و قاش‌تاشی ساتیلغانی‌دین معلوم دور . قاراخانلر و ایلیك خان لر نیڭ آت‌لریده باستورولغان آلتون، کموش و باقر یارماقلر پترسبورگ، برلین، لندن، موزه لریده بار دور . ستانلی‌لین‌پول، قاراخان لر نیڭ و ایلیك خانلر نیڭ ات‌لری و جلوس و وفات تاریخ لری‌نی مذکور موزه لرده‌کی یارماق لردین الغانی‌نی یازادور .

شرقی تورکستاننیڭ التی شهر و تورپان اولکه لرینی کورگەن کشی بیر قاراشتا بو یورتلر نیڭ تماماً یاساما اۆستڭ و اریقلردین سوغاریلیب اباد بولغانینی و بونیڭ سیز بو اۆلکه لرده ابادلیق امکانسیزلیقینی کوراددور . بو کورمك بویورت خلقی نیڭ نچه میڭ ییلدین بری شهر و کنت حیاتی (زراعت ، صناعت و تجارت )بیلەن یاشاغانلیقینی تاٴملسیز بیلمکیغه یترلیك بیر دلیلدور .

حاضرده آباد یورتلردەکی اۆستڭ ، اریق و آزمالرنیڭ تولا راقی قاراخانلر دوریده زراعت ایشلرینی آسانلاشتورماق اوچون وجودغه کلتورگەنلیکی معلوم دور . حاضرده ویران بولغان و قاراخانلر دوریده آباد یورتلردەکی حدسیز تریم ایزلری اۆستڭ و آزما ایزلری نیڭ تولالیقی او وقتده زراعت نیڭ غایت تولالیقی و نهایت ایلگیرلیگەنلیکینی اچوقچه کورساتادور . سوسیز یرلرنی زراعت قیلماق اوچون تاغلرنی تشیب سو اوتکوزمك و کاریزلر کاولاماق او زمانەده بك رواج تاپقان ایدی . مذکور تاغ تشوك لری و کاریزلردین زمانەمیزغچه قالغانی تولادور . آشلیق زراعتلریدین باشقه کِیوَز ، هر قسم اوتیاش ، بیدە ، چیگه گیاهلری و یاغلیغ اوروغ تولا تریلور ایدی . باغچیلیق منتهادرجه ده رواجلیغ ایدی .

شرقی تورکستاننیڭ ایچیده جنوب یورتلریدین هر قسم مصنوعاتنی شمال یورتلریغه کلتوروب حیوانات و معدنیاتغه ساتماق، و بوڭا مناسب کاروان تجارتلری و دوکاندارلیق غایت مُرَوَّج ایدی . (کاروانچی سوداگرلرنی ارقیش و دوکاندارلرنی کبتچی دییلور ایدی ) . چین ، تیبت ، غربی تورکستان ، ایران و هندستانغه کاروانلر شرقی تورکستاندین صناعت و کان محصولاتی و حیوانات الیب باریب ساتار ایدیلر . چیندین ایپك کییم لیك لر و چِینی ، و هندستاندین اَدویه و رنگ الور ایدیلر . خصوصاً هندستان و تیبت



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

تِجارتی ختن تُجارلری نیكْ انحصاریده ایدی. الحاصل قاراخانلر دوریده‌كی تینچ‌لیق سایه سیده تجارت ایشلری بك ترقی قیلیب آسیا نیكْ شرقی و غربی آراسیده‌كی تجارت شرقی توركستان تُجارلری نیكْ انحصاریده بولغانده‌ك ایدی. قاراخانلر تجارت و سیاحت سفرلری نی آسانلاشتورماق اوچون چوكْ یوللرده قودوق و پناگاه‌لر بنا قیلدور دیلر و یولارچی‌لرنیكْ ییمك لری‌نی و اولاغ‌لری‌نیكْ اوت و یَم لری‌نی تیارلاماق و هر ایشده راحت‌لری‌نی تأمین قیلماق اوچون مخصوص لنگرچی‌لر تعین قیلغان ایدی. بو لنگرلردین خصوصاً چۆل‌لرده بنا قیلینغانلری‌غه مهم مقدارده وقف یرلر تعین قیلغان ایدی‌لر. بو لنگر و وقف لردین زمانه میزغچه قالغانلری تولادور. چۆل‌لرده‌كی یول‌لرده یولارچی‌لرنیكْ اُزیب كتمكدین ساقلانماقی اوچون یول‌لرغه یاغاچدین علامت‌لر تیكلاتور ایدی‌لر. بو علامت‌لرنی اوُلا بعضی یرده ایلاد بیلور ایدی. قاراخانلر دوریده یاسالغان شخصی عمارت‌لر نیكْ خرابه لریده كورولگه‌ن آلتون سیزیغ‌لر و جواهرده كوز قویولوب یاسالغان آلتون و كموش یامبولر و جواهر بیله‌ن زینت بیریلگه‌ن كییم‌لر غه كوره او زمانه‌ده شرقی توركستان خلقی نیكْ تاریخده كورمیگه‌ن بیر درجه‌ده بای بولغانلیقی معلوم بولادور.

**قاراخان لر دوریده شرف عنوان لری**

قاراخانلر نیكْ مختلف عنوانلری بار ایدی. شجاعت بیله‌ن مشهور بولغان ویا چوكْ اوتوق تاپقان قاراخانلر بوغرا خان ویا قاراخان ویا توگْگاخان (قاپلان دیمكدور) عنوانی‌نی آلور ایدی لر. مركزیتی‌نی قوتلاندورماق و دولت‌لر آراسیده سیاسی موقعیتی نی تَقویه اتمكغه موفَّق بولغان قاراخانلر قدِرخان (مقتدر نفوذلوغ دیمكدور) عنوانی‌نی الور ایدی لر. اوّتكور و قرارلیغ بولغانلیقی‌غه

اشارت بولماق اوچون قلیچ خان عنوانی‌نی الغان قاراخان و خان‌لر هم بار ایدی‌لر . علم‌ده شهرتی بار قاراخان‌لر کوّل بیلگه‌خان (تکْری ده‌ك عالم)عنوانی بیله‌ن یاد قیلینور ایدی لر .

قاراخان خاندانی‌دین بولغان شهزاده‌لرنی عموماً تکین دییلور ایدی . بعضی‌سی‌نی تریم عنوانی بیله‌ن هم یاد قیلینور ایدی . یوره‌کلیگلیکی بیله‌ن تونولغان شهزاده لر توگْگا تکین (قاپلانده‌ك یوره‌کلیگ) یاکه الپتکین (پهلوان شهزاده) یاکه یاغان‌تکین (فیل ده‌ك قوّتلیك)عنوان‌لری بیله‌ن شرفلانور ایدی‌لر . قاراخان خاندانی‌دین بولمسه‌مو دولت‌غه فوق‌العاده مهم حربی خذمت‌لر قیلغان اصیل‌زاده لرغه هم الپتکین عنوانی بیریلور ایدی لر .

دولت ادم لریدین وَزیرنی یُوغرُوش دییلور ایدی . ایشیك آغاسی یعنی دربار وزیرینی تایانغو (قاراخان و رعیه اراسی ده اعتمادلیغ کشی دیمکدور)، مملکت نیكْ بیر قسمی‌ده قاراخان‌نیكْ نایبی بولغان تکین‌نی ایلیك خان دییلور ایدی . داخلی استقلال‌غه ایگه بولغان یرلیك خانلردین بیرنجی درجه‌ده‌کی‌سی چووی ، ایکینجی درجه‌دکی‌سی یابغو ، اوچونجی درجه‌ده‌کی‌سی توقسین ، تورتنجی درجه‌ده‌کی‌سی باشقان ویا بوشقان ویا بوشقا عنوان‌لری‌غه ایگه بولور ایدی لر . یرلیك خان‌لردین یالغوز اویغور خانی ایدیِقوت عنوانی نی کوترمکده ایدی . قاراخان‌لر نیكْ خصوصی کاتبی‌نی اَلِمْغا دییلور ایدی .

عسکر منصبدارلری‌نی عموماً باشقان دییلور ایدی . سوُباشی ، باش قوماندان ویا جبهه قوماندانی غه مخصوص بیر عنوان ایدی . قهرمانلیقدا اوْنسالغان عسکرغه برینجی درجه‌ده آلپ و ایکینجی درجه‌ده سوقمان دییلور ایدی . هر ایکی‌سی پهلوان دیمکدور .

یورت اصیل‌زاده لری‌غه برنجی درجه‌ده تَرْخان ایکنجی درجه‌ده بگ ، اوچونجی درجه‌ده بای عنوان لری بیریلور ایدی .[197]



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## قاراخان لر دوریده تورك تیلی وادبیاتی

قاراخانلر دوریده هر ایشده تورکلوك و تورك عنعنه لری کاملاً محافظه
اتیلگه‌نده‌ك تورکچه تیل هم غایت یخشی ساقلانماقدا ایدی. دو
لت نیك رسمی تیلی خالص تورکچه ایدی. شرقی تورکستان مُحررلری
یات کلمه لرنی ایشلاتمکدین طبعاً قاچیب یات یورتلردین کلگه‌ن نرسه
لرغه تورکچه ات قویار ایدی‌لر واڭ بینچیکه فکرلرنی افاده قیلماق او
چون تورکچه کلمه لر ایجاد قیلماقغه کوشش قیلور ایدی‌لر. بو دوره‌ده
ادبیات تولا ترقی قیلغان ایدی. اغیزده‌کی خلق ادبیاتی دین باشقه
نهایت بای بیر مکتب و تألیف ادبیاتی بار ایدی. خالص تورکچه‌تیل
ده دینی وادبی نظم و نثر تولا کتابلر تألیف قیلینغان ایدی.
منه بو صورت بیله‌ن خالص تورکچه ادبی تیل بار ایدی.

تمام رسمی یزیشما، دفترلر، خلق اراسیده‌کی وثیقه لر
و معامله دفترلری خالص تورکچه بولوب اویغور الفباسی بیله‌ن یازیلور
ایدی. دیمك که او دوره‌ده عربچه الفبا رسمی صورتده و خلق اراسیده
عمومیت صورتی‌ده قبوُل قیلینمغان ایدی. تولا راقی دین کتابلری بولوب،
یازما اثرلرنیڭ همه‌سی اویغور الفباسی بیله‌ن یازیلور ایدی. فقط
عُلَما و بعضی کته لر عربچه و فارسچه بیلور ایدی. بو تیل‌لرده یازیلغان
کتابلر عربچه حرف بیله‌ن یازیلور ایدی.

قاراخانلرنیڭ آخیرقی دوره لریده تورکچه سوزلرنی
و کتابلرنی عربچه حرفلر بیله‌ن یازماق رواج تاپتی. لیکن ترکیب اعتبا
ری بیله‌ن عربچه یزیش قاعده‌سی بیله‌ن یازیلماقنی قبول اتیلمدی، بلکه
اویغور املاسی بوینچه حرکت قیلیب ، مفتوح (زَبر) یریغه "ا" ،
مضموم (پیش) یریغه "و" ، و مکسور (زیر) یریغه "ی" حرفلری
یازیلماق صورتی بیله‌ن قبول اتتیلر. بو قائده‌زمانیمیز ده مو قوللا
نیلماقتادور. مثلا : برگان ، تورسون ، قیلدیم ، کلمه لریده
بو قائده شونداغلا ایشلا مکده دور.

چونكه اگر عربچه املا قاعدەسی بیلەن بوكلمه لرنی یازار بولساق؛ بەرگن، ترسن ، قلدم شكلی بیلەن یازیلادور . اما هرحالدە قاراخانلر دوریدە عربچه حرف لر رسمی صورتدە هیچ قبول اتیلمادی و تا دولت ییقیلغونچه رسمی یازیشما دایما اویغور حرفی بیلەن ایدی .

قاراخانلر دوریدە خالص تورکچه تیلدە نظم و نثر بولوب هر موضوع دە تولا كتاب لر تألیف قیلینغانی انیقدور . لیكن بو اثرلردین ایكی‌سی زمانه میز غچه كلیب دور . بیری ، قوتاتغو بیلیك (بخت سعادتەغه یتكوزگوچی علم) دور . بوكتاب تماماً منظوم بیر اثر بولوپ ٦٥٤٥ بیت (١٣٢٩٠ مصراع) دین عبارت دور . خالص تورك تلیدە یازیلیبدور . پوتون كتاب دە یوز دین ازراق عربچه كلمەلربار دور . هر قسم مسئله لر حقیدە تولا قیمتلیك فلسفی و اجتماعی ملاحظه لرغه مشتمل بیر كتاب دور . بو دورەدە شرقی توركستان دەكی مسلمان تورك جامعەسی نیڭ مدنیت یوزیدین تولا ترقی دە ایكەنلیكی نی بو كتاب دە كورساتیلادور . بو كتاب نی، اصلی بالاساغونلوغ بولوب كاشغردە قاراخان نیڭ تایانفوسی (خاص حاجب یاكه ایشیك اغاسی) بولغان، یوسف خاص حاجب ٤٦٢ هـ (١٠٦٩م) دە یازیب بو تاریخدین كیین غرب تاوغاچ قاراخانی بولغان ابوعلی حسن بوغرا تاوغاچ قاراخان نیڭ حضوری‌غه هدیه تقدیم اتكەن ایدی . بو كتاب نی تماماً اویغور الفباسی بیلەن یازغان ایدی[198] .

ینه بیری ، دیوان لغات الترك دور . بو كتاب كاشغر عالملریدین بولغان محمود بن محمد نیڭ تورك تیلی و ادبیاتی نی توپلاماق اوچون تورك یورت لریدە بیر نچه ییل سۆرگەن اوزون سیاحت لری نتیجه سیدە توپلاغان تورك لغتلرینی ایچیغه الغان بیر سۆزلوك دور . دنیادا او وقت غچه كورولمگەن بیر طرزدە غایت منتظم و ترتیب لیك شكلدە اوچ جلد تألیف قیلینغان بو سوزلوك توركستان مؤلف لری نیڭ تألیف قابلیت لری‌نیڭ اۆستون لیكی نی كورساتادور . بو سۆزلوك دە بیر توركچه لغت نی یازیب انی عربچه غه ترجمه قیلینیب دور. كوپون چه بیر تورك بیتی ویا بیر مَثَل نی مِثال صورتی دە كلتورادور . بو



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

صورت بیله‌ن هم قدیم تورك لغتی‌نی و هم خلق ادبیاتی‌نی‌کورسه‌تکه‌ن فوق‌العاده قیمت‌لیك بیر کتاب دور.[199]

بوکتابنی‌عربچه چوشه‌ندوروش‌بیله‌ن‌یازماق‌نیك سببی‌بو دور: او زمانده عباسی خلیفه لیکی‌نیك دولت‌آدم لری‌نیك تولاراقی تورك بولوب عسکر و مأمورلر نیك قسم کُلّی‌سی تورك بولغانی اوچون خلیفه لر و عرب لر نیك تورکچه تیل‌نی بیلمك غه حاجت‌لری بك زیاده بولغان ایدی. بناءعلیه محمودبن محمد بو اثرینی تورکچه-عربچه لغت‌کتابی شکلیده تألیف قیلیب او زمانه‌ده‌کی خلیفه المقتدی بامر الله عباسی‌غه هدیه قیلغان ایدی.

اوترا زمان لرده تورکستان‌ده تورکچه تیل نیك ایچیگه یات کلمه لر خصوصاً عربچه و فارسچه کلمه لر کیریب قالغان و بونیك اؤستیغه تا زمانه میزغچه اؤتکه‌ن مُحرر، مؤلف و شاعرلر یات تیل کلمه لرنی اثرلریده تولا ایشلاتکه‌ن سبب دین تورکستان‌ده کوپ نرسه لر نیك تورکچه آت‌لری اونوتولوب اورنیغه یات‌کلمه لر ایشلاتیلمکده‌دور و بو اونوتولغان گوزه‌ل تورکچه کلمه لر دیوان لغات‌الترك ده تاپیلادور. بو هر ایکی کتاب تورکیه‌ده و بیر نچه اوروپا مرکز لریده باستورولدی و تورك تیلی‌نی و ادبیاتی‌نی تدقیق قیلادورغان تیل‌عالم لری‌نیك اك ایشانچلیك مرجع‌لری اوشبو ایکی کتاب دور. بو ایکی اثر، حاضرقی تورك تیل‌لرینك اصلاحی جهتیده اهمیلیك خذمت‌لر قیلغوسیدور.[200]

**قاراخان لرنیك همعصر دولت لر اراسیده کی سیاسی موقعی**

قاراخان لر نیك عباسی خلیفه لر بیله‌ن مناسبت لری‌گه تگیشلیك معلوماتیمیز یوق. او زمان‌لرده خلافت مرکزی‌نیك سیاسی نفوذی قالمغانلیقی بیلانادور. اما قاراخان‌لر نیك اوّلقی دوره لریده عربی تورکستان، افغانستان، و ایران‌غه سلطنت قیلادورغان سامانی

دولتی بیلەن قاراخانلرنیڭ مناسبتلری باشتا دوستانە ایدی. او دولتنیڭ یقیلیش دورە سیدە هارون بوغرا قاراخان بو مناسبتنی ترك اتیب مذکور دولتنی ییقیتیب اڭا وارث بولغانی یوقاریدە اوتتی. مونداین کین قاراخانلر اسیا دولتلرینیڭ اڭ اصیلی و برنجی درجەدە معنوی نفوذ صاحبی بولغان یگانە خاندان دیب تونولدیلر.

او زماننیڭ اڭ قوتلیك اسلام حکمداری سلطان محمود و اوغلی سلطان مسعود، قاراخانلرنی اۆزلریدین یوقاری بیر اصالت رتبە سیدە کوروب تولا احترام قیلور ایدیلر. قاراخانلر بیلەن یخشی مناسبتدە بولماقغە کوب اهمیت برور ایدیلر. سلجوقی سلطانلری مو قاراخانلرنی عمومی تورك جامعەسینیڭ امپراطورلری تلقّی اتیب بك احترام قیلور ایدیلر. شرقدەکی تاڭغوت خانلری و خیتای خانلری رسماً قاراخانلرغە تابع بولمسەلرمو اۆزلرینی قاراخانلردین توبَن درجەدە کوروب دایما معین بیر مقداردە مالیات و سوغاتلر برمك صورتی بیلەن قاراخانلرنیڭ تعرضیدین ساقلانماق و اولرنیڭ دوستلوقینی، بیر معنوی نفوذلری آستیدە بولماق صورتی بیلەن، تأمین قیلماقدە ایدی. دیوان لغات الترك نیڭ بیانیغە کورە قاراخانلر چین امپراطورلریغە اویغورچە حرف بیلەن تورکچە مکتوب یازار ایدی، و چین امپراطورلری مو قاراخانلرغە اویغور حرفی بیلەن تورکچە مکتوب یازار ایدی. بو روایتغە کورە قاراخانلرنیڭ چین امپراطورلری اوستیدە هم بیر معنوی نفوذی و چین امپراطورلریدین بولرنیڭ سیاست اعتباری بیلەن یوقاریلیقی ثابت بولادور. منە بو همعصر دولتلر اراسیدە قاراخانلرنیڭ عموماً بو یوقاریلیقینیڭ اڭ مهم عاملی، عسکری و اقتصادی کوچ و سیاسی اعتبار بیلەن قاراخانلرنیڭ همەدین کوچلوغراق ایکەنلیکی معلوم دور. اما مع الأسف قاراخانلرنیڭ بو سیاسی شوکت و موقعلریغە یتکەنلیك لریغە عامل بولغان واقعە و احواللرینی قناعت برگودەك مفصل صورتدە تیخی بیلمایمیز.[201]




ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

## قاراخان لر و اولردین ایلگریکی چوڭ تورك دولت لری نیڭ ییقیلغانلری نیڭ سبب لری خصوصیده بیر ملاحظه

هون لر، جوجان لر، یفتل لر، کوك تورك لر، تورکش لر، اویغورلر و قاراخان لرده ك تورك عالمیده چوڭ دولت قورغان خاندان لرنیڭ اڭ اوزونی اوچ تورت یوز ییل دین اشوق دوام قیلمای ییقیلغان لری تاریخده کورولمکده دور. بو دولت لرنیڭ هر بیری نیڭ ییقیلماقی نیڭ آیریم و مختلف سبب لری بولماقی طبیعی دور. لیکن بعضی عصری مورخ لرنیڭ ملاحظه لری غه کوره بو دولت لرنیڭ اوزون دوام قیلالمغانی نیڭ اڭ مهم سببی بیر دور و او سبب بو دور: قدیم زمان لردین باشلاب استقلال و هر ایش ده آزادلیق، تورك جامعه سی نیڭ هر بیر فردی نیڭ نظریده هر نرسه دین عزیزراق بیر حقی ایدی. بو اوچون چوڭ حکمدار بولغان ذات هر اولکه دکی یرلیك خان لرنیڭ و هر قبیله نیڭ اوزبگ لری نیڭ استقلالی نی احترام قیلماق یالغوز یات دشمن لرنیڭ مقابلیده تورك قوم لری نیڭ بیر بایراق آستیده بیرله شکه نیغه قناعت قیلماق غه مجبور ایدی. یرلیك خان لر و بگ لر تمام ایچکی ایش لریده مستقل بولوب چوڭ حکمدارنی فقط تورك قوم لری نیڭ بیرلیکی و موجودیتی نیڭ حامی سی نظری بیله ن کوروب حرمت بیله ن اطاعت قیلور ایدی. و بو نیڭ اوستیغه عالی حکمدار عائیله سیدین بولوب یراق ال لر نیڭ اداره سیغه مأمور بولغان نایب اوز ایش لریده کامل مستقل بیر حکمدار صفتی بیله ن سلطنت سورور ایدی لر. داخلی، خارجی، عسکری، مالی ایش لر تماماً مذکور نایب لرنیڭ اختیاری و صلاحیتی استیده قویولور ایدی. بو خانلیق و نایب لیق منصب لری هر خان نیڭ و نایب نیڭ اوز اولادی غه میراث قالور ایدی. منه قدیمدین اعتباراً تورك دولت لری نیڭ اداره عنعنه لری شونداغ بولوب هر کیم بو عنعنه غه عمل قیلماق نی بیر انسانیت حقوقی ایجابی دیب عقیده اتمکده ایدی. بیر دولت قورولوب آرادین زمان لر اوتکه ن چه نایب لردین یاکه یرلیك خان لردین بعضی حریص و خودبین لر چیقیب چوڭ حکمدارغه عاصی بولور ایدی لر. بو عاصی، اوّلدین اوز

منطقه سیده مختاریتگه ایگه بولوب عسکری، مالی و باشقه ایشلر اوز قولیده بولغاچ عصیانده موفق بولماقی اسان ایدی. ینه بیر طرفدین تورک جامعه سیده پراکندهلیك فرصتیغه منتظر تورغان قوشنه دولتلرنیڭ عاصیلرغه یاردم برمکی و دولتنی ضعیفلاشتورماقده فعالیت، کورساتمکیده مشکللیك یوق ایدی. الحاصل بواداره عنعنه سی داخلی مجادلهغه میدان برمك و خارجی دشمننیڭ هجوملریغه یول برمك نیڭ اڭ مهم سببی ایدی. و بو صورت بیلهن دولتنیڭ مرکزیی آسان ضعیفلاشیب داخلی ویا خارجیدشمننیڭ هجومی بیلهن دولتنیڭ ییقیلماقی طبیعیدور. بو کتابده واقعاتی بیان قیلینغان تورك دولتلری نیڭ تارقالیش و یقیلیش دورهلریدهکی حادثهلرنی اویلانسا هر دولتنیڭ ییقیلماقینیڭ اڭ مهم سببی اوشبو سبب ایکانلیکی کوزغه کورونادور.



اوستیده قارخانلر نیڭ علامتی بولغان بوغرا (توگه) نیڭ شکلی ایشلهنگهن آپتووا. ٨-ویا ٩ نجی عصر.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

## ۲ـ فصل

## شرق وغربی توركستان دا قاراختای دولتی

مانچور اۇلكەسی نیكٔ جنوب قسمی دە اولتوروغلوغ بیر تورك قبیلەسی بار ایدی. بولرنی قیتای دییلور ایدی و توركستانلیغ لر "خیتای" دیر ایدی لر. چین تاریخلریدە بولرنی لیاو دیمک نیكٔ سببی بولرنیكٔ حكمدار خاندانی بوعنوان نی الفانلیقیدیندور. بولرنیكٔ اصلی یورت لری حاضردە هم لیاو توكٔ دییلادور. قیتای قبیلەسی قدیم دین زراعت و تجارت بیلەن تریكٔلیك قیلادورغان تینچ بیر قوم ایدی. كوك تورك قاغانلیقی دوریدە بو قاغانلیقغە تابع ایدی لر. كین كی قوتلوق كوك تورك دوریدە قیتای لر مدهیش بیر اغتشاش چیقاریب قاپاغان خان بو اغتشاش نی تولا ترس لیك بیلەن باسیقتوردی. كوك تورك دولتی ایكنجی قتیم ییقیلغاندین كین قیتای لر اهستە اهستە قوتلانیب فرصت كلگەنچە یورت لری نی كنكٔروتمك غە كوشش قیلغالی باشلادی لر. شرق اویغور لری نی مغلوب اتكەن و مغولستان دە حكمدارلیق قیلماقدە بولغان قیرغیز دولتی بیلەن دایما سوقوش قیلماقدە ایدی.

۹ - عصرنیكٔ اخیریدە یوللی خان اتلیغ خان لری نیكٔ قیادتی آستیدە قیرغیز لرنی مغلوب اتیب اولرنیكٔ اورخون بوییدە كی پایتخت لری نی اشغال قیلدی لر و قیرغیز لرنی اوّلقی یورت لری بولغان یاما (ینی سی) بویی غە قوغلادی لر. بو صورت بیلەن یوللی خان اورخون بوییدە بیر شهرنی پایتخت قیلیب تمام مغولستان و مانچور اولكەسی نیكٔ جنوبی نی اوز حاكمیتی آستیغە آلدی. ۲۸۵ هـ (۹۰۷ م) دە یوللی خان اوچ میكٔ اتلیغ عسكر بیلەن شمالی چین غە یو

روش قیلیب پیچلی (چهلی) ولایتی نی الیب بیجین شهری نی پایتخت قیلدی. او وقیده چین ده حکمدار بولغان سوڭ خاندانی امپراطورلری نیڭ مقابلیده یوللی خان اوز دولتی نی موفقیت بیله‌ن محافظه قیلورایدی. یوللی خان اولگه‌ندین کین اوغلی خان بولوب اوزی نی شمالی چین و شرق تورك لری نیڭ حکمداری اعلان قیلیب خاندانی غه لیااو عنوانی نی بردی.

۳۸۱ هـ (۹۹۱م) ده قیتای امپراطوری مانچور اولکه سی نیڭ اوترا یرلری ده اولتوروقلوغ توڭگوز اتلیغ تورك لردین جورجن قبیله‌سی نی اوزیغه تابع قیلدی (اسلام تاریخلریده بو جورجن لرنی جور جیت دیب یازادور). ۳۸۳ هـ (۹۹۳م) ده قیتای امپراطوری کوریه‌نی آلدی. قیتای دولتی نیڭ منتها درجه‌ده کڭگوگه‌ن وقتی اوشبو دور (۱۵- خریطه‌غه قاراسونلر). ۳۹۵ هـ (۱۰۰٤م) ده قیتای امپرا طوری، چین امپراطوری بیله‌ن اوروشوب او وقتده چین پایتختی بولغان کایفیڭ شهری نی محاصره قیلدی. چین امپراطوری، قیتای خانی غه هر ییل بیر مقدار باج برمك شرطی بیله‌ن مصالحه قیلیب اوزی نی و دو لتی نی یوق بولماقدین قوتقوزدی. بو نیڭ بیله‌ن چین دولتی هم قیتای دولتی نیڭ نفوذی آستیغه کیردی.[202]

موندین کین ایمدی اوز ملی روایتلریمیز غه قاراب قارا قیتای لرنی خیتای دیب یازامیز. خیتای دولتی نیڭ حدودی غرب ده قاراخان لر دولتی نیڭ حدودی غه توتاش ایدی. بو سببدین یوقاری ده ایتیلغان وجه بیله‌ن ٤۰۸ هـ (۱۰۱۸م) ده خیتای لر تقریباً یوز میڭ اتلیغ عسکرنی شرقی تورکستان غه یوللادی. خیتای عسکرلر آلتای یولی بیله‌ن ایکی اوگوز (حاضرقی الثای ولایتی) غه هجوم قیلیب اویرنی آلدی و ایلگیریلاب ایمیل (چوچك) ولایتی نی اشغال قیلدی. تیخیمو ایلگریلاب میڭلاق (غولجه) ولایتی نی آلغان حال لریده شمال ایلیك خانی بیرنجی طغان خان، خیتای لرنی غایت یمان مغلوب قیلیب حدود غچه قوغلاب اولردین اون میڭی نی اسیر الیب تولا را



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قینی اۉلتوردی. خیتای خانی بو مغلوبلوق نتیجه سیده قارخانلرغه باج برمکغه مجبور بولوب اوزون زمانغچه باجگدارلیق صورتی بیلەن قاراخانلرنیڭ نفوذی استیده قالدیلر. مذکور تاریخدین اعتبارا" خیتای دولتی اۉلقی دەك کوچایمادی.

خیتای دولتیغه تابع بولغان جورجن لر ٥١٥ هجری (١١٢٠م)ده عصیان چیقاردی. بش ییل دوام قیلغان داخلی محاربه نتیجه سیده ٥١٩ هـ (١١٢٥م)ده خیتای پایتختی بیجین شهری جورجن لر طرفیدین اشغال قیلینب خیتای دولتی ییقیلدی. خیتایلر نیڭ بعضیسی جورجن لرنیڭ اطاعتیغه کیردی، بعضیسی شمال غربی طرفغه قاچیب یاما (ینیسی) دریاسی بوییدەکی قیرغیز یورتیغه کلیب یرلاشتیلر. لیکن قیرغیز لر خیتایلرنی بولاتالان قیلیب اویرده ارام آلدورمغان اوچون باشقه یرلرغه کوچوب کتمکگه مجبور بولدیلر. بو اوچون خیتایلر جنوب غرب طرفیغه یوروب قاراخانلردین یر تیلادیلر. شمال ایلیك خانی اولرغه ایمیل اۉلکه سیده یر بردی.

خیتایلر ایمیلده یرلاشکان زماندا قاراخانلر دولتی غایت درجەده ضعیف بیر حالده ایدی. خیتایلر بو وضعیتدین استفاده قیلیب ایمیل اۉلکه سیده بیر خانلیق تأسیس اتتیلر و ایمیل شهرینی مرکز قیلدیلر. بو کیچیك شهر آز کۉنده قرق میڭ نفوذلوغ چوڭ بیر شهر بولدی. حاضرده، چوچك شهرینیڭ تقریبا" اون میل جنوبیده سریغ ایمیل دریاسینیڭ بوییده بو شهرنیڭ خرابه لری باردور. منه شرقی تورکستانغه هجوم قیلیب ایمیلده یرلاشکان خیتای تورك لرینی تورك لر قاراخیتای دیدور. چین تاریخلریده بولرنی شی لیاو دیيلادور. بو هر ایکی لفظ نیڭ معناسی بیر دور. غربی خیتای دیمکدور.

بو تاریخده قاراخانلر دولتی انتهادرجه‌ده ضعیفلاشیب غرب تاوغاچ قاراخانلیقی ، سلطان سنجر سلجوقی نیڭ حمایه‌سی غه‌كیرگه‌ن ایدی. شمال ایلیك خانلیقی ده‌كی خانلر و قبیله بگ لری آرقه آرقه دین عصیان چیقارماقده ایدیلر . قاراخانلر عیش پرست و نفوذسیز بولوب دولت چوكوش دورینی یاشاماقده ایدی .

تقریباً ٥٢٥ هـ (١١٤٥م) ده شمال ایلیك خانی ایمیل ده‌كی قارا خیتای‌لرنیڭ بگی نوسی نی بالاساغون غه قیچقیردی و انی عسكری بیله‌ن عاصی قبیله لرنیڭ اۇستیغه ایباردی . نوسی عاصی قبیله لرنی مغلوب قیلیب ایلیك خان نیڭ اطاعتی غه كیرگوزدی . ایلیك خان بو خدمت نیڭ مكافاتی اوچون نوسی غه‌عسكرباشلیقی منصبی نی بیریب بالاساغون ده تورماقغه امر اتتی . نوسی ظاهرده غایت یخشی خدمت قیلغان بولوب اهسته اهسته ایمیل ده‌كی تابع لری نی بالاساغون غه كلتوروب اوچ ییل ایچیده یانیغه مهم قوّت توپلاب حكومت ایش لری نی تماماً قولی غه آلدی . ٥٢٨ هـ (١١٣٤م) ده نوسی اوشتومتوت بیر هجوم بیله‌ن ایلیك خان نی و تمام خاندانی نی اسیر الدی . تورت بش آی ایچیده تمام شمال ایلیك خانلیقی غه تابع یورت لرنی الدی و ٥٣٠ هـ (١١٣٦م) ده نوسی كاشغر غه هجوم قیلیب قاراخان نی مغلوب اتیب كاشغرنی آلدی . یاركند ، ختن ، كوچا و اوچ ولایت لری نی آز زمانده اطاعتی غه كیرگوزدی . بو صورت بیله‌ن قاراخانلر دولتی نی كاملاً ییقتی . بو ظفردین كین نوسی اۇزی غه گور خان عنوانی الدی . (گورخان سوزی خیتای لهجه سیده چوڭ خان دیمكدور)

نوسی گورخان هم قاراخانلر دوریده‌كی اِداره عنعنه سی نی رعایه قیلیب اطاعتی آستیده‌كی یرلیك خانلرغه داخلی استقلال بردی . بو خانلردین تاریخده مشهور بولغانلری، ختن خانلری قلیچ خانلر ، اویغور خانلری ایدیقوت لر ، قارلوق خانلری یابغو لردور .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

٥٣١ هـ (١١٣٧م) ده گورخان نوسی، غرب تاوغاچ قاراخانلیقی نی اوز اطاعتی غه کیرگوزمك اوچون فرغانه غه هجوم قیلدی و اوزکند و کاسان شهرلری نی آلدی. بو واقعه نی قلیچ تاوغاچ بوغرا قاراخان اکلاب مدافعه اوچون سمرقند دین یوروش قیلدی. خجند شهری نیڭ یانیده قاتیغ اوروش بولوب قلیچ تاوغاچ بوغرا قاراخان مغلوب بولوب سمرقند غه یاندی. گورخان آرقه دین باریب سمرقند غه یاقینلاشتی. قلیچ تاوغاچ بوغرا قاراخان مُدافعه دین عاجز کلیب مصالحه طلب قیلدی. گورخان، باشقه داخلی مستقل خانلرده ك اطاعت قیلماق و معین مقدارده مالیات برمك شرطی بیلهن مصالحه نی قبول اتتی. بو شرط بیلهن مصالحه بولغان دین کین گورخان قلیچ بوغرا خان نی غربی تورکستان حکمداری تونوب یانیده بیرعالی مأمور و یترلیك ساندا عسکرقویوب بالا ساغونغه یانیب کتتی. بو نیڭ بیلهن شرقی و غربی تورکستان نیڭ همه سی قارا خیتای دولتی نیڭ حاکمیتی آستیغه کیردی. (١٥ نجی خریطه غه قاراسونلر). بعضی تاریخ کتاب لریده غربی تورکستان غه گورخان نیڭ استیلاسی، رکن الدوله محمود خان زمانه سیده بولغان دیب یازیب دور. بو روایت توغرا ایماس؛ چونکه بو کشی شمال ایلیك خان لری دین دور.

سلطان سنجر سلجوقی اوز حمایه سی استیده کی غربی تورکستان تاوغاچ قاراخانلیق دولتی نی گورخان نیڭ ایگه لیگانی و شرقی و غربی تورکستانده ك ایکی چوڭ اسلام مملکتی نیڭ بت پرست بیرحُکم دار نیڭ قولیغه توشوب قالغانیدین تولا متأثر بولدی. ٥٣٦ هـ (١١٤١م) ده سلجوقی سلطان سنجر جهاد عنوانی بیلهن یوروش قیلیب آمو دریادین اوتوب بخارانی فتح قیلدی و سمرقند طرفیغه ایلگریلادی. او طرفدین نوسی گورخان تمام قوّتی نی الیب سمرقند غه کلدی. بخارا و سمرقند آراسیده کی قتوان چولی ده قاتیغ اوروش

بولوب سلطان سنجر يمان مغلوب بولدی، عسكرلری غايب درجه ده پراكنده بولوب قاچتی‌لر. سلطان سنجر هيچ يرده عسكری‌نی ييغالمای مَرْو شهری (پايتختی) غه كتتی. بو اوروشده سلطان سنجر نيڭ چوڭ قوماندان لريدين امير تاج الدين باشليغ تولا عسكرلری گورخان نيڭ قوليغه اسير توشدی. گورخان اولرنی بالا ساغونغه اليب كتتی و ٥٣٨ هـ ده ازاد قيليب ياندوروب ايباردی.

سلطان سنجر طرفيدين خوارزم غه اتالريدين ميراث طرزی بيله‌ن والی بولوب خوارزمشاه عنوانی‌نی الغان حكمدارلردين آتسيز خوارزمشاه، ٥٣٠ هـ دين اعتبارا" سلطان سنجر غه عاصی بولوب وبعضا' اطاعت قيليب تورغان ايدی. سلطان سنجر وگورخان اراسيده‌كی محاربه‌دين ايلگری وكين خوارزم شاه توركستان حدودی‌غه كيچيك تعرض‌لر قيلور ايدی. بو سببدين ٥٣٧ هـ ده گورخان آريز اتليغ بير قوماندانی‌نی تولا عسكر بيله‌ن خوارزمشاه نيڭ اوستيغه يوللادی. آريز، خوارزمشاه‌نی مغلوب قيليب خوارزم اولكه‌سی نيڭ تولاراق قسمی‌نی اشغال قيلدی. اخيری خوارزمشاه مدافعه‌دين عاجز كليب صلح طلب قيلدی. هر ييلی خوارزمشاه،گورخان‌غه اوتوزميڭ طلا خراج برمك وگورخان نيڭ بير عالی ماٴموری خوارزمشاه بيله‌ن بيرله تختده اولتوروب گورخان نيڭ عالی حاكميتی‌نی تمثيل قيلماق شرطی بيله‌ن مصالحه بولوب، آريز عسكرلری بيله‌ن يانيب كتتی. بو تاريخدين باشلاب ٦٠٦ هـ (١٢٥٩م)غچه يعنی تقريبا" يتميش ييل مدت خوارزمشاه لر قارا خيتای گورخانلری نيڭ نفوذی استيده قالدی‌لر. بو اوتراده بيرنچه دفعه بو نفوذ يوق بولغانی‌هم بار. بيانی توبنده كيلادور.

### گوبيڭ گوياڭ قاتون، تيرگه خان لرنيڭ گورخان بولغانی

٥٣٧ هـ (١١٤٢م)ده بيرنجی نوسی گورخان اولدی. اورنيغه اوغلی گوبيگ گورخان بولدی. گوبيگ نارسيده بولغانی اوچون دولت ايش‌لری‌نی آناسی قيلور ايدی. ٥٤٥ هـ (١١٥٠م)ده گو




ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى


بيگ دولت اداره ايشي نى اۆز قولى غه آلدى. بو مدت ايچيده آتسيز خوارزمشاه اۆلقيده ك گورخان نيڭ عالى حاكميتى نى اۆز اۆستيغه تونوب ياشاماقده ايدى. آتسيز ٥٥١ ه (١١٥٤م) ده وفات اتيب اورنيغه اوغلى ايل ارسلان، خوارزمشاه بولدى. اينى سى سليمانشاه نى خوارزمشاه قيلماق طرفدارى بولغان بگ لرنيڭ بعضى سى نى اۆلتوردى و بعضى سى قاچيب تاوغاچ قاراخان نيڭ پناهيغه سغيندى لر. ايل ارسلان بو بگ لرنى قليچ تاوغاچ بوغرا قاراخان دين طلب قيلدى. او بو طلب نى قايتوردى. ايل ارسلان مذكور بگ لرنى الماق اوچون تولا عسكر بيله ن سمرقندغه يوروش قيلدى. گورخان بو خبرنى اگلاب ايليك تۇركمن اتليغ بير قوماندانى نى اون ميڭ عسكر بيله ن قليچ تاوغاچ بوغرا قاراخان نيڭ ياردمى اوچون يوللادى. سمرقند درياسى نيڭ بوييده اوروش بولوب ايل ارسلان مغلوب بولدى و خوارزم غه يانيب كتتى. ايل ارسلان بو مغلوب لوق نتيجه سيده داداسى نيڭ برگانيدين تولاراق خراج برمه كغه مجبور بولدى.

٥٥٨ ه ده قليچ تاوغاچ قاراخان وفات اتيب اورنيغه ابو على حسن تاوغاچ بوغرا قاراخان نيڭ اوغلى جلال الدين على كورگان تخت ده اولتوردى. بو ذات قاراخان عنوانى نى تاشلاب سلطان عنوانى نى الدى. موندين كين كه لگه نلر نيڭ عنوانى لرى سلطان دور. ٥٥٩ ه (١١٦٥م) ده ايل ارسلان خوارزمشاه گورخان غه خراج برمكنى كسيب انيڭ عالى مأمورى نى خوارزم دين چيقاردى. گورخان درحال تولا عسكر بيله ن خوارزم غه يوروش قيلدى. خوارزمشاه هم مدافعه غه تيارلانيب عيار بگ اتليغ بير قوماندانى نى بير مقدار عسكرى بيله ن ايلگيرى ايباردى. عيار بگ اوروشوب گورخان نيڭ قوليغه اسير توشتى و عسكرلرى پراكنده بولدى. بو حالده گورخان قاتتيغ كسل بولوب بالا ساغونغه يانماق غه مجبور بولدى. بوصورت بيله ن ايل ارسلان خوارزمشاه بلادين قوتولوب قالدى.

گورخان گويىگ خوارزم سفرى دين كسل يانيب ٥٥٩ ه (١١٦٣م) ده اۆلدى. اورنيغه سيگلى سى كوياڭ قاتون گورخان بولدى. بو نهايت



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى




(١٥- نجى خيتاى وقراخيتاى دولتلرى)

تدبيرليك و سياسي بير خاتون ايدی . كويا گ قاتون نيكڭ دوريده ٥٦٨ ه (١١٧٢م) ده ايل ارسلان وفات قيليب اوغلی سلطانشاه تخت ده اولتوردی . موڭا اينی سی تگيش راضی بولمای آغا اينی اراسيده اوروش چيقيب اخيری تگيش مغلوب بولوب قاچيب گويا گ قاتون نيكڭ پناهيغه سغينددی و اندين يارد م تيلادی . گويا گ قاتون، ايری قارمابگ نی تولا عسكر بيلەن تگيش غه قوشوب خوارزم غه يوللادی . بويارد م قوتی بيلەن تيگيش خوارزم تختی نی قوليغه آلدی، آكاسی سلطانشاه قاچيب نيشاپور حكمداری مَلِك مؤيّد نيكڭ پناهيغه سغيندی . خوارزمشاه تگيش، گويا گ قاتون غه تولا بير مقدار خراج بيرور و انيكڭ عالی حاكميتی نی اۆز اۇستيغه تونور ايدی . تگيش تخت ده اولتوروب قوّتی نی كوندين كونگه آشوردی و بو قوّتی غه ايشانيب ٥٧٠ ه ده گويا گ قاتون نيكڭ عالی مأموری نی اۆلتوردی . بو يوزدين آراغه دوشمن ليك پيدا بولدی . سلطانشاه بو فرصت دين استفاده قيلماق اوچون گوياڭ قاتون نيكڭ حضوریغه باريب اطاعت عرض قيليب تگيش نيكڭ ضدی غه يارد م تيلادی . گويا گ قاتون، ايری قارمابگ نی تولا عسكر بيلەن يوللادی . قارمابگ خوارزم غه ياقينلاشقانده تگيش عذر ائيتيب ايلگريكی دەك خراج برمك، و بير عالی مأمورنی قبول إتمك شرطی بيلەن صلح تيلادی . قارمابگ بو شرط بيلەن مصالحه عقد اتيب يانيب بالاساغونغه كلدی .

٥٧٤ ه ده ايكنجی گورخان گوبيگ نيكڭ اوغلی تيرگو، گوياڭ قاتون نی اۆلتوروب اۆزی گورخان بولدی . تخت تالاشيب اغتشاش چيقارغان اينی سی نی مغلوب قيليب اۆلتوردی . خوارزمشاه تگيش، اوچونجی گورخان تيرگو غه خراج بيرور ايدی . تگيش ٥٨٩ ه ده خُراسان ، رَەی و اِصفهان دەك چوكڭ بير مملكت نی اشغال قيليب يورتی نی مهم صورتده كگُروتوب تولا بير قوّت غه ايگه بولوب قالدی . گورخان غه اطاعت قيلماقدين قورتولوش غه يترليك كوچ غه ايگه بولغان بولسه مو گورخان نيكڭ خلافيده هيچ بير حركت قيلمادی و اولّقی دوستلوق معامله سيغه دوام بردی ، چونكه بو تاريخده مغولستان ده چنگيزخان چوكڭ بير قوّت غه ايگه بولوب اۆز اطرافيدەكی تورك خانلری نی ارقه ارقەدين



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

اۆلتوروب يورتلرىنى آلماقده ايدى. بو اوچون تگيش اوهيبتليك قوّتنيڭ مقابليده گورخان بيلەن بيرلاشيب تورماقنى لازم كورور ايدى. ٥٩٦ هـ (١١٩٩م) ده تگيش خوارزمشاه وفات اتتى. وفاتيدين ايلگرى وليعهد قطب الدين محمدغه قيلغان وصيتده شونداغ ديگەن: "گورخان بيلەن مدارا قيل. اگا من برگەن صورتده خراج برگيل، چونكه گور خان قوّتليك و مقتدر بير پادشاه دور. او نيڭ مملكتى نيڭ شرقيده قوتليك دشمن بار. گورخان اندين بيزنى مدافعه قيلادور. بو اعتبار بيلەن گورخان نيڭ دوستلوقى مملكتى ميز نيڭ تينچليقىغه لازم دور." تگيش وفات اتكەندين كين محمد خوارزمشاه بو وصيتغه آزبير زمان عمل قيلدى و كينلرده ارقه غه تاشلادى. بو نيڭ نتيجه سيده هر ايكى يورت فلاكتغه اوچرادى. تفصيلى توبنده كيلادور.

محمد خوارزمشاه افغانستان پادشاهى سلطان شهاب الدين غورى بيلەن بير نچه نوبت اوروشوب مغلوب بولدى. سلطان شهاب الدين، بلخ و اندخوى اولكه لرىنى اليب كتتى. بو نيڭ بيلەن هم تورماى خراساننى الماق اوچون يوروش قيلدى. محمد خوارزمشاه سكسن ميڭ عسكرى بار توروب هم سلطان شهاب الدينغه مقابله قيلالماسليقىدين قورقوب گورخاندين ياردم تيلادى. مَرْو شهرىغه قوّتىنى توپلاب مدافعه غه حاضرليق قيلدى. بو حالده سلطان شهاب الدين كليب مرو سويى نيڭ بويىغه توشوب اويرنى عسكرگاه قيلدى؛ ايرتەسى كونى اوروش بولماقچى ايدى. بو حالده گورخان نيڭ ايبارگەن ياردم عسكرى نيڭ افغانستان حدودىغه يتكان خبرى سلطان شهاب الدين غه كلدى. سلطان شهاب الدين بو خبرنى اڭلاب اۆز مُلكىنى دشمندين مدافعه قيلماقغه مجبور بولوب كيچەسى خوارزمشاه غه اوقتورماى قاچقان حساب ده يانيب كتتى. گورخان نيڭ ايبارگان بو ياردم عسكرى خيلى تولا ايدى. بو نيڭ اوستيغه سمرقندەكى قاراخان سلطان عثمان غه هم اۆز قوّتىنى همراه اليب بو ياردم عسكرىغه قوشولوب بارماقغه گورخان يارليغنامه ايبارگان ايدى. گورخان نيڭ ياردم قوّتى و سلطان عثمان اوز قوّتى بيلەن سمرقنددين يورو ب

آمو دریادین اۆتوب اندخوی اۆلکەسیغە کیردیلر. بو حالدە سلطان شهاب الدین یتیشیب کلدی و قاتیغ اوروش بولوب سلطان شهاب الدین نیڭ عسکری‌نیڭ تولا راقی ضایع بولوب اۆزی بیر آز عسکری بیلەن بیر قلعەغە قامالیب قالدی. اخیری سلطان عثمان، قاراخیتای عسکرلری و سلطان شهاب الدین نیڭ آراسیدە واسطە بولوب سلطان شهاب الدین یانیدەکی تمام خزینە و مال لرنی قاراخیتای عسکری غە بیریب اوزی و آدم لری جانلری‌نی غینە الیب چیقیب کتمك شرطی‌بیلەن صلح قیلیب سلطان شهاب الدین‌نی تهلیکەدین قوتقوزوب قویدی. سلطان شهاب الدین نیڭ مغلوب لوقی نتیجەسیدە محمد خوارزمشاهنی ارام قویمای اوروشوب افغانستان و ایران نی الیب چوڭ بیر دولتغە ایگە بولدی.

افغانستان و ایران‌نی الیب معظم بیر دولتغە ایگە بولغانی‌دین کین گورخان‌غە خراج بریشدین قورتولماق ایستیگەن محمد خوارزمشاه، مخفی صورتدە غربی تورکستان خانی سلطان عثمان نی اۆز طرفی‌غە تارتماق‌غە باشلادی. اخیری اوترادە یوشورون بیر اتفاق‌تۆزولدی. آندین کین محمد خوارزمشاه بیر بهانە بیلەن گورخان نیڭ عالی مأموری‌نی اۆلتوردی. گورخان بو حادثەنی ایشتیب وزیری محمودبای‌نی تحقیق اوچون خوارزم غە ایباردی. خوارزمشاه، محمودبای‌غە یمان معاملە و تحقیر کورساتتی. بو نیڭ بیلەن آرادەکی مُناسبت قاتیغ خطرلیك حالغەکلدی. موندین کین خوارزمشاه اۆزاستیلا مقصدی‌نی اسانلاشتورماق اوچون "مسلمانلرنی قاراخیتای کافرینیڭ اسارتی‌دین قوتقوزماق اوچون فی سبیل الله جهاد قیلامن" دیب پروپاگندە قیلغالی توردی. بو نیڭ بیلەن غربی تورکستان خلقی‌نی اوزیغە یقینلاشتوردی.

٦٠٤ هـ (١٢٠٧م) دە محمد خوارزمشاه تولا عسکر بیلەن آمو دریادین اۆتوب سمرقندغە یوروش قیلدی. بو حالدە سلطان عثمان خوارزمشاه غە تابع‌لیق اعلان قیلیب انیڭ آتیدە خطبە اوقوتتی، پول قاقتوردی. بو صورت بیلەن غربی تورکستان گورخان نیڭ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

حمایه سیدین چیقیب خوارزمشاه نیکْ حمایه سیغه کیردی. گورخان، محمد خوارزمشاه و سلطان عثمان نیکْ اوْستیغه تالاس (طراز) والیسی نیکوبگ نی تولا عسکر بیلهن یوللادی. سمرقند نیکْ یاقینیده قاتیغ اوروش بولوب نیکوبگ اغیر صورتده یارالاندی و اسیر بولدی. بو سببدین گورخان نیکْ عسکرلری پراکنده بولوب قاچتیلر. خوارزمشاه بو مغلوب عسکرلرنی قوغلاب سیردریادین هموتوپ گورخان نیکْ ایکنجی پایتختی سانالادورغان اوترارشهرغه هجوم قیلیب اوترار حاکمی نی بالهبارقهلری بیلهن اسیر قیلیب یانیب کتتی. خوارزمغه باریب نیکو بگ نی سوغه پیشیب اۆلتوردی.

قاراخیتایلرنیکْ مغلوبیتدین کین خوارزمشاه بیلهن سلطان عثمان نیکْ آراسیدهکی دوستلوق نهایت قوّتلاندی. خوارزمشاه سلطان عثمانغه قیزینی برمکچی بولدی. بو نیکْ اوْستیغه گورخان نیکْ پناهیده تریگلیک قیلماقده بولغان نایمان خانی کوچلوک خاننی خوارزمشاه،گورخانغه عاصی بولماقغه مخفی صورتده تشویق قیلیب انی بو ایشغه حاضرلاغان ایدی. منه بو سببدین خوارزمشاه وسلطان عثمان گورخان نیکْ غربی تورکستانغه هجوم قیلیشدین خاطرجمع بولوب سلطان عثمان خوارزمغه باریب خوارزمشاه نیکْ قیزی بیلهن اویلانمک توییغه مشغول ایدی. بو طرفده گورخان، کوچلوک نیکْ عصیان چیقارماق نیتیدین خبرسیز ایدی. ٦٠٥ هـ (١٢٠٨م) ده گورخان غربی تورکستانغه یوروش قیلدی. یول اوْستیدهکی شهرلرنی الیب سمرقندغه باریب او شهرنی محاصره قیلدی. فتح بولغالی یاقین بولغان حالده کوچلوک نیکْ عصیان قیلغان خبری کلیب گورخان مجبوراً سمرقند خلقی بیلهن مصالحه قیلیب بالا ساغونغه یانیب کتتی. بیر روایتغه کوره سلطان عثمان گورخان نیکْ هجومیدین قاچیب خوارزمغه کتکان ایدی دیب، یازیلیب دور.

٦٠٦ هـ (١٢٠٩م) ده گورخان سمرقند دین كەتكەن دین كین خوارزمشاه، سمرقندغه كلیب گورخان نیڭ كوچلوك بیلەن محاربه غه توتوشقانلیقی نی اڭلاب درحال شرقی توركستان غه یوروش قیلدی . لیكن گورخان كوچلوك نی قاچوروب خوارزمشاه نیڭ اوروشیغه حاضرلیق قیلغان ایدی . گورخان خوارزمشاه نیڭ یوروشی نی اڭلاب درحال یوروش قیلیب تالاس شهری نیڭ غربی ده خوارزمشاه نیڭ الدی نی توستی . ارادا قاتیغ محاربه بولوب خوارزمشاه نیڭ عسكرلری مدهیش صورتده پراكنده بولوب قاچتی لر واوزی بیر نچه خاص ادملری بیلەن گورخان نیڭ عسكرلری نیڭ اراسیغه كیریب قالدی ، لیكن خوارزمشاه، مغلوب بولغان زمان یانیده ساقلاغان قاراخیتای چه كییم لرنی كییب الغان سبب دین تونولمای بیر نچه كون گورخان نیڭ عسكرلری نیڭ اراسیده توروب كین فرصت تاپیب قاچتی و سیر دریا بویی ده عسكرلری غه یتیشتی .

## ایدیقوت وقلیچ خان نیڭ چنگیز خان غه تابع بولغان لری

اویغور ایدیقوتی گورخان نیڭ بش بلیق ده تورا دورغان عالی مأمورلری نیڭ كِبر و زورلوقلرید ین دایما شكایت قیلور ایدی . بو یوزدین گورخان نیڭ حاكمیتی دین قورتولماق غه فرصت ایستر ایدی . یو قاریده ایتیلغان وجه بیلەن كوچلوك نیڭ عصیانی و خوارزمشاه نیڭ یوروشی نتیجه سیده اوتراغه چیقان بحران لیغ وضعیتی دین استفاده قیلیب ایدیقوت، ٦٠٥ هـ ده گورخان نیڭ عالی مأموری شادكام نی اولتوروب استقلال اعلان اتتی . درحال چنگیزخان غه بیر الچی و سوغات لر ایباریب دوستلوق اظهار اتتی . چنگیز خان هم دوربای اتلیغ بیر الچی نی ایدیقوت غه ایباریب اوتراده دوستلوق معاهده سی عقد اتتی . چنگیزخان، ایدیقوت نیڭ قیزی نی الدی و ایدیقوت



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

غه هم اینی سی نیڭ قیزی‌نی بردی . اید یقوت، چنگیزخان نیڭ اِلتماسی بیله‌ن یوزلرچه کاتب و معلم لرنی چنگیزخان غه بردی و تولا حرب یاراغ لری هم بردی . بو صورت بیله‌ن اید یقوت ایکی ییل مدت چنگیز خان نیڭ صمیمی دوستی بولوب کامل مستقل حالده یاشادی . ٦٠٦ هجری (١٢٠٩ م) ده‌کی گورخان نیڭ خوارزمشاه نی مغلوب اتکانی‌دین اید یقوت قورقوب مغولستان‌غه باریب چنگیزخان‌نی زیارت قیلیب اکا اطاعت عرض قیلیب حمایه سیغه کیردی .

شرقی تورکستان مسلمانلری بت‌پرست قاراخیتای‌لر نیڭ حاکمیتی‌نی دایما نفرت کوزی بیله‌ن کورمکده ایدی‌لر . لیکن قاراخیتای گورخان نیڭ اوستون قوّتی‌غه مقابله اتمکغه قدرت‌لری یوق ایدی . ختن خانی قلیچ خان،گورخان نیڭ ٦٠٥ ﻫ ده‌کی مشکل وضعیتی‌دین استفاده قیلیب گورخان نیڭ ختن‌ده‌کی عالی مأموری‌نی اولتوروب استقلال اعلان اتتی . بو آراده چنگیزخان نیڭ دوشمنی بولغان تاکفوت شهزاده سی ختن‌غه قاچیب کلگه‌ن ایدی . مذکور شهزاده‌نی چنگیزخان، قلیچ خان‌دین طلب قیلدی . چنگیزخان نیڭ دوستلوقی‌نی جلب اتمکغه اوزی‌نی مجبور کورمکده بولغان قلیچ خان تاکفوت شهزاده‌سینی چنگیزخان غه ایباردی . بو واسطه بیله‌ن چنگیزخان بیله‌ن بیر دوستلوق معاهده سی عقد اتتی . قلیچ خان نیڭ بو استقلالی هم اوزون دوام قیلمادی . ٦٠٨ ﻫ (١٢١١ م) ده گورخان اسیر بولوب کوچلوك بالاسی پیدا بولغانده قلیچ خان،چنگیزخان نیڭ حمایه سیغه کیردی .

### قارا خیتای دولتی نیڭ ییقیلغانی

قاراخیتای‌دولتیدین‌غربی تورکستان، ختن ، قوچو، بش‌بلیق ، قومول بارکول مملکت‌لری اجراب کوندین کونگه بو دولت نیڭ تارلاشیب کتکانی گورخان نیڭ قوّتی‌نی مدهیش صورتده ضعیف‌لیق غه توشوردی . خوارزمشاه بو فرصت‌دین استفاده قیلماق غه تیارلانیب کوچلوك نی شرق

دین هجوم قیلماق غه تشویق اتتی. لیکن بو وقتده کوچلوکنیك کوچی یوق ایدی. اخیری ٦٠٧ ه ده گورخان بیله‌ن ینه بیر اوروشماق اوچون خورازمشاه شرقی توركستان حدودی‌غه تعرض قیلدی. اوترار و تاشکند نی اشغال قیلدی. گورخان بونی اڭلاب تمام قوّتی نی الیب یوروش قیلدی تالاس شهری‌نیك یاقینیده بولغان قاتیغ اوروشده گورخان مدهیش صورتده مغلوب بولوب ارقه‌غه یاندی.

بالاساغون خلقی بو حادثه‌نی اڭلادی‌لر و بو نیك اۇستی غه خوارزمشاه،گورخان‌نی قوغلاب کلمکده ایمیش دیب بیر شایعه پیدا بولدی. بو خبر و شایعه‌نی ایشیتکان بالاساغون خلقی "منه ایمدی بیز مسلمان لر نیك بُت، پرست‌لر حاکمیتی دین قوتولادورغان وقتیمیز کلدی" دیب همه‌سی یراغ‌لانیب شهرده‌کی قاراخیتای لرنی اۆلتوروب شهر نیك دروازه و سپیل‌لری‌نی محکم قیلیب توردی‌لر. بو حالده گورخان عسکرلری بیله‌ن یتیشیب کلدی. خلق گورخان‌نی شهرغه کیرمکدین توسوب مدافعه قیلدی لر. گورخان شهرنی اون یته کون محاصره قیلدی. خوارزمشاه قوغلاب کلور ایمیش دیگه‌ن شایعه یالغان چیقتی، ایلگیرلیمه‌ی یالغوز سیردریابوییده‌کی فاراب شهری نی اشغال قیلیب یانیب کتکه‌نی معلوم بولدی. الحاصل گورخان شهر خلقی‌نی مغلوب قیلیب شهرغه باسیب کیریب مسلمان لرنی قتل‌عام قیلدی. روضته الصفا نیك روایتی غه کوره بو قتل‌عامده قرق یته میك مسلمان شهید بولمیش دور.

بو محاربه‌لر نتیجه سیده گورخان نیك خزانه‌سی کاملاً قوروغدیلیب قالدی. خلق نیك قولیده هم هیچ نرسه قالمغاندك بولدی. بو سبب دین گورخان یمان بیر اقتصادی بحران غه مبتلا بولدی. عسکر صنف لری‌نیك قولیده پول و مال تولا ایدی. گورخان اقتصادی بحران غه چاره قیلماق اوچون عسکر صنف لری‌نیك قولیده‌کی پول و مال‌لرنی زوربیله‌ن خزانه غه الماق‌غه باشلادی. موڭا مقابل عسکر نیك تولا راقی عصیان اتتی. بو کون‌لرده ایمیل اطرافیده خیلی مهم قوّت توپلاب موندا غ فرصت غه منتظر تورغان کوچلوک، ٦٠٨ هجری (١٢١١م) ده بالاساغونغه یوروش قیلیب تویغوسوز حالده باسیب



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

کلدی.گورخان بار قوتّی بیلەن مدافعه قیلدی، لیکن مغلوب بولوب کوچلوك غه اوزی‌نی تسلیم قیلدی. کوچلوك گورخان‌نی نظربند صورتیده محافظه استیغه الیب اوزی‌نی گورخان اعلان اتتی. گورخان تیرگو، اوتوز تورت ییل حکمدارلیق قیلغاندین کین اسیرلیقده ایکی ییل عمر کوروب ۶۱۰ هـ ده اوّلدی. گورخان تیرگو نیڭ اسیر بولماقی بیلەن سکسن ییل دوام قیلغان قارا خیتای دولتی ییقیلدی.

## کوچلوك نیڭ کیم لیکی
## و شرقی تورکستان غه کلیش سببی

مغولستان نیڭ غرب قسمیده اوزون زمان دین بیری مستقل بیر خانلیق ادارەسیده یاشاغان نایمان اتلیغ قوتلیك بیر قبیله بار ایدی. بو تاریخلرده مشهور مغول دولتی نی قورغان چنگیز خان ۶۰۳ هـ (۱۲۰۶ م) ده نایمان لرنیڭ اوستیغه هجوم قیلیب نایمان خانی تایاڭ خان‌نی اوّلتوروب نایمان قبیلەسی‌نی پراکنده قیلدی. تایاڭ خان‌نیڭ اوغلی کوچلوك خان بیر مونچه تابع‌لری بیلەن قاچیب شرقی تورکستان غه کلیب گورخان نیڭ پناهیغه سغیندی. گورخان اڭا یخشی معامله قیلیب حمایەسیغه‌الدی. بعضی روایت‌لرغه کوره گور خان،کوچلوك غه قیزی‌نی بیریب انی کیواوغول قیلدی.

۶۰٤ هـ ده چنگیز خان‌تاڭغوت‌خانی بیلەن سوقوشقه کیریشیب مغولستان‌ده قوتّی آز قالغان ایدی. کوچلوك خان بو فرصت دین استفاده قیلیب چنگیز خان دین انتقام الماق نیتی بیلەن گورخان دین اجازت‌الیب ایمیل و آلتای تاغلری ایچیده پریشان حالده یورگان نایمان‌لرنی اوّز یانیغه توپلاب مغولستان نیڭ اوبیر بویرلریغه‌هجوم قیلیب خیلی مهم بیر قوّت‌غه ایگه بولغان ایدی. خوارزمشاه،کوچلوك

نیك بو وضعیتی نی اکلاب مخفی صورتده کشی ایباریب انی گورخان نیك ضدیغه عصیان اتمکغه تشویق اتتی. کوچلوق عصیانی ده موفق بولغان تقدرده انی سیر دریا نیك شرقی دهکی اولکهلر (پوتون شرقی تورکستان) غه گورخان عنوانی بیلهن مستقل حکمدار تونوماقغه وعد قیلدی. کوچلوك بو تشویقنی قبول قیلیب فرصتغه منتظر توردی. بو قاریده ایتیلغان وجه بیلهن گورخان سمرقندغه یوروش قیلیب بالاساغون دهکی قوتی نیك آز قالغانینی کوچلوك اکلاب بالاساغونغه تعرض قیلدی بالاساغون دهکی گورخان نیك عسکرلری شهرغه قامالیب توروب کوچلوك غه قاتیغ مدافعه کورساتتی. بو حالده گورخان سمرقنددین یانیب کلیب کوچلوك نی یمان مغلوب اتتی، ادملری نیك تولاسی اولتورولدی. اما کوچلوك اوزی آزغینه ادملری بیلهن قاچیب ایمیل طرفیده اواره بیر حالده چته چیلیك قیلماقغه باشلادی.

## کوچلوك نیك شرق تورکستان غه استیلاسی

تیرگو تسلیم بولغانیدین کین کوچلوك اوزینی گورخان اعلان اتتی کوچلوك نیك اوّل قیلغان ایشی خلقنی اسلام دین یاندوروب شامان دینیغه کیرگوزمکغه تشبث اتمك بولدی. بو ایشی بیلهن تورکستان مسلمانلری نیك عمومی نفرت حسینی قوزغادی.

ایلی نیك باش طرفیدهکی آلمالیق (ایلی بلیق) خلقی اوزلری نیك ایچیدین بیر کشینی خان کوتاریب کوچلوك بیلهن اوروشماقغه تیار بولدی. قارلوق خانی ارسلان یابغو، چنگیزخان نیك حمایهسیغه کیردی. کاشغر، اوچ، کوچا خلقی کوچلوك نیك حکمینی قبول اتمای اوکا شدت بیلهن قارشی قویدیلر. کوچلوك اوّلا آلمالیق خانی بیلهن تولا اوروشتی. آخیری، خان شهید وعسکری پراکنده بولوب آلمالیق اولکهسی کوچلوك نیك قولیغه توشتی. بو اولکهدهکی شهرلرنی



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

تماماً ويران قيلدى . اندين كين كوچلوك كاشغر و اوچ اولكه لرى غه تعرض قيلغالى باشلادى . ليكن خلق غايت قاتيغ و فداكارانه مدافعه اتكه‌ن اوچون بو يورتلرده‌كى شهرلرنى آلالمادى . اخيرى كوچلوك بو يورتلرغه باسقونچى‌لر ايباريب شهر تاشيده‌كى زراعت و يايلاغ لرغه اوت قويماق و دهقان لرنى اۆلتورمكغه باشلادى. ايكى ييل مدت بو تخريب دوام اتكه‌ندين كين كاشغر و اوچ خلقى قحط ليك غه مبتلا بولوب مدافعه‌دين عاجز قالدى لر . كوچلوك بو وضعيت دين استفاده‌قيليب ٦١٠ هـ (١٢١٣م) ده كاشغرغه هجوم قيليب شهرنى اليب اوت قويوب تماماً ويران قيلدى و شهر اطرافيده‌كى خلق‌نيڭ اۆى لرى‌نى تار تيب اليب اۆز آدم لرى‌غه بردى .

٦١١ هـ ده كوچلوك ختن غه هجوم قيلدى و قليچ خان مدافعه قيليب شهيد بولدى . ختن خلقى نى كوچلوك قتل‌عام قيلدى و شهرنى كويدوردى . استيلاسى تمام بولغاندين كين ختن خلقى نى اسلام دين چيقارماق و شامان دينى غه كيرگوزمك اوچون هرقسم ظلم لرنى قيلغالى توردى. ليكن كوچلوك هيچ كشى نى شامان دينى غه كيرگوزمكغه مُوَّفَقْ بولالمادى . كوچلوك بو خلق‌نيڭ اسلام‌دينيده مستحكم ليكى نيڭ سببى، ختن‌ده عُلما نيڭ تولاليقى ديب بيليب عُلمانى يوق اتمك فكرى‌غه توشتى . بيركونى پوتون‌عالم لر ييغيلسون، دين خصوصيده مناظره بولادور، حق قايسى بولسه همه ميز اڭا تابع بولاميز ديگه‌ن مضمونده يارليغ چيقاردى . " بوڭا بناءً بير ميدان غه تقريباً " اوچ ميڭ عالم ييغيلدى. كوچلوك عسكرلرى بيله‌ن حاضر بولوب مناظره غه باشلادى . ختن عالم لريدين امام علاءالدين، اسلام نيڭ حقيقتى نى و حق ليقى نى و بُت پَرست ليك نيڭ باطل و اساس سيز ليقى نى غايت قوّت‌ليك و اچوق دليل لر بيله‌ن اثبات قيلدى . بو دليل‌لر مقابيليده كوچلوك مُلْزَمْ بولوب هيچ نيمه ديالماى اسلام غه وپيغمبر عليه السلام غه حقارت قيلغالى باشلادى . امام علاءالدين مثل سيز بير غيرت و متانت بيله‌ن كوچلوك غه جواب بيريب اوّلقيدين يمان راقيكيب چقتى بو وضعيت نى كوچلوك اۆز مقصدى بولغان علماً قتلعامى غه بها

نه اتتی وعسکریغه امر بیریب توپلانغان عالملرنی بیریولی قلیچ دین اۆتکوزوب شهید اتتوردی. او کوندین باشلاب اذان و جماعت و باشقه اسلام شعائرینی کاملاً منع اتتی، مسجد و مدرسه لرنی ویران قیلدی، قولیغه کلتورگه‌ن کتابلرنی کویدوردی و مسلمانلیق نی اظهار قیلغان کشی نی هر قسم قیین لر بیله‌ن اۆلتوردی. کوچلوک اشبو صورتده تورت ییل حکمدارلیق قیلدی و متعصب توین و قاملر نیڭ تحریکی بیله‌ن مذکور مدت ایچیده شرقی تورکستان خلقیغه‌یمان ظلملرنی قیلیب بو مدنیت و علم اثرلریدین تولا غلیغ مملکت نی بیر خرابه حالیغه کلتوردی. خلق،کوچلوکغه‌دایما قوراللیق قارشیتوروب تولاسی شهید بولوب و قاچیب یورت نیڭ نُفُوسی غایت آز قالدی.
٦١٥ هـ (١٢١٨م) ده چنگیز خان نیڭ عسکرلری شرقی تورکستان خلقی نیڭ یاردمیغه یتیشتیلر. کوچلوک نی اۆلتوروب خلقنی اندین قوتقوزوب دینده و هر ایشده خلق نیڭ آزادلیقی نی اعلان اتتیلر.

## قارا خیتای دولتی نیڭ تشکیلاتی

قاراخیتایلر اوزون مدت چینده اولتورغانلری اوچون رسمی ایشلرده چین تیلی نی ایشلاتور ایدیلر. قاراخیتایلر نیڭ دولت، تشکیلاتیغه عاید تولا کلمه لر و ماٴموریت عنوان لری چین چه ایدی. لیکن حکمدار نیڭ عنوانی بولغان گورخان کلمه‌سی تورکچه ایدی.

بو دولت نیڭ عسکری توپ، توغرا گورخان نیڭ امری استیده ایدی. قوماندانلر نیڭ امری، استیده یوز کشیدین اشوق قوّت قویولماس ایدی. دولتغه تابعلیقنی قبول اتکه‌ن یرلیک خانلر نیڭ داخلی استقلالی نی احترام قیلماقده یوقاریده مکرر ایتیلغان تورک عنعنه‌سی رعایه قیلینور ایدی. مالیات ایشی او وقتده چینده رواج بولغان اصولغه موافق اۆی باشیدین الینور ایدی. هر اۆی بیلده بیر طلا برمکغه مکلف ایدی. بو اصول اوترا آسیاده یاقین زمانه لرغچه



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

دوام قیلدی. قاراخیتایلر شامانی دینیده ایدیلر. لیکن هیچ بیر کشی نیڭ دینیغه و اجتماعی ایشلرغه مداخله قیلماس ایدی و پوتون دینلر آزاد ایدی. غربی تورکستان تماماً و شرقی تورکستان (قوجو، بش بلیق، قومول و کنگیت اولکه لریدەکی اویغورلر و تریم، چرچن اولکه لریدەکی سریغ اویغورلردین باشقەسی) مسلمان خلق بیلەن مسکون ایدی. اویغور و سریغ اویغورلر بوداعی ایدی. فقط ارال کولی بویده بیر از قبیله لر نصرانی بولوب نسطوری مذهبیده ایدی. اسلام دینیدەکیلر مطلق اکثریتغه ایگه ایدیلر. اسلام علملری و مدنیتی قاراخیتای دوریده قاراخانلر دوریدەکی ترقیسینی محافظه قیلدی. بالاساغون، کاشغر، ختن، بارسغان، تالاس (طراز)، ایلی بلیق و غربی تورکستانده چوڭ عالملر یتیشکەن ایدی و غایت مشهور کتابلر تألف قیلینغان ایدی. عربچه ادبیات علملرینی ایچیگه الغان مفتاح العلوم نیڭ موءلفی امام ابو یعقوب یوسف السکاکی شو چاغداکی بالاساغون عالملریدین ایدی. حنفی مذهب کتابلرینیڭ اڭ معتبری بولغان هدایه نیڭ موءلفی ابوالحسن برهان الدین مرغینانلیغ ایدی. مشهور اڭ صحیح فتوا کتابینی تألیف قیلغان امام قاضیخان، اوزکندلیك ایدی. بو هر ایکی ذات قاراخیتای دوریده یتیشکەن اسلام اماملریدورلر. قاراخیتای دوریده شرقی تورکستانده مسلمانلر اکثریتغه ایگه بولغاندك مدنیت اعتباری بیلەن هم باشقه عنصرلردین اوستون ایدیلر. منه بو نیڭ نتیجه سیده شرقی تورکستانده مەیلی قاراخیتایلر دوریده مەیلی مغوللر دوریده اسلام مدنیتی باشقه دینلرغه و مدنیتلرغه اوستونکلگەنلیکینی تاریخ صحیفه لریده کورمکده دورمیز.[203]


بعضی اوروپا مورخ لری قاراخیتایلر نیڭ مغوللرا اوستیغه نهایت چوڭ بیر مدنیت تاثیری قویغانلیقی نظریه سینی بیان قیلادور. لیکن بو نظریه توغرا ایماس دور. مغوللر اوستیغه اڭ مدنیت تأثیری یتکوزگەنلر بیرنچی درجەده تورك مسلمانلر و ایکنجی درجەده شرقی تورکستاندەکی بودائی اویغورلردور. مغول دولتی نیڭ اداره

و تشكيلات ادملرى مسلمان توركلر، و غير مسلم اويغور، خيتاى، تاكفوت ومانچورلرنىڭ مدنى تورك اقوامى دين ايكەنليكلرى معلوم دور. بناً عليه مغول مدنيتى دە بو همه تورك اقوامى نيڭ مختلف مدنيتلرى نيڭ تاثيرلرى كورولمكدە دور.

قارا خيتاى لر بحثى نيڭ آياغيدە چين ليغلرنى خيتاى ديمەك نيڭ خطا ايكەنليكى نى اسلە تيب اۆتو شيميز كرەك.

قاراخانلر دوريدين تا چنگيزخان زمانەسىغەچە شمالى و شمال غربى چين، خيتاى توركلرى نيڭ قوليدە ايدى. بو مناسبت بيلەن شرقى توركستان و مغولستاندە خيتاىلر نيڭ شهرتى زيادە ايدى. بو سبب دين مغولستان و شرقى توركستان خلقى تمام چين دە اولتوروشلوق خلقنى خيتاى دير ايدىلر.


حاضرقى زمانەميزدە چين ليغلرنى خيتاى ديمەك او وقت دين قالغان بير خطا اصطلاح دين كليب چيقغان بير عادت دور. حقيقت دە خيتاى چين ليغ دين باشقە بير توركزمرە سيدور. چين ليغلرنى خيتاى ديمك خطا دور؛ چين ليغ ويا خەنسو ديمك لازم دور. بو شوكتليك تورك قومى نيڭ تاريخى چين تاريخى نيڭ ايچيغە كيريب يوق بولماسون.



قليچ تاغماچ خان نيڭ سمرقند يقينيدە ياساتقان اوردا نيڭ تامى



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى




قارلوقلر و قاراخانلر دوريدين قالغان قاچا-قوچاق

تمكرى تاغلرى ايته‌كلريدين ته‌پيلگان

# بئينجى بۆلۈم

## شرقى توركستان ده مغول لر دورى

### ١ــ فصل

### شرقى توركستان غه چنگيز خان استيلاسى

چنگيز خان نيك اصلى ، دولت قورغانى ، فتوحاتى و ياساسى (قانونى) و تمام واقعاتى حقيده تاريخ كتابلريده مفصل معلومات بار دور. بو كتابيميزده يالغوز شرقى توركستان غه متعلق واقعه لرىنى غينه بيان قيلاميز .

چنگيز خان مغولستان و شمالى چين ده امپراطورلوقىنى تأسيس قيلغاندين كين يمان دوشمنى بولغان كوچلوك خان نى يوقاتمك و شرقى توركستان نى اوز امپراطورلوقى غه قوشماق فكرىغه توشتى. ٦١٤ هـ (١٦١٧م) نيك اخيريده چته نويان اتليغ بير قوماندانى نى يگرمه ميڭ اتليغ عسكر بيلەن شرقى توركستان غه يوللادى . چته نويان غه اويغور، قارلوق و باشقه تورك اقوامى دين تولا عسكر قوشولوب كلمكده ايدى . كوچلوك تمام قوّتى نى اليب ختن دين يوروب ايسيغ كول نيڭ يانيده توختاب محاربه غه تيارلانيب توردى . او طرفدين چته نويان يتيب كليب مذكور يرده اوروش بولوب كوچلوك مدهيش صورتده مغلوب



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بولدی . عسکری پراکنده بولوب آز غینه عسکری بیله‌ن قاچیب کاشغرغه کلدی . کاشغر خلقی کوچلوك نی آراغه الیب لایق صورتده انتقام لری نی الدی لر . لیکن کوچلوك اوچ ادمی بیله‌ن قاچیب کاشغر نیڭ جنوبیده‌کی تاغلرغه اوزی‌نی آلدی . بو حالده چته نویان یتیب کلیب کوچلوك نی توتماق اوچون بیر مقدار عسکر یوللادی . کوچلوك بو عسکردین قاچیب بدخشان طرفیغه کتمك نیتی بیله‌ن سریغ قول یولی‌غه یوردی . سریغ قولده کوچلوك دین قاچیب اوچی‌لیق بیله‌ن حیات کچوروب یورگه‌ن تورکستان‌لیغ لرانی ازیقتوروب توتوب چته نویان نیڭ عسکرلری غه بردی لر . بو عسکرلر کوچلوك نی چته نویان نیڭ الدی‌غه کلتوردی‌لر و چته نویان انی اوٗلتوروب باشی‌نی چنگیز خان‌غه یوللادی . چته نویان موندین‌کین یارکند ، ختن ، وکوچا اوٗلکه‌لری‌نی تماماً اوروش‌سیز اشغال قیلدی . اشغال‌دین‌کین چنگیز خان نیڭ یاساسی‌غه موافق دین‌ومذهب، تجارت ، زراعت و باشقه تریگلیك ایش‌لریده خلق‌نیڭ آزادلیقی‌نی اعلان اتتی . بو صورت‌بیله‌ن باشقه یورت‌لرغه بلا بولغان چنگیز خان شرقی تورکستان‌غه بیر قوتقوزغوچی بولوب کوٗروندی.

٤١٥ هـ (١٢١٨م)ده چنگیز خان اویغور، قارلوق و سریغ اویغورلره‌ك یرلیك خان‌لری بار منطقه‌لرغه اوٗز خان‌لری نیڭ اداره‌سی آستیده داخلی استقلال بردی . اما آلتی‌شهر منطقه سیده یرلیك حکمدار بولمغانی اوچون چنگیز خان‌نیڭ الدیده یوز تاپقان او یغورلردین ماڭلای‌سویا آتلیغ بیر کشی‌نی آلتی‌شهرغه والی قیلیب یرلیك خان‌لرده‌ك اختیارات‌بیله‌ن اداره اتمك اوچون ایباردی . ماڭلای سویا، پیشانه‌سی سویولغوك دیمکدور . ماڭلای‌سویا نیڭ بیر ایاغی اقساق بولغان اوچون چنگیز خان انی دوغلات دیر ایدی؛ مغول‌لهجه‌سیده آقساق دیمکدور. بو مناسبت‌بیله‌ن ٩٢١ هـ (١٥١٥م)غچه آلتی شهرغه حکمدار بولغان ماڭلای‌سویا خاندانی‌نی تاریخ کتاب‌لریده دوغلات خاندانی دییلادور.[203]

## شرق توركستان نيڭ چنگيز خان زمانه سيده كي احوالی

قديم زمانلردين بری شرقی توركستان خلقی تجارتغه عادتلانگەن بير خلق ايكەنليكی معلوم دور . ليكن قاراخيتای لر نيڭ اخيرقی دوريده و كوچلوك دوريده كی تينچسيزليق سببی دين تجارتنی ترك اتمكغه مجبور بولغان ايدی لر . چنگيز خان استيلاسی بيلەن تينچليق حاصل بولغاچ شرقی توركستانليغ لر ينه تجارت ايشی غه باشلادی لر . او وقتلرده شرقی توركستان نيڭ خارجی تجارتی نيڭ اڭ مهمراقی غربی توركستانغه ايدی . چنگيز خان بو تجارتغه يول اچماقاوچون محمود يالواچ اتليغ مسلمان وزيری نی خوارزمشاه نيڭ الدیغه يوللاب بير تجارت معاهدەسی عقدا تتوردی . ٦١٦ هـ (١٢١٩م) دين اعتباراً شرقی توركستان تُجارلری فرغانه ، بخارا ، خوارزم و بلخ غه باريش كليش قيلغالی باشلادی لر . ليكن بو تجارت آران بير ييل دوام قيليب ينه توختادی .

واقعه شودور: ٦١٧ هـ ده تورت يوز كشی ليك بير چوڭ كاروان شرقی توركستاندين غايت تولا مال بيلەن خوارزمغه بارماق اوچون سيردريا نيڭ بوييدەكی اوترار شهريغه باردیلر . مذكور شهر نيڭ حاكمی، بو كارواندين بير كشی بيلەن شخصی عداوتی بارليقی دين، تمام كاروان نی اوترارده توختاتيب قويوب خوارزمشاه غه "چنگيز خان نيڭ تورت يوز جاسوسی سود اگرليك صورتيده بولوب كلدی، بولرنی نيمه قيلامن" ديب مكتوب يازدی . خوارزمشاه هيچ بير تردد قيلماسدين "اولر نيڭ همەسی نی اۆلتور و مال لری نی اليب بخاراغه ايبارگيل" ديب حكم بردی . بو نيڭ بيلەن حاكم مذكور تورت يوز بيگناه مسلمان نی ناحق وجه بيلەن اۆلتوروب مال لری نی آلدی . منه بو سبب بيلەن شرقی و غربی توركستان تجارتی توختادی. چنگيز خانغه غربی توركستان و باشقه اسلام مملكت لريغه يوروش قيلماق يولی آچيلدی . مشهور مغول استيلاسی فاجعه لری بولدی . مليون لرچه مسلمان جانينی و مالينی يوق اتتی .[204] (عمومی اسلام و مغول تاريخلری نی كورولسون )



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## چنگیز خان اۆلگه ندین کین شرقی تورکستان

چنگیزخان اۆزحیات وقتیده پوتون مملکتی نی تورت اوغلیغه تقسیم قیلیب برگه‌ن ایدی. بو تقسیم ده تمام غربی تورکستان و شرقی تورکستان نیڭ آلتای و ایمیل‌دین باشقه ولایتلری چنگیزخان نیڭ ایکنجی اوغلی چاغاتای‌خان نیڭ حصه‌سی ایدی. آلتای و ایمیل اوچونجی اوغلی اوکتای‌خان نیڭ حصه سیده داخل ایدی (١٦ نجی خریطه‌غه قاراسونلر).
چنگیزخان حیات وقتیده چاغاتای‌خان آزغینه بیر مدت آلمالیق شهری (حاضرقی غولجه‌غه یاقین) نی پایتخت قیلیب آلمالیق و بلاساغون آراسیده کوچوب یوروب حکومت سوردی.

٦٢٤ هـ (١٢٢٧ م) ده چنگیزخان اۆلگه‌ندین‌کین چاغاتای‌خان دایما قاراقوروم ده توروب چنگیزخان نیڭ اورنیغه قاآن (چوڭ خان) بولغان اینی‌سی تولو خان‌غه مشاورلیك قیلور ایدی. اندین کین قاآن بولغان ینه بیر اینی‌سی اوکتای‌خان نیڭ زمانه سیده هم مذکور وظیفه‌ده ایدی. بو وقتلرده تورکستانلرنی چاغاتای اولوسی دییلسه‌مو حقیقت ده بیواسطه چاغاتای‌خان نیڭ اداره سیده ایماس ایدی. غربی تورکستان، محمود یالواچ و اندین کین اوغلی مسعود یالواچ نیڭ اداره سیده ایدی. سیر دریادین ایمیل غچه تڭری تاغلری نیڭ شمالی نی بیر نچه یرلیك بگلر اداره قیلور ایدی‌لر. آلتی شهر، ماگلای‌سویا دوغلات نیڭ اداره سیده ایدی. قوجو، بش‌بلیق، قومول و بارکول اۆلکه لری‌نی اویغور ایدیقوتی اداره قیلور ایدی. منه بو یرلیك حکمدارلر، داخلی استقلال‌غه ایگه بولوب اۆز اۆلکه لری‌نی چاغاتای‌خان آتیده ایماس‌بلکه قاآن نیڭ آتیده اداره قیلور ایدی‌لر. دیمك، او دوره ده بو اۆلکه لرنی چاغاتای اولوسی دیمك فقط آت اعتباری بیله‌ن‌غینه ایدی. بو دوره‌ده شرقی تورکستان خلقی تینچ‌لیق‌ده یاشاب علمی و اقتصادی ایش‌لرده خیلی یخشی ایدی.

## ۲ــ فصل

## چاغاتای خاندانی دولتی

چاغاتای‌خان ٦٣٩ هـ (١٢٣١م) ده اۆلدی. شرقی وغربی تورکستاندین عبارت‌بولغان چاغاتای اولوسی، قاآن نامیدا یرلیك خانلر قول آستیده ایدی. ٦٠٣٠ هـ (١٢٣٦م) ده قاآن‌لیق تختیده اولتورغان کیوك قاآن، چاغاتای خان‌نیڭ حیات‌وقتیده بیر اوروشده اۆلگه‌ن اوغلی موتوگه‌ن‌نیڭ اوغلی قاراهولاگونی چاغاتای اولوسی‌غه خان تعین قیلدی وبوکوندین باشلاب تورکستان توپ توغرا چاغاتای خاندانی‌نیڭ اداره‌سی‌غه کیردی. قاراهولاگو الماليق‌شهری‌نی پایتخت قیلیب اۆلتوردی. کیوك قاان، چاغاتای خان‌نیڭ اوغلی ییسوموگونی قاراهولاگونیڭ ولیعهدی تعین ایلاگه‌ن ایدی.

٦٤٦ هـ (١٢٤٩م) ده کیوك قاان اۆلگه‌ندین‌کین ییسوموگو، قاراهولاگو بیله‌ن اوروشوب انی مغلوب اتیب اۆزی خان بولدی. ییسوموگو، بیر ییل خانلیق قیلیب اۆلدی. اورنیغه ینه قارا هولاگو خان بولدی. قاراهولاگو، ٦٥٠ هـ (١٢٥٢م) ده اۆلدی. اونیڭ اورنیغه نارسیده اوغلی مبارك شاه، خان بولوب انیڭ آتیده آناسی ارگه‌نه قاتون حکومت‌نی قولغه آلدی. لیکن مذکور ییل‌نیڭ آخیریده چاغاتای‌خان نیڭ ینه بیر نبره‌سی آلغو، ارگه‌نه قاتون‌نی تخت‌دین تو شوروب خانلیق‌نی تارتیب آلدی. قاراهولاگو بیرنجی قتیم تخت‌ده اولتورغان ییل‌دین آلغو نیڭ تخت‌غه چیقغان ییلی‌غه‌چه اۆتکه‌ن آلتی ییل مدت‌ایچیده چاغاتای خاندانی آراسیده دایما مجادله بار ایدی. بو مجادله‌لر سببی‌دین شمالی تورکستان‌نیڭ تولا شهرلری ویران بولدی.

آلغو بو مجادله‌لرنی توگه‌تیب یورت‌نی تینچ قیلدی و پوتون تورکستان‌نی توغرا اۆز اداره‌سیغه الیب



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

يالغوز التى شهردەكى دوغلات خاندانى و بشبليقدەكى ايديقوت نى اوز منطقەلرى نيڭ ادارە سيغە نايب صفتى بيلەن ماءموراتتى . الغو، خوارزم و افغانستان اولكەلرىنى هم اليب چاغاتاى خانليقىغە قوشتى. ٦٥٥ هـ دە قوبلاى قاان ، قاآنليق مركزىنى قاراقوروم دين بيجينغە يوتكەب توركستان دين بك اوزاقغە كتكەنيدين الغو استفادە قيليـــب استقلال اعلان قيلدى . بو نيڭ بيلەن شرقى و غربى توركستان ، خوارزم و افغانستانغە شامل بير چاغاتاى امپراطورلوقى قوردى و پايتخت نى الماليق شهرىدين سمرقند شهرگە يوتكيدى . ٦٦٤ هـ (١١٦٩) دە الغو اۆلدى و اورنيغە قاراهولاگو نيڭ اوغلى مباركشاه ينە خان بولدى . چاغاتاى اولادىدين اول مسلمان بولغانى اوشبو مباركشاه دور. مباركشاه نيڭ زمانە سيدە چاغاتاى خانليقى يالغوز غربى توركستان دە و قسماً افغانستان دەغينە قاليب شرقى توركستاننى اوكتاى خاندانـــى ايگەليدى .

**شرق توركستان دە اوكتاى خاندانى نيڭ حكومتى**

غربى مغولستان ، التاى ، و ايميل اولكەلرىغە حكمدارليق قيليب زارغالانتو (حاضرقى قوبدو) دە اولتوراد ورغان اوكتاى خاندانى دين بولغان قايدوخان، الغو اۆلگەندين كين ايلىغە هجوم قيليب او اولكەنى آلدى و آندين كين التى شهردەكى دوغلات بگى نى و قوجو و بشبليق دەكى اويغور ايديقوتى نى اۆزىغە تابع قيلدى . بو صورت بيلەن ٦٦٥هـ (١٢٦٦م) دە شرقى توركستان قايدوخان نيڭ حاكميتى آستيغە كيردى . قايدو خان، وفاتىغچە حكمدارليقى نى محافظە اتتى و ٧٠٢ هـ (١٣٠٢م) دە اۆلدى . اورنيغە اوغلى چاپارخان تخت دە اولتوردى . چاپارخان حكومت نى قولىغە الغان وقت دە غربى توركستان دە چاغاتاى خاندانى دين دواى چچن خان پادشاەليق قيلماقدە ايدى . بوكشى شرقى توركستاننى چاغاتاى دولتىغە قوشماق اوچون چاپارخان بيلەن اوروش باشلادى . بير طرفدين دوغلات

خاسنی بایدارخان‌نی اۆز یانیغه تارتتی . غرب دین دوای چچن‌خان و جنوب دین بایدارخان ، چاپارخان‌غه اوروش‌اچیب اخیری انی قاچوروب شرقی تورکستان‌ده‌کی اوکتای خاندانی نیڭ قرق ییل‌لیق حاکمیتی نی ییقتی لر .

**شرقی تورکستان نیڭ ینه چاغاتای خاندانی غه اوتکه نی**

دوای چچن‌خان ٧٠٦ هـ (١٣٠٦م)ده شرقی تورکستان نی کاملاً اشغال قیلدی . بوبش ییل‌لیق سوقوش ایچیده محاربه میدانی بولغان ایلی ، یته سو وایسیغ کول اطرافیده‌کی شهرلرنیڭ تولاسی ویران بولوب خلق نچه دفعه قتل‌عام غه دوچار بولدی . دوای چچن خان،بایدارخان نیڭ یاردمی‌نی تقدیر قیلیب انیڭ مکافاتی اوچون ایسغ کول اطرافی‌نی شمال‌ده توخماق،الماتا ، شرقده یته‌سو نی التی شهر دوغلات حکومتی غه قوشوب بردی . بو نیڭ بیله‌ن دوغلات حکومتی تولا کنکرو و محصوللوق مملکت غه ایگه بولوب کوب کوچلاندی . بو مناسبت‌بیله‌ن دوغلات خاندانی نیڭ اقتدار و شهرت زمانه سی بایدارخان دوریدین باشلانادور . بیانی دوغلات تاریخچه سی فصلیده کیلادور .

چنگیزخان و اوکتای قاآن زمانه لریده‌کی شرقی تورکستان نیڭ اقتصادی یخشی‌لیقی،اولردین کین‌کی مغول شهزاده لری‌نیڭ اوزون سۆرگه‌ن دایمی مجادله و حرص‌لری سببی‌دین کاملاً بوزولغان ایدی . بو اقتصادی وضعیت نیڭ بوزولغانی نیڭ ینه بیر سببی، چاغاتای اولوسی دییلگه‌ن تورکستان اۆلکه لری‌نیڭ هیچ بیر طرف دین تکیز غه یولی یوق و تمام اطرافی بیر بیری‌غه دوشمن بولغان مغول حکومت‌لری‌نیڭ توپراق لری بیله‌ن احاطه قیلینغانلیقی ایدی . منه بو سبب‌لردین تورکستان خلقی خارج غه تجارت قیلالمای اقتصادی ایش‌لری بك کین قالماقده ایدی . دوای چچن‌خان بوگا چاره یاپماق اوچون تمام چنگیز اوغول‌لری نیڭ آراسیده عمومی بیر صلح تاءسیس قیلماق‌غه تریشتی.لیکن بو تریش



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

جانلیقی نتیجه برگونچه حیاتی وفا قیلمای ۷۰۷ هـ (۱۳۰۷م) ده اۆلدی و اورنیغه اوغلی کانجوك خان اولتوردی. او هم ۷۰۸ هـ ده اۆلدی و اورنیغه چاغاتای خاندانی دین تالیغو، خانلیق تختیده اولتوروب ۷۰۹ هـ ده اۆلدی. دوای چچن خان نیڭ ایکنجی اوغلی کپك خان تختده اولتوردی، اینیسی ایسن بوغاخان بیله‌ن اوروشوب اون آیکین تختنی ۷۱۰ هـ ده ایسن بوغاخانغه قویوب بردی.

ایسن بوغاخان تورکستاننی یخشی تینچ قیلدی. امّا او نیڭ زمانه سیده تورکستان نیڭ باشیغه بو وقتغچه کورولمگه‌ن فلاکتلر کلدی. چینده اولتوروب قاآنلیق قیلادورغان قوبلای خان و انیڭ اولادی اۆزلری‌نی تمام چنگیز اولادی‌نیڭ اوْستیغه قاآن سانار ایدی‌لر: لیکن تورکستانده‌کی چاغاتای خاندانی و قپچاق اوْلکه سیده‌کی آلتون اوردا (جوجی خاندانی) خانلری اۆزلری‌نی کاملاً مستقل توتوب قاآنلرغه هیچ بویون اگماس ایدی‌لر. ایران‌ده‌کی ایلخانلر (هولاگو خاندانی) یالغوز اغیزده قاآن لرغه احترام قیلور ایدی‌لر. بو سبب‌دین قاآنلر، چاغاتای خاندانی‌نی و آلتون اوردا خانلری‌نی اطاعتغه کلتورمك اوچون فرصت کوتار ایدی‌لر. ایسن بوغاخان تختده اولتورغان ییلی قوبلای قاآن نیڭ نیره‌سی بویانتو قاآن مغول و چین‌دین مرکب غایت تولا عسکر بیله‌ن تورکستان غه یوروش قیلدی. ایسن بوغا خان، آلتون اوردا خانی توقتای‌خان بیله‌ن هم دوشمن ایدی. بو سبب‌دین توقتای خان یوز میڭ عسکر بیله‌ن قاآن غه یاردم قیلدی. ایسن بوغا خان قاتتیغ مدافعه قیلیب بیر نچه اوروش‌لردین کین مغلوب بولوب عسکرلری بیله‌ن مستحکم تاغ منطقه لری‌غه قاچیب اوْزی‌نی وعسکری‌نی تَهلِکه دین ساقلادی. بویانتو قاان ایکی ییل مدت تورکستان‌ده توروب شمالی تورکستان‌ده هیچ بیر شهر قویمای ویران قیلدی غربی تورکستان دمو تولا راق شهر و ابادلیق لرنی ویران قیلدی. خلق‌نیڭ تولاراقی قتل‌عام بولوب و قاچیب تورکستان‌ده قحط‌لیق منتها شدتی‌غه یتتی. قاآن نیڭ عسکرلری آچلیق‌دین اۆلگه‌لی باشلادی. بو سببه‌دین قاآن چین‌غه کتمکغه مجبور بولدی. قاان کتکه‌ن زمان ایسن بوغا

خان یانیدەکی قوتی بیلەن قاچقان یریدین کلیب یورت نی اشغال قیلیب ۷۱۸ هـ دە ئۆلدی . اورنیغە اکاسی کپك خان ایکنجی دفعە خان بولدی . کپك خان ۷۲۱ هـ دە ئۆلوب اینی سی ایلچیکدای خان آلتە آی خانلیق قیلیب ئۆلدی، اینی سی دوای تیمورخان تخت دە اولتیرو روب بیر ییل دین کین ۷۲۲ هـ دە ئۆلدی . اورنیغە اینی سی تارماشیر خان تخت دە اولتوردی . تارماشیرخان حکمدار بولغان زمان اسلام بیلەن مشرف بولدی . اوزیغە علاءالدین لقبی نی آلدی، چنگیز خان نیڭ یاساسی نی تاشلاب اسلام شریعتی بوییچە ایش کورگیلی باشلادی . اسلام شریعتی غە عمل قیلغانی دین باشقا تابعیدەکی تمام چاغاتای خاندانی غە منسوب شهزادەلرنی، خان و بگ لرنی اسلامغە کیرکوزمك اوچون تشبّث قیلغانی دین شرقی تورکستان دەکی تیخی مسلمان بولمغان دوغلات خاندانی، اویغور ایدیقوتی و باشقە چاغاتای اولادی نارا ضی بولوب تارماشیرخان غە اطاعت اتمك نی ترك اتتی لر . تارماشیر خان بو عصیان نی باسیقتورماق اوچون جدّی حرکت قیلمادی . اخیری چاغاتای دولتی ایکی غە آیریلدی .

**مستقل بیر چاغاتای دولتی قورولغانی**

تارماشیرخان وفات قیلغونچە شرقی تورکستان دەکی یرلیك، حکمدارلر مستقل صورتدە پاشادیلر . لیکن همە لری کیچیك ساحەلردە باشقە باشقە حکمدارلیق دە بولوب، اوترادا بیرلیك بولمغان اوچون خارجی بیر دوشمن نیڭ هجومی بولغاندە یوق بولماق دین قورقماقدە ایدی لر . چاغاتای خاندانی دین بولغان بیر حکمدار نیڭ قیادتی آستیدە بیرلاشمك آرزو سیدە ایدی لر .

۷۳۰ هـ (۱۳۳۰م) دە تارماشیرخان نی برادرزادەسی ئۆلتوروب غربی تورکستان دە قاتیغ بیر داخلی مجادلە چیقغان فرصت دین شرقی تورکستان نیڭ یرلیك، حکمدارلری نیڭ اڭ قوتلیکی بولغان



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دوغلات حکمداری پولاچی‌بگ استفاده قیلیب تارماشیرخان نیک اینسی لری دین تیخی مسلمان بولمغان ایمال خوجه‌نی بخارا دین قاچوروب شرقی تورکستان غه کلتوردی. تورک مراسمی غه کوره چاغاتای خاندانی و دوغلات خاندانی غه منسوب کته لر المالیق شهری غه ییغیلیب ایمال خوجه‌نی اق کیگیزده اولتورغوزوب اڭا بیعت قیلدی‌لر و انی ایسن بوغا خان اتی بیله‌ن اتادی لر. بوکشی چاغاتای خاندانی دین ایسن بوغا خان اتلیغ ایکنجی حکمدار دور. ایکنجی ایسن بوغا خان المالیق تختی ده اولتوروب آز مدت ده تمام شرقی تورکستان یرلیك حکمدارلری و قبیله بگ لری‌نی اطاعتی غه کیرگوزدی. چوك یاردمچی سی بولغان پولاچی بگ‌نی بگلر بگی عنوانی بیله‌ن اوزی‌غه وزیر تعین قیلدی. تمام حکومت اختیاراتی‌نی اڭا تاپشوردی.

ایسن بوغا خان اهسته اهسته عسکری قوّتی‌نی اشوروب غربی تورکستان ده‌کی چاغاتای حکومتی نیك اوستیغه سیاسی بیر نفوز پیدا قیلدی و اولرنی اوزی‌نیك چاغاتای اولوسی نیك چوك خانی ایکه‌ن لیکی غه اعتراف قیلدوردی. بو صورت بیله‌ن غربی تورکستان ده‌کی چاغاتای‌خانی و ایسن بوغا خان ظاهرده ایکی چاغاتای حکمداری بولسمو لیکن حقیقت ده اصلی و مرکزی حکمدار یالغوز ایسن بوغا خان بولدی. ایسن بوغا خان حیاتی نیك اخیری‌غچه بو موقعیتی‌نی محافظه قیلیب ۷٤۱ هـ (۱۳٤۰م) ده وفات قیلدی. اورنیده اولتور غوده‌ك اوغلی یوق ایدی. کیچیك خاتونی دین بولغان توغلوق‌تیمور اتلیغ نارسیده اوغلی‌نی چوك خاتونی مغولستان غه هیداب ایبارگه‌ن ایدی. بو اوغول هم ایسن بوغا خان اۆلگه‌ن کونلرده سَکِز یاشده ایدی. الحاصل ایسن بوغا خان نیك اورنیده اولتورغالی هیچ ولیعهدی بولمغان سبب دین انیك تختی بوش قالدی. یرلیك حکمدارلر اوز منطقه لریده مستقّل بولوشوب بیر بیرلری بیله‌ن شوقوشوب، قان توکوشمك غه توردی لر. سَکِز ییل مدت بو داخلی مجادله و حرص دعوالری دوام اتتی.

بو مدت ایچیده پولاچی‌بگ نیك دعواسی، ایسن بوغا خان نیك نارسیده اوغلی‌نی مغولستان دین کلتوروب تخت ده اولتورغوز

ماق ایدی. باشتا یرلیك حكمدارلر بو دعواغه مخالفت اتمكده ایدیلر، بیر مونچه چاغاتای شهزاده لری تختغه چیقماق حرصی بیلەن اوزلریغه طرفدار پیدا قیلماق اوچون كوشش قیلور ایدی لر. بو سكز ییل ایچیده غربی توركستان هم چاغاتای و اوكتای خاندانی اراسیده قانلیغ بیر مجادله میدانی بولماقده ایدی. اخیری غربی توركستان تختینی قولیغه الغان غازانخان (چاغاتای) شرقی توركستاندەكی داخلی مجادلەدین استفاده قیلیب اویرغه استیلا اتمك حركتیده بولدی. بو حركتنی اۆز موجودیتلریغه خطر بیلگەن شرقی توركستان یرلیك حاكملری و چاغاتای شهزاده لریدین تولاراقی پولاچیبگ بیلەن بیرلاشمك و مشترك خطرنیڭ الدینی الماقغه مجبور بولوب انیڭ یانیغه توپلاندیلر. پولاچیبگ، توغلوقتیمورنی خان تعین قیلیب شرقی توركستانده قوّتلیك بیر حكومت تاٴسیس اتمای داخلی و خارجی خطرنیڭ الدینی الماق ممكن ایماسلیك قناعتیغه مذكور حكمدارلر و شهزادەلرنی اوناتتی. توغلوق تیمورنی مغولستاندین كلتورمك اوچون آدم یوللادی. بیر ییل مدت او آدم مغولستانده یوروب اخیری توغلوقتیمورنی تاپیب الماليقغه كلتوردی و آنی تختده اولتورغوزماقغه اتفاق بیلەن قرار بردیلر.

### توغلوقتیمور نیڭ خان بولغانی

٧٤٨ هـ (١٣٤٧م)ده توغلوقتیمورخاننی آق كیگیز اوستیده اولتورغوزوب بیعت قیلغاندین كین مراسم بیلەن خانلیق تختیده اولتورغوزدی لر. بو حالده توغلوقتیمورخان اونسكز یاشده ایدی. توغلوقتیمورخان، پولاچیبگنی بگلربگی لیك عنوانی بیلەن عمومی دولت ادملری نیڭ اوستیده نفوذلوغ وزیر رتبه سیغه تعین قیلدی و هم التی شهر و ایسیغكوّل اطرافیدین عبارت بولغان دوغلات خانلیقیده قویدی. بو مملكتلرغه پولاچیبگ اوزینیڭ اینیلری قمرالدین بگ، شمس الدین بگ و شیخ دولتبگ لرنی والی قیلیب اداره قیلور ایدی.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

توغلوقتیمورخان حکومتی نیڭ تورتنجی ییلی یعنی ۷۵۲ ه (۱۳۵۱م) ده مولانا ارشدالدین اتلیغ بیر عالم نیڭ دعوتی بیلەن اسلام نی قبول اتتی. توغلوقتیمورخان مسلمان بولغاندین کینپولاچی بگ باشلیغ تمام دولت ادملری و عسکرلریدین تیخی مسلمان بولمغان کشیلرنی اسلام غه دعوت قیلغالی باشلادی. همەسی اسلام بیلەن مشرف بولدیلر. خان، تولاعالملرنی المالیقغه کلتوروب خلق غه اسلام احکامینی تعلیم اتتوردی. مولانا ارشدالدین کینلرده توغلوق تیمورخاندین اجازت الیب کوچا شهریده یرلاشتی و اویرده وفات اتتی. حاضرده بوذاتنیڭ مزاری کوچانیڭ مُتبَرکْ بیر مزاری دور. بوکونغچه کوچانیڭ دینی وظیفەلری نیڭ تولاراقیغه اوذاتنیڭ اولادی ایگه بولماقده دور.[205]

۷٦۲ ه (۱۳٦۱م) ده پولاچی بگ وفات قیلدی، و توغلوقتیمورخان انیڭ بگلربگیلیك و دوغلات حکمداریلیق عنوانی نی یته یاشار اوغلی خداداد خان غه بردی. انیڭ وظیفەسینی تاغاسی قمرالدین بگ نایب لیق صورتیده اداره قیلدی. توغلوقتیمورخان غایت فَعّال و عسکر بیر یگیت ایدی. بو سایەده کوندین کونگه عسکری قوّتی نی اشوروب تمام شرقی تورکستان خلقی نی کامل اطاعت آستیغه الدی. و یورت نیڭ تینچلیق و اسایشی مکمل بولدی. و تمام چاغاتای اولوسی نی اۆز بایراقی آستیغه الماق اوچون تیارلیق قیلماقغه باشلادی.

**توغلوقتیمور خان نیڭ غربی تورکستان نی الغانی**

۷٤۷ ه (۱۳٤٦م) دین اعتباراً غربی تورکستانده چنگیزخان نسلیدین بولمغان بارلاس اتلیغ تورك قبیلەسی نیڭ بگی امیر قازغان کوچ تاپیب تمام نفوذ و حکومت انیڭ قولیده بولماقده ایدی، و بالفوز آت اعتباری بیلەن چاغاتای خاندانیدین بیر کشینی خان قیلیب اولتورغوزوب قویار ایدی. خان بولغان کشی امیر قازغانغه مخالفت کورساتسه انی اۆلتوروب باشقەسینی خان قیلور ایدی. کینلرده امیر

قالغان اۆلتورولوب غربی تورکستانده غایت یمان بیر باش سیز لیقو داخلی مجادله پیدا بولدی .

توغلوقتیمورخان بو وضعیتنی اۆز مقصدیغه غایت مساعد کۆرۆب ۷٦۰ هـ (۱۳٥۹م) ده چوڭ و منتظم بیر قوّت بیلەن غربی تورکستانغه یوروش قیلدی . غربی تورکستانده‌کی بیر بیری بیلەن مجادله قیلماقده بولغان بگ لر بو خبرنی ایشتیب غایت درجه‌ده اضطرابغه توشتی لر و بارلاس قبیله‌سی نیڭ امیری حاجی بارلاس باشلیغ بگ لر اۆز تابع لری و مال لری نی الیب هرات و کابل طرف لریغه قاچتی لر . جلایر قبیله‌سی نیڭ بگی بولغان فرغانه حکمداری بایزید بگ و بارلاس اصیل زاده لریدین کش (یشیل شهر) نیڭ حاکمی تیموربگ (مشهور دنیا فاتحی امیر تیمور) و باشقه بیر نچه بگ لر توغلوقتیمورخانغه اطاعت عرض قیلدی لر بولارغه خان چوڭ التفات قیلیب اوز منطقه لری نی اوز لریغه بردی لر .

بو صورت بیلەن توغلوقتیمورخان غربی تورکستان نی هیچ اوروش سیز الدی . لیکن غربی تورکستانده اداره سیزلیك و باش سیزلیق منتها درجه‌ده یرلاشیب قالغان و هر ایشده فساد اوروغی ییلد یزلاب قالغانلیقی اوچون اوفساد و اداره سیزلیك نی کاملاً یوق اتمك و اصلاحات و اسایش نی اورونلاشتورماق تولا مشکل بیر حالده ایدی . بو اوچون توغلوقتیمورخان نیڭ غربی تورکستانده اوزون مدت تورماقی لازم ایدی . بناءًعلیه خان غربی تورکستانده تقریباً ایکی ییل مدت قالدی . بو مدت ایچیده تیموربگ ، توغلوقتیمور خان نیڭ حضوریغه کلیب سمرقندده توردی . تیموربگ بو کونلرده یگرمه اوچ یاشار بیر یگیت ایدی . امّا انیڭ عقلی و ذکاوتی فوق العاده زیاده بولغانی اوچون خان اوزفکریده تیموربگ نی اوزیغه صمیمی بیر خادم قیلماق و انیڭ وسطه‌سی بیلەن غربی تورکستان نی اداره قیلماقغه قارار بردی . بناءًعلیه تیموربگغه یشیل شهر نیڭ حاکم لیقی نیڭ اوستیغه تومن بگی لیك (اون میڭ عسکرغه قوماندانلیق) منصبی نی بردی ، بارلاس قبیله‌سیغه بگ تعین اتتی و بیر التون تامغالیغ منشوره و بیر مُهُور هم بردی . بو نیڭ بیلەن تیموربگ غربی تورکستانده‌کی یرلیك بگ لر نیڭ اڭ امتیازلیغی بولدی .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

توغلوقتیمورخان نینگ غربی تورکستانده ایکی ییل تورغانی لازم لیغ اصلاحاتنی تماملاماقغه کافی کلمدی. لیکن المالیق اطرافیده یمان بیر عصیان چیقغانی اوچون خان، غربی تورکستان نینگ اداره ایش‌لری‌نی تیموربگ و بایزیدبگ جلایرغه تافشوروب شرقی تورکستانغه قایتتی.

عصیان واقعه‌سی شودور : توغلوقتیمورخان تونجی قتم سمرقندغه یوروش قیلغان کونلرده ایکی منصبدار خلق‌نی بولاغان و تولا التون کموش توپلاغان ایدی. خان بونی اکلاب اولرغه جزابرمک قاراری‌نی بردی. مذکور منصبدارلر بو قارارنی اکلاب اوز ادملری بیله‌ن قاچتی و ایلی اطرافیده‌کی بعضی قبیله‌لر بیله‌ن بیرلاشیب تالانچی‌لیق قیلماقغه باشلادی‌لر. اوّلده خان موندین پرواقیلمادی. و بو تالانچی‌لر هم کوزغه ایلگوده‌ك عصیانچی ایماس ایدی‌لر. لیکن خان نینگ اورنیده نایب‌لیق صفتی بیله‌ن پایتختنی اداره‌قیلادورغان بگلربگی پولاچی‌بگ ۷٦۲ هـ ده وفات اتکه‌ندین کین مذکورتالانچی‌لر حقیقی بیر عاصی شکلی‌نی الیب تولا قوّتلانیب المالیق شهری‌نی تهدید قلغالی باشلادی. بو سببدین خان، غربی تورکستانده لازم لیغ اصلاحاتنی چالاقویوب یانیب کلدی. تقریباً بیر ییل دوام اتکه‌ن شدتلیك تعقیبات دین‌کین عاصی‌لرنی کاملاً یوق قیلدی.

توغلوقتیمورخان، شرقی تورکستانده عاصی‌لرغه ادب برمکغه مشغول بولغانلیقیدین حاجی‌بارلاس و باشقه قاچقان بگ‌لراستفاده قیلیب غربی تورکستانغه کلدی‌لر. حاجی‌بارلاس سمرقندنی اشغال اتتی. بایزیدبگ جلایرهم خان نینگ اطاعتی‌نی ترك اتیب باش‌سیزلیق یولی‌نی توتتی. اما تیموربگ، خان نینگ وفادار بیر مأموری صفتی‌بیله‌ن حاجی‌بارلاس و بایزیدبگ لرغه مخالفت اتمکده ایدی. اخیری حاجی‌بارلاس و بایزیدبگ لر، تیموربگ نی یوق اتمکغه قارار بیریب اگا حیله یولی‌بیله‌ن سوءقصد قیلدی‌لر. لیکن بو ایشده موفق بولالمغان سببدین بایزیدبگ، حاجی‌بارلاس دین ایریلدی. حاجی‌بارلاس اوز عسکرلری بیله‌ن تیموربگ نی یوق اتمك اوچون یشیل شهرغه یوروش قیلدی. تیموربگ من حاجی

بارلاس غه تابع بولمايمن و منيك قولومده خان نيك آلتون تامغاليغ منشورەسىبار، من انيك تابعىدورمن" ديب حاجىبارلاس بيلەن سوقوش قيلدى. حاجىبارلاس مغلوب بولوب سمرقندغه قاچتى. تيموربگ انى قوغلاب سمرقندغه يا قين بارغانده بايراقىاستيدەكى بارلاسلر، حاجى بارلاس طرفيغه اوتوب اليب قوتّى بك آز قالدى. مجبوراً خاتونو بالەسى نى اليب كابلغه قايين اغاسى امير حسين نيك يانيغه قاچيب كتتى، و انيك بيلەن بيرلا شيب كابل اطرافيدەكى افغان قبيله لرىدين و تورك قبيله لرىدين عسكر توپلاب غربى توركستان غه قايتتى. حاجىبارلاس نى مغلوب قيليب تيموربگ پشيل شهرنى امير حسين سمرقندنى اليب اولتوردى لر. بو نيك بيلەن تيموربگ و اميرحسين بيلەن حاجىبارلاس و بايزيدبگ و باشقه لر اوزون و مدهيش بير داخلى مجادله غه توتولدىلر. بو مجادله توغلوقتيمورخان نيك بير مونچه قوشلر نيك آراسيغه هوادين بير تاش توشكەندەك، اوشتومتوت هجومىغچه دوام اتتى.

٧٦٤ هـ (١٣٦٣م) توغلوقتيمورخان تولا قوّتليك منتظم عسكر بيلەن غربى توركستان غه يوروش قيلدى. خان بو دفعەده غايت جدّى بير پروگرام بيلەن كلدى و تمام عاصىلرنى يوق قيلماقو غربى توركستان نيكِ ادارەسىنى كاملاً اوْز قوليغه اليب اويردەكى اوزوندين برى جارى بولماقده بولغان فساد و خونريزليق نى قطعى توگه تمەك مقصيدى دە ايدى. خان، خجندغه كليب لابايزيدبگ نى ايلگريكى باش سيزليقى (حاجىبارلاس بيلەن بيرلا شكانى) نيك جزاسى اوچون اوْلتوردى. حاجى بارلاس و امير حسين لر سمرقند يا قينيده خان نيك قاراول عسكرلرىبيلەن آزغينه اوروشوب قاچتىلر و كابل طرفيغه كتتىلر. تيموربگ ينه اوّلقيدەك اطاعت عرض قيليب استقبال قيلدى.

توغلوقتيمورخان، تيموربگ نى سمرقندغه والى تعيين قيلسه موكين لردە غزل قيلدى. خان بير ييلغچه سمرقندده تورۇب غربى توركستان دە هيچ بير مخالف نى قويمادى. اطاعت قيلغانلرنى هم ايلگريكىدەك اختيارات برماى هر ايشدە مركزغه تابعبير حاكم ويابير قوما ندانصفتى بيلەن ايشغه تعيين قيلدى. تيموربگ بو دفعەدەخاندين



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

چوڭ بىر منصب طمع قىلماقده ايدى. لىكن خان اكا ينه اولتى يشيل شهر حاكم لىقى و بارلاس قبيلەسى نىڭ اۇستيده تۇمن بگى عنوانى بيلەن تورماقى دين باشقه بىر منصب برمادى. تيموربگ نىڭ كىينكى عصيانى نىڭ مهم راق سببى اوشبو ايدى.

توغلوقتيمورخان، اوغلى الياس خوجه اوغلان نى غربى توركستان غه عمومى والى تعيين قىلدى. كيچيك بگ آتليغ بىر قوماندان نى كافى درجەده عسكر بيلەن سمرقندده قويدى. تمام حدود و شهرلر غه عسكر و حاكم تعيين ايلادى و ٧٦٥ هـ (١٣٦٣م) ده الماليق غه يانيب كلدى.

## تيموربگ نىڭ عصيانى

توغلوقتيمورخان كتكەندين كىين تيموربگ غربى توركستان ده عصيان چيقارماق اوچون فرصت غه منتظر تورماقده ايدى. الياس خوجه اوغلان و كيچيك بگ باشليغ عسكر و مأمورلر مغول عادتيچه اسير لرنى قۇل قىلماق و ساتماق غه توردىلر. بو اسيرلر همەسى مسلمان ايدىلر. غربى توركستان خلقى بو مسلمانلر نىڭ قۇل قىلينغانى نىڭ اسلام شريعتى غه مخالف بىر ايش بولغانى اوچون تولا خاپا بولدىلر. مونىڭ اۇستيغه كيچيك بگ ظالم بىر ادم ايدى و عسكرلرى نى خلق غه ظلم و تعدى قىلماقدين توسماس ايدى. الياس خوجه اوغلان ياش و مغرور بىر شهزاده بولوب دايما آو بيلەن مشغول ايدى منه بو وضعيت غربى توركستان خلقى نىڭ الياس خوجه اوغلان و كيچيك بگ لردين نفرت قىلماقى غه سبب بولدى. تيموربگ بو فرصت دين استفاده قىليب دوست لرى نى مخفى صورتده عصيان غه تشويق قىلور ايدى، و بىر طرفدين خلق نىڭ اوزى غه قوشولماقى نى اميد قىلور ايدى. ٧٦٥ هـ اخيرىده تيموربگ يشيل شهر اطرافيدەكى عسكرلرنىڭ اۇستيغه هجوم قىليب اولر نىڭ قوليدەكى اسيرلرنى زور بيلەن تارتيب اليب ازاد قىلماق غه باشلادى.

الیاس خوجه اوغلان ، تیموربگ نیڭ بو حرکتی نی وخلق نی عصیان غه تشویق اتکه نی نی خان غه یازدی . خان، تیموربگ نی یوق اتمکغه یارلیغ بردی . بو یارلیغ نیڭ خبری نی تیموربگ اڭلاب بیر کیچه ده خاتون و باله سی نی و یگرمبش اتلیغ ادمی نی همراه الیب قاچتی . آمو دریادین اۉتوب بیر نچه آی غایت یمان مشقت لرنی کوروب اخیری قاپیین اغاسی امیر حسین بیله ن بیرلاشتی . بعضاً افغانستان و بعضاً بلخ آراسیده یوروب کوشش لر قیلیب یانی غه بش الته میڭ کشی لیك بیر قوّت توپلادی . تیموربگ و امیرحسین بو قوّت بیله ن آمو دریاغه یاقین بلخ جواریده یرلاشتی . بو قوّت بیله ن غربی تورکستان غه هجوم قیلماق ممکن ایماس ایدی . بلکه تیموربگ نیڭ مقصدی مذکور قوّت بیله ن اۆز یری نی محافظه قیلیب توروب غربی تورکستان ده کی طرفدارلری نی اهسته اهسته یانی غه کلتورمك و کافی درجه ده قوّت غه ایگه بولغاندین کین هجوم غه قدم قویماق ایدی . لیکن امیر حسین تیموربگ نیڭ مصلحتینی آلمای آمو دریادین اۉتوب الیاس خوجه اوغلان نیڭ حدودچی عسکرلری غه تعرض قیلدی ، یمان مغلوب بولوب عسکرلری پراکنده بولدی و اۉزی قاچیب تیموربگ نیڭ یانیغه کلدی . امیر حسین نیڭ بووقتسیز هجومی و مغلوب بولغانی بیر طرفدین تیموربگ نیڭ پلانی غه چوڭ ضرر بسه ردی ینه بیر طرفدین الیاس خوجه اوغلان نیڭ کۆزی نی آچیب قویدی . چونکه الیاس خوجه اوغلان ، امیر حسین نیڭ هجومی نی اڭلاب دریا نیڭ او طرفیده قوّتلیك بیر دوشمن بارلیقی نی بیلدی و درحال کیچیك بگنی یگرمه میڭ عسکر بیله ن دریا بویی غه یوللادی .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

امرحسین نیكٔ عسکری‌نیكٔ پراکنده بولغانی تیموربگ غه امید سیزلیق‌کلتورادورغان‌بیرحادثه ایدی . اماجهانگرلیك استعدادی بیله‌ن یاراتیلغان تیمور، بوحادثه‌دین هیچ متأثر بولمادی . درحال فعالیت‌غه کلیب پراکنده بولغان عسکرلرنی ممکن‌قدر ییغدی ، و غربی تورکستاندین و هر بیر یردین طرفدارلری‌نی ممکن بولغان یول‌بیله‌ن یانی‌غه توپلاماق‌غه کوشش قیلابردی .

الحاصل بیرنچه ای مدت‌ایچیده تیموربگ نیكٔ یانی‌غه مهم مقدارده قوّت‌توپلاندی . تیموربگ بو قوّت‌نی‌الیب بیرآز ایلگریلاب امودریانیكٔ تاش‌کوپروك دیبیلادورغان کیچیگی نیكٔ اودولیده یرله‌شتی . کیچیك بگ تمام یول‌لرده عسکر قویوب اوزی عسکری‌نیكٔ قسم کلی‌سی‌بیله‌ن تاش‌کوپروك نیكٔ اوتوریده یرلاشتی . کیچیك بگ، تیموربگ نیكٔ قوّتی نیك اوز قوّتی‌دین تولا ضعیب‌لیقی‌نی بیلیب دریادین اوتمك و تعرض قیلماق نی مصلحت‌کورمادی . اما تیموربگ بیر ای توختاغاندین‌کین امیرموسیٰ اتلیغ بیر قوماندانی‌نی بش‌یوز کشی‌لیك بیر قوّت‌بیله‌ن تاش‌کوپروك د ٥ قویوب اوزی بیر کیچه‌ده تمام قوّتی‌نی‌الیب ایاغ طرفدین مخفی صورتده دریادین اوتتی و کیچیك بگ نیكٔ عسکری‌نیكٔ ارقه سیغه‌اوتوب اویرده‌کی دوٚكٔ‌لرنی اشغال‌اتتی . کیچیك بگ ایرته‌سی اوزی‌نی دوشمن نیكٔ احاطه سی ایچیده کوردی . لیکن بو نیكٔ بیله‌ن هم شاشیب قالمای که‌چ غچه شدتلیك محاربه قیلیب موقعی‌نی محافظه اتتی. کیچه ده تیموربگ و عسکرلری، هاردوقده استراحت قیلماقده بولغانی‌نی بیلیب کیچیك بگ احاطه دین چیقماق اوچون عسکرلری بیله‌ن کوچوب مُوفّقیت بیله‌ن احاطه دین چیقتی .

بو حالده امیرحسین تولا تورك و افغان عسکرلری‌بیله‌ن تیموربگ نیكٔ یاردمی‌غه کلدی . غربی تورکستاندین بیرنچه قبیله‌لر و حتّا قولیغه یاراغ الماق امکانی‌نی تاپقان ایر و خاتون‌دین مرکب بیرنچه میكٔ یاردمچی‌لر یتیشتی‌لر . بو نیكٔ بیله‌ن تیموربگ نیكٔ قوّتی

كيچيك بگ نيڭ كيدين اشوق بير حالغه يتتى . بو وضعيتغه ايگه بولغان تيموربگ كيچيك بگنى قوغلاغالى باشلادى . كيچيك بگ نيڭ عسكرلرى، ارقهدين و ياندين غربى توركستان ليغ لرنيڭ غير منتظم هجوم لرى و تيموربگ نيڭ منتظم قوّتى نيڭ يتيشكهنى دين شاشيب قاچماق غه يوز قويدى لر . كوندين كونگه تيموربگ نيڭ قوّتى تولا بولغان سببدين الياس خوجه اوغلان اوزىنى و عسكرلرىنى تهلكهدين قوتقوزماق اوچون غربى توركستاننى بوشاتيب يوروب سيرد ريادين اوتوب عسكرلرنى توپلاب مدافعه وضعيتى نى اليب توردى . بو حالده تيموربگ و اميرحسين تمام قوّتلرى بيلهن كليب دريانيڭ او بوييده يرالدى لر . روايتلرغه كوره بيركون الياس خوجهاوغلان دريا بوييده اتليغ يورمكده ايدى، تيموربگ و اميرحسين اتلانيب دريا بوييغه باريب الياس خوجه اوغلان نيڭ اوتتوريغه باريب اتلريدين توشوب سلام قيليب احترام رسمى نى ادا قيلدى لر .

### الياس خوجه اوغلان نيڭ خان بولغانى

٧٦٧ هـ (١٣٦٥م )ده توغلوقتيمور خان وفات اتتى . توغلوقتيمور خان ياش بير ادم بولغانى بيلهن غايت هشيار ، عادل و سياستبابيده هم بير داهى ايدى . بو تاريخده چنگيز خاندانى، التون اوردا خان لريدين باشقهسى، چوكوشدورينى ياشاماقده بولوب اهميتدين توشكهن بير حالده ايدى . توغلوقتيمور خان بو دولتنى يگىدين تيرگوزمك اوچون كوشش قيلماقده و چوڭ بير جهان گيرليك پلانىنى قورماقده ايدى . ليكن اوتوز تورت ياشيده وفات اتتى . انيڭ بو مقصدى وجودغه چيقمادى ، بلكه انيڭ دشمنى بولغان تيمور بگ غه نصيب بولدى .

توغلوقتيمورخان وفات قيلغوچه الياس خوجه اوغلان و تيموربگ لر اراسيده سوقوش بولمغان ايدى . خاننيڭ وفات خبرى



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

کلگه‌ن زمان الیاس خوجه اوغلان ، کیچیك بگ و ینه ایکی قوماندان نیك قیادتی استیده کافی درجه‌ده عسکر قویوب اوزی المالیق غه کتتی و او یرغه باریب مراسم بیله‌ن خانلیق تختیده اولتوردی . بو اراده تیمور بگ و امیر حسین کیچیك بگ لر بیله‌ن شدتلیك اوروش باشلادی . تولا اوروش‌لردین‌کین خان نیك عسکرلری مغلوب بولوب کیچیك بگ و ایکی قوماندان باشلیغ تولا عسکرلر تیموربگ نیك قولی غه اسیر توشتی‌لر . تیموربگ، مذکور اسیرلرنیك شجاعتی و خان نیك توزی‌غه وفا قیلغانلری نی تقدیر قیلیب اولرغه مُکلف ضیافت بردی و کیچیك بگ دین سوردی " سیزلرنیك حقیگلرده نیمه معامله قیلماقیم نی امید قیلاسیز ؟ کیچیك بگ ساکن و پرواسیز بیر توروق بیله‌ن جواب بردی: " بیزگه نیمه معامله قیلماق اختیاری سنده دور . اولتورسك انتقام الغان بولور سن ، ساق قویساڭ اوز فایده‌لریڭنی کوزلاگه‌ن بولاسن ، اما بیز اوچون هرایکی‌سی برابر دور . بیز بلیمیزغه قلیچ اسقان کوندین باشلاب اولوم غه اوزومیزنی تیککه‌ن ایدوك " دیدی . تیموربگ بو جسارتلیك جواب دین خوش بولوب بولرنیك یراغ لری‌نی بیریب و ات هم بیریب ازاد قیلیب المالیق‌غه یوللادی . تیموربگ و امیر حسین‌لر هم سمرقندغه کتتی لر . بو نیك بیله‌ن تیموربگ و امیرحسین پوتون غربی تورکستان‌نی و افغانستان‌نی کابل و غزنی‌غچه یریمی دین تولاراق قسمینی مشترك حکمدارلیق‌لری استیغه الدی لر .

الیاس خوجه اوغلان نیك تخت‌ده اولتورغان کوندین باشلاب غایت قوّتلیك و منتظم و مُجهز عسکر تیارلاماق ، تیموربگ‌بیله‌ن امیر حسین‌نی قطعی صورت‌ده مغلوب اتیب غربی تورکستان‌نی قولیغه الماق ، الڭ مهم مقصدی بولدی . تیموربگ و امیر حسین اوزلری نیك بو یکی قولغه کلتورگه‌ن دولت‌لری‌غه الیاس خوجه خان‌نو قوّتلیك‌دایمی بیر خطر بیلور ایدی لر . بناءً علیه اولر نیك الڭ مهم مقصدلری الیاس خوجه خان‌غه ارام برمای قاتیغ هجوم لر بیله‌ن انی ضعیفلاشتورماق ایدی .. بو اوچون تیموربگ و امیر حسین غربی تورکستان خلقی دین و افغانستانده‌کی افغان و غور قبیله لریدین مرکب معظّم بیر عسکر

توپلادی. ٧٦٧ هـ (١٣٦٦م) نیڭ اخیریده یوروش قیلیب سیر دریا بوییغه کلدی لر. دریادین هم اوتوب خان نیڭ عسکرلرینی مغلوب قیلیب ایلگریلامکغه باشلادی لر. بو طرفدین الیاس خوجه خان غایت منتظم و مجهز عسکر بیلەن المالیقدین یوروش قیلدی. بو ایکی قوّت تاشکند نیڭ یاقینیده اوچراشیب اوروشغه تیارلاندی لر. بو ایکی عسکر نیڭ حربی قیمتی خصوصیده بعضی عصری تاریخ کتابلریده یازیلغان ملاحظەنی محترم اوقوغوچیلرغه بیان قیلامیز: تیموربگ نیڭ عسکری، عددیغه کوره الیاس خوجه خان نیڭ کیدین خلی زیاده ایدی. لیکن حربی قیمتغه کوره الیاس خوجه خان نیڭ عسکرلری تولا قوّتلیك ایدی. چونکه خان نیڭ عسکرلری یخشی بیر انتظامغه تابع، حرب تجربەلری مکمل، کاملاً مُجَهّز، اوز قوماندانیغه اطاعتکار و دولتیغه فداکار و هەمەسی بیر ملّت نیڭ افرادی ایدی لر. اما تیموربگ نیڭ عسکرلریده بو صفتلیك لر از بولوب قسم کلّیسی تیموربگ نیڭ ارقەسیدین یورویدورغان بعضی مشایخ لرنیڭ تشویقاتی بیلەن قوشولغان انتظامسیز الامان امدادچیلر و اوروشنی کورمای یراقدین ایشیت کەن افغان و غور قبیله لریدین عبارت بولوب محارب لیق اوصافی یوق ادم لر ایدی لر. شونداغ بولسەمو تیموربگ نیڭ عسکر لری اوز لرینیڭ سانچه اوستونلوك لری و بعضی روحانی مددکار لریغه ایشانیب غالب کلمك لریغه شبهه اتمس ایدی لر. اما تیموربگ اوزی تجربەلیك بیلیشلیك بیر عسکر ادم بولغانی اوچون یوقاریقی فرق نی بیلور ایدی. محارب لیك اوصافیغه ایگه عسکرلرینی اوز قیادتیغه الیب حربی مانَوْرَه لر بیلەن غالب کلمك امیدیده ایدی.

محاربه باشلار باشلاماس هوا بوزولوب غایت قاتیغ یامغور یاغیب، هوا گۆکیرەب و آل توشوب نهایت قورقونچ بیر وضعیت الدی. بیر ساعت ایچیده میدان لر یمان بیر پاتقاق لیق حالیغه کلدی و ادم و ات نیڭ یورمکی مشکل لاشتی. اوشبو حال بیلەن محاربه کچ وقتغچه دوام قیلدی. کەچقوروnده امیرحسین یمان مغلوب بولوب میداندین قاچتی و کین راق تیموربگ هم مغلوب بولوب ارقەغه یاندی. اخشام بولغاچ اوروش توختادی. تیموربگ کیچەسی



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

عسکری‌نی توپلاب مقابل تعرضغه تیارلاندی. یامغور تونناگونکی شدتی بیلەن یاغماقده ایدی. بو حالده الیاس خوجه خان‌نیڭ عسکرلری تیموربگ نیڭ عسکرلری‌نی اراغه الیب، یمان بیر قلیچ اوروشی بولوب تیموربگ نیڭ منتظم عسکرلری‌نیڭ تولاسی قیریلدی و تیموربگ قاچقانچه سمرقندغه باریب توختادی. تیموربگ نیڭ توزی‌نی ییگەن وقایع نویسلر و اولرغه تابع بولغان بعضی مؤرخلر بو مغلوبیت اوچون ایکی سبب الغاسوره دورلر. بیری مغول ساحرلری یەد قیلیب یامغور یاغدورغانلیقی ایمیش. ینه بیری امیرحسین‌نیڭ غیرتسیزلیکی ایمیش.

تیموربگ سمرقندده هم عسکری‌نی توپلایالمای سمرقند خلقی‌نی مدافعەغه تشویق قیلیب و قوّت توپلاب کلمك وعده‌سی‌نی بیریب بشیل شهرغه کتتی. الیاس خوجه خان یتیب کلیب سمرقندنی محاصره قیلدی. تیموربگ، خان نیڭ عسکرلری‌نی توساشغه قدرتی یوقلوقی‌نی بیلیب یشیل شهردین ادملری بیلەن چیقیب قاچتی و امودریادین اوتوب بلخ یاقینی‌ده توختاب توردی. الیاس خوجه خان سمرقندین باشقه تمام غربی تورکستان شهرلری‌نی الدی. سمرقند شهری‌نیڭ قلعه‌سی غایت مستحکم و خلقی مسلح بولغان اوچون شدت بیلەن مدافعه قیلدی‌لر. بو حالده شرقی تورکستان‌ده اغتشاش چیقغان سببدین الیاس خوجه خان سمرقند اطرافیده و باشقه‌یرلرده کافی عسکر قویوب ٧٦٨ هـ (١٣٦٧م) اخیریده شرقی تورکستان‌غه یانیب کتتی.

### شرق تورکستان ده انقلاب

الیاس خوجه خان عسکر تنظیمی و حرب فنونی‌ده تولا ماهر ایدی. لیکن اوزی یاش‌ده خیلی کیچیك، مغرور، و سیاست‌ده تجربه‌سیز بیر یگیت ایدی. بو جهتدین یاش یگیتلرغه امتیاز بیریب یورت نیڭ نفوزغه ایگه بگ لری‌نی و تجربه‌لیك پیشقدم لری‌نی اعتباردین توشوروب اولرنی اوزی‌دین ناراضی قیلدی. بو جمله‌دین اك مهم

بولغانی نی نمونه صورتی بیله‌ن ذکر قیلامیز : توغلوقتیمور خان نینک وقتیده دولت نینک اک چوک ادملری و مُدبّرلری بولغان قمرالدین بگ نی، شمس الدین بگ و شیخ دولت بگ دوغلات لرنی ایش دین چیقاریب بولر نینک اورنیغه برادر زاده لری بولغان یگرمه یاشار خداداد خان نی، هم بگلربگی هم دوغلات خانی تعین اتتی . و بو نینک امثالی ده بیر مونچه اداره و سیاست خطالری اوتتی . بو سبب دین یورت نینک نفوذ صاحب لری بولغان تولا کشی لر خان دین خاپا بولدی لر . خان نینک ایش غه تعین قیلغان یاش ادملری نینک تجربه سیزلیک لری نتیجه سیده یورت نینک اداره ایش لری آستین اوستون بولوب بو نازوک وقتده مملکت نینک ایچ طرفی انتظام سیزلیق غه باشلادی . بو سبب دین الیاس خوجه خان نینک حکومتی دین زریککه‌ن خلق تولا بولغالی توردی .

الیاس خوجه خان ، یوقاریقی تاشکند اوروشی اوچون تمام عسکرلری نی الیب کتیب تقریباً بیر ییل مرکزدین اوزاقلاشیب قالغان بو فرصت دین، قمرالدین بگ باشلیغ، ناراضی بگ لر استفاده قیلیب مهم قوّت لر توپلاب انقلاب چیقاردی لر . شمال ده‌کی جنگجوی قبیله‌لرنینک تولاسی قمرالدین بگ غه قوشولوب ٧٦٨ ھ نینک اخرلریده (١٣٦٧م) الماليق شهری غه هجوم قیلغالی باشلادی لر . الیاس خوجه خان بو خبرنی اکلاب غربی تورکستان ده کافی قوّت قویوب سمرقندنی فتح قیلیش نی هم ترک اتیب الماليق غه کلدی و انقلابچی لر بیله‌ن اوروش غه کیریشتی. غربی تورکستان ده‌کی عسکرلرنینک مهم قسمی عاصی قبیله‌لر دین بولغانی اوچون قاچیب کلگه‌لی توردی لر . بیر طرفدین غربی تورکستان ده عمومی بیر آت وباسی پیدا بولوب او یرده‌کی عسکرلرنینک آت لری نینک تولاسی اولوب کتتی . پیاده محاربه‌سی نی امکان سیز کوراد ورغان بو عسکرلر غربی تورکستان نی ترک اتمکغه مجبور بولوب تماماً یانیب کلدیلر . بو نینک بیله‌ن غربی تورکستان، عسکردین خالی بولوب قالغاندین کین امیرحسین کلیب سمرقند و بخاراغه ایگه بولوب اوزی نی حکمدار اعلان اتتی و تیمور بگ انینک تابعی بولوب قالدی .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

الياس خوجه خان و انقلابچیلر اراسیده‌کی محاربه اوزون دوام قیلیب اخیری ٧٧٠ هـ نیڭ اخیریده (١٣٦٩م) قمرالدین بگ غالب کلیب الیاس خوجه خان و خاندانِدین اون‌سکز شهزاده اۆلتورولدیلر. قمرالدین‌بگ بو کوندین اعتباراً کاشغر، اوچ، یارکند، ختن، ایسیغ‌کول اطرافی، ایلی جیلغه‌سی، یته‌سو اولکه‌لریده مستقل حکمدار بولدی. کاشغرنی پایتخت قیلدی. ایسیغ‌کول اطرافیده‌اکاسی شمس‌الدین‌بگ‌نی و یته سوده اینی‌سی شیخ دولت‌بگ‌نی والی قیلدی. ایلیده یرلیك بگلر قمرالدین‌بگ نیڭ اتیده حکمدارلیق قیلدیلر. بگلربگی خداداد خان باشلیغ الیاس خوجه خان طرفدارلری قطعی صورتده مغلوب بولوب الیاس خوجه خان‌نیڭ اینی‌سی خضرخوجه اوغلان‌نی همراه الیب کوچاغه قاچتیلر. خداداد خان کوچاغه کلیب چالیش‌نی هم اشغال قیلیب استقلال اعلان اتتی (مغول‌لر قارا شهرنی چالیش و کوچانی کوسن دیر ایدیلر). اویغور ایدیقوتی هم مستقل بولوب قالدی. منه بو پارچه لانماق ٧٧١ هـ (١٣٦٩م) ده‌قارارتاپیب داخلی مجادله‌لر توگه‌دی.

بو تاریخ غچه تیموربگ نیڭ هجومیدین هیچ قورقولماس ایدی. چونکه تیموربگ بو مدت ایچیده قایین اغاسی امیرحسین بیله‌ن مجادله‌غه مشغول ایدی. ٧٧١ هـ (١٣٦٩م) ده امیرحسین‌نی یوق اتیب تمام غربی تورکستان وشمالی افغانستان غه اوزی‌نی مراسم بیله‌ن حکمدار اعلان اتتی. بیلمك کره‌ك دورکه تیموربگ هیچ بیر عنوان قبول اتمای اولقی تیموربگ اتی بیله‌ن اخر عمری‌غچه حکمدارلیق قیلدی. امیر عنوانی بولسه تیموربگ نیڭ عنوانی ایماس دور بلکه بگ نیڭ عربچه‌سی بولوب ایران مورخ‌لری طرفیدین قوللانیلغان. بو اوچون بیز بو کتابیمیزده تیموربگ دیمیز. تیموربگ نیڭ کورگان دیب عنوانی بار دور (حکمدارنیڭ کیواوغلی دیمکدور)

بو تاریخ‌ده شرق دنیاسی‌ده شرقی و غربی تورکستانلرده‌کی یوقاریقی تاریخی حادثه‌لردین باشقه ینه غایت مهم بیر حادثه دور. و او حادثه بودور : ٧٧٢ هـ (١٣٧٠م) ده چین ده‌کی مغول قاآن‌لیقی ییقیلیب چین خلقی‌دین بولغان میڭ خاندانی

امپراطورلوقی تأسیس تاپتی . و بیر ییل دین کین چین حکومتی اوزون دین بری اویغورلرنیڭ بیر ولایتی بولغان اوچ ایل (بوگونکی سوچو و دوڭخواك) اولکه سی نی ، قومول و بارکول نی ایدیقوت دین تارتیب الدی و ۸۰۰ هـ (۱۳۹۷م) غچه قومول و بارکول چین قولیده قالدی.

## شرقی تورکستان حکمدارلری وتیموربك اراسیده اون ییل لیق محاربه لر

تیموربگ، حکمدار بولغاندین کین شرقی تورکستان حکمدارلری نیڭ کوچینی اوز دولتیغه اك یامان خطر دیب بیلورایدی بو اوچون اولرنی ضعیفلاشتورماق و هیچ بولمسه غربی تورکستان حدودی دین اوزاقلاشتورماق تیموربگ نیڭ همه دین مهم بیر مقصدی ایدی . بو مقصد نیڭ حصولی اوچون توبندکی ایکی یول نی توتتی : بیری ، شرقی و غربی تورکستان خلقی نیڭ ملّی بیرلیك ، دینی و مذهبی اتحاد رابطه سی نی یوق اتمك اوچون شرقی تورکستان خلقی غه چته مغول یعنی باغی مغول دیگه ن یکی بیرات ایجاد قیلدی . هرتورلوك دینسیزلیق ویا اسلام اصولی دین یاراقلیق افترا لری نی شایع قیلیب اولرنیڭ اوستیغه غزات قیلماق نیڭ فرض لیقی نی اعلان اتتورور ایدی . ینه بیری ، سیر دریا بویی غچه چوزولغان قمرالدین بگ نیڭ مملکتی غه هر فرصت ده هجوم قیلماقده ایدی . قمرالدین بگ شدتلیك مدافعه قیلور و بعضاً تیمور بگ نیڭ مملکتی غه تعرض هم قیلور ایدی . هر ایکی طرفده غالب لیق و مغلوب لوق نوبتچه بولغان لیقی توبنده کی تفصیلات دین اڭلاناد ور. بو صورت بیله ن ازاز فاصله بیله ن تقریباً اون ییل مدت اوروش دوام اتتی . تفصیلی بودور :

۷۷۱ هـ نیك آخریده (۱۳۷۰م) تیموربگ نیڭ عسکر لری سیر دریا نیڭ شرق قاییسنی ده کی قمرالدین بگ نیڭ حدودی غه تعرض قیلغالی باشلادی لر . قمرالدین بگ ایلی جیلغه سی ده کی قبیله بگ لری دین کپك تیموربگ ، شیر اول بگ و حاجی بگ لر بیله ن بیر



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

لاشيب مهم بير قوّت بيلەن سير دريا بويىغە يوروش قيلدی لر. تاشكند غە بارغاندە حاجی بگ بيلەن اوترالريدە بير اختلاف چيقغان سببدين قوّت لری پارچە لاندی، وارقەغە يانماقغە مجبور بولوب اوز مركزلری غە يانيب كتتی لر. بولر كتكەندين كين تيموربگ كليب تاشكند واورەتپە شهرلری نی اشغال قيليب تخی مو شرقغە ايلگريلا مكغە باشلادی. ايسيغ كول نيڭ غربی قايی سی غە ياقين يتكەن حالدە قمرالدين بگ تولا قوت بيلەن كاشغردين يوروب يتيشيب كلدی. قاتيغ اوروش لردين كين تيموربگ مغلوب بولوب ارقە سيغە ياندی. قمرالدين بگ قوغلاغانچە تاشكند حدودی غچە باريب تيموربگ اشغال قيلغان اولكە لرنی ياندو روب الدی.

٧٧٢ هـ (١٣٧٠م) دە تيموربگ بير اوغلی نی تولا عسكر بيلەن اوزكند يولی دين نارين اولكەسی غە يوللادی و نارين خلقی غايت قاتيغ مدافعە قيليب تيموربگ نيڭ اوغلی نی يمان مغلوب قيليب قاچوردی لر. ارتەسی ييل تيموربگ، شيخ علی بهادر و سيف الملوك اتليغ ايكی قوماندانی نيڭ قيادتی استيدە نارينغە عسكر يوللادی. بولر نارينغە هجوم قيليب نارين خلقی نی قتل عام، بالە بارقە لری نی اسير و مال لری نی اولجە قيلدی لر. قمرالدين بگ بو حادثە نی اڭلاب كوتو پاتقاق اتليغ يايلاغ دين قاچيب فرغانە غە كتتی لر. ٧٧٤ و بير روايت دە ٧٧٥ هـ (١٣٧٣م) دە تيموربگ، ساربوغا، عادلشاه جلاير، خيتای بهادر و الچی بوغا اتليغ تورت قوماندان نيڭ قول استيدە تولا عسكرنی قمرالدين بگ بيلەن اوروشماق اوچون شرقی توركستان غە اوزكند يولی بيلەن يوللادی. يولدە ساربوغا و عادلشاه جلاير تيموربگدين يوز اويروب خيتای بهادر و الچی بوغانی اسير قيليب عسكرلری بيلەن قمرالدين بگ نيڭ اطاعتی غە كيردی لر. بو واقعە لر ٧٧١ و ٧٧٦ هـ (١٣٦٩-١٣٧٤م) اراسيدە وقوعغە كلگەن كيچيك واقعە لردور. تيموربگ بو واقعە لردين تجربە حاصل قيليب قمرالدين بگ نيڭ قوّتی نی يوق قيلماق اوچون مونداغ كيچيك عسكری حركت لرنيڭ فايدە برماسليكی نی بيلدی، و اوزی تمام قوّتی بيلەن شرقی توركستان غە يوروش قيلماقغە قرار بردی. ٧٧٧ هـ (١٣٧٥م) دە تيموربگ و اوغلی جهانگير ميرزا

تمام قوتلرینی الیب شرقی تورکستانغه یوروش قیلدی. ایسیغ کول نیڭ یاقینیده قمرالدینبگ بیلهن قاتیغ اوروشوب انی مغلوب اتتی. تیمور بگ اوزی ارتباشیغچه ایلگریلادی و جهانگر میرزانی المالیق طرفیغه یوللادی. جهانگیر میرزا، الدینی توسقان وطن پرورلرنی مغلوب قیلا قیلا المالیقغه باردی، شهرنی کوید وروب ویران قیلدی. بو صورت بیلهن تیموربگ سیر دریا و ایلی دریاسی اراسیدهکی مخالفلرینی جنوب (التیشهر) غه قاچوردی. شمال اولکه سیدهکی تمام شهر و ابادلیقلرنی ویران قیلیب اولکه نیڭ ثروتلرینی اولجه قیلیب سمرقندغه یانیب کتتی. بو محاربهده قمرالدینبگ نیڭ اکاسی والی شمسالدینبگ دوغلات نیڭ خاتونی و قیزینی تیموربگ اسیر قیلدی، روضته الصفا و تلفیقالاخبار نیڭ روایتیغه کوره بو هجوم تیموربگ نیڭ شرقی تورکستانغه قیلغان بشنجی هجومی ایمیشدور. تیموربگبوهجومی بیلهن شرقی تورکستان خلقی نیڭ تعرض قوّتینی کاملاً سیندورغانیغه قناعتلاندی. لیکن بو قناعتی نیڭ یریده ایماسلیکی کین چه معلوم بولدی.

۷۷۸ هـ (۱۳۷٦م) ده قمرالدینبگ منتظم بیر قوّت بیلهن نارینغه باریب اویردین فرغانه غه یوروش قیلیب فرغانه والیسی بولغان تیموربگ نیڭ ایکنجی اوغلی عمرشیخ میرزانی یمان مغلوب قیلیب اوزکندین خجندغچه تمام فرغانهنی اشغال قیلدی. فرغانه خلقی قمرالدینبگ غه تولا یاردم قیلدیلر. تیموربگ محاربهغه تیارلاندی و قمرالدینبگ نیڭ محاربه سیغه بارمای قالغان کشینی اۆلتورامن دیب اعلان قیلدی. بو تهدید بیلهن یراغ کوترمکغه قدرتی بارکشیلرنیڭ همه سینی عسکر قیلیب تیموربگ فرغانه غه یوروش قیلدی. تولا اوروشلردین کین قمرالدینبگ مغلوب بولوب فرغانهنی بوشاتیب کاشغرغه یانیب کلدی. قمرالدینبگ غه یاردم قیلغان فرغانه لیکلرنی تیموربگ قتلعام و اسیر قیلدی.

۷۷۹ هـ (۱۳۷۷م) ده قمرالدین بگ ینه فرغانه غه یوروش قیلدی. لیکن بو دفعهده تیموربگ، اوغلیعمرشیخ میرزا، اق بوغا و خیتایبهادرلرنی تولاعسکر بیلهن فرغانه حدودیده قویغان



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ایدی. بو قوت قمرالدین‌بگ‌نینگ قوتی‌دین اشوق ایدی. بو اوچون قمرالدین‌بگ حدوددین ایلگریلایالمای یانیب کلدی. مذکور یوروشدین کین قمرالدین‌بگ تیموربگ‌نینگ حدودیغه تعرض قیلمای مدافعه وضعیتی‌نی توتتی. ۷۸۱ هـ (۱۳۷۹م)غچه تیموربگ‌نینگ عسکرلری پات‌پات قمرالدین‌بگ‌نینگ حدودیغه تعرض قیلور ایدی‌لر. قمرالدین‌بگ قاتیغ مدافعه قیلیب چودریا و تالاس تاغلری و فرغانه نینگ شمال شرقی سیده‌کی قاپاق ارت تاغلری‌دین تیموربگ نینگ عسکرلری‌نی اوتکوزمەی اوز حدودی‌نی یخشی ساقلادی.

۷۸۱ و ۷۸۸ هـ (۱۳۷۹-۱۳۸۶م) اراسیده تیموربگ و قمرالدین‌بگ اوتراسیده محاربه بولغانی هیچ روایتده کورولمدی. مصالحه بولغان ویا بولمغانی‌هم معلوم ایماسدور. هر حالده قمرالدین‌بگ، تیموربگ نینگ قاهر بیر تعرضیدین دایما قورقار ایدی. بو نینگ الدینی توسماق اوچون غایت کوچلوغ بیر قوّت لازم ایکه‌نلیکی‌نی توشونور ایدی. بو نینگ یگانه چاره‌سی شرقی تورکستان نینگ تمام حکمدارلری‌نینگ بیرلشمکی و قوّت‌لری‌نی یالغوز بیر بایراق استیده بیر قوماندان نینگ قیادتی‌ده توپلاماقی‌دور دیر ایدی. و بو نینگ اوستیغه خارجدین هم قوّتلیک دوست‌لر ایستر ایدی. تیموربگ هم حاضرچه قمرالدین‌بگ نینگ تعرضیدین خاطرجمع بولغانی اوچون اوّلا اپاقده‌کی آش‌ده‌ك تورغان ایران و عراق مملکت‌لری‌نی اشغال قیلماق‌نی غنیمت بیلیب او طرف‌لرغه یوروش قیلدی. شرقی تورکستان غه تعرض قیلماق‌نی کین‌غه قویوب بو طرفده‌کی حدودلرده مدافعه وضعیتی‌نی الغان ایدی.

**خضر خوجه اوغلان نینگ خان بولغانی وشرقی تورکستان ده بیرلیك**

۷۷٦ هـ (۱۳۷۲م)ده خداداد خان ایلی جیلغه سیده‌کی‌بگ‌لر بیله‌ن بیرلا شیب توغلوقتیمور خان نینگ کیچیك اوغلی خضر خوجه اوغلان‌نی خانلیق تختیده اولتورغوزدی لر. المالیق شهری‌نی تعمیر قیلدوروب پایتخت قیلدی و خداداد خان‌نی‌بگلر بگی

تعین قیلدی. موندین کین خضر خوجه اهسته اهسته احوالغه کوره اوز دولتی نی قوّتلاندورمکغه باشلادی. طرفدارلری نی یخشی اداره قیلیب مرکزیتی نی هَمّه غه تونوتتی. بارا بارا ۷۸۰ هـ (۱۳۷۸م ) اطرافیده خان نیڭ قوّتی قمرالدین بگ نیڭ قوّتی دین اشتی.

قمرالدین بگ اوّلده خضر خوجه خان نیڭ خانلیقی نی تونومای و دوشمنلیك هم قیلمای یالغوز اوز قوّتی بیله‌ن تیموربگ بیله‌ن اوروش قیلماقغه مشغول ایدی. لیکن ۷۸۲ هـ (۱۳۸۰م) اطرفیده یوقاریده ایتیلغان وجهٔ بیله‌ن شرقی تورکستان قوّتلری نیڭ تیموربگ نیڭ مقابلیده بیرلشمك ضرورتی نی تویغانی اوچون قمرالدین بگ خضرخوجه غه اطاعت قیلماقنی قبول اتتی. خضرخوجه خان هم قمرالدین بگ نیڭ حرب ایشلریده‌کی مهارتی نی و انیڭ عسکری قیمتی نی بیلور ایدی. بو اوچون خضرخوجه خان، قمرالدین بگ نی تمام شرقی تورکستان نیڭ عسکری قوّتلری اوستیده باش قوماندان تعین قیلدی. بو نیڭ بیله‌ن شرقی تورکستان چاغاتای دولتی نیڭ قوّتی کوندین کونگه اشماقغه باشلادی.

**قمرالدین بگ نیڭ توقتامیش خان بیله ن اتفاق توزگه نی**

تیموربگ ایران، عراق و باشقه اسلام مملکتلری نی فتح قیلیب غایت مهم قوّتغه ایگه بولوب هر طرفغه یوروش قیلسه موفق بولغالو باشلادی. پوتون اسیا مملکتلریده‌کی دولتلر تیموربگ نی اوز استقلاللریغه مدهیش بیر خطر دیب بیلدیلر. شرقی تورکستان بو خطرغه هه‌مه‌دین یاقین راق ایدی. شرقی تورکستان دولت ادملری اوز قوّتلری نی ممکن قدر اشورماقده بولغان نیڭ اوستیغه تیموربگ نیڭ دوشمنلری بیله‌ن اونیڭ ضدیغه بیر اتفاق تأسیس اتمکغه کوشش قیلماقده ایدیلر.

۷۸۷ هـ (۱۳۸۵م) ده تیموربگ بیله‌ن التون اوردا خانی توقتامیش خان نیڭ دوستلوق مناسبتی بوزولدی. قمرالدین بگ بونی



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ایشتیب درحال توقتامیش خان نینگ الدیغه بیر الچی یوللاب تیموربگ نینگ ضدیغه بیر اتفاق معاهده‌سی عقد اتمکغه تکلیف قیلدی. توقتامیش خان بونی قبول اتیب تیموربگ تعرض قیلغان تقدیرده بیر بیرلریغه یاردم قیلماق معاهده‌سی عقد اتتیلر. دیمک‌که خضرخوجه خان و توقتامیش خان بو معاهده بیله‌ن چاغاتای دولتی و التون اوردا دولتی نینگ قوّتلرینی تیموربگ نینگ مقابلیده بیرلاشتوروب غایت قوّتلیک بیر جبهه تشکیل اتتیلر. بو جبهه اگر مدافعه جبهه‌سی‌لیک حالیده قالسه ایدی تیموربگ نینگ بولر بیله‌ن مدارا و دوستلوق یولینی توتماقغه مجبور قالماقی شبهه‌سیز ایدی. لیکن توقتامیش خان مغروربولوب بو جبهه‌نی تعرض جبهه‌سی‌لیک حالیغه کلتوردی. انینگ طالعی یخشی چیقمای قالدی و اتفاق نینگ فایده‌سی بولمادی.

توقتامیش خان شرقی توروکستانغه بیر الچی ایباریب شمالدین اوز قوّتی و شرقدین خضر خوجه خان نینگ قوّتی نینگ بیر وقتده غربی توروکستانغه هجوم قیلیب تیموربگ نینگ دولتینی یقیتماقغه تکلیف اتتی. بو تقدیرده هر ایکی دولت نینگ خطردین قطعیاً امین بولماقی کوزغه کورونمکده ایدی. بو نینگ اوچون خضرخوجه خان بو تکلیفنی قبول اتیب هجوم وقتینی تعیین قیلدی. ۷۸۹ هـ (۱۳۸۷م) ده توقتامیش خان غربی توروکستانغه ایکی قول عسکر یوللادی. بیری ارال کولی نینگ غربیدین خوارزمغه اوتوب اویردین توغرا بخاراغه، و بیری ارال کولی نینگ شمال و شرقیدین اوتوب شرقی توروکستان عسکرلری بیله‌ن بیرلاشیب تاشکند و اطرافینی الیب سمرقندغه بارماقچی ایدی. شرقی توروکستاندین هم ایکی قول عسکر یوللاندی. بیری قمرالدین بگ نینگ قیادتی استیده تالاس یولی بیله‌ن یوروب توقتامیش خان نینگ ایکنجی قول عسکرلری بیله‌ن بیرلاشمکچی ایدی. ینه بیری مرحوم حاجی بگ نینگ برادر زاده‌سی اکاتور بگ نینگ قیادتی استیده کاشغر یولی بیله‌ن فرغانه‌غه هجوم قیلماقچی ایدی. بو وقتده تیموربگ ایرانده‌کی مظفرشاه جلایر بیله‌ن اوروشماقده ایدی. اوغلی عمرشیخ میرزا، اندجانده تولا قوّت بیله‌ن بار ایدی. سمرقندده امیرسلیمان شاه، امیر لعل، امیر عباس و شیخ تیمور، و بخاراده امیر تاغای بوغا

وامیر ایلتیش قوچین لر تولا قوّت بیله‌ن بار ایدی لر .

اوّلا قمرالدین بگ تالاس اولکه‌سی نی اشغال قیلیب ایلگریلاب ساغناق شهری نیڭ یانیده توقتامیش خان نیڭ ایکنجی قول عسکری بیله‌ن بیرلا شیب ساغناق نی الدی لر واویردین یوروب اووقتدٰ چوڭ شهر بولغان ساوران (اسپیجاب) شهری نی محاصره قیلدی . بو شهرده تیمور خوجه اتلیغ قوماندان نیڭ قیادتی استیده تیموربگ طرفیدین تولا قوّت بار ایدی . او طرفدین بو تعرض خبری نی عمرشیخ میرزا و سمرقند قوماندان لری اڭلاب درحال همه‌سی یوروش قیلیب تشکندده بیرلا شیب شمالغه یوردی لر . بو خبرنی قمرالدین بگ و توقتامیش خان نیڭ عسکرلری اڭلاب ساوران نی محاصره‌ده قویوب جنوب غه یوردی لر. بو ایکی دوشمن قوّت لر اترار شهری نیڭ شمال شرقی سیده‌کی چَوَلَك اتلیغ یرده اوچراشیب ایرتگن دین کچ غچه غایت قاتیغ اوروش بولدی . کچقرون ده عمر شیخ میرزا وعسکرلری یمان صورت ده مغلوب بولوب پراکنده حالده قاچیب سمرقند غه یوردی لر . بووقت ده آگا توربگ فرغانه غه هجوم قیلیب بیر نچه شهرلرنی الیب فرغانه مرکزی بولغان اندجان شهری نی محاصره قیلغان ایدی . بو خبرنی عمر شیخ میرزا یولده ایشیتیب باشقه قوماندان لرنی سمرقند غه یوللاب اوزی عسکرلری بیله‌ن اندجان غه باریب اڭا توربگ بیله‌ن اوروشوب قاتیغ مغلوب بولدی . عسکرلری پراکنده بولوب عمرشیخ میرزا ازغینه ادم لری بیله‌ن قاچیب اندجان تاغلری غه چیقیب قامالغان حالده بولوب قالدی . بو نیڭ بیله‌ن اڭا توربگ تمام فرغانه‌نی اشغال اتتی .

قمرالدین بگ و توقتامیش خان نیڭ عسکرلری چَوَلَك محاربه‌سیدین کین ساوران ، اوترار و تاشکند اولکه لری نو الغاندین کین بخاراغه یوروش قیلیب اویرده توقتامیش خان نیڭ بیرنجی قول عسکری بیله‌ن بیرلا شیب بخارانی محاصره قیلدیلر. بخارانیڭ استحکام لری غایت قوّتلیك وعسکری هم تولا ایدی . بو اوچون محاصره اوزون غه تارتتی و التون اوردا و چاغاتای عسکرلری نیڭ اوزوق لری توگادی .

تیموربگ ایرانده بو حادثه لرنی ایشیتکه‌ن زمان مُظَفَّر



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

شاه بیلەن مصالحه قیلیب غایت ایتیك یوروب غربی توركستانغه یاقین لاشتی . بو خبرنی التون اوردا و چاغاتای عسكرلری اگلاب اوزلریغه كافی اوزوق و مستحكم بیر مركز الماق اوچون سمرقندغه هجوم قیلدیلر. لیكن سمرقند نیكٔ استحكامی و عسكری قوّتی بولر خیال قیلغاندین اشوق ایدی . بیر طرفدین اوزوق‌سیز لیق و بیر طرفدین تیموربگ نیكٔ مدهیش‌بیر قوّت بیلەن امو دریا بویی‌غه كلگەنی سببی‌دین توقتامیش خان نیكٔ عسكری غربی توركستاننی بوشاتیب خوارزم طرفی‌غه یاندی‌لر. قمرالدین‌بگ و اگا توربگ لر یالغوز اوز قوت‌لری بیلەن تیموربگ‌غه برابر كیلالماسلیكی‌نی چاغلاب اولر هم عسكرلری‌نی الیب انتظام بیلەن شرقی توركستان غه یاندی لر .

### شرق توركستان ده رای اختلاف وقمرالدین بك نیكٔ وفاتی

بو اخیرقی محاربه نتیجه سیده شرقی توركستان خلقی تیموربگ نیكٔ قوّتی نیكٔ مدهیش‌بیر درجەده ایكەنلیكی‌نی اچوق‌بیلدی‌لر. بو نیكٔ تاٴثیری نتیجه سیده دولت‌ادم‌لری‌نیكٔ تولاراقی "تیمور بگ بیلەن دوشمن بولماق شرقی توركستان‌نی برباد اتمكدور، و انیكٔ بیلەن مناسبت‌پیدا قیلیب دوستلوق سایه سیده یورت‌نی و ملت‌نی تهلكه دین ساقلاماق یخشی‌دور " دیگەن راٴی‌نی اظهار قیلغالی توردی‌لر. لیكن تجربه لیك و داهی قمرالدین‌بگ،بو رائ‌غه جدی صورتده مخالف ایدی . " تیموربگ نیكٔ مقصدی استیلادور، و استیلاچی‌لیق حرصی‌غه دوستلوق و تملق مانع بولالمایدور . بناٴعلیه اگا دایما قوت‌بیلەن مقابله اتمك و اخرغیچه مقاومت اتمك یورت نیكٔ و خلق‌نیكٔ سلامتی اوچون یگانه وسیله دور" دیر ایدی . منه بو اختلاف جدی بیر صورت الغاچ خلق‌نیكٔ معنویاتی پستلاندی، و اوزون ییل‌لردین بری دایما محاربەده بولوب زیریكیب كتكەن خلق صلح طرفدارلری نیكٔ یانیغه توپلانیب قمرالدین‌بگ نیكٔ نصیحتی‌نی تیكلایدورغانلر بك از قالدی .
۷۹۰ هـ (۱۳۸۸م) ده قمرالدین‌بگ استسقاٴ علتی بیلەن وفات‌اتتی . اونیكٔ یورتی‌نی خضرخوجه خان، تقسیم قیلیب ختن ، یاركند ، كاشغر و اوچ ولایت‌لری‌نی بگلربگی خدادادخان غه بردی . ایسیغ كول

اطرافی نی قمرالدین بگ نیك اوغلی جهانشاه میرزا غه بردی. ستانلی لین پول، خضرخوجه نی ۷۹۱ هـ ده خان بولدی دیب یازیب دور منچه بو تخمین توغرا ایماس.[206]

### تیمور بگ نیك شرقی تورکستان غه تعرضی

یوقاریقی حادثه دین کین تیمور بگ توقتامیش خان بیله ن تولا اوروشوب انی مغلوب اتیب خوارزم دین سوروب چیقاریب انیك درحال هجوم قیلماقی دین خاطرجمع بولدی. بو ایشلر تقریباً ایکی ییل سوردی. اندین کین شرقی تورکستان خلقی دین انتقام الماق اوچون ۷۹۱ هـ (۱۳۸۸م) ده تیمور بگ تمام قوتی بیله ن شرقی تورکستان غه یوروش قیلدی. خضرخوجه خان هم قوّت لرینی توپلاب آلمالیقدین یوردی. بو ایکی قوّت ایسیغ کول نیك یانیده اوچراشیب قاتیغ اوروش بولدی. اخیری خضرخوجه خان مغلوب بولوب آلمالیق غه یاندی. تیمور بگ قوغلاب باریب المالیق نیك یاقینیده اوروش بولوب ینه خضرخوجه خان مغلوب بولوب عسکرلری بیله ن المالیق نیك جنوب شرقی سی ده کی یولدوز یایلاغی غه قاچتی. تیمور بگ المالیق شهری غه اوت قویوب ویران قیلغاندین کین یولدوز غه یوردی و اویرده ینه خضرخوجه خان مغلوب بولوب یانیده کی قوت لر بیله ن تکری تاغلری دین اشیب کوچا غه کلدی. تیمور بگ یولوزده بیر نچه کون توروب ارقه سی غه یاندی و ایلی دین تا سیر دریا نیك یاقین لری غچه هیچ بیر ابادلیق قویمای همه سی نی ویران و خلقی نی پریشان قیلیب سمرقند غه کتتی. اوغلی عمر شیخ میرزانی بیر قسم قوّتی بیله ن قاراقول یولی (حاضرقی توروغ ارت یولی) دین کاشغر غه یوللادی. کویلوك بگ اتلیغ کاشغر والی سی قاتیغ مدافعه دین کین مغلوب بولدی. عمر شیخ میرزا کاشغرنی الیب کویدوروب اندجان غه کتتی. بو قتیم تیمور بگ نیك شرقی تورکستان غه استیلا قیلماقی ینه بیرنچه محاربه دین کین ممکن بولا دورغان درجه ده آسان لاشقان ایدی. تیمور بگ هم یولدوز محاربه سیدین کین التی شهر غه هجوم قیلماقچی ایدی. لیکن تیمور بگ نیك یولدوزده کی وقتیده توقتامیش



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

خان نیڭ عسکر ییغماقده بولغانی نیڭ خبری کلیب قالدی. بو اوچون تیموربگ اوز مرکزیده بولماقنی ضرور کوروب غایت الدیراشلیق بیلەن یانیب کتتی و سمرقندغه باریب لا توختاماسدین توقتامیش خان بیلەن اوروشقا کیریشتی. بو محاربەلر نتیجه سیده شرقی تورکستان دولتی اوزون زمانغچه تیموربگ نیڭ حدودیغه تعرض قیلالماغودەك درجەده ضعیفلاشتی.

**خضر خوجه خان نیڭ اجرااتی**

خضرخوجه خان یوقاریقی مغلوب لوقدین کین حاضرچه المالیق ویا باشقه شمال اولکەلریدین بیریني مرکز قیلماق، دولتني خطرالدیده توتماقدین عبارت ایکەنلیکیغه توشونوب حربی موقعیتی غایت مستحکم و شرقی تورکستان نیڭ تام اوتراسیده بولغان چالیش شهری (قاراشهر) نی پایتخت قیلیب اویرده اولتوردی و تمام یورت نیڭ اداره تشکیلاتي نی یڭی باشدین تنظیم قیلدی:

التی شهرنی بگلربگی خداداد خان نیڭ ادارەسیغه بردی. کاشغرده مهم مقدارده قوت بیلەن دوغلات خاندانیدین بیریني مدافعه قوماندانی تعین قیلیب قویدی. ایسیغ کول نیڭ جنوبیده فرغانه حدودیغه امیر جهانشاه دوغلاتني کافی قوت بیلەن تعین اتتی. ایسیغ کول نیڭ شمالی، یعنی کوکچه تنگیز (بالخاش کول)، و چو دریاسی و ایلی دریاسی نیڭ اراسیدەکی ساحەده اگاتوربگنی اك قوت لیك بیر فرقه عسکر بیلەن تعین اتتی.

کاشغردین کوکچه تڭیزغچه چوزولغان شرقی تورکستان حدودیدەکی یوقاریقی طرزدەکی عسکری فعالیت تیموربگ نیڭ دقتني جلب اتتی. خصوصاً اگاتوربگ نیڭ قوتیدین تیموربگ خیلی اندیشه لندی. بو اوچون تیمور بگ توقتامیش خان نیڭ اوروشیدین یانیب کلیب ۷۹۲ ه (۱۳۹۰ م) ده امیر سلیمانشاه و خداداد حسینی نی یگرمه میڭ کشی لیك بیر قوّت بیلەن اکاتوربگ بار جبههغه تعرض قیلماق اوچون یوللادی. اگاتوربگ محاربه قیلماقدین اجتناب کورساتیب حدوددین ارقهغه

یانیب کوکچه تنگیز نیڭ جنونیده‌کی قاراتال اولکه‌سی‌غه باریب توختادی تیمور بگ نیڭ عسکرلری هم قاراتال حدودی‌غچه باریب ارقه غه یانیب کتتی لر . تیمور بگ بو تعرض نتیجه‌سی‌ده شرقی تورکسنان چاغاتای دولتی نیڭ غربی تورکستان‌غه تعرض قیلماق‌غه قوتی یوق لوقی و او دولت نیڭ جدی صورتده صلح طرفداری ایکه‌نلیکیغه ایشه‌ندی . موندین‌کین تیمور بگ التون اوردا ، عراق ، هندستان ، شام و اناد‌ولو (تورکیه) فتوحاتی‌غه مشغول بولوب شرقی تورکستان‌غه هیچ تعرض قیلمای‌ارادین اون‌اوچ ییل مدت تینچلیق بیله‌ن اوتتی . بو مدت ایچیده رسماً بیر مُتارَکه ویا مصالحه عقد اتیلگه‌نی‌نی بیلمایمیز . لیکن بیر نچه دفعه الچی‌لر بارغان و کلگه‌نی و احترام بیله‌ن معامله لر بولغانی معلومدور.

بو تینچلیق مدتی ایچیده خضرخوجه خان و دولت ادملری بوش تورمای یورت ایچیده تعمیرات و اصلاحات ایشلری‌بیله‌ن مشغول بولدی لر . تیمور بگ بیله‌ن یوقاریقی محاربه‌لرده ویران بولغان شهرلرنیڭ تولاراقینی یگی‌باشدین اباد قیلدی‌لر . عسکری قوّت ینه مهم صورتده وجودغه کلتورولدی . اویغورلر اوکون‌غچه اسلام دینی‌نی قبول اتمای بودا دینی‌ده محکم تورماقده ایدی لر . الیاس خوجه خان شهید بولغاندین کین‌کی پراکنده لیك لردین اید یقوت استفاده قیلیب، کاملاً مستقل حالده یاشاماقده ایدی . خضرخوجه‌خان ٧٩٥ هـ (١٣٩٣م)دین اعتبارا اویغورلر نیڭ اوستیغه بیر نچه قاتا غزات قیلیب، اخیری اید یقوت‌نی اوّلتوردی . ٨٠٠ هـ (١٣٩٧م)اطرافیده تمام اویغورلر ایسته‌را یسته‌مه‌س مسلمان‌بولدیلر . قدیم‌دین اویغور اولکه‌سی بولوب، ٧٧٤ هـ (١٣٧٣م)دین باشلاب چین استیلاسی استیده قالغان قومول و بارکول اولکه‌سیغه خضرخوجه خان ٨٠٠ هـ (١٣٩٨م)ده عسکر ایباریب، او اولکه لردین چین عسکرلری‌نی قوغلاب چیقاردی . خضرخوجه خان بو اویغور اولکه لری‌نی الغاندین کین او اولکه لرنی توریان ولایتی اتادی (مغول لهجه‌سیده میوه‌لیك یاکه باغلیق دیمکدور) . حاضرقی توریان شهری‌نی بنا قیلدوروب، ولایت نیڭ مرکزی قیلدی . خضرخوجه خان توریان ولایتی‌نی امتیازلیغ بیر ولایت قیلیب خانلیق خاندانی‌دین بیر شهزاده نی اویرغه والی تعین قیلدی . توریان



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

ولا يتی غه خانلیق خاندانی دین بیر شهزاده نیڭ والی بولماق عنعنه سی ،قالماق استیلاسی غچه دوام قیلدی .

۷۹۹ هـ (۱۳۹۷م) ده تیمور بگ ، غیاث الدین ترخان نیڭ رياستی استیده بیر الچی لیك هیئاتی نی شاهانه هدیه لر بیلهن خضرخوجه خان نیڭ حضوری غه یوللاب نبره سی اسکندر میرزا (عمر شیخ میرزا نیڭ اوغلی )اوچون خان نیڭ تکیل خانیم اتلیغ قیزی غه سوز آچتی. خان بونی قبول قیلیب شاهانه توی و مراسم بیلهن تکیل خانیم نی سمرقند غه یوللادی . بو توی ده اجراء قیلینغان دبدبه لیك و مُکلّف مراسم نی تاریخ رشیدی و روضته الصفاده اوزون بیانات بیلهن ذکرقیلی نیب دور . تیمور بگ تکیل خانیم نی اوزی معظّم تشریفات بیلهن استقبال قیلدی و توی مراسمی نی اجرا قیلیب نکاح قیلدی.[207]

۸۰۰ هـ (۱۳۹۷م) ده خضرخوجه خان تیموربگ نیڭ حضوری غه الچی یوللاب بیر دوستلوق و تعرض قیلیشماسلیق معاهده سی عقد اتمکنه تکلیف قیلدی . لیکن تیمور بگ اچوق جواب برمادی .بوكون دین اعتبارا بو هر ایکی حکمدار اوز حدودلری نی محکم توتادورغان بولدی لر . شرقی تورکستان حدودی نی آگا تور بگ قوّتلیك عسکر بیلهن محافظه قیلور ایدی . و غربی تورکستان حدودی نی تیموربگ نیڭ نبره سی محمد میرزا (جهانگیرمیرزا نیڭ اوغلی ) ساقلار ایدی .

### تیمور بگ نیڭ اۉلومی

تیمور بگ،۸۰۷ هـ (۱٤۰٤م) نیڭ باشیده اناتدولو (تورکیه )فتحی دین یانیب سمرقند غه کلیب فقط اوچ ای ارام الیب ایمدی شرق دنیاسی نی فتح قیلماق اوچون غایت الدیراب قیش اوتراسیده ایکی یوزمیڭ عسکر بیلهن حرکت قیلدی . یول ده سوغاق دین ادم و حیوان خیلی تولا ضایع بولدی . بو نیڭ بیلهن هم توختاماسای یورروب سیر دریا دین موز اوستیدین اوتوب اوترار شهری غه کلدی . اوترار نیڭ شرق طرفیده قار بك قالین بولوب یورمك امکانسیز بولغانی اوچون اوترار ده ایرته یاز غچه تورماق غه مجبور بولدی .

تیمور بگ نیڭ بو یوروش دەکی پلانی منه بو ایدی :
تیمور بگ اوزی ایکی یوزمیڭ عسکر بیلەن ، چنگیزخان نیڭ یوروش یولی بولغان ، یته سو و التای یولی بیلەن مغولستانغه اوتوب اویر دین چینغه یوروش قیلماق ایدی . نبرەسی اولوغ بگ میرزا شرقی تورکستان نیڭ شمال و شرق اولکه لرینی، یعنی ایسیغ کول اطرافی ، ایلی ، بش بلیق و تورپان اولکه لرینی، چین حدودیغچه اشغال اتمکغه مأمور ایدی . ینه بیر نبرەسی ابراهیم میرزا ، التی شهر و چالیش اولکەلرینی اشغال اتمکغه مأمور ایدی . خضرخوجه خان نیڭ بوڭا مقابل الغان وضعیتی نیڭ نیمه ایکەنلیکی خصوصیده مع الأسف معلوما تیمیز یوقدور . لیکن خدانیڭ قاهر ارادەسی بو چوڭ پلاننی کاملاً برباد اتتی . یعنی اونیته شعبان ۸۰۷ هـ (۱٤۰٥م) ده تیموربگ اوترار شهریده وفات اتتی . اولادی نیڭ اراسیده سلطنت تالاشی یوزیدین قانلیغ مجادله لر چیقیب یوقاریقی عسکرلر تماما پراکنده بولدیلر . بو نیڭ بیلەن اوتوزبش ییلدین بری دایما تهدید استیده یاشاغان شرقی تورکستان دولتی و خلقی بیر راحت نفسی نی الدیلر .

**محمد خان نیڭ خان بولغانی**

۱٤۱۸م ده خضرخوجه خان وفات قیلیب اورنیغه چوڭ اوغلی محمد خان تختده اولتوردی . محمد خان عسکری قوّتی نی خیلی اشوروب شرقی تورکستان نی هر قایداغ دوشمنغه قارشی مدافعه قیلالغودەك درجەغه یتکوزدی . یاز کونلرده تڭری تاغلریدین اوتوب ارتباشیده یازلار ایدی . اویرنی یخشی اباد قیلیب ایکنجی پایتخت قیلدی . محمد خان نیڭ زمانه سیده تیمور بگ نیڭ اوغلی شاهرخ میرزا غربی تورکستان ، افغانستان ، و ایران نیڭ بعضی سیغه پادشاه ایدی .



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

محمد خان نيك مقابليده اوغلی اولوغ بگ میرزانی تولا قوت بیله‌ن انده جانده قویغان ایدی. محمد خان نیك شاهرخ میرزا بیله‌ن مناسبتی یخشی ایمس ایدی. محمد خان مملکتی‌نی ککروتمك و سیردریا نیك شرقی ده‌کی تاشکند، اوترار و تالاس ولایت‌لری‌نی تیمور بگ نیك اولادی دین تارتیب الماق اوچون دایما فرصت ایستر ایدی. او ولایت لرده عصیان چیقارماق اوچون سیاسی دسیسه لردین هم تارتینماس ایدی. بو دسیسه نیك اثری‌ده ٨١١ هـ (١٤٠٨م) ده اوترار والی‌سی امیر شیخ نورالدین شدتلیك بیر عصیان چیقاردی. محمد خان اکا یاردم قیلماق اوچون اوز اینی‌سی شمع جهان خان‌نی عسکر بیله‌ن اوترارغه یوللادی. لیکن شمع جهان خان بارغوچه شاهرخ میرزا مذکور عصیان‌نی کاملاً باسیقتوروب بولغان اوچون شمع جهان خان تالاس اطرافی دین یانیب کلدی. محمد خان نیك بو فعالیتی نتیجه سیده تالاس اولکه لری‌نی اوروش سیز شرقی تورکستان‌غه قوشتی. محمد خان شرقی تورکستان‌نی هر باب‌ده ترقی قیلدوردی و التی شهرده تولا جامع‌لر و مدرسه لر بنا قیلدوردی. بو جمله‌دین قارغالیق شهریده‌کی یشیل مدرسه بو کون‌غچه محمد خان نیك اتیده باقی‌دور. محمد خان ٨١٨ هـ (١٤١٥م) ده وفات اتتی.

### شمع جهان نيك خان بولغانی

محمد خان وفات اتکه‌ندین کین اینی‌سی شمع جهان خان تخت‌ده اولتوردی. بو ذات نیك داخلی سیاستی اصلاحات و مرکزیت‌نی قوّتلاندورمك ایدی. سیاست تقاضاسی‌چه یورت‌ده کسی شهزاده لر، یرلیك بگ و والی‌لر نیك اشوق نفوذ لری‌نی یوق اتمك اوچون کوشش قیلور ایدی. بو کوشش نتیجه سیده فوق العاده نفوذ و قوّت‌غه ایگه بولغان بگلربگی خداداد خان، محدود اختیارات‌لیغ بیر والی رتبه‌سی‌غه کلیب قالدی. محمد خان مرحوم نیك شهزاده‌لری هم کاملاً شمع جهان نیك امری استیده بولوب قالدی. بو سیاست اوزون‌دین بری استبداد و نفوذغه ایگه بولوب کلگه‌ن شهزاده لر و بگ

لرغه غایت اغیر کلمکده ایدی. ٨٢١ هـ (١٤١٢م) ده محمد خان نیكٔ نبره‌سی اویس اوغلان (شیرعلی اوغلان نیكٔ اوغلی) و خداداد خان و تولا شهزاده و بگ لر، شمع جهان خان نیكٔ ضدی‌غه بیرلا شیب قوّت لیك بیر عصیان چیقاردی لر. نتیجه‌ده اویس اوغلان، شمع جهان خان نی شهید اتتی. شمع جهان خان چوكٔ اوغلی نقش جهان خان نی تورپان ولایتی‌غه والی تعین قیلیب چالیش (قاراشهر) ولایتی نی هم تورپان ولایتی‌غه قوشوب برگه‌ن ایدی. بو کشی نیكٔ والی بولغانی و وفاتی نیكٔ تاریخی معلوم ایماس دور. پروفیسور بارتولد، نقش جهان خان نی چوكٔ خان لر قتاریده سانابدور. لیکن حقیقت ده شمع جهان خان شهید بولغاندین کین فقط تورپان و قاراشهر ولایتی نی نقش جهان خان محکم توتوب مذکور منطقه‌ده استقلال اعلان اتکه‌ن ایدی، و اوز اتیده پول قاقتوروب و خان عنوانی بیله‌ن یارلیغ برگه‌ن ایدی. بارتولد مذکور پول و اثرلرغه قاراب یوقاریقی‌غه گمان قیلمیش دور [208]

**شیر محمد خان نیكٔ خان بولغانی**

شمع جهان خان شهید بولغاندین کین اوغلی شیر محمد خان اویس اوغلان بیله‌ن قاتیغ محاربه‌غه کیریشتی. بو محاربه اوچ ییل دوام قیلدی. اخیری شیرمحمد خان اویس اوغلان نی قطعی صورتده مغلوب اتیب ٨٢٣ هـ ده خانلیق تختیده اولتوردی. شرقی تورکستان‌ده‌کی بو اغتشاش دین اولوغ بگ میرزا استفاده قیلیب حدودغه یاقین اولکه لردین تالاس و اطرافی نی اشغال قیلغان ایدی. شیرمحمد خان تختده اولتورغان زمان بگلر بگی خداداد خان دوغلات و صدر الاسلام نیكٔ قیادتی استیده حدودغه عسکر یوللادی. بولر اولوغ بگ میرزا نیكٔ عسکرلری نی مغلوب اتیب بعضی یرلرنی یاندوروب الدی لر.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

٨٢٤ هـ (١٤٢١م) ده اولوغبگ میرزا تولا عسکر بیلەن شرقی توركستانغه یوروش قیلماق اوچون سیر دریادین اوتتی. شیر محمد خان هم تمام قوتی بیلەن یوروش قیلیب حدود اوستیغه باریب اولوغبگ نیڭ عسکرگاهی نیڭ اوتتوریده توختاب اولوغبگ نیڭ الدیغه الچی ایباریب مصالحه غه تکلیف قیلدی. اولوغبگ قبول اتیب شیر محمد خان بیلەن کوروشمك و مصالحه شرطلرینی بالذات مذاکره قیلیشیب معاهده عقد اتمك نی طلب قیلدی. شیرمحمد خان، صدر اسلام نی یانیغه الیب اولوغبگ نیڭ عسکرگاهیغه باردی. اولوغ بگ غایت احترام و دبدبه بیلەن استقبال قیلدی و مذاکره باشلاندی. مذاکره تمام بولمغان سببدین شیر محمد خان او یرده قونماقچی بولوب قالدی. لیکن کیچەده سوءقصددین قورقوب بیر بهانه بیلەن یاشورون اوز عسکرگاهیغه کلیب محاربه غه تیارلاندی. ایرتەسی اولوغ بگ عذرلر بیله شیرمحمد خان نیڭ الدیغه الچیلر ایباریب مصالحه تکلیفی د ی. اخیری هر ایکی طرف بیر بیری نیڭ حدودیغه تعرض قیلیشماسلیق معاهدەسی عقد اتیلدی. بونیڭ بیلەن هرایکی حکمدار عسکرلرینی الیب اوز یورتلریغه یانیب کتتی لر.

**شیر محمد خان و اولوغ بك میرزا اراسیده محاربه**

شیر محمد خان بیلەن اولوغبگ اراسیدەکی معاهدەغه تقریباً تورت ییل مدت عمل قیلدی لر. کین ینه توبندەکی صورتده بو معاهده سیندورولوب سوقوش بولدی، واقعه شودور: اولوغبگ نیڭ چوك قوماندانلریدین علی تکریت نیڭ اوغلی، اولوغبگدین یوز اویروب قاچیب شیرمحمد خان نیڭ پناهیغه سغیندی. اولوغبگ میرزا بوادم نی یاندوروب ایبارمکنی طلب قیلیب بگ ارسلان اتلیغ بیر کشی سی نی الچی قیلیب ایباردی. شیرمحمد خان مذکور طلب نی قبول اتمدی و الچی نی حبس قیلدی. اولوغبگ میرزا ینه باشقه بیر الچی ایباریب ایلگریکی الچی نی و قاچقان قوماندان نی یاندوروب ایبارمکنی طلب قیلدی و قبول اتمگەن تقدیرده محاربه اتمکی نی بیلدوردی. شیرمحمد

خان ايرته يازده جواب بيرامن ديب ايكنجی الچی نی یاندوردی. اولوغ بگ ميرزا بو جواب نی الغان زمان تهديد اوچون سمرقنددين سيردريا بويی غه واندجان غه تولا عسكر يوللادی . شيرمحمد خان انيك مقابليده ايسيغ كول نيكْ غربی غه اينی سی خضرخوجه اوغلان ، امير جهانشاه ، بگلربگی خداداد خان ، صدر الاسلام و ملك الاسلام نيكْ قيادتلری استيده ارقه ارقه دين عسكر يوللادی . اولوغ بگ ميرزا بوعملی جواب غه اچيغلاب اوزی تمام قوتی بيلەن تاشكند غه يوروش قيلدی .

داداسی شاهرخ ميرزا ، اولوغ بگ ميرزانی اوروش قيلماقدين توسوب مكرّر يارليغ نامه لر ايبارسەمو اولوغ بگ بو يوروشيدين قايتماي يور وب يگرمه بيته ربيع الاول ٨٢٨ هـ (١٤٢٥م) دە تاشكند غه كلدی . شيرمحمد خان هم الماليقدين يوروش قيليب ايسيغ كول نيكْ جنوب غربی سيدەكی آرتباشی قصبەسی نيكْ شمالی دەكی تيكه سكرير درياسی (سيرد ريا نيكْ باشی) بوييده كيش اتليغ يايلاغ نی حربی مركز قيليب توشتی . اميرجهانشاه نی تالاس و ايسيغ كول اراسيغه ، صدر الاسلام و ملك الاسلام نی تالاس نيكْ شمال شرقی سيدەكی اورتا كول بويی غه يوللاب اولوغ بگ ميرزا نيكْ هجوم يوللری غه مستحكم جبهه لر تأسيس اتتی . اولوغ بگ ميرزا تاشكند دين حرب تعبيەسی بيلەن يوردی . و تالاس حدوديده امير جهانشاه يتيب كليب قاتيغ اوروش بولدی . هر ايكی طرف بير نچەميك كشی ليك ضايعات بەرگەندين كين امير جهانشاه جنوب طرف غه عسكری نی تارتيب تالاس تاغلری غه يرلاشتی . اما اولوغ بگ موندين خبرسيز قاليب بلكه امير جهانشاه نی قاچيب خضرخوجه اوغلان و خداداد خان لر غه قوشولدی ديب خيال قيليب عسكری نيكْ بير قسمی نی ايلگری يوللاب اوزی تولاراق قوّتی بيلەن ارقەدين يوردی . ايلگری يورگەن عسكری تويغوسوز حالده خضرخوجه اوغلان نيكْ عسكر گاهی غه هجوم قيلدی قاتيغ اوروش دين خضرخوجه اوغلان نی اسير قيلدی و انی اولوغ بگ درحال سمرقند غه يوللادی . موندين كين اولوغ بگ تمام عسكرلری بيلەن بيرلاشيب اريق سو (حاضرده اقسو) يولی بيلەن توغرا شرق غه ايلگريلاب خداداد خان بيلەن اوروشماق اوچون يوردی . چو درياسی نيكْ غربی قايی سيده اليش اتليغ بير يرده خداداد خان نيكْ بوقتورمەده قويغان بير قطعه عسكری



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

تویفوسوز حالده اولوغ‌بگ نیكٔ عسکرلری‌نی اوق‌غه توتوب مهم ضایعات غه دوچار قیلیب ینه غایب بولدی. اولوغ‌بگ او یردین اوتوب قوش بولاق‌غه کلدی. بو یر خداداد خان نیكٔ عسکرگاهی‌غه یاقین ایدی‌اولوغ بگ خداداد خان‌نی اراغه الماق‌غه موفق بولدی. خداداد خان‌قاتیغ مدافعه‌دین کین تسلیم غه مجبور بولوب اسیر توشتی. انی هم اولوغ‌بگ درحال سمرقندغه یوللادی. اولوغ‌بگ، خضرخوجه اوغلان وخداداد خان بیله‌ن محاربه غه توتوشقان کون لرده صَدْرُ الاسلام و مَلِكُ الاسلام اورتا کول‌دین یوروب شمال بیله‌ن ایلگریلاب چو دریادین اوتوب اق قایاس دریاسی بوییده تقریباً بوگونکی کاستك و آلماآتا اراسیده توختادی لر. اولوغ‌بگ میرزا بولرنیكٔ بو صورت بیله‌ن ایلگری‌غه اوتوب الغان لری‌نی هیچ بیلمای قالدی. بلکه بولرنی یا قاچتی یاکه اورتا کول‌دین یوتکلمدی دیب خیال قیلیب اولرغه اهمیت برمدی. بو اوچون اولوغ‌بگ میرزا، شیر محمد خان نیكٔ عسکرگاهی‌نی بی‌خبرلیکده باسماق اوچون توغرا جنوب غه ایلگریلامکغه باشلادی. اولوغ‌بگ نیكٔ تمام حرکت‌لری‌دین خبردار بولوب تورغان صدرالاسلام و ملك الاسلام چو دریاسی نیكٔ شرقی و ایسیغ‌کول نیكٔ بویی بیله‌ن جنوب غه یوروب اولوغ‌بگ میرزا نیكٔ الدیغه اوتوب شیر محمد خان نیكٔ عسکرگاهی‌غه باریب قوشولدی لر. بو نیكٔ بیله‌ن شیرمحمد خان نیكٔ قوتی اوچ حصه اشتی. بو ماهرانه مانوره لر تمام بولغاندین کین اولوغ‌بگ وضعیت‌دین خبر تاپیب غایت درجه‌ده دهشت و حیرت‌ده قالدی. اولوغ‌بگ شیرمحمد خان نیكٔ عسکرگاهی‌غه یاقینلاشیب هر طرف‌غه کشف قول لری ایباردی. بو کشف قول لری اوزون یرلرغچه کزیب یانیب کلدی‌لر. دوشمن‌دین هیچ اثر کورمدوك دیدی لر. لیکن شیرمحمد خان اوز حرکاتی‌نی اولوغ‌بگ نیكٔ کشف قول لریدین مخفی قالماق اوچون قیلغان تشبث‌لری‌ده یوزده یوز موفق‌بولغان ایدی. چونکه مذکور کشف قول‌لری هنوز سوزلری‌نی تمام قیلمای تورغان حالده شیرمحمد خان‌نیكٔ عسکرلری‌بریم دائره شکلیده‌احاطه ترتیباتی بیله‌ن یتیب کلدی‌لر. و اولوغ‌بگ‌نی امان برمای قورشاب الدی لر. بو صورت بیله‌ن اولوغ‌بگ بیرکیچه‌کوندوز احاطه ایچیده قالیب عسکر لری‌نیكٔ تولاسی ضایع بولدی. اخیری اولوغ‌بگ امیدسیز بیر قلیچ

محاربه‌سی نتیجه سیده احاطه دین چیقماقغه موفق بولدی و بو حالده امیر جهانشاه نیڭ اولوغبگ نیڭ ارقه سیدین فعالیتغه کلیب اونیڭ چکلیش یولی نی کسکه‌ن خبری کلدی . اولوغبگ غایت درجه‌ده شاشیب هیچ نرسه غه قاراماسدین قاچماقدین باشقه چاره تاپالمای درحال ارقه غه یاندی و عسکرلری‌نی اوچ غه بولوب اوچ یول بیله‌ن غایت احتیاط و ایتیک لیک بیله‌ن تاشکند طرفی‌غه یوردی . یولده امیر جهانشاه اولوغبگ نیڭ عسکرلری‌نیڭ شمال یولیده‌کی قسمی‌غه هجوم قیلیب بولرنی تاماً قلیچ دین اوتکوزدی . بولردین یالغوز محمد بارلاس و اسکندربگ اتلیغ ایکی قوماندان غینه اۆلوم دین قوتولوب اولوغبگ نیڭ یانیغه قاچیب باردی . الحاصل اولوغبگ،عسکری نیڭ قسم کلیّ‌سی‌نی ضایع قیلیب مدهیش بیر مغلوبلوق فلاکتی غه اوچراب اون‌شعبان ٨٦٨ هـ (٢٨تموز، ١٤٢٥م) ده سمرقندغه باردی .

اولوغبگ‌نی بو حربی اقداماتدین داداسی شاهرخ میرزا نیڭ منع قیلغانی و ناراضی بولغانی‌نی یوقاریده ذکر قیلغان ایدوك . ایمدی بو اقداماتنیڭ بو صورتده یمان بیر فلاکت بیله‌ن نتیجه لانگه نیدین شاهرخ میرزا غضبلانیب اولوغبگ غه جزا برمك اوچون هرات (پایتخت) دین سمرقندغه سوردی . لیکن سمرقندغه کلگه‌ندین کین تمام کورگان خاندانی‌نیڭ شفاعتی‌بیله‌ن اونی عفو اتتی ، اولوغبگ اسیر قیلیب کلگه‌ن خضرخوجه اوغلان و خداداد خان لرنی تولا احترام قیلیب ازاد قیلیب یاندوردی . خضرخوجه اوغلان شرقی تورکستان غه یانیب کلدی . اما خداداد خان قریغان وقتیمده بیر حج قیلیب اندین کین وطن‌غه یانامن دیب مکه غه باریب حج اداسی دین کین یتمش‌بش یاشیده مکه مکرمه‌ده وفات اتتی .

**شیر محمد خان وفات بولوب اویس خان نیڭ خان بولغانی**

شیرمحمد خان یوقاریقی اوروشده اولوغبگ میرزانی مغلوب اتکه‌ندین‌کین وفاتی‌غچه بولغان واقعاتی خصوصیده ایشانگو



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

دائك معلومات يوقدور . شيرمحمد خان ٨٢٨ هـ (١٤٢٥م) ده وفات قيليب اورنيغه دوشمنی بولغان اويس اوغلان خان بولدی . اويس خان نيك اون ييل‌ليق سلطنتی دوری‌غه متعلق معلوماتيميز بك ازدور. اويس خان كورگان خاندانی (تيموربگ نيك اولادی) بيله‌ن مناسبتوده‌ تانه ايدی . بير قيزی‌نی اولوغ بگ ميرزا نيك اوغلی عبدالعزيزميرزاغه بريب بير توغقانليق رابطه‌سی هم پيدا قيلغان ايدی .

٨٣١ هـ ده داخلی بير اغتشاش نی كيم چيقارغانی بيلينمايدور. بو اغتشاش غايت شدت بيله‌ن سكز ييل دوام قيلدی . اخيری ٨٣٨ هـ (١٤٣٤م) ده اويس خان شهيد بولدی . بو ذات نيك كيم نيك قوليده شهيد بولغانی معلوم ايماس. ليكن تاريخ رشيد و بابر توزوكی نيك اشارتلری‌غه كوره اوز اوغلی يونس خان نيك قوليده شهيد بولغانليقی اڭلانادور.[209]

**اوچونجی ايسن بوغا خان نيك خان بولغانی**

اويس خان نيك ايكی اوغلی ايسن بوغا خان و يونس خان تخت تالاشيب اوروشقالی باشلادی‌لر . تولا اوروش‌لردين كيين دولت ادم‌لری و خلق نيك تولاراقی ايسن بوغا خان طرفداری بولغانی اوچون يونس خان مغلوب بولوب اوز طرفدارلری بولغان نارين تومن بگی ابرزن بگ و تالاس تومن بگی ميرك توركمن باشليغ تقريباً اوچ ميك اويلوك ادم‌لر بيله‌ن قاچيب فرغانه‌غه اوتوب اولوغ ميرزا نيك پناهيغه سغنيب انيكڏين اكاسی نيك ضدی‌غه ياردم تيلادی . اولوغ بگ ميرزا يونس خان نی ادم‌لريدين ايريب يالغوز خاتون باله بارقه‌لری بيله‌ن عراق طرفی‌غه هيدادی . ادم‌لری‌نی ولايت‌لرغه تارقاتيب پراكنده قيلدی . بو صورت بيله‌ن ايسن بوغا خان دوشمن‌دين قوتولوب اوزی‌نی خان اعلان اتتی . بو كشی چاغاتای خاندانی‌دين خانليق تختيده اولتورغان ايسن بوغا خان اتليغ‌لر نيك اوچونجی‌سی بولادور .

ايسن بوغا خان اغتشاش نتيجه سيده ويران بولغان

يورتلرنى اباد قيلماقده تولا فعاليت كورساتتى . كورگان خاندانى حكمدارلرى بيلەن يخشى مناسبت پيدا قيلدى عسكرى قوتى نى اشوردى. بو زمانه لرده التاى ، ايميل ، و زارغالانتو (قوبدو) ، زيبغالانتو (اولاستاى) اولكه لريده قوّتلانيب استقلال حاصل اتكەن ، ايلى ، يتە سو و باركول طرف لرىغه تعرض قيلماقغه باشلاغان قالماق اتليغ تورك قبيله لرى بيلەن اوروشوب اولرنى مغلوب اتيب خراج برمك صورتى بيلەن اطاعت قيلماقغه مجبور قيلدى . و ينه او وقتده ارال كولى و توبول و ايرتيش دريالرى اراسيده يڭى دولت تاءسيس اتكەن اوزبك لرنى مغلوب اتيب اولرنيڭ توركستانغه هجوم قيلماقى نيڭ الدينى الدى . اوزبك خانى ابو الخير خان بيلەن مجادله قيليشيب اخيرى مغلوب بولوب قچيب كلگەن قازاق خان لرى جانى بگ و احمد خان و تابع لرى غه ايسن بوغاخان ، سير دريانيڭ اياغ طرفيده ير بيريب اولرنى اوزپناهى غه الدى . ليكن ايسن بوغاخان اوز طرفدارلرى بولغان مغول بگلرى و عسكرلرىغه كڭرو اختيارات بردى . بو سببدين خلقغه بك تولا ظلم لر بولدى .

### ايسن بوغاخان نيڭ فرغانه نى الغانى

كورگانلردين شاهرخ ميرزا وفات اتكەندين كين كورگان خاندانى اراسيده داخلى مجادله باشلادى . بو فرصتدين ايسن بوغاخان استفاده قيليب حدودغه ياقين بعضى علاقه لرنى اوروش سيز اشغال اتتى . ٨٥٣ هـ ده اولوغ بگ ميرزا بيلەن اوغلى عبد اللطيف ميرزا اراسيده كى مشهور فاجعه ليك مجادله چيققاندين كين ايسن بوغاخان فرغانه غه يوروش قيليب اوزكنددين خجندغچه تمام فرغانه نى اشغال اتتى . ليكن اولوغ بگ ميرزا نيڭ زمانه سيده كى عدل و انصاف ليغ اداره غه عادتلانيب قالغان فرغانه خلقى ايسن بوغاخان نيڭ قوماندان لرى نيڭ ظلم لرى نى تحّمل قيلماى دايما اغتشاش چيقارماقده ايدى . خصوصاً اندجان خلقى ايسن بوغاخان



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بیلەن اوزون مدت اوروشتیلر . بو سبب دین ایسن بوغاخان اندجان خلقی نیڭ تولاسی نی اسیر قیلیب شرقی تورکستانغه سوردی. اگر فرغانه خلقی بو اغتشاشلری بیلەن ایسن بوغاخان نیڭ قوّتلری نی مشغول اتمسه لر ایدی ایسن بوغاخان نیڭ پوتون غربی تورکستان نی اشغال اتمکیغه اوّلده وضعیت بك مساعد ایدی. ایسن بوغاخان فرغانه خلقی نیڭ اغتشاشی نی باسیقتورماقغه مشغول بولوب قالغان مدتده کورگان خاندانی دین ابو سعید میرزا باشقه رقیب لریغه غالب بولوب داخلی مجادلەنی یوق اتیب حکمدارلیقنی قولیغه الماقغه موفق بولدی و اوزیغه کورگان خاندانی نیڭ عنعنەسی نیڭ تاشیده سلطان عنوانی نی الدی.[210]

سلطان ابو سعید میرزا ٨٥٥ هـ (١٤٥١م) دە ایسن بوغاخاندین فرغانەنی اجراتیب الماق اوچون محاربەغه کیریشتی، اخیری ٨٥٦ هـ دە اشفره (مرغینان نیڭ غرب طرفیده بیر قصبه) محاربەسیده فرغانه خلقی نیڭ یاردمی بیلەن ایسن بوغاخاننی مغلوب اتتی. ٨٥٧ هـ (١٤٥٣م) دە اندجان نیڭ یاقینیده بیر محاربه بولوب ینه ایسن بوغاخان مغلوب بولوب فرغانەنی بوشاتیب چیقیب کتتی. ٨٦٦ هـ (١٤٦١م) دە ایسن بوغاخان اوغلی دوست محمد خاننی تورپانغه والی قیلیب اقسو و کوچا ولایتلرینی هم دوغلات حکمداری محمد حیدر میرزادین اجراتیب الیب دوست محمد خانغه بردی. محمد حیدر میرزانی هم دوست محمد خان نیڭ امری استیغه کیرگوزدی. دیمککه دوست محمد خان تورپان، التی شهر و بش‌بلیق ولایتلریغه عمومی والیلیق صفتی نی الدی.

**یونس خان نیڭ خان بولغانی**

سلطان ابو سعید میرزا ایسن بوغاخان نیڭ غربی تورکستانغه هجوم قیلماقیدین دایما قورقار ایدی. بو خطرنیڭ دفعی اوچون اڭ یخشی چاره شرقی تورکستانده بیر داخلی مجادله چیقماقی ایدی. سلطان ابوسعید میرزا بو طرزده بیر داخلی مجادله

چیقارماق اوچون قولیدین کلگەن کوشش‌لرنی قیلدی و حاجی بگ باشلیغ بیر نچە تومن بگ لری‌نی تشویق اتیب ایسن بوغاخان نیڭ ضدی‌غە عصیان چیقارتتوردی . اما بو کیچیك عصیان‌لر ایسن بوغاخان نیڭ قوّتی‌نی ازلا تالمادی . لیکن سلطان ابوسعید میرزا ٨٦٦ھ اطرافیدە بو مقصدی اوچون ایش‌غە یاراغودەك بیر آلت تاپتی و او الت ایسن بوغاخان‌نیڭ اینی‌سی یونس‌خان ایدی . بو کشی یگرمە بیر ییل ایلگری شرقی توركستان‌دین چیقاریلیب ایران‌دە‌اوارە بولوب یورمکدە ایدی . منە بو یونس‌خان‌نی سلطان ابوسعید میرزا ایران‌دین سمرقندغە کلتوروب تولا احترام قیلدی و اگاه‌دیدی‌کە چاغاتای خاندانی و کورگان خاندانی اراسیدە میراثی بیر دوشمن‌لیك باردور . دایما بو ایکی خاندان اراسیدە قان‌لر توکولمکدە دور ایمدی بیز بو دوشمنلیك نی اوترادین یوق اتمکنی خواهلایمیز اوزلری‌نی چاغاتای دولتی‌نیڭ خانی تونوماقینی و اوترامیزدە صمیمی بیر دوستلوق تأسیس اتمکنی آرزو قیلامیز . اوزلری‌نیڭ خانلیق‌تختی‌نی الماق‌لری اوچون یاردم قیلماق‌غە بیز حاضردور میز . یونس‌خان بو سوزنی خوشلوق بیلەن قبول قیلدی و قسم‌لر بیلەن دوستلوق وعدەسی قیلدی . موندین کین سلطان ابوسعید میرزا بیر نچە میڭ کشی‌لیك بیر یاردم قوّتی‌نی یونس‌خان‌غە قوشوب اوزکند یولی بیلەن شرقی توركستان‌غە یوللادی . بو کونلردە یونس‌خان‌نیڭ قایین اتاسی حاجی‌بگ باشلیغ عاصی تومن بگ لری، ایسن بوغاخان دین مغلوب بولوب فرغانە حدودی‌دە عسکرلری بیلەن یونس‌خان‌غە منتظر تورماقدە ایدی‌لر . یونس‌خان کلگەن زمان اولر تورك عنعنەسی‌غە موافق بیر قورولتای قیلیب یونس‌خان‌نی اق کیگیز اوستیدە اولتورغوزوب بیعت مراسمی‌نی اجرا قیلیب پوتون شرقی توركستان‌غە خان اعلان اتتی‌لر !![21]

بو کوندین باشلاب یونس‌خان و ایسن خان اراسیدە محاربە باشلاب اوترادە قان توکولمکدە ایدی. ٨٦٨ ھ دە یونس خان مغلوب بولوب سمرقندغە قاچیب باردی . سلطان ابوسعید میرزا ینە تولاراق یاردم قوّتی بیلەن یونس‌خان‌نی شرقی توركستان‌غە یوللادی



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

موندین‌کین اکا و اوکا اوروشا اوروشا ۸۷۰ و ۸۷۱ هـ (۱۴۷۵م) ارا سیده یونس خان قطعی صورتده غالب بولوب تگری تاغلری نیک شمالی‌نی کاملاً اشغال اتیب دولت مرکزی المالیق‌نی قولیغه الدی. ایسن بوغا خان‌نیک عاقبتی نیمه بولغانی خصوصیده معلوماتیمیز یوق دور. تورپان، کوچا و اوچ عمومی والی‌سی دوست محمد خان و دوغلات حکمداری محمد حیدر میرزا لر یونس خان‌غه اطاعت قیلدی‌لر. بو نیک بیله‌ن تمام شرقی تورکستان یونس خان‌نیک حکمی استیغه‌کیردی. یونس خان او زمانه‌د یکی کورگان خاندانی حکمدارلرینی تقلید قیلیب اوزی‌غه سلطان عنوانی‌نی الدی. ۸۷۲ هـ (۱۴۷۲م) ده یارکند و ختن‌نی ابابکرمیرزا دوغلات اشغال قیلیب استقلال اعلان اتتی. سلطان یونس خان و سلطان ابوسعید میرزا اراسیده دوستلوق ایلگری یکی معاهده‌غه موافق غایت قوّتلیک بولدی. وکین‌چه سلطان ابو سعید میرزانیک اوچ اوغلی‌غه سلطان یونس خان‌نیک اوچ قیزی‌نی غایت دبدبه‌لیک توی و مراسم بیله‌ن نکاح قیلیندی. مهرنگار خانیم نی احمد میرزاغه، قوتلوق‌نگار خانیم‌نی عمر شیخ میرزاغه و سلطان نگار خانیم‌نی محمود میرزاغه نکاح قیلیندی. بو نیک بیله‌ن بو ایکی حکمدار اراسیده‌کی دوستلوق توغقانلیق رابطه‌سی بیله‌ن تخی موقوت لاندی. ۸۸۳ هـ (۱۴۷۸م) ده تورپان، اوچ، و کوچا عمومی والی سی دوست محمد خان وفات اتیب اورنیغه اینی‌سی کپک سلطان عمومی والی بولدی. [212]

سلطان ابوسعید میرزا وفات اتکه‌ندین‌کین مملکتی پارچه لاندی. چوک اوغلی احمد میرزا سمرقند و بخاراده، اوترانجی اوغلی عمر شیخ میرزا فرغانه‌ده و کیچیک اوغلی محمود میرزا بلخ و تخارستان ده استقلال اعلان اتتی. بولرنیک بیر بیری بیله‌ن مناسبت لری یخشی بولمغانده‌ک قایین اتالری سلطان یونس خان‌غه هم دادالری نیک وقتیده‌کی دوستلوق‌نی رعایه قیلمادی‌لر. سلطان یونس خان بو سبب دین وضعیت‌نی دایما کوز استیده توتماق اوچون کافی درجه‌ده قوّت بیله‌ن ایسیغ‌کول اطرافیده توردی. و کپک سلطان مهم مقدار ده بیر قوّت بیله‌ن قالماق لرنیک غارت‌لری‌غه قارشی مدافعه قیلور

ايدی. كاشغر، محمد حيدر ميرزا دوغلات نيڭ اداره سيده ايدی. ختن و ياركند ابابكر ميرزا دوغلات نيڭ مستقل اداره سی استيده ايدی.

## يونس خان نيڭ محاربه لری

٨٧٨ هـ (١٤٧٨م) ده شرقی توركستان اولكه لريدين بولغان نارين غه فرغانه حكمداری عمرشيخ ميرزا تعرض قيلدی. سلطان يونس خان درحال تولا عسكر بيله ن نارين غه يوردی. نارين نيڭ غربی ده فرغانه حدودی ده كی تكه سكرير درياسی نيڭ بو ييده اوروش بولوب عمرشيخ ميرزا مغلوب بولدی. اوزی اسير توشدی؛ عسكر لری پراكنده بولدی. سلطان يونس خان كيواوغلی غه احترام بيله ن معامله قيليب نصيحت قيلدی. اوتراده تعرض قيليشماسليق معاهده سی عقد اتكه ندين كين عمرشيخ ميرزانی فرغانه غه اوزاتيب اوزی الماليق غه يانيب كلدی. موندين كين سلطان يونس خان و عمرشيخ ميرزا نيڭ مناسبت لری كوندين كونگه يخشی بولدی. و بو نيڭ بيله ن سلطان يونس خان غرب حدودی دين خاطرجمع بولوب يورت نيڭ باشقه طرف لری غه حربی اقدامات غه باشلادی. ٨٧٩ هـ (١٤٧٤م) ده سلطان يونس خان اوتتوزميڭ عسكر بيله ن اوچ (اقسو) غه كلدی. كاشغر حكمداری محمد حيدر ميرزا دوغلات، اوچ غه باريب خان نی زيارت قيليب ابابكر ميرزا نيڭ اوستيغه يوروش قيلماق اوچون خان دين يارد م تيلادی. خان نيڭ امری بيله ن كاشغرغه يانيب عسكر توپلا ماق غه باشلادی. سلطان يونس خان اوچ دين يوروب كاشغر غه كليب محمد حيدر ميرزانی يگرمه ميڭ عسكری بيله ن همراه اليب ياركند طرفيغه يوروش قيلدی. خان نيڭ امری استيده كی بو عسكر اللیگ ميڭ كشی دين عبارت بولغان مدهيش بير قوّت ايدی. بو نيڭ مقابليده ابابكر ميرزا نيڭ قوّتی اون ايكی ميڭ كشی ليك كيچيك بير قوت ايدی. ليكن حربی قيمت يوزی دين ابابكر ميرزا نيڭ عسكرلری قوت ليك ايدی. چونكه سلطان يونس خان نيڭ عسكرلری نيڭ تولا راقی قد يمقی



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

جنگجویلوق خاصیتی نی یوق اتکەن و بولان تالانغە عادتلانیب کتکەن مغول و قیرغیزلردین عبارت بولوب حربی قیمتی ازایدی. اما ابابکر میرزانیڭ عسکرلری اوزوندین بری یخشی تربیه کورگەن و منتظم ترتیبات غه تابع بولغان ختن و یارکند یگیتلریدین عبارت بولوب غایت درجەده مجهز بیر قوت ایدی. و بو نیڭ اوستیغه ابابکرمیرزا یارکند شهری نیڭ تقریباً اون سکز میل غربیدەکی کوك رباط ده قوّتلیك استحکام لر تیارلاغان ایدی. سلطان یونس خان کوك رباط غه کلگەن زمان محاربه باشلانیب قاتیغ اوروش بولوب خان نیڭ عسکرلری یمان مغلوب بولوب پراکنده بولدی. خان، کاشغرغه یانماقغه مجبور بولدی. کاشغر ده هم عسکرلری نی توپلایالمای اوچ غه کتتی. محمد حید رمیرزا هم تمام تابع لری نی الیب کاشغرنی ویران قیلیب قاچتی و اوچ ده خان نیڭ ارقه سیدین یتتی. بو نیڭ بیلەن کاشغر هم ابابکرمیرزاغه قالدی. (ابابکرمیرزا نیڭ مفصّل واقعاتی توبنده دوغلات تاریخچەسی فصلی ده کیلادور.) موندین کین سلطان یونس خان وفاتی غچه ابابکر میرزا بیلەن محاربه قیلماقغه فرصت تاپالمادی. چونکه او وقت لرده اوزبگ خان لری وقازاق خان لری کوندین کونگه قوّتلانیب سیر دریا و چودریا نیڭ ایاغ لریدەکی ساحه لرغه اوزبگ لر و کوکچه تڭیز (بالخاش کولی) نیڭ شمالیدەکی اولکه لر (بوگونکی سمی پلاتینسکی) غه قازاق لر استیلا قیلیب شرقی تورکستان نیڭ شمال قسمی غه بیر خطر حالیده ایدی لر. بو سبب دین سلطان یونس خان اوز قوّتی نیڭ تولاراقی بیلەن شمالده تورماقغه مجبور بولدی.

الناى و ایمیل اولکه لری غه قالماق لر استیلا قیلیب ایلی، یته سو، بش بلیق و بارکول حدودلری غه پات پات تعرض قیلغالی باشلادی لر. بو اوچون خان، قوّتی نیڭ مهم بیر قسمی نی تورپان عمومی والی سی کپك سلطان نیڭ قیادتی استیده قالماق لرنیڭ اوستیغه یوللاب اوروش غه امر اتتی. ۸۸۵ هـ (۱٤۹۰ م) اطرافیدەکپك سلطان قالماق لرنی هیداب چیقاردی.

### سلطان يونس خان نيڭ تاشكندنى بايتخت قيلغانى

سلطان يونس خان و كيواوغلى عمرشيخ ميرزا نيڭ مناسبتلرى يخشى لاشقان وقتدين باشلاب بولرنيڭ اراسيدەزيارتلر و كليش باريشلر تولا بولدى. عمر شيخ ميرزا و اكاسى سلطان احمد ميرزا سير دريانيڭ شماليدەكى تاشكند و شاهرخيه شهرلرىنى تالاشور ايدى لر (شاهرخيه نيڭ اصلى اتى فناكت دور. سيردريا نيڭ شمال قايىسىغە ياقيندور و خجند شهرىنيڭ اوتوريدەدور. چوڭ بير شهر ايدى حاضردە بو شهر يوقدور.) هر حالدە بوايكى شهر عمرشيخ ميرزا نيڭ قوليدە ايدى. ٨٨٨ هـ (١٤٨٤م)دە سلطان يونس خان نيڭ عمر شيخ ميرزا نيڭ نكاحيدەكى قيزى قوتلوق نگار خانيم بير اوغول توغدى. عمر شيخ ميرزا بو اوغلى نيڭ ات توى مراسمى اوچون سلطان يونس خاننى فرغانەغە دعوت قيلدى. خان فرغانەغە باريب تولا دبدبە ليك تويلر بيلەن بو يڭى توغولغان نبرەسىغە بابرات قويدى. زمانە نيڭ طريقت مرشيدى خواجه عبيدالله احرار، ظهيرالدين محمد ات قويدى (مشهور هندستان فاتحى ظَهِيُرالدّين محمدبابر پادشاه اوشبودور) بو مراسمدينكين عمر شيخ ميرزا، نزاع موضوعى بولوب قالغان تاشكند و شاهرخيه شهرلرى نى سلطان يونس خانغە هديە قيلدى. سلطان يونس خان بو شهرلرنى قوليغە اليب تاشكند شهرىنى پايتخت قيليب او يردە اوتوردى. ٨٩٠ هـ (١٤٨٥م)دە توريان، بش بليق، چاليش، كوچا و اوچ ولايتلرىنيڭ عمومى والىسى كپك سلطان وفات قيلدى. انيك اورنيغە سلطان يونس خان اوزىنيڭ ايكنجى اوغلى احمد خاننى عمومى والى تعين قيلدى. احمد خان، قالماقلر بيلەن تولا محاربە قيليب اولرنى قطعى صورتدە مغلوب اتيب هر ييلدە معين مقدارد ەخراج الماق صورتى بيلەن اولرنى اوزىغە تابع قيلدى. احمد خان قالماقلرنيڭ الڭ يمان دوشمنى بولغان اوچون او ذاتنى قالماقلر الاچى دير ايدى لر (اوزون ديمكدور، بويى اوزون كشى ايدى) احمد خان هم بو لقب نى يخشى كورور ايدى. بو لقب بيلەن شهرت تاپيب



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

احمد الاچی خان دیبیلور ایدی. کین لرده تورکستان خلقی تحریف بیله‌ن الاچه خان دیر ایدی لر.[213]

### سلطان یونس خان نیڭ مدنیت غه ایکی مهم خذمتی

او زمانه لرده شرقی و غربی تورکستان ده‌کی دولت لر و قبیله لر بیر بیرلری بیله‌ن اوروشوب اسیر الغان ادملرنی قول قیلماق و دنیانیڭ هر طرفیغه الیب باریب ساتماق عادتی بار ایدی. سلطان یونس خان بو ایش نی شرقی تورکستان ده قطعیاً منع قیلیب انسان نی ساتماق و ساتیب الماق نی یوق اتتی. غربی تورکستان، افغانستان و ایران اولکه لری ده‌کی کورگان خاندانی حکمدارلری غه او زمانه ده‌کی طریقت مرشیدی خواجه عبید الله احرار نیڭ تصدیق و تشویق لری بیله‌ن تقویت قیلینغان تبلیغنامه لر ایباریب مسلمان لردین قول بولوب قالغان لرنی ازاد قیلماق غه تکلیف قیلدی. بو نیڭ نتیجه‌سی ده میڭ لرچه قول لر ازاد بولدی لر.

ایلی جیلغه‌سی، یته سو، چو دریابویی، تالاس ولایتی و ایسیغ کول اطرافیده‌کی قدیمدین فوق العاده اباد و یوزدین زیاده شهرغه ایگه اولکه لر چنگیزخان و اولادی نیڭ حربی حرکت یولی بولوب چاغاتای خاندانی و تیمور بگ و اولادی نیڭ دوره لریده خارجی و داخلی محاربه لرنیڭ میدانی بولغانی اوچون بو اولکه لر ویران بولوب هیچ بیر شهر قالمغان، خلق کوچمن لیك و غارتگرلیك حیاتی غه عادتلانیب کتکه‌نلری اوچون بو اولکه‌لرنی اباد قیلماق و شهرلر، قصبه و کنت لر تاسیس قیلماق امکانسیز بیر حال غه کلگه‌ن ایدی. سلطان یونس خان بو اولکه‌لرنی اباد قیلماق و خلق نی مدنیت غه کیرگوزمك اوچون تولا کوشش قیلیب موفق بولالمادی. اخیری اوّلا بو خلق نیڭ بعضی سی نی شهر حیاتی غه عادتلاندورمك، و اندین کین اولرنیڭ اوز قوّتی بیله‌ن اهسته اهسته بو اولکه‌لرده کنت لر، قصبه لر و شهرلر وجودغه کلتورمك لازم ایکه‌نلیکی غه توشونوب

سلطان یونس خان مذکور اولکه لرنیڭ خلقی دین بیر نچه میڭ اۆیلوك نی زور بیلەن کوچوروب تاشکند شهریده یرلاشتوردی. اگرچه بولر دین بعضی سی یولدین و بعضی سی تاشکند دین قاچیب کتسه لرمو تولاراق لری تاشکندده بیر نچه ییل اولتوروب شهر حیاتی غه عادت لاندی لر و کین لرده بو ادم لرنی اوز یورت لری غه یاندوردی. بولر نیڭ قول لری بیلەن تولاکنت و قصبه لر و الماآتا، توخماق و قاراقول دەك شهرلر وجودغه کلتورولدی[214].

**محمود خان نیڭ خان بولغانی**

سلطان یونس خان ۸۹۲ هـ (۱٤۸۷م) ده وفات اتتی و اورنیغه ولیعهدی بولغان چوڭ اوغلی محمود خان تخت ده اولتوردی. سلطان محمود خان نیڭ خانلیق تختیده اولتورغان زمانه سیده سیاست و حرب ایش لریغه ماهر بیر پادشاه اوچون سلطنتی نی محکم لاشتورماق و یورتینی کڭروتوب شرقی وغربی تورکستان غه شامل بیر تورك امپراطورلوقی قورماق غه میدان کاملاً اچوق ایدی. چونکه او وقتده شرقی تورکستان نیڭ کیچیك بیر قسمی (ختن و یارکند) دەکی ابابکرمیرزا نیڭ ازغینه مخالف قوّتی دین باشقه تمام خلق کاملاً اطاعت و سکون بیلەن یاشاماقده ایدی. مملکت دین غایت قوّتلیك عسکر ییغماق اسان بیر مسئله ایدی. غربی تورکستان ده کورگان خاندانی غه منسوب شهزاده لر ولایت ولایت ده، بلکه شهر شهرده مستقل بولوشوب بیر بیری بیلەن دوشمن طوایف الملوك شکلی نی الیب انقراض دوره سی نی یاشاماقده ایدی لر. اما سلطان محمود خان موندا غ فرصت دین استفاده قیلماق غه لیاقتی یوق بیر ذات ایدی. بابر پادشاه بابر توزوکی ده یازیب دورکه: "خان دادام (سلطان محمود خان) جنگی ادم ایمس ایدی. عسکر لیکدین کاملاً مجرد ایدی."[215] تاریخ رشیدی نیڭ مؤلفی حیدرمیرزا یازیدورکه: "سلطان محمود خان لیاقتسیز بیر شهزاده ایدی. و تیار پادشاه لیق غه ایگه بولغان و انیڭ قدری نی بیلمگەن



ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بیر ذات ایدی. داداسی نینگ اعتمادلیغ امیرلرینی اعتباردین توشوروب اوزی‌نینگ یاش و تجربه سیز اداش‌لری‌نی ایش غه قویدی. بولرنینگ خطا تدبیر ویمان اداره‌لری سببی‌دین تمام سوز و ایش ایگه‌لری سلطان محمود خان‌دین یوز اویروب هر طرف غه کتتی لر. سلطان محمود خان‌نینگ راحت پرست‌لیکی و بی تدبیرلیکی نتیجه سیده وقوعغه کلگه‌ن فجیع حادثه‌لر تولا دور. بو جمله‌دین بیری سلطان محمود خان‌نینگ سلطنتی نینگ یقیلیشی و اوزی نینگ دشمن قولیده شهید بولماقی غه سبب بولغان حادثه و خطا تدبیر دور.[216]

اوزبک حکمداری ابوالخیرخان نینگ نبره‌سی محمد شیبانی خان (شاهی‌بگ و شاه بخت‌هم دییلادور) اوز یورتیده مغلوب بولوب قاچیب سلطان احمد میرزا طرفی‌دین بخاراوالی‌سی بولغان عبدالعلی ترخان نینگ خذمتی‌غه کیرگه‌ن ایدی. کین چه یانیغه بیر مونچه اوزبک لرنی ییغیب عبدالعلی ترخان‌غه خیانت قیلیب و مغلوب بولوب قاچیب سلطان محمود خان‌نینگ پناهی غه سغیندی. چنگیزخان اولادی‌دین بولغانی اوچون سلطان‌محمود خان اکا احترام قیلدی و صحبتی‌غه داخل قیلدی. شیبانی‌خان، سوز سوزلاملک وعسکرلیک و سیاست‌ده خیلی ماهر بیر ادم ایدی. شیبانی خان صحبت‌اشناسیده سلطان محمود خان‌غه کورگان خاندانی‌نینگ غایت درجه‌ده ضعیفلاشقانی دین‌سوزاچیب، "اگر خان مکا یارلیغ برسه و بیر از عسکر برسه کورگان خاندانی نینگ شهرلری‌دین ممکن بولغانی‌نی السام و بو صورت بیله‌ن کورگان خاندانی‌نینگ ککرو مملکت‌لری خان‌نینگ سلطنتی‌غه تابع بولسه" دیدی. سلطان محمود خان بو سوزنی درحال قبول اتتی و ۸۹۳ هـ (۱٤۸۸م) اطرافیده شیبانی خان‌غه بیر مقدار عسکر، پول و لوازم بیریب تاشکند نینگ شمالیده‌کی اوترار، ساوران، تورکستان شهرلری‌نی الماق اوچون یوللادی. بو شهرلر او وقت‌ده سلطان احمد میرزا نینگ حاکمیتی استیده بولوب محمد فرید ترخان‌والی ایدی. شیبانی خان محمد فرید ترخان بیله‌ن اوروشوب انی مغلوب قیلیب

يورت نى الدى. سلطان محمود خان، توركستان نى محمد شيبانى خان غه و ساوران نى اينى سى محمود شيبانى غه بردى. ٨٩٥ هـ (١٤٩٠م) ده قازاق خانى براندوق خان توركستان شهرى غه هجوم قيليب شيبانى خان نى مغلوب اتتى. سلطان محمود خان عسكر ايباريب براندوق خان نى قاچوروب مذكور شهرنى ينه شيبانى خان غه بردى. موندين كين شيبانى خان اوز يورتيدين قاچيب كلگەن اوزبك لرنى يانيغه توپلاب كوندين كونگه قوّتى نى اشورماقده و اطراف غه كيچيك كيچيك يوروش لر قيلماقده ايدى. بو صورت بيلەن سلطان محمود خان نيڭ طرفيدين توركستان شهريغه حاكم و هم عسكر قوماندانى ليق صفتى بيلەن اون بيل دين زيادەراق مدت ايشكوردى. كين كى واقعه لرى، توبنده اوز موردى ده كيلادور.

### سلطان محمود خان نيڭ كوركان لربيله ن قيلغان محاربه لرى

٨٩٦ هـ (١٤١٩م) ده سلطان احمد ميرزا سير دريادين اوتوب تاشكند نيڭ جنوبى غربى سيده كى بير منطقه غه تعرض قيلدى. سلطان محمود خان درحال مدافعه اوچون مذكور منطقه غه باريب چرچيق درياسى نيڭ بوييده اوروش بولوب سلطان احمد ميرزا مغلوب بولدى. درويش بگ اتليغ بير قوماندانى باشليغ تولا راق عسكرى دريا ده غرق بولوب اوّلدى. بو نيڭ بيلەن سلطان احمد ميرزا يانيب كتتى.

فرغانه حكمدارى عمر شيخ ميرزا بعضاً اكاسى سلطان احمد ميرزا غه تابع اولكه لرغه و بعضاً قايين اغاسى سلطان محمود خان غه تابع اولكه لرغه تعرض قيليب بو ايكى سى غه تولا زيان لر يتكوزور ايدى. بو اوچون ٨٩٩ هـ (١٤٩٣م) ده سلطان محمود خان و سلطان احمد ميرزا بيرلاشيب عمرشيخ ميرزانى اوترادين كوتاريب فرغانه اولكه سى نى، سير دريا فاصله بولماق صورتى بيلەن، ايكولان تقسيم قيليشماق غه قارار بيريشيب شمالدين سلطان محمود



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

خان و غرب دین سلطان احمد میرزا فرغانه غه یوروش قیلدیلر. بو هر ایکیسی فرغانه حدودیغه کیرگه‌ن وقتده عمر شیخ میرزا اوگزه‌دین ییقیلیب وفات اتتی. اورنیغه اون ایکی یاشار اوغلی بابر میرزا اندجان شهریده فرغانه حکمداری اعلان قیلیندی. بو کیچیک حکمدار ایکی تعرضچیدین بیری اناسی نیڭ ینه بیری اتاسی نیڭ قرینداشی بولغاچ اولرغه یالواریب الچیلر ایبارسه مو اولر قبول اتمای سلطان احمد میرزا اوره تیپه، خجند و مرغینان شهرلرنی الیب اندجان طرفیغه ایلگریلادی. سلطان محمود خان کاسان شهری‌نی الیب عمرشیخ میرزانیڭ پایتختی بولغان اخسی (نَمَنگان) شهری‌نی محاصره قیلدی.

یاراتیلیشده عسکرلیک و فاتح لیق استعدادی بیله‌ن یاراتیلغان بابر میرزا اوزی‌نیڭ کیچیک لیکی و قوّتی‌نیڭ ازلقی غه قارا بو ایکی چوڭ دوشمن‌نیڭ مقابیلیده غایت جدّی بیر شجاع ورساتیب هر ایکی‌لاسی‌دین مدافعه قیلماقغه قارار بردی. بگلری و عسکرلری هم فوق العاده وفادارلیق کورساتتی‌لر. بابر میرزا اندجان‌غه یاقین کلگه‌ن سلطان احمد میرزاغه اندجان‌شهری نیڭ الدیده‌کی قارا دریا بوییده غایت قاتیغ قارشی توروب ارقه‌سی غه یانماقغه مجبور اتتی. سلطان احمد میرزا نیڭ تولا عسکری و ات و تیوه‌لری غرق بولدی. بو واقعه دین‌کین، سلطان احمد میرزا بابر میرزاغه بیر الچی ایباریب صلح قیلیب یانیب کتتی. میرزا نیڭ اخسی‌ده‌کی عسکرلری سلطان محمود خان‌غه قارشی قاتیغ سوقوشتی. اخیری قارا دریا واقعه سیدین کین بابر میرزا اخسی‌غه یاردم قوّتی ایباریب سلطان محمود خان کاسان‌غه یاندی. و کاسان‌ده اکا قاتیغ بیر کسل عارض بولدی و بو بهانه بیله‌ن تاشکند غه یانیب کتتی. اندجان اوروشیدین یانیب سمرقندغه بارور بار ماس سلطان احمد میرزا وفات اتیب اورنیغه بایسنقر میرزا حکمدار بولغان ایدی. سلطان احمد خان ۹۰۰ هـ (۱٤۹٥م)ده بایسنقر میرزادین سمرقند و بخارانی الماق اوچون یوروش قیلدی. بایسنقر میرزا هم تمام قوّتی‌نی الیب سمرقند دین تاشقاری چیقتی

و سمرقند نیكٔ یاقینیده اوروش بولوب سلطان محمود خان نیكٔ هَرَاوُلَ (مقدمه) قوماندانی حیدر كوكلداش باشلیغ بیرر میكٔ عسكری اۆلتورولگەن سببدین سلطان محمود خان نیكٔ عزمی بوشاب اوروش میدانیدین عسكرلرینی انتظام بیلەن یاندوروب شاهرخیه غه كلدی. او كونلرده بایسنقر میرزاغه تابع بولغان اوره تیپه شهری نی و اطرافی نی اشغال قیلیب سابق كاشغر حكمداری حیدر میرزا نیكٔ اوغلی محمد حسین میرزا دوغلاتنی اوره تیپه غه والی قیلدی

سلطان محمود خان، شاهرخیەده ینه عسكر ترتیباتی غه باشلادی. بابر میرزا نیكٔ سوزیغه كوره سلطان محمود خان فرغانه غه یوروش قیلماق نیتیده ایدی. بابر میرزا بو نیت نی بیلمگەن كشی بولوب " خان دادام نی زیارت قیلامن دیب" ازغینه ادملری بیلەن شاهرخیه غه كلدی و سلطان محمود خان بیلەن كوروشوب ایكی كون اكٔا مهمان بولدی. بو ایكی كون ایچیده بابر میرزا سلطان محمود خانغه تاثیر قیلغودەك معامله و سوزلر قیلیب انی دوشمنلیك وضعیتی دین چیقاریب بیر یاردمچی لیك وضعیتی غه كلتوردی. بو صورت بیلەن حاضرچه بابر میرزا فرغانه حكمدارلیقیده قالدی و سلطان محمود خان تاشكند غه كتتی.

۹۰۲ هـ (۱٤۸۷م) ده بابر میرزا سمرقندنی الغان ده انیكٔ بگلریدین احمد بگ تنبل و اوزون حسن قاراقویلوقلر سمرقند دین قاچیب فرغانه غه كلیب عصیان چیقاریب بابر میرزا نیكٔ اینیسی جهانگیر میرزانی حكمدار اعلان اتتی. بابر میرزا بو عاصیلرغه ادب برمك اوچون سمرقند دین یوروب خجند غه كلور كلماس سمرقندنی سابق حكمداری اشغال قیلدی. بو نیكٔ بیلەن بابر میرزا ایكی دوشمن اراسیده قالیب هیچ طرف غه حركت قیلالمای خجند ده توروب سلطان محمود خاندین احمد بگ تنبل غه قارشی یاردم تیلادی. سلطان محمود خان بش الته میكٔ عسكر بیلەن خجند غه كلیب بابر میرزا بیلەن بیرلاشیب اخسی شهرینی الغاندین كین عاصیلر سلطان محمود خاندین صلح تیلادیلر. سلطان محمود



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

خان بابر میرزا نیکڭ رضاسی‌سیز بو صلح‌نی قبول اتیب اوروش‌دین قولینی ییغدی. بابر میرزاغه "من سیزغه سمرقند و بخارانی الیب بیرای، فرغانه اینینگیز جهانگیر میرزاغه بولسون" دیب تسلی بیریب تاشکندغه یانیب کتتی. بابر پادشاه نیکڭ یازغانیغه کوره حقیقتده فرغانه‌نی سلطان محمود خان اوزی الماق نیتیده ایدی[217].
بو صورت بیله‌ن بابر میرزا ینه خجندده قالدی. مذکور ییلده رمضان نیکڭ اخیریده بابر میرزا سمرقندنی الماق اوچون یاردم تیلاب سلطان محمود خان‌غه کشی ایباردی. سلطان محمود خان اوغلی محمد سلطان (سلطانیم لقبی بیله‌ن مشهوردور) نی بش التمیکڭ عسکر بیله‌ن توغرا سمرقندغه یوللادی. خان، اوزی بیر مقدار قوّت بیله‌ن شوال نیکڭ اخیریده اوره تیپه غه کلدی. بابر میرزانی اوز قوّتی بیله‌ن سمرقندغه یوللادی و اوزی هم ارقه‌دین یورمکچی ایدی. حالده محمد شیبانی خان نیکڭ خیانتی نیکڭ خبری کلیب خ درحال تاشکندغه یانماق و سلطانیم نی هم یولدین یاندورماق‌غه مجبور بولدی. بابر میرزا هم مجبوراً خجندغه یاندی.

### محمد شیبانی خان نیکڭ سلطان محمود خان غه خیانت قیلغانی

شیبانی خان خیلی قوّت‌غه ایگه بولغان ایدی و بیر ییلدین بری بخارا و سمرقند اطرافی‌غه انچه مونچه یوروش‌لر هم قیلغالی باشلاغان ایدی. لیکن سلطان محمود خان‌غه ایلگریکی دek تابع‌لیق و صداقت کورساتمکده بولغانی‌غه قاراب بو ساده و مغرور حکمدار شیبانی خان دین هیچ اندیشه قیلماس ایدی.

سلطان محمود خان و سلطانیم‌لر سمرقند سفری‌غه کتیب تاشکندده جیق قوّت قالمغانی‌نی شیبانی خان اڭلاب اوزی تاشکندغه و اینی‌سی محمود شیبانی سایرام‌غه یوروش قیلدی. سلطان محمود خان اوره تیپه‌دین سمرقندغه یورمکغه تیارلانغان حالده بو خبر اڭا یتتی. درحال یولی‌نی تیگوشتوروب تاشکندغه یوردی و شیبانی خان‌دین ایلگری شهرغه کیریب اڭا جزا برمک

اوچون تدبیر الدی . سلطانیم هم داداسی نیڭ امری بیلەن سمرقندغە یاقین یردین یاندی . شیبانی خان بو خبرنی ایشیتیب درحال ارقە سیغە یاندی وگناهی دین یمانراق بیرعذرنامە یازیب خانغە ایباردی . تاریخ رشیدیغە کورە بوعذرنامە نیڭمضمونی بو ایدی : " خان حضرتلرینیڭ عاصی قوللر باشیغە عنان دولتلرینی معطوف قیلغانلرینی اڭلاب تشکند شهرینی و خلق نیڭ اموال و اهل عیالینی محافظە قیلماق خذمتینی ادا ایلامک اوچون یوروب ایدیم. حضرتلرینیڭ مَقرِّ سلطنتدە نُزُول اجلال بویورغانلرینی اڭلاب ماءمورلوق یریم بولغان تورکستانغە یاندیم"
شیبانی خان،اینیسی محمود شیبانیغە "خان یولدین یانیب دورسن هیچ بیر یرغە تعرض قیلمای درحال یانغیل" دیب بیر مکتوب یازغان ایدی . لیکن بو مکتوب یتکوچە اینیسی سایرامغە تعرض قیلیب او یرنیڭ حاکمی بولغان احمدبگنی اۆلتورگەن ایدی . بو حالدە سلطان محمود خاننیڭ سایرامغە ایبارگەن عسکرلری یتیب محمود شیبانینی توتوب خان نیڭ حضوریغە الیب کلدی . شیبانی خان نیڭ بو خیانتینی کوروب انیڭ نیتینی بیلگەن سلطان محمود خان اڭا جزا برمك و انیڭ تهلکەسینی درحال یوق اتمکغە قارار بردی . لیکن خان نیڭ ورداسی نیڭ ایچیدە شیبانی خان نیڭ مخفی دوستلری بار ایدی . بولرنیڭ کوشش و شفاعتلری نتیجە سیدە خان،انیڭ گناهینی عفو قیلدی . اینیسینی هم عفو قیلیب شیبانی خانغە ایباردی .

**سلطان محمود خان نیڭ بابر میرزا بیلە ن مناسبتی**

۹۰۳ هـ (۱٤۹۸م)دە بابر میرزا تاشکندغە کلیب فرغانەنی الماق اوچون سلطانمحمود خاندین یاردم تیلادی . خان ، سید محمد میرزا دوغلات و ایوب بگ نی سکزیوز کشی لیك بیر قوّت بیلەن قوشوب بابر میرزانی اوزاتتی . بابر میرزا بو از قوّت بیلەن خجندغە کلیب مغستاننیڭ او یر بو یرلریغە هجوم



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

قیلیب هیچ ایش قیلالمای اخیری مذکور یاردم قوتیغه اجازه بیریب یاندوردی. موندین کین بابر میرزا یالغوز سلطان‌محمود خاننیڭ یاردمی بیله‌ن مقصدیغه بیتالماسلیکیغه توشونوب بیر طرفدین فرغانه خلقینی اوز طرفیغه تارتماق اوچون امین ادملرینی فرغانه ایچیغه تارقاتتی و ینه بیر طرفدین سلطان‌محمود خاندین یاردم تیلادی. احمدبگ تنبل‌نیڭ ظلمیدین زیریککه‌ن فرغانه خلقیغه و بلکه تنبل‌نیڭ اوز ادملریغه بابر میرزانیڭ پروپاگندهلری یخشی تأثیر قیلدی. بو جمله‌دین بابر میرزا، تنبل طرفیدین مرغینان‌غه حاکم لیقده بولغان کشینی اوز طرفیغه تارتتی. ۹۰٤ هـ ده مذکور حاکم نیڭ اطاعتی سایه سیده اوشتومتوت مرغینان‌نی بابر میرزا اشغال اتتی. بو حالده خان طرفیدین بنده علی، حیدرکوکلداش و حاجی‌بگ اتلیغ قوماندانلر تولا عسکر بیله‌ن بابر میرزانیڭ یاردمی اوچون کلیب قوشولدیلر. درحال اندجان‌غه یوروب اوش و اوزکنددین باشقه تمام فرغانه شهرلرینی بابر میرزا الدی. بو ظفر اشناسیده خان طرفیدین یاردم اوچون کلگه‌ن یوقاریقی عسکرلر تولا اولجه‌لر الغان ایدیلر. بابر میرزا بعضی بگ‌لرنیڭ تشویقی بیله‌ن مذکور اولجه‌لرنی اولرنیڭ قولیدین تارتیب الدی. بو سببدین یاردم عسکرلری تاشکندغه کتتیلر. و خان هم بابر میرزادین خیلی خاپا بولدی. بو یاردم قوتی یانیب کتکه‌ن سببدین بابر میرزا، احمدبگ تنبل‌نی قطعی صورتده مغلوب قیلالمادی. اوش و اوزکند تنبل‌نیڭ قولیده قالیب بیر ییل مدت اوروش دوام اتتی. اخیری احمدبگ‌تنبل سلطان محمود خان‌نیڭ ایشیك اغاسی بولغان اکاسی بگ تلبه نیڭ واسطه سی بیله‌ن خان‌غه اطاعت عرض قیلیب بابر میرزانیڭ ضدیغه‌یاردم تیلادی. ۹۰٥ هـ (۱٥۰۰م)ده سلطان‌محمود خان اوغلی سلطانیم (محمد سلطان)نی التی میڭ عسکر بیله‌ن تنبل‌نیڭ یاردمی اوچون یوللادی. سلطانیم کلیب کاسان شهری‌نی بابر میرزانیڭ عسکرلری‌دین الدی و بابر میرزا مدافعه‌غه جدّی صورتده اقدامات قیلماق‌غه عزم قیلدی. سلطانیم بونی بیلیب کاسان‌نی بوشاتیب یانیب کتتی.

## كاشغر محاربه سی وابابکر میرزا نیك اوچ غه استیلاسی

سلطان محمود خان یوقاریده ایتیلغان وجه بیلەن غربی توركستان ایشلریغه بعضی وقتلرده جزئی مداخله لر قیلماق و باشقه چاغلرده اوردا ایچیده عیش و فراغت بیلەن حیات کچورمکده ایدی. اینیسی احمد الاچەخان دایما قالماق لرنیڭ اطاعتینی تأمین قیلماق اوچون عسکری اقداماتغه مشغول ایدی. اخیری قالماق لرنی کاسلاً ایزیب اولردین خاطرجمع بولدی. ایمدی اوزوندین بری دولتغه اطاعت اتمای مستقل یاشاماقده بولغان ابابکرمیرزا دوغلات نیڭ اوستیغه یوروش قیلماق و کاشغر، یارکند و ختن ولایتلرینی خانلیق مرکزیغه تابع قیلماق نیڭ نوبتی کلگەن ایدی. منه بو مقصد بیلەن ۹۰۵ ھ (۱۵۰۰م) دە الاچەخان کاشغرغه یوروش قیلدی و تولا اوروش بولوب اوتراده یکی اباد بولغان کاشغر شهری ویران بولدی. اخیری الاچەخان مغلوب بولوب توریانغه یانیب کتتی. ابابکرمیرزا ارقەدین اوچ غه یوروب اوینی اشغال اتتی. قالغان تفصیلات دوغلات تاریخچه سی فصلی ده کیلادور.

### سلطان محمود خان نیڭ شیبانی خان ضدیغه اقداماتی

شیبانیخان نیڭ قوتی مهم درجەده زیاده لاشتی و سلطان محمود خان غه اشکارا دوشمنلیك قیلماق و هر طرفدین اوزی اوچون یورتلر فتح قیلماقغه باشلادی. ۹۰۵ ھ (۱٤۹۹م) ده شیبانیخان اوشتومتوت بخاراغه هجوم قیلیب اوینی اشغال اتتی. انیڭ وضعیتیغه کوره قوّت تاپقان تقدیرده تمام توركستان نیڭ باشیغه مدهیش بیر بالا بولماقیده هیچ شك قالمادی. سلطان محمود خان بو خطرنی بیلسەمو انیڭ دفعی اوچون جدی و اساسلیغ اقدامات قیلمای بلکه توبندەکی صورتده مغرورانه



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

و جزئی اقدامات قیلدی. شیبانی خان سمرقندنی الماقفه اقدام قیلیشیدین ایلگری او یرنی اشغال قیلیب الماق نیتی بیله‌ن سلطان محمود خان، محمد حسین میرزا دوغلات و خان میرزا اتلیغ قوماندان لری نی بیرنچه میڭ عسکر بیله‌ن سمرقندغه یوللادی. بابر میرزانی هم یوروشغه شریك بولماقغه و سمرقندنی الیب بولغاندین کین بخارانی هم الیب او مملکتلرنی اڭا برمکغه دعوت و وعده قیلدی. بابرمیرزا درحال بیر ایکی میڭ کشیلیك قوّتی نی الیب سمرقندغه یوردی. بو صورت بیله‌ن بو قوتلر سمرقندغه یاقینلاشقانده سمرقند حکمداری علی میرزا، شیبانی خاندین یاردم تیلادی. شیبانی خان درحال بخاردین یوروب سمرقندغه کلیب علی میرزانی توتوب حبس قیلیب هیچ بیر مشقتسیز سمرقندنی اشغال اتتی. بابر میرزا و محمد حسین میرزالر بو حالده سمرقندغه هجوم قیلالمای کش (یشیل‌شهر) غه باریب یرلاشتیلر. خاندین یاردم قوّتی کلمك امیدی بیله‌ن بش الته ای اویرده توردیلر. لیکن بو امید بوش چیقتی. ازوق اوچون قیستالیب محمد حسین میرزا و خان میرزالر اوز قوتلری‌نی الیب یانیب کتتیلر. بابرمیرزا نیڭ عسکرلری هم هرطرفغه قاچیب فقط ایکی یوز قرق کشیلیك ازغینه بیر قوّتی قالدی. شیبانی خان بو وضعیت‌نی کوروب خاطرجمع بولوب سمرقندده بش الته یوزچه عسکر قویوب بخاراغه کتتی. بو اثناده بابرمیرزا سمرقند خلقی بیله‌ن مخفی صورتده بیرلاشیب از قوّتی بیله‌ن سمرقندغه بیرکیچه باسقونی قیلیب خلق‌نیڭ یاردمی بیله‌ن سمرقندنی السه‌مو شهر ایچیده محاصره بولغانده‌ك بولوب قالدی. سلطان محمود خاندین یاردم تیلادی. خان، سید محمد میرزا دوغلات نیڭ قیادتی استیده میڭ بش یوز کشیلیك بیر قوّت یوللادی. بو قوت بیله‌ن بابر میرزا شهردین چیقیب شیبانی خان بیله‌ن اوروشتی. لیکن قاتیغ مغلوب بولوب خان‌نیڭ یاردم عسکرلری پراکنده بولوب قاچیب کتتیلر. بابر میرزا اوزقوتی بیله‌ن شهرغه کیریب حقیقی صورتده محاصره بولدی و ایکی‌ای قدر مدافعه قیلغاندین کین بیرکیچه‌ده شهردین قاچیب اوره تیپه‌غه میڭ

مشقت بیلەن کلدی. بو ارادا احمدبگ تنبل تمام فرغانەنی الیب شیبانی خان بیلەن بیرلا شکەن ایدی.

بابر میرزا تاشکندغە باردی و خان انی اورەتیپە غە والی قیلدی. لیکن سابق والی سی محمدحسین میرزا دوغلات، اورە تیپەنی بابر میرزاغە بوشاتیب برمکنی قبول اتمدی. بو اوچون بابر میرزا ینە تاشکندغە باردی و ازغینە مدتدین کین احمدبگ تنبل اورە تیپە غە هجوم قیلیب اویرنی اشغال قیلدی. محمد حسین میرزانی قوغلاب چیقاردی. بو صورت بیلەن سلطان محمود خان غە شیبانی خان و احمدبگ تنبل دین عبارت بولغان ایکی دوشمن پیدا بولوب بو ایکی دوشمن بیرلەشتیلر.

## تاشکندنی شیبانی خان نیڭ الیب کتکه نی

شیبانی خان و احمدبگ تنبل لر نیڭ کوندین کونگە قوّتلانیب و ایکی سی نیڭ بیرلا شکانی و سلطان محمود خان غە بولر نیڭ اشکارا دوشمنلیك قیلماقفە باشلاغانلری نی احمد الاچە خان اکّلاب تورپاندە اوز اورنیدە چوڭ اوغلی منصورخان نی قویوب ٩٠٨ھ نیڭ اولیدە (١٥٠٢م) تاشکندغە باردی. مذکور ایکی دوشمن نی یوق اتمك اوچون جدّی اقدامات فکریدە بولدی لر. اوّلا فرغانەغە یوروش قیلماق و تنبل نی یوق اتمك اندین کین سمرقندغە یوروش قیلیب شیبانی خان نی یوق اتمك و تورکستان نی اوزبك خطری دین قوتقوزماق پلانی بیلەن اوتتوز میڭ کشی لیك بیر قوّت بیلەن سلطان محمود خان، الاچەخان و بابر میرزا فرغانەغە یوردیلر. تنبل نیڭ قوّتی نی هر یردە مغلوب قیلیب اندجاندین باشقە تمام شهرلرنی الیب تنبل، و اتباعی نی اندجان دە محاصرە قیلدیلر. خانلر فرغانەغە یوروش قیلغان زمان تنبل، شیبانی خانغە عرض اطاعت قیلیب انیکدین یاردم تیلاگان ایدی. خانلر، اندجان نی محاصرە قیلیب شهرنی الامیز دیب تورغان حالدە شیبانی خان نیڭ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

اوره تیپه‌غه کلگه‌ن خبری کلدی. خان‌لر درحال اندجان محاصره سیدین قول ییغیب شیبانی‌خان بیله‌ن اوروشماق اوچون مرغینان غه یوردی‌لر، واو یردین خجندغه باردی‌لر واوروشقه تیارلیق قیلماقدا ایدی‌لر. بیرکونی اوشتومتوت غربدین شیبانی خان و شرقدین تنبل نیڭ خجندغه یوروش قیلغانی و یاقینلاشقان خبری کلدی. خان‌لر بوایکی دوشمن اراسیده قامالیب قالماق تهلکه سیدین قورتولماق اوچون درحال خجندنی بوشاتیب سیردریا دین اوتوب شاهرخیه واخسی‌نی حربی مرکزی قیلماق نیتی بیله‌ن شاهرخیه غه کلدی‌لر. عسکرنیڭ بیر قسمی بیله‌ن بابرمیرزانی اخسی‌غه یوللادی‌لر. لیکن عسکرلیك ایش‌لری و حرب مانوره لریده خان‌لردین جیق ماهر بولغان شیبانی‌خان و تنبل‌لر، شاهرخیه و اخسی‌غه مدهیش بیرکیچه باسقونی قیلدی‌لر. غافل حالده شهرنیڭ تاشیده بیرباغده اوخلاماقده بولغان سلطان محمودخان و الاچه خان‌لرنی و اوغول‌لری‌نی شیبانی‌خان اسیر قیلدی. تنبل، اخسی‌غه قیلغان کیچه باسقونی‌ده عنودانه مدافعه قیلیب بیرکیچه کوندوز اوروشسه‌مو خان‌لرنیڭ اسیر بولغان خبری کلگاچ انیڭ عسکرلری پراکنده بولوب بابرمیرزا شهردین قاچیب قورتولدی. شیبانی‌خان، سلطان محمودخان‌نی و الاچه خان واوغول‌لری‌نی اسیر قیلغاندین‌کین خان‌لرنیڭ عسکرلری غایت پراکنده حالده اطرافغه توزوب کتتی‌لر. شیبانی‌خان توختاماسدین خان‌لرنی همراه الیب تاشکندغه یوروش قیلدی. سلطان محمود خان‌نیڭ تاشکندده نایب قویغان اوغلی سلطانیم (محمد سلطان) بو مدهیش خبرنی اڭلاغان زمان تمام خانلیق خاندانی و خزانه لرنی الیب شرقی‌تورکستان‌غه قاچیب ایسیغ‌کول اطرافیده توختادی. بابرمیرزا اخسی‌دین قاچقاندین‌کین پراکنده بولغان عسکرلریدین ایکی اوچ یوز مقداری‌نی یانیغه توپلاب فرغانه نیڭ جنوبیده‌کی اسفره تاغلری‌ده بیر ییل مدت مشقت‌بیله‌ن عمرکچوروب اخیری قاراتگین یولی بیله‌ن کابل غه کتتی.

## خان لرنيڭ اسير ليقدين قوتولغانى ،الاچه خان نيڭ وفاتى وشرق توركستان ده انقلاب

شيبانى خان تاشكند وفرغانەنى اشغال قيليب بولغاندين كين سلطان محمود خان و الاچه خانلرغه "من سيزلرنى اسير الديم ليكن سيز لرنيڭ ياردم لريڭلر نتيجەسيده كڭرو بير زمين غه ايگه بولدوم. ماگا برگان توزوكلرنى رعايه قيليب سيز لرنى اۆلتور ماديم. ايمدى خواهلاغان يرغه كتيڭلر" ديب قويوب بردى. خان لر اسير ليقدين قوتولوب شرقى توركستانغه كليب ايسيغ كول بوبيده يرلاشتى لر. ليكن تڭرى تاغلرى نيڭ شماليده تورماق لرى نى اوز لرىغه خطر بيلگەنلرى اوچون التى شهرغه اوتمكغه قارار بيريب اوچ (اقسو) خلقى نى ابابكر ميرزاغه عصيان قيلدوروب اولر نيڭ ياردمى بيلەن خان لر، اوچ غه كليب او يرنى پايتخت قيليب اولتوردى لر. اوچ شهرىغه كلگەندين كين الاچه خان كسل بولوب ٩٠٩ هـ نيڭ اخيريده (١٥٠٥م) وفات اتتى.

الاچه خان اوز چاكرلرى نيڭ قوليده اسير بولوب و دولت پايتختى نى يوق اتيب بو حادثه لر ايچيده كورگەن خوار و زار ليق و فلاكت لردين متأثر ليك سببى دين كسل بولغانى روايت قيلينيدور. الاچه خان نيڭ وفاتيدين كين سلطان محمود خان ،الاچه خان نيڭ عمومى والى ليقى نى انيڭ اوغلى منصورخان غه بردى. خان اوزى تمام عسكرلرى نى و خانليق خاندانى و دولت ادم لرى نى اليب ايسيغ كول اطرافى، ايلى و يته سو اولكه لريدەكى قبيله لرنى شيبانى خان نيڭ نفوزى غه كيريب قالماقدين ساقلاماق اوچون شمال غه كتتى. ابابكر ميرزا درحال يوروش قيليب اوچ ولايتى نى اشغال اتتى. سلطان محمود خان شمال غه باريب يته سو اولكەسيغه الاچه خان نيڭ كيچيك اوغلى خليل سلطان نى والى قيلدى. خان اوزى اوّلقيدەك عيش و راحت غه توشوب يايلاغدين يايلاغقه كوچوب يوروب آو اولاماق و اويون اويناماقغه توردى. يورت نيڭ اداره ايش لرى نى يانيدەكى لياقتسيز و رزيل خاص لرى غه تاشلاب قويدى. بو



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ادملرنيك يمان اداره لرى سببى دين منصورخان، سلطان محمود خان دين يوز اويروب استقلال اعلان اتتى . بو نيڭ بيلەن شرقى توركستان نيڭ اباد و حاصللیغ قسمى بولغان التى شهر، تورپان و بش بليق اولكه لرى خان نيڭ حاكميتى دين چيقيب كتتى . يالغوز تڭرى تاغلرى نيڭ شماليدەكى حاصلسيز و نفوسسيز يايلاغ منطقه لرغينه خان نيڭ قوليده قالدى .

۹۱۳ هـ (۱۵۰۷م)ده يته سو واليسى خليل سلطان و اكاسى سعيد خان لر يته سودا استقلال اعلان اتتىلر و هر يرده قبيله بگ لرى و تومن بگلرى باشسيزليق و عصيان چيقارغالى باشلادى لر. سلطان محمود خان،بو عصيان لرنى باسيقتورماق اوچون بير ييل مدت كوشش قيليب اخيراً سعيد خان غه نچه قتيم مغلوب بولدى . سلطان محمود خان اوزى عيش پرست و غيرت سيز بولغان نيڭ اوستيفه يانيده هم ايشغه ياراغودەك ادم لرى يوق حسابده بولوب قالغان ايدى .

## سلطان محمود خان نيڭ شهيد بولغانى

سلطان محمود خان اگر ادارەچى و جدى حركتغه قابيليتى بار بير ذات بولسه ايدى، بو داخلى عصيان لرنى باسيقتورماق و دولتنى خطردين قوتقوزماق ممكن ايدى . ليكن خان بو عصيان لر سببى دين كوندين كونگه زياده لاشماقده بولغان عيش بوزوقلوقى و راحت سيزليق غه صبر قيلالماى يورتدين چيقيب كتمك خيالىغه توشوب قالدى . بير طرفدين يانيدەكى رَذيل ادم لرى بو توگمه س مجادله و عيش بوزوقلوقى دين قوتولماق اوچون خاننى شيبانى خان نيڭ پناهيغه سغينماق و انيڭ احترامى سايه سيده فراغت بيلەن حيات كچورمك غه تشويق قيلغالى باشلادى لر. ۹۱٤ هـ (۱۵۰۸م)ده سلطان محمود خان،شيبانى خان الديغه كتمك و شرقى توركستاننى اوز حاليغه تاشلاب قويماقغه قارار بردى . خان نيڭ چوڭ اوغلى سلطانيم،داداسى نى بو قارار دين ياندورماق

اوچون تولا كوشش قيلدى و شيبانى خان نيك ظالم و خونريز ليقى دين قورقوتتى . ليكن سلطان محمود خان، اوغلى نيك نصيحتى نى قبول قيلماى بش اوغلى و محمد حسين ميرزا دوغلات باشليغ خاص ادم لرى بيلەن فرغانه طرفيغه يوردى و بير مُلْتَجِى صورتيده بولوب فرغانه غه كيريب خجند غه باردى . شيبانى خان بونى ايشيتكەن زمان سلطان محمود خان نى و اوغول لرينى توتقان يرده اۆلتورمك اوچون ادم لر يوللادى . بو ادم لر خان نى و بش اوغلى نى خجند ده توتوب سير دريا بو ييغه اليب چيقيب شهيد اتتى لر.

سلطان محمود خان شرقى توركستان دين چيقيب كتكەن دين كين اورنيده قالغان اوغلى سلطانيم، سعيد خان و خليل سلطان لر بيلەن بير نچه كون اوروشتى و اخيراً مغلوب بولوب يرينى ترك اتمكغه مجبور بولدى . داداسى نيك شهيد بولغانيد ين خبرى يوق ايدى . بلكه شيبانى خان سلطان محمود خان غه احترام قيلغان شايعه لر پيدا بولماقده ايدى . بناءعليه سلطانيم يورت نى تاشلاب تاشكند غه يوردى و بارا بارماس انى هم شيبانى خان شهيد قيلدى[219] .

خان نيك و اوغول لرى نيك موندا غ خوارليقده شهيد بولماقى نيك اساس سببى سعيد خان و خليل سلطان لرنيك عصيانى و خان نى بەسيم استيغه الغان لرى ايدى . منصور خان، توريانده بو فاجعه نى اكلاب غايت درجەده متا ثر بولوب مرحوم خان نيك قصاصى نى اوز اينى لرى سعيد خان و خليل سلطان لردين الماق اوچون بش بليق ..لى بيلەن يتته سو غه يوروش قيلدى . اولرنى قاتيغ محاربه لردين كين يتته سو دين سوروب غرب طرفيغه قوغلاب الما اتاغەچه باريب او يرده مدهيش محاربه بولوب سعيد خان و خليل سلطان لرنى قطعى صورتده مغلوب اتتى . بو لرنيك عسكرلرى پراكندە بولوب سعيد خان از غينه ادم لرى بيلەن جنوب غه قاچيب ناريين اولكه سيغه باريب او يردەكى جانگال لرنيك ايچيده ياشوندى . كين كى احوال، توبنده سلطان سعيد خان و انيك سلطنتى غه عايد فصل استيده كيلادور.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

خليل سلطان غربغه قاچيب تالاس و تاشكندارا سيده شيبانی خان نيك ادم لری نيك قوليغه اسير توشتی و شيبانی خان انی سير دریاغه تريگ تاشلاب سوغه پيشيب اولتوردی. منصور خان يانيب توريانغه كتتی . بو نيك بيله‌ن ايسيغ كول اطرافی و يتته سو اولكه لری حكمدارسيز قاليب قبيله لر اراسيده باشسيزليق و تينچ سيزليق حكم سورگه لی باشلادی . بو حالده قيرغيزلر سبير طرفيده‌كي قازاق خان لريدين قاچيب كليب مذكور اولكه‌لرده‌كي قبيله لرنی مغلوب اتيب بو اولكه لرده يرله‌شگه‌لی باشلادی لر. خصوصاً ايسيغ كول اطرافيده تولا راق يرله شيب او اولكه ده‌كي خلق غه غايت تولا زيان لر بردی .

**شرقی توركستان ده چاغاتای دولتی نيك يقيلغانی**

سلطان محمود خان غه‌چه اوتگه‌ن چاغاتای خاندانی حكمدارلری نيك ۳۰۰ ييل دوام قيلغان دولتينی مغول دولتی دیله‌دور چونكه بو حكمدارلر چاغاتای خاندانی دين بولغاندين تاشقری اولر نيك اداره تشكيلاتی و رسمی مراسم لری كاملاً مغول عنعنه سی غه مطابق ايدی . دولت ادم لری و عسكرلرنيك اكثريتی نی مغول لرتشكيل قيلور ايدی . بو حكمدارلردين مسلمان بولغانلری نيك دوره لريده هم يوقاريقی وضعيت، سلطان محمود خان نيك شهادتی غه‌چه دوام اتتی . فقط دينی و بعضی اجتماعی ايش لر تغيير تاپتی . اما سلطان محمود خان نيك شهادتی دين سگز ييل‌گين سلطان سعيد خان نيك قورغان دولتی ده يالغوز حكمدارلر چاغاتای خاندانی دين بولوب دولت ادم لری و عسكر خالص شرقی توركستان خلقی دين

ایدی. اداره تشکیلاتی و رسمی مراسم وعمومی حیات معارف و باشقه اجتماعی ایشلر کاملاً شرقی توركستان نیڭ مدنی خلقی نیڭ روحیاتی و اسلام تهذیبیغه مطابق بولوب ایلگریکی چاغاتای دولتی دوریدەکی دین باشقه شکلدە بولوب مغول عنعنه سیفه قطعیاً مخالف ایدی.

منه بو مناسبت بیلەن سلطان محمود خاننیڭ شهید بولغانی بیلەن چاغاتای مغول دولتی ییقیلغان ایدی دیمك لازم کیلادور. سلطان سعید خان دین باشلانیب افاق خوجه نیڭ یغیلیقی و قالماق استیلاسیغەچه دوام قیلغان دولتنی شرقی توركستاننیڭ ملی ویا یرلیك دولتی دیمك مناسب دور. شونیڭ اوچون چاغاتای دولتی دوریدەکی شرقی توركستان نیڭ علمی، اجتماعی و سیاسی احوالیغه متعلق معلومات و مطالعه لرنی بو یردە ذکر قیلیب اوتامیز.

**چاغاتای دولتی دوریده شرقی توركستان نیڭ اجتماعی واداره تشکیلاتی**

چنگیزخان استیلاسی اولقی کورونوشدە شرقی توركستان نی کوچلوك نیڭ ظلم و تخریباتیدین قوتقوزغانی جهتدین بویورتنی مدهیش بیر تهلکەدین قوتقوزغاندەك کورونادور. حقیقت کوزی بیلەن قارالسه دوام سیز بیر بحراندین قوتولوب مُزمِن (دوام لیغ) بیر علتغه مبتلا بولغانلیقی اشکارا کورونەدور. چونکه کوچلوك مدهیش بیر ظالم و ییقادورغان و یاقادورغان بیر وحشی بولسه مو انیڭ ارقه سیدە جیق قوتی بولمیغان اوچون ملت نیڭ بیر جدی حرکتی انی کاملاً یوق ایته دورغان وضعیتدە ایدی. اما چنگیزخان استیلاسیدین چاغاتای دولتی ییقیلغونچه دوام قیلغان اوچ یوز ییل ایچیدە شرقی توركستان خلقی مقاومت قیلالماغودەك درجەدە قاهر بیر قوت نیڭ حاکمیتی استیدە یاشاماقدا ایدیلر. بو قاهرقوت نیڭ استیدە شرقی توركستان خلقی نیڭ کورگەن مِحنَتلری و بو ملت



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

نیڭ مدنیتیغه بولغان زیانلرنیڭ الدیده چاغاتای دولتی طرفی دین بو ملتغه حاصل بولغان اسایش و فایده لر یوق دیگودهك از دور: تڭری تاغلری نیڭ شمالیدهکی ایسیغ کول اطرافی، تالاس، ایلی یته سو، ایمیل، التای اولکهلری دایما حربی یوروش یولی بولغان نیڭ اوستیغه چاغاتای خاندانی نیڭ داخلی مجادلهلری نیڭ قانلیغ بیر میدانی ایدی. تیموربگ و اولادی نیڭ دوریده بیر تعرض جبههسی ایدی. بو یوزدین بو اولکهلردهکی یوزدین ارتوقراق شهرلردین بیر شهر ساق قالمای تماماً کوچمنچی مغول و باشقه قبیله لرنیڭ یایلاغلری ویاکه قوملوق چوللر حالیغه کلیب مدنیتینی کاملاً یوق اتتی. مغول دولتی دوریده اڭ یمان فلاکتلرغه اوچراغان منطقه بو اولکهدور. جنوب اولکهلری یعنی التی شهر، تورپان و بشبلیق اولکهلری بیر تینچلیق منطقهسی بولوب شهرلری انچه ویران بولمادی و خلقی قتلعامغه اوچرامادی. لیکن اغیر باج و الوانلر بیلهن بو یورتلر ایزیلدی. بو سببدین قاراخانلر و قاراخیتایلر دوریدهکی مدنیت انکشافلری، اقتصادی سعادتلری و رفاه و اسایشلری یوق بولوب کتکهن ایدی.

بو احوال مغول حکمدارلری نیڭ مدنیتغه دشمنلیکی و اداره سیزلیقیدین ایمس ایدی. چونکه مغول حکمدارلری نیڭ یاساغ (قانون) لری و اداره تشکیلاتی مدنیت اصولیغه موافق و خلق نیڭ رفاه و اسایشینی کوز الدیده توتقان حکیمانه بیر ضبط و ربطدین عبارت ایدی. تینچلیق کونلریده بولرنیڭ مدنیت و خلق منفعتیا وچون قیلغان خذمتلری خیلی یخشیدور. اما شرقی تورکستان نیڭ کورگهن مصیبتلری نیڭ سببی مغول حکمدار خاندانلری نیڭ اراسیدهکی داخلی اختلافدین توغولغان دایمی مجادلهلر ایدی. چنگیزخان نیڭ یاساغلری مغول تاریخلریده و عمومی تاریخلرده یازیلغاندور.

منه بو دورهده شرقی تورکستاننیڭ جنوب قسمیدهکی خلقنیڭ مدنی و اجتماعی احوالینی و چاغاتای دولتی نیڭ اداره تشکیلاتینی بیان قیلامیز.

چنگیزخان و اولادی‌نیڭ سیاستی مغلوب ملت‌لرنی علمی، دینی، ادبی و اجتماعی ایش‌لریده آزاد قویماقایدی. لیکن بو ایش‌لرنیڭ ترقی‌سی‌غه هم یاردم لری یوق ایدی. بو اوچون کوچلوك دوریده شرقی تورکستان‌نیڭ ویران بولغان علمی و ادبی ایش‌لری مغول دولتی دوریده خالص ملت طرفیدین احیا قیلینغان ایدی. حکومت طرفیدین توجه بولمیسا بو ایش‌لرنیڭ مغلوب و پول‌سیز و حقوق‌سیز بیر ملت نیڭ تیریشچانلیقی بیله‌ن ایلگریلامکی‌نیڭ بك آهسته صورتده بولماقی طبیعی دور. هر حالده شرقی تورکستان خلقی قدیم دین علمی مدنیت حیاتی‌غه عادتله‌نگه‌ن بیر قوم بولغانی اوچون اتا بابالری‌نیڭ علمی و ادبی اثرلری‌نی و مؤسسه‌لری‌نیڭ قالدوقلرینی ساقلاماق‌غه ممکن بولغان تیرشچانلیق کورسه‌تتیلر. مدرسه لر و مکتب‌لردین موجود لریده تعلیم و تربیه ایش‌لری جاری ایدی. کین چه بعضی همّتلیك عالم‌لر و ملت پرور بای‌لر طرفیدین یکی مدرسه و مکتب و کتبخانه‌لر هم تأسیس قیلیندی. توغلوق تیمورخان مسلمان بولوب دولت ادم‌لری تماماً اسلام‌غه داخل بولغاندین کین شرقی تورکستان‌نیڭ علمی حیاتی‌غه بیر قوت قوشولدی. حکمدار خانلری و یرلیك کیچیك حکمدارلر تولا مدرسه‌لر بنا قیلدوروب پوتون کنت‌لرده مذکور مدرسه‌لرغه وقف قیلیب دنیانیڭ هر طرفیدین چوك عالم‌لرنی کلتوروب اورگه‌تیش وظیفه‌لریغه تعین قیلدی‌لر. او زمانده شرقی‌تورکستانده چوك عالم لریتیشیب دنیانیڭ باشقه یرلریغه استاذلر تارادی. مشهور مُلا عبدالرحمن جامی و علی شیر بگ نوابی‌لر او وقتده کاشغر مدرسه‌لریدین چیقغان مولانا سعدالدین کاشغری نیڭ شاگردلری ایکه‌نلیك لری او لرنیڭ اوز تألیف لریدین اڭلانادور.[22] کاشغر، ختن، کوچا شهرلری او چاغده‌کی مهم علم مرکزلریدین سانالور ایدی. تیموربگ نیڭ اولادی‌نیڭ دوره‌لریده غربی تورکستانده علم و ادبیات نیڭ بك زیاده ترقی قیلغانی هرکیم‌غه معلوم دور. او



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

وقتلرده بو ایکی یورت نیڭ حکمدارلری‌نیڭ اراسیده تولاراق وقتلر ده سیاسی دشمنلیك بولسه‌مو خلق‌نیڭ علمی و اجتماعی ایش لرده بیر بیرلریدین استفاده قیلیشماقی‌غه هیچ مانع یوق ایدی. بواوچون علمی سویه‌ده شرقی و غربی تورکستان فرق‌سیز بیر مملکت حکمیده ایدی.

او وقتلرده تمام اسلام مملکتلریده علمی تیل عربچه بولغاندەك شرقی تورکستان‌ده هم شونداغ ایدی. ادبیات‌ده تورکچه و فارسچه تیل‌لری تقریباً برابر درجه‌ده بولوب شاعرلر بو هر ایکی تیل ده شعر سوزلر ایدی لر. او زمان لرده شرقی تورکستان‌ده تألیف قیلینغان کتاب لر و شاعرلرنیڭ دیوان لری دین بك ازی زمانه میز غه‌چه کلمیش دور. صراح اللغات (فارسچه)، سیرة النبی (تورکچه) و شمس الباز غه نیڭ حاشیه‌سی (عربچه ـ حضرت ملام کاشغرلیغ نیڭ تألیفی دور) و تاریخ رشیدی (فارسچه) کبی کتاب لر شرقی تورکستان عالم لری‌نیڭ ـ تای دولتی دوریده قیلغان تألیف لریدین نمونه دور. مع الأسف، و دوره‌ده اوتکه‌ن شرقی تورکستان شاعرلری‌نیڭ دیوان لری نی من بوکون‌غه‌چه کورمه‌دیم. شرقی تورکستان شاعرلریدین احمد بگ حاجی اتلیغ بیر شاعرنی بابر پادشاه تولا تعریف قیلیب دور. بو کشی علی شیر بگ نوابی بیله‌ن تەڭ شاعر ایدی دیب دور. چاغاتای خان لری‌نیڭ اخیرقی‌سی بولغان سلطان محمود خان شاعر ایدی. باشقا تولا شاعرلرنیڭ بارلیقی جزم دور.[221]

شرقی تورکستان قدیم دین مدنیت و تهذیب بابیده تورك دنیاسی نیڭ الڭ ایلگری کلگه‌ن بیر پارچه‌سی ایکه‌نلیکی تاریخده معلوم لوغ دور. مغول حکمدارلری باشقه یرلرده‌مو دین و مدنیت ایش‌لریده اوز تابع لری‌نیڭ یول‌لریغه ایرگاشکه‌نده‌ك شرقی تورکستان ده‌کی مغول حکمدارلری و دولت ادم لری هم آز زماندا خلق نیڭ مدنیت و تهذیب لری‌نی قبول قیلیب تینچ‌لیق وقتلریده زراعت و صناعت و تجارت ایش‌لری‌نیڭ خلق‌نیڭ اوز تجربه و سلیقه لری غه

اویغون ایلگریلەمکیفە دولت طرفیدین تولا یاردملر بولغان ایدی. بو ایشلر تینچلیق زمانلردە غایت ایتیك ایلگریلەگەن ایدی. لیکن بو تینچلیق مُدّتی از دوام قیلغانی اوچون بو ایلگریلەمکلر تعریف غە لایق بیر نقطە غە ییتالمای توروب قالور ویا ارقە سیفە یانیب کیتار ایدی.

تینچلیق اوزون دوام قیلالغان جنوب (التی شهر و توریان) اولکە لریدە قول صناعتلری تولا انکشاف حاصل قیلغان ایدی. چونکە شمال اولکە لریدە تولا راق حکومت عسکرلری و او یردە یرلەشکەن مغول و قیرغیز و باشقە کوچمنچی قبیلە لر صناعتسیز بیر خلق بولغانلری اوچون جنوبدەکی خلقنیك هر خیل مصنوعاتی غە غایت یخشی خریدارلر ایدی. بو یوزدین هنرمندلر کوندین کونگە تولا بولوب هر قسم ایپك، بوْز و یوكْ کیم لیك و زیلچی توقوب و هرخیل اوی و زینت اسباب لری، حرب یاراغلری، کاغذ و باشقە نرسە لرنی یاساب سود یگرواسطەسی بیلەن شمالدەکی لرغە ساتار ایدی لر. خارجی تجارت فقط داخلدە و قوشنە مملکتلردە تینچلیق بولغان زمانلردە رواج تاپقان. چین و غربی تورکستانغە سود یگرقافلەلری باریب کلیب تجارت قیلور ایدی لر. لیکن بو احوال ایچیدە تینچلیق از بولغانی اوچون خارجی تجارت بعضی وقت دە بار و بعضی وقت دە یوق ایدی. اما بولغان وقتدە اسیانیكْ شرقی و غربی اراسیدە تجارت واسطەسی بولغان شرقی تورکستان، تجارلری نیكْ الغان فایدە لری غایت تولا ایدی. او دورەدە هندستان و شرقی تورکستان اراسیدە تجارت امکان سیز ایدی. چونکە بو ایکی یورت اراسیدەکی غربی تیبت و پامیردە هیچ بیر حکومت یوق و بو یورت لردین اۆتوش کوپ خطرلیك ایدی. اما داخلی تجارت یورتنیكْ شمال و جنوبی اراسیدە هرزمان یخشی اقیب تورار ایدی. لیکن شمال اولکە لریدە پات پات یوز برگەن داخلی مجادلە لر سببی دین بو داخلی تجارت هم مهم ضررلرغە اوچرار ایدی.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

چاغاتای حکمدارلری نیڭ اداره تشکیلاتی ، قول استیده‌کی خلق نی تورت صنف غه ایریب هر صنف بیر باشقه وظیفه غه مکلف بولماقدین عبارت ایدی .

۱ـ تومن ، مالیات بیره‌دورغان عوام رعیه دین تقریباً اون میڭ نفوس دین عبارت بولغان بیر جمعیت دیمك دور. بیر اولکه‌ده اولتوروغلوغ بو جمعیت ادم باشی غه بیر مقدار الوان نی هر ییلده خان نیڭ خزانه سی غه برمکفه مکلف ایدی . هر تومن نیڭ اوستیده خان طرفیدین تعین قیلینغان بیر تومن بگی بولور ایدی . تومن بگی بو الوان نی ییغیب خان نیڭ خزانه سیغه تافشورور ایدی .

۲ـ [illegible]ین (شرقی تورکستان لهجه سیده قوشون )، عسکرلیك دفتریده اتی بارکشی لر دیمکدور. بولر، ادم باشی الوان دین معاف ایدی لر. هر وقت حکومت خواهلاسه بولرنی مجبوراً عسکرلیك غه قیچقیریب یراغ استیغه الور ایدی . بولرنی عسکرلیك غه قیچقیرماق ویا اۋیی غه تارقاتماق وظیفه سی، جنوب ده تومن بگی و شمال ده قبیله بگی نیڭ ذمّه سیده ایدی .

۳ـ اویماق (شرقی تورکستان لهجه سیده آیماق)، ادم باشی الوانیدین و قوشونلوق دین معاف، هر ییلی حکومت غه بیر مقدار آشلیق ویا کیم لیك و موکا اوخشاش بیر قسم الوان نی برمکنی گردنیغه الغان، امتیازلیغ بیر قبیله ویا بیر کنت ویا بیر محله ادم لری دین عبارت ایدی . بولر تولاراق اصیل زاده لر ویا دولت الدیدا آبرولوغ کشی لر و اولرنیڭ تابع لری ایدی لر. مذکور الوان نی آیماق باشلیغی اوز تابع لریدین ییغیب خان ویا یرلیك حکمدار خزانه لریغه تافشورور ایدی .

٤- شرعی منصب دارلر، اوقاف متولی لری ، مدرس لر و خطیب لر. بولرنیك تولا راقی دولت ادم لری نیك توغقانلری ویا دوست لری و یورت نیك اصیل زاده لریدین تعین قیلینغان لیاقت و استحقاقی از کشی لر ایدی لر. باشقه لردین فوق العاده بیر فضیلت شهرتی تاپقان کشی لرنیك هم بو وظیفه لرغه یتمك لری ممکن ایدی.

بو بیان قیلینغان شکل توپ توغرا چاغاتای حکمدارلری نیك اداره سیده کی منطقه لرغه مخصوص ایدی. اما داخلی استقلال غه ایگه بولغان یرلیك حکمدارلرنیك اداره لریده کی منطقه لرده یالغوز تومن صنفی نیك الوان لری خان نیك خزانه سیغه یرلیك حکمدار واسطه سی بیله ن بیریلیب باشقه اوچ صنف یرلیك حکمدار نیك اختیاریده ایدی. بو صنف لرنیك تشکیلاتی هر داخلی مستقل اولکه ده باشقه شکل ده ایدی.[222]

## ٣- فصل

## التی شهر دوغلات حکمدارلری نیك تاریخچه سی

شرقی تورکستان غه چنگیزخان استیلاسی فصلی ده ایتیلغان وجه بیله ن دوغلات خاندانی نیك بیرنجی حکمداری ماڭلای سویا، دوغلات دور. بو کشی اویغور ایدی و چنگیزخان نیك یاقین ادم لریدین ایدی. دوغلات خاندانی نی مغول قبیله سیدین دیگه ن روایت اعتبارغه لایق ایمس بیر گمان دور. ماڭلای سویا، ٦١٥ هـ (١٢١٨ م) ده التی شهرغه حکمدار بولوب بو حکمدارلیق انیك اولادی ده مُسَلسَل صورتده ٩٢١ هـ غه چه دوام اتتی. (١٧ نجی خریطه غه قاراسونلر). معلاسف ماڭلای سویادین کین ٧٠٠ هـ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

(١٣٠٠م) اطرافيده دوغلات حكمدارى بولغان بايدارخانغەچە اوتكەن دوغلات حكمدارلرى و واقعاتلرى خصوصيده معلوماتيميز يوقدور. دوغلات حكمدارلرى نيڭ پايتختى اوّلده كوچا شهرى ايدى. اوترا و اخر دورەلرده كاشغر شهرينى پايتخت قيلدىلر.

تاريخده شهرت تاپقان برنجى دوغلات حكمدارى بايدارخاندور. بايدارخان باشتا اوكتاى خاندانىدين شرقى توركستان حكمدارى بولغان قايدوخانغه تابعليقده ايدى. بايدارخان ٧٠٦ هـ(١٣٠٦م)ده قايدوخان نيڭ اوغلى چاپارخانغه حرب اعلان قيليب چاغاتاى خاندانىدين بولغان دواى چچنغه تولا ياردملر قيلدى. شرقى توركستان نيڭ ايكنجى دفعه چاغاتاى خاندانى نيڭ قوليغه اوتمكى نيڭ اڭ مهم عاملى بايدارخان نيڭ اقداماتى ايدى. دواى چچن انيڭ بوخذمتى اوچون اسيغكول اطرافينى و يتەسو اولكەسينى بايدارخانغه مكافات بردى. بونيڭ بيلەن دوغلات حكومتى نيڭ مملكتى ايكى حصه كڭردى. بايدار خان نيڭ وفات تاريخىنى بيلمەيميز. هر حالده بوكشى وفات اتكەندين كين چوڭ اوغلى تولك بگ حكمدار بولدى. توٓلك بگ خصوصيده هم معلوماتيميز يوقدور.

توٓلك بگ دين كين اينىسى پولاچى بگ حكمدار بولدى. پولاچى بگ حكمدار بولغاندين اعتباراً دوغلات حكمدارلرى نيڭ اقتدار نفوذلرى اڭ يوقارى درجەغه چيقتى. چاغاتاى خانلرىنى تختده اولتورغوزماق، خان اوٓلتورمك، حرب و صلح دەك تمام شرقى توركستان نيڭ مقدراتىنى تعين قيلادورغان چوڭ ايشلر بولرنيڭ قوليغه اوتتى. پولاچى بگ شرقى توركستانده مستقل بير چاغاتاى دولتى تشكيل قيلماق و غربى توركستاندەكى مجادلەوقان اقتيشلردين اوزاق قالماق طرفدارى ايدى. بو اوچون ٧٣٠ هـ ده ايكنجى ايسن بوغاخاننى الماليق تختيده اولتورغوزماق نيڭ اڭ قوتليك تاياغوچى پولاچى بگ بولدى. ٧٤٨ هـ(١٣٤٤م)ده توغلوق تيمورخاننى تختده اولتورغوزماق نيڭ يگانه عاملى پولاچى بگ ايكەنليكى، انيڭ بگلرىگى بولغانى، ٧٥٢ هـ ده مسلمان بولغانى

و وفاتی، توغلوق تیمورخان نیڭبیانیده اوتتی . پولاچی بگ وفات اتکەن دین کین اوغلی خداداد خان نیڭ بگلربگی بولغانی و قمرالدین بگ نیڭ واقعه لری یوقاریده اوتتی . قمرالدین ، شمس الدین ، شیخ دولت دیگەن اتلر بولرنیڭ اصلی اتلری بولمای مسلمان بولغاندین کین اختیار قیلغان اسلامچه اتلری دور.

قمرالدین بگ، شرقی تورکستان نیڭ چنگیز اولادی نیڭ حکم لری استیده بولماقی لازم دیگەن محافظه کارلرغه مخالف ایدی. بلکه حاضرده بوڭا حاجت یوق و مستقل ملی حکومت قورماق زمانی گلدی دیگەن فکرده ایدی. بو اوچون قمرالدین بگ ٧٦٨ هـ دەالیاس خوجه خان نیڭ ضدیغه انقلاب چیقاریب اِنی یوق اتیب اوز قیادتی استیده شرقی تورکستان نیڭ تولاراق حصەسی نی قولیغه الماق غه موافق بولسەمو داخلده خداداد خان و باشقه لرنیڭ مخالفتی خارج دین تیمور بگ نیڭ ارقه ارقه هجوم لری سببی دین اوز مقصدی غه تولوق یتالمادی. شونداغ بولسەمو تیمور بگ دەك بیر دنیا فاتحی غه قارشی اولگونچه مدافعه قیلیب شرقی تورکستان تاریخیده بیرنجی درجەده قهرمانلیق شهرتیغه ایگه بولدی. بو واقعه لر یوقاریدا مفصل صورتده بیان قیلیندی. قمرالدین بگ نیڭ پایتختی کاشغر ایدی. کاشغر، یارکند ، ختن ، اوچ ، ایسیغ کول اطرافی یته سو اولکه لری تماماً قمرالدین بگ نیڭ حاکمیتی استیده بولوب ایسیغ کول اطرافی غه اکاسی شمس الدین بگ و یته سو غه اینی سی شیخ دولت بگ والی ایدی. چاغاتای حکمدارلرید ین بگلربگی عنوانی نی الغان خداداد خان یالفوز کوچا و اطرافی غه حکمدارلیك قیلماقده ایدی. انیڭ قمرالدین بگ نیڭ حیاتی ده دوغلات خاندانی اوستیغه هیچ نفوزی یوق ایدی. قمرالدین بگ ٧٩١ هـ (١٣٨٨م) ده وفات اتکەندین کین یوقاریده ایتیلغان وجه بیلەن خضرخوجه خان خداداد خان غه تمام التی شهرنی بردی و بو نیڭ بیلەن دوغلات خاندانی نیڭ الڭ چوڭ حکمداری بولوب اقتدار حاصل اتتی . خداداد خان، ٨٢٨ هـ (١٤٢٦م) غەچه بگلربگی لیك عنوانی بیلەن التی شهر حکمدارلیقی نی محافظه قیلیب مذکور ییل



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ده اولوغبگ میرزا نیڭ قولیغه اسیر توشدی و غربی تورکستاندین حج قیلماق اوچون مکه‌غه باریب ۸۳۰ هـ (۱۴۲۷ م) ده مکه مکرمه‌ده وفات اتتی.

خداداد خان وفات اتکه‌ندین کین دوغلات حکومتی ایکی‌غه ایریلدی. بیری اوچ، کوچا، قارا شهر دریاسی‌غه‌چه‌بولوب خداداد خان نیڭ چوڭ اوغلی محمد شاه غه تابع ایدی. ینه بیری کاشغر، یارکند، ختن ولایت‌لریدین عبارت‌بولوب خداداد خان نیڭ ینه بیر اوغلی سید احمد خان نیڭ اداره سیده ایدی. بو ایکی حکمدار نیڭ تاریخی واقعه‌لری و وفات تاریخلری خصوصیده معلوماتی‌میز یوقدور. سید احمد خان نیڭ اناسی سیدلردین بولغان‌مناسبتی بیله‌ن بو ذات نیڭ و اولادی سید عنوانی‌نی المیش‌دور. سید احمد خان نیڭ وفات تاریخی معلوم بولمسه‌مو حکمدارلیقی ایکی اوچ ییل دین اوزون بولمغانی معلوم دور. سید احمد خان نیڭ وفاتی‌دین‌کین اورنیغه اوغلی سیدعلی میرزا، کاشغر- یارکند- ختن حکمداری‌بولدی بو وقتده اویس خان نیڭ زمانه سیده‌کی توقوز ییل‌لیق اغتشاش پیدا بولدی. سیدعلی میرزا بو اغتشاش وقتیدین استفاده قیلیب عسکر ییغیب اوچ و کوچاغه یوروش قیلیب تاغاسی محمد شاه دین تارتیب الیب تمام التی شهرنی اوز حکومتی‌غه تابع قیلدی. کاشغرنی التی شهر دوغلات حکومتی نیڭ پایتختی قیلیب اوزی غه امیر کبیر عنوانی‌نی الدی و التی شهرده کاملاً مستقل بیر حکومت قوردی. امیر کبیر سیدعلی نیڭ بو استقلال دوریده التی شهر خلقی نیڭ اسایشی مکمل صورتده تأمین قیلیندی. علمی و اجتماعی ایش‌لرده التی‌شهر فوق العاده ترقی قیلدی. کاشغر، ختن، اوچ، کوچا شهرلریده چوڭ مدرسه‌لر بنا قیلیندی و هر قسم عمارت‌لر و باغ‌لر وجودغه کلدی. یورت نیڭ تولا یرلریده اوستڭ‌لر قازیلیب زراعت یرلری تولا بولدی. الحاصل التی‌شهر یڭی بیر حیات دوریغه اولاشتی. امیرکبیر سید علی کاشغر شهری‌نی تومن سویی نیڭ ایکی قایی‌سی‌غه یڭی‌باش دین بنا قیلیب سونی شهر نیڭ اوتراسیدین اقیتتی. بونیڭ بیله‌ن کاشغر او زمانه نیڭ اڭ چوڭ و اڭ چیرایلیغ شهری بولدی. امیر

کبیر سیدعلی ۸٤۸ هـ (١٤٤٤م) ده وفات اتتی . دُوَلِ اِسلامیّه‌ده‌کی
شَجَرَه ده بو ذات نیڭ وفاتی‌نی ۸٦۲ هـ (١٤٥٧م) ده دیب کورساتا
دور. مونده بیر سَهْو بولسه کره‌ك دور. امیر کبیر سیدعلی میرزا نیڭ
ایکی اوغلی بار ایدی . چوڭی سانسیزمیرزا ، کیچیگی محمد حیدر
میرزا اتلیغ ایدی . امیر کبیر نیڭ اورنیغه سانسیزمیرزا حکمدار بولدی
و امیر کبیر عنوانی‌نی الدی . بو ذات نیڭ اخیر حیاتی‌غه‌چه استقلا
لی‌نی محافظه اتکه‌نی ویا ایسن بوغاخان‌غه اطاعت قیلغانی معلوم
ایمس دور. لیکن وفاتی‌غه‌چه تمام التی‌شهر پارچه‌لانمای انیڭ اداره
سیده ایدی . امیر کبیر سانسیز میرزا، یته ییل حکمدارلیق قیلیب
۸٥٥ هـ (١٤٥١م) ده وفات اتتی . دُوَلِ اسلامیه‌ده ۸٦۹ هجری
١٤٦٤م) دیب یازغانی خطا دور. امیرکبیر سانسیز میزانیڭ ایکیزه‌ك
توغولغان ابابکر و عمر اتلیغ اون یاشار ایکی اوغلی بار ایدی . بو
اوغول‌لر هنوز نارسیده بولغانلری اوچون سانسیز میرزا نیڭ اینی‌سی
محمد حیدر میرزا حکمدار بولدی و تورك عنعنه سی‌غه مطابق سان
سیز میرزا نیڭ خاتونی (ابابکرمیرزانیڭ اناسی )نی نکاحی‌غه الدی .
محمد حیدر میرزا، حکمدارلیق لیاقتیدن یوقسون یومشاق طبیعتلیك صوفی
کشی ایدی. عسکرلیك، سیاست ایش‌لریده هیچ قابلیتی یوق ایدی .
بو کشی نیڭ بو وضعیتی دین ایسن بوغاخان استفاده قیلیب التی
شهرغه نفوذی‌نی مستحکم صورتده یایدی و یورت‌لرغه تماماً مغول‌لر
دین تومن بگ لری و باشقه منصبدارلر تعین قیلدی . ۸٦٦ هـ
(١٤٥٩م) ده کوچا واوچ ولایت‌لری‌نی محمد حیدرمیرزا دین
الیب تورپان والی‌سی بولغان اوغلی دوست محمد خان‌غه بردی.
مونیڭ اوستیغه ایسن بوغاخان، محمد حیدر میرزانی دوست محمد
خان نیڭ امری استیغه کیرگوزوب قویدی . دوست محمد خان ظاهراً
سیاحت بهانه‌سی‌بیله‌ن کاشغرغه کلیب بیر مونچه مدت او یرده توروب
کاشغر حکومت ایش‌لری‌نی اوزی خواهلاغان طرزده حاکمیتی استیغه
الیب مغول‌لردین تولا کیشیلرنی کاشغر، یارکند ، ختن نیڭ اداره‌ایش
لریغه تعین قیلیب یانیب کتتی . دیمك که دوغلات حکومتی فقط



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

دوست محمد خان نیڭ نفوزی استیده بیر ولایت حالیغه کلیب قالدی. امیر کبیر سیدعلی نیڭ زمانه سیدین بری هیچ ظلم کورمای اسایش ده یاشاغان التی شهر خلقی نیڭ اوستیغه تومن بگی و باشقه منصب دار بولوب کلگه‌ن مغوللر تولا ظلم قیلدی لر. (۸۷۱- ۸٦۰ھ اراسیده (٦٦- ۱٤٦۱م) ایسن بوغاخان و یونس خان اراسیده‌کی مجادله کونلریده مذکور مغول منصبدارلرنیڭ ظلم و استبدادلری، بولا نتالان یقیم شکلی نی الدی. التی شهر خلقی، بك تولا زیان کوردی لر. محمد حیدر میرزا بو ظلملرغه هیچ چاره قیلالماس ایدی. لیکن محمد حیدر میرزا نیڭ برادر زاده‌سی و هم اوگه‌ی اوغلی ابابکر میرزا بو ظلملردین خلقنی قوتقوزماق اوچون چاره ایستادی. بو چاره فقط بیر غیرت و فداکارلیق ایدی.

### سلطان ابابکر میرزا دوغلات نیڭ التی شهرده مستقل دولت تأسیس قیلغانی

امیر کبیر سانسیزمیرزا نیڭ نارسیده اوغلی ابابکرمیرزا تاغاسی محمد حیدر میرزا نیڭ تربیتی‌ده یاشار ایدی. ابا بکر میرزا کیچیك لیکدین غایت ذکی و همتلیك بیر امیر زاده ایدی. چوگوغان چه فوق‌العاده سخی و یخشی اخلاقلیغ بیر یگیت بولدی. بو سخاوت و اخلاق واسطه‌سی بیله‌ن تمام یاش اصیل زاده لرنی اوزی‌غه مطیع قیلدی. ابابکر میرزانیڭ یاشلیق وقتیده‌کی فضیلتلری و اخلاقی نی انیڭ دشمنی بولغان برادر زاده سی حیدر میرزا کورگان تاریخ رشیدی ده مفصل بیان قیلیب دور (تاریخ رشیدی صحیفه ٤۱۷).[224] دوست محمد خان کاشغرغه کلگه‌نده ابابکر میرزانی انیڭ اخلاقی و بلندهمتلیکلیگی یوزیدین غایت یخشی کوردی و توریانغه همراه الیب کتتی. ایکی اوچ

ييل يانيده توختاتيب اخيراً دوست محمد خان اوز سيگلی سی نی ابابكر ميرزاغه بردی و كاشغرغه يانماقغه اجازه بردی .

ابابكر ميرزا مغول‌لرنيڭ ظلم لری‌دين خلق‌نی قوتقوزماق و يورت نی ويران بولماق دين ساقلاماق اوچون خلق بيله‌ن بيرله‌شمك و اولردين بير عسكر تشكيل قيلماق فكری بيله‌ن توريان دين كاشغرغه كلدی . كليب لا اوزی نيڭ ايشانچليق دوست‌لری‌نی اوز فكری‌غه طرفدار قيلماقغه كوشش قيلدی و بير از طرفدار پيدا قيلدی . ليكن‌ابابكر ميرزا نيڭ بو فكری‌نی وجودغه چيقارماقغه اۆگه‌ی داداسی محمد حيدر ميرزا، چوڭ توسالغوايدی و هم كاشغرده مغول قوتی خيلی تولا ايدی . بو اوچون ابابكر ميرزانيڭ اقداماتی كاشغرده امكانسيز ايدی . بناءً عليه ٨٧٢ هـ (١٤٦٥م) ده ابابكر ميرزا اوز طرفدارلری بيله‌ن‌كاشغردين قاچيب يارکندغه باردی . او يرده حكومت طرفی‌دين بير قوت يوق ايدی. چونكه او وقت‌ده يارکند كيچيك ويران بير قصبه حاليغه‌كلگه‌ن . ابابكر ميرزا درحال يارکندنی اشغال قيليب از مدت‌ده بيرنچه ميڭ قوراليق‌كيشيلرنی يانيغه توپلاب مستقل‌ليق وضعيتی‌نی الدی . محمد حيدر ميرزا،ابابكر ميرزانی يوق اتمك اوچون تقريباً اوتتوز ميڭ عسكر بيله‌ن يارکندغه يوروش قيلدی . ابابكر ميرزا يول‌لرده بوقتورمالر قويوب و غير منتظم هجوم لر قيليب تولا اوروش‌لردين كين محمد حيدر ميرزا نيڭ عسكرلری‌نی يمان مغلوب اتتی . محمد حيدر ميرزا پريشان حالده كاشغرغه قايتتی.

بو ظفردين كين ابابكر ميرزا ختن نی هم اليب قوتی نی جيق اشوردی . يارکند شهری‌نی يڭی‌دين بنا قيلدی و اطرافی‌نی ككرو سپيل بيله‌ن احاطه قيليب چوڭ و مستحكم بير شهر حالی‌غه‌كلتوردی . بو گونكی يارکندكهنه شهرنيڭ سپيلی شول‌دور . ابابكر ميرزا نيڭ بو يڭی بنا قيلغان يارکند شهری‌ده ياساغان ارك (اوردا) و باغ لر و عمارت‌لرنيڭ يخشی‌ليقی و مساحه لری‌نی تاريخ رشيدی‌ده مفصل بيان قيليب دور.[225] ابابكر ميرزا يارکندو ختن نيڭ داخلی اصلاحاتی اوچون و خلق نی خوش قيلماق اوچون منتظم قانون تيارلاب هر مأمور




ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

نی مذکور قانون موجبیچه ایش قیلماقغه مجبور اتتی . بیر طرفدین سلطان یونس خان و محمد حیدر میرزا لرنینگ تعرض لریدین مدافعه قیلماق اوچون ختن و یارکند یاشلریدین عسکر ییغیب بولرنی غایت منتظم و مجهز بیر قوت حالیغه کلتوردی . دایما مدافعه غه تیارلیق حالده ایدی .

ابابکر میرزا نینگ بو استقلالی یارکند و ختن خلقی نینگ باشقه منطقه لرغه باریش کلیشلرینی امکانسیز قیلیب قویغان اوچون تجارت ایشلری کاملاً توختاب قالدی . بناءً علیه ابابکر میرزا یورتغه بیر تجارت یولی اچماق اوچون غربی تیبت (لداخ و بالتستان) نی الماقغه قارار بیریب ۸۷۷ هـ (۱٤۷۲ م) ده غربی تیبتغه تولا عسکر یوللادی . بو عسکرلر مشهور لداخ یولی بیلەن یوروب نوبرا و مار یول (حاضرقی لداخ) و بالتستان ولایتلرینی فتح قیلیب کشمیر حدودیغەچە باریب توختادیلر . او وقتدەکی کشمیر پادشاهی سلطان زین العابدین، بالتستاننی اوز حکومتیغه تابع ایدی دیگەن دعوانی قیلیب ابابکر میرزا نینگ عسکرلرینی بالتستان دین چیقارماق اوچون عسکر یوللادی . لیکن ابابکر میرزا نینگ عسکرلری کشمیر عسکرلرینی مغلوب قیلیب قوغلاب سرینگر شهری نینگ یاقینیغەچە باردیلر . بو حالده سلطان زین العابدین تمام قوتی بیلەن شهردین چیقیب مدافعه قیلدی و بیر نچه کون اوروش بولوب تورك عسکرلری ارقه غه یانیب بالتستان غه کلدیلر . موندین کین بالتستان ، نوبرا و مار یول (لداخ) اولکه لری ابابکر میرزا نینگ وفاتیغەچە قولیده ایدی . بو یول بیلەن ختن و یارکند تجارلری هندستانغه تولا کلیش باریش قیلیب غایت درجەده یخشی تجارت قیلور ایدی . سودیگرلر نینگ بو تجارت دین الغان فایده لری و یورتغه حاصل بولغان اقتصادی منفعتلر اوزون زمانلردین بیری کورولمگەن بیر وضعیتده ترقی اتمکده دوام قیلدی .

یوقاریده ایتیلگان وجه بیلەن ۸۷۹ هـ (۱٤۷٤ م) ده سلطان یونس خان و محمد حیدر میرزا اللیگ مینگ کشیلیك بیر قوت بیلەن ابابکر میرزا نینگ اوستیغه هجوم قیلیب یمان مغلوب بولوب





ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ياندىلر[226] محمد حيدر ميرزا حكمدارليقىنى تاشلاب كاشغر شهرىنى ويران قيليب قاچيب كتتى . ابابكر ميرزا ارقهدين باريب كاشغرنى اوروشسيز اشغال قيلدى . شهرنى يگىدين تومن سويىنيك غربى قايىسىغه بنا قيليب اطرافىنى مستحكم سپيل بيلهن احاط قيلدى. حاضرقى كهنه شهر و سپيل شولدور. ابابكر ميرزا كاشغرنى الغاندين كين او زمانهدهكى مستقل اسلام حكمدارلرىغه ارگيشيب سلطان عنوانىنى اختيار اتتى . موندين كين سلطان ابابكر ميرزا سلطان يونس خان نيك تعرض قيلماقيدين خاطر جمع بولدى. چونكه يوقاريده ايتيلغان وجه بيلهن سلطان يونس خان تمام قوتىنى پارچهلا ماى شمالده تورماقغه مجبور ايدى .

سلطان ابابكر ميرزا ٨٨١ هـ (١٤٧٦م) اطرافيده تاغدومباش (سريغ قول) يولى بيلهن بدخشان طرفىغه عسكر يوللادى . بو عسكرلر سريغ چوپان (حاضرقى واخان) اولكهسىنى اشغال قيليب اوير دين بدخشانغه يوروش قيليب بدخشان نيك يرليك حكمدارينى سلطان ابابكرميرزاغه تابعليقىنى قبول اتمك و هر ييلى معين بير مقدار خراج برمكغه مجبور قيلدىلر. ٩١٠ هـ (١٥٠٤م) غهچه بدخشان حكومتى سلطان ابابكر ميرزا غهتابعليقده قالدى و مذكور ييلده بابر پادشاه غه تابع بولدى .

٨٩٩ هـ (١٤٩٤م) ده سلطان ابابكرءاون ايكى ياشار بابر ميزا نيك فرغانه تختيده اولتورغانىنى ايشتيب فرغانهنى الماق اوچون يوروش قيلدى . اوزكند شهرىنى محاصره قيلدى . ليكن بو كونلرده بابر ميرزا خيلى قوتليك ايدى . سلطان ابابكرغه قارشى قاتيغ مدافعه قيلدى . اخيراً اوترادە مصالحه بولوب سلطان ابابكر يانيب كلدى . ٩٠٥ هـ (١٤٩٩م) ده يوقاريده ايتيلغان وجه بيلهن احمد الاچه خان كاشغرغه هجوم قيليب مغلوب بولوب توريانغهكتكهندين كين سلطان ابابكر ميرزا ارقهدين باريب اوچ (اقسو) ولايتىنى اشغال قيلدى و بو ولايت نيك شرقيدهكى باى شهرىنى اليب باى نيك جنوب و شمال طرفيدهكى يوللرنيك اوستيده مستحكم قلعهلر

واستحكام لر بنا قيلدوردى . تكّرى تاغلرى نيڭ ايچيدەكى شمال يول لرى نيڭ اوستيغە مو قلعە لر واستحكام بنا قيلدوردى . او قلعە لر واستحكام لردە كافى مقداردە عسكرلر قويدى . بو صورت بيلەن الاچە خان و سلطان محمود خان نيڭ تعرض لريدين خاطر جمع بولدى . ٩٠٩ هـ (١٥٠٣ م) دە يوقاريدە ايتيلغان وجە بيلەن سلطان محمود خان و الاچە خان لر اوچ (اقسو) خلقى نى سلطان ابابكرغە عصيان قيلدوروب انيڭ والى و عسكرلرى نى يوق اتكەن و تولا فاجعەليك واقعە لر بولغان ايدى . الاچە خان وفات قيليب سلطان محمود خان شمال غە كتكەندين كين سلطان ابابكر ميرزا اوچ نى ينە اشغال اتتى و ايلگريكى عصيان غە جزا صورتى بيلەن اوچ ولايتى نيڭ خلقى دين تولا راقى نى كوچوروب ياركند و كاشغر و ختن غە تارقاتتى .

سلطان محمود خان شهيد بولوب و سعيد خان قچيب ،

شمال اولكە لريدە بير حكومت و عسكر قالمغان كونلردە ، سيبر طرفى دەكى قازاق و اوزبگ لردين او يرلرنيڭ اصلى خلقى بولغان قيرغيزلر قاچيب كليب شرقى توركستان نيڭ شمال ساحە لرى بولغان ايسيغ كول اطرافيدە يرلەشتى لر . خصوصاً ايسيغ كول نيڭ جنوبيدە يرلەشكەن قير غيز لر كاشغر و اوچ نيڭ شمالى دەكى ياي لاغ لرغە تالان يوروشى قيليب او يردەكى خلق غە تولا زيان يتكوزدى لر . سلطان ابابكر ميرزا بو قيرغيز لرنى يوق قيلماق اوچون ارقە ارقە دين عسكر ايباريب قير غيز لرنى مغلوب قيليب قاچوردى . قيرغيزلر شرق طرفى غە قاچيب منصور خان دين يرتيلادى لر . منصور خان اولرغە كوچا و ايلى تاغلريدە ير بردى . بو صورت بيلەن شرقى توركستان نيڭ مهم قسمى بولغان ايسيغ كول نيڭ جنوب و غرب طرف لريدەكى ساحەلر غربدە فرغانە حدودى غەچە سلطان ابابكرنيڭ مملكتى غە قوشولدى .

٩١٦ هـ (١٥١٦ م) دە محمد شيبانى خان نى شاه اسماعيل صفوى (ايران پادشاهى) مَرْو دە اۆلتوردى . بو سبب بيلەن اوزبك لر اراسى غە پراكندەليك پيدا بولدى . سلطان ابابكر ميرزا بو فرصت دين استفادە قيليب فرغانە نى الماق اوچون آرتباشى يولى



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

بیله‌ن یوروش قیلیب اوزکند اطرافیده جانی‌بک خان اوزبک نی مغلوب قیلیب اوزکندنی الدی و ایلگریلاب اوش‌نی هم الدی. بو اوتراده فرغانه‌ده‌کی چاغاتای و کورگان خاندانی نیڭ طرفدارلری جانی‌بک خان نی مغلوب اتیب فرغانه‌دین قوغلاب چیقارغان ایدی. بیر طرفدین بابر پادشاه بخاراغه هجوم قیلیب الاچه خان‌نیڭ اوغلی سعید خان‌نی بیر مقدار قوت‌بیله‌ن فرغانه لیک لرنیڭ یاردمی غه ایبارگه‌ن ایدی. سعید خان تمام فرغانه انقلاب‌چی لری‌نی‌بیرلاش توروب مهم بیر قوت توپلاب اندجان غه کلیب توردی. بو نیڭ بیله‌ن سلطان ابابکرنیڭ فرغانه نی الماق غه اوزبک لردین باشقه، سعید خان نیڭ قوتی‌دین عبارت‌بولغان بیر مانع پیدا بولدی. سلطان ابابکر میرزا، سعید خان دین فرغانه نی الماق اوچون یوروش‌قیلدی، و اندجان شهری نیڭ شرق طرفیده‌کی توتلوق اتلیغ یرده سعید خان بیله‌ن اوچراشیب قاتیغ اوروش‌لر بولدی. اخیراً سلطان ابابکر نیڭ بعضی قوماندان لری خیانت قیلغان سبب‌دین سلطان ابابکر نیڭ تورت‌بش میڭ عسکری‌نی سعید خان اسیر الیب اولرنیڭ تولاسی‌نی اۆلتوروب بو نیڭ نتیجه سیده سلطان ابابکرنیڭ عسکرلری پراکنده بولوب قاتیغ مغلوب بولدی. سلطان ابابکر یانیب ۹۱۷ هـ(۱۵۱۷م) ده یارکندغه کلدی.[227]

## سلطان ابابکر میرزا نیڭ عقلی نیڭ اختلالی

توتلوق محاربه سیده مغلوب بولوب کلگه‌ندین کین سلطان ابابکرنیڭ عقلی خلل تاپیب طبیعتی بوزولوب تولا ظلم و فجیع قان توکمک غه باشلادی. ایشانچلیک دولت ادم لریدین تولاسی نی مگا سوء قصد قیلادور دیب قاتتیغ قین‌قیستاغ لر استده اۆلتوردی و اولرنیڭ اولاد و توغقانلری‌نی یا اۆلتوردی ویا مال‌لرینی مصادره قیلدی. اوزی نیڭ سیگلی‌سی خان سلطان خانیم نی‌اچلیق بیله‌ن قیناب اۆلتوردی. محمد شاه اتلیغ بیر اینی‌سی‌نی کوکسی‌دین تام غه میخلاب اۆلتوردی. توتلوق محاربه سیدین یانیشیده‌اوزگند

خلقی نی سوءقصد اتهامی بیلەن قتلعام قیلدی . بو قتلعامدە اوچ
میڭ دین زیادە راق مسلمان شهید بولدی . یارکندە اوزی نیڭ
ایکی اوغلی نی سوءقصد اتهامی بیلەن اۆلتوردی . کاشغر و فرغانە
اراسیدەکی یایلاغلردە اولتوروغلوغ چگیراك قبیله سی نی سعید
خان طرفدارلری بولدی دیب کاملاً یوق اتتی . الڭچوڭقوماندانی
میر ولی بگ و خزانەچی سی شاهدانە کوکلداشلرنی توتلوق محار
بە سیدە دشمن بیلەن مخفی سوزلەشتی دیگەن بیر چاقیم غە بنـاءً
منصب لریدین عزل و تعلق لری نی مصادرە قیلدی . الحاصل اوشبو
طرزدە ساراڭدەك وحشیانە ظلم لردین یانیدەکی یارارلیغ یخشی
ادم لری بك از قالدی ، خلقنی هم اوزیدین زیریکتوردی . بو صورت
بیلەن سلطان ابابکر میرزا نیڭ قوتی ضعیفلاشیب هر قایداغ بیر
دشمن نیڭ الدیدە مغلوب بولادورغان وضعیتغە کلیب قالدی .

## شرق تورکستان دوغلات دولتی نیڭ ییقیلغانی

سعید خان فرغانە نی الیب اوچییل مدت او یردە
سلطان عنوانی بیلەن حکمدارلیق قیلسەمو ٩٢٠ هـ (١٥١٤م) دە
اوزبك لردین قطعی صورتدە مغلوب بولوب فرغانەنی بوشاتیب تابع
لری و عسکرلری بیلەن ایسیغ کول نیڭ جنوب غربی سیفە کلدی وشمال
اولکە لریدە اوزی غە بیر حیات ساحە سیفە ایگەبولماق فکریدە
بولدی . سلطان ابابکر میرزا دین قاچیب چیقیب کتکەن سابق کاشغر
حکمداری محمد حیدر میرزا نیڭ اوغلی سید محمد میرزا و نبیرە سی
حیدر میرزا (تاریخ رشیدی نیڭ موءلفی) سعید خان نیڭ چوڭ ادملری
دین ایدی لر . بولر دایما سلطان ابابکر میرزا دین انتقام الماق
مقصدی دە ایدی لر . منە بو حالدە سعید خان نی التی شهرغە
یوروش قیلماقغە تشویق قیلماقغە باشلادی لر . سلطان ابابکر نیڭ
یاشی یتمیش دین اشیب ، عقلی خلل تاپیب ، عسکری قوتی ضعیفلا
شیب و یانیدە یارارلیغ ادم لری قالمای انیڭ دولتی نیڭ اساسی سُسْت
لاشقانلیقی هر کیم غە معلوم ایدی . بو وضعیت سعید خان نی امید



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

لەندورماقدە ايدى. اخيراً ٩٢١ ھ (١٥١٥م) نيڭ اوّليدە سعيد خان ارتباشى يولى بيلەن كاشغرغە يوروش قيلماقغە قرار بردى.

بو خبرنى ابابكر ميرزا اڭلاب درحال ياركند دين كاشغرغە باريب سپيلنى مستحكم قيلدوروب وكافى درجەدە اوزوق ومهمات بيلەن يوسف بگ و ميرولى بگ و شاهدانە كوكلداشلرنيڭ قيادتيدە ميڭ اتليغ و اون تورت ميڭ پيادە عسكر قويوب يڭى حصارغە باريب اويرنى هم مستحكم قيليب امين داروغا و اوغلى لعل بگ لرنى بير مقدار عسكر بيلەن مدافعەغە تعين قيليب ياركندغە كلدى. اويردە ينە قوت توپلاماقغە باشلادى. او طرفدين سعيد خان ارتوچغە كليب اويرنى الدى و بير نچە كون ارتوچدە توروب خلقدين تورت ميڭ دين اشوق راق عسكر اليب اوز قوتىغە قوشوب كاشغر شهرىغە يوردى. اوچ پورخان تيپە سيدە سلطان ابابكر نيڭ عسكرلرى سعيد خاننى توسوب قاتيغ اوروش دين كين مغلوب بولوب قاچتيلر (اوچ پورخان، اوچ بودابوتخانەسى ديمكدور. قديمقى بير معبد نيڭ خرابەسى دور. حاضردە خلق اويرنى اوچ مروان ديدور). سعيد خان اوچ پورخان دين اوتوب شهرغە ياقينلاشيب سرمن كچيگى دين تومن دين اوتوب ساغانتوقدەكى سلطان ابابكر نيڭ باغىغە توشتى. بو حالدە شهردين يوسف بگ عسكرى بيلەن چيقيب محاربە باشلاندى. اخيراً سعيد خان مغلوب بولوب توقوزاق طرفيغە قاچتى. ايكى اوچ كون توقوزاقدە توروب يڭى حصارغە هجوم قيلدى. امين داروغا و لعل بگ لر شهر ايچيغە قامالىب توروب قاتيغ مدافعە قيلدى لر. بو صورت بيلەن سعيد خان يڭى حصارنى ايكى آيدين ازونراق مدت محاصرە قيلدى. امين داروغا شدت بيلەن مدافعە قيلسەمو اكا ياركند دين و كاشغردين هيچ بير ياردم كلمدى. سعيد خان نيڭ قوتى كوندين كونگە اشماقدە ايدى. بو نيڭ بيلەن سعيد خان غيرتلانيب محاصرەنى قاتيغ قيلماق و شهرغە هر طرفدين سو قويوب سپيل نيڭ تولا يرلرىنى ييقماق بيلەن شهرغە يول اچتى. امين داروغا تسليمغە مجبور بولوب رجب

ايى نيڭ برنجى كونى يكّى حصار سعيد خان نيڭ قوليغه توشتى. بو اوتراده سلطان ابابكر ميرزا ياركند و ختن دين تولا عسكر ييغيب اوروش غه تيارلانماقده ايدى. ليكن بو عسكرلر هيچ محاربه كورمگەن هنرمند و دهقان ادملردين عبارت ايدى. بولرنى باشقوراۋ ورغان لايق قوماندانلر هم يوق ايدى. هر حالده سلطان ابابكر بو يكّى عسكرلرىنى اليب ياركند دين چيقغان كونى يكّى حصار نيڭ قولدين كتكەن خبرى كلدى. بو خبر سلطان ابابكر نيڭ انتظام سيز عسكرلرى نيڭ روحياتى غه بك يمان ضربه بردى اولر اراسيده يمان بير قورقونچ و اضطراب كورولدى. سلطان ابابكر بو وضعيت دەكى عسكر بيلەن اوروشقه بارماقنى مصلحت كورمەى ياركند غه ياندى. يكّى حصار نيڭ توشكەنى و سلطان ابابكر نيڭ يول دين ياركند غه يانغانى نيڭ خبرى كاشغرغه كليب او يردەكى مدافعەچى عسكرلرنيڭ معنوياتى غايت درجەده بوزولدى و قوت لرى ساقغه باشلادى. بير طرفدين شهر خلقى اوچ تورت آيدين برى محاصره حاليده قالغان سببدين قحط ليك هم انتها درجه سيغه يتكەن ايدى. سعيد خان بو وضعيتنى بيليب رجب آيى نيڭ اوتراسيده كاشغرغه يوروش قيلدى و او يردەكى قوت سيز و مجبورلوق حالده قالغان قوماندانلر (يوسف بگ، ميرولى بگ و شاهدانه كوكلداشلر) اوروش سيز كاشغرنى سعيد خان غه تسليم اتتى لر.

سعيد خان كاشغرنى الغاندين كين درحال ياركند غه يوروش قيلدى. سلطان ابابكر ميرزا بو خبرنى اڭلاب حكمدارليقنى تاشلاب اوغلى جهانگير ميرزا نى اورنيغه حكمدارليق تختيده اولتورغوزوب عسكر و هرنرسه نى اڭا تافشوروب اوزى تولا راق خزانه و بير مقدار عسكرنى همراه اليب ختن غه كتتى. جهانگير ميرزا مدافعه غه تيارلانيب توردى. ليكن سعيد خان نيڭ ياقينلاشقانى تاثيرىدين ياركند خلقى و عسكر اراسيغه توشكەن دهشت و هيجان مدافعەنى امكانسيز لاشتورماقده ايدى. بو اوچون جهانگيرميرزا



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

خزانه و ساك لرنى اچيب كوترمك ممكن بولغانى نى اوزى اليب اشقانى نى خلقغه تالانغه بيريب يا ركندنى بوشاتيب سانجوغه باريب تاغليق و مستحكم منطقه‌ده عسكرلرى بيله‌ن يرله‌شتى. سعيد خان ياركندغه كليب شهرنى اوروش سيز الدى و درحال سلطان ابابكرنى قوغلاماق اوچون دايم على بگ، بگ محمد، قارا قولاق ميرزا، حاجى ميرزا، سلطان على ميرزا، نظر ميرزا، قنبر ميرزا وعلى تاغاى اتليغ سكز قوماندان‌نى تولا عسكر بيله‌ن ختن غه يوللادى. بولر ختن غه ياقين يتكه‌چ سلطان ابابكر ميرزا ختن شهرى‌نى بوشاتيب قاراڭغو تاغقه قاچتى. خلق سعيد خان نيڭ قوماندانلرى‌نى استقبال قيلدى لر. دايم على بگ و بگ محمد لر عسكرلرى بيله‌ن ختن‌ده قاليب باشقه الته قوماندان تمام قوتلرى بيله‌ن سلطان ابابكرنى قوغلاب قاراڭغو تاغقه يوردى لر. سلطان ابابكر بو خبرنى اڭلاب تمام اغير يوكلرى‌نى كويدوروب و يوز لر چه خورجون التون و كموش و جواهرنى قاراڭغو تاغ كوپروكيدين (مشهور كولا كوپروكدين) دريا غه توكتوروب انيڭ اورنيغه اشليق يوكله‌ب تيبت طرفى غه قاچتى. "اريا پورچاق آش ايكه‌ن، يونجو مرجان تاش ايكه‌ن" ديگه‌ن مشهور خلق سوزى‌نى سلطان ابابكردين روايت قيليناد ور. سلطان ابابكر قاچيب تيبت غه بارور بارماس تيبت ليك لر هر طرف دين باش قالدوروب اڭا سوء قصد قيلماقغه باشلاديلر. بو سببدين تيبت ده تورماق ويا او يردين اوتوب هندستان طرفى غه كتمك ممكن بولمادى. بناءً عليه سلطان ابابكر هرنيمه بولسام اوز يورتيمده بولاى ديب ياركندغه ياناماق و اوزى‌نى سعيد خان‌غه تسليم قيلماقغه قارار بيريب ياركندغه يوردى. بو خبرنى سعيد خان اڭلاب سلطان ابابكرنى احترام بيله‌ن ياركندغه اليب كلمك اوچون استقبال‌غه ادم لر يوللادى. سيد محمد ميرزا، "من هم اكام نيڭ استقبالى غه اوزاتمده كشى ايبارسه‌م" ديب سعيد خان دين اجاره اليب بير نچه ادمى نى قوشتى (سلطان ابابكر بيله‌ن سيد محمد ميرزا انابير دادا بۇلك بير توغقان دور). سيد محمد ميرزا بو ادم لرى‌غه فرصت تاپقانده سلطان ابابكرنى مخفى صورتده اۆلتور-

مكنى توصيه اتكەنى قوتليك احتمال دور. الحاصل مذكور استقبال حيئتى اوترا يولده سلطان ابابكرغه اوچراب استقبال رسمى نى ادا قيليب سعيد خان نيڭ اطمينان برگەن مكتوبى نى تقديم اتتى لر. سلطان ابابكر تولا خوش بولوب يولى غه دوام اتتى و بير نچه كون يورگەندين كين بير قوناغده سلطان ابابكر و تام قافله اوخلاب قالغان وقتده سيد محمد ميرزا نيڭ ادم لرى سلطان ابابكر نيڭ چادرى غه كيريب انى ياتقان يريده بوغوزلاب شهيد اتتى لر. بو حادثه ۹۲۱ هـ (۱۵۱۵م) ده واقع بولدى.

بو صورت بيلەن بعضاً مختاريت و بعضاً پوتون استقلال غه ايگه بولوب ۳۰٦ ييل دوام قيلغان التى شهر دولات حكومتى يقيلدى. سلطان ابابكر نيڭ اوغلى جهانگيرميرزا بيرمقدار قوت بيلەن سانجو دا محكم تورغان ايدى. داداسى شهيد بولغاندين كين سعيد خان انى تسليم بولوشغه دعوت قيليب الچى ايباردى. جهانگيرميرزا انا طرفيدين سعيد خان بيلەن توقغان ايدى. بوندين باشقا سعيد خان نيڭ سيڭلسى انيڭ نكاحيده ايدى. بو توقغانليقغه ايشانيب تسليم بولدى. سعيد خان اڭا اصيلانه معامله قيلدى و يخشى عزت بردى. كين لرده خيلى نفوز تاپيب سعيد خان نيڭ اڭ ياقين كشى سى بولوب قالدى. اما كين لرده مجهول بيركشى انى اۆلتوردى. بو قتل سيد محمد خان طرفيدين بولغانليقى گمان قيلينميش دور. سلطان ابابكرنيڭ ينه ايكى اوغلى قالغان ايدى. اولردين بيرى (توران گيز ميرزا) نى دريا ده غرق بولدى ديگەن گپ نى تاراتيلدى. اما حقيقت ده انى سيد محمد ميرزانيڭ ادم لرى اۆلتوردى. ينه بيرى، باستانگير ميرزا، بو حادثه لرنى كوروب ياركند دين قاچيب تاشكندغه باريب سيونجك خان اوزبك نيڭ پناهى غه سغيندى.[228]

**سلطان ابابكر ميرزا نيڭ اداره تشكيلاتى**

سلطان ابابكر نيڭ اداره تشكيلاتى، چاغاتاى دولتى نيڭ كى دين ايريم بولوب غايت منتظم بير صورتده ايدى. عدليه ايش لرى علما جمعيتى نيڭ فتوا لريغه موافق اجرا قيلينور ايدى. تمام داخلى سياست و اداره ايش لرى خصوصيده سلطان ابابكر



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قانونلر چیقارغان ایدی. بو قانونلرغه عمل قیلمغان کشیلرغه تعین لیغ جزالر بار ایدی. اداره ایشلری‌نیڭ هر شعبه سیغه ایریم ایریم اداره‌چیلر و مأمورلر تعین قیلغان ایدی. دیمك که حاضرقی زمانیمیزده‌کی منیسترلیکده‌ك سلطان ابابکرنیڭ الدیده مسئول اداره و مامورلر بار ایدی. هر شهر ویا هر قصبه و علاقه لرده بیر حاکم نی توپتوغرا سلطان ابابکر اوزی تعین قیلور ایدی. عسکرلر ملکی ایشلرغه ارالاشماس ایدی. و بو نیڭ بیله‌ن چاغاتای دولتی زمانه سیده‌کی عسکری حکومت یوق بولوب خلق‌غه تولا راحت و اسایش حاصل بولغان ایدی. تمام گناهکار محبوس‌لرغه و اسیرلرغه ایش تعین قیلیب اولرنیڭ ییمك و باشقه احتیاجلرنی خزانه دین بیریب قارشیلیغیدا اولرنی مناسب ایشلرغه ایشله تور ایدی. ایر کشیلرنی قدیم شهر و کنت‌لرنیڭ خرابه لری‌نی قازماق، کان کاولا ماق و عمارت ایشلریغه سالور ایدی . خاتون مجرم و اسیرلرنی خاتون کشی‌غه مناسب ییپ ایگیرمك و کیم تیکمك ده‌ك ایشلرغه سالور ایدی. کاشغرده قریق اتلیغ بیر شهر نیڭ خرابه‌سی‌نی قازدوروب نهایت تولا التون کموش و جواهر تاپتی. ختن نیڭ بیر قدیم شهری‌نی قازدوروب حساب سیز خزینه لر تاپتی. بو خزینه لر جمله سیدین تاریخ صحیفه سیغه زینت بیرادورغان بیر قسمی‌نی ذکر قیلامیز. بو قسم نی حیدر میرزا (تاریخ رشیدی‌نیڭ موءلفی) اوز کوزوم بیله‌ن کوردوم دیب شونداغ یازیب دور: "... مذکور شهردین ۲۷ کوزه چیقتی و هر کوزه، ایچیگه ادم کیرسه کورونمگوده‌ك درجه‌ده چوڭ ایدی. هر کوزه نیڭ ایچیده بیر یریم گز اوزونلوقده بیر مس افتابه بار ایدی. و بو افتابه لر تماماً خام التون‌دین تولا غلیغ ایدی. و افتابه نیڭ تاشیده کوزه نیڭ اغزی‌غه‌چه وزنی بش یوز مثقال‌لیق کموش یا مبولر بیله‌ن تولدورولغان ایدی. هر افتابه‌غه "قومار خاتون‌نیڭ اوغلی نیڭ تویی اوچون" دیگه‌ن عبارت یازیلغان ایدی. بو قومار خاتون نیڭ قایسی تاریخده اوتکه‌ن، کیم لیکی‌نی بیلمایمیز. سلطان ابابکر بو کوزه و ایچیده‌کی تمام نرسه لرنی شونداغلا یارکند خزانه سیده ساقلاغان ایدی. سعید خان نیڭ هجومی نتیجه سیده بو نرسه لر تماماً

يوق بولدى.»[229]

سلطان ابابكر عمارت و زراعت اوچون بك تولا كوشش قيلور ايدى. حيدر ميرزا يازيب، دوركه سلطان ابابكر اوز مملكتيده اون ايكى ميڭ دين اشوق راق عمارت و باغ بنا قيلدوردى و بو نيڭ تولا راقى ياركندده ايدى. مملكت نيڭ هر طرفيده تولا اوستڭ لر قازدوردى. ياركند و كاشغرنيڭ زمانه ميزغەچە قالغان كهنه شهرى و سپيل لرى، سلطان ابابكر نيڭ تاريخى اثرلرى دين دور. حيدر ميرزا بو شهرلرنيڭ مساحەسى و سپيل لرنيڭ ايگيز ليكى و قالين ليقى و ياركند ارگى (اورداسى) نيڭ يوز تاناپليق بير ساحەده بناء قيلينغان معظم بير عمارت ايكەنليكى نى اوزون تفصيل لر بيلەن بيان قيليب دور.[230] سلطان ابابكر يورت نيڭ تينچليقى غه خلل يتمك غه يول برمس ليك اوچون انتها درجەده اگاهليق قيلور ايدى. خصوصاً او وقتده كى جاه طلب چاغاتاى خاندانى و كوركان خاندانى غه منسوب كشى لر اگر سلطان ابابكرنيڭ مملكى غه كيرسه اولرنى دايما مراقبـــــت استيده توتار ايدى. يورت دين ايكنجى هيچ چيقارماس ايدى. اگر اولردين شبهەلەنسه يا اۆلتورور ويا ابدى صورتده حبس قيلور ايدى. منه بو اگاهليقى سايه سيده ٤٨ ييل ليق حكمدارليق مدتى ايچيده هيچ بير داخلى اغتشاش چيقمغان ايدى.

## ٤ــ فصل

### اوزبك، قازاق اتالغولرى نيڭ كليب چيقيشى

اوزبك و قازاق اتى بيلەن حاضرده تونولماقده بولغان تورك قوم لرى، گرچه حاضرقى حدود ايچيدەكى شرقى توركستان خلقيدين بولماى غربى توركستان وتڭرى تاغلر نيڭ شماليده ساكن بولغان لرى اعتبارى بيلەن اولرنيڭ مسئله لرى بيز نيڭ بحثميزده انچه مهم بولمسه مو شرقى توركستان نيڭ غرب و شماليدەكى اولكه لرده اولتورغان قوشنه لريميز،



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

هم توغقان لریمیز بولغان لری مناسبتی بیلەن تاریخیمیز مشترك‌دەرجه ارالاشلیق بار دور. کتابی میزده بو لرنیڭ ذکری تولاکیلادور. بنأً علیه بیر مهم تاریخی حقیقت محترم اوقوغوچی لرنیڭ معلوماتی دین تاشقاری قالماسون دیگەن مقصد بیلەن بو ایکی اتنیڭ اصلی منشائی نی و بو اتلر بیلەن تونولماقده بولغان تورك لرنیڭ تاریخچه سی نی قیسقه چه بیان قیلیب اوتمك نی لازم کوردوم.

## اۆزبك

اوروپا مُحَرِر لری‌دین بعضی سی و اولردین روایت قیلغان بعضی شرق مورخ لری اۆزبك لفظی نی اتنوغرافی (نَسَبْ غه تیگیشلیك) بیر لفظ گمان قیلیب غربی تورکستان تورك لری‌نی قدیم دین اوزبك اتی بیله تونولغان بیر قبیله دیب یازیب دورلر. یاقین زمانه غه‌چه فرغانه، و بخارا و خیوه‌ده حکمدار بولغان اوزبك خاندانی نی مذکور اولکه لرنیڭ اصلی خلقی‌دین دیگەن اشتباه لرغه توشمیش‌لردور. بو یورت لرنیڭ خلقی نیڭ تولاسی بو اتلری خصوصیده هر قسم اصل سیز معنالرنی سوزلامکده دورلر. لیکن بو همه سی حقیقت غه توغرا کلمایدورغان گمان و تخمین لردور.

اۆزبك لفظی اتنوغرا فیك بیر کلمه ایمس دور. یعنی بیر تورك اوروغی نیڭ اتی ایمس دور. غربی تورکستان خلقی نیڭ قدیم قی اتلری ویا لقب لری هم ایمس دور. چونکه تاریخ دوره لری نیڭ اك قدیم زمانه لریدین مغول استیلاسی غه‌چه شرقی و غربی تورکستان خلقی نیڭ فقط تورك اتی بیلەن تونولغانلیقی و اندین باشقه قازاق و اوزبك دیگەن قبیله اسملری‌یوقلیقی قدیم تاریخی وادبی اثرلردین‌انیق‌معلوم‌دور. بخارا و سمرقند خلقی بولغان تورك لر، اسلام دین ایلگری و کین‌کی تاریخ لرده سوغداق و سوغوت (عرب لر صغد دیرلر) اسمی بیلەن معروف بولمیش دور. بو اسم مو قبیله اتی بولمای اولتورغان اولکه لری‌دین کلگەن‌اتدور. چونکه بخارا و سمرقند نی سوغارادورغان زرافشان دریاسی نیڭ قدیم اتی سوغوت ایدی. و او اولکه لر هم بو اتبیلەن تونولور ایدی. قدیم

زمانلردەكی شرقی و غربی توركستان خلقی دین هر اولكەدە اولتورغانی اوز اولكەسی نیڭ اتی بیلەن تونولور ایدی و حاضردە هم شونداغ دور.

اوزبك اتی، یاقین تاریخدە عارضی بیر واسطە بیلەن غربی توركستان خلقی غە چاپلاشیب قالغان بیر لَقَب دور. چنگگیزخان نیڭ ایكینجی اوغلی چاغاتای وانیڭ اولادی نیڭ حكمدارلیق ساحەسی بولغان شرقی وغربی توركستان توركلری، چاغاتای اولوسی دییلگەن دەك چنگگیز نیڭ چوڭ اوغلی جوجی نیڭ حكمدارلیق ساحەسیدە بولغان قیپچاق دشتی و روس یورتی (آلتون اوردا خانلیقی) جوجی اولوسی دیب اتالغان. شونیڭدەك جوجی نیڭ اوغلی باتوخان زمانیدە التون اوردا خانلیقی دە نام الغان بعضی خانلر نیڭ اسملریغە نِسبَت بریلیب او اولكەلر باتوخان دوریدە (٥٥-١٢٢٤م) باتو اولوسی، بەركەخان زمانەسیدە (١٢٦٦-١٢٢٤م) بەركە اولوسی، اوزبك خان (١٣٤٠-١٣١٢م) زمانەسیدە اوزبك اولوسی دییلگەن. موندین كین مذكور توركلرنی اوزبك اولوسی دیمك دوام قیلدی. تیمور بگ دوریدین باشلاب غربی و شرقی توركستان دولتلری التون اوردا دولتی اراسیدە سیاسی مناسبت و محاربە ایشلری تولا بولدی. كینلردە روسلر قوت تاپیب التون اوردا دولتینی مغلوب اتكەندین او دولتلرغە منسوب كشیلر توركستانغە یاقین اولكەلرغە كلیب دولتلر تأسیس اتتیلر. بو مناسبت بیلەن اولر بیلەن شرقی و غربی توركستان دولتلری اراسیدە حرب و صلح معاملەلری تخیمو تولا بولدی. و بو دوردە توركستاندە "اوزبك بیلەن اوروش بولدی" "اوزبك مغلوب بولدی"، "اوزبك دین الچی كلدی"، "اوزبك غە الچی كتدی" دیگەندەك سوزلر تولا بولور ایدی. یوقاریدە ایتیلگان وجه بیلەن ٩٠٦هـ (١٥٠٠م) دە محمد شیبانی خان غربی توركستانغە استیلا قیلغالی باشلاب اخیراً بو یورتلرنی الیب مشهور اوزبك دولتینی تأسیس قیلدی. و كینلردە بو دولت پارچەلاندی. بخارا و خیوە و فرغانە دەكی قالدوقلری تا زمانە میزدەكی روس استیلاسی غەچە دوام اتتی. منە بو حكمدارلرنیڭ لقبی بولغان اوزبك كلمەسی مغول عنعنەسی غە اویغون اولرنیڭ حاكمیتی استیدەكی غربی توركستان خلقی عموماً بو اتالغو بیلەن



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولیازمىلار ئامبىرى

اتالیب قالدی لر. بو نیڭ بیلەن اولرنیڭ قدیمقی تورك عنوان لری و مغول استیلاسی دین کورگان خاندانی ییقیلغوچه دوام قیلغان چاغاتای تورکلری دیگەن اتلری اونوتولوب تاشقاریدین کلگەن اۆزبك لقبی بیلەن زمانه میزده شهرت تاپتی لر. [231]

**قازاق**

بو هم بیر اتنوغرافیك ات ایمس دور. یعنی حاضرده قازاق دییلگەن کوچمنچی مسلمان تورك لراصلیده بو اسم بیلەن اتالغان بیر قبیله ایمس دور. حاضرده قازاق دییلادورغان کوچمنچی تورك قبیله لری قدیم زمانلردین اعتبارًا قپچاق دشتی دییلگەن شرقی اوروپا و سیبرده، خزر و ارال تگیز لری نیڭ بوی لری ده، توبول و ایرتیش دریالری نیڭ اراسیدەکی یایلاغلرده و شرقی تورکستان نیڭ شمالی قسمی ده یاشاغان یوزلرچه تورك بوی لری (قبیله لری) غه بو لردین بولمغان حکمدار لری طرفیدین یقین زمانەلرده چاپلاشتورولغان بیر لقب دور. دیمککه بو قبیله لرغه عمومی لەشتورولگەن قزاق اتی غربی تورکستان خلقیفه قوللانیلغان اوزبك اتی دەك بیر عارضی لقب دور. عاصم نجیب افندی نیڭ تورك تاریخی، حاجی عبد الغفار قریم لیغ نیڭ عمده التواریخی، شهاب الدین مرجانی نیڭ مستفاد الاخباری، مراد رمزی نیڭ تلفیق الاخباری دین عبارت بولغان تاتار تورك تاریخ یازغوچیلری نیڭ کتاب لریده اتفاق صورتی بیلەن یازیلغان قیمتلیك معلومات بیلەن تائید قیلغانیغه کوره یوقاریقی یورت لرده اولتورماقده بولغان نایما گیرایت، قوڭرات، اویات، پەچەنەك الاچ، ارغون، چاپاس، قاپا، باشقر، چواش، چریش، چگل، بسمل، قارلوق و بو لردین باشقه یوز لرچه تورك قبیله لری نیڭ بو زمانه میزده عموماً قزاق لقبی غه کیریب قالیش لری غه سبب بولغان واقعه لر اوشبو دور:

التون اوردا دولتی ضعیفلاشیب جوجی خاندانی ارا سیغه اختلاف توشکەن وقت لرده تولا شهزاده لر، خان نیڭ اطاعتی دین چیقیب قپچاق دشتی و سیبرنیڭ مرکزی دین اوزاق بولغان منطقه لر

غه باريب استقلال اعلان اتكهلی باشلادی لر. مونداغ عصیانچی‌لرنی دولت مرکزی دهکی‌لر، قازاق دیر ایدی لر. (بولانچی دیمکدور. تلفیق الاخبار غه کوره قزاق قاچاق‌نیڭ تحریفی دور) اهسته اهسته بونداغ عصیانچیلیق کهڭرو تارقیلیب قازاق اسمی بیریلگهن لر کوپه‌یدی. کین لرده بو عصیانچی شهزاده لر نیڭ حکومتی غه تابع بولغان تورك قبیله‌لر هم بوات بیلهن اتالیب قالدی لر. تخی موکین لرده مذکور شهزاده‌لر غه تابع بولسون ویا بولماسون شرقی اوروپادین یاما (ینی سی) دریاسی غه‌چه چوزولغان یایلاغلرده اولتورغان تمام کوچمنچی مسلمان تورك قبیله لری‌نی قزاق دیمك عادت بولوب قالدی. ۹۰۰ هـ (۱۵۲۳ م) اطرافیده جوجی خان نیڭ اوغلی توقاتیمور نیڭ اولادی‌دین احمد کدای خان و براندوق‌خان و قاسم خان اتلیغ شهزاده لر قپچاق دشتی و سیبرده‌کی تورك قبیله لری‌نی بیرله‌شتوروب بیر کوچمنچی لر دولتی تشکیل قیلدی. بو خاندان نیڭ دولتی ۱۱٤۲ هـ (۱۷۳۰م) ده روس استیلاسی بیله‌ن استقلال‌لری‌نی یوق اتتی‌لر. بو دولت تورکستان تاریخ لریده‌قازاق دولتی و اوروپا تاریخ لریده تیُومَن چارلیقی اتی بیلهن مشهور دور. 232

## ٥ ــ فصل

## شرق تورکستان دا سعیدیه دولتی

سلطان محمود خان شهید بولغاندین کین چاغاتای خاندانی‌دین شرقی تورکستان‌ده چوڭ حکمدار عنوانی بیلهن حکومت سوره‌ دورغان کشی قالمادی. بلکه التی شهر اولکه سی نیڭ غرب جنوب قسمیده سلطان ابابکر دوغلات حکمدار ایدی. کوچادین قومول‌بش‌بلیق و یوقاریقی ایلی (حاضرقی غولجه) اولکه لریده الاچه خان‌نیڭ چوڭ اوغلی منصور خان عمومی والی‌لیق صفتی بیلهن مستقل صورتده حکمدارلیق



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قيلور ايدى . ايسيغ كول اطرافي و يته سو اولكه لريده كوچمنچي قبيله لر حكومت سيز باشتاق ياشاماقدا ايدى لر . بو وضعيت سكز ييلدوام قيلدى.

۹۲ . هـ ده سعيد خان، يوقاريدا ايتيلغان وجه بيله ن سلطان ابابكرنى قاچوروب ياركندنى اشغال قيلغاندين كين توروك عنعنه سى غه موافق اوز قول استيده كى بگ لر و عسكرلر و ياركند خلقى دين بيرساورون (قورولتاى) توزوب، اوزى اق كيگيز اوستيده اولتوروب اوزى نى تمام شرقى توركستانغه چوك خان اعلان اتتى . بو يگى قورولغان دولت يوقاريده ايتيلغان وجه بيله ن تام معناسى بيلهن شرقى توركستان نيك ملى و يرليك بير دولتى ماهيتى ده ايدى . بناًعليه تاريخده چاغاتاى دولتى ديبلماى سعيديه دولتى ديبلادور . سعيدخان مراسم دين كين ياركند تختىده اولتوروب سلطان عنوانى نى الدى .

**سلطان سعيد خان نيك ترجمه حالى**

سلطان سعيدخان شرقى توركستانده ۱۷۰ ييل دوام قيلغان بيرملى دولت نيك قورغوچيسى بولغانى اوچون بو ذات نيك ترجمه حالى و حياتى غه متعلق معلوماتيميز نى يازماق لازم دور . بو ذات نيك ترجمه حالى نى همعصرى و ياقين ادمى بولغان حيدر ميرزا كوركان تاريخ رشيدى ده مفصل صورتده بيان قيليب دور . بيز قيسقايتيب محترم اوقوغوچى لرغه عرض ايتاميز .[233]


سعيد خان، احمد الاچه خان نيك اوچونجى اوغلى سلطان يونس خان نيك نبره سى دور . ۸۹۲ هـ (۱٤۸۷ م) ده توغولدى . ۱٦ ياشى غه چه داداسى نيك تربيه سيده چوگودى . ۹۰۸ هـ (۱۵۰۲ م) ده الاچه خان تاشكندغه بارغانده سعيد خان بيله ن بارغان ايدى . شو ييلده خان لر شيبانى خان نيك قوليغه اسير تشكه ن. محاربه ده سلطان سعيد خان بابر ميرزا بيله ن اخسى محاربه سيغه قاتيلغان ايدى . بو محاربه ده سعيد خان قاتيغ يارالانيب احمد بگ تنبل نيك قوليغه اسير

توشتی . بیر ییل مدت اخسی حبسخانه سیده غایت مشقتلیك کونلر کەچوردی . ایکنجی ییلی فرغانه غه جانی بگ خان اوزبك والی بولوب سعید خان نی حبس دین چیقاریب نظربند صورتیده ساقلادی . بو نظربندلیك کونلریده شرقی تورکستان غه قاچماق اوچون مخفی صورتده کوشش قیلور ایدی . ۱۸ قوراللیغ اتلیغ ادم تیارلادی و بیر فرصت نی تاپیب مذکور ادملر بیلەن فرغانه دین قاچیب نارین غه کلدی . او یر دین یوروب ایسیغ کول بوییده سلطان محمود خان نیڭ یانیغه کلدی . بیر نچه وقت سلطان محمود خان نیڭ یانیده اخلاص بیلەخذمت قیلدی . لیکن سلطان محمود خان نیڭ عیش پرستلیکی و دولت نیڭ مدهش صورتده فسادغه توشکەنیدین بك متاثر ایدی . مونیڭ چارەسینی اویلانور ایدی . اخیراً سلطان محمود خان نی ییقیتمای و دولت نی یکیدین کوچلەندورمای اصلاح نیڭ چاره سی یوقلوقی غه توشونوب خان دین اجراماق و اوزاق بیر یرغه باریب بیر تشکیلات قورماق غه قرار بردی ؛ و خاندین یته سوغه بارماق اوچون اجازه تیلادی . لیکن خان اجازه برمدی . سعید خان مخفی کوشش بیلەن بیر تشکیلات قوروب ایکی یوز دین کوپراق قوراللیق ادم تیارلادی و بیر فرصت تاپیب مذکور ادملری بیلەن قاچتی . سلطان محمود خان انی توتماق اوچون عسکر ایباردی سعید خان بو عسکر بیلەن اوروشوب یارادار بولوب اسیرتوشتی. خان انی نظربند قیلیب قویدی . لیکن خان نیڭ غافل و بی پروالیقی سایەسیده سعید خان ینه مخفی فعالیت غه دوام قیلدی . ایکی ییل مدت نظربندلیك زمانیده قوتلیك طرفدارلر پیدا قیلدی . بو طرفدارلری بیلەن ۹۱۳ هـ (۱۵۰۷م) ده قاچماق غه موفق بولدی . یته سوغه باریب اینی سی خلیل سلطان (یتەسو والی سی) بیلەن بیرلەشتی . شو ییلده سعید خان اوزی نی خان اعلان اتتی و سلطان محمود خان نی ییقیتماق اوچون حربی اقدامات غه باشلادی .

سلطان محمود خان مغلوب بولوب ۹۱۴هـ (۱۵۰۸م) ده فرغانه غه باریب شهید بولدی . بو نیڭ بیلەن تڭری تاغلری نیڭ شمالی دەکی یته سو و ایسیغ کول اطرافی سعید خان نیڭ خانلیقی غه تابع بولدی . لیکن بو وضعیت دوام قیلمای اکاسی منصورخان نیڭ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى


سعیدیه دولتی نینگ حدودی
اسیغ کول = = =
اطرافیده سونگ‌غی زمانلرده دیم کیبی کی حدودی
توربان عمومی والیلیقی
مقیاس ۱ - ۱۰،۰۰۰،۰۰۰
قزاق خانلیقی
آلتای طاغلری
قراقوروم
۱۸- نجی سعیدیه دولتی

هجومی بیله‌ن یته سو و الماتا محاربه لرده مغلوب بولوب ادم لری
دین ایریلیب نارین جانگال لرده یاشوندی . او یرده هم تورالمای از
غینه ادم ییغیب التی شهر طرفی غه اوتوب تریم دریاسی بوییده‌کی
دولانلر (سریغ اویغورلر) اراسیغه باردی و اولردین عسکر ییغماق و ینه
ایش غه باشلاماق مقصدیده ایدی . لیکن دولانلر سعید خان غه
یاردم قیلماقده یوق اکا سوءقصد قیلیب بعضی ادم لرینی اولتوروب و
بعضی سی نی اسیر اتتی لر . سعید خان یالغوز بیرات بیله‌ن قاچیب
ینه نارین غه کتتی . او یرده اواره حالده یورگه‌ن قرق اللیگ ادمی و
بیر خاتونی نی تاپیب بیر یایلاغده یورگه‌نده سلطان ابابکر نیك عسکر
لری اوچراب اولر بیله‌ن اوروشوب قاچیب قوتولدی . یانیده بش التی‌دین
اشوق ادمی قالمادی . دایما شرق‌دین منصورخان ، جنوب‌دین سلطان
ابابکر و غرب‌دین اوزبك لرنیك قولیغه توشمك و فجیع صورتده اولتورولمك
نیك قورقونجی سی ده ایدی . بو صورت بیله‌ن ککرو دنیا سعید خان
غه تارلیق قیلماقده ایدی . اخیراً مخفی طرزده فرغانه دین اوتوب
افغانستان غه کتمك و بابر پادشاه نیك پناهی غه سغینماق غه قرار بریب
فرغانه غه یوردی. اندجان غه بارغانده تونولوب قالدی . اوزبك لر طرفی
دین اندجان غه حاکم بولغان ادم، سعید خان نی یولداش لری بیله‌ن
توتوب حبس قیلدی . لیکن مذکور حاکم، سعید خان غه قلباً دوست ایدی
و بیر نچه کون کین بیر حیله بیله‌ن سعید خان نی و یولداش لری نی مخفی
صورتده حبس‌دین چیقاریب قاچوردی . سعید خان قاچیب قاراتگین
غه اوتوب او یرده هم توختاماسدین بدخشان غه کتتی . و بدخشان
حکمداری میرزاخان نیك پناهی غه سغیندی . بیر نچه کون او یرده
توروب میرزاخان نیك مساعده سی بیله‌ن کابل غه کتتی . ۹۱۵ هجری
شعبان آییده (۱۵۰۹م) کابل غه باریب بابر پادشاه غه مهمان بولدی.
بابر پادشاه اکا تولا عزت قیلدی . تقریباً ایکی ییل مدت کابل‌ده تور
دی . بو مدت ایچیده فرغانه ده‌کی تونوش لری بولغان چاغاتای
کورگان و دوغلات خاندان لری غه منسوب کشی لر بیله‌ن دوام لیق مکتوب
لاشیب اولرنی مخفی صورتده اوزی غه طرفدار قیلیب فرصت غه منتظر
تورماقده ایدی .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

بابرپادشاه، ۹۱۶هـ (۱۵۳۰م) ده شیبانی خان مروده شاه اسماعیل قولیده اولتورولوب اوزبک لر نینگ ایچیغه پاراکنده لیک توشگەن فرصت دین استفاده قیلیب غربی تورکستانغه یوروش قیلدی. سعید خان هم بو یوروشده همراه بولوب قوندوز شهریغه کلگەنده فرغانەدەکی سعید خان طرفدارلری نینگ اوزبک لرنی مغلوب اتکەن خبری کلدی. بابر پادشاه دین اولرنینگ یاردم تیلاب ایبارگەن الچی لری موکلدی. بابر پادشاه بیر مقدار قوت بیلەن سعید خانني فرغانه غه یوللادی. سعید خان فرغانه غه کلیب فرغانەنی الدی، سلطان ابابکرنی توتلوق محاربه سیده مغلوب اتتی. موندین کین سعید خان فرغانه دین، بابر پادشاه سمرقند دین ایلگرلاب غربی تورکستان دین اوزبک لرنی چیقارماق اوچون اوزبک لر بیلەن محاربەغه کیریشتی لر. ۹۱۸ هـ (۱۵۱۲م) غەچه بولر غالب و اوزبک لر مغلوب وضعیتده بولسه لرمو اوزبک لرنی قطعی صورتده مغلوب اتمک و غربی تورکستان دین چیقارماقغه مُوفّق بولالمادی لر. ۹۱۸ هـ ده سعید خان تاشکندنی اوزبک لردین الماق اوچون یوروش قیلیب اوزبک سیونجک خاندین مغلوب بولوب فرغانه غه یانیب کلدی. بو حالده سعید خان نینگ یاردمچیسی بابر پادشاه اوزبک خانی عُبَید خاندین مغلوب بولوب غربی تورکستانني بوشاتیب افغانستانغه یانیب کتیب اوزبک لرنینگ قارشیسیدا سعید خان یالغوز قالدی. بو حالده سیونجک خان فرغانه غه هجوم اتتی. سعید خان، سیونجک خانني هم الدیدین مدافعه و هم ارقه سیدین هجوم قیلماق صورتی بیلەن مغلوب اتیب انی قاچماقغه مجبور اتتی. موندین کین اوزبک لر داخلی اختلافی نی تاشلاب عُبَید خان نینگ بایراقی استیده بیرلاشیب هر قایداغ دشمنغه غالب کلمک وضعیتی غه کلدی لر. سعید خان اولرغه قارشی تورالماسلیقینی بیلیب اوزبک لرنینگ شمالدەکی دشمنی بولغان قازاق خانی قاسم خان بیلەن بیرلاشیب اوزبک لرنینگ ضدیغه بیر حربی اتفاق معاهدەسی عقد اتمک اوچون سعید خان اوزی قیپچاق دشتیغه یوردی. ۹۱۹ هـ (۱۵۱۳م) کوز وقتیده قاسم خان بیلەن کوروشوب بیر اتفاق معاهدەسی عقد اتتی. ایرته یازده ایکی طرفدین اوزبک لرنینگ اوستیغه هجوم

قیلماقغه قارار بیریشیب سعید خان یانیب کلدی. لیکن ایرته یازده
قپچاق دشتی نیڭ غربی ده اغتیشاش چیقیب قاسم خان او طرف غه یو
روش قیلماقغه مجبور بولوب غربی تورکستان غه کیلالمای قالدی. سیو ن
جك خان بو واقعه‌نی بیلیب ۹۲۰ هـ (۱۵۱٤م) ده قوتلیك بیر عسكر
بیله‌ن فرغانه‌غه یوروش قیلدی. سعید خان و بگ لری بو قتیم سیونجك
خان بیله‌ن اوروشماق نیڭ نتیجه سی قطعی بیر مغلوبلوق و بار قوت
دین اجراب كتمك بولماقی غه توشونوب فرغانه‌نی بوشاتیب اوزكند یولی
بیله‌ن شرقی تورکستان غه یوردی. فرغانه‌ده‌کی تمام چاغاتای، کورگان
و دوغلات خاندان لری‌غه منسوب کشی‌لرنی همراه الیب تقریباً اون
میڭ کشی بیله‌ن ربیع الاول ۹۲۰ هـ (۱۵۰۷م) ده نارین‌غه کلدی.
اندین کین سلطان ابابکرنیڭ بیانیده ایتیلغان وجه بیله‌ن التینجی
ئای ده، کاشغرغه هجوم قلیب، یکّی حصار و کاشغرنی و اندین
کین یارکندنی اشغال قیلدی.

کۆرۈلوزکه سعید خان‌نیڭ ۹۰۸ و ۹۲۰ هـ (۱۵۱۵–
۱۵۰۲م) اراسیده‌کی ۱۲ ییل مدت ایچیده باشیغه کلگه‌ن حادثه لر،
عادتا هر زمانده چوڭ بیر انقلاب چی ویا بیر دولت قورغوچی
کشی نیڭ باشیغه کیلادورغان واقعه لر و دهشت‌لیك حادثه لردور.
سلطان سعید خان‌نیڭ بو حادثه لر قارشیسیده کورستکه‌ن صبرثبات
و هارماسلیقی هم عیناً دنیا تاریخ لریده‌کی چوڭ قهرمان‌لر وداهی‌لر
نیڭ صبر و ثبات و متانت‌لری‌غه اوخشاش دور. سعید خان یارکند
اشغالیدین یته کون کین ۳۰نجی رجب ۹۲۰ هـ (۱۵۱٤م) ده قو
رولغان چوڭ قورولتا یده شرقی تورکستان خانی اعلان قیلیندی
یارکندنی پایتخت قیلیب اڭ مهم یاردمچی سی بولغان سید محمد میرزا
دوغلاتنی امیر کبیر عنوانی بیله‌ن وزیر و کاشغر والی لیقی غه
تعین اتتی. بو صورت بیله‌ن یارکند، کاشغر، ختن، اوچ، اسیغ کول
اطرافی و یته سو ولایت‌لری فعلاً سلطان سعید خان‌نیڭ حاکمیتی
استیفه کیردی. هر ولایت غه والی و عسکر قوماندان لری و باشقه مأمور
لر تعین قیلدی.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

كوچادين قومول ،بش بليق و غولجه غه چه چوزولغان اولكه لر سلطان سعيد خان نيكً اكاسى منصورخان نيكً قوليده ايدى . منصورخان سلطان سعيد خان نيكً حاكميتى نى تونوماى د شمنليك وضعيتى نى اليب توردى . ليكن سلطان سعيد خان منصورخان نى اطاعتى غه كيرگوزمك اوچون حربى اقدامات قيلماقنى مصلحت كورمەى سياست و صلح يولى بيلەن قول استيفە كيرگوزوش يولينى توتتى .

سلطان سعيد خان نيكً سياستى يورت نيكً تينچليقى و خلق نيكً اسايشى نى هر نرسه دين مهم راق كورمك و بو اوچون كوشش قيلماق ايدى . محاربه دين صلح نى ترجيح قيلور ايدى . دولت قورماق ده مقصدى فتوحات و حرص ايمس بلكه عصرلردين برى راحت كورمگەن خلق نى تنچليق غه يتكوزمك اصلى مقصدى ايكەنليكى نى اعلان لر تارقاتيب خلق غه بيلدورگەنى روايت قيليناد ور .

### سلطان سعيد خان غه منصورخان نيكً بيعت قيلغانى

سلطان سعيد خان سلطنت تختيده اولتورغاند ين كين منصورخان، اينى سى امين خوجه سلطان نى قوتى نيكً تولاراق قسمى بيلەن كوچاده قويوب سلطان سعيد خان تعرض قيلغان تقدرده مدافعه قيلماق غه امر اتتى . سلطان سعيد خان (٩٢١ هـ ١٥١٥م) نيكً اخرى غه چه منصورخان و امين خوجه سلطان بيلەن رسمى صورتده يا حرب ويا صلح اوچون هيچ بير حركت قيلمادى . ليكن مخفى صورتده اينى سى امين خوجه سلطان نى اوز طرفى غه تارتماق غه كوشش قيلماقده ايدى . امين خوجه سلطان هر ايكى اكاسى غه يقينليق كوسەتيب اخيراً امين خوجه سلطان بيرنچه بگ لرى بيلەن ياركند غه كليب سلطان سعيد خان نى زيارت قيلدى . انى چوكً حكمدار تونوب رسماً بَيْعَت هم قيلدى . سلطان سعيد خان اوز طرفيدين امين خوجه سلطان نى اوچ و كوچا ولايت لرى غه والى تعين قيليب اڭا تولا هديه لرنى بردى وينيده كى بگلرى غه هم

هدیه لر و رتبه لر منصب لر بیریب بولرنی کاملاً اوزیغه طرفدار قیلیب اوزاتتی . بو صورت بیله‌ن منصورخان نیڭ اڭ مهم قوتی سلطان سعید خان نیڭ طرفیغه اوتوب کتتی . سلطان سعید خان بو موفقیت دین کین منصورخان‌غه الچی‌لر ایباریب انی صلح و بیرلیك یولی غه دعوت قیلغالی باشلادی . بیر نچه قاتار اوتراد، الچی‌لر باریب کلگه‌ن نیڭ نتیجه‌سیده سلطان سعید خان و منصورخان کوروشمك و بالذات ایش نی یخشی صورت بیله‌ن پیتکوزمکغه قرار بیریلدی . اوچ و بای اراسیده کوروشمك غه اتفاق حاصل بولدی . بو قرار و اتفاق موجبیچه سلطان سعید خان یارکند دین دولت ارکانی و تولا عسکر بیله‌ن یوروب ۹۲۲ هـ (۱۵۱٦م) محرم اییده اوچ غه باردی . منصورخان هم کته ادم لری و عسکرلری بیله‌ن بای غه کلدی . لیکن منصورخان ایلگریکی یته سو و الماتا محاربه لری نیڭ انتقامی نی الورمکین دیب سلطان سعید خان دین امین بولالمای کوروشمکدین ایلگری بیر نچه کشی نی رهن صورتی بیله‌ن مبادله قیلیشماق شرطی نی قویوب الچی ایباردی . سلطان سعد خان بو شرط نی قبول قیلیب کیواوغلی حیدر میرزا کورگان باشلیغ سلطنت خاندانی دین بیر نچه ایر کشی و خاتون کشی لرنی منصور خان نیڭ الدیغه ایباردی . منصورخان هم وزیری جبار بردی‌بگ باشلیغ بیر نچه ایر خاتون دین عبارت بولغان خاندانی دین عبارت بیر رهن هیئتی نی سلطان سعید خان نیڭ الدیغه ایباردی . کوروشمك یری جام و اباد اراسیده‌کی سای ده بولماق و هر ایکی طرف نیڭ عسکرلری بیر بیری نی کورگوده‌ك یرده صف توزوب هرایش غه تیار تورماق و هر ایکی خان اوزی نیڭ خاص ادم لریدین اوتوز دین کشی بیله‌ن کروشاد ورغان یرغه کلمکغه قرار بیریلدی، کور شمك وقتی تعین قیلیندی . سلطان سعید خان کوروشمك یری غه چادر لر تیکتوروب ایکی تخت قوید وروب مُحْتَشَم صورت ده جابدوتتی . تعین قیلینغان کونده منصورخان بای دین یورو ب قارا باغ یولی بیله‌ن اباد غه کلیب او یردین چادر تیکیلگه‌ن یرغه کلیب اوزیغه تعین قیلینغان تخت ده اولتوردی و بیر ساعت دین کین سلطان سعید خان یتیب کلدی . او وقتده عادت بولغان تعظیم مراسمی بیله‌ن اکا و اوکا کوروشتی لر و تخت لریده اولتوروشقاندین کین سلطان سعید



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

خان سوزغه باشلاب دیدیکه "اغتشاش و اختلاف نتیجه سیده کورگه‌ن اچیغ آلم لریمیزغه بو اتحاد و محبت لحظه‌سی تلافی بولادور". منصور خان جواب بریب دیدیکه "اگرچه یاشده من سیزدین چوك بولسام مو مرتبه‌ده سیز منیك اتام دور سیز". منه بو غایت قیسقه و منتهاد رجه ده معنی لیك ایکی جمله سوز بیله‌ن اچیلغان مجلس ده صمیمانه واحترام کارانه مذاکره لر بولوب منصورخان، سلطان سعید خان نی تمام شرقی تورکستان غه چوك خان تونودی و سیاست خصوصیده اوزی نیك و اولادی نیك دایما سلطنت مرکزی غه تابع و وفادار بولماقی غه قسم ایچیب عهد قیلدی. سلطان سعید خان، منصورخان نی فوق العاده امتیاز لیغ بیر عمومی والی صفتی بیله‌ن کوچادین قومول و غولجه غه‌چه چوزولغان شرق اولکه لری غه حکمدار تونودی. بو حکمدارلیق منصورخان نیك اولادی نیك حقی بولماق، اولرنی عزل و نصب قیلیش ده سلطان سعید خان و اولادی نیك هیچ حقی بولماسلیق و مذکور اولکه لرنیك تمام عسکری و اد و مالی ایش لریده منصورخان و اولادی مستقل قویولماق شرطی نی سلطان سعید خان قبول قیلیب آند بیله‌ن عهد قیلدی. که‌چ وقتده خوشلاشیب هر ایکی سی اوز قرارگاهلری غه یاندی لر. ایرته سی سلطان سعید خان اوچ غه و منصورخان تورپان غه یوردی. الحاصل منصورخان حقیقتاً مستقل و فقط اسماً سلطان سعید خان غه تابع بولوب بو صورت بیله‌ن غربده پامیر، فرغانه حدودی و چودریاسی، شمالده کوکچه تنگیزی (بالخاش کول) و تاروتای تاغلری، شرقده مغولستان و چین حدودی اراسیده‌کی اولکه لر سعیدیه دولتی نیك حاکمیتی استی ده بیر مملکت حالی غه کلدی (۱۸ نجی خریطه‌غه قاراسونلر.)

**۹۲۳ دین ۹۲۶ هـ غه چه بولغان واقعه لر**

۹۲۳ هـ (۱۵۱۷م) ایرته یازیده سلطان سعید خان تکری تاغلریدین اوتوب ایسیغ کول بوییده یازلاماق و اگر اوزبك لرنیك قوتی از بولسه فرغانه غه یوروش قیلماق نیتی بیله‌ن ینیغه تولا عسکر

الیب شمال‌غه اوتتی . ایسیغ کول اطرافی ده سیاحت قیلیب و آو آولا ب فرغانه حدودی‌غه یاقین یرلرغه‌چه باریب اوزبك لرنیك وضعیتی دین خبر الدی . لیکن اوزبک لر نیك فرغانه ده تولا قوت توپلا غان خبر معلوم بولوب فرغانه‌غه تعرض قیلمادی. شمال اولکه لریده بعضی اصلاحات قیلیب کوز وقتیده یارکندغه یانیب کلدی .

۹۲٤ هـ (۱۵۱۸م) ییلی ایرته یازیده سلطان سعید خان ختن‌غه سیاحت قیلدی . او وقتده چرچن ؛ چرخلیق و تریم خلقی بولغان سریغ اویغور لر حاضرده‌کی او لرنیك اولادی غه‌اوخشاش یریم کوچمنچی و مالدار بیر خلق ایدی . هنوز اسلام دینی‌نی قبول اتمای بودا دینی ده قالغان ایدی لر . خانلیق مرکزی‌غه اطاعت‌لری هم یوق ایدی . سلطان سعید خان ختن‌غه کلگه‌ن زمان بیر مقدار عسکرنی مذکور سریغ اویغور لرنیك اوستیغه غزات قیلماق و او لرنی اسلام غه کیرگوزمك اوچون چرچن طرفیغه یوللادی . بو عسکرلر بارغونچه سریغ اویغور لر مال‌لری‌نی الیب اوزاق تاغلرغه و جانگال‌لرغه قاچیب یورت دین اوزا قلاشیب کتتی‌لر . بو سبب دین مذکور عسکر لر سریغ اویغور لرنی تاپالمای بیر مونچه اولجه مال‌لرنی الیب یانیب کلدی لر . تکْری تاغلری‌نیك شمالیده نارین و بارسغان (حاضرقی ایسیغ کول نیك شرقی ده‌کی قراقول ) یایلاغ‌لریده یرله‌شکه‌ن قیرغیز لرنیك اوستیغه سلطان سعید خان او لرنیك قبیله بگی محمد قیرغیزنی والی تعین قیلیب قویغان ایدی . سلطان سعید خان‌نیك ختن‌ده‌کی کونلریده محمد قیرغیز نیك اوزبك لر بیله‌ن دوستلوق پیدا قیلیب قالغانی‌نی اڭلادی . بو خبرغه سلطان سعید خان تولا اهمیت بیریب موسم نیك کوز وقتی بولغانی غه هم قارامای اوچ غه باریب او یردین بیدَل آرت یولی بیله‌ن تکْری تاغ لریدین اوتوب بارسغان‌غه باریب محمد قیرغیز باشلیغ بیر نچه قیرغیز بگ لری‌نی توتوب او لرنیك مال‌لری‌نی ضبط قیلدی . بو صورت بیله‌ن قیرغیز لرنی اطاعتدین چیقالمایدورغان درجه‌ده ادب بیریب قیش کونلریده محمد قیرغیز باشلیغ لرنی اسیر صورتده همراه الیب یارکند غه یانیب کلدی .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

سلطان ابابکر میرزا نیڭ دوریده پامیر و سریغ چوپان (واخان) و شغنان اولکه لری شرقی تورکستانغه تابع ایدی. سلطان ابابکر نیڭ دولتی یقیلغان وقتده بدخشان حکمداری میرزا خان مذکور اولکه لرنی اشغال قیلغان ایدی. کین لرده سلطان سعید خان مذکور اولکه لرنی شرقی تورکستان دولتی غه یاندوروب برمکنی میرزا خاندین طلب قیلدی. لیکن میرزا خان بو طلب نی رد قیلدی. بو اوچون سلطان سعید خان ۹۲۵ هـ (۱۵۱۹ م) ده تولا عسکر بیله‌ن بدخشانغه یوروش قیلدی و سریغ چوپانغه بارغانده میرزا خان الچی ایباریب مذکور اولکه لرنی سلطان سعید خانغه تسلیم قیلدی. سلطان سعید خان او اولکه لرغه اوز طرفیدین عملدارلر تعین قیلیب یانیب کلدی.

۹۲۶ هـ ده سلطان سعید خان اوچ غه باردی و منصور خاننی اوچ غه کلمك و کوروشمك غه دعوت قیلدی. منصور خان اوچ غه کلیب کوروشوب هر باب ده مذاکره لر قیلیشیب تورپانغه یانیب کتتی. سلطان سعید خان او ولایت نیڭ هر ایشی نی کوزیدین اوتکوزوب یانیب یارکند غه کلدی.

**۹۲۷ دین ۹۳۱ هـ غه چه بولغان واقعه لر**

سلطان سعید خان دولت قورغاندین کین ایسیغ کول اطرافی، یته سو و ایاغ ایلی اولکه لری ده تولا راق یرلرده کی کوچمنچی قبیله لرنیڭ اداره سی اوچون اوزبك لرنی تعین قیلغان و بعضی یرلرده مرکزدین حاکم لر تعین قیلغان ایدی. لیکن کوچمنچی قبیله لرنیڭ بگ لری تولا وقتلرده باش سیزلیق قیلماق و بعضی وقتلرده اوزبك و قازاق دولت لری نیڭ غرض لری غه آلت بولماق بیله‌ن دولت غه ضرر برمکده ایدی لر. بناءً علیه مذکور اولکه لرنی اداره اتمك و بگ لرنیڭ اطاعتی نی تأمین قیلماق اوچون بیر عمومی والی و یترلیك ساندا عسکر تعین اتمك لازم لیقی معلوم بولدی. سلطان سعید خان چوڭ اوغلی عبد الرشید سلطاننی عمومی والی تعین قیلیب تولا عسکر بیله‌ن یوللادی. امیر علی تاغای نی، اولوس بگی (خلق نی اداره قیلادورغان معاون) صفتی بیله‌ن عبد الرشید سلطانغه قوشتی. محمد قیرغیزنی عفو قیلیب قیرغیز

لرغه ایکنجی بگ تعین قیلیب ایباردی. عبدالرشید سلطان ایسیغ کول نیڭ غربی دەکی قوچقار باشی قصبەسی نی مرکز قیلدی.

سلطان محمود خان نیڭ دوریده ایمیل و التای اولکەلری دەکی قالماق لر چاغاتای دولتی غه تابع و باجگذار ایدی لر. سلطان محمود خان نیڭ شهادتیدین کین اولر مستقل صورتده یاشاماقده ایدی لر. سلطان سعید خان ۹۲۹ هـ (۱۵۲۳م) ده عبدالرشید سلطان نی قالماق لرنیڭ اوستیغه یوروش قیلیب غزات قیلماقغه امر اتتی. عبدالرشید سلطان عسکرلری نی الیب یوروش قیلیب قالماق لرنی مغلوب اتتی و نتیجەده قالماق لر دولت غه تابع بولماق و هر ییلی معین مقدارده خراج برمکنی قبول اتتی لر.

سلطان سعید خان تولا راق ییل لرنیڭ یاز کونلریده توروغ ارت غه باریب چادرکول بوییده یازلار ایدی بو عادت بویونچه ۱۵۲۴م (۹۳۱هـ) ده توروغارتغه باردی. آو آولاب ایسیغ کول بوییغه بارغانده ایمیل دەکی قالماق لرنیڭ عصیان کوتوروب یته سونیڭ شمالی غه تعرض قیلغان خبری کلدی. خان اوزی باش بولوب عسکرلری بیلەن یته سو غه یوروش قیلدی. یته سو نیڭ شمالیده قالماق لرنی مغلوب قیلیب وارقه سیدین قوغلاب ایرتیش دریاسی غه یاقین بولغان بالا راتلیغ یر غەچه باردی. بو حالده تاشکند و فرغانه حکمداری سیونجك خان اوزبك نیڭ اولگەنی و انیڭ تختی نی تالاشیب اوزبك لر اراسیده داخلی اوروش چیقغانی نیڭ خبری کلدی. سلطان سعید خان درحال ارقەغه یانیب قراقول غه کلدی. اویردین یارکند دەکی نایبی امیر کبیر سید محمد میرزاغه تمام قوتی بیلەن اوش غه هجوم اتمکغه یارلیغ ایباریب اوزی قوچقار باشی غه کلیب او یردەکی قوت لرنی الیب اوزکند نی اشغال قیلیب اوش غه باردی. سید محمد میرزا بیلەن بیرلاشیب اوش واندجان اراسیده کی مشهور حربی قلعه بولغان مادو قلعه سی غه چه ایلگریلاب مذکور قلعه نی هم الدی. سلطان سعید خان نیڭ بو ایلگر یلامکی اوزبك لرغه مشترك بیر خطر بولغانی اوچون اوزبکلر داخلی مجادله لری نی ترك اتیب هەمسی سلطان سعید خان غه قارشی مدافعه قیلماق اوچون بیرلاشتی لر. یوزمیڭ کشی لیك قوت بیلەن اندجان غه



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

كلدى لر. بو معظم قوت نيڭ مقابليده سلطان سعيدخان نيڭ قوتى يگرمه بش ميڭ كشى ليك كيچيك بير قوت ايدى. بو اوچون خان الغان يرلرىنى اوروش سيز بوشاتيب شرقى توركستانغه يانيب كلدى.

## شرق توركستان نيڭ شمال حصه سى نيڭ قولدين كتكه نى

قازاقخانى طاهرخانغه اوز تابعى بولغان منغيت قبيله سى عاصى بولوب اوروشماقده ايدى. ۹۳۲ هـ(١٥٢٥م) ده طاهرخان مغلوب بولوب بير نچه ميڭ اويلوك قازاقلر بيلەن قاچيب قيش كونيده قوچقار باشىغه كليب عبدالرشيد سلطان نيڭ پناهىغه سغيندى و منغيتلرنيڭ ضدىغه ياردم تيلادى. عبدالرشيد سلطان، طاهرخانغه تولا احترام قيليب ير و ياىلاغ بردى. ليكن ياردم برمكنى قبول اتمدى. طاهرخان حكومتدين نچه دفعه ادبيگەن قيرغيزلر بيلەن مخفى دوستلوق پيدا قيليب اولر بيلەن بيرلەشتى. عبدالرشيد سلطان بو ايشدين كاملاً خبرسيز ايدى. ۹۳۳ هـ(١٥٢٦م) نيڭ باشيده طاهرخان و قيرغيزلر اوشتومتوت قوچقار باشىغه باسقون قيلدىلر. عبدالرشيد سلطان يمان مغلوب بولوب جان قوتقوزوب ارت باشىغه قاچيب كلدى. بو خبرنى سلطان سعيدخان اڭلاب درحال ياركنددين يوروش قيليب ارتباشىغه باردى. سلطان سعيدخان نيڭ بو حركتىنى طاهرخان اڭلاب قيرغيزلر بيلەن شرق طرفىغه قاچيب ايلىنيڭ شرق طرفىدەكى كونگس ياىلاغىغه كتتى. خان، كونگسغه عسكر يوللادى بو عسكرلر باريب طاهرخان و قيرغيزلرنى مغلوب قيليب اولرين هم قاچوروب يوز ميڭ دين اشوق راق قوى و كالالرنى اولجه اليب يانيب كلدىلر. خان، ايلى و ايسيغ كول اطرافيدەكى تمام قيرغيزلرنى ارتباشى اطرافىغه ييغيب اوير ده يرلەشتوردى.

سعيدخان دولت قورغاندين برى بو شمال اولكه لريده مهم درجەده عسكر توختاتماقغه مجبور ايدى، چونكه بو اولكه نيڭ ايچيدەكى كوچمنچىلرنى تولا عسكر بولمسه، اطاعت نقطه سيده تورغوز

ماقامكانسيز ايدى. بونيڭ اوستيغه شمالده قازاق و غربده اوزبك دولتلريدين عبارت بولغان رقيب لر بو اولكه نيڭ حدوديده بولغانى اوچون شرقى توركستان نيڭ اڭ مهم و تولا عسكرى نيڭ بو اولكه ده تورماقى لازم ايدى. بو اولكه لرده قديمقى شهرلر و ابادليقلر و زراعت يرلرى كاملاً يوق بولوب تولا يرلرى قوملوق چوللر و بعضى يرلرى كوچمنچى و جنگجوى قبيله لرنيڭ يايلاغلرى دين عبارت بولغانى اوچون دولت خزانه سى غه فايده سى و كيريمى يوق ايدى. او يرده تورغان عسكرلرنيڭ اوزوق و تأميناتى نى التى شهردين كلتورولور ايدى. منه ايمدى بو اولكه لرده كى خلق نيڭ اكثريتى نى تشكيل قيلماقده بولغان قيرغيزلر اوز همجنسى بولغان قازاقلر بيله ن بيرله شيب دولت غه يمان بير رقيب حالى غه كليب قالدى. سلطان سعيد خان ١١ ييلليق تجربه نتيجه سيده بو فايده سى يوق بلكه اقتصادى زيانى بار اولكه نى ترك اتمكغه قرار بردى و تمام عسكرى و مُلكى ادم لرى نى اليب ياركند غه يانيب كلدى. بو نيڭ بيله ن شرقى توركستان نيڭ مهم بير پارچه سى بولغان ايسيغ كول اطرافى و يته سو اولكه سى شرقى توركستان دولتى دين اجراب كتتى.

موندين كين طاهرخان، ارتباشى غه چه كليب او يرده كى قيرغيزلرنى اليب كونگس غه كتتى. منه بو شمال اولكه لرى نيڭ شرقى توركستان دين برنجى قتيم اجراب كتكه نى اوشبودور. و ينه قازاق لر نيڭ و قيرغيز لرنيڭ شرقى توركستان نيڭ شمالى ده قطعى صورتده يرله شمك غه باشلاغانى هم اوشبو تاريخدين اعتباراً واقع بولميشدور. قيرغيز لرنيڭ توركستان يايلاغلريده اهسته اهسته يايليب پامير و سريغ قول غه چه يرله شكه نى مذكور تاريخدين كين دور.

**بلورستان وبدخشان غه يورش**

حاضرقى كانجوت، گِلگيت، چَترال دره لرى نى او زمانه لرده بلورستان دييلور ايدى. بو دره لرنيڭ خلقى او وقتده تماماً بُت



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

پرست ایدی لر. سلطان سعید خان ٩٣٤ هـ (١٥٢٧م) ده اوغلی عبد الرشید سلطان و کیواوغلی حیدر میرزا کورگان نیڭ قیادتی استیده تولا عسکرنی بلورستانغه یوللاب غزاتغه یارلیغ قیلدی. بولر بش التە ای مدت بلورستانجیلغەلریدە غزات قیلیب اللیگ میڭ کشی نی اسیر الیب سریغ چوپان (واخان) یولی بیلەن یارکندغه یانیب کلدی لر. بو اسیرلرنی تاماً قول قیلیب خلقغه ساتیلدی. اوزون ییللردین بری بدخشان حکمداری میرزا خان اوزبك لرنیڭ غارتی دین ساقلانماق اوچون بابر پادشاه نیڭ حمایه سیغه کیریب یاشاماقده ایدی و بابر پادشاه بدخشانده اوز اینی سی ناصر میرزانی و اندین کین کورگان خاندانی دین بیر کشی نی کافی عسکر بیلەن قویغان ایدی. ٩٣٤ هـ (١٥٢٧م) ده بابر پادشاه بدخشانده کی عسکرلری نی هندستانغه قیچقیریب الیب کتتی. بدخشانده هیچ قوت قالمادی. بو سببدین میرزا خان بابر پادشاه نیڭ حمایه سیدین امیداوزوب سلطان سعید خان نیڭ حمایه سی نی تیلادی. موندا غ فرصت نی ایستاب تورغان سلطان سعید خان، ٩٣٥ هـ ده یارکندده عبد الرشید سلطان نی نایب قویوب اوزی تولا عسکر بیلەن بدخشانغه یوروش قیلدی. سریغ چوپانغه بارغاندا بابر پادشاه بدخشان حمایه سی اوچون اوغلی هندال میرزانی ایبارگەنی اڭلاندی. بو خبرنی اڭلاب سلطان سعید خان بو یوروشیدین پشمان قیلدی. لیکن قیش کیریب قالغان سببدین ارقه سیغه یانماق امکانسیز ایدی. سریغ چوپان غایت قوروغ و تار بیر کیچیك علاقه بولغان اوچون او یرده قیشلاماق هم ممکن ایمس ایدی. بناءً علیه سلطان سعید خان قیش نی بدخشانده چیقارماق و ایرته یاز فصلی کیرگەنده شرقی تورکستانغه یانیب کلمك نیتی نی بیلدوروب هندال میرزا غه الچی ایباردی. هندال میرزا بو طلب نی بیرحیلەگمان قیلیب قبول اتمدی. سلطان سعید خان زور بیلەن بدخشانغه باردی و هندال میرزا، قلعهٔ ظفر (بوگونکی رستاق) ده عسکری نی توپلاب توردی. سلطان سعید خان باریب قلعه نیڭ تاشیده یرلاشتی و قیش چیقغوچه سلطان سعید خان قلعه نیڭ تاشیده و هندال میرزا ایچیده اولتوردی.

ايرته يازده سلطان سعيد خان بابر پادشاه نيڭ حضورىغه الچى ايباريب بو حركتى نيڭ دشمنليك امسليكى نى بيلدوروب عذرلر بيان قيليب ياركندغه يانيب كلدى . بابر پادشاه بدخشان دين اوغلى نى قيچقيريب اورنى غه چاغاتاى خاندانى دين سليمان شاه ميرزانى تعين اتتى و بو نزاكت معامله‌سى بيله‌ن گوياكه بدخشان بير بى طرف ياكه مُشتَرك حمايه منطقه سى بولدى .

## عبدالرشيد سلطان نيڭ وليعهد بولغانى-تيبت وكشمير فتحى

٩٣٦ هـ (١٥٢٩م) ده سلطان سعيد خان چوڭ اوغلى عبد الرشيد سلطان نى اوزى غه وليعهد تعين اتتى . مذكور ييلده سلطان سعيد خان اينى سى امين خوجه سلطان نى اوچ والى ليقى دين عزل قيليب عبد الرشيد سلطان نى او يرغه والى تعين قيليب ايباردى .

غربى تيبت (حاضرقى لداخ و بالتستان) سلطان ابابكر نيڭ زمانه سيده شرقى توركستان غه تابع ايدى . ليكن سلطان ابابكر دين كين هر دوره‌ده بير بگ مستقل بولوب باش سيز بير حالده ايدى . كشمير نيڭ پادشاه ليقيده پادشاه ليق نيڭ اتيغينه قالغان ايدى . و چك خاندانى دييلگه‌ن بگ لر هر يرده مستقل حالده بولماقده و حتاكه بير سرينگر شهريده بير نچه حكمدار حكم سورمكده ايدى . بو صورت بيله‌ن كشمير دولتى ضعيف بير حالده ايدى . امير كبير سيد محمد ميرزا و حيدر ميرزا كوركان لر سلطان سعيد خان نى غربى تيبت و كشمير نى اليب شرقى توركستان دولتى غه قاتماق غه تشويق قيلور ايدى لر . عبد الرشيد سلطان و امير تاغاى باشليغ لر بو رائى غه مخالف ايدى لر، اوترا دكى يول نيڭ يمانليقى و مذكور مملكت لر نيڭ فايده سى نيڭ ازليقى نى كورساتيب خان نى او يورت لرغه يوروش قيلماقدين قطعى صورتده توسماقده ايدى لر . ليكن سلطان سعيد خان نيڭ هميشه يانيده بولغان سيد محمد ميرزا و حيدر ميرزا لر خان نى اخيراً اوز رائى لرى غه اوناتتى لر .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

٩٣٨ هـ نيكٔ اخريده ذلحجه اييده (١٥٣٢م) ايكى ميكٔ كشى ليك بير قوت بيله‌ن حيدر ميرزا و سلطان سعيد خان نيكٔ كيچيك اوغلى اسكندر سلطان سانجو يولى بيله‌ن نوبرا و مار يول (حاضرقى لداخ) اولكه سى غه يوروش قيلدى لر. سلطان سعيد خان اوزى اوچ ميكٔ كشى دين عبارت بولغان بير قوت بيله‌ن ختن غه كلدى و او يردين پولور تاغى غه باردى. مقصدى پولور يولى بيله‌ن دولبه (شمالى تيبت يعنى چاڭتاڭ) اولكه سى غه يوروش قيلماق ايدى. اسكندر سلطان و حيدر ميرزا لر توغرا نوبرا جيلغه‌سيغه هجوم قيليب جيلغينى اوروش بيله‌ن الديلر ومار يول جيلغيسى (لداخ) خلقى اوروش سيز اطاعت قبول اتتى لر. سلطان سعيد خان پولور يولى بيله‌ن چاڭتاڭغه عسكر اليب بارماق نيكٔ امكانسيزليقى نى بيليب پولور دين ختن غه يانيب سانجو يولى بيله‌ن ايلگريكى قوشون غه يتيشمك او چون يوردى و يولده ايس سببى دين خان نيكٔ صحتى غايت درجه‌ده بوزولدى. ليكن نوبرا جيلغيسى غه بارغانده يخشى بولوب قالدى. خان نوبرا غه باريب صحتى يخشى بولغاندين كين مار يولده‌كى اسكندر سلطان و حيدر ميرزا باشليغ بگ لرنى نوبرا غه قيچقيريب واو يرده بير مجلس اچيب موندين كين قيلادورغان ايش لر خصوصيده مذاكره قيليندى. بو مجلس ده خان بير مقدار عسكر بيله‌ن دوان سيز و ايس سيز بولغان نوبرا يولى بيله‌ن بالتستان غه بارماق و اولكه نيكٔ فتحى دين كين كشميرغه بارماق و اسكندر سلطان و حيدر ميرزا باشليغ لر حاضرقى معروف لداخ و كشمير يولى بيله‌ن توغرا كشميرغه هجوم قيلماق غه قرار بيريلدى. بو قرار بويونچه اسكندر سلطان و حيدر ميرزا لرنى تورت ميكٔ عسكر بيله‌ن كشميرغه يوللاب خان اوزى بير ميكٔ كشى ليك بيرقوت بيله‌ن بالتستان غه يوردى و كوز موسيميده بالتستان غه باريب او اولكه نى ايكى اى مدت ده پوتون اشغال قيلدى.

اسكندر سلطان و حيدر ميرزا لر يوللرى غه ياقين يرلرده‌كى تيبت و بالتى اولكه لرى نى فتح قيلا قيلا هيچ مانع سيز كشمير داوان دين اوتتى لر. كشمير حكمدارلرى لار اتليغ بوغازده عسكر توپلاب مدافعه غه تيارلانيب تورغان ايدى لر. تورك عسكرلرى او يرده توختاب

بیر کیچه‌ده ایکی‌غه ایریلیب بیر قسمی تومن بهادرنیڭ قیادتی‌استیده بولغان تورت یوز کشی کشمیرلیك لرنیڭ اوستی‌غه شدتلیك بیر کیچه باسقونی قیلیب اولرنی مغلوب اتیب بوغازدین ارقه‌غه یاندوردی. و بیر قسمی حیدر میرزانیڭ قیادتی‌ده بولوب بیرتاغدین اشیب کشمیرلیك لرنیڭ ارقه سی‌غه اوتوب اولرنیڭ خط رجعتی (ارقه‌غه چکیلیش یولی) نی کسیب تورغان ایدی. قاچقان کشمیر عسکرلری بو ایکی قوت نیڭ اراسیده قالیب تماماً یوق اتیلدی لر. بو یردین تورك عسکرلری ایتیك یوروب اوتراده بیر قونوب سرینگر شهریغه‌کیرد یلر. کشمیرحکمدارلری و خلق نیڭ تولاراقی شهردین قاچیب تاغلر، جانگال‌لر و دریا ارالچه لری‌غه قاچقان‌ایدیلر. بو سبدین اسکندر سلطان عسکرلری بیله‌ن ۹۳۹ هـ جمادی‌الثانی (۱۵۳۲م) ده سرینگر شهری‌غه او روش سیز کیریب راجدان (کشمیر تیلیده حکمدارنیڭ اورداسی) غه توشتیلر.

بو صورت‌بیله‌ن‌کشمیرنیڭ پایتختی فتح قیلینغان بولسه مو کشمیر نیڭ حکمدار و عسکرلری و خلق‌نیڭ تولاراقی اطاعت قبول اتمای مستحکم یرلرده تورغانلری اعتباری بیله‌ن بو فتح‌نی حساب‌غه الینماسلیقی‌لازم ایدی. کشمیرلیك لرنی مستحکم موقع‌لردین توز میدان‌غه چیقاریب محاربه قیلماق اوچون بیر حیله کره‌ك ایدی. بو اوچون اسکندرسلطان تمام‌عسکرلری بیله‌ن سرینگر شهری دین چیقیب کامراج اتلیغ یرده یرلاشتی و او یردین از از قطعه لر کشمیرلیغ لرنیڭ مستحکم یرلری‌غه هجوم قیلور ایدیلر. کشمیرلیغ لر مدافعه قیلسه ضعیف لیق کورساتیب قاچار ایدی لر. بو وضعیت‌بیر ای دوام قیلغاندین‌کین کشمیرلیك لر تورك عسکرلری‌نی قورققاق ادم لر ایکه‌ن دیب خیال قیلیب تورك عسکری نیڭ اوستیغه هجوم اتمکغه باشلادی لر. بو هجوم لر مقابلیده تورك عسکرلری تخی مو ضعیف لیق‌کورسه‌تتی‌لر. بو حیله نی بیلمگه‌ن کشمیرلیك لریوره‌کلینیب همه‌سی مستحکم موقع‌لری‌دین چیقتی‌لر وباغ‌به‌وه‌نا تلیغ یرده چوغلاشیب تورك عسکرلری نیڭ اوستیغه باسقون قیلماق ترتیباتی نی تیارلاماقده ایدی لر. اوشتومتوت تورك عسکرلری کلیب کشمیرلیك لرنی تورت طرفدین اراغه الیب اۆلتورمکغه توردی لر. مَلِك علی‌باشلیغ بیر نچه حکمدار و بیر نچه میڭ کشمیر عسکری اۆلتورولدی. کشمیر



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

تاريخيده ميك دين اشوقراق كشى مقتول بولدى ديب يازيب دور[233]. بو محاربه ده كشميرليك لر يمان مغلوب بولسه لرمو ينه اصلى مقصد حاصل بولمادى. چونكه اۆلوم دين اشيب قالغان كشميرليك لرقاچيب ينه مستحكم يرلرغه باريب الدى لر.

بو صورت بيلهن ايرته ياز كيرگونچه شهر و يورت لر تورك لرنيك قوليده، تاغ و جانگال لر كشميرليك لرنيك قوليده توردى. ايرته ياز بولغاچ ينه اوروش باشلاندى. كشميرليك لر دايما مغلوب بولسه لر مو موقع لرى مستحكم بولغانى اوچون پراكنده بولماديلر. اخيراً تورك عسكرلرى كشميرليك لرنيك مستحكم موقع لرىغه هجوم قيلغالى باشلادى لر. بو هجوم لرده تورك عسكرلرى تولا ضايعات برگهن سبب دين قوماندان لر اراسيده تعرض و مصالحه مسئله سى خصوصى ده اختلاف پيدا بولدى؛ اكثريت مصالحهغه مايل كورونمكده ايدى. بو حالده كشمير حكمدارلرى مصالحه طلب قيليب الچى ايباردى لر. تو بندهكى شرط لر بيلهن مصالحه عقد اتيلدى:

١- كشميرنيك حكومتى اولقيدهك اوز خلقى نيك قوليده بولماق. ٢- خطبه و پول سلطان سعيد خان نيك اتيده بولماق. ٣- كشمير مالياتى نيك بير حصه سى نى هر ييلى ياركند خزانه سىغه ايبارمك. ٤- كشمير پادشاهى محمد شاه نيك قيزىنى اسكندر سلطانغه برمك. بو معاهده عقد اتيلگهندين كين محمد شاه باشليغ كشمير حكمدارلرى اسكندر سلطاننى زيارت قيلدى لر و اسكندر سلطان هم بگ لرى بيلهن بيرليكده محمد شاهنى زيارت قيلدى. بو زيارت لرده بير بيرلرىغه شاهانه سوغات لر تقديم قيليشتى لر.

سلطان سعيد خان بالتستاننى فتح قيليب بولغونچه بالتستان و كشمير اراسيدهكى يول لرغه غايت قالين قار توشوب عسكرى حركت امكانسيز بولغان سبب دين بالتستانده قيشلاب قالغان ايدى. ايرته يازده كشميرليك لر بيلهن يوقاريقى صورتده قول قويولغان مصالحه نى سلطان سعيد خان قبول قيليب كشميرغه بارماى بالتستاندين مار يول (لداخ)غه ياندى. اسكندر سلطان باشليغ تمام تورك عسكرىنى

تیبت غه یانماقغه یارلیغ قیلدی. اسکندر سلطان عسکرلری بیلەن کشمیردین یانیب اوترادە هنوز فتح قیلینمغان بعضی تیبت علاقه لرینی فتح قیلیب باشکا (بازگو) قلعەسی (او وقتدەکی لداخ مرکزی) دە سلطان سعید خانغه یتیشتی لر.

### سلطان سعید خان نیڭ وفاتی

سلطان سعید خان تیبت و بالتستان علاقه لریغه حاکم لرویترلیك مقداردە عسکر تعین قیلدی. تمام بودائی لرنیڭ قبلەسی بولغان اورسك (لهاسه) نی، دولبه (چاك تاك) و کوکو اولکه لرینی تماماً فتح قیلماق اوچون اسکندر سلطان و حیدر میرزانی ایکی میڭ اتلیغ عسکر بیلەن شرقی تیبت غه یوروش قیلماقغه یارلیغ قیلیب سلطان سعید خان ٦نجی ذیلحجه ٩٣٩ ﻫ (١٥٥٣م) دە باسکا قلعه سیدین یوروب نوبرا نیڭ مرکزی بولغان هوندر قلعه سیغه کلدی. هوندردە قربان عید نمازینی اوتاب یارکندغه قاراب یوردی. دەپسڭ و قاراقوروم داوان لریدە خان غایت قاتیغ ایسلادی و بو ایس علتی بیلەن یولدە وفات اتتی. جسدینی بگ لر یارکندغه کلتوروب ارگ نیڭ باغیدە دفن قیلدی لر. (حاضرقی التون مزار، سلطان سعید خان و اولادی نیڭ مزاری دور. شرقی تورکستان دە قدیم دین پادشاه لرنیڭ مزارینی التون مزار دییلادور) تاریخ رشیدی، سلطان سعید خان نیڭ منقبت لرینی اوزون بیانات بیلەن ذکرقیلیب دور. انیڭ حاصلی نی بیان قیلامیز.[234]

سلطان سعید خان حلیم، داهی، سیاسی، دیندار، علمادوست، عادل، بیرذات ایدی. راحت و عیش غه رغبتی یوق ایدی. سیاحت، آو و غزات نی دوست توتار ایدی؛ چاقیمچی سوزی غه کیرمس ایدی؛ قان توکمکدین وجداناً نفرت قیلور ایدی.

اسکندر سلطان و حیدر میرزا لر خاننی باشکادین اوزاتقاندین کین ایکی قول بولوب اورسڭ ویا اوتسیڭ منطقه سی (لهاسه) غه یوردی لر. اوترادە تیبت لیك لرنی مغلوب اتیب ایلگریلا



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

مكده ايدى لر. هندستاندين بودائيلرنيڭ مقدس قبله سى نى مدا
فعه قيلماق اوچون كلگەن بير نچه ميڭ هندليغلر اوچراب قاتيغ
محاربه دين كين هندليغلرنى مغلوب اتيب ايلگريلادى لر. سَتْلُج دريا
سى نيڭ باشىغه بارغانده اسكندر سلطان عسكرنيڭ يريمى بيلەن اوير
ده قاليب حيدر ميرزا ۹۰۰ كشى بيلەن اورسَكْ غه يوردى ليكن يول
ده ات و ادملرى ايسلاب حركتدين قالغالى باشلادى. اورسكْ غه
سكز كونلوك يول قالغان يرغەچه باردى. اما اتلرنيڭ يوزده سكسنى
اۆلوب عسكرلر پيياده يورمكغه مجبور بولدى لر. بو نيڭ اوستيغه اورسك
ده تولا قوت بارليقى بيليندى. بو اوچون حيدر ميرزا اورسكْ غه بارماي
او اطرافده كى تيبت علاقه لرىغه باسقون قيليب يوز ميڭ قوى يگرمه
ميڭ قوتاز و بير نچه يوز توتى (تيبت اتى) دين عبارت بولغان اولجه
و بير نچه يوز اسير قوليغه كلتوروب ۹٤۰ هـ نيڭ اوليده (۱۵۳۳م يازى)
اسكندر سلطان غه يتيشيب لداخ غه كلدى لر.[235]

**سلطان عبدالرشيد خان نيڭ خان بولغانى**

سلطان سعيد خان دفن قيلينغان كونلرده وليعهدى
عبدالرشيد سلطان اوچده ايدى. خان دفن قيلينغاندين كين امير
كبير سيد محمد ميرزا كاشغردين كليب تعزيت مراسمى نى اداقيلغاندين
كين تمام خانليق خاندانى و بگلرنى توپلاپ اوزى نيڭ امير كبيرليكى
غه اولرنى تصديق اتتوردى. تمام بگلر و عسكرلرنى اوزى نيڭ امرى
استيغه كيرگوزمك و عبدالرشيد سلطاننى فقط اسماً خانليقده قويماق
غه تشبث قيلماقغه باشلادى. سيد محمد ميرزانيڭ بو حركتلرى نى
بعضى خانليق خاندانى و بعضى بگلر مخفى صورتده عبدالرشيد سلطان
غه مفصل صورتده يازدى لر. بو اوتراده عبدالرشيد سلطان ياركندغه
ياقينلاشتى. امير كبير سيد محمد ميرزا باشليغ تمام چوڭ كيچيك استقبال
غه چيقتى لر. عبدالرشيد سلطان، سيد محمد ميرزانى استقبالغه كلگەن
يرده تويغوسوز اۆلتورمك اوچون ادم تعينلاغان ايدى. سيد محمد ميرزا

عبدالرشید سلطاننی کۆرگەن زمان اتدین توشوب سلام بردی. بوحالدە انی اۆلتورمکفە تعینلاغان ادملرانی قلیچغە توتتیلر و معاونی سیدعلی بیلەن ایکی سی نی اۆلتوردیلر. اندینکین عبدالرشید سلطان، توغرا سلطان سعید خاننیڭ مزاری غە باریب زیارت قیلدی و او یردین یانیب اورداغە توشوب تعزیت و ماتمدارلیق مراسمی نی ادا قیلدی. مُحَرّم نیڭ بیرنجی کونی ۹٤۰ هـ (۱٥۳٤ م) دە عنعنوی مراسم بیلەن اقکیگیز اوستیدە اولتوروب بگلر و خلقنیڭ بیعتی نی الیب اوزی نی شرقی تورکستان و تیبتغە چوڭ خان اعلان اتتی.

سلطان عبدالرشید خان سید محمد میرزانیڭ تعلقاتی نی مصادرە قیلیب اوغوللری نی تورمیغە الدی. امیرعلی تاغای نی امیرکبیر و کاشغروالی سی تعین اتتی. توریان عمومی والی لیقی منصورخاننیڭ قولیدە بولوب اولقی تابع لیقدە بولدی. تیبتغە اسکندر سلطان نی والی قیلدی. او یردەکی عسکرلرغە رخصت بیریب بیر از یگی عسکر یوللادی. لیکن ایلگریکی تولا عسکر یانیب شرقی تورکستانغە کتکەنی نی تیبتلیکلر کورگەن زمان هر طرفدە عمومی عصیان چیقتی و اسکندر سلطاننیڭ قوتی بولمغان اوچون تیبتدین چیقیب کتمکفە مجبوربولوب یانیدەکی عسکرلری بیلەن یارکندغە کتتی. حیدر میرزا سلطان عبدالرشید خاندین قورقوب یارکندغە بارمای راسکامجیلغەسی بیلەن بدخشانغە باریب او یردین بابر پادشاه نیڭ اوغلی همایون پادشاه نیڭ یانیغە کتتی. الحاصل سلطان سعید خاننیڭ باشی نی ییگەن تیبت و کشمیر حاکمیتی بیر ییلدین اشوق دوام اتمدی.

**محترم اوقوغوچی لریمیز دین عذریمیز**

شرقی تورکستان تاریخی نیڭ اڭ مهم پارچە سی بولغان سعیدیە دولتی غە متعلق معلوماتیمیزنیڭ یگانە منبعی تاریخ رشیدی دور. سلطان عبدالرشید خاننیڭ تختدە اولتورغان زمانیدین تا چین استیلاسی غەچە اوتکەن واقعە لر اوچون تاریخ رشیدی نیڭ ایاغیغە



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

زمان زمان قوشولغان زيل لرىدين باشقه منبع دين تاپيلمادى . بو سببدين سلطان عبدالرشيد خاندين عبدالله خان نيك تختده اولتور غان وقتيغه چه اوتكەن واقعەلرنى نهايت قسقه ذكر اتمكگه مجبور درمن. انشاالله كينچه ايشانچليك منبع تاپيليپ بو كمچيليك تولوقلانغوسيدور. عبدالله خان نيك تختده اولتورغان وقتيدين حاضرقى كونلر ، يعنى ١٠٤٨ هـ دين ١٣٥٩ هـ ( ١٦٣٠ م دين ١٩٤٠ م) غه چه كى واقعه لرنى هم مقصد يمده كى دەك مفصل يازماق اوچون قولوم ده كى ايشانچليك منبع لر كفايه قيلمايدور. بناءً عليه بو واقعه لرنى هم توغراليقى غه قننا عت قيلغانيم نى بعضى يرده قسقا وبعضى يرده مفصل صورتده يازماق غه مجبور دورمن . بو مجبورى قصوروم توغراسيده محترم اوقوغوچى لر دين عذر تيلايمن .

**٩٤٠ دين ١٠٤٨ هـ (١٦٣٠ ــ ١٥٣٣ م) غه چه اوتكه ن واقعه لر**

سلطان عبدالرشيد خان تختده اولتورغاندين كين التاى وايميل دين باشقه حاضرده كى عادتچه شرقى توركستان دييلادور غان اولكه لر سعيديه دولتى نيك مملكتى بولوب غايت درجەده تينچ ليق واسايش بيله ن حيات كچوردى لر. ٩٥٠ هـ (١٥٤٣ م) ده توريان عمومى والى سى منصورخان وفات اتيب اورنيغه اوغلى شاه خان عمومى والى بولدى . ٩٧٨ هـ (١٥٤٠ م) ده سلطان عبدالرشيد خان وفات اتتى واورنيغه اوغلى شجاع الدين احمد خان تختده اولتوردى . سذ كور ييلده توريان عمومى والى سى شاه خان وفات اتتى . شجاع الدين احمد خان دين كين عبدالكريم خان وانيك دين كين محمد خان و اندين كين عبداللطيف خان لر خان بولدى لر. بو تورت كشى نيك ٥٩ ييللىق سلطنت دوره لريده كى واقعه لر خصوصيده معلوماتيميز بولمغاندەك بو لرنيك تختده اولتورغان و وفات قيلغان تاريخ لرىنى هم تخى بيلالمادى ميز. سلطان عبداللطيف خان ١٠٣٧ هـ (١٦٢٧ م) ده وفات اتتى .

بو اوترادە سلطان عبدالرشید خان نیڭ اولادیدین عبدالرحیم خان تورپان عمومی والیسی ایدی. بو کشی استقلال اعلان قیلیب شرقی تورکستان سعیدیه دولتی ایکیگە ایریلغان ایدی. سلطان عبداللطیف خان وفات اتکەندین کین شهزادەلر اراسیدە خانلیق تالاشی یوزیدین مجادله چیقتی و بو مجادله غایت قانلیغ و مدهیش صورتدە اون ییل دوام قیلدی. اخیراً ١٠٤٨ هـ (١٦٣٨م) دە تورپان عمومی والیسی عبدالرحیم خان مرحوم نیڭ اوغلی عبدالله خان همەغە غالب بولوب مجادلەنی باسیقتوروب یارکند تختیدە اولتوردی.

## عبدالله خان نیڭ خانلیق دوری

عبدالله خان ١٠٤٨ هـ (١٦٣٨م) دە یارکند تختیدە اولتوروب اوزینی خان اعلان اتتی. او وقتدەکی سعیدیه دولتیغە تابع اولکەلر (التی شهر، تورپان، بشبلیق و غولجە) نی عبدالله خان توپ توغرا اوزی ادارە قیلغالی باشلادی. بو اولکەلردە هیچ بیر داخلی استقلالغە مالك حکومت قالمادی. بو صورت بیلەن شرقی تورکستان نیڭ تمام عسکری و مالی و اداری ایشلری بیر ادارەغە باغلانغانی اوچون دولت تولا قوتلاندی و یورت نیڭ تینچلیقی یخشی صورتدە تامین قیلیندی، عسکری قوت تولا ترقی قیلدی، و عبدالله خان شمال و غربدەکی کیچیك خانلیقلرنی اوزیغە تابع قیلماق اوچون کاشغر و اوچ ولایتلریغە عسکر توپلاب تاشکند و فرغانەغە عسکر یوللاماق فکریدە بولدی. بو حرکتنی خوقند خانی و تاشکند خانی اڭلاب عبدالله خانغە اطاعت عرض اتتیلر. هر ییلی معین مقداردە مالیاتنی یارکندغە ایبارمك و خطبەدە عبدالله خان نیڭ اتینی الماقنی بویونلریغە الدیلر. بو صورت بیلەن غربی تورکستان نیڭ چوڭ بیر قسمی شرقی تورکستان دولتیغە تابع بولدی. ایگیرکی اوزون سوقوشلردە ویران بولغان شهرلر، یوللر، جامع و مدرسەلر، کاروان یوللریدەکی قودوق و لنگرلرنی عبدالله خان ییڭیدین تعمیر قیلدوردی



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بو نیڭ اوستیفه کاشغر، یارکند ، ختن شهرلریده بیردین چوڭ مدرسه
بنا قیلدوردی . بو مدرسه لرغه پوتون کنتلرنی وقف قیلدی .
حاضرده هم بو مدرسه لر و وقف لر باردور. خانلیق مدرسه اتی بیلمه
معروف دور. عبدالله خان یورتنی اباد قیلماق و زراعت ایشلری
غه رواج برمك اوچون تولا کوششلر قیلدی . تولا اوستڭ لر قازدوردی .
ختن و کریا اراسیده‌کی چیرا شهری و اولکه ده‌کی تورت چوڭ اوستَڭ
و حتاکه او یرده‌کی حاضرده رواجده بولغان تورما (سونوبتو) قائده‌سی
عبدالله خان نیڭ تاریخی اثرلری دین دور.

۱۰۷۵ هـ (۱٦٦٤م) اطرافیده کریا و چرچن تاغ
لریده اولتوروغلوغ غیرمسلم سریغ اویغورلر اطاعتدین چیقیب کریا
شهری‌غه هجوم قیلیب خلقنی قتل‌عام قیلدیلر. بولان تالان بیله ن
یورتنی ویران اتتیلر. عبدالله خان بو خبرنی اڭلاب یارکنددین کریا
غه یوروش قیلیب سریغ اویغورلرنی مغلوب قیلدی .سریغ اویغورلر تاغلر
غه قاچتیلر. عبدالله خان اولرنی تاپقان یرده اۆلتوروب توگول یوق
قیلماق اوچون قطعی یارلیغ لر قیلیب عسکرلر یوللادی . بو عسکرلر
سریغ اویغورلرنی تماماً یوق اتیب کریا و چرچن تاغلریده اولردین هیچ
کشی قالمادی .

عبدالله خان نیڭ زمانه سیده قالماق لر غایت مدهیش
صورتده کوچلانیب قازاقلرنی مغلوب قیلغاندین کین ۱۰۷۰ هـ (۱٦٥۹
م) اطرافیده غولجه و بش‌بلیق‌غه هجوم قیلیب عبدالله خان نیڭ
عسکرلری‌نی یمان مغلوب قیلیب مذکور اولکه لرنی اشغال قیلدی . اوترا
ده قاتیغ محاربه لر بولغاندین کین توریان و قومول اولکه لری هم قالماق
لرنیڭ قولیغه توشتی . بو محاربه لرنیڭ تفصیلاتی خصوصیده معلوما
تیمیز یوق دور. بو محاربه لر نتیجه سیده شرقی تورکستان نیڭ غایت
مهم قسمی سعیدیه دولتی دین اجراب کتیب یالغوز التی شهر غینه
قالدی . بو نیڭ بیله‌ن عبدالله خان نیڭ عسکری و اقتصادی قوتی بك
ضعیفلاشیب کتتی .

عبدالله خان نیڭ دوریده غربی تورکستان ده‌کی پارچه

پارچه بولغان اوزبك خانلری دایما بیر بیرلری بیلەن اوروشماق و بیر بیری لری نیڭ یورتلری نی ویران قیلماقده ایدی. بو تینچ سیزلیق سببی دین غربی تورکستان خلقی اقینلر صورتیده شرقی تورکستان غه هجرت قیلور ایدیلر. عبدالله خان بو مهاجرلرغه کوب مُرُوَّت قیلیب اولرغه یر و باشقه نرسه لر هم بیرور ایدی. بو مهاجرلر اراسیده سَیِّدلیق دعواسی قیلادورغان بعضی خوجه لر هم بار ایدی. اوعصرلرده من طریقت مرشدی ویا سید دورمن دیگەن کشی لرنیڭ اسلام عالمی دەکی بازاری نیڭ قیزیقلیقی تاریخ اوقوغان کشی لرغه معلوم دور. بو خوجه لرغه عبدالله خان حددین اشوق احترام قیلیب هر ایش نی اولرنیڭ استخاره لری و مشوره لری غه موافق اجرا قیلماق و اولرنیڭ ارزوسیغه هرنرسەنی فدا قیلماقغه باشلادی. اوزی باشلیغ تمام خانلیق خاندانی و دولت ادملری اولرغه مُرِید بولدی. عوام خلق بو خوجه لرنی نهایت اوستون بیر مرتبه دە دیب عقیده قیلور ایدیلر. منه بو صورت بیلەن بو خوجه لرنیڭ نفوذی هر نفوذ نیڭ اوستیده بولدی. عبدالله خان وفات اتکەندین کین دولت نیڭ ییقیلماقی غه و شرقی تورکستان ملتی نیڭ هیچ بیر تاریخده کورولمگەن فلاکتلرغه مبتلا بولماقی غه بو خوجه لرنیڭ حرصی و توز کورلوقی سبب بولدی. تفصیلاتی توبنده کیلادور.

### عبدالله خان نیڭ خانلیقدین ییقیلغانی

عبدالله خان، یولبارس خان اتلیغ بیر اوغلی نی کاشغرغه والی قیلغان ایدی. یولبارس خان بك ظالم و مستبد بولغانی اوچون عبدالله خان انی عزل قیلماق و بلکه یوق اتمکغه قرار بردی. یولبارس خان، داداسی نیڭ بو قراریدین خبر تاپیب عصیان چیقاردی. عبدالله خان اکاادب برمك اوچون عسکر ایباردی و بو عسکرلر مغلوب بولدی. ایکنجی نوبتده دادا و اوغول اراسیده قاتیغ اوروش بولوب عبدالله خان نیڭ عسکرلری ۱۰۷۸ هـ (۱٦٦٧ م) دە قطعی صورتده مغلوب بولدی. عبدالله خان اوز اوغلیدین یتکەن موندا غ یامانلیق نی



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

کوتورالمای یورتدین چیقیب کتمکغه قارار بیریب کیچیک اوغلی عبد المؤمن خاننی خانلیق تختیده اولتورغوزوب قویوب اوزی بیر مونچه خاص ادم لری بیلەن هندستانغه کتتی. اَوْرَنگزیب عاَلَمْگیر بو خبرنی اَکلاب کشمیر والیسی مبارز خاننی عبدالله خانغه شاهانه احترام و استقبال قیلیب دهلیغه اوزاتماقغه امر اتتی. مبارز خان عبدالله خانغه تولا احترام قیلیب کشمیرده بیرنچه کون استراحت قیلغاندین کین دهلیغه اوزاتتی. عبدالله خان دهلیغه بارغانده اَوَرنگزیب عالم گیر مراسم بیلەن استقبال قیلیب فوق العاده احترام لر قیلدی. عبدالله خان دهلیدین مکهغه باریب حج قیلیب هندستانغه کلدی. اورنگزیب عالمگیر عبدالله خانغه دیدیکه:"اوغلان لری گستاخلیغ قیلغاندین من تولا متائثر دورمن. ایمدی وطنغه کتماسون لر و منی اوغلان لری یریده کوروب هندستانده اقامت اتسه لر من اوزلرینیڭ وفادار بیر اوغلان لری صفتی بیلەن احترام لریغه حاضردورمن". عبدالله خان بو الطفاتلیق معامله دین تولا خرسنده بولوب هندستانده قالدی. ۱۰۸۰ هـ(۱٦٦۹م) ده کشمیرغه یازلاماق اوچون کلیب او یرده وفات اتتی. عبدالله خان یورتدین چیقیب کتکەندین کین یولبارس خان، اینی سی عبدالمؤمن خاننی مغلوب قیلیب اوزی خان بولدی. ایکی ییل مدت تولا ظلم و استبداد بیلەن خانلیق قلیب ۱۰۸۱ هـ(۱٦۷۰م) ده اۆلتورولدی. تاریخ رشیدینیڭ ذیلیده یولبارس خاننیڭ ظلمی خصوصیده کی بیانده" یولبارس خان شونداغ یمان ظالم ایدیکه انیڭ الدیده حجاج ظالم خجل، وضحاك ماران منفعل ایدی" دیب یازیلیب دور.

### اسماعیل خان نیڭ خان بولغانی واباق خوجه نیڭ توز کورلوق

یولبارس خان نیڭ ظلمیغه خلق طاقت قیلمای انیڭ ضدیغه عمومی بیر انقلاب قوزغالیب نتیجەده یولبارس خان اۆلتورولدی. خانلیق تختیده عبدالله خاننیڭ اینیسی اسماعیل خان اولتوروب یورتنی تینچ قیلدی. اسماعیل خاننیڭ زمانەسیده یوقاریده مذکور بولغان مهاجر خوجه لردین هدایت‌الله خوجه اتلیغ بیری بك زیاده

نفوذ تاپقان ایدی. بو نفوذغه قناعت قیلمای خانلیق تختی نی الماق اوچون کوشش قیلغانلی باشلادی. ١٠٨٧ هـ (١٦٧٦م) اطرافیده جاهل مرید لری نیڭ یاردمی بیلەن اشکارا عاصی بولوب اڭا نان برگەن وعزت وابرو برگەن دولت خانی اسماعیل خانغه حرب اعلان قیلیب یارکندنی محاصره قیلدی. شهر ایچیدەکی مرید لرنیڭ یاردمی بیلەن شهرنی الیب اسماعیل خاننی اسیر قیلیب اوزی نی پادشاه اعلان اتتی.

هدایته الله خوجه نیڭ بو استیلاسی قسقەسوردی. بلکه اوچ تورتای دینکین خانلیق خاندانی دین محمدامین خان تولاقوت توپلاب هدایته الله خوجەنی مغلوب قیلیب یارکندنی الدی. هدایت الله خوجە، اسیر اسماعیل خاننی و تابع لرینی الیب ایلیغه قاچتی. قالماق خانی گالدان قونتاجی نیڭ پناهیغه سغینیب محمدامین خانغەقارشی قونتاجی دین یاردم تیلادی.

## سعیدیه ملی دولتی نیڭ ییقیلغانی

هدایته الله خوجه نیڭ یاردم تیلاگەنی گالدان قونتاجی نیڭ ارزوسیغه توغرا کلدی. چونکه اوزون زماندین بری التی شهرنی الماق گالدان نیڭ ارزوسی بولسەمو التی شهر مسلمانلری نیڭ اونددین قاتیغ مدافعه قیلماقی، و استیلا قیلغان تقدرده هم استیلاسی نیڭ دوام قیلماسلیقی دین قورقار ایدی. هدایته الله خوجه بولسه التی شهر مسلمان لری نیڭ پیری و پیشواسی بولغانی اوچون تولاراق خلق اڭا یاردم و اطاعت قیلیشی نی بیلور ایدی. بو سبب دین گالدان، هدایته الله خوجەغه تولا احترام لر قیلدی و قالماق لرده شرف عنوانی بولغان اباق عنوانی نی اڭا بردی. گالدان قونتاجی ١٠٩٠ هجری (١٦٧٩م) ده اباق خوجەنی آلدیغه سالیب آتمیشمیڭ قالماق عسکری بیلەن التی شهرغه یوروش قیلدی. محمدامین خان قاتیغ مدافعه قیلیب گالدان نی اقسوغه کیرگوزمای توختاتتی. لیکن اباق خوجەنیڭ تشویقی بیلەن کاشغر، یارکنددەکی جاهل مرید لری اغتشاش چیقار



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

غالي توردی لر. بو سبب دين محمد امين خان يارکندغه يانماق غه
مجبور بولدی . ارقه دين گالدان، اقسو و کاشغرنی مقاومت سيز الدی
و دولت طرفدارلرینی قتل عام قیلدی . اندین کین یارکندغه یوروش
قیلدی . محمد امین خان شهرغه قاماليب غايت قاتيغ مدافعه قيلدی
و گالدان يارکند شهرینی الماقدين اميدسيز بولدی . ليکن شهرايچيده
اباق خوجه نيڭ مريد لری خيلی تولا ايدی . بو مريد لر واسطه سی
بيله ن شهر ايچيده اغتشاش چيقاردی و بوخاين مريد لر "خوجم غه
دروازه نی اچتوق" ديب قالماق لرغه دروازه اچتی قالماق عسکر لری
شهرغه کيردی وانتهادرجه ده قتل عام و بولان تالان قيلدی .
محمد امين خان شهيد بولدی . بوصورت بيله ن ۱۷۰ ييل ليق
ملی اسلام دولتی يقيلدی .

## سعیدیه دولتی ده اداره تشکیلاتی وعسکرلیك ایشلری

سعيديه دولتی اوز زمانه سيده اوترا اسيانيڭ الڭ چوك
دولتی ساناﻟﻮر ايدی . چونکه بو دوره ده غربی تورکستان و شمال اولکه
لری پارچه لانيب کيچيك کيچيك اوزبك قازاق و قالماق خانليق لری و
بگليك لری دين عبارت بولوب قالغان ايدی . حالبوکه حاضرده شرقی
تورکستان دییلادورغان اولکه نيڭ التای و ایمیل دین باشقه تمامی
سعيديه دولتی نيڭ اداره سی استيده ايدی .

سعيديه دولتی، چوڭ بيرخانليق بولوب عمومی و رسمی
پايتختی يارکند شهری ايدی . ليکن داخلی اداره اعتباری بيله ن
ايکی مستقل اداره غه تابع ايدی . بيراداره يارکندده خان نيڭ اوردا
سيده بولوب کوچادين باشقه التی شهر ولايت لری توپ توغرا بو اداره
غه باغليغ ايدی . بو اولکه لرغه والی لر و حاکم لر تعين قيلماق، عزل
قيلماق بو اداره دين بولور ايدی . مالياتی هم تماماً خان نيڭ خزانه
سيغه الينور ايدی . ينه بير اداره تورپان عمومی والی سی نيڭ اداره سی
بولوب کوچادين قومول، بش بليق و غولجه غه چه چوزولغان اولکه لر

نيكڭ تمام داخلى ايشلرى و مالياتى بو اداره غه باغليغ ايدى. بو هر ايكى اداره نيكڭ اجرا اتى بير اصول و بير شكلده ايدى. عدليه و جزائيه ايشلرى شريعت قاضيلرى نيكڭ ايلگيده بولوب هر شهر و قصبه ده منتظم محكمه لر و تورمالر بار ايدى. ساقچى ايشلرى علاحده اداره لرغه تاپچورولغان ايدى. بو اداره لرنى غربى توركستان اصطلاحيغه تقليد قيليب كوتواللیق ياكه شحنه ليك دييلور ايدى. باش ساقچى نى ميرشب دييلور ايدى. بو اداره بك منتظم ايدى ماليات تريم يردين هر تاناب غه معين مقدارده قويولغان الوان، چاروا مالغه تعين قيلينغان اوت اوچى دييلادورغان الوان و تجارت ماللرى نيكڭ زكاتى و ير محصولاتى نيكڭ عشره سيدين عبارت بولوب بو مالياتنى خلق دين الماق و خزانه غه تافشورماق غه حاكملر مأمور ايدى لر. چاغاتاى دولتى دورى دەكى يورت خلقى نى صنف لرغه بؤلمك اصولى بو دولت دوريده قالدورولغان ايدى.

خان بولغان ذات هربيلى يورت نيكڭ بير طرفيغه سياحت قيليب خلقى نيكڭ دادى نى اڭلاماق و مأمورلرنيكڭ اجرا آتى نى تفتش قيلماق و لازم كورولگەن عمومى فايده لرغه تيگيشليك اداره لرغه يارليغ برمك دەك وظيفه لرنى ادا قيلماقنى خانلرنيكڭ تولا راقى خيلى مهم بير فريضه بيلور ايدى لر.

سعيديه دولتى ده عسكرليك ايشلرى ايلگريكى تورك دولتلريدەكى دەك زياده اهميتليك ايمس ايدى. چونكه بو دولت نيكڭ سياستى جهانگيرليك ايمس ايدى. فقط داخلى تينچليقنى تأمين اتمك سياستى نى توتقان سلمى (صلحچى) بير دولت ايدى. قوشنه لرى بولسه شرقى توركستانغه تعرض قيلغودەك قوتليك دولت ايمس بلكه كيچيك كيچيك بگليك لر ايدى و يالغوز شرقده چين امپراطورلوقى بار ايدى. او وقتدەكى چين امپراطورلرى بولغان ميڭ خاندانى ضعيف بير حالده بولوب شرقى توركستانغه تعرض قيلماق احتمالى يوق ايدى. منه بو سبب توغراسيدين سعيديه دولت خاندانى داخلى تينچليق غه كفايه قيلغودەك آز بير مقدارده عسكر ايشلاتور



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ایدی لر. بو عسکر هم ایکیغه ایریلغان ایدی. یارکندده، خان نیڭ اداره سی استیده، بیر نچه میڭ کشی لیك بیر قوت دایما تورار ایدی. والی لیق مرکزلریده هم مذکور اداره غه تابع بیر مقدار عسکر بار ایدی. هر یرده بیر اغتشاش چیقسه یارکندده کی قوت دین بیر مقداری نی ایباریب اغتشاش باسیقتورولور ایدی. تورپان عمومی والی لیقی نیڭ اداره سی استیده علاحده بیر نچه میڭ عسکر بار ایدی. شمالدین قالماق و جنوبدین کوکو اولکه سیده کی قبیله لرنیڭ تعرضیدین مدافعه قیلماق و ولایت تینچلیقی نی تأمین قیلماق مذکور عسکرلرغه تاپچورولغان ایدی. یالغوز عبدالله خان نیڭ زمانه سیده قالماقلر بك زیاده قوتلانیب شرقی تورکستانغه یمان خطر پیدا بولغان سببدین حربی ایشلرغه تولا اهمیت بیریلیب تولا و قوتلیك عسکر تیارلاغان ایدی. بو قوت سایه سیده خوقند و تاشکند خانلرینی حمایه استیغه الغان ایدی. لیکن کین لرده قالماقلردین بو عسکرلر قاتیغ مغلوب بولوب پراکنده بولدی و غایت درجه ده ضعیفلیقغه توشتی. بو سبب دین دورکه عبدالله خان اوز اوغلی دین مغلوب بولدی و کین چه دولت نیڭ ییقیلماقی هم عسکری ضعیف لیق نتیجه سیده واقع بولدی.

**اقتصادی احوال**

سعیدیه دولتی دوریده کی تینچلیق سایه سیده یورت نیڭ اقتصادی ایشلری قاراخانلر دوریده کی ایلغارلیق درجه سی غه یتتی. بو یوز دین شرقی تورکستان نیڭ ثروتی غایت درجه ده ترقی قیلدی. داخلی تجارت نیڭ انکشافی بك زیاده بولوب شهرلر و بازارلر مثل سیز ابادلیقده ایدی. خارجی تجارت خصوصیده او زمانه نیڭ اڭ مهم تجارتی شرقی تورکستانلیغ لرنیڭ قولیده ایدی. چونکه او زمانه ده صناعت و ثروت اعتباری بیله ن دنیا نیڭ اڭ یوقاری حصه لری بولغان چین و هندستانغه شرقی تورکستان کاروان لری دایما باریب کلمکده ایدی لر. شرقی تورکستان سوداگرلری چین غه التون، قاش تاشی، جواهر، خام، چکمن، یوڭ، تیره، و زیلچه الیب باریب ساتیب چین دین ایپك کیم

لیك لر و چینی قاچالر الیب كلور ایدی لر. هندستانغه كیگیز، خام، چكمن، التون و چین مال لریني الیب باریب او یردین دارو و عطریات (مورچ، دارچین و بو جنسلیغ نرسه لر) و كشمیر شالی الیب كلور ایدی لر. غربی توركستان، افغانستان و ایران مملكتلریغه خام، چكمن، زیلچه، تیمور، باقر (مس)، چین مال لری و آت الیب باریب ساتار ایدی لر. او یورتلردین هم مناسب مال لرني الور ایدی لر.

زراعت ایش لری نیك ترقی سی بو دولت دوریده اباد بولغان یورتلر و قازیلغان اوستك لر و كاریز لرنیك تولا لیقی دین اكلا نادور. التی شهرده چول لرغه اقیب كیتادورغان فایدا سیز یار و جیلغه سو لرینی بو دولت دوریده تاماً مُنتَظَم و صُنعی اوستك لر شكلیغه كلتوروب غایت تولا یر لرنیك اباد بولغانی یقینی صورتده معلوم دور. ختن و كریا اراسیده كی هانگوی، چیرا، گُلخمار و قاراقیر قصبه لری و بو لرنیك اطرافی و اراسیده كی یوز لرچه كنت لر، گوما، قارغالیق اطرافیدا تولا كنت لر، مركیت قصبه سی، مرال باشی، كلپین، اوچتورپان، و اقسو ابادی، كوچا یكی حصاری، شهیار، كاشغر فیض اباددین عبارت بولغان شهرلر و اطراف لریده كی كنت لر و عدد سیز زراعت یر لری تماماً سعید یه دولتی دوریده وجودغه كلگەن ویا ایلگری ویران بولوب بو دولت نیك فعالیتی بیلەن یكی دین آباد قیلینغان اولكه لر دور.

شرقی توركستان خلقی قدیمدین صناعتبابیده بك ایلگری بیر خلق بولغانی اوچون سعید یه دولتی دوریده كی تینچلیق سایه سیده بو یورت خلقی صناعت نیك منتها درجەده انكشافی نی حاصل اتتی لر. او دوره نیك معمارلیق اثرلری دین قالماق، خوجەلر، كانجوت و چین نیك تخریباتی دین قوتولوب زمانه میزغەچه كلگەن لری بك از بولسەمو او دورەدەكی معمارلیق صناعتی نیك هَنْدَسَه و نَقّاش لیق وباشقه فن لری او زمانه دەكی هر یردەكی معمارلیق دین كین قالمغانلیقی اكلانادور. فقط بیر عیبی بار كه التی شهرده عمارتغه تاش ایشلاتمای پشیغ كسك بیلەن عمارت یاساماق مجبوریتی، یعنی عمارت تاشی یوقلوقی سببی دین یوقاریقی دشمن لر او دورەدەكی عمارت لرني اسانلیق بیلەن ویران



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قیلدی. فقط زمانه میزغەچه بیر نچه مدرسه، حمام، مزارگنبدلری و جامعلر و مسجدلر قالمیش دور.

سعیدیه دولتی دوریده تیمور، باقر، کموش دین یاسال غان اوی اسباب لری و باشقه صناعت اثرلری حاضرده خلق نیڭ قولیده خیلی تولا تاپیلادور. او نرسه لرنی یاساماقدا کورسه تیلگەن اوستالیق و هنر حاضرقی دین کم قالمایدور. کانچی لیق ایش لری حکومت نیڭ مخصوص بیر کیریمی نی تشکیل قیلغان اوچون کانچی لیق صناعتی حکومت نیڭ نظارتی استیده تولا ترقی قیلغان. یکّی حصاردەکی تیمور کانی و کوچا اطرافیدەکی باقر کانلری و ختن، کریا، چرچن کانلری دین چیقاریلغان تیمور، باقر، التون یورت حاجتی دین اشیب خارجغه مهم مقدارده ساتیلور ایدی. بولردین باشقه قول صنعت لری دین خصوصاً زرگرلیك، توقوماچیلیق، زیلچەتوقوش، ایپکچی لیك، و کیگیزچی لیك صناعتی فوق العاده ترقی قیلیب بو صناعت لرنیڭ محصولاتی داخلی احتیاجات دین اشیب مهم مقدارده خارجغه ساتیلور ایدی. داخلدەکی هنرمندلردین باشقه هندستان، کشمیر و باشقه مملکت لردین تولا هنرمندلر کلیب، شرقی تورکستان نیڭ صناعت لریغه باشقه یورت لرنیڭ صناعت لری هم قوشولغان ایدی.

### معارف وادبیات

معارف و تعلیم او زمانه نیڭ اصولی غه مطابق بولوب مثلی کورولمگەن درجەده ترقی قیلغانلیقی معلوم دور. مکتب لردەتورکچه دینی و ادبی کتاب لر و بیر از فارسی اوقوتولور ایدی. مدرسه لرده عربچه اوّل درجەده اهمیت غه ایگه بولوب صرف و نحو، فقه و اصول فقه، حدیث، تفسیر، کلام، فلسفه علم لری تاماً عربچه کتاب بیلەن درس بیریلور ایدی. اخلاق و ادبیات فارسچه کتاب لر بیلەن درس بیریلور ایدی. دیمك که تورکچه انا تیل نی علم ساحه سیدین اوزاقلاش توروب قویماق شرقی تورکستان ده سعیدیه دولتی دوریده ایشلانگەن

بیر خطا ایدی. خانلر و دولت ادملری و یورت نیڭ بگ و بای لری طرفیدین شهرلرده، قصبه لرده، کنت و محله لرده یاسالغان مکتب و مدرسه لر و اولرنیڭ وقفلری حیرت قیلغوده ك درجه ده تولا ایدی. مونداغ بولماقی او زمانه ده کی معارف نیڭ اهمیتی و ترقی سی نیڭ فوق العاده ایکه نلیکی غه دلیل دور. سعیدیه دولتی دوریده شرقی تورکستان مدرسه لریده غایت تولا عالملر یتیشکه ن ایدی لر. بو عالملرنیڭ بعضی سی نی تاریخ رشیدی و انیڭ ذَیلیده ذکر قیلیب دور. ادبیات غه کلسك اگرچه مدرسه لرده عربچه و فارسچه ادبیات اهمیت لیك بولوب بو تیل لرده شعر سوزلاگه ن شاعرلر خیلی تولا بولسه مو تورکچه ادبیات هم اوز رُونَقْ و رواجی نی ساقلاب قالغانی معلوم دور. او زمانه نیڭ مشهور شاعرلریدین بولغان ختن لیك نوبتی نیڭ دیوانی پتیم (قول یازما) حالیده خلق نیڭ قولیده بار دور. باشقه بیر مونچه شاعرنیڭ اتلری تاریخ رشیدی و ذیلیده مذکور دور. مع الاسف من نَوْبَتی نیڭ دیوانی دین باشقه او زمانه شاعرلری نیڭ اثرلری نی کورمادیم. نوبتی نیڭ دیوانی غه کوره بوکشی نیڭ فضولی و نوایی ده ك اوچوق فکرلیك وحقیقی بیر متصوف ایکه نلیکی اکْلانادور. سعیدیه دولتی دوریدین زمانه میز غه چه کلگه ن پیتیم کتابلر بك تولا دور. قران، حدیث کتابلری وفقه وعلم کلام، عربچه، فارسچه دیوانلر شرقی تورکستان کاتبلری نیڭ قلم لری بیله ن بك تولا پتیلگه ن ایدی. بو اثرلرنیڭ حسن کتابتی و باش صحیفه لری ده کی کیمس (التون حل) و هر رنکده قیلینغان نقشلرده کی اُستالیق غه کوره او زمانه ده شرقی تورکستان ده کاتبلیق صنعتی دنیا نیڭ هر یریده کی دین هیچ کین قالمغانلیقی کورونادور.

**عمومی خلق نیڭ اجتماعی احوالی وروحیاتی**

اوترا عصرلرده تمام اسلام دنیاسیده تَصَوُّف مَسلکی نیڭ رواج تاپقانی و تصوّف شیخلری نیڭ عمومی خلق اوستیده کی تاثرلری تاریخده معلوم بیر مسئله دور. شرقی تورکستان ده بو تاثر فوق العاده درجه ده ایدی. چونکه حکمدار خانلر باشلیغ تمام دولت



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ادملری و خلق تصوف مرشدلریغه باغلیغ ایدی لر. بو مرشدلرنیڭ صادق و خلقنی اسلام اصولیغه دعوت قیلادورغان لری بك از ایدی. اولرنیڭ تولاسی عوام خلقنی اوزیغه رام قیلماق اوچون دینسیز لیق و مسلك سیزلیق و یالغان کرامتچیلیق و خانقاه ریاکارلیقی نی اوزیغه شعار قیلیب الغان دجّاللردین عبارت ایدی. بو یول بیلەن خلقنی اَوهام پرستلیك غه توشوروب اولرنی اوز غرض لری و دنیوی مقصدلریغه آلت قیلیب الماقده ایدی لر. بو نیڭ بیلەن خلق نیڭ کوب چیلیگی بولغان عوام و جاهللر بیر طرفدین اسلام اصولی نی اونوتوب اِلحاد و دینسیزلیق یولیغه توشتیلر. یعنی دنیا و اخرت نیڭ سعادتی نی مذکور مرشدلرنیڭ اختیاریده دیب عقیده قیلیب خدا و رسولنی اونوتماق و خدا و رسول نیڭ امرینی ترك اتیب مرشدلری نیڭ رضاسیغه هر نرسه سی نی فدا اتمك درجەده آزدیلر. بیر طرفدین تورکلوك خصوصیاتیدین بولغان وطن پرورلیك و ملت فداکارلیقی حسیاتیدین اوزاقلاشیب روح لری اولگەن انسانلر قتاری غه کیریب قالدیلر. بو دجال مرشدلرنیڭ بیر بیرلری بیلەن دنیوی منفعت تالاشماق لریدین توغولغان بُغض و حسد و نفاق اولرنیڭ مریدلری بولغان جاهل خلقغه سرایت قیلیب ملی و دینی بیرلیك یوق بولوب نفاق و عداوت عوام اراسیده عمومیلاشماقده ایدی. منه بو صورت بیلەن شرقی تورکستان خلقی نیڭ روحیاتی چوقور بیر ذلتغه توشوب یاتلرنیڭ قولیده اوزون مدت اسیر قالماقغه اوزلرینی تیارلاماقده ایدی لر.

## ٦ــ فصل

### شرقی توركستان غه قالماق استیلاسی

محمدامین خان شهید بولغاندین‌کین پوتون شرقی توركستان قالماق استیلاسی استیغه كیردی. گالدان قونتاجی تمام خلقی مسلمان بولغان التی شهرنی خالص قالماق حاکم لرنیڭ قولی بیله‌ن اداره قیلماقنیڭ مشکل‌لیکی‌غه توشونوب اباق خوجه‌نی التی‌شهرغه عمومی والی تعین قیلیب كاشغرده اولتورغوزوب قویدی. باشقه شهرلرغه اباق خوجه نیڭ توغقانلری بولغان خوجه لرنی حاکم تعین قیلدی. اباق خوجه نیڭ یانیده قالماقدین بیرنچه كشی‌لیك بیر اداره هیئتی و بیرنچه میڭ قالماق عسكری قویدی. باشقه شهرلر و علاقه لرغه حاکم بولغان خوجه لرنیڭ یانیده هم قالماقدین بیر نچه كشی و بیر مقدار عسكر قویدی. گالدان بو ایشلرنی توگتكه‌ندین كین ایلی‌غه یانیب كتتی.

منه بو صورت بیله‌ن التی شهر خلقی قالماق لر و خوجه لرنیڭ مشترك اداره سی استیده توبنده‌كی وجه بیله‌ن هیچ تاریخده كورولمگه‌ن بیر استبداد و ظلم استیده ایزیلیب فلاكت‌لیك بیر حیات یاشاماققه باشلادیلر. اباق خوجه باشلیغ خوجه لرده یالغوز والی‌لیق و حاکم‌لیق اتی غینه بولوب هر ایش قالماق لرنیڭ عسكری اداره لری‌نیڭ خواهلاغانیچه‌اجرا قیلینور ایدی. بو شقی خوجه لرنیڭ سعید یه دولتی دوریده‌كی عزت و نفوذلری قالمادی. قالماق لرنیڭ قولیده بیر استیلا **واسطه‌سی و اویونجاق بولوب قالدیلر. بونیك بلیله‌ن هم اوز موقعلرینی** ساقلاماق اوچون قالماق لرغه كوچوكلانماقدین‌باشقه‌بیرا یشغه‌توشونماس ایدیلر. بو وضعیت ١١٠٢ هده اباق خوجه نیڭ اولگه‌نی‌غه‌چه دوام قیلدی.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

شرقى توركستان‌ده قالماق ديب تونولغان تورك قبيله سى اصل‌ده التاى تاغلرى ايچيده اولتوروغلوغ اويرات اتليغ چوك بير قبيله دور. بولرنى چين تاريخ لريده ايلوت ديب يازادور. اوروپا مورخ لرى قالموق ديدور. شرقى توركستان ليغ لر بولرنى نيمه سبب دين قالماق ديگه‌نلرى معلوم ايمس دور. منه بو تورت ات بيله‌ن مشهور بولغان اويرات قبيله سى نيك كهنه تاريخلرى‌نى بيلمايميز. يالغوز چنگيز خان غه تابع بولوب انيك اۆلومى دين كين اوكتاى خاندانى‌غه واولر ييقيلغان دين كين چين‌ده‌كى قوبلاى خاندانى‌غه واولرد ين‌كين چين دين هيدا ليب چيقيب مغولستان‌ده تأسيس تاپقان قاآنليق‌غه تابع ايدى لر. تقريباً ٨٠٠ هـ (١٣٩٧م) دين باشلاب قالماق لر مغول قاآنليقى نيك اطاعتى دين چيقتى‌لر وكين لرده اوز يورت‌لرى نيك اطرافى‌غه تعرض قيليب بوگونكى اصطلاحده ايچكى مغولستان ديبلادورغان اولكه‌لرنى اليب بعضاً شرقى توركستان حدودى‌غه بعضاً چين حدودى‌غه تعرض قيلور ايدى لر. شرقى توركستان‌غه تابع بولغان ايكى اوگوز (حاضرقى التاى) وايميل (حاضرقى چوچك) اولكه لرى‌نى اشغال اتتى لر.

٨٥٤ هـ (١٤٤٩م) ده قالماق لر چين امپراطورى‌بيله‌ن اوروشوب امپراطورنى اسير اليب پيكين شهرى‌نى محاصره قيلدى لر. اخيراً چين امپراطورى تولا بير مقدار خراج برمك شرطى بيله‌ن صلح طلب قيلدى وبو شرط بيله‌ن مصالحه بولوب قالماق لر امپراطورنى قوياب بيريب چين‌نى بوشاتيب يانيب كلدى.

٨٦٠ هـ (١٤٥٤م) ده قالماق خانى ايسن‌خان مغولستان‌نى تماماً اشغال قيليب اوزى‌نى قاآن اعلان اتتى. ليكن بير ييل‌دين كين مغول‌لرانى مغلوب قيليب اۆلتوردى. بو نيك بيله‌ن قالماق لر نيك قوت‌لرى سنيب الغان يرلرى قول‌لريدين كتيب يالغوز اوز يورت‌لرى‌غينه قول‌لريده قالدى. ٨٨٥ هـ (١٤٨٠م) ده توريان عمومى والى‌سى كيپنك سلطان قالماق لرنى يمان مغلوب قيليب اولرنى ايكى اوگوز وايميل اولكه

لری دین هیداب چیقاردی. ۸۸۸ هـ (۱٤۸۳م) ده قالماقلر استقلال لری‌نی یوق اتیب مغولستان قاآنی دایان خان غه اطاعت قیلماقغه‌مجبور بولدی لر. بو نیك بیله‌ن هم قالماق لر یوقاریده ایتیلغان وجه بیله‌ن شرقی تورکستان حدودی‌غه بعضی وقت‌لرده هجوم قیلیب تالان قیلور ایدی‌لر. ۹۰۰ هـ (۱٥۹٤م) اطرافیده قالماق لرنی احمدالاچه خان قطعی صورتده مغلوب قیلیب شرقی تورکستان دولتی‌غه خراج برمك و تابع بولماق‌غه مجبور اتتی. مغولستان قاآن لیقی ییقیلیب طوایف الملوك شکلی‌نی الغان دین‌کین قالماق لر هم مستقل بیر خانلیق دولت قورد یلر ۱۰۰۰ هـ دین باشلاب قوتلانگه لی توردی لر. ۱۰٦۹ هـ (۱٦٥۸م) ده قازاق لر غرب طرفی‌غه ایلگریلاب قازاق لر بیله‌ن اوروشوب اولرنی مغلوب قیلیب ایرتیش و توبول دریالری اراسیده‌کی قازاق یورت‌لری‌نی اشغال اتتی‌لر. لیکن‌از مدتده ینه قازاق‌لرایلگیرله‌پ قالماق‌لرنی هیداب چیقاردی لر. ۱۰۷۰ هـ (۱٦۸۹م) اطرافیده قالماق لر شرقی تورکستان غه هجوم قیلغالی باشلادی لر. یوقاریده ایتیلغان وجه بیله‌ن عبد الله خان نیكٔ عسکرلری‌نی قاتیغ مغلوب اتیب ایلی و بش‌بلیق و تورپان اولکه لری‌غه استیلا قیلدی لر.

بو اراده تیبت‌بودائی لری نیكٔ مُبَلِّیغ‌لری قالماق و مغول مملکت‌لریده تبلیغ قیلیب قالماق لر شامان دینی‌نی ترك اتیب بودائی دینی‌غه کیرگه‌ن ایدی لر. قالماق‌خانلیق‌خاندانیدین گالدان اتلیغ بیری کیچیك وقتیده لهاسه غه باریب او یرده‌کی بیر بیری غه رقیب بولغان قیزیل کُلاهلیغ لا مالرو سریغ کلاهلیغ لا مالرنیكٔ تربیتی‌نی کوروب اخیراً سریغ کُلاهلیغ لا مالرنیكٔ مذهبی‌غه کیرگه‌ن ایدی. گالدان قالماق یورتی‌غه یانیب کلگه‌ندین کین تمام قالماق لر سریغ کلاهلیغ لا ما لرنیكٔ مذهبی‌نی قبول اتکه‌ن ایدی لر. دیمك که گالدان اوزی‌خانلیق خاندانی‌دین بولغان نیكٔ اوستیغه قالماق نیكٔ دینی و مذهبی‌پیشوا سی بولدی.[235]

گالدان ۱۰۸٦ هـ (۱٦۷٤م) ده خان بولدی، اوزی غه قونتاجی عنوانی‌نی الدی و تولا کوچلوغ بیر دولت قوروب قالماق یورتی‌نی و ایکی اوگوز، ایمیل و ایلی‌دین تورپان‌غه‌چه همه یورت‌نی



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئۆز ادارہ سیغه الدی. غولجەدە الماليقغه یاقين بير شهر بنا قيليب اڭا كورە (معبد) اتى نى بيريب اۆزيگە پايتخت قيلدى. گالدان موندين كين تيبت نى اوز نفوذى استيغه اليب سريغ كلاهليغ لامالر نيڭ چوڭى نى حمايه سيغه اليب اڭا دالاى لاما عنوانى نى بردى. حاضرغەچە تيبت دالاى لامالرنيڭ حاكميتى استيدە دور.

١٠٩٠ هـ (١٦٧٩م) دە يوقاريدە ايتيلغان وجه بيلەن گالدان قونتاجى التى شهرغه هجوم قيليب اباق خوجه نيڭ و جاهل مريد لرى نيڭ ياردمى بيلەن التى شهرنى الدى. اباق خوجەنى التى شهرغه عمومى والى تعين قيلدى. گالدان ١١٠٠ هـ (١٦٨٨م) دە تمام مغولستان نى الدى (١٩ نجى خريطه غه قاراسونلر). موندين كين چين امپراطورى كاڭشى بيلەن اوروش باشلادى. اخيراً ١١٠٩ هـ (١٦٩٦م) دە گالدان قاتتيغ مغلوب بولوب تمام مغولستان و قومول و باركولغه چين عسكرلرى استيلا اتتى. گالدان هم مذكور ييلدە اۆلوب اورنيغه نبره سى رابدان، خان بولدى. تورپان، ايلى، ايميل، التاى اولكه لرىنى اداره قيلدى. چين حكومتى غه خراج برمك صورتى بيلەن چين تابعتى نى قبول اتيب مذكور اولكه لرنى چين استيلاسيدين ساقلادى. التى شهر اولكه لرى هم قالماق نفوذىدين چيقيب كانجوتلوغ حمايه سيغه كيرگەن قارا تاغليغ خوجه لرنيڭ حاكميتى غه كيردى. بسيانى توبندەكى عنوان استيدە كيلادور.

١١٢٠ هـ (١٧٠٨م) دە رابدان قونتاجى قوتى نى اشوروب چين بيلەن اوروشوب چين استيلا قيلغان مملكت لرنى تماماً ياندوروب الدى. ١١٣٠ هـ (١٧١٨م) دە رابدان تيبت غه يوروش قيليب او يردەكى چين عسكرلرىنى مغلوب اتيب تيبت نى الدى و چين ياردمى بيلەن تيبت معبدى نى قوليغه الغان قيزيل كلاهليغ لاما (تاشى لاما) نى اسير قيليب دالاى لامانى ايكنجى قتيم تيبت معبديدە اولتورغوزدى. ليكن چين دين قوتليك بير عسكر كليب رابدان نى مغلوب قيليب تيبت نى تارتيب الدى. رابدان اوز دولت و قوتى نى چين مقابليدە محافظه قيليب اۆلدى.

رابدان قونتاجی اۆلگەندین کین اوغلی تخت دە اولتور
دی. ۱۱٤٤ ھ (۱۷۳۱م) دە چین امپراطوری یوکُچیك غەحرب اعلان
قیلیب انی مغلوب اتیب خراج برمکفە مجبور قیلدی. رابدان نیـــكٔ
اوغلی اولگەندین کین خانلیق خاندانی اراسیدە تخت تالاشی چیقیب
شهزادەلردین دوانسی‌بگ و امور سنابگ لر بیر بیری بیلەن اوروشوب
دوانسی‌بگ غالب بولوب امور سنابگ نی قاچوروب تخت دە اولتوردی.
امورسنابگ قاچیب پیکین غە باریب چین امپراطوری چی ئەنلوك دین
یاردم تیلادی. چی ئەنلوك اگا تولا یاردم عسکری قوشوب اوزاتتی. امور
سنابگ بو یاردم عسکری بیلەن کلیب دوانسی نی یوق اتیب اوزی خانلیق
تختیدە اولتوردی. چین نیكٔ یاردمچی عسکرلری یاردم ایشی توگیگەن
دین کین یانیب کتکەلی اونا مای یورتنی استیلا اتمك حرکتی غە باشلادی.
بو سبب دین ۱۷۵۷م دە امورسنابگ چین عسکرلری نی چیقارماق او
چون محاربە غە کیریشیب نتیجەدە چین عسکرلری تماماً اۆلتورولوب
یالغوز جاخو اتلیغ بیر قوماندان از غینە ادملری بیلەن قاچیب
قوتولدی. چین غە باریب واقعە نی چی ئەنلوك غە سوزلادی.

امپراطورچی ئەنلوك جاوخو نی تولا عسکر بیلەن ایلی غە
یوللادی. غالب بولغان تقدیردە تا قالماق یورتی (ایلی، ایمیـــل،
التای، غربی مغولستان) خلقی نی کاملاً قتل‌عام غە امر اتتی. جاو
خو، ایلی غە هجوم قیلیب امورسنابگ نی مغلوب قیلدی. امورسنابگ
سیبرغە قاچتی. چاوخو، مذکور اولکەلرنیك بیگناە خلقی نی قتل‌عـــام
قیلیب آشقانی نی اسیر قیلیب چین غە سوردی و تمام شهرلرنی ویــران
قیلدی. بو نیكٔ بیلەن مذکور یورتلر کاملاً ویران و خلق سیز بیر چول
حالی غە کلیب قالدی. بو صورت بیلەن قالماق دولتی ۱۱۷۲ هجری
(۱۷۵۷م) دە یقیلدی. قالماقلر بو کونغەچە چین حاکیمیتی استیدە
یاشاماقدە دورلر.[237]

گالدان قونتاجی نیكٔ زمانە سیدین اعتباراً شرقی تـــور
کستان نیكٔ تاغلیق منطقەلری غە قالماق کوچمنچی‌لری اقین حالیدە



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

کوچوب کلیب یرلا شمکغه باشلاغان ایدی لر. قاراشهر، بشبلیق، تور پان، قومول، بارکول و ایلی نیڭ تاغلریده‌کی یایلاغلرنی خلق دین تارتیب الغان ایدی لر. بو کونغه‌چه مذکور یایلاغ‌لرنیڭ تولاراق‌ساکن لری قالماق دور.

### آباق خوجه نیڭ اولادی نیڭ آراسیده مجادله

اباق خوجه اولگه‌ندین کین گالدان قونتاجی‌ا نیڭ اوغول لریدین بیری‌نی عمومی والی تعین قیلدی. ایلگریکی صورتده قالماق اداره‌سی دوام اتتی. یعنی خوجه‌لر اولقی مسلک‌لریده دعا گویلوق و یالغان‌کرامت ساتماق و خلقنی اوهام‌پرستلیک قاراڭغولیقی‌غه تیقماق ایشلریده بولوب یورت نیڭ اداره ایش‌لری‌نی تماماً قالماق‌نیڭ مسد نیت‌سیز مأمورلری عسکری اداره‌سی استیده قالیب ظلم و تخریب سیاستی بیله‌ن التی شهر خلقی‌نی ازمکده ایدی لر. مذکور ظلم‌لرغه چیدامای پات‌پات‌عصیان چیقارسه‌مو قالماق‌نیڭ قوتی و خوجه‌لر نیڭ نفوذی الدیده موفقیت‌سیزلیک بیله‌ن نتیجه‌لانیب‌عصیان باشلیغ لری بولغان عُلَما و یورت اصیل زاده‌لری قتل‌عام‌غه اوچراب قیریلور ایدی لر. بو اوترادە اسماعیل‌خان‌نیڭ اوغلی ارسلان خان هندستان غه قاچیب باریب‌اورنگزیب‌عالمگیردین قالماق خوجه‌لرنیڭ ضدی‌غه یار دم تیلادی.اورنگزیب یاردم برمکنی قبول اتمای ارسلان‌خان‌نیڭ تشبثی نتیجه‌سیز قالدی.

گالدان اۆلوب قالماق دولتی ضعیفلاشقاندا اباق‌خوجه نیڭ اولادی‌دین بعضی‌سی قالماق اطاعتی‌نی ترك اتیب اوزی‌نی التی شهرغه خان اعلان اتسه‌مو ینه بیر بعضی‌سی قالماق‌لر بیله‌ن بیرلا شیب خان بولغان خوجه‌نی مغلوب اتتی‌لر. بو خوجه قاچیب پامیر تاغلریده اولتوروغلوغ اصلی تیبت‌لیك کانجوت قبیله سیدین یاردم تیلادی. کانجوت‌لرنیڭ یاردمی بیله‌ن کاشغرنی الدی. بو ایکی فرقه خوجه لر اراسیده اوچ تورت‌ییل اوروش‌دوام قیلدی. قالماق‌دین یاردم الغان خوجه‌لرنی و تابع‌لرینی آق تاغلیغ، کانجوت‌دین یاردم الغان خوجه

لرنی و تابع لری نی قارا تاغلیغ دیبیلور اید . بو ایکی فرقه خوجه لرنیڭ بیر بیری نیڭ ضدی ده قیلادورغان پروپاگنده لر شونداغ قوتلیك ایدی که جاهل مرید لرنیڭ عقیده سی ده اڭ ثواب لیغ اولوغ غزات ینه بیر طرف غه منسوب بولغان کشی نی اۆلتورمك ایدی . اق تاغلیغ بولغان بیر مرید قارا تاغلیغ بولغان وطنداش و توغقان نی جهاد فی سبیل الله دیب اۆلتورمكدین هیچ تارتینماس ایدی . قارا تاغلیغ لر اق تاغلیغ لرغه هم شو معامله نی قیلور ایدی لر . بو صورت بیله ن اق تاغلیغ لر غالب بولغان ده التی شهر اولکه سی قالماق لرنیڭ وحشی لیق و ظلم لری استیده ایزیلور ایدی . قارا تاغلیغ لر غالب بولغانده کانجوت لرنیڭ بولان و تالان لری غه اوچراپ ویران بولور ایدی . و بعضی وقت لرده هر شهرده بیر خوجه مستقل بیر حکمدار بولوب یا اقتاغلیغ ویا قاراتاغلیغ نیڭ استیلاسی استیده قالور ایدی . اوزارالریده قان توکوشمکده ایدی لر . حتاکه ختن ده یعقوب خوجه اتلیغ بیر قارا تاغلیغ و یونس خوجه اتلیغ بیر اق تاغلیغ نیڭ بیر زمانده حکمدار بولغانی و و ایکولان نیڭ اراسیده کی اوروشلرده ختن خلقی نیڭ بیر نچه قاتا قتل عام بولغانی مشهور روایت دور .

١١١٤ هـ (١٧٠٢م) دین اعتباراً قارا تاغلیغ لرغالب بولوب تمام التی شهرنی اشغال اتتی لر . اق تاغلیغ لردین قلیچ دین ارتیب قالغان لری، دانیال خوجه باشلیغ لر، ایلی غه قاچیب رابدان قونتاجی نیڭ پناهی غه سغیندی لر . قارا تاغلیغ خوجه لر کانجوت لرنیڭ یاردمی و حمایه سی بیله ن حکومت قیلور ایدی لر . بو وقت ده کانجوت لردین سریغ قول و راکسام جلغه لری یارکند و قارغالیق تاغلری و حتاکه سانجو تاغلری نی خلق دین تارتیب الیب یرله شتی لر . کانجوت لرنیڭ او یرلرده بنا قیلغان قلعه لری نیڭ خرابه لری حاضرده تولا دور . کانجوت لر مذکور قلعه لردین پات پات یارکند ، قارغالیق، گوما ، ختن غه هجوم قیلیب خلق نیڭ اشلیق و مال لری نی بولاب الیب چیقیب کیتار ایدی لر . رابدان قونتاجی ، قوتله نگه ندین کین دانیال خوجه نیڭ اوغلی برهان خوجه نی قالماق عسکری بیله ن کوچاغه یوللاب او یرنی اشغال قیلیب تقریباً ١١٣٥ هـ (١٧٢٢م) ده بیر آق تاغلیغ حکومتی




ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

تشكيل قيلدى. كاشغر، ياركند و ختن قارا تاغليغلرنيڭ قوليده ايدى. بو ايكى فرقه نيڭ اراسيده تولا وقتلرده اوروش بولور ايدى. اخيراً ١١٦٤ هـ (١٧٥١م) ده آق تاغليغلر غالب بولوب قارا تاغليغلرنى يوق اتيب تمام التى شهرنى الدى لر. ليكن رابداننيڭ اوغلى كوچانى قالماقغه خذمت قيلغان كوچاليغ خوجه سىبگ غه بيريب برهانخوجه نى ختنغه و اينىسىنى كاشغرغه والى قيليب قويدى. برهانخوجه اسلام تربيتىنى هيچ كورمگەن و قالماق تربيتىده چوڭ بولغان جاهل بير ادم ايدى. چين امپراطورلرىغه تقليد قيليب خلقنى اوزى غه سجده قيلماقغه دعوت قيلدى. موڭا مخالف تورغانلرنى اۋلتوردى. بو كا اوخشاش هر تورلوك مجنونانه حكم لرى بار ايدى. بو مناسبت بيلەن ختنليك لر برهانخوجه و خاندانىنى سراك خوجه لر دير ايدى لر.

## آباق خوجه واولادى نيڭ دوريده شرق توركستان

اباق خوجه و اولادى نيڭ دوريده شرقى توركستان (التى شهر) نيڭ باشيغه كلگەن فلاكتلرنيڭ تفصيلاتىنى يازماق اوچون علاهده بير كتاب لازم دور. و بو قسقه كتابيمزده فقط خلاصه سينى يازاميز.

اباق خوجەنيڭ زمانەسيده التى شهرنيڭ اداره ايشلرى تماماً قالماق لرنيڭ قوليده بولوب اباق خوجه و انيڭ اتيده شهرلردە حاكم بولغان خوجه لرده هيچ بير اقتدار يوق ايدى. قالماق لر بولسه كوچمنچى و فقط جنگجوى بير قوم بولوب مدنيت سويه سى صِفر درجەسى ده بولغان لرى اوچون او چاغدا مدنيتنيڭ يوقارى درجه سيده بولغان و اسايشغه كونوب جنگجويلوقنى اونوتقان و داخلى بيرليكينى يوق اتكەن شرقى توركستان ملتىنى ظلم سيزاداره قيلماقى امكانسيزايدى. بو نيڭ اوستيغه قالماق لر غايت متعصب بودائى بولوب مسلمان لرغه فوق العاده دشمن ايدى لر. بو سببلردين قالماق لر شرقى توركستان مسلمان لرىغه قوللريدين كلگەن ظلم لرنى ايامای قيلور ايديلر دينى و علمى تشكيل لرنى ويران قيلماق اولرنيڭ مذهبى تعصب لرى نيڭ بير فريضه سى ايدى. خواهلاغان كشىنى اۋلتورمك و قليچ كوچى




۱۹- نچی قالاق دولتی

مقیاس ۱-١٠,٠٠٠,٠٠٠

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

بیله‌ن خواهلاغان نیڭ ناموسی‌غه تعرض قیلماق و مالی‌نی الماق بولر نیڭ طبیعی عادتلریدین ایدی. اباق‌خوجه نیڭ بو ظلم‌لردین‌هیچ پرواسی یوق ایدی. انیڭ تمام قیلادورغان ایشی بیر طرفدین خلق نیڭ قالماق غارتی‌دین اشیب قالغان مال‌لری‌نی دُعا یالغان کرامت و بویاما تَصَوّف حیله‌لری بیله‌ن الماق و خلق‌نی اوهام پرستلیک غه تو شوروب اولرنی اوزی‌غه رام و مطیع قیلماق، بیر طرفدین قالماق لرغه تَمَلّق قیلیب اوز منصبی‌نی محافظه اتمك ایدی. الحاصل‌بوادم میلیون لرچه مسلمان لرنیڭ مُقَدّراتی‌نی اوزی نیڭ شخصی منفعتی اوچون فدا قیلغان چوڭ بیر خاین ایدی.[238]

اباق خوجه دین‌کین انیڭ اولادی‌نیڭ دوریده حکومت قیلغان خوجه لر اباق خوجه نیڭ یوقاریقی مسلکیده‌بولغانیدین‌تاشقری بولر بیر بیری‌غه دشمن ایکی فرقه بولوب عوام خلق‌نی اوز منفعت‌لری اوچون بیر بیری‌غه دشمن قیلیب بو تاریخی بیر ملت‌نی ایکی غه‌ایریب بیر بیرلری بیله‌ن اوروشتورماقده ایدی لر. دنیاده موندین چوڭ خیانت یوق دور. بو نیڭ اوستیغه بو ایکی فرقه خوجه لرغه خارجدین‌یاردم بیرادورغان قالماق و کانجوت‌لر مدنیت‌سیز و عمومی مسلمان‌لرغه قاتیغ دشمن و اولرنی اۆلتورمك و تالاماق‌غه غایت حریص قوم‌لر ایدی لر. بو یاردمچی‌لرنی بو خوجه لر یالغوز اوز حرص و منفعت‌لری‌نی کوزلاب شرقی‌تورکستان خلقی‌نیڭ اوستیغه مسلط قیلدی لر. اباق‌خوجه و اولادی علما و منور وطن پرورلرنی نهایت یمان دشمن توتار ایدی لر. اوزلری ویاکه حامی‌لری بولغان قالماق ویا کانجوت واسطه سی بیله‌ن اولرنی یوق اتتی‌لر. چونکه خوجه لرنیڭ و حامی‌لری‌نیڭ ضدی‌غه انقلاب چیقارماق و جاهل خلق‌غه یخشی و یمان‌نی بیلدورمك و خوجه لرنیڭ ملت‌غه خائین دجّال بیر عنصر ایکه‌نلیکی‌غه خلق‌نی توشوندورمك غه کوشش قیلماق علما و منور صنف لرنیڭ ایشی ایدی. بو صورت‌بیله‌ن خوجه لر نیڭ نفوذی‌نی ییقادورغان اڭ مهم دشمن لری اولر ایدی لر.

منه بو خوجه لرنیڭ خیانتی و حامی‌لری نیڭ وحشی‌لیقی و ظلمی سببیدین شرقی‌تورکستان‌نیڭ سعیدیه دولتی دوریده‌کی مثل

سیز بای‌لیقی و ابادلیقی و نهایت یوقاری مدنیتی و معارفی‌اوت‌غه توشکه‌ن پاخته‌ده‌ك یوق بولماقده ایدی . ملت غایت مدهیش بیرفقیر لیق و وطن نهایت یمان بیر خراب‌لیق فلاکتی‌غه توشتی . جهالت قاراڭغولوقی شودرجه‌ده زیاده بولغان ایدی‌که برهان‌خوجه نیڭ وقتی ده مُبَیّنَ غه درس‌برگه‌ن کشی الڭ چوڭ عالم سانالور ایدی.[239]

اباق خوجه و اولادی نیڭ ۸۲ ییل دوام قیلغان‌قانلیغ بیقفوچی و یاقفوچی وحشی‌لیك دوره سیده شرقی تورکستان‌خلقی نیڭ باشیغه کلگه‌ن فلاکت نیڭ مثلی هیچ بیر تاریخده کورولمگه‌ن‌بیر دوام لیغ‌بد بخت‌لیق ایدی . بو فلاکت‌نی یوق اتمك ملت‌و وطن‌نی بلا دین قوتقوزماق اوچون هر زمانده خوجه لرنیڭ و حامی‌لرّنیڭ ضدی غه خلق باش‌کوترمکده ایدی . لیکن خلق‌نیڭ اکثریتی‌نی تشکیل قیلغان جاهل مریدلر خوجه لرنیڭ پروپاگنده تاثیری بیله‌ن وطن پرورلر غه مخالف توروب قالماق و کانجوت‌لر قوت‌کورساتیب تورغان سببدین او ملی قیام‌لر ملت‌و وطن‌نیڭ فایده سی‌غه بولمای‌مدهیش‌قتل‌عاملر و تخریب‌لرغه سبب بولوب ملت و وطن‌نیڭ ضَرَری‌غه نتیجه برمکده ایدی .



١٦-عصرده قیافت . شیتسوی سیزغان . خانتگری، ١٩٧٨ .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

# اوچونجی باب

## شرق توركستان غه چین استیلاسی دوری



چې ئەن لوڭ (١٧٩٥- ١٧٦٣)



زوزوڭ تاڭ   زو زوڭ تاڭ (١٧٧٦)



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمى ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

# بیرینجی بولوم

## بیرینجی چین تعرضی

۱۳٤ھ (۷۵۲م) دین باشلاپ چین استیلاسیدین قورتولوب میڭ التی ییل چین تعرضی دین خاطرجمع یاشاغان شرقی تورکستان خلقی، ۱۱۷۲ھ (۱۷۵۸م) دین باشلاپ ینه چین استیلاسیغه مُبتلا بولغالی باشلادی. توبنده شرقی تورکستان غه چین اِستیلاسینی و آرادا اۆتکەن ۱۷٤ بییلیق مدت ایچیده بو استیلا غه قارشی خلق نیڭ کۆتەرگەن تورت عمومی انقلاب نیڭ واقعه لرینی بیان قیلامیز.

شرقی تورکستان خلقی نیڭ قالماق، کانجوت و خوجه لر نیڭ ظلمیدین قوتولماق اوچون ملی قیام و قوزغولاڭ لری بیر نتیجه بەرمیگەن. خلق، بو بالا و عافت دین قورتولماق غه چاره تاپالمای تورماقده ایدی. بو ظلم و تهلیکه دین قورتولماق اوچون باشقا بیر قوتلیك دولت نیڭ یاردیمینی اِزلەمەکدین اۆزگه چاره یوق دیب توشونگەن لر هم خیلی تولا ایدی. بورهان خوجه نیڭ اخیرقی دوره سیده خوجه لر و قالماق لر، یورت نیڭ بای آدم لری نی اۆلتوروب مال لری نی ایگەلەگیلی باشلادیلر. بو آرادا چین امپراطوری چیئەنلوڭ، یوقاریده ایتیلغان وجه بیلەن قالماق لر نیڭ اۆز آراسیده کی مجادله لری غه آرالاشماق غه باشلاغان ایدی. بورهان خوجه نیڭ

چانگالیدین هر شهردین بیر ایکی کته ادملر قاچیب قوتولوب اون دین تولاراق کشی چین حدودیغه باردی. چین مأمورلریغه خوجه لر و قالماق لرنیڭ ضدیغه یاردم تیلامك اوچون چینغه بارماق مقصدی بیلەن کلگەنلیك لرینی بیلدوردی لر. الحاصل بو کشیلر بیجینغه باردی لر و امپراطورچیاَنلوڭ بولرنی اۆز حضوریغه قبول اتتی. قالماق و خوجه لرنیڭ قوتلری و شرقی تورکستان خلقی نیڭ احوالی خصوصیده بولردین معلومات آلدی، شرقی تورکستان ملتینی قالماق و خوجه لرنیڭ ظلمیدین قوتقوزماق وعدەسینی بردی و اولرغه احترام قیلیب یخشی مهمان خانه لر و خراجات تعین قیلدی. بو کشی لر اوچ تورت ییل بیجینده قالدی لر.

١١٧١ هـ (١٧٥٨م) ده امپراطورچی ئەنلوڭ،آمورسنابگ بیلەن اوروشماق اوچون جاوخوینی عسکر بیلەن ایبارگەن وقتده مذکور شرقی تورکستان لیغ کشی لرنی جاوخویغه قوشوب شرقی تورکستانغه یوللادی. چاوخونی ایلینی الیب و قتل‌عام قیلیب فارغ بولغونچه مذکور کشی لر التی شهر و توریانغه مخفی صورتده ادملر یوللاب چینحکومتی نیڭ عدالتی و انصافینی مبالغه بیلەن اکُلاتیب "چین عسکرلری خالص شرقی تورکستان خلقیغه یاردم قیلماق اوچون کلدی" دیب تشویقات قیلدی.بو پروپاگنده خلقغه تولا تاثیر قیلدی و بو تاثیر نتیجه سیده ایلگری قالماق و خوجه لرغه خذمت قیلیب کوچا حاکم لیقینی تاپقان خوجەسی بگ،بیر کیچه باسقونی بیلەن کوچادەکی خوجه لرنی و قالماقلرنی توتوب اسیر قیلیب چاوخوی نیڭ آلدیغه باردی. ینه بو پروپاگنده نتیجه سیده توریان و کوچا خلقی چین عسکریغه مهم صورتده یاردم قیلغانلری یوزیدین بو یورتلر اوروشسیز چین قولیغه کیردی.

١١٧٢ هـ (١٧٥٧م) ده جاوخوی کاشغرغه یاقین کلگەندە خوجه لر و کاشغر- یارکنددەکی آق تاغلیغ مُرید لری،جاوخویغه مغلوب بولوب تولاراقی اۆلتورولدی. بیر مونچه خوجه لر و آق تاغلیغ لر فرغانه غه قاچتی لر. برهان خوجه باشلیغ توقوز خوجه سریغ قول یولی بیلەن بدخشانغه قاچتی لر. جاوخوی، یارکند و ختننی اوروشسیز الدی.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

موندین کین جاوخوی کوچالیغ خوجه سی بگ و چین غه بارغان کشی لر دین ختن لیك خوش کپك بگ باشلیغ بیر نچه یورتکته لری نی بدخشان امیری نیك الدیغه یوللاب خوجه لرنی طلب قیلدی . هم بدخشان حدودی (سریغ قول) غه تولا عسکر ایبار دی . بدخشان امیری قورقوب خوجه لرنی خوجه سی بگ و خوش کپك بگ لرغه تافشوردی . بگ لر، خوجه لرنی اۉلتوروب باشلری نی الیب جاوخوی غه کلتوروب بردی لر . بو ایش لرتمام بولغاندین کین چاوخوی ایلی غه یانیب باریب او یرنی پایتخت قیلدی . شرقی تورکستان غه والی بولدی . بو استیلاده ایلی پایتخت بولغان منا سبت بیله ن چین لیغ لر شرقی تورکستان غه ایلی خوات قوید یلر (ایلی جیلغه سی یا ایلی دریاسی دیمکدور)

## ۱ــ فصل

### چین استیلاسی تاریخی دین ۱۲۳۲ هـ غه چه کی مدت ایچیده شرقی تورکستان ملتی غه بولغان ظلم لر

شرقی تورکستان غه چین استیلاسی "اورغوچی دین قاچیب اۉلتورگوچی غه اوچرادیم" دیگه ن خلق ضرب المثلیغه اویغون بلادین قوتولوب علاج سیز بیر قضاغه توتولماقدین عبارت ایدی . حادثه شوندور :

یوقاریقی وجه بیله ن شرقی تورکستان غه چین استیلا قیلغاندین کین امپراطور چی ان لوك، چاوخونی نی مطلق و حدودسیز اختیارات بیله ن شرقی تورکستان غه عمومی والی تعین قیلیب جاڭجوك عنوانی نی بردی . چاوخونی، تمام یورت نی اتوز آلتی قسم غه بولوب هربیر قسیم اوستیغه بیر امبان (حاکم) تعین قیلدی . بو صورت بیله ن شرقی تورکستان نیك چوك کیچیك همه ایش لری توپ توغرا چین


لیغ لرنیڭ اداره سیفه باغلاندی. هر شهرده کافی مقدارده عسکر قویدی. چاوخونی ایلی نی جاگجوگلوق مرکزی قیلیب ایلگریکی قالماقلر نیڭ پایتختی بولغان کوره شهری نیڭ جنوبی ده بیر شهر بنا قیلدوروب اولتوردی. مذکور شهرنی چین لیغ لرنیڭ نیمه ات بیله ن آتاغانلیقلری نی بیلمایمیز[2] اما تورك لر او شهرنی چَنْفَن شهری دیر ایدی لر. بو شهرنیڭ خرابه لری کوره و غولجه اراسیده باردور. بو چین استیلاسی دوریده شرقی تورکستان حاضرقی دین کگرو راق ایدی. ایلی ولایتی منطقه سی تا بالخاش کۆلی غه چه، و اسیغ کۆل نیڭ شرقی غه چه بیته سو اولکه سی هم شرقی تورکستان غه داخل ایدی (۲۰ نجی خریطه)

چین لیغ لر، چین اصولی چه حکومت بنالری و باجخانه لر بنا قیلدورماق اوچون یورت نیڭ تاریخی بنالری بولغان حکومت عمارت لری، مزار گُنبَذ لری، جامع لری، مدرسه لری و حمام لری نی بیقتوروب اولر نیڭ یاغاچ و تاش و کسك لری نی اوز لری نیڭ سالدورغان حکومت بنالری و باجخانه لری غه ایشلاتتی لر. تولا جامع و مسجد لرنی ویران قیلیب اورنیغه بُتخانه بنا قیلدی لر. خلق نیڭ اۆی لریدین یاراغاننی تارتیب الیب عسکرخانه قیلدی لر. اشقانی نی چین مهاجرلری غه بردی لر. یورت ده کی نفوذلوغ و بای ادم لرنی هر قسم اتهام لر بیله ن اۆلتورمك و تعلقاتی نی مصادره قیلماق چاوخونی نیڭ اك دوام لیغ ظلم لری دین ایدی. بو سبب دین تولا کشی لر فرغانه، بدخشان و هندستان غه قاچتی لر.

خلق دین الادورغان مالیات غایت اغیر ایدی. ادم باشی غه بیر مقدار الوان قویوب هر ییلده بیر دفعه الور ایدی. بونی خلق چوقا پولی دیر ایدی لر. زراعت قیلینغان ویا قیلینمغان هر ایگه لیك یر توغراسیدین هم پول هم اشلیق هم سامان هم اوتون الور ایدی. بو نیڭ اۆستیغه تۆرلۆك فوق العاده الوان لر الور ایدی. هر حیوان اۆچون ییلده بیر نوبت بیر مقدار پول الور ایدی. بو نیڭ اۆستیغه یای لاغ پولی اتلیغ علاحده بیر الوان بار ایدی. منقول و غیر منقول هر ساتیلغان نرسه دین یوزده اللیگ دین یوزده اوتتوزغه چه باج الور ایدی



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى


چین استیلاسی و
اوترادەکی ایکی انقلاب
دورەلریده شرقی تورکستان
حدودی
تنكرى تاغ
آلتون تاغ

تجارت چین‌لیغ لرنیڭ انحصاری‌ده بولوب یورت خلقی تجارت‌دین محروم ایدی. آزی بیر کونلوك سفر اوچون بیر مقدار پول حکومت‌غه بیریب پول خطی الماق لازم ایدی. بو ایش‌لر بولسه استیلانیڭ ابتداسیده‌کی اجراآت‌دین عبارت بولوب اهسته‌اهسته اشورلاد ورغان ظلم‌لرنیڭ خبرچیسی ایدی. استیلا تاملانغاندین کین امپراطورچی‌انلوك، ایلگری چین‌غه بارغان و استیلا وقتیده خذمت قیلغان بیرنچه کشی‌نی بیجین‌غه قیچقیریب اولرنی اوز حضوری‌غه قبول قیلیب اولرغه خذمت لری و یورت‌ده‌کی شخصیت‌لری‌غه قاراب مرتبه‌لر تعیین اتتی. بیرنجی مرتبه‌ده‌کی اُرواك، ایکنجی مرتبه‌ده‌کی‌غه چیڭ واك، اوچونجی مرتبه‌ده‌کی‌غه واك، تورتنجی مرتبه‌ده‌کی‌غه گوڭ عنوان لری‌نی بردی. علاحده بیردین تامغا هم بردی. بو عنوان مانچو خاندانی‌دوریده اڭ چوڭ شرف عنوان لری بولوب عموماً شهزاده معناسی‌نی افاده قیلادور و اوروپاده‌کی گراندوُك، آرش‌دوُك، دوك عنوان لرغه توغرا کیلادور. بو شرف عنوان لری‌غه ایگه بولغان بگ‌لر توپ توغرا امپراطورنیڭ سیادتی استیده بولوب والی و حاکم لرنیڭ بولرنیڭ اوُستیغه هیچ بیر حاکمیتی بولماسلیق، ایکی اوچ ییلده بیر نوبت امپراطورنیڭ زیارتی‌غه بارماق، اوزلری و خاتون لری و اوغول‌لری‌غه دایمی معاش‌بیریلمك، بو رتبه وعنوان‌لر اوچون ولیعهد (تایجی) بەلگولیمك کبی حقوق بیریلگەن. هربیریغه پوتون‌بیریورت ویا بیرنچه کنت‌لرنی مُلك قیلیب بیریلگەن ایدی بو یورت وکنتلرنیڭ خلقی موبو قسیم بگ لرنیڭ قوُل‌لری سانالور ایدی. مذکور عنوان لرنی جَلدُ و لوغ منصب دییلور ایدی. بونیڭ اوُستیغه امپراطورنیڭ امری بیلەن آلتی شهرنیڭ شرقی ایشیکی بولغان اوشاق تال قصبه سیده بیر بُتخانه بنا قیلیب بو معبدده مذکور بگ‌لرنیڭ هیکل لرینی ارونلاشتوروب اوُتکەن کچکەن ادم‌لر مذکور معبدغه کیرمك و او هیکل لرنیڭ الدیده ایگیلمك غه مکلف ایدی لر. بو بگ لرنیڭ یوقاریقی امتیازلری تاشیده حکومت ایش‌لری‌غه ارالاشماق‌غه حق‌لری یوق ایدی. اولرغه بیریلگەن امتیازلر بیر طرفدین اولرنیڭ خذمتی‌غه مکافات بولسه‌مو ینه بیر طرفدین خلق‌نی اولوغلر (اریستوقرات) صنفی و

اوشاق لر صنفی غه ایریماق سیاستی غه یول اچماق و بو نیڭ بیله ن چین استیلاسی نی محکم لاشتورماق مقصدی ایدی.[3]

بو سیاست ده چین لیغ لر منتها درجه ده موفق بولدیلر. بگلر بیجین دین یوقاریقی امتیازلرنی الیب کلگه ندین کین یورت ده کی عزت پرست و وجدانسیز بعضی ادم لر چین غه اخلاص کورساتیب خذمت قیلغالی توردی لر. چین حکومتی هم بو اخلاصمند لرغه هر قسم عنوان لر بیریب پوتون کنت لرنی دهقان لری بیله ن قوشولوب اولرغه انعام قیلغالی باشلادی. بو صورت بیله ن مونداغ جلد و لوغ منصب (امتیازلیغ رتبه) کوندین کونگه تولا بولوب از زمانده زراعت یر لری و حیوان لرنیڭ تولاسی چین غه مخلص بولغانلرنیڭ مُلکی، دهقان و پاتاچی لر نیڭ تولاسی اولرنیڭ خذمتچی لری بولدی. اولرنیڭ یر و حیوان لری نیڭ الوان لری باشقه آزاد دهقان و پاتاچی لرغه یوکلاندی. و بو آزاد لر یر لری نیڭ و حیوان لری نیڭ حاصلاتی نی حکومت الوان لری غه یتکوز المای هر قسم ظلم و اچلیق غه معروض بولوب قالدی لر. بو اوچون بو بیچاره لر یا یر و حیوان لری نی تاشلاب یورت دین قاچماق ویاکه امتیاز لیغ لرغه یالواریب یر و حیوان لری نی اولرغه بیریب اۆز لری خذمتکار بولوب جان ساقلاماق غه مجبور بولدی لر. بو نیڭ بیله ن تمام یر و یایلاغ و حیوان لر چین غه خذمت قیلیب امتیاز الغان لرنیڭ و اولرنیڭ توغقانلری و دوست لری نیڭ مُلکی و تمام دهقان و پاتاچی لر اولرنیڭ خذمتچی لری بولدی. بو صورت بیله ن شرقی تورکستان خلقی ایکی صنف غه ایریلدی. بیر صنفی مذکور امتیاز ایگه لری بولغان اولوغلر: بو لر نیڭ ایگه لیق حق لری غایت مکمل صورتده ایدی. ینه بیر صنفی اوشاق لر یاکه قاراچوقلر ایدی. بو لر اولوغ لرنیڭ خذمتچی لری بولوب هر حق دین محروم ایدی لر. اولوغلر هم ایکی صنف ایدی لر. بیری جَلْدُ و لوغ منصب ایگه لری بولوب حکومت غه هیچ نرسه برمای بلکه الادورغان لر ایدی. ینه بیری جَلْدُ ولوغ منصبی یوق بولوب اوز قول استیده کی تمام یر و حیوان و دهقان و پاتاچی لرغه کیلادورغان حکومت

الوانلرىنيكٔ بدليده معين مقدار پول يا اشليق تولهمكنى گرده نيفه الفان ايدى لر. اولوغلر يرلرىنى و حيوان لرىنى ساتسه لر دهقان و پاتاچى لرى بيلهن قوشوب ساتار ايدى لر. اولوغلر هر حقغه ايگه بولوب قول لرى استيدهكى وطنداشلرنى اوز لرى ايستگهندهك ايشلاتا بيلور ايدى. اولوغلردين باشقه اوشاق لرنيكٔ هيچ حق لرى يوق ايدى و فقط اولوغلرغه خذمت قيليب اولرنيكٔ ظلم و استبدادلرى ويا رحم و شفقتلرى استيده جان ساقلاماقغه مجبور ايدى لر. اولوغلر اوز لرى نيكٔ بو امتياز لرىنى چين حكومتى نيكٔ احسانى ديب بيليب چينغه انتهادرجهده اخلاصكار و وفادار ايدى لر. بو صورتبيلهن اولوغلر، چين حكومتى نيكٔ قوٗللرى و اوشاق لر: قاراچوق اتى بيلهن اولوغلرنيكٔ قوٗللرى بولوب پوتون ملت قاتماقات قوٗللوق زنجيرىغه باغلاندى[4]

چين حكومتى نيكٔ شرقى توركستانغه استيلاسى نى دايمى لاشتورماق اوچون قيلغان ينه بير ايشى چَنْفَن لرنى شرقى توركستانغه كوچوروب يرلهشتورگهنى ايدى. شرق اويغور لرى نيكٔ مغولستاندهكى دولتى (٢٢٥-٢٦٦ه (٧٤٤-٨٤٠م) بيقيلغان چاغده اويغورلر نيكٔ بيرقسمى شمالى گانسوده سدچين نيكٔ ايچى و تاشيدهيرلهشكهن ايدى. بولر زمان اوتكهنچه مدنيتلرىنى و توٗركلوٗكلرىنى اونوتوب چينلاشيب قالغان. اوٚز لرىنى چين قوم لريدين ديب بيلمكده بولغان بو خلق جگجوى ايدى لر. بولرنى چينليغ لر چىاكٔ فاكٔ (وحشى اويغور) دير ايدى لر، بولرنى شرقى تورکستانليغ لر چنفن دير لر. چين حكومتى بو چنفن لردين يوز ميكٔ اوٚيلوك دين زيادهراق لرىنى كوچوروب شرقى توركستان اوٗلكه لريده يرلهشتوردى ، خصوصا″ نفوسى ازقالغان ايلى ، يته سو، بشبليق اوٗلكه لريده تولاراق يرلهشتوردى. بو چنفن لر نيكٔ امتيازى بك كگٔرو ايدى. حكومت اولرغه بك تولا يارد م لر قيلور ايدى و مسلمان لرغه هر قايداغ حقسيزليق قيلسه لر بوگٔا جزا كورمس ايديلر . چين نيكٔ اكٔ قوروغلوق يريده اولتوروب فقيرليق نيكٔ غايت يمان حالتى بيلهن تريگليك قيلادورغان چنفن لر شرقى توركستان دهكى دولت و راحت نى اكٔلاب چيندين اقين حاليده شرقى توركستان غه



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

هجرت قیلماقغه باشلادی لر. باشقه چینلیغ لر هم سل دهك شرقی توركستانغه كوچوب كلگه‌لی باشلادی لر. بو نیكٔ بیله‌ن شرقی توركستان ده چین قوتی مدهیش صورتده زیاده لاشتی[5].

ایلی، یته سو، بش‌بلیق اولكه لری‌نی اباد قیلماق اوچون چنفن لر و چین مهاجرلری كفایه قیلمای جاكُجوكٔ چاوخونی، التی شهر و، تورپان خلقی دین بیرر یوز مسیكٔ اویلوك نی كوچوروب ایلی و یته سوده یرله‌شتوردی. بو لرنی یوز اویلوك یوز اویلوك غه ایریب هر یوز اویلوك نی بیر علاقه ده یرله‌شتوروب او علاقه‌نی اباد قیلدی لر. بومهاجرلرنی تارانچی دیلادور. (قدیم شرقی توركستان لهجه سیده دهقاننی تارانچی دیولور ایدی. دیوان‌الغات الترك[6]). رودلوف نیكٔ بوتارانچی‌لرنی علاحده بیر تورك قبیله سی دیب یازیب دور. بو توغرا ایمس. بلكه بو سوز، روس لر نیكٔ تورك ملتی نی پارچه لاماق سیاستی دین توغولغان بیر اویدورماسی بولسه كرك دور. حاضرده هم تارانچی علاقه لری یوز اتلری بیله‌ن تونولادور. مثلا تورپان‌یوز، جلیل‌یوز، عبدالرحمان‌یوز، كپك یوز، و باشقه لر غولجه نیكٔ معروف كنت لریدین دور[7].

چین حكومتی نیكٔ ینه بیر ایشی شرقی توركستان خلقی نی چینلاشتورماق اوچون قیلغان تشبث لری ایدی. لیكن بو تشبث لریده موفق بولالمادی لر. چین حكومتی اولاواكٔ لر و گوكٔ لر باشلیغ اولوغلر نی چینچه كیم كیمك و اوزون ساچ قویماق بیله‌ن چین قیافتی غه كیرمك غه تكلیف قیلدی لر. بو لر اوٚز امتیاز لری‌نی ساقلاماق غرضی بیله‌ن چین حكومتی نی خوش قیلماق اوچون بو تكلیف نی قبول اتتی لر. دایما اوشبو قیافتده بولدیلر. اندین كین چین حكومتی عید نمازی، جمعه نمازی و بش نماز نی جماعت بیله‌ن اوقوماق دین و موندین باشقه اسلام شعاریدین توسماق، مكتب و مدرسه لرده اسلام علم لری‌نی اوقوتماقدین منع قیلماق و بعضی مسلمان لرنی بت غه سجده قیلماقغه مجبور قیلماق و یاش‌باله لرنی مجبوراً چینچه اوقوتوب چین تربیه‌سی بیله‌ن چوكُوتماق و شراب، افیون، توكُفوز گوشی غه عادتله‌ندورمك و موكَا اوخشاش هر خیل جبر و حیله لرغه تشبث قیلدی لر. لیكن مه‌یلی اولوغلر و مه‌یلی

اوشاق لر چین نیكْ بو تشبث لری نیكْ مقابلیده محكم توروب ، ظلم غه صبر قیلیب توركلوك و مسلمانلیق لری‌نی محافظه قیلدی لر و چینلاشماق تهلكه سی دین قوتولدی لر. چین حكومتی نیكْ بو تشبثی و ملت نیكْ اكا مقابل توروب بعضی وقت لرده بعضی اولوغلر و اوشاق لر اغتشاش هم چیقاریب توروشی قاتیغ بحرانلیغ بیر حیات شكلیده امپراطور چیان لوكْ تخت دین توشكونچه‌لیك دوام قیلدی. چی ئه‌نلوكْ نیكْ آتمش ییل سۆرگه‌ن امپراطورلوق دوریده چین حكومتی نیكْ قوتی غایت زیاده ایدی و بو سبب دین شرقی توركستان‌نی بك محكم توتوب یوقاریقی ایش‌لرده‌جدی اقدامات قیلغان ایدی.[8]

۱۲۱۲ هـ (۱۷۹٦م) ده امپراطورچی ئه‌نلوكْ تخت نی اوغلی‌جیاچیكْ‌غه بردی و بیر ییل‌دین كین اۆلدی. بو حالده مانچور امپراطورلوق خاندانی نیكْ ضدی‌غه چیهلی ولایتیده تای‌پیكْ فرقه سی نیكْ انقلابی قوزغالدی و آزكونده بو انقلاب شانتوكْ، خونن و كیاكْسو ولایت لریده هم باش‌كورساتتی. بو انقلاب لر سببیدین شرقی توركستان ده چین قوتی از قالیب یوقاریقی چینلاشتورماق تشبث لری كاملاً توروب قالدی. لیكن شرقی توركستان خلقی چین نیكْ بو ضعیف لیقیدین استفاده قیلالمادی لر. چونكه یورت نیكْ اقتدار صاحب لری بولغان اولوغلر چین غه منتهادرجه‌ده اخلاص كورساتیب هر انقلاب نیكْ الدینی الماق غه تیار ایدی لر.

چین امپراطوری‌جیاچیكْ‌چین‌ده‌كی انقلاب نی بیر مقدار باسیقتوردی. بو انقلاب ایچیده چین خزانه سی توگه‌ب كتكه‌ن ایدی. بو اوچون‌جیاچیكْ‌حكومتی‌غه متعلق بولغان تمام یر و عمارت‌لرنی ساتماق غه حكم قیلدی. بو حكم غه بناءً شرقی توركستان‌ده چین حكومتی ضبط قیلغان جامع‌لر، مدرسه لر، حمام لر، وقف لرنی ساتماقچی بولدی. بو نیكْ بعضی سی نی بعضی اولوغلر ساتیب الیب اصلی جامع‌لیق مدرسه لیك حالی‌غه كلتوروب و وقف لری‌نی هم اۆز یری‌غه تعین قیلیب اۆز آت لریده تۆلیه قیلدروب قویدی لر. بعضی سی نی چنفن لر و چین‌لیغ لر آلدی لر. قدیمقی ملی دولت‌لر زمانه سیدین قالغان جامع‌لر، مدرسه



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ر، مسجدلر و باشقه خیریه موئسسه لری نیت بو چین استیلاسی دوریدا کی اولوغلر نیڭ اتیده بولوب بو کونغه‌چه اولرنیڭ اولادی او موئسسه و اوقاف غه ایگه دالیق قیلماقی ینه اوشبو مناسبت بیله‌ندور. امپراطور کیاکِڭ نیڭ چین‌ده‌کی انقلاب نی کاملاً باسیقتورالمای دولت نیڭ ضعیف لیق‌غه یوز کلتورگه‌نی شرقی تورکستان‌ده‌کی چین‌لیغ لر و اولوغلر مخفی توتقان بولسه‌مو اوشاق لرغه آپ اچوق معلوم بولماقده ایدی. کوندین کونگه اوشاق لر اوزلری‌نی ازاد قیلماق امیدی‌نی اشورماقده،بیر انقلاب غه طبعاً حاضرلانماقده ایدی لر.



آوچی صورتی چوشورولگه‌ن باسماگوللوغ شایی، ٥- ویا ٦-عصر، توریان استانه دین تاپلغان. اورومچی ارخیولوگی موزه‌سیده.

## ٢ـ فصل

## شرق توركستان ده چين غه قارشى بيرنجى عمومى

### انقلاب

١٢٣٠ هـ (١٨١٥م) ده شرقى توركستان نيڭ هر طرفى ده انقلاب لر قوزغالدى. تولا يورت لرنيڭ اۆز اوشا قلرى اۆز يورت لرى دەكى چين ليغ و چنفن لرنى و بعضى اولوغلرنى اۆلتوروب باشقه باشقه استقلال اعلان اتتى لر. مع الاسف انقلابچى لر بير تشكيلات آستيده بيرلا شالماى بعضاً چين ليغ لر بيلەن وبعضاً بير بيرلرى بيلەن اوروشماق ده ايدى لر. بو انقلاب دين فرغانه خانى عمرخان استفاده قيليب شرقى توركستان نيڭ بير حصه سى نى الماق مقصدى بيلەن اباق خوجه اولادى يدين فرغانەده ياشاماقده بولغان جهانگير خوجەنى بير مقدار عسكر بيلەن ١٢٣٢ هـ (١٨١٦م) ده كاشغرغه يوللادى. جهانگير خوجه كاشغرغه كليب كاشغر و يا ركند انقلابچى لرى بيلەن بيرلەشيب كوچلاندى و اهسته اهسته انقلابچى لرنيڭ چوڭ لرى نى يوق اتيب اۆزى نى پادشاه اعلان اتتى. ١٢٣٣ هـ ده جهانگير خوجه آقسونى هم آلدى. باشقه يورت لر اولقيدەك اۆز خلقى نيڭ قوليده ايدى. ليكن ايلى و بش بليق (اورومچى) و توريان اۆلكه لريده چين ليغ لر و چنفن لر تولا ايدى. قارا شهرده قالماق تولابولوب چين طرفدارى ايدى. بو سببدين او اۆلكەلردەكى انقلاب نى، چين ليغ لر آز وقتده باسيقتوردى. و بوا ولكه لردەكى مسلمانلر نيڭ تولاسى قريليب كتتى لر.[15]

١٢٣٦ هـ (١٨١٨م) ده چين امپراطورى جيا چيڭ اۆلوب اورنيغه اوغلى داوگواڭ امپراطور بولدى و شرقى توركستان غه تولا عسكر يوللادى. بو چين عسكرلرى كوچا غەچه اشغال قيليب جهانگير خوجه بيلەن تولا اوروشتى لر. اخيراً ١٢٤٠ هـ (١٨٢٤م) ده جهانگير خوجه



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

چین عسکرلری نیڭ قولیغه اسیر توشتی وبیجین غه کۆتۆرولدی . ١٢٤١ هـ ده امپراطور داوگواڭ انی شهید اتتی[11] اورنیغه اوغلی پادشاه بولدی . لیکن بو نیڭ بیلهن هم چین قوتی ایلگیرلیالمادی و خلق قاتیغ مدافعه بیلهن استقلال لری نی محافظه قیلدی لر . چین ده کی انقلاب لر باسیقمغانی اوچون شرقی تورکستان غه چین دین چوڭ بیر قوت کلمدی . کاشغر ، یار کند ، آقسو ، جهانگیر خوجه نیڭ اوغلی نیڭ قولیده بیر حکومت ایدی . و ختن عبد الرحمن آخون اتلیغ بیر ذات نیڭ اداره سیده ایدی . چین ده کی داخلی اغتشاش لرنیڭ اوستیغه ١٢٥٥ هـ ( ١٨٤٠ م ) ده انگلیس و چین آراسیده مشهور افیون محاربه سی چیقیب شرقی تورکستانده چین قوتی بك آز قالدی . ینه شرقی تورکستان خلقی بو فرصت دین استفاده قیلیب یورت یورتده انقلاب لر چیقاریب ایلی و اورومچی دین باشقه تیمام[12] اولکه لر آزاد بولدی . لیکن ینه شرقی تورکستان انقلابچی لری بیرله شالمدی ،

چین ده افیون محاربه سی توگاب انگلیس و چین اراسیده کلیشمه بولغاندین کین ١٢٦٤ هـ ( ١٨٤٦ م ) ده امپراطور داوگواڭ شرقی تورکستان غه تقریباً یوز مینڭ عسکر یوللادی . بو عسکرلر تورپان و قارا شهرنی الیب ایلی و اورومچی ده کی چنفن لرنی و ایلی ، قاراشهر تاغلر یده کی قالماق لرنی عسکر قیلیب التی شهرغه یوروش قیلدی لر![13]

## ٣ــ فصل

## شرقی تورکستان غه ایکینجی چین استیلاسی

چین عسکرلری آقسو حدودی غه کلگه نده کاشغرده کی حکمدار بولغان خوجه بیر کیچه ده قوپوب تمام خزانه ویاراغ لرنی الیب بیر نچه مینڭ کشی بیلهن فرغانه غه قاچیب کتتی . بو نیڭ بیلهن یورت ایچیغه مدهیش بیر اضطراب توشوب قاچماق غه قدرتی یتکهن کشی لر

فرغانه ، هندستان ، افغانستانغه قاچتیلر . دیمك كه كاشغر ، يار كند ، اقسوده چين عسكرىغه قارشى مدافعه قيلماق اوچون هيچ قوت قالمادی . چين عسكرلری بو يورتلرنی هيچ اوروشسيز الدی . اندين كين چين عسكرلرى ختنغه يوروش قيلدى . عبدالرحمان پادشاه مدافعه غه چيقيب قاتيغ اوروشدين كين شهيد بولدى . بونيڭ بيلەن چينليغلر ختننى هم اشغال اتتيلر . بو انقلابده اقسودين ختنغەچەكى اولكەلرنيڭ استقلالى ٣٦ ييل دوام قيلدى[12].

چينليغلر بو استيلالرىنى تماملاغاندين كين ينەاولقى سياستلرىنى يۈرۈ تۈپ ايلگركى واڭ و گوڭلرنيڭ اولادىنى تاپيب اولرغه قديمقى جَلْدٌ ولوغ منصب (امتياز)لرىنى بردیلر . ينه خذمت قيلغانلرغه رتبه و عنوانلرنى بيريب ايلگريكى انقلاب نتيجەسيده يوق بولغان اولوغلر و اوشاقلر صنفلرىنى وجودغه كلتورگەلى باشلادیلر . ليكن بو نوبتده چين نيڭ اداره سى بيراز شرقى توركستان خلقىنى خوش قيلماق صورتى بيلەن بولوب دينى ايشلرغەتعرض قيلمادی . چوقا پولى المادى و بشالتى شهرنيڭ اۇستيده چينليغدين بير والى (خانامبان) تعين قيليب هر شهر و علاقەلرغەاولوغلرنى و اولرنيڭ توغقانلرىنى و دوستلرىنى حاكم قيليب قويدى . و خلقدين قاضى و مفتى لر تعين قيليب دينى و بعضى عدليه ايشلريده اولرغه اختيارات بردى . اما چينحكومتى استيلاسينى محكم قيليش اوچون شرقى توركستانده تولا عسكر قويدى . يوقارقى يرلىك منصبدارلر چيندين تولا خرسند ايدىلر . چين منفعتىغه جِدّى فعاليتكورساتيب خلق نيڭ حركتلرىغه ماراغچيليق قيلورايديلر . بو استيلاده قالماق لر چينغه مهم صورتده عسكرى ياردم قيلغان ايديلر . بو اوچون چين امپراطورى هر قبيله قالماق نيڭ چوكىغه واڭ عنوانىنى و امتيازىنى بردى . شرقى توركستانده قالماق واڭ لرى تقريباً يگرمه كشى ايدى . ١٢٦٨ هـ (١٨٥٠م) ده امپراطورداوگواك اۋلوب اورنيغه اوغلى ييى چو ياكه هينفوك تختده اولتوردى . ١٢٦٩ هـ (١٨٥٢م) ده چيننيڭ خونن ، خوپه ، انخوى ولايتلريده مشهورتايپيڭ انقلابى قوزغالدى و بو سببدين شرقى توركستانده كى چين قوتلرى ضعيف



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

لا شقالی باشلادی. هر طرفده انقلاب قوزغالفالی توردی. چین نیڭ بو قتمقی استیلاسی آران آلته ییل دوام قیلدی.

## ٤ــ فصل

## شرق تورکستان دا ایکنجی عمومی انقلاب

١٢٧٠ هـ (١٨٥٣م) ده شرقی تورکستاننیڭ هر یریده انقلاب قوزغالدی و تورت ییل سوقوش دوام قیلیب اخیراً انقلابچی لــر غالب بولوب ختندین تورپانغهچه شرقی تورکستاننیڭ جنوب اولکه لری چینلیغ لردین پاك بولدی. لیکن بو نوّبتده هم انقلابچی لر بیر تشکیل قــو روب بیرلا شالمادی لر. بو اوترادہ فرغانه خانی شیرعلی خان بو انقلابدین فایده لانماق هوسی نی قیلیب اولا الدیده جهانگیرخوجه نیڭ خاندانی دین بولغان ولی خان توره نی بیر مقدار عسکر بیلــه ن کاشغرغه یوللادی. ارقه سیدین اوزی بش الته میڭ عسکربیله ن کاشغــر غه کلدی. بو وقت غهچه کاشغر یڭی شهریده تخی چینلیغ لر محاصره صورتیده بارایدی. شیرعلی خان کلیب انقلابچی لرغه یاردم برمکده یوق پولی بار ادم لرنی سن چین طرفداری دورسن دیب اتهام لرقیلیب اوّلتورمك و پولی نی الماق و انقلابچی لرنیڭ قولیده کی اولجه لرنی الماق غه توردی. بو سبب دین کاشغر خلقی شیرعلی خانغه دشمن بولــوب الته ای دینکین فرغانه غه کتمکغه مجبور بولدی. لیکن ولی خان توره کاشغرده قالیب اوزینی پادشاه اعلان اتتی. یڭی شهرنی انقلابچی لــر قاتیغ محاصره قیلیب اخیراً چینلیغ لر جان لریغه تعرض قیلینماید ورغان شرط بیله ن تسلیم بولدی لر. لیکن ولی خان توره عــهدیغه تورمای بــو تسلـیم بولغان چینلیغ لرنی باله چاقالری بیله ن تماماً اوّلتوردی. بو انقلاب حقیقتاً بك پراکنده و هیچ بیر اتحاد و تشکیلات سیز بــولـوب

ايلگيريكى انقلاب دين انتظام سيزراق ايدى . بو اوچون بش ييلدين اشوق دوام ايتالمدى[14].

١٢٧٥ هـ (١٨٥٨م) ده چين امپراطورى هين فوك شرقى توركستانغه تولا عسكر يوللادى . بو عسكرلرشهرلرغه استيلا قيلا قيلا كاشغرغه ياقينلاشقاندا ولى خانتوره اوز ادملرى بيله‌ن توپلاغان التون كموشنى اليب فرغانه غه قاچتى . چين عسكرلرى كليب كاشغرنيك بى‌گناه خلقى‌نى بير ايكى‌كون قتل‌عام قيلدى و بير نچه ميك اير و خاتون كشى‌لرنى اسير قيليب چين غه يوللادى . اندين‌كين چين عسكر لرى ياركندغه يوروب او يرنى الدى لر[15].

اندين‌كين ختن‌غه يوروش قيلدى لر. ختن انقلابچى‌لرى چين‌ليغ‌لرنى و چين طرفدارلرى بولغان حاكم و باشقه لرنى اۆلتورماى يخشى معامله قيلغانلرى اوچون اولرنيك شفاعت‌لرى بيله‌ن چين عسكرلرى ختن‌ده قتل‌عام و بولان تالان قيلمادى لر. بو استيلاد وريده چين حكومتى ايلگيريكى استيلاد وريده‌كى سياستى‌نى توتوب دينو ايش لرغه تجاوز قيلمادى . الوان لرنى بير از ازلاتتى و حاكم ليق‌لرغه چين غه خذمت قيلغان بگ‌لرنى تعين قيلدى[16].

كاشغر خلقى دين بير نچه ميك اويلوك مسلمان لرنيك چين‌غه اسير بولوب سورولگه‌ن و اولرنيك چين‌غه قُول بولوب اسلام‌دينى دين چقيب كتمكده بولغانى نيك سببى فرغانه خانى شيرعلى خان نيك و ولى خانتوره نيك كاشغرده بيهوده قان توككه‌نلرى ايدى . بو سبب دين شيرعلى خان نيك وجدانى متأثر بولوب ١٢٧٨ هـ (١٨٦١م) ده شيرعلى خان چين امپراطورى‌نيك الديغه تولا هديه لر بيله‌ن بيرهيئت ايباردى. مذكور اسيرلرنى آزاد قيلماق و اۆزيورت لرى‌غه ياندورماق نى التماس قيلدى . امپراطور هين‌فوك بو التماس نى قبول قيليب تمام اسير لرنى كاشغرغه ياندوروب ايباردى[17].

١٢٧٧ هـ (١٨٥٩م) ده چين و انگليس‌فرانسه اراسيده‌كى ايكنجى افيون محاربه سى نيك تاثيرى شرقى توركستان‌غه هم يتيب چين قوتى آز قالدى . افيون محاربه سى توختار توختاماس تا يپيك



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

انقلابی ینه یاشاریب بیجین یاقینیدەکی تەنزین شهری‌نی انقلابچی‌لر الیب کتتی . بیر طرفدین یۇنَنن ولایتی‌ده تاووُن سو اتلیغ بیر تونگان قوتلیك بیر انقلاب چیقاریب مذکور ولایت‌نی الیب سلطان سلیمان آتالغوسی بیلەن استقلال اعلان اتتی . بو انقلابلر نتیجه سیده شرقی تورکستان‌ده چین عسکری قالمغان حساب‌ده بولدی . یورت‌نی چنفن و چین محاجرلری و یرلیك لردین چین‌غه اخلاص‌کار بگلر اداره قیلدی . چنفن و چین محاجرلری‌دین کافی درجەده عسکر توپلاب خیلی زیاده قوت‌کورساتمکده بولسه لرمو اولرغه چین‌دین یاردم کلماسلیکی‌نی شرقی تورکستان‌لیغ لر اچوق بیلمکده ایدی لر . منه بو وضعیت تۇ بنده کی عمومی انقلاب نیكٔ مهم بیر سببی ایدی[8].

## ٥ـ فصل

## ١٨٦٣ ـ ١٨١٥ م آراسی شرق تورکستان

## نیكٔ عمومی احوالی

شرقی تورکستان خلقی نیكٔ بو انقلابلریده مقصد لری چین اسارتیدین ابدی صورتده قوتولوب دنیادەکی آزاد ملت‌لر دەك سعادت و آبرو بیلەن یاشاماق ایکەنلیکی معلوم دور . لیکن مع الأسف انقلابچی‌لرده توغری بیر تشکیلات و قوتلیك بیر اتحاد بولمغان اوچون بو مقصد حاصل بولمای ینه اسیرلیق فلاکتی‌غه اوچرادیلر لیکن‌بیرنجی و ایکنجی انقلاب لر کاملاً فایده سیز هم قالمادی . بلکه بو انقلاب لر نیكٔ مادّی و معنوی فایده لری بك تولا بولدی[9].

مادی جهتدین فایده لری : چین‌لیغ لر خلق‌نی ایکی صنف غه ایریغانی اوچون یورت‌ده نورغونلیغان اوشاق لر مدهیش بیر خوارلیق و حق‌سیزلیق‌ده یاشاب دایما باشقه لر اوچون ایشلاتمکده بولغان سببدین یورت نیكٔ اباد یر لری‌نیكٔ تولاسی ویران بولوب کتکەن

ایدی. تجارت تماماً چین‌لیغ‌لرنیڭ قولسی ده بولوب چین‌نیڭ ایپک مال‌لری‌نی، چینیقا چاوچای‌لرینی شرقی تورکستان‌غه کلتوروب التون و کموش و جواهرغه ساتماقدین عبارت ایدی. بو قسم تجارت شرقی تورکستان‌نیڭ تمام ثروتی‌نی چین‌لیغ‌لرنیڭ یانجوقیغه توکوب خلق نی مُدهیش‌بیر فقیرلیق‌غه توشورمکی اشکارا دور. و مونیڭ اوستیغه چین محاجرلری شهرلرده و حتاکه کیچیك بازار و کنت‌لرده جزانه دوکانلری اچیب خلق‌غه جزانه (فایض اۆسوم) بیلەن پول قرض‌بیرور ایدی‌لر. حکومت‌الوان لری‌غه اوز کسب محصول‌لری‌نی یتکوزالماگان خلق‌بوجزانه چی‌لردین پول الیب الوان لری‌نی بیرور ایدی‌لر. بو قرض‌نی‌برمکغه قدرت‌تاپالمغان خلق‌نیڭ اۆی، یر و مال‌لری مذکور جزانه چی‌لرغه بیریلور ایدی. بو صورت‌بیلەن خلق‌نیڭ ثروتی مدهیش‌صورتده بربادبولماقده ایدی. اوّلقی استیلادوریده چین محاجرلری‌نی تولا کلتورمك و خلق‌نی چینلاشتورماق سیاستی غایت یمان بیر صورتده اجرا قیلیندی. اولا چین حدودی‌غه یاقین بولغان قومول و بارکول‌دین تورپان‌وا ورومچی غەچه چوزولغان اولکه لرده چین‌لیغ‌لرنی یرلاشتوروب و خلق نیڭ تعلقاتی‌نی زور بیلەن مذکور مهاجرلرغه الیب برمك و خلق‌نی قلیچ و تایاق بیلەن چینلاشتورماق ویا یورتی‌دین چیقارماق غه اورونندی‌لر. آز زامان دا قومول، تۇرپان، بارکۆل دین‌باشقا نفوسی آزیرلرنیڭ‌هەمەسی غیر مُسْلِم و مُسْلِم (تونگان) چین‌لیغ‌لرنیڭ یورتی بولوب قالدی. قومول، تورپان، بارکول‌دەك نفوسی تولا شهرلرده یوزده قرق نسبت‌ده تورك قالیب چین‌لیغ‌لر اکثریت پیدا قیلدی. باشقه شهرلرده هم چنفن و چین محاجرلری نیڭسانی اشماقده ایدی. تمام یورت‌لرده خلق‌نی زور و حیله بیلەن چینلاشتورماق تشبث‌لری یوقاریده ایتیلغان وجه بیلەن جاری بولماقده ایدی. بیرنجی عمومی انقلاب‌ده اولوغلر و اوشاقلر دییلادورغان فرقه یوق اتیلیب، تولا راق اۇلوغلر اۆلتورولوب و قاچیب زراعت یرلری، یایلاغلر و حیوان لر همه خلق اراسیده تقسیم قیلینب هرکم ایگه لیق حقی‌غه یتیشتی و خلق‌نیڭ بیربیری نی قۇل قیلیب ظالمانه و اوجرت‌سیز خذمت‌غه سالماق اصولی بوزولوب اوشاقلر تماماً آزاد بولدی‌لر. تجارت چین‌لیغ‌لرنیڭ انحصاری‌دین چیقیب هر پولی



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

بارکیشی آزاد تجارت قیلماق حقیغه ایگه بولدی. جزانه چیلر یوق بولوب خلقنیڭ حیات واسطه لری بولغان مُلك و مال لری یوق بولوش دین قوتولدی. یورتده تولا بولوب ملت نیڭ موجودیتی نی تهدید ایتمكدہ بولغان چنفن و چین محاجرلری انقلاب نتیجه سیده قاچیب و اۆلتورولوب از قالدی لر، و چینلاشماق تهلکه سی قطعی صورتده یوق بولدی. بو نیڭ بیلەن هرکم اوز مُلکی و اوز فایده سی اوچون جِدّیّت بیلەن ایشلاب یورت اباد بولدی. ثَروَت یورت خلقی نیڭ یانجوقیده قالیب خلق بای بولدی. شرقی تورکستان چین اولکه سی بولوب کتمك تهلکه سیدین قوتولوب ینه تورك یورتی حالتیده قالدی. تورك بولغان خلق چینلاشماق و اسلام دینی دین ایریلماق هلاکتی دین قوتولوب، موجودیت لری کوچلاندی

معنوی جهتدین فایده لری: چین استیلاسی دوریده یورتده دینی، ادبی و باشقه علم لر یوق حسابده بولوب کتکەن ایدی. انقلاب بولور بولماس انقلابچی لرنیڭ اڭ اَوّل اهمیت برگەن ایشلری باشقه اسلام یورت لریدین عالم لر کلتورمك، مکتب، مدرسه لر تاسیس قیلیب علم نی یایماق دین عبارت بولدی. بخارا، فرغانه، افغانستان و هندستان دین تولا عالم لر کلتورولدی. بو عالم لر ایچیدین کولاب لیغ مُلّا عبدالله اخون (کولابی اخونوم) مکتب و مدرسه لرده درس پروگرامی نی ترتیب برگەنی و قوندوزلوغ قاری عبدالله قُرآن تعلیمی نی تجوید قاعده لری بیلەن توغریلاب چیقغانی و بیر تورکچه تجوید کتابی تالیف قیلغانی اوچون حاضرغه چه اونوتولمیغان مشهور عالم لردور. منه بو صورت بیلەن آز مدتده تمام دینی و فلسفی علم لرده، عربچه، فارسچه، و تورکچه ادبیاتده ماهِر تولا عالم لر یتیشتی لر. یارکند، کاشغر، ختن شهرلری اعتبارلیق علم مرکز لری بولدی. ایلگریده میڭده بیر اوقوش یازیش بیلادورغان کشی تاپیلمغودەك درجەده جاهل لیق قاراڭغولوقیغه مبتلا بولغان شرقی تورکستاندە تولا چوڭ عالم لر و فصیح شاعرلر یتیشتی و اَڭ یاقا یورت لرده مو اوقوش یازیش رواج تاپتی. تورسون بگ و باشقه چوڭ مؤلف لرنیڭ اثر لری حاضرغه چه باردور. مریم اخون اغاچه دەك بیر نچه خاتون مُدَرِّس و شاعرلر هم یتیشکەن ایدی. یارکندلیك،

قاراقاشليغ، ختن تاغىليغ اوچ مُلّا نياز اخون لردەك ملى شاعرلر پيدا بولغان ايدى.[20] بو كشى لرنيڭ اثرلرى خلق قوليدە باردور. منە بو انقلاب لر،اصلى مقصد بولغان استقلال نى نتيجە برمسەلرمو استقلال دين مقصد بولغان سعادت لردين مهم بيرمونچەسى نيڭ حاصل بولماقىغە سبب بولدى.

چينليغلر نيڭ ايكينجى و اوچونجى استيلا لرى نيڭ مدت لرى اوزون بولمغان اوچون ملت نيڭ يوقاريقى اصلاحات و قولغە كلتورگەن فايدە لرنى يوق ايتالمادى لر. استيلا مدتى دوام اتكەن تقديردە ينە چين ليغ لرنيڭ اولقى دين تهلكە ليگ راق اقدامات قيلماق لريدە شك يوق ايدى. بو اوچون خلق اوچونجى چين استيلاسى دين كيين ينە بير قيام و انقلاب غە حركت قيلماقدە ايدى. بو نوبتدە هم چين غە باغلانغان بگ لر،خلق نيڭ حركت لرىغە مراقبت قيليب ممكن قدر چين حكومتى نيڭ دوامى غە كوشش قيلسە لرمو بولر ايلگريكى دين از و هم نفوذ لرى ضعيف بولغانى اوچون انچە اهميت ليك ايمس ايدى لر. فقط چين عسكرى نيڭ تولا ليقى و قوتى استيلانى دوام اتتورمكدە ايدى. خلق،چين قوتى نيڭ ضعيفلاشماق فرصتى نى كوتوب تورار ايدى.

## ٦ــ فصل

## شرق توركستان دا اوچونجى عمومى انقلاب

١٢٧٨ هـ دە چين دەكى تايپيڭ انقلابى و يونن انقلابى منتهادرجەدە قوتلانيب چين امپراطورى نيڭ شرقى توركستان غە قاراغوچە كوچى و امكانى قالمادى. بو فرصت دين شرقى توركستان خلقى استفادە قيليب ارقە ارقە دين بش يردە انقلاب چيقاردى لر. ايلى و يتە سو اولكە لرى دە ١٢٧٩ هـ (١٨٦٢م) دە تارانچى لر و تونگان لر (مسلمان چين ليغ لر) بيرلەشيب قاتيغ بير انقلاب چيقاردى لر. ايلى دەكى جاكُجوڭ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى


باشليغ چين ليغ لرنى و تمام چنفن لرنى قتل‌عام قيلدى لر و استقلال اعلان اتتى لر.[21]

كوچاده ۱۲۸۰ هـ (۱۸۶۳م) ده تورك لر و تونگان لر بيرله‌شيب كوچا نيڭ چوڭ دينى پيشيواسى بولغان راشدالدين خان نيڭ قيادتى استيده قوپوب بير نچه اوروش لردين كين كوچا، اقسو، كورلا شهرلرى‌نى الدى لر. كين قاراشهر، تورپان، اورومچى، قومول، بار كول اولكه لرى‌نى هم اليب چين حدودى‌غه‌چه همه يرنى ايگه‌له‌د يلر.[22]

مذكور ييلده ختن نيڭ چوڭ عالمى و دينى پيشيواسى بولغان مفتى حبيب الله حاجيم نيڭ اوغول لرى عبدالرحمن اخون و ابراهيم خان لرنيڭ قيادتى استيده ختن خلقى چين‌ليغ لرنى بير نچه محاربه دين كين مغلوب قيليب محاصره غه الديلر. بير نچه كوند ين كين چين‌ليغ لر شهرنى ويا راغ و خزانه نى تاپچوروب بريب جان لرينى قوتقوزدى لر. مفتى حبيب الله حاجيم نى خلق آق كيگيزده اولتورغو زوب پادشاه صفتى بيله‌ن اڭا بيعت قيلدى لر. موندين كين غربده گوما شرقده كريا و چرچن‌غه‌چه فتح قيليب ختن حكومتى غه قوشدى.[23]

ينه مذكور ييلده كاشغر خلقى صديق بگ نيڭ قيادتى استيده قوپوب چين‌ليغ لرنى مغلوب قيليب كاشغر كهنه شهرنى، يڭى حصار و فيض اباد شهرلرى‌نى الدى لر. چين‌ليغ لرنى يڭى شهر ديبلا دورغان سپيل ايچيده محاصره قيلد يلر.[24]

مذكور ييلده ياركند ده‌كى قوراللىق تونگانلر بوعمومى انقلاب ايچيده حياتلرى‌نى محافظه اتمك اوچون چين‌ليغ لردين ايريليب اولر نيڭ ضدى‌غه جهاد اعلان اتتى لر. بو جهادغه ياركند خلقى عموماً اشتراك اتتى لر. ياركند التى شهرنيڭ جنوب قسمى نيڭ والى سى (خان امبان) توراد ورغان مركز بولغانى اوچون چين‌ليغ لرنيڭ قوتى خيلى تولا ايدى. بو اوچون ايكى يريم آى محاصره دين كين شهرنى هجوم بيله‌ن فتح قيليب خان امبان باشليغ چين‌ليغ لرنى اولتورد يلر. پوسكام و قارغا ليق شهرلرى‌نى هم فتح قيليب عبدالرحمن حضرت نى پادشاه سايلادى لر.[25]




ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

منه بو انقلاب لر مستقل صورتده بش نقطه ده قوزغالیب و بش مستقل حکومت شکلیده قارارلاشتی. آرالریده یقین مناسبت قورولمغاندەك ایشده بیرلیك مو هیچ یوق ایدی. (۲۱نجی خریطەغەقاراسونلر)

بو انقلاب لر تام معناسی بیلەن بیر بیریدین آیریم بولوب هر منطقەدەکی انقلابچی لر قوتقوزوب آلغان اولکه لریده استقلال اعلان قیلیب شرقی ترکستاندە بش مستقل ملی حکومت قورغانلری و بیر بیرلری بیلەن صمیمی بیر بیرلیك وجودغه کلتورالمگەن لیك لری نیڭ سببی، بو انقلاب لرنیڭ قانداغ باشلانغانلیقی، حربی قوت لری، انقلابلریدین کوتکەن مقصدلری، انقلابغه ارالاشقان عنصرلر و اداره تشکیلاتلریده بیر بیرلریغه توغرا کلمگەنلیك لری ایدی. بنا علیه بو بش انقلاب نیڭ باشلانغان شکل لری، انقلابغه سبب بولغان مقصد و غایه لر انقلابغه آرالاشقان جهت اللیك لر، اداره تشکیلاتی و هر بیر انقلاب باشلیغی نیڭ شخصیت لری و مسلك لری خصوصیدەکی صحیح معلومات نی باشقه باشقه عنوان لر آستیده بیان قیلامیز. هرعنوان نیڭ آخریده او عنوانده بیان قیلینغان انقلاب و انقلابچی لرنیڭ عاقبتی توغراسیدا بیلگەنیمیز نی یازیب اوّتارمیز.

**ایلی ویته سو انقلابی**

ایلی ویتەسوده شرقی ترکستان نیڭ همه اولکه لریدین کوچوب کلیب یرلەشکەن تورك (تارانچی) لر و چیندین کوچورولوب یرلاشتورولگەن چنفن لر و ینه چیندین سورگون صورتی بیلەن هیدالیب چیقاریلغان تونگانلردین عبارت بولغان اوچ عنصر خلق بار ایدی. بو لرنیڭ ایچیدین تقریباً یوزده یتمیش مقداری تارانچی، یوزده اون مقداری تونگان و قالدیسی چنفن و چینلیغ ایدی. چنفن لر، ککثرو امتیازغه ایگه و چینغه غایت درجه ده باغلیغ بولوب حکومت بولرغه تولا اعتماد قیلور ایدی. همه سی قوراللیغ ایدی. یعنی بولر، حکومت نیڭ یرلیك عسکری ایدی. تارانچی لر تورك و مسلمان بولغان لری اوچون

چینلیغ لر بولرنی بیر خذ متکار قتاریده کورمکده و هر قسم اغیرلیق و ظلم بولرنیڭ باشیغه ایدی.

تونگان لر چینلیغ بولسه لرمو مسلمان بولغانلری اوچون و خصوصاً بولر عصیان سببی دین چیندین هیدالیب ایلی و یته سوده چنفن لرنیڭ مراقبتی استیده یاشایدورغان بولغانلری اوچون، بولر هم هر قسم تحقیر و ظلم غه معروض ایدی لر. بو سبب دین اواولکه لرده کی تونگان لر، چین و چنفن نی دشمن توتماقده تورك لربیلهٔ شریك ایدی لر. بو ایکی عنصر تقریباً یوزده سکسن نسبت ده اکثریت غه ایگه ایدی لر. ۱۲۷۹ هـ (۱۸٦۱م) ده ایلی و یته سو ده کی تارانچی و تونگان لر بیرله شیب انقلاب باشلادی. باشتا تاغ ارالاش مستحکم یرلرده غیر منتظم چته چی صورتده سوقوش قیلیب او یرلرده چین لیغ عسکرلرنی باسقون صورتی بیلەن یوق اتیب او لرنیڭ تولا یراغ لری نی قولغه کلتورگەندین کین شهرلرغه هجوم قیلغالی توردی لر. تقریباً بیر ییل سوقاش دوام قیلیب اخیراً انقلابچی لر قطعی صورتده غالب بولوب جاگجوك لوق مرکزی بولغان چنفن شهری نی اشغال اتتی لر، جاگجوك باشلیغ تمام چینلیغ لرنی و تمام چنفن لرنی قتل عام قیلدی لر. و چنفن شهری نی ویران قیلدیلر. بو شهرنیڭ خرابه سی حاضرده هم کوره و غولجه آراسیده باردور. یالغوز چنفن شهریده سکسن میڭ چنفن و چینلیغ نیڭ اولتورولگینی روایت قیلینیدور. بو نیڭ بیلەن تمام ایلی و یته سو قوتولوب انقلابچی لر مستقل بولدی لر. ایلی و یته سو انقلابچی لری، چینلیغ لرنیڭ قوتی هەمەدین تولا راق بولغانی و هم عمومی والی لیق مرکزی بولغان بو اولکه لرده غایت یخشی بیر صورتده موفقیت حاصل قیلغانلری جهتی دین، باشقه انقلابچی لردین زیاده راق اهمیت غه ایگه ایدیلر. لیکن بو انقلاب هیچ تاریخده بیر بیری بیلەن اویو شمغان ایکی عنصر (تورك و تونگان) نیڭ اورتاق تریشجانلیقی بیلەن وجود غه کلگەنی اوچون بو اهمیت لری، اوروش توگەگەن زمان ایچکی اختلاف چیقیب ضایع بولدی.[26]

بو یورت لر قوتقوزولغاندین کین تونگان لر انصاف سیزلیق قیلیب چینلیغ لردین الینغان حسابسیز اولجه لرنی یالغوز اوز



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

لریغینه آلماق غه کیریشتیلر. تارانچی لرنیڭ راضی لیقی سیز بیر تونگان نی حکمدارلیق غه تعین قیلدیلر. حکومت شکلی و اداره تشکیلاتی نی پوتونلەی چین اصولیغه کوره قوروب چقتیلر. دیمك كه تونگانلر، یورت نیڭ اصلی ایگەسی بولوب انقلاب نی باشلاتقان تارانچی لرغه هیچ حقوق برماسلیك غه و بویورت نی تورك یورتی قیلمای ینه چین مستملیکەسی قیلماق غه اورونديلر.[27]

تارانچی لر،بو انصاف سیزلیق قارشیسیده رزالت غه راضی بولمای" یورت بیزنیڭ، انقلاب نی بیز چیقاردوق کوپچولوك بیزده دور. شو نیڭ اوچون حکمدار بیزدین بولادور. اولجا وغنیمتلر بیزنیڭ حقیمیز. حکومت تشکیلاتی نی چین چه قیلمای اسلام اصولیغه اویغون توزومیز. تونگانلرغه قیلغان خذمتلریغه توشلوق مکافات و حقوق بیرامیز" دیگەن دعوا بیلەن تونگانلردین ایریلیب اوز ارالریدین بیرکشی نی خان تعین قیلیب اسلام اصولی و تورك روحیاتی غه مطابق حکومت تشکیل قیلدیلر. منه بو صورت بیلەن بو ایکی عُنْصُر اراسیده اوزون زمان قانلیغ مجادلەلر بولوب هر ایکی طرف ضعیفلاشیب اخیراً غولجه ولایتی تونگانلرقولیده° و ایاغ ایلی و ینه سو ولایتلری تارانچی لر قولیده قارارتاپتی. بو اختلاف ننیجه سیده بولر باشقه هیچ یرنی فتح قیلالمادی لر. اخیراً ١٢٨٦ه (١٨٦٩م) ده یعقوب بگ، غولجه غه هجوم قیلیب او یردەکی تونگانلر نیڭ حاکمیتی استیده قالغان تارانچی لرنیڭ یاردمی بیلەن تونگانلرنی مغلوب قیلیب غولجه نی الدی. ایاغ ایلی و ینه سودەکی تارانچی حکومتی یعقوب بگ غه رسماً اطاعت قیلیب بیر مقدار مالیات برمکنی اوستیغه الیب انیڭ بیلەن پیتیشتی لر. ١٢٨٨ هـ (١٧٧١م) ده غولجه غه ینه تونگانلر استیلا قیلدی. تارانچی حکومتی مستقل بولدی. کین لرده غولجه هم تارانچی حکومتی غه تابع بولدی. بو صورت بیلەن تارانچی لر استقلاللرینی ساقلاب قلیب ١٢٩٤ هـ (١٨٧٧م) دین کین چین عسکرلریغه قارشی موفقیت بیلەن مدافعه قیلیدیلر. ١٢٩٧ هـ (١٨٨٠م) ده ایلی و ینه سو غه روس استیلا قیلیب ملی تارانچی استقلالی ییقیلدی.

١٢٨٠ هـ دە كوچادە بير مونچە اصيل‌زادەلر بير مخفى تشكيلات قورديلر. بو اصيل‌زادەلر توغلوقتيمور خاننيڭ بيانيدە ذكرى اوتكەن مولانا ارشدالدين‌نيڭ اولادى بولوب كوچانيڭ طريقت مرشدلرى نيڭ خاندانىدين كلگەن كشى‌لر ايدى‌لر. كوچادە تونگان‌دين بيرنچە ميڭ اويلوك مهاجرلر بار ايدى. بو تونگانلر هم چين حكومتى‌غە وفادارليق كورساتكەن قوراللىغ ادملر ايدى. بير طرفدين يوقارىقى طريقت مرشدلرى‌غە مريد ايدى. منه بو مناسبت بيلەن ياراغسيز تشكيلاتچى لر مذكور تونگانلرنى اهسته اهسته اوز طرفلرى‌غە تارتتى‌لر. بير كيچەدە مذكور توركلر و تونگانلر شهر ايچيدەكى چين موضع‌لرى‌غە هجوم قيليب سپيل ايچيدين باشقە همە يرنى اشغال قيليب چين‌ليغ‌لرنى محاصرە قيلدى‌لر. ايرتەسى مجاهدلر اتفاقلاشيب اڭ چوڭ مرشدلرى بولغان راشدالدين خان خوجەنى آق كيگيزدە اولتورغوزوب اگّا بيعت قيليب خان اعلان اتتى‌لر و اوگّا خان خوجە عنوانى‌نى بردى‌لر. بو ذات تمام عمريدە خِلْوَت نشين‌ليق و طريقت پيرى‌ليق بيلەن ياشاغان و سياست و عسكرليك قابليتىدين اوزاق سادە كوڭل‌لوگ و تجربەسيز بير كشى ايدى. فقط اونيڭ ياشدە چوڭ بولوب خلق اراسيدەكى اعتبارى‌نى نظرغە اليب اونى خان تعين اتتى‌لر.

بو بيعت مراسيمى توگگەندين كين مجاهدلر چين قلعەسيغە هجوم قيلغالى باشلادى‌لر. بيرنچە قاتا اوروشلر بولوب اخيراً مجاهدلر هجوم بيلەن قلعەنى اشغال قيليب چين‌ليغ‌لرنى يوق اتتى‌لر. كوچا و اطرافى فتح بولغاندين‌كين خان‌خوجە، اينىسى جمال‌الدين خوجەنى بيرنچە ميڭ عسكر بيلەن اقسوغە يوللادى. جمال‌الدين خوجە باى، اقسو، اوچتورپان شهرلرى‌نى فتح قيلدى. و ينە خان خوجە برادرزادەسى اسحاق خوجەنى ايكى ميڭ بش يوز كشى‌ليك بير قوت بيلەن شرق طرفى‌غە يوللاب كورلا، قاراشهرنى فتح قيلماق‌غە امر اتتى. اسحاق خوجە بارغونچە قاراشهر و تربيم (لوپ) اولكەلريدين تولا چين‌ليغ‌لر كورلا شهرى‌غە ييغيليب بش ميڭ دين



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

تولا راق قوت توپلاغان ایدی لر. اسحاق خوجه دشمن نیكٔ قوتی نیكٔ تولا لیقی، یاراغ لری نیكٔ مكمل لیكی و اوز عسكرلری نیكٔ آز لیقی، یاراغ لری نیكٔ ناقص لیقی غه قارامای كورلا غه هجوم قیلیب چین لیغ لر نــــی محاصره استیغه الدی. بو اثناده بوگور، یكٔی حصار، كورلا اطرافیدین ایكی اوچ میكٔ قدر مجاهدلر اسحاق خوجه نیكٔ یاردمی غه كلدی لر. تریم (لوپ) دین اسلام خلفه نیكٔ قیادتی استیده یته یوز قوراللیغ آوچی لر كلیب اولرغه قوشولدی. بو نیكٔ بیله‌ن اسحاق خوجه نیكٔ قوتی الــتــه میكٔ غه یاقین بولوب كورلانی قاتیغ محاصره و هجوم لر نتیجه سیـــده آلدی. بو موفقیت دین كین هر طرفدین كلیب قوشولغان مجاهدلـــر بیله‌ن تقریباً اون میكٔ كشی لیك قوت توپلاب قارا شهرغه یوُروش قیلدی. قارا شهرده چین قوتی بش آلته میكٔ دین آشوق بولوب توپ لری خیلی تولا ایدی. مونیكٔ اوُستیغه قاراشهر دریاسی غایت چوكٔ بیر مانع ایدی. اسحاق خوجه دریا بویی غه باریب چین لیغ لر بیله‌ن اوق اتیشیب بیر مونچه كون دریادین اوتمكغه كوشش قیلدی لر. لیكن دریا نیكٔ او طرفی دین چین لیغ لر قاتیغ مدافعه قیلغانی اوچون دریادین عسكر اوُتكوز مك امكانی نی تاپالمادی.

بو مشكیلات نیكٔ اوستیغه قاراشهر، اورومچی، تورپان طرفیدین ارقه ارقه دین یاردم قوت لری كلمكده بولغانی اكٔلاندی. اسحاق خوجه بو وضعیت نیكٔ یگانه چاره سی قاراشهر نیكٔ شرقیغه اوتمك و اورومچی و قاراشهرنیكٔ آراسی نی اوُزمك و قاراشهرغه ارقه دین هجوم قیلماق ایكه نلیكی غه توشونوب بیرر میكٔ مقداری میلتیقچی عسكر نی قاراشهر دریاسی بوییده قویوب اوزی قالغان تمام قوت لری بیله‌ن ارقه غه یانیب باغراش كول نیكٔ غربی و جنوبی و شرقی قایی سی بیله‌ن الته كون یول یوروب قاراشهرنیكٔ قرق میل شرقی ده كی اوشاقتال قصبه سی غه یاقینلاشتی. اورومچی دین قاراشهرغه یاردم اوچون یوللانغان اون میكٔ كشی لیك چین لیغ و قالماق دین مركب بیر قوت نیكٔ اوشاقتال ده غافل حالده بارلیقی دین خبر الدی. اسحاق خوجه بو دشمن نیكٔ اوستیغه اوشتومتوت باسقون قیلیب بیر نچه ساعت اوروشدین كین

دشمن نی یمان مغلوب اتتی . چین‌لیغ باشقوماندان اۆلتورولدی انیڭ تمام دفتر و مکتوب لری اسحاق خوجه نیڭ قولیغه توشتی . دشمن لرنیڭ تولا راقی اۆلتورولوب، قلیچ دین اشقان لری، غایت پراکنده حالدە قاراشهرغه قاچتی . دشمن نیڭ تمام یاراغ و جبخانه و لوازم لری مجاهد لرغه اولجه توشتی . باشقوماندان نیڭ یانجوقی دین چیقغان بیر مکتوب ده اورومچی دین کلمکده بولغان اوچ تورت پارچه یاردم عسکرلری نیڭ هر بیر پارچه سی نیڭ مقداری و اوشاقتال غه توشادورغان کون لری تفصیل بیله ن یازیلغان ایکه ن . بونی اسحاق خوجه بیلیب در حال بیر مقدار عسکری نی اوشاقتال ده قویوب بیر مقداری نی اوزی الیب قاراقیزیل جیلغه سی نیڭ ایکی طرفیده کی تاغلرنیڭ هر یریده بوقتورمالر تعین قیلیب کیلادورغان یاردم قوت لری غه ساقلاب توردی . و کلگه نچه سی نی اوقغه توتوب واراغه الیب یوق اتتی . تورت بش کون ایچیده بو یاردم قوت لری نی تماماً یوق اتیب تولا یاراغ و مهمات و باشقه اولجه لرنی قولغه توشوردی . بو نیڭ بیله ن اسحاق خوجه اورومچی طرفی دین دشمن کلمکیدین خاطرجمع بولوب قاراشهر طرفی غه یوروش قیلدی . قاراشهرده کی چین‌لیغ لر اوشاقتال نیڭ ۱۰ میل غربیده کی چوقوراتلیغ کنت ده تولا قوت توپلاب استحکام قیلیب تورغان ایدی لر . اسحاق خوجه چوقورغه کلیب لا محاربه باشلاندی . دشمن نیڭ قوتلیک توپ لری و میلتیق لری مجاهدلرغه تولا زیان بردی . بیرر میڭ کشی شهید بولدی . و عسکرلر مغلوب بولوب ارقه غه قاچقالی باشلادی لر . بو حالده اسحاق خوجه نیڭ امری بیله ن یوز اتلیغ هجوم چی بیر یولی ات قویوب دشمن نیڭ توپخانه سیغه هجوم قیلیب اۆلگه نی اۆلوب اشقانی اوزی نی توپخانه غه یتکوروب توپچی لرنی قلیچ غه توتوب بیر طرفدین آرابه لرغه یۆکله نگه ن میلتیق دارو لری غه اوت قو یوب بردی لر . بو نیڭ بیله ن قاتیغ بیرپارتلا مابولوب تمام اوق دارو و بیر نچه توپ، توپچی لری بیله ن هواغه اوچورولدی . بو سبب دین دشمن لرغه نهایت یمان بیر اضطراب پیدا بولدی . بو حال نی قاچقالی تورغان اسلام عسکرلری کوروب همه سی بیر یولی دشمن نیڭ اوستیغه هجوم اتتی لر . چین‌لیغ لر غایت یمان فلاکت



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

لیك صورتده مغلوب بولوب قاراشهر طرفیغه قاچقالی توردیلر. تمام توپ، ات، تیوه و ارابەلری مجاهدلرغه اولجه توشتی.

اسحاق خوجه توختاماسدین دشمن‌نی قوغلاب قاراشهرغه کیریب شهرنی محاصره استیغه الدی. بو کونغەچه کوچادین و اطراف دین بیر نچەمیڭ یاردم قوتی کلیب قاراشهر دریاسی نیڭ بوییده توختاب تورغان ایدی. اسحاق خوجه نیڭ امری بیلەن اولر هم قاراشهرغه کیردیلر. اسحاق خوجه اون ایکی‌کون محاصره دین‌کین شهرنیڭ دروازه لری‌غه اوت قویوب و سپیل‌دین بیر نچه یرنی ییقیب شهرغه هجوم قیلدی. چین‌لیغ لرنیڭ تولاراقی‌نی اۆلتوروب و بعضی‌سی‌نی اسیر قیلدی. قاراشهردین مجاهدلر قولیغه توشکەن اولجه لرنیڭ تولالیقی و قیمتی‌نی موسیٰ اخون تاریخ امنیه سی‌ده اوزون بیان قیلادور.[28]

قاراشهرنیڭ حربی موقعیتی شرقی توركستان‌ده مثل‌سیز مهم دور. اسحاق خوجه نیڭ بویرنی فتح قیلغانی تورپان و اورومچی فتحی‌نی تولا اسانلاشتورماق دین عبارت ایدی. واقعاً اسحاق خوجه تورپان و اورومچی‌نی قاراشهر محاربه لری نیڭ یریمی چه اسانلیق بیلەن فتح قیلدی.

ایکنجی ییلی ۱۲۸۱ هـ (۱۸٦٤م) ده اسحاق خوجه تولا بیر قوت بیلەن شرق‌غه یوروش قیلیب تورپان ولایتی خلق‌نیڭ یاردمی بیلەن اسان فتح قیلدی. موندین‌کین نوبت‌خلق‌نیڭ اکثریتی چین‌لیغ بولغان اورومچی ولایتی‌غه کلدی. اسحاق خوجه اورومچی‌نی تقریباً ایکی ای محاصره قیلیب فتح قیلدی. اندین‌کین گوچیڭ، جمیسا، قوتوبی، مناس و شیخو شهرلری‌نی تولا شدتلیك اوروش‌لردین‌کین فتح قیلدی. بو شهرلرنی فتح قیلماقده مذکور شهرلرده‌کی تونگانلر اسحاق خوجه‌غه تولا یاردم قیلدیلر. بو اوچون اسحاق خوجه، اورومچی ولایتی غه تونگانلرنیڭ چوڭ مُلاسی یوسف لورینْجانی والی قیلیب مذکور شهرلرنیڭ تولاراقی‌غه تونگان‌دین حاکم‌لر تعین قیلدی و عسکر منصبدارلری قویدی.

بو يورتلر فتح بولغاندين كين چين حدودىدەكى غايت مهم ايكى تورك شهرى بولغان قومول و باركولنى فتح قيلماق اوچون اسحاق خوجه عسكرىنى ايكىغە ايريب بير فرقه سىنى باركولغە يوللاب ينه بير فرقه سى بيلەن اوزى قومولغە يوروش قيلدى. باركولنى بير نچه كون محاصره دين كين فتح قيلدى. اما قومول نيڭ يڭى شهرى (چين قلعەسى) دين باشقه تمام شهر، قصبه و كنتلرىنى فتح قيليب گانسو حدودىغەچه همه نى اشغال قيلدى. ليكن يڭى شهرده چينليغ لرنيڭ ياراغ و اوزوق لرى كوب، سان لرى هم خيلى تولا ايدى. سپيل و اطرافدەكى استحكام لرى بك قوتليك ايدى. بو اوچون يڭى شهرنيڭ محاصره سى اوزون تارتتى. ينه كورونوشده اسحاق خوجەغه اطاعت كورساتيب تورغان قومول چيڭ واڭ نيڭ دشمنلرغه مخفى صورتده مهم يارdem قيليب اولرغه قوت بيريب تورغانى روايت قيليناdur. الحاصل قومول يڭى شهر تخى فتح بولماى تورغان حالده اسحاق خوجه كوچاغه قيچقيريلد . قويوب يانغان عسكرلرى قومول يڭى شهرنى فتح قيلالميدى. اخيراً چيڭ واڭ نيڭ ياردمى بيلەن قومول ينه چين قوليغه توشتى[29].

كوٶرولوٶركه : كوچا مجاهدلرى شرقى توركستان نيڭ غربى دين شرق حدودىغەچه چوزولغان اوترا قسمى نيڭ همه سىنى فتح قيليب باشقه انقلابچى لردين كوچا حكومتى نيڭ توٶپراقى و هم عسكرى قوتى زياده بولدى. بو اعتبار بيلەن همەدين بو نيڭ اهميتى خيلى زياده ايدى. هركيم نيڭ قناعتىچه تمام شرقى توركستان مجاهدلرى كوچا حكومتى نيڭ بايراقى استيده بيرلەشمكده هيچ شبهه قيليناماس ايدى. ليكن كوچا حكومتى نيڭ مغرورانه سياسى خطالرى بو قناعت نيڭ ترتوسىنى نتيجه بيريب غايت فاجعەليك عاقبتنى ميدانغه چيقاردى:

١٢٨١ هـ (١٨٦٤م) دە خان خوجه، كاشغر، ياركند، ختن مجاهدلرىغە هيچ بير قيد و شرط سيز كوچا حكومتىغە اطاعت قيلماق و تمام ياراغو خزانه لرنى تسليم قيلماقغه امر قيليب، و بو امرغه بويون اگمگەن تقديرده اولرنيڭ اوستلرىغە عسكر ايباريب جزا برمك تهديدى يازيلغان مكتوب لرنى يوللادى. كوٶرولوٶركه بو مكتوب لر اوٶز



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

وطن و ملتلرینی ازاد قیلماق اوچون جان و مال‌لرینی فدا قیلغان ملی مجاهدلرنیڭ حقوق و حرمتلرینی ایاغ استی قیلماق‌و اولرغه لازم بولغان‌حرمت قیلیش اورنیده اولرنی بیرعاصی و باغی‌غه قیلانادور امر و تهدیدلر بیله‌ن خوارلاماقدین عبارت ایدی . موندا غ معامله نیڭ نفسانیت و بلکه نفرت حسی نی قوزغا شوطبیعید و. باشلانغوچدا اتونوش ماق و ابتدائی سیاسی تماس غه باشلاماق یریده ایشلاتیلگه‌ن بو یَنگوش معامله خان خوجه نیڭ غایت یمان بیر سیاسی خطاسی بولدی . بو مکتوب غه ختن حکمداری حاجی پادشاه و کاشغر مجاهدلرنیڭ رئیسی صدیق بگ لر یازغان جواب لریده خان خوجه‌غه تونگانلرنی و ایلگری چین‌غه خذمت قیلغان بگلرنی حکومت ایشلریدین و عسکرلیکدین کاملا چیقاریب اتماق و اوزلرینیڭ فتح قیلغان یرلریده‌کی قورغان حکومت لرینیڭ داخلی استقلالی نی تونوماق شرط لرینی تکلیف قیلدی .بو شرط لرنی عمل‌غه کلتورگه‌ن تقدیرده خان‌خوجه‌غه بیعت قیلماق‌غه تیارلیق لرینی بیلدوردی لر. یارکند حکمداری عبدالرحمان حضرت نیڭ نیمه جواب برگه‌نی خصوصیده معلوماتی میز یوق . شوندا غ‌بولسه‌مو درحال اطاعت قبول اتمگه‌نی معلوم دور. منه بو صورت‌بیله‌ن ملی انقلابچی‌لر اراسیده بیر اختلاف باش‌کورساتتی .

**راشد الدین خان خوجه نیڭ کاشغر ویارکند وختن مجاهدلری بیله ن اوروشقانی**

راشدالدین‌خان خوجه کاشغر، یارکند ، ختن مجاهد لریدین یوقاریقی صورتده منفی جواب‌لرنی الغاندین‌کین یانیده‌کی تونگان و بگلرنیڭ تشویقی بیله‌ن ینه بیر خطا ایشلادی . اینی‌سی‌جمال الدین خوجه‌نی تولاعسکر بیله‌ن کاشغرغه یوللادی . صدیق بگ بو خبر نی اڭلاغان زمان فرغانه حکمداری سعید سلطاندین و بیر روایت‌غه کوره خدایار خان‌دین یاردم تیلادی . فرغانه دین یاردم کلگوچه جمال الدین خوجه یتیب کلدی . صدیق بگ اڭا مقاومت قیلالمای کاشغرنی

بوشاتیب تاشمالیقغه کتتی و عسکرلرینی توپلاب توردی. جمال‌الدین خوجه شهرنی محاربه‌سیز الدی. لیکن از کونلرده فرغانه‌دین تولا عسکر یوروش قیلیب کاشغرغه یاقین کلگه‌ن خبر اکلاندی. جمال‌الدین خوجه بو فرغانه عسکری‌نیڭ ازلیقی‌نی تحقیق قیلماسدین قورقوب کاشغرنی بوشاتیب کوچاغه یانیب کتتی. ارقه‌دین‌لا صدیق‌بگ کیریب شهرنی قولیغه الدی و کین فرغانه‌لیغ‌لر کاشغرنی اشغال قیلدی.

خان خوجه درحال ینه جمال‌الدین خوجه و حامدالدین خوجه‌لرنی اون میڭ‌دین تولاراق عسکر بیله‌ن توغرا یارکندغه یوللادی. یارکندنی الغاندین‌کین کاشغر و ختن‌نی الماقغه امراتتی. جمال‌الدین خوجه یارکندغه کلگونچه کاشغرده‌کی فرغانه‌لیغ‌لرنیڭ عسکر باشسی یعقوب بگ، تورت‌یوز کشی‌لیك بیر قوت‌بیله‌ن یارکندغه کلیب شهرنی الماق اوچون حیله ایشلاتمکده و شهر تاشیده تورماقده ایدی. جمال‌الدین خوجه بیر مقدار عسکری‌نی کاشغر حدودی‌غه یوللاب تولاراق‌قوتی بیله‌ن یارکندغه یاقینلاشتی. یعقوب بگ بونی اکلاب درحال یارکند حکومتی بیله‌ن مصالحه قیلیب کاشغرغه یانیب کتتی. بیر روایت‌غه کوره یارکند حکومتی فرغانه‌لیغ‌لردین یاردم طلب قیلیب کشی ایبارگه‌ن اوچون یعقوب بگ یارکندغه کلگه‌ن. جمال‌الدین خوجه کاشغرغه عسکر یوللاغان اوچون یعقوب بگ یانماق‌غه مجبور بولغان ایمیش‌دور. جمال‌الدین خوجه بو روایت‌نی بهانه قیلیب عبدالرحمان حضرت‌نی اسیر قیلمیش‌دور. لیکن او وقت‌ده‌کی واقعه نویس موسی اخون، یعقوب بگ‌نیڭ یارکندغه استیلامقصدی بیله‌ن اوزیچه کلگه‌ن دیبدور.

جمال‌الدین خوجه یارکندغه کلیب بعضی تونگانلر و نیاز بگ ده‌ك منافق بگ‌لرنیڭ یاردمی بیله‌ن شهرنی الدی. یارکند حکمداری عبدالرحمان حضرت‌نی اوغول‌لری بیله‌ن اسیر قیلیب کوچاغه یوللادی. لیکن یارکند تونگانلری‌نیڭ شفاعتی بیله‌ن یولدین یاندوروب یارکندده احترام صورتی بیله‌ن نظر بند قیلدی. یارکند بو صورت‌بیله‌ن کوچا حکومتی‌غه تابع بولغاندین‌کین جمال‌الدین خوجه ایلگری چین خذمتیده بولغان بیر بگ‌نیڭ قیادتی استیده تورت میڭ عسکرنی ختن



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

غه يوللادى . بوعسكرنيڭ تولا راقى كوچا و ياركند تونگانلريدين ايدى . حاجى پادشاه بو خبرنى اڭلاب اوغلى و هم وزيرى صدر الصدور عبد الرحمان پاشانى تولا عسكر بيله‌ن ختن شهرى‌نيڭ ٤٤ ميل غربى ده‌كى پيالمه قصبه سى‌غه يوللادى . او يرده تقريباً بير كيچه كوندوز اوروش بولدى و عبد الرحمان پاشا شهيد بولدى . ليكن بو ذاتنيڭ شهيد بولماقى بيله‌ن ختن عسكرى پراكنده بولماقده يوق انتقام حس‌لرى زياده بولوب شدتليك هجوم‌لر بيله‌ن تونگانلرنيڭ تولاسى‌نى يوق اتيب كوچا عسكرلرى‌نى مدهيش‌صورتده مغلوب قيلدى لر . و قوغلاب گومادين اوتكوزوب هيداب چيقاردى لر . بو صورت بيله‌ن ختن غه يورگه‌ن كوچاعسكرى نيڭ يريمى دين تولاراقى ضايع بولوب اشقانى غايت پراكنده حالده يار كند غه يانيب باردى . بو هزيمت دين كين جمال الدين خوجه نيڭ كاشغرغه يوروش قيلادورغان غيرتى كاملاً سيندى[30].

خان خوجه بومغلوبيتدين و اينى‌لرى جمال الدين و حامد الدين خوجه و باشقه يانيده‌كى ادم‌لرى‌نيڭ لياقت سيز و غيرت سيز ليكيدين تولا خپه بولدى . بير طرفدين كاشغرده‌كى فرغانه ليك‌لر نيڭ كوندين كونگه قوتلانمكده بولغانيدين قورقوب كتتى . بو اوچون كوچا حكومتى نيڭ بيرنجى قهرمانى اسحاق خوجه نى قومول دين قيچقيردى . اسحاق خوجه ،"قومول يكى شهرنى فتح قيلماى كوچا غه يانماق قومول نى چين‌ليغ غه تسليم اتمكدور و بو صورتده پوتون يورت چين تهديدى غه معروض بولادور . فرغانه ليك لر و ختن‌ليك لر كوچا حكومتى نيڭ تابعى غه تعرض قيلمايدور . بناءً عليه من قومول يكى شهرنى فتح قيلماى يان مايمن" ديب حقيقت نى عرض قيلسه‌مو خان خوجه انيڭ بو معقول سوزينى قبول اتماى ينه قطعى امر بردى . اسحاق خوجه مجبوراً قومول ده بير مقدار عسكر بيله‌ن اينى سى نى قويوب كوچا غه كلدى .

اسحاق خوجه تقريباً اون ميڭ كشى‌ليك بير قوت بيله‌ن كاشغرغه يوروش قيلدى . بو خبرنى كاشغرده حكمدار بولغان بزرك خان توره اڭلاب كاشغرنى بوشاتيب فرغانه غه قاچماق‌غه تيار بولدى . ليكن عسكر باشى سى يعقوب بگ، اسحاق خوجه بيله‌ن اوروشماق و مغلوب

بولغان تقدیرده قاچماقغه قارار بیریب تورت یوز کشی دین عبارت بولغان قوتی نی الیب کاشغرنیڭ ٣٧ میل شرقی دەکی خان اریق قصبه سیغه باریب محاربه غه تیارلاندی. او یرده قاتیغ محاربه بولوب اخشام ده فرغانه لیغ لر مغلوب بولوب قاچسەمو یعقوب بگ اوترا یولده بیر مقدار عسکری نی توپلاب کیچەده غافل اوخلاغان کوچا عسکری نیڭ اوستیغه باسقون قیلدی. بو اوشتومتوت باسقون نتیجه سیده کوچا عسکری دین بیر نچه میڭ اۆلوب و اسیر بولوب ضایع بولدی و اشقانی پراکنده حالده قاچتی. اسحاق خوجه عسکری نی توپلا یالمای مرالباشی غه یانماقغه مجبور بولدی. او یرده هم تورالمای کوچاغه کتتی[31].

خان اریق محاربه سیدەکی مغلوبیت کوچا حکومتی نیڭ هیبتی نی کاملاً یوق اتتی. یارکند انقلابچی لری کوچا حکومتی نیڭ مأمور و عسکرلری نی هیداب چیقاریب عبدالرحمن حضرت نی ینه پادشاه اعلان قیلیب مستقل بولدی لر. خان اریق محاربه سیدین کین کوچا حکومتی نیڭ فلاکت غه یوز کلتورگەنی باشلاندور. اسحاق خوجه ایلگریکی فتوحاتی بیلەن شرقی تورکستان ده مثلسیز بیر قهرمانلیق بیلەن شهرت تاپیب بو یوزدین اگا حاصل بولغان عزت و عمومی ملت نیڭ محبت و حرمتیغه خان خوجه نیڭ اینی لری و اوغول لری حسد قیلور ایدی لر. اونی مرتبه سیدین ییقیتماق اوچون فرصت غه منتظر ایدی لر. خان اریق مغلوبیتیدین کین مذکور حاسدلر فرصت تاپیب انیڭ حقیده هرقسم بهتان و افترا لرنی پیدا قیلیب خان خوجەغه اگلاتغالی باشلادی لر. بو ساده کوڭللوك ادم بو حاسدلرنیڭ یالغان سوزلریغه ایشانیب اسحاق خوجەنی کاملا ایشدین چیقاریب کوچادین یاراقلاشتوروب آقسوده توختاتیب قویدی. بیچاره اسحاق خوجه شونچه اولوغ خذمتلردین کین اقسو یاقینیده بیر کنتده غریبانه حیات کچورمك سفالتی غه توشتی. بو نیڭ اوستیغه هر وقت حاسدلری طرفیدین جان قورقونجی هم بارایدی.

اسحاق خوجه نیڭ بو حالغه توشکەنی نی کاشغر قوماندانی یعقوب بگ اگلاب کوچا حکومتی نی بو یگانه قهرمان و لایق ادمی دین قطعی صورتده ایریماق نیڭ فرصتی کلگەنی نی بیلدی. درحال مخفی



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

صورتده ادم و مکتوب ایباریب اسحاق‌خوجه نی کاشغرغه کلمکفه‌تکلیف اتتی و فوق‌العاده اضطراب ده بولغان اسحاق‌خوجه جان ساقلاماق امیدی بیله‌ن بو تکلیف نی قبول اتیب اقسودین قاچیب کاشغرغه باردی.

یعقوب بگ اکا تولا احترام قیلیب کاشغرده حویلی و باغ و معاش بیریب توختاتیب قویدی. اسحاق‌خوجه نیڭ بو حالغه توشوب ملت و وطن خدمتی‌غه قادر بولالماید ورغان حالغه کلمکی‌غه سبب بولغان حاسدلری، جمال‌الدین‌خوجه و حامد خوجه و باشقه لری، اسحاق‌خوجه نیڭ قیلغان ایشلریدین یوزده بیری‌نی قیلالماید ورغان لیاقتسیز، عیش‌پرست، غافل و قورقونجاق ادملر ایدی. بو کشی‌لر دایما راحت‌نی خوشلاغانلری و کلگوسی اوچون فعالیت‌نی‌تاشلاغانلری سببی‌دین کاشغر، یارکند، ختن‌نی کوچا حکومتی‌غه تابع قیلماق امکانی یوق بولوب بلکه او طرفلردین کوچاغه تعرض واقع بولماق‌دین قورقماق‌غه باشلادیلر. بو نیڭ اوستیغه مدافعه قوتی‌نی تیارلاماقده کوشش اتمگه‌نلیکی لری کورولمکده ایدی. الحاصل بو صورت‌بیله‌ن کوچا حکومتی نیڭ ایلگریکی عسکری و معنوی قوت و هیبتی مو یوق بولدی. توریان‌نیڭ او طرفیده‌کی اورومچی ولایتی‌ده تونگانلر مستقل بولدیلر. قومول‌نی چین‌لیغلر اشغال قیلیب او یرده کوچلوغ بیر حربی حرکت مرکزی تأسیس قیلدیلر. اسحاق‌خوجه‌نیڭ اینی‌سی هم قومول‌دین یانیب کلدی.

### کوچا مجاهدلری نیڭ عاقبتی

کوچا حکومتی کوندین کونگه اداره سیزلیق نتیجه سیده اوز ایچیدین ضعیف‌لیق‌غه توشمکده بولوب بو احوال یعقوب بگ نیڭ استیلاسی‌غه‌چه دوام قیلدی.

١٢٨٤ هـ (١٨٦٧م) ده توبنده (یعقوب نیڭ بیانیده) کیلاد ورغان وجه بیله‌ن یعقوب بگ، کوچاغه یوروش قیلدی؛ قوت و حیله بیله‌ن کوچانی الدی؛ راشدالدین‌خان‌خوجه‌نی بیر نچه چوڭ اوغوللری

بیلەن کوچادە شهید قیلدی. باشقە اینیلرینی و حکومت ادملرینی اسیر قیلیب یارکند و کاشغرغە ایباریب او یرلردە بو بیچارەلرنی میڭ بیر قین و ظلملر بیلەن شهید اتتی. منە بو صورت بیلەن کوچا حکومتی یقیلیب کورلا غەچە یعقوب بگ استیلا اتتی. تورپان و قاراشهر اولکەلریغە اورومچی تونگانلری استیلا قیلدی[32].

## کوچا حکومتی نیڭ ماهیتی

کوچا حکومتی نیڭ حکمداری بولغان راشدالدین خان خوجە انقلابدین ایلگری کوچادە چوڭ طریقت مرشدی ایدی. کوچا و اطرافیدەکی تورك و تونگانلر بو ذاتغە مرید ویا مخلص ایدیلر. بو مناسبت بیلەن راشدالدین خان خوجە تونگانلرنیڭ چینلیغ بولوب ملی انقلابغە یات ایکەنلیکینی توشونماسدین یالغوز اولرنیڭ مسلمانلیقینی ملاحظە قیلیب قوللریدەکی یراغلردین استفادە قیلماق اوچون اولر بیلەن بیرلەشکەن ایدی. انقلابنیڭ باشیدەقوراللیغ قوت یالغوز تونگانلر ایدی. کینچە عسکری قوت نیڭ کوپینی تورکلر تشکیل قیلسەمو ینە مەیلی عسکری و مەیلی مُلکی ایشلرغە خان خوجە تونگانلرنی تولا ارالاشتوروب هر ایشنی اولرنیڭ مشورەلری بیلەن قیلور ایدی. مو نیڭ اۋستیغە اۆتموشدە چینغە خذمت قیلیب عمومی خلق نیڭ نَفرتی بیلەن تونولغان بگلرنیڭ منافِقچە اطاعتینی قبول اتیب اولرغە چوڭ منصبلرنی بردی. عسکری و ملکی ادارە ایشلری نیڭ مهملری تونگان و کهنە بگلرنیڭ قولیدە بولوب تمام ادارە و اِجرا آت چین اصولیغە مطابق ایدی. اسلام و تورکلوك روحیاتینی بوزادور غان استبدادغە تایانماقدە ایدی. منتظم بیر قانون بو حکومتدە یوق ایدی. راشدالدین خان خوجە سیاسی بیر ادم ایمس سادە کوڭل لوك و سیاسی تجربەسیز بیر ذات ایدی. هر سوزغە درحال ایشانور ایدی و فکریدین یانماقی اسان ایدی. اورداسی نیڭ تاشیدەکی ایشلردین خبرسیز ایدی. تمام ایشلرنی اینیلری و اوغوللری و اولرنیڭ مشاورلری بولغان تونگان و بگلر اوز اختیارلری بیلەن اجرا قیلورایدیلر.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

انقلاب نیڭ اولقی ییللریده تمام شرقی تورکستان مجاهدلری کوچا حکومتی نی، همه دین قوتلیك بولغانی اوچون، تمام مملکت غه حکمدار بولوب همه نی اوزبایراقی استیغه بیرلاشتورمك غه حق لیغ کورمکده ایدی لر. لیکن از مدت دین کین کوچا حکمداری و حکومتی نیڭ یوقاریقی وضعیتی باشقه انقلابچی لرغه معلوم بولوب اولر کوچا حکومتی غه اطاعت قیلماقده تَرَدُّد غه توشتی لر. بو تَرَدُّد دین خبر الغان خانخوجه، مذکور انقلابچی لرنیڭ نظریه لری نی و آرزو لری نی انصاف و عقل بیله ن تدقیق اتمك و اولر بیله ن دوستانه صورتده مذاکره قیلماق و وطن و ملت نیڭ مقدراتی نی اولرنیڭ ایش بیرلیگی بیله ن تعین اتمك یولی نی توتسه و اولرنیڭ مجاهدلیق حقوقی نی احترام قیلسه ایدی، منه بو سیاست حکیمانه بیر سیاست بولور ایدی. باشقه مجاهدلر نی اطاعتی غه کیرگوزوب تمام شرقی تورکستان نی اوز بایراقی استیده بیرلەشتورمکی و یعقوب بگ نیڭ قانلیغ بلاسی و چین استیلاسی دەك فلاکتلردین وطن نی قوتقوزماق، شبهه سیز ممکن ایدی. چونکه باشقه انقلابچی لرنیڭ مقصد و ارزو لری بو ایدی. لیکن بو ساده ادم موندا غ قیلماقده یوق تونگان و بگ لرنیڭ تحریکی بیله ن انقلابچی لرغه تهدیدلیغ یارلیغ نامه لر یازیب و اندین کین اولرغه حرب اعلان قیلیب اولرنیڭ تَرَدُّد لری نی اشکارا نفرت و عداوت درجه سی غه چیقاردی. بو نیڭ نتیجه سیده داخلی محاربه لر، قوت نیڭ ضعیف لاشماقی و ملی حکومت لرنیڭ ارقه ارقه دین برباد بولوب کتمکی میدان غه چیقتی. شو چاغدین قالغان بو تورکچه شعر مذکور اَلَمْ لیك حادثه لر و فجیع عاقبت نی عکس اتتوراد ور.

من سن اولسام سن من اولساڭ، هم من اولسام هم سن اولساڭ.
من من اولدوم سن سن اولدوڭ، نی من اولدوم نی سن اولدوڭ.

مفتی حبیب الله حاجیم ختن‌نیڭ اصیل‌بیر خاندانی دین ایدی. بو ذات ختن‌نیڭ چوڭ مفتی‌سی، کاتته عالمی بولوب خلق نیڭ دینی وعدلی مَرجَعی ایدی. یاشی یتمیش‌دین اشقان وقتیده اوغول‌لری عبدالرحمن‌آخون و ابراهیم خان لر چین ضدی‌غه انقلاب اچماق فکری‌نی دادا لری‌غه آچتی‌لر. مفتی حبیب الله حاجیم غایت خوشلوق بیله‌ن اوغول‌لری‌نی بو اولوغ ایش‌غه تشویق اتتی. بو اوغول‌لر قاراقاش‌نیڭ ۱۷ میل شمال غربی سیده‌کی بولاق اتلیغ کنت‌ده مخفی بیر تشکیلات قوروب بیر مقدار یراغ و ایکی یوز کشی‌لیك کیچیك بیر قوت توپلاغاندین‌کین ۱۲۸۰ هـ (۱۸۶۳م) ده زاوا قصبه سیده‌کی چین عسکرلری نیڭ اوستیغه تویغوسوز باسقون قیلیب اولرنی اۆلتوروب یاراغ لری‌نی الیب قوراللانغاندین‌کین ختن ایلچی شهری‌غه یوروش قیلدی‌لر. خلق هر طرفدین الامان بولوب پالد و کتمن چوماق کوتاریب مجاهدلرغه قوشولوب اوتوز قرق میڭ کشی‌لیك بیر قوت بیله‌ن شهرغه هجوم قیلدیلر. مدافعه اوچون چیقغان عسکرلری‌نی اۆلتوروب شهرنی فتح قیلدی‌لر. چین‌لیغ‌لرنی سپیل ایچیده محاصره غه الدیلر. بیر نچه کون محاصره دین‌کین چین‌لیغ‌لر مدافعه دین عاجز کلیب تسلیم بولدی‌لر. تورت میڭ دین اشوق راق چین‌لیغ مسلمان بولدی. موندین‌کین یورت خلقی ییغیلیب مفتی حبیب الله حاجیم‌نی تورك عنعنه سی‌غه اویغون آق کیگیزده اولتورغوزوب اسلام اصولی‌غه موافق بیعت قیلدیلر. حبیب الله حاجیم، حاجی پادشاه عنوانی‌نی الدی. غربده گوما وشرقده چرخلیق غه‌چه چوزولغان اولکه لرنی تماماً ازاد قیلدی. حاجی پادشاه، اوغلی عبدالرحمان‌اخون‌نی وزیر تعین قیلیب صدرالصدور عنوانی‌نی بردی. خلق او ذات‌نی عبدالرحمان پاشا دیر ایدی‌لر.[33]

انقلاب کونلریده اویده شوك یاتقان بعضی اصیل‌زاده لر حاجی پادشاه غه حسد قیلیب عصیان چیقاردی‌لر. لیکن حاجی پادشاه بیر هجوم بیله‌ن بو عاصی‌لرنیڭ بعضیسینی اۆلتوردی، بعضی‌سی

قاچیب یارکندغه کتتی . ۱۲۸۱ هـ (۱۸٦٤م) نیڭباشیده یوقاریده ایتیلغان وجه بیلهن کوچا حکمداری خان‌خوجه نیڭ یوقاریده ایتیلغان وجه بیلهن تهدیدلیغ مکتوبی‌نی الیب بیر الچی کلدی . حاجی پادشاه انیڭ جوابیده تونگان و بگ‌لرنی حکومت ایش‌لری‌غه ارالاشتورماسلیق و ختن‌نی داخلده مستقل بیر حکومت تونوماق شرطی‌بیلهن اطاعت اتمک نی قبول قیلغان مضمونده مکتوب یازدی . بو جواب نیڭ جوابیده خان خوجه مذکور ییل‌نیڭ اخیریده (۱۸٦٥م) یوقاریده ایتیلغان وجه‌بیلهن ختن‌غه عسکر یوللادی و پیالمه اوروشیده صدرالصدور عبدالرحمان پاشا شهید بولدی . لیکن کوچا عسکرلری یمان مغلوب بولوب قاچیب کتتی. موندین‌کین حاجی پادشاه گوماغه عسکر ایباریب یارکند یول‌لرینی مستحکم قیلدی و عبدالرحمان پاشانیڭ اورنیغه ینه بیر اوغلی ابراهیم خان نی وزیر یعنی صدرالصدور تعین قیلدی .

۱۲۸۱ هـ نیڭ اخریده (۱۸۸٥م) حاجی پادشاه صدرالصدور ابراهیم خان‌نیڭ ریاستی بیلهن فرغانه غه بیر الچیلیك هیئتی یوللاب فرغانه خانی خدایارخان بیلهن بیر دوستلوق معاهده‌سی عقد اتتی . فرغانه خانی خدایارخان او وقتده اوزی‌غه تابع بولغان کاشغر حکمداری بزرك خان توره و قوماندانی یعقوب بگ غه ختن حکومتی بیلهن دوستلوقده بولماق‌نی توصیه قیلیب یارلیغنامه‌یازدی.

بو هیئت‌بیلهن بیر وقتده حاجی پادشاه کوچاغه هم بیر هیئت یوللاب خان‌خوجه غه بیر مکتوب ایباردی . مکتوب نیڭ مضمونی قیسقچه شودور: "جهادیمیزدین مقصد تمام یورت نیڭ کُفّار اسارتیدین ابدغه‌چه قوتولماقیدور. بو نیڭ یگانه شرطی همه میزنیڭ بیرلاشمکیمیز و اورتادین اختلاف و نفاق ماده لری‌نی یوق قیلماقیمیزدور. لیکن سیز حکومت ایش‌لری‌نی و اسلام عسکرلری‌نی تونگان‌لرغه و ایلگری چین خذمتی قیلغان بگ لرغه بردیگیز. تونگان بولسه چینلیغ و طبعاً بیزگه مخالف بیر خلقدور، بگ لر بولسه منافقدور. باشی میزغه مشکل حال‌لر کلگه‌نده بو هر ایکی طایفه بیزنیڭ داخلی دشمنی میز بولادور. من ایلگری خالص کوڭل بیلهن بو حقیقت‌نی سیزغه یازدیم

و سیز بو نیڭ جوابیده مذکور منافق ادم لرنیڭ اغواسی بیلەن منیڭ اوستوم غە بیر خیتای یتیمی (چین خذ متی دەکی لرنی طعنەصورتی بیلەن خیتای یتیمی دیبیلادور) نی تورت بش میڭ تونگان بیلەن یوللادیگیز. بو سبب دین بیر نچه میڭ مسلمان ضایع بولدی. بو نیڭ وبالی یالغوز سیزنیڭ بوینیگیزغەدور. مەیلی اۆتکەن ایش اۆتتی، یەنەمن بیرلەشمەك اۆچون و اسلام نیڭ قوتی زیادە بولماق اوچون کوشش قیلامن. اگر سیز تمامیورت غە پادشاه بولماق مقصدیدە بولساگیز مذکور ضررلیك ایکی طایفەنی تماماً ایش دین چیقاریڭ و حکومت ایش لرینی شریعت غە اویغون وعدالت اساسی غە مطابق اجرا قیلیڭ. بو شرط بیلەن من سیزغە بیعت قیلماق غە حاضر دورمن. اگر بو شرط نی قبول قیلماسیگیز هم سیزبیلەن دوست بولماقنی و مشترك دشمن نیڭ مقابلیدە قوتلیك بولماقیمیزنی ارزو قیلامن، والسّلام." منە مکتوب نیڭ مضمونی بودور. مکتوب دەکی اوزاقنی کوزلیگەن یخشی نیتلیك سوزلرنی تدقیق اتمك و انی کوز الدی غە الماق اویان تورسون، بو مکتوب نی الیب بارغان وکیل لر اعضالری نی یمان تحقیرلر بیلەن سایرام قصبه سیدە ابدی حبس قیلدی. راشد الدین خان خوجه شهید بولغاندین کین مذکور وکیللر قوتولوب ختن غە کلدی لر.

١٢٨٢ هـ (١٨٦٥م) دە یارکند ایکنجی قتیم استقلال اعلان قیلغاندین کین عبد الرحمان حضرت نیڭ ختن دەکی نفوذلوغ توغقانلری عبد الله حضرت لر، حاجی پادشاه نیڭ ضدی غە بیر حرکت قیلیب ختن نی الماق و یارکند حکومتی غە قوشماق اوچون عصیان غە حاضرلانغانلری معلوم بولوب حاجی پادشاه بو حضرت لرنی توتوب حبس قیلدی و تعلق لرینی مصادره قیلدی.[34]



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

۱۲۸۲ هـ (۱۸٦٦م) نیڭ اخریده یعقوب بگ یارکندنی الیب و بزرك خان توره نی حکمدارلیقدین توشوروب اوزی حکمدار بولوب و اتالیق غازی عنوانینی الفاندین‌کین ختن‌غه بیر هیئت یوللاب دوستلوق معاهده سی عقد اتمك و بیر بیرلری‌نیڭ استقلاللری‌نی تونوشماق‌غه تکلیف اتتی. حاجی پادشاه موندین تولا خرسند بولوب بیر دوستلوق‌کلیشیمی توزدی. بو صورت بیله‌ن اوترا‌ده یخشی بیر دوستلوق پیدا بولغاندەك کوروندی. حاجی پادشاه بونی اسلامی بیرلیك دیب اعتقاد قیلیب تولا خوش ایدی. لیکن بو دوستلوق، یعقوب بگ‌نیڭ ختن نی قولغه‌الماق اوچون قورغان مکر و حیله پلانی نیڭ باشلانغوچی ایدی چونکه حاجی پادشاه نیڭ عدالتی سایه سیده ختن خلقی نیڭ غایت محبت و اخلاص بیله‌ن انیڭ ارقه سیده ایکه‌نلیکی نی یعقوب بگ بیلگه‌نی اوچون ختن‌نی اوروش بیله‌ن الماق‌نیڭ ممکن ایماسلیکی نی بیلور ایدی. بو اوچون ختن‌نی حیله و خیانت یولی بیله‌ن الماق‌غه قارار برگه‌ن ایدی. مذکور معاهده دین‌کین اوترا‌ده دوستانه مکتوبلر و کتته ادملر نیڭ باریش کلیش‌لری تولا بولدی. ۱۲۸۳ هـ (۱۸٦٧م) ده یعقوب بگ، ختن مزارلری‌نی و حاجی پادشاه اتام نی زیارت قیلیب اوزوم کوروشوب دوست لوقیمیزنی قوتلاندوروب کیلامن دیب شهرت بیریب بیرر میڭ عسکر بیله‌ن ختن‌غه یوردی. لیکن ارقه سیدین اون ایکی میڭ دین زیاده‌راق عسکر پارچه پارچه هر قسم بهانه‌لر بیله‌ن کلمکده ایدی. یعقوب بگ‌نیڭ زیارت غرضی بیله‌ن ختن‌غه یورگه‌نی نی بیلدوروب ایبارگه‌ن مکتوبی کلگه‌ن زمان حاجی پادشاه شبهه‌لانیب اوغلی صدرالصدور ابراهیم خان نی ظاهرده کوتوب الماق اوچون حقیقتده اگر یعقوب بگ‌نیڭ یمان نیتی بولسه مدافعه قیلماق اوچون بیر نچه میڭ عسکر بیله‌ن پیالمغه یوللادی. یعقوب بگ پیالمه‌غه‌کلیب ابراهیم‌خان بیله‌ن کوروشوب، هیچ بیر یامان نییتی یوق لیقینی، فقط حاجی پادشاه دەك اولوغ بیر ذاتنی زیارت قیلماق وآراده کی دوستلوقنی محکمله‌شتورمه‌ك ارضوسی بیله‌ن کەلگه‌نینی بیان قیلیب

قران توتوب غلیظ آندلر اچیب دیدیکه : " اگر حاجی پادشاه مینیڭ
ختن غه کیرمیکیمنی مناسب کورمسه زاوا ده بیر ملاقات بولغاندین کیین
یانماقنی هم غنیمت بیلامن " . بو سوزلردین کین ابراهیم خانغه حساب
سیز سوغات و قاتمیقات کیمخاب تونلرنی تقدیم قیلدی .

ابراهیم خان یعقوب بگ نیڭ بو سوزلریغه کاملاً ایشاندی
و عسکری بیله ن ختن غه یاندی و داداسی غه واقعه نی سوزلادی . حاجی
پادشاه بو سوزلرغه ایشانمسه مو تردد غه توشتی ، نیمه ایش قیلماق لازم
لیقی نی تعین قیلالمادی . لیکن اوغلی نیڭ و یانیده کی ادم لری نیڭ
اصراری بیله ن یعقوب بگ نی کوتوب الماق اوچون زاواغه بارماق غه قارار بر
دی . ایرته سی حاجی پادشاه ، ابراهیم خان نی بیر مقدار عسکر بیله ن
شهرده قویوب اوزی تولا عسکر بیله ن زاواغه یوردی . مقصدی ، یعقوب بگ
نی مه یلی یخشی لیق و مه یلی یمانلیق بیله ن بولسون زاوادین اوتکوزمای
یاندورماق ایدی . حاجی پادشاه زاواغه باریشدین ایلگری یعقوب بگ
کلیب زاواغه توشوب چادرلری نی تیکتوروب تورغان ایدی . حاجی پادشاه
نیڭ یاقینلاشقانی نی یعقوب اڭلیغان زمان بیرنچه خاص کشی لری بیله ن
اتلانیب حاجی پادشاه نیڭ استقبالی غه یوردی . حاجی پادشاه نی کورور
کورماس یعقوب بگ اتدین توشوب حاجی پادشاه نیڭ ایزانگوسی نی سویگلی
کلدی . حاجی پادشاه ، یعقوب بگ نیڭ بو وضعیتی نی کوروب انیڭ نیتی نیڭ
یخشی ایکه نلیکی نی ایناندی . اتدین توشوب مراسم بیله ن کوره شتی .
یعقوب بگ تو شکه ن یریغه یاندی . اندین کین حاجی پادشاه ، یعقوب
بك نیڭ عسکرگاهیغه باریب هارد وقسوراش و مهماندارلیق مراسیمینی اوتکوزوش
اوچون ایکی یوز کشی بیله ن یوردی . عسکرلری نی احتیاطاً هر ایش غه
تیار تورماق غه امراتتی . یعقوب بگ نیڭ عسکرگاهی غه بارغانده حاجی
پادشاه نی یعقوب بگ اوز چادریغه توشوردی و همراه کلگه ن کشی لرنی
چادرلرنیڭ تارلیقی نی بهانه قیلیب سکز اوندین آیریب باشقه چادرلرغه
باشلادی . طعام ییگه لی تورغان وقتده حاجی پادشاه و ادم لری نی تویغو
سیز حالده توتوب باغلاب اسیر قیلدی . یعقوب بگ ، درحال حاجی پاد
شاه نیڭ عسکرلریغه "سیزلر درحال شهرغه یانیڭلر من براد ریم اتالیق غا
زی نی باشلاب ایرته شهرغه بارامن . ابراهیم خان و یورت کتته لری



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

استقبالغه کلسون و شهرنی جابدوسون" دیگه‌ن مضمونده حاجی پادشا
نینك تیلیدین بیر یارلیغ یازدوروب حاجی پادشاه نینك مُهورینی باسیب
ایباردی . بو یارلیغنامه‌نی عسکرلر کوروب شهرغه یاندیلر . یعقوب بگ
کیچه‌سی حاجی پادشاه نی غایت حقارت بیله‌ن قول و ایاغلری‌غه کیشه‌ن
سالیب بساط سیز یاغاچ ارابه‌ده اولتورغوزوب کاشغرغه یوللادی . یعقوب
بگ نینك ارقه سیده‌کی عسکرلری بیر کیچه‌ده تماماً زاواغه کلیب ایرته‌سی
یعقوب بگ اِیلچی شهری‌غه‌یوردی . ابراهیم خان و یورت‌کتته لری بی‌غم
و بی پروا استقبالغه چیقیب یولده اوچراشتیلر . بولر اوترا ده حاجی
پادشاه‌نی کورمای حیران بولغانده یعقوب بگ، ابراهیم خان‌غه دیدیکه :
"حاجی پادشاه آتام ارقه ده کیلادورلر و اۆزلری خاطرجمع بولماق اوچون
باریب سلام قیلسونلر و یارلیغ بولسه اڭلاسونلر" دیدی . ابراهیم خان‌دادا
سی‌غه سلام برمك اوچون ارقه غه اوتتی . ختن خلقی نینك کوزیدین‌اوزاق
لاشقاندا یعقوب بگ‌نینك عسکرلری، ابراهیم خان و همراه لری‌نی توتوب
باغلاب اسیر قیلدیلر . موندین‌کین یعقوب بگ ایکی میڭ کشی‌لیك بیر
قوت بیله‌ن بیر قوماندانی نی ایلگری ماڭدوروب شهرغه یاقینلاشتی . خلق
توپ توپ استقبال و تماشا اوچون شهردین چیقغان ایدی لر . لیکن
حاجی پادشاه و ابراهیم خان ایلگری کلمای یعقوب بگ‌نینك و عسکرلری‌نینك
ایلگری کلگه‌نیدین حیران بولوب بو نینك سببی‌نی بیر بیرلریدین سوروشماق
ده ایدی لر . حاجی پادشاه و ابراهیم خان نینك اسیر بولغانلری‌دین
هیچکیم نینك خبری یوق ایدی . اندا غ حادثه بولماقی‌نی خیال لری‌غه هم
کلتورماس ایدی لر . چونکه مقدس قران‌نی توتوب اولوغ خدا نینك اتی بیله‌ن
قسم قیلغان بیر مسلمان‌نینك بو طرزده بیر خیانت و قیلماقینی امکانسیز
دیب توشونگه‌ن ایدی لر . بو صورت بیله‌ن یعقوب بگ‌نینك عسکر لری
شهرغه کیریب بولان تالان غه توردیلر و ختن عسکرلری‌نینك یاراغلرینی
تارتماقغه باشلادیلر . ختن خلقی بو وضعیت نی کورگه‌ندین‌کین یعقوب
بگ‌نینك خیانت قیلغانی‌نی بیلدیلر . درحال عسکر و خلق، یعقوب بگ
نینك اوستیغه هجوم قیلیب اوچراغان فرغانه‌لیغ نی اۆلتورمك و اوُرماق
"حاجی پادشاه نی قیداغ قیلدیڭ اوغری لر" دیب واقیراشماقغه باشلاد
یلر . بو خلق‌نینك هجوم و مظاهره لری بیر نچه کون دوام اتتی مدهیش

صورتده قانلر توکولدی. بو هجوم، نَسمایش و قتل‌عاملرنیڭ تفصیلاتنی توبنده (یعقوب بگ‌نیڭ واقعاتیده) بیان قیلامیز. الحاصل یعقوب بگ ختن‌نی دین و انسانیت‌بهاسی‌نی بیریب آلدی، کاشغرغه بارور بارماس حاجی‌پادشاه‌نی شهید اتتی[35].

منه بو صورت‌بیله‌ن حاجی‌پادشاه و اوغول‌لری و خاندانی نیڭ تولاسی و قرق میڭ دین زیاده‌راق ختن وطن پرورلری یعقوب بگ‌نیڭ خیانتی‌غه قوربان بولدی. ختن‌، استقلالی ییقیلیب یعقوب بگ‌نیڭ ظلم و خیانت اوستیغه قورولغان دولتی‌نیڭ بیر ولایتی بولوب قالدی.

**حاجی پادشاه نیڭ اداره تشکیلاتی وبعضی اجرا اتی**

حاجی‌پادشاه نیڭ سیاستی اسلام شریعتی‌غه بنا تاپقان نیڭ اوستیغه "شرقی‌تورکستان شرقی‌تورکستانلیغ نیڭ دور" دیگه‌ن شعار ده غایت کوچلوغ ایدی. یورتقه تاشقریدین‌کلگه‌ن تونگان و فرغانه لیغ لرنی مسلمان دیب حکومت ایشی ارالاشتورماقنی نی هرگیز قبول اتمدی. "بولرنی ایش‌غه ارالاشتورماق یورت نیڭ استقلالی‌غه خطرد ور" دیر ایدی. بو خصوصده‌کی اصراری نتیجه سیده راشدالدین‌خان خوجه بیله‌ن اوترا سیده بولغان واقعه لر یوقاریده اوتتی. کاشغر مجاهدلری‌نیڭ فرغانه حکومتی دین یاردم تیلاب او یردین عسکر کلتورگه‌نی دین حاجی پادشاه شرقی‌تورکستان‌غه یمان خطر حس قیلور و بو بابده‌کی قورقونچی‌نی اشکارا سوزلار ایدی. کین‌چه حاجی‌پادشاه نیڭ بو نظریه‌سی نیڭ راستلیقی آچوق شرقی‌تورکستان ملتی‌نیڭ تجربه لریدین اوتتی.

حاجی‌پادشاه داخلی اداره ایش‌لری‌نی پوتون‌بیر قانون غه باغلاب او زمانه ده‌کی شرق دنیاسیده رواج تاپقان ظلم، تالانچی لیق و رشوت دین عبارت‌بولغان فسادلرنی اوز مملکتی دین یوقاتمکنی بیرنجی مقصدی بیلور ایدی. هر حاکم، عسکر و مأمور، قانون دین تاشقاری ایش قیلسه حاجی‌پادشاه نیڭ الدیده مسئول بولوب جزا کورورایدی.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

مملكت ايچيده كي چوك كيچيك ايش لردين حاجي پادشاه خبردار ايدى٭ هيچ بير منصب دار اوز رايى چه ايش قيلالماس ايدى. ماليات بك از ايدى. حكومت نيك چيقيم لرى غه التون كانلرى نيك محصولاتى نى صرف قيلور ايدى. تمام التون كانلرى حكومت نيك انحصاريده ايدى. زراعت يرلريدين عُشرَه، تجارت مال لرى و ياپلاغده كى چاروا مال لردين زكات الينور ايدى. خلقدين موندين باشقه بيرنرسه الينماس ايدى. زكات و عشره لرنى فقيرلرغه صرف قيلور ايدى. هرشهرده قلندر خانه اتى ده بير محله تاسيس قيليب او يرده تيلامچى ليك قيلادورغان فقيرلرنى اولتورغوزدى. هورون خانه اتى بيله ن بير دارالعاجزين بنا قيليب او يرده اقساق چولاق، قاراغو، قرى، يتيم لرنى اولتورغوزدى و بولرغه هر ايدا عُشرَه و زكات دين معاش، هر ييلده ايكى قاتا كيم و قيش كونلريده هر كونى بير وقت ايسيغ آش بيرور ايدى.
خزانه نيك كريمى از بولغان اوچون مأمورلرنى آز ايشلاتور ايدى. اولرغه بيريلادورغان معاش هم كفايت مقدارى دين اشوق بولماس ايدى. عسكرغه فقط ييمك ايچمك و كييم بيرور ايدى. دايمى عسكر هم از ايدى. عدليه و دينيه ايش لرى نى شريعت اصولى بيله ن يوروتوش خصوصيده اهميت بيرور ايدى. كورونوشده بدعت بولغان طريقت مذهب لرى غه جدّى صورتده مخالفت قيليب مونداغ مذهب لرنيك مخصوص خانيقالرى نى يوق اتتى. جزا ايش لرى علاحده بير قانون غه باغلانغان بولوب عمومى تينچليق نى بوزغان كشى نيك جزاسى اۆلوم ايدى. چين حكومتى دوريده مدهيش صورتده قوتلانيب كتكه ن بولانچى ليق و اوغرى ليق آفت لرى نى كاملاً يوق اتمك اوچون بولانچى و اوغرى نى توپقه توتماق ودارغه اسماق بيله ن جزالاندورور ايدى. بو اقدامات سايه سيده ختن ولايتى نيك اسايش و تينجليقى هيچ تاريخده كورولمگه ن درجه ده تأمين بولدى. حاجى پادشاه خزانه كيريمى دين، حكومت چيقيمى دين اشقانى نى حربى ياراغلر تيار قيلدورماق غه صرف قيلور ايدى. ختن هنرمندلرنى بير ايشخانه غه ييغيب سكز اون دانه چوك توپ و اوتوز قرق دانه كيچيك تيمور توپ (تَيشپو) و بير نچه ميك ميلتيق تيارلاتتى. ليكن بو ياراغلر يورت نيك مدافعه سيغه يتكوده ك تولا ايمس ايدى. حاجى

پادشاه یورت نیڭ عمومی اقتصادیاتی غه ضرر بیرادورغان جزانه چی لرنی بك یمان کورور ایدی. اولرنی مختلف مالی جزالر بیله‌ن جزالاندورور ایدی.

لیکن حاجی پادشاه نیڭ یمان ایکی عیبی بار ایدی. بیر عیبی، عسکرغه اهمیت برمسلیك ایدی. یعنی کافی درجه‌ده منتظم عسکر تربیه قیلماق‌غه مخالف ایدی. "حکومت قورماقدین مقصد خلق نیڭ اسایش و راحتی نی تأمین قیلماقدور. خلق راحتده بولوب حکومتدین خوش بولسه اوروش وقتیده همه سی فداکار عسکر بولوب چیقادور. عسکر توپلاب انی تربیه قیلماق اوچون پول لازم دور و بو پول نی خلق دین الماي چاره یوق دور. بو تقدیرده خلق نیڭ گرده‌نی غه غیرمشروع الوان لرنی قویماق و ظلم بیله‌ن انی الماق لازم کلادور" دیر ایدی. بو نظریه غه بناً تمام یاش لرنی عسکرلیك دفتری غه یازدوروب، بیردین چوماق و سونگو (نیزه) ویا قلیچ اوی لریده ساقلاماقغه یارلیغ قیلدی. اولرنی اوز ایش لریده ازاد قویدی. فقط داخلی تینچلیق نی محافظه اتمك اوچون اوچ تورت میڭ قوراللیغ دایمی عسکری بار ایدی. منه بو نظریه حاجی پادشاه نیڭ تجربه سیزلیکی دین توغولغان بیر عیب ایدی.
حاجی پادشاه نیڭ ایکنجی عیبی غضبی نیڭ ایتیگ لیکی ایدی. یعنی مُجْرِم لرغه جزا برمکده از تحقیق قیلور ایدی. حکومت ادم لری نی لازم لیغ درجه دین اوشوق قورقوتوب اولرنیڭ جانی نی دایما خطر استیده توتار ایدی و تولا اوٗلوم جزاسی بیرور ایدی. بو سبب دین یانیده یارلیغ ادم لری از ایدی.[36]

**کاشغر انقلابی وعاقبتی**

صدیق بگ کاشغرنیڭ جنوبیده‌کی یڭی حصار حاکم لیقی غه تابع آقتور قصبه سیده اولتوروغلوغ و خلق اراسیده چوڭ نفوذی بار بیر کشی ایدی. اصلی قپچاق ایکه‌نلیکی هم روایت قیلینادور. ۱۲۸۰ هـ (۱۸٦۳م) ده صدیق بگ آقتور، یڭی حصار و تاشمالیق دین آوچی لرنی



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

ییغیب کاشغرغه هجوم قیلدی. هر طرفدین خلق کلیب اُگا قوشولوب قوتی خیلی تولا بولدی. کاشغر کهنه شهرنی، یکّی حصار و فیض ابادشهرلرینی بیرنچه محاربه دین‌کین فتح قیلدی. لیکن چین لیغ لر کاشغر یکّی شهر (سپیل ایچی) غه ییغیلیب قامالدیلر. چین‌لیغ لر نیکٔ یاراغلری، سانی، و اوزوق و مُهِمّاتی تولا بولغانی اوچون مجاهدلر یکّی شهرنی فتح قیلالمادیلر. بو محاصره تقریباً بیر ییل دوام قیلدی.

بو حالده یوقاریده ایتیلغان وجه بیله‌ن کوچا عسکرلری کاشغرغه یوروش قیلدی لر. صدیق‌بگ بولرغه مقاومت قیلالمای شهرنی بوشاتیب تمام قوتی‌نی الیب تاشلیق‌غه کتتی. او یرده قوتی‌نی آشورماقده ایدی. کوچا عسکرلری کاشغرنی اوروش‌سیز آلدی لر. صدیق بگ، فرغانه خانی سعید سلطان و بیر روایت‌غه کوره خدایارخان‌دین یاردم تیلاب بیر هیئت ایبارди. بیر روایت‌غه کوره اگّا بیعتنامه هم ایبارگه‌نی ذکر قیلینماقده دور. فرغانه خانی کاشغرنی آلماق و یورتی‌نی کگُروتمك اوچون بو احوال‌دین استفاده قیلیب جهانگیر خوجه مرحوم نیکٔ اوغول‌لریدین بُزُرك خان توره‌نی تورت یوز عسکر بیله‌ن کاشغرغه یوللادی. فرغانه خانی خدایارخان‌نیکٔ یعقوب بگ اتلیغ بیر قوماندانی، بیر گناه سببی‌دین تورمیدا ایدی. اونیکٔ بزرك خان بیله‌ن دوستلوقی بار ایدی. یعقوب بگ، دایما اوٚلتورولمك قورقونچی‌ده ایدی؛ بزرك خان‌نیکٔ کاشغرغه مأمور بولغانی‌نی اکلاب اوگّا شفاعت قیلیب خذمتی‌ده کاشغرغه‌الیب کتمکنی التماس قیلیب عریضه ایباردی. بزرك خان شفاعت قیلیب انی همرا الیب کاشغرغه یوردی.[37]

صدیق بگ نیکٔ طرفدارلری کاشغر و اطرافیده فرغانه دین کیلادورغان یاردم عسکری‌نی غایت تولا و فوق‌العاده کوچلوغ دیب پروپاگنده قیلغالی باشلادی لر. بو پروپاکنده بیله‌ن کوچا عسکرلری قورقوب بیر طرفدین صدیق‌بگ و بیر طرفدین فرغانه لیك لر آراسیده اوٚزلری‌نی عاجز کوروب کاشغرنی بوشاتیب کوچاغه کتتی لر. صدیق بگ درحال کاشغرغه کیریب شهرنی اشغال قیلیب فرغانه دین کیلادورغان مهمانلری نیکٔ استقبالی‌غه تیارلاندی.

بزرك خان و يعقوب بگ لر كاشغرغه كلور كلمس صديق بگ نيكٔ و عسكرلری نيكٔ قوليدهكی اولجه مال‌لرنی ويا راغلرنی آلماق و صديق بگ غه سوءقصد قيلماق تشبثی ده بولديلر. صديق بگ بولرنيكٔ يارد مچی ايمس بلكه استيلاچی ايكه‌نليكی‌نی بيليب بير كيچه‌ده عسكرلری بيله‌ن آقتورغه چيقيب فرغانه‌ليك لرنی هيداب چيقارماق اوچون محاربه آچماق غه تيارلانغالی باشلادی. ليكن يعقوب بگ، صديق بگ نيكٔ بعضی ادم لری غه مخفی صورتده پول بيريب انی اؤلتورتمكغه كوشش قيلدی. بو وجدانسيز لر صديق بگ نی، بير فرصت تاپيب، شهيد قيلدی لر. بو نيكٔ بيله‌ن صديق بگ نيكٔ قوت لری تارقاب كتتی. كاشغر، يكٔی حصار و فيض اباد بزرك خان توره نيكٔ قوليغه توشوب بزرك خان اوزی‌نی خدايارخان نيكٔ اتيده كاشغرغه حكمدار اعلان اتتی.[38]

**ياركند انقلابی وعاقبتی**

اوزون زمانلردين بری چين حكومتی چين دين كوچوروب ياركند ده يرلاشتورگه‌ن بير نچه ميكٔ اؤيلوك تونگانلر بارايدی. بو تونگانلر ايلگريدين چين‌غه خذمت قيلغانی اوچون تولاراقی قوراللیغ ايدی. شرقی توركستان‌ده ياركند دين باشقه يرلرده انقلاب چيقيب بو انقلاب نيكٔ ياركند غه هم كلمكی جزم بولوب قالغانی‌نی مذكور تونگانلر بيليب جان ساقلاماق نيكٔ يالغوز يولی بو انقلاب دين حصه‌دار بولماق ايكه‌ن ليكی غه توشونوب بو مقصد بيله‌ن تونگانلر اوزلری تونوشقان بعضی ياركند توركلری بيله‌ن بيرلاشيب كاشغردين ختن‌غه‌چه‌كی اؤلكه لرغه والی بولغان خان آمبان‌غه سوقوش آچتی لر. بو محاربه جهاد فی سبيل الله عنوانی بيله‌ن بولغان اوچون ياركند خلقی تماماً قوشولدی لر. بو قوت بيله‌ن ياركند كهنه شهرنی فتح قيلدی لر. خان امبان و بير نچه ميكٔ چين‌ليغ لر يكٔی شهرغه قاماليب مدافعه غه توردی لر. محاصره ايكی آی مدت دوام قيلدی. اخيراً مجاهدلر شهرنيكٔ هر طرفيده نقب كاولاب سپيل آستيغه و حكومت عمارت لری نيكٔ آستيغه ميلتيق

داروسی کۉمۉب داروغه اوت قویوب سپیل نیڭ تولایرلرینی و حکومت عمارتلرینی هواغه اوچوروب هجوم بیلهن شهرنی الدیلر. خان امبان و باله بارقه سی و تولا چینلیغلر هواغه اوچوب و عمارت استیده قالیب اۉلدیلر. مجاهدلر موندین ایلگری پوسکام و قارغالیق شهرلرینی هم فتح قیلغان ایدیلر. یڭی شهر فتح بولغاندین کین تونگانلریارغلیغ بولسهلرمو از بیر اقلییت بولغانلری اوچون حکومت نیڭ تورکلر قولیده بولماقی لازم ایکهنلیکیغه توشونوب یارکندهکی تونگانلر نیڭ و تولاراق تورکلرنیڭ طریقت مُرشِدی بولغان عبدالرحمان حضرت مُجَدِّدینی حکمدارلیقغه انتخاب قیلیب مراسم بیلهن اوذاتغه همه بالاِتّفاق بیعت قیلیب پادشاه اعلان اتتیلر. عسکری ایشلر تونگانلر نیڭ قولیده بولسهمو مُلکی ایشلرده کاملاً اختیارات عبدالرحمن حضرت نیڭ قولیده بولدی[39].

یارکند نیڭ استقلالی بیر ییلدین آزراق دوام قیلیب یوقاریده ایتیلغان وجه بیلهن کوچا عسکری نیڭ استیلاسی بیلهن بیتیلدی چونکه یارکندهکی قوراللیغ قوت فقط تونگان ایدی و کوچا عسکری نیڭ مو مهم بیر قسمی تونگان ایدی. تونگانلرده جِنسِیَت تعَصُبی حددین زیاده دور. بو مناسبت بیلهن یارکندهکی تونگانلرنیڭ تولاراقی کوچادین کلگهن تونگانلر بیلهن اپلاشیب قالدی. عبدالرحمان حضرت باشتا مُدافعه غه قارار بیریب محکم تورسهمو قول استیدهکی تونگانلرنیڭ بو خیانتی سببی دین کوچالیغلرغه شهرنی تسلیم قیلماقغه مجبور بولدی. کوچا قوماندانی جمال الدین خوجه عبدالرحمان حضرتنی و اوغوللرینی و توغقانلریدین بعضیسینی اسیر قیلیب کوچاغه یوللادی. لیکن یارکند خلقی و تونگانلرنیڭ التماسلری بیلهن یولدین یاندوروب اسیرلیقدین ازاد قیلیب یارکندده نظربند قیلیب قویدی. بو حادثهدین کین کوچا عسکرلری پیالمه و خان اریق محاربهلریده یمان مغلوب بولوب یارکندده هم ضعیفلاشتی. عبدالرحمان حضرت و طرفدارلری بو وضعیتدین استفاده قیلیب کوچاعسکرلرینی یارکنددین هیداب چیقاریب ینه استقلال اعلان اتتی. بو استقلال تقریباً سکز ای دوام اتتی.

١٢٨٢ هـ نيكٔ اوتراسيده (١٨٦٦م) كاشغردەكي فرغانه ليغ حكمدار بزرك خان توره و باش قوماندانى يعقوب بگ تمام قوتي بيلەن ياركندغه يوروش قيلدى. عبدالرحمان حضرت و تونگانلر قاتيغ مدافعه قيلدى لر. مدافعه چى لر يكٔى شهر و كهنه شهرده توپلانيب توروب هر وقت تاشقارى غه هجوم قيليب فرغانه ليغ لرني تولا هلاكت غه اوچراتور ايدى لر. اخيراً يعقوب بگ ياركندنى الماقدين اميدسيزبولوب كاشغرغه يانماق فكرى غه توشكەن حالده توبندەكي خيانت نتيجه سيده يعقوب بگ غالب بولوب ياركندنى الدى.

انقلاب دين ايلگرى خان امبان نيكٔ ايشيك اغاسى بولغان نيازبگ و ينه بير منصب ده بولغان عاشور بگ لر انقلاب دين كين تونگانلرغه تيلماچ بولوب خذمت قيلماقده ايدى لر. كين لرده بو بگ لر تَمَلُّقٔ و قابليت لرى نتيجه سيده عبدالرحمان حضرت و تونگانلرنيكٔ الديده خيلى اعتبار غه ايگەبولديلر. حكومت نيكٔ سِرلرى غه هم محرم بولدى لر. منه بو بگلر ظاهراً عبدالرحمان حضرت نيكٔ خذمتيده بولوب شهر ايچيده ايدى لر اما باطناً چوكراق منصب طَمْعِى بيلەن يعقوب بگ غه شهر ايچيدەكي احوال و اسراردين خبر برمك خذمتى نى ذمه لرى غه الغان ايدى لر. ياركند مدافعه چى لرى معين بير كيچه ده فرغانه ليغ لرنيكٔ اوستيغه باسقون قيلماق و بو نيكٔ بيلەن اولرنى قطعى صورتده مغلوب قيليب قاچورماق غه قارار بردى لر. منه بو قارار نيكٔ خبرى نى يوقاريقى بگلر وقتيده يعقوب بگ غه يتكوزدى لر. يعقوب بگ باسقون قيلماق غه قارار بيريلگەن كيچەده عسكرگاهى دەكي چراغ و چادر و اسباب نى اوز جاييده قويوب تمام عسكرلرى نى عسكرگاه نيكٔ اطرافيده بوقتورمه قيلدى. بو حالده مدافعه چى لر تمام قوت لرى بيلەن چيقيب هيچ بير مانع سيز فرغانه ليغ لرنيكٔ عسكرگاهى غه كيريب دشمن دين اثر كورماى حيران تورغان حالده هر طرفدين فرغانه ليغ لر، مدافعه چى لرنى آراغه اليب اوق غه توتتى لر. بير طرفيدين شهر طرفى دين مدافعه چى لرنيكٔ قايتش يولى نى كسيب شو يُورگەنچه شهرغه كيردى لر و مدافعه چى لر تماماً شهيد بولدى لر.[40]



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

یعقوب بگ تونگان لرنی وعسکرلرنی قتل‌عام قیلسه مــــو
عبدالرحمان حضرتنی و خاندانی‌نی یوق اتمدی و مراقیب استیده‌اوز
اوی لریده قویدی . بو صورت‌بیله‌ن یارکند استقلالی بیقیلیب فرغانـــه
لیغ لرنیکٔ قولیغه توشتی .



یعقوب بگ ،اتالیق غازی و اوندین کین بدولت (۱۸۷٦)

## ٧ــ فصل

## شرق توركستان حدوديده بولغان تورك يورت لريغه

## روس لرنيڭ استيلاسى

غربده اورال تاغلريدين ينى سى دريا سى غه چه، جنوبده آرال و بالخاش كول لرى و تاروتاى تاغلرى غه چه چوزولغان جنوبى سيبرده كى قازاق خانليق دولتى نيڭ توپراقلريغه ١٠٥٦ هـ (١٦٤٥م) ده روس لر تعرض قيلغالى باشلادى. قازاق خان لرى قهرمانليق بيله ن مدافعه قيليب استقلال لرى نى محافظه قيلسه لرمو بوقازاق اولكه سى بيرحكمدار قوليده بولماى بير نچه خان لرنيڭ قوليده بولغان اوچون اوّلا اورال و نوبول طرف لرى نيڭ حكمدارى ابوالخيرخان ١١٤٢ هـ (١٧٣٠م) ده روس حمايه سى نى قبول اتتى. شرق و جنوب طرفيده كى خان لر روس غه شدت بيله ن مدافعه قيليب ١٢١٢ هـ (١٧٩٦م) غه چه استقلال لرينى محافظه اتسه لرمو روس لرنيڭ دايمى هجوم لرى و دسيسه لرى مقابليده بيرله شيب قوتى نى توپلايالمغان اوچون ١٢١٢ هـ (١٧٩٦م) ده شرق و جنوب قازاق خان لرى هم روس نيڭ حمايه سى نى قبول اتمكگه مجبور بولديلر. منه بو صورت بيله ن روس لرنيڭ سياسى نفوذى شرقى توركستان نيڭ او وقتده كى شمال حدودى بولغان تاروتاى تاغلرى و بالخاش و ارال كول لرى نيڭ بويى لريده كى ساحه لرغه چه يا ييلدى. ليكن روس لرنيڭ بو سياسى نفوذى فقط اغيزده غينه بولوب حقيقتده قزاق خان لرى مستقل صورتده حركت قيلماقده و تولا وقتلرده روسلرغه سوقوش اچماقده ايدى لر. بو وضعيت ١٢٨١ هـ (١٨٦٤م) غه چه دوام قيلدى. منه روس تاريخ لرى و اوروپا عمومى تاريخلريده ١٧٩٦م ده روس لر جنوبى سيبرده كى تيومن چار لرينى نفوذى استيفه الدى ديب يازيلغان نفوذ نيڭ ماهيتى بو حادثه دين عبارت ايدى.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

يوقاريده ايتيلغان دەك روسلر ١٢١٢هـ (١٧٩٧م)
دە جونوبي سيبردەكي قازاق خانلرىنى اغيزدە حمايە سيغە السەمو
ليكن قازاقلر روسلرنيڭ خوجە ليقى نى قبول اتماى دايما غير منتظم
محاربە لر بيلەن روس عسكرلرنى اۆلتوروب روسلرنيڭ بو اولكە لردين فايدا
آلماقى ممكن بولمادى . بونيڭ اوستيغە روسلرنيڭ آچ كوزى دايما غربي
توركستانغە چومچە يمكدە ايدى . او اولكە نى استيلاسى آستيغە آلماق
اوچون كوشش قيلور ايدى . اخيراً روسلر اۆلا سيبردەكي قوراللىغ باتور
قازاق قبيلە لرى بيلەن غربي توركستاندەكي توركلرنيڭ آراسىنى اۆزوب
بو قرينداش قوم لرنيڭ بيرلاشيب قالماقى و ياردم بيريشمكى نيڭ امكانينى
يوق قيلماق و آندين كين غربي توركستاندەكي بير بيرىغە مخالف اۆچ
تورك دولتلرى (خيوه خانليقى، بخارا اميرليكى و فرغانە خانليقى) نى
ارقە ارقەدين يوتماقغە پلان توزديلر. منە بو پلان نى عملغە چيقار
ماق اوچون روس حكومتى ١٢٧٣ هـ (١٨٥٦م) دە سير دريا و بالخاش
كۆل آراسيدە آق مُلّا و توركستان اۆلكە لريدە مستقل حكمدارليق قيلا
دورغان قازاق حكمدارى كينە سارىخانغە سوقوش آچتى . بو اوروش
توقوز ييل دوام قيلدى . بو اوتورادە كينە سارىخان وفات قيليب اوغول
لرى تايچاق تۆره ، صديق تۆره ، جعفر تۆره لر روسلرغە قاتتيغ مدافعە كور
ساتتى . ١٢٨١ هـ (١٨٦٤م) دە تايچاق تۆره شهيد بولدى ، جعفر
تۆره اسير توشتى و صديق تۆره مغلوب بولوب نتيجەدە روسلر، توركستان
و آق مُلّا اۆلكە لرىغە استيلا قيلدى . صديق تۆره چيمكنددە بير ييل
غەچە روسلر بيلەن محاربە قيلسەمو ١٢٨٢ هـ (١٨٦٥م) دە قطعى
صورتدە مغلوب بولوب غربي توركستانغە قاچيب او يردين پامير يولى
بيلەن شرقى توركستانغە كليب يعقوب بگغە قوشولدى . بو صورت بيلەن
روسلر سير دريا و چو دريا آراسيدەكي اۆلكە لرنيڭ تاشكند و تالاس
دين باشقە همە سىنى آلدى . تخى مو ايلگرىلاب ايسيغ كول نيڭ جنوب ،
غرب و شمالينى اليب تڭرى تاغلرىغەچە اشغال قيليب شرقى توركستان
نيڭ شمال غربي حدودىغەچە استيلا اتتى . موندين كين روسلر فرغانە
حكومتى بيلەن اوروشوب ١٢٨٣ هـ (١٨٦٦م) دە تاشكند و تالاس نى
آلدى . ١٢٨٤ هـ دە بخارا حكومتى بيلەن اوروشوب سمرقندنى الدى .

١٢٨٦ هـ ده فرغانه حكومتی نی يوق اتيب پوتون فرغانه‌غه استيلا اتتی بو نيڭ بيله‌ن شرقی توركستان نيڭ غرب حدودی ده‌كی بوتون يورتلر نی روس استيلا قيلدی .

## ٨ــ فصل

## يعقوب بگ نيڭ واقعه لری
## و
## شرقی توركستان‌غه ينه چين نيڭ استيلا قيلغانی

شرقی توركستان‌ده بدولت لقبی بيله‌ن تونولغان و اتاليق غازی هم ديیلگه‌ن يعقوب بگ نيڭ دوريده‌كی حادثه‌لرنی اوزاقدين تحقيق قيلغان چت‌آل تاريخ كتاب‌لريده ينگوش و غلط تخمين بيله‌ن شرقی توركستان انقلابچی‌سی و ملی حكمداری ديب يازيلغان يعقوب بگ اصلی فرغانه ليك بولوب خوقند خانی نيڭ قوُش‌بگی (وزيری‌يا ويا كه قوماندانی ) ايدی . كين لرده خان‌غه خيانت قيلغان سبب‌دين تورما ده محبوس حالده ياشاماقده ايدی . بزرك خان‌توره بيله‌ن كهنه بير دوستلوق مناسبتی بار ايدی . بو رابطه واسطه‌سی بيله‌ن يعقوب، بگ بزرك خاندين التماس قيليب بزرك خان نيڭ شفاعتی بيله‌ن خدايار خانی حبس‌دين چيقاريب بزرك خان نيڭ خذمتی‌غه قوشتی .

يعقوب بگ نيڭ سياست و حربی تاكتيكا تجربه‌سی اوُستون ايدی . بو صفت‌لردين بزرك خان كاملاً محروم،نادان‌بير ادم ايدی. يعقوب بگ، يولده بزرك خان‌غه بعضی عسكری و سياسی تدبيرلرنی كورساتكه‌ن سببدين بزرك خان انيڭ سوزلری‌غه كوره ايش قيلور ايدی . بزرك خان كاشغرغه كلور كلماس اونی عسكر قوماندانی تعين قيلدی و

يعقوب بگ نيكٔ تدبيرى سايه سيده صديق‌بگ نى يوق اتيب بزرك خان كاشغرغه حكمدار بولدى . بزرك خان هيچ ايش‌غه لياقتى يوق عشرت پرست و احمق بير ادم ايدى . فقط خدايارخان،كاشغرليغ‌لرنى اباق خوجه نيكٔ اولادى‌غه حاضرده هم ايلگريكيدەك دوستگمان قيليب بزرك خان نيكٔ واسطه سى بيله‌ن كاشغرخلقى نى فرغانه خانليقى‌غه تابع قيلامن ديگه‌ن خيال بيله‌ن اونى بير آلت قيليب ايبارگه‌ن ايدى . اگر يعقوب بگ همراه كلمگه‌ن بولسه ايدى بزرك خان كاشغرده بير اى‌تو رالماى قاچيب كيتار ايدى . كاشغرده بزرك خان حكمدار بولغان‌دين كين ايشلرنى يعقوب بگ غه تاشلاب قويوب اوزى اوردا ايچيده شراب ايچمك و عشرت يوروتمكغه توشتى .

يعقوب بگ فرغانه دين كاشغرغه كلگه‌ن وقتدين باشلاب بوتون عسكر و حكومت ادم لرى‌نى احسان بيله‌ن اوز طرفى غه تارتماقده ايدى . بزرك خان نيكٔ موندين هيچ خبرى يوق ايدى . بارا بارا بزرك خان‌ده حكمدارليق اتى و رسمياتى‌دين باشقه بير نرسه قالماى عمل‌ده حكمدار يعقوب بگ بولدى . ١٢٨١ هـ نيكٔ اخريده اسحاق خوجه نى مغلوب اتيب قاچوردى . كوچا عسكرى مغلوب بولوب كتكه‌ندين كين يعقوب بگ سرالباشى‌غه عسكر يوللاب او يرده‌كى طبيعى و صنعى استحكام‌لرنى قوليغه كلتوردى . بو نيكٔ بيله‌ن اقسو،كاشغر، ياركند نيكٔ چوكٔ يول‌لرى نيكٔ بيرلاشمك نقطه سى‌نى قوليغه كلتوروب كوچا حكومتى نيكٔ حربى حركت يولى‌غه حاكم بولدى . ايكنجى ييلى يعنى ١٢٨٢ هـ (١٨٦٥م) ده ياركند نى الدى .[42]

**يعقوب بگ نيكٔ حكمدار بولغانى**

يعقوب بگ ياركندنى اليب كاشغرغه يانيب بارغان زمان بزرك خان نى چوشوروب قولى‌غه تورت ميكٔ طللا بيريب هندستان‌غه هيداب چيقاردى . اوزى‌نى كاشغر و ياركندغه حكمدار اعلان اتتى و آتاليق غازى آتالغوسى آلدى . خدايارخان نيكٔ آلديغه تولا سوغات‌لر بيله‌ن بير بيعت نامه يوللادى . بزرك خان غه قيلغان

و قیلمغان تولا جنایتلرنی یۇكلاب فرغانه لیغ لر و کاشغرلیغ لر نیڭ اتیده معلوماتلر ایبارد ی . خدایارخان یعقوب بگ نیڭ بیعتنامه سی نی قبول قیلیب اُونی خوقند خانلیقی اتیده کاشغر و یارکندنی اداره قیلماقغه امر اتتی . اتالیق غازی عنوانی نی علاحده تصدیق و تامغو بیله‌ن اکا توجیه اتتی .

یعقوب بگ ،حکمدارلیقنی قولیغه الغاند ین‌کین ختن وکوچانی الماق فکری‌غه توشوب بو فکری‌نی عمل‌غه چیقارماق اوچون چاره ایستر اید ی . اَوّلا شرقی تورکستان‌نیڭ اڭ بای اولکه سی بولغان ختن‌نی اشغال قیلماق یعقوب بگ نیڭ بیرنجی درجه‌ده‌کی مقصدی‌اید ی . لیکن ختن خلقی نیڭ شجاعتی و عموماً حاجی پادشاه غه فوق العاده محبت و وفادارلیقی نی بیلور اید ی . یالغوز قوت بیله‌ن ختن‌نی الماق غه قدرتی یتماسلیکی معلوم اید ی . بو اوچون اَوّلا حاجی پادشاه نی و ختن خلقی نی حیله توزاقی غه توشورمك و اند ین‌کین اولرنی غافل حالدە آولاماق پلانی نی قورد ی . بو پلان نیڭ برنجی ماده سی یوقاریده ایتیلغان وجه بیله‌ن بیر دوستلوق معاهده سی عقداتمك اید ی . بو معاهده دین حاجی پادشاه نیڭ تولا خوش بولغانی و یعقوب بگ طرفی دین دشمنلیك حرکتی واقع بولماسلیق‌غه ایناغان یعقوب بگ نیڭ فکری چه حاجی پادشاه نی توزاق‌غه توشورمکده موفق بولغانی اید ی .

**ختن سفری**

١٢٨٣ هـ (١٨٦٥م) ده یعقوب بگ سیاحت بهانه سی بیله‌ن یارکندغه کلد ی . مختلف سبب لر کورسه تیب عسکری‌نیڭ تولاراقی نی یارکندغه کلتورد ی . اند ین‌کین ختن‌غه باریب حاجی پادشاه نی زیارت قیلامن دیگه‌ن شایعه نی تاراتتی . یوقاریده ایتیلغان وجه بیله حیله و یالغان قسم لر و غَدِرلر وسیله سی بیله‌ن حاجی پادشاه نی و اوغلی نی اسیر قیلد ی . بو حادثه دین خلقی خبرسیز قالغان ختن ایلچی شهری‌نی اشغال قیلدی . یعقوب بگ نیڭ عسکرلری ختن عسکر



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

لری نیكٔ یاراغلرینی تارتقالی و خلقنیكٔ مال‌لرینی بولان تالان قیلغالی تورغانده خلق حاجی پادشاه نیكٔ یعقوب بگ نیكٔ خیانتیغه قوربان بولغانینی آکلادی. درحال عسکر و خلق یراغلانیب آه! پادشاهمیز آه! اتامیز دیب فریاد قیلیشیب اوچراغان فرغانه‌لیغ نی اوروب و اۆلتوروب اورداغه باسیب کیردی لر. یعقوب بگ هم قورقونچیده نیمه قیلیشینی بیلالمای اور و اۆلتور دیب واقیراماقغه باشلادی. والحاصل بیر کیچه و کوندوز انتظامسیز اوروش بولوب اخیراً باش سیز قالغان خلق مغلوب بولوب پراکنده بولدی. یعقوب بگ خلقنی قتل‌عام قیلماقغه امر اتتی. فرغانه لیغ لر خلقنی اۆی لری دین تارتیب الیب چیقیب قری یاش ایر و خاتون و کیچیك باله لرنی اۆلتورگه‌لی توردی لر. اون میكٔ دین اشوق راق مسلمان‌نی بو صورت بیله‌ن شهید اتتی لر. حاجی پادشاه نیكٔ خاندانی دین یتمیش کشی نی بعضی سی اۆلوگ و بعضی سی تریگ حالده قودوق‌غه تاشلاب کومدوردی.

یعقوب بگ بو صورت بیله‌ن ایلچی شهری‌نی الغاندین کین ایکنجی کونی یوقاریده ذکری اوتکه‌ن یارکندلیك مشهور خاین نیاز بگ‌نی قاراقاش‌غه حاکم قیلیب بش الته یوز عسکر بیله‌ن یوللادی. نیاز بگ توسالغوسیز قاراقاش شهری‌غه کیریب حکومت عمارتی‌غه توشتی. کیچه سی قاراقاش خلقی شهرغه هجوم قیلیب تمام فرغانه لیغ لرنی اۆلتوروب نیاز بگ نی اسیر قیلدی لر. لیکن نیاز بگ بیر حیله بیله‌ن وطن پرورلرنیكٔ قولیدین قاچیب قوتولدی. قاراقاش‌لیغ لر بو صورت بیله‌ن اوز شهرلرینی الغاندین‌کین شهید بولغان وطنداشلر نیكٔ دردی‌ده قانی قایناب ایلچی‌غه یوروش قیلدی لر. بالاماس قوملوقیده یعقوب بگ نیكٔ عسکرلری بیله‌ن اوچراشیب قاتیغ اوروش بولدی. قاراقاش‌لیغ لر باش سیز و یراغ سیز بولغانلری‌غه رغماً فرغانه لیك لرنی تولا ضایعات‌غه دوچار قیلدی لر. بو حالده ایلچی دین فرغانه لیك لرغه تولا یاردم قوتی کلیب قاراقاش‌لیغ لر مغلوب بولوب پراکنده بولدیلر. یعقوب بگ قاراقاش شهری و کنت‌لری‌نیكٔ خلقی‌نی بیر کیچه کوندوز قتل عام قیلماقغه امر بردی. فرغانه لیغ لر قاراقاش شهری‌نیكٔ خلقی‌نی قتل

عام قیلماقغه توردیلر. فرغانه لیغ لرغه آزی بیر ایکی تنگه مقداری پول برگه‌ن کشی اۆلوم دین قوتولدی. بیر نرسه برمگه‌ن کشینی غایت قاتتیغ عذاب لر بیله‌ن قیناب اۆلتوردی لر. فرغانه لیغ لر شهرنی قتل عام قیلیب بولغاندین کین ییز لرغه چیقیب خلق نی اۆلتورمك و تالاماقغه توردیلر. لیکن خلق یورت نی تاشلاب چول لرغه و جانگال لرغه قاچیب کتکه نی اوچون ادم تولا اۆلمسه مو کوترمك ممکن بولغان نرسه لرنی قویماي اولجه قیلدی لر. اوی لرغه اوت قویدی لر.

قاراقاش قتل عامی ایاغلاشقان کونلرده یوروکقاش، سامپولا، لوپ و چیرادین یگرمه میڭ دین اشوقراق چوماقچی الامانلر ایلچی غه هجوم قیلیب یعقوب بگ نی مغلوب قیلیب شهرغه کیردی لر. یعقوب بگ شهر تاشیده عسکرلری نی ییغماقغه موفق بولغانی اوچون مذکور وطن پرورلرنی شهر ایچیده محاصره قیلدی. اخیراً اولرنیڭ میلتیق و توپ لری بولمای یراغلری فقط چوماق و سونگو (نیزه) بولغانی اوچون مغلوب بولوب بعضی سی قاچتی و اون میڭ دین اشوقراقی اسیر بولدی. یعقوب بگ بولرنی مختلف عذاب لر بیله‌ن اۆلتوروب خندکغه کومدوردی. بو فاجعه لرده حاضر بولغان و بو کونغه چه عمر کورگه‌ن قری ادم لردین متواتر صورتده اکلاغانیمیزغه کوره بو فاجعه لرده ختن خلقی دین قرق میڭ دین اشوقراق کشی شهید بولغان ایمیش دور.

موندین کین ینه یورت نیڭ هر طرفیده کیچیك کیچیك مقاومت لر بولدی. یعقوب بگ غایت قساوت بیله‌ن اغتشاش چیقغان منطقه نیڭ خلقی دین گناهکار و بیگناه نی فرق اتماس دین قتل عام قیلور ایدی. بو صورت بیله‌ن ختن نی کامل اشغال اتمك اوچون یعقوب بگ بش ای ختن ده تورماقغه مجبور بولدی. بو بش ای مدت ایچیده ختن ده وطن پرورلیك حسی بار دیب گمان قیلینغان کشی نی تریگ قویمای یوق اتتی لر. اخیراً بو قساوت لر نتیجه سیده ختن لیك لر، هر طرفده‌قان و اۆلوم نی کوروب هر قدرت و احساسات دین محروم بیر حالغه کلدیلر.

یعقوب بگ بو نیڭ بیله‌ن خاطرجمع بولوب ادم لری نیڭ الڭ ظالم راقی و ملت خائنلیقیده مثل سیز تربیه کورگه‌ن نیاز بگ نی



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ختن‌غه والی قیلیب و ینیده بیر نچه میڭ فرغانه لیغ عسکر قویوب ختن نیڭ خزانه سیده‌کی تمام آلتون و کموش‌لرنی الیب کاشغرغه کتتی[4].

**کوچا سفری**

یعقوب بگ ختن دین یانیب کاشغرغه بارغاندین کین کوچانی الماق اوچون بیر حیله پلانی قوردی. بو حیله پلانی نیڭ صورتی بودور: قومول‌غه چین استیلاتکه‌ن ایدی. چین حکومتی ایستسگه‌ن چاغدا قومول‌غه عسکر الیب چیقیب شرقی تورکستان‌غه هجوم قیلماق اوچون او یرنی بیر حربی حرکت مرکزی قیلماقی نیڭ خطری‌نی هر کیم حس قیلماقده‌ایدی. یعقوب بگ بو وضعیت‌نی اوز مقصدی‌غه بهانه قیلماق یولی‌نی توتتی. ١٢٨٤ هـ ده راشدالدین‌خان خوجه نیڭ الدیغه بیر الچی‌لیك هیئتی یوللاب" قومول‌نی چین استیلاسیدین قوتقوزوب کین‌کی خطرنیڭ الدی‌نی حاضرده الماق لازم دور. بو اوچون ایکیمیز برابر کوشش قیلماقیمیز ضرور دور. اگر جناب‌لری عسکر یوللاماسه‌لر هم بیزغه یول برمك‌لری‌نی امید قیلامن." دیگه‌ن مضمونده بیر مکتوب ایباردی. الچی‌لرنیڭ ارقه سیدین یعقوب بگ تولا عسکر بیله‌ن یوروش قیلدی.

راشدالدین خان خوجه بو الچی‌لر کیلور کلماس یعقوب بگ نیڭ مکری‌نی بیلیب درحال تمام قوتی‌نی آقسو دریاسی نیڭ بویی‌غه یوللاب یعقوب بگ کلگه‌ن تقدیرده اونی دریادین اوتکوزمای مدافعه‌قیلماق‌غه امر اتتی. یعقوب بگ یتیب کلیب دریا بویی‌غه کلگه‌ن همان کوچا عسکرلری توپ اتیب یعقوب بگ نی دریادین اوتکوزمادی‌لر. یعقوب بگ بو عسکرلرنی پنلامك اوچون " من خان‌خوجه نیڭ اجازتی بیله‌ن کلدیم و قومول‌غه غزات اوچون بارامن و کوچا حکومتی‌غه هیچ یمانلیق قیلمایمن" دیب قاتتیغ قسم‌لر قیلیب مکتوب بیله‌ن الچی ایبارسه‌مو عسکرلر آلدانمای شدت‌له‌ك مدافعه‌ده محکم توردیلر. اخیراً بیر کیچه‌ده یعقوب بگ بیر نچه میڭ عسکری‌نی دریانیڭ باش طرفیده‌کی بیر کیچیگ دین اوتکو

زوب كوچا عسكرلرىنى تويغوسوز حالده اراغه الدى ، كوچاعسكرلرى اوروشا اوروشا احاط دين چيقيب اقسوغه كيرديلر. يعقوب بگ اولرغه ارام برماسدين اقسوغه كيردى و كوچا عسكرلرى او يردين هم كينغه تار تيلماقغه مجبور بولديلر. خانخوجه بو حادثه نى اڭلاغان زمان كوچادين يارد م قوتى يوللاب باىده تمام عسكر جمع بولوب مدافعه غه توروشغه امر اتتى . يعقوب بگ اقسوغه كيرگەن زمان خانخوجه غه ينه الچى ايباردى ، الچىلر قوليدين «منيڭ مقصديم كوچا حكومتى نيڭ بير غريچ يرىغه استيلا اتمك ايمس دور. فقط مكّا قومولغه غزات اوچون يول برسه و مشترك دشمنميز بولغان چينليغلرنى قومول دين چيقارماق اوچون يارد م برسه يته دور. موندين باشقه مقصديم يوقدور.» ديب قاتتيغ اندلر بيلەن تاءكيد قيليب بير عهدنامه يوللادى. خانخوجه بير از توشونگەندين كين بو تكليف نى قبول اتمگەن تقديرده قاتيغ اوروش بولماى چا قليقى ، واوزعسكرلرى نيڭ بوسوقوشده موفق بولوشغه كوچى يو ينى توشونوب يعقوب بگ غه كوچا شهرىغه كيرماى اوتوب گتمك اجازتى نى بردى. باىدەكى عسكرلرىنى كوچاغه ياندوروب قوتى نى شهر ايچيگه توپلاب شهر اطرافى نى مستحكم قيليب توردى. يعقوب بگ كوچا شهرىنيڭ بير ميل شماليدەكى دولت باغ محله سىغه كليب توشتى. خانخوجه، يعقوب بگ غه تولا ضيافتلر و عسكرلرىغه اوچ كون يتكودەك ييمك ايچمك چيقاردى. يعقوب بگ بو ضيافت و باشقه نرسه لرنى اليب چيقغان و تماشا اوچون چيقغان ميڭلرچه كوچاليغلرنيڭ اراسى غه اخشامده اوچ تورت يوزقوراللىغ ادمى نى يرليك خلقنيڭ كيمى بيلەن ارالاشتوروب قويدى.بو ادملر هيچ تويولماسدين شهرغه كيرديلر ، كيچه سى يعقوب بگ تمام قوتى بيلەن شهرغه هجوم قيلدى . و ايلگرى كيرگوزگەن ادملرى شهرنيڭ دروازه لرىنى اچيب يعقوب بگ مشكلاتسيز شهرغه كيردى . بو حالنى كورگەن كوچا عسكرلرى دهشت و قورقونچ بيلەن پراكنده بولوب هر طرف غه قاچتيلر. خانخوجه بو حادثه دين خبر اليب تسليم بولماقنى ناموس سوزلوق بيليب مدافعه قيليب شرفى بيلەن اولمكغه قارار بيريب بيرر يوز فداكار بيلەن چيقيب اوردا نيڭ سپيلى غه يا نا شماقده بولغان فرغانه ليك لرنى اۆلتورگەلى توردى . دشمن دين



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بیرر یوز نی اۉلتورگەندین کین خانخوجە و ادملری شهید بولدیلر. بیر نچە چوڭ اوغوللری هم بو شهیدلرنیڭ ایچیدە ایدی. موندینکین یعقوب بگ، خانخوجە نیڭ بیر نچە اوغوللری نی و اینیلرینی وتوقانلرینیڭ تولا راقی نی اسیر قیلیب کاشغر و یارکندغە ایباردی و کینلردە اولرنیڭ تولاسی نی شهید اتتی[44].

بو صورت بیلەن یعقوب بگ کوچانی الفاندینکین شرق طرفیغە ایلگریلاب کورلاغە باردی. بو حادثە نی اورومچیدەکی تونگانلر اگلاب درحال تورپان نی اشغال قیلدیلر. تورپان خلقی یعقوب بگ دین تونگانلرنی یخشی کوروب اولر بیلەن بیرلاشیب تونگان و تورپان تورك لریدین مرکب قوتلیك بیر عسکر قاراشهرغە کلیب یعقوب بگ نیڭ الدینی توستیلر. یعقوب بگ او طرفدەکی تورك و تونگانلرنیڭ قوتی نیڭ اوز قوتیدین زیادە لیکی نی بیلیب تونگان حکمداری یوسف لورینجا بیلەن مصالحە قیلیب باشارگون،و بیر روایتدە،قاراشهر دریاسی نی ایکی مملکت اراسیدە فاصلە تونوشوب کاشغرغە یانیب کلدی.[45]

## یعقوب بگ نیڭ قوتی نیڭ زیادە بولغانی

یعقوب بگ،شرقی تورکستاندە مسلمانلرنی اۉلتورو ب غازی آتاناقغە مشغول بولغان حالدە یعنی ١٢٨٣ هـ(١٨٦٥م)دە روس قوماندانی گنرال چیرنیف،خدایارخاننی مغلوب اتیب تاشکند نی تارتیب الدی. بو نیڭ بیلەن تاشکند و فرغانە دین چوڭ و کیچیك ادملر قاچیب شرقی تورکستانغە سلدەك کلگەلی توردی. ١٢٨٤ هـ دە بخارا امیری سید مظفرالدین،جنرال چیرنیف دین مغلوب بولوب سمرقندغەچە روسلر اشغال اتتی. بو سبب دین سمرقند و بخارادین هم تولا مهاجرلر شرقی تورکستانغە کلدیلر. بو مهاجرلرنیڭ تولاسی یاراغ لیغ ادملر ایدی. یعقوب بگ بو مهاجرلرنی یانیغە تارتیب کتتەلریغە والیلیق و حاکملیق و عسکر قوماندانیلیق منصبلرینی بردی. عالملرنی یورتلرغە قاضی و مفتی قیلدی و یاشلرینی تماماً عسکر قیلدی.

يالفوز ختن والىسى نيازبگ دين باشقه تمام والىلر مهاجرلردين تعين؛ قيليندى. بو نيكٔ بيلەن يعقوب بگ نيكٔ بير قوتى اون بولدى. بو نيكٔ اوستيفه يعقوب بگ شرقى توركستاننيكٔ ياشلرىنى جبراً عسكرليكغه اليب سَكسَن ميكٔ قوشون تيار قيلدى. توريان، اورومچى، ايلى ولايتلرىنى الماق اوچون تيارليق قيلفالى باشلادى. يعقوب بگ بو كونلردٔ تخى اغيزده خوقند خانىغه تابع صورتيده ايدى[46].

**يعقوب بك نيكٔ توريان، اورومچى و ايلى نى الغانى**

١٢٨٥ هـ ده توريانده‌كى تونگانلر كورلاغه هجوم قيليب اويرنى اليب كوچاغه هم باسقون قيليب خلقنى بولاب تالاب بير نچه يوز اركك و خاتون كشىلرنى اسير قيليب كورلاغه يانيب كتتىلر. يعقوب بگ بو حادثه نى اڭلاب تونگانلر بيلەن‌كى مصالحەنى تونگانلر اوزىسيند ورغانيدين بونى توريان و اورومچىغه يوروش قيلماقغه يخشى بير بهانه قيليب كوچاغه يوروش قيلدى. كوچاده تورماسدين كولاغه باردى و او يرده تورت بش‌اى توروب تمام قوتىنى او يرغه توپلاب ١٢٨٦ هـ ده قاراشهرغه هجوم قيلدى. او يرده‌كى تونگانلرنى تماماً اۆلتوروب توريانغه يوردى. توريان دين كلگەن غايت قوتليك تونگان عسكرى بيلەن اوشا قتالده اوچراشيب قاتيغ اوروشلر بولدى. اخيراً بير سحر وقتيده يعقوب بگ نيكٔ عسكرلرى تونگانلرنى اوچ طرفدين اراغه الماقغه موفق بولوب تونگانلرنيكٔ تولاسى قيريلدى و آزراقى غايت پراكنده حالده قاچيب بولرنيكٔ هم تولاسى اوتراده‌كى سوسيز اوچ كونلوك چولده اۆلوب ازغينه بير مقدارى قاچيب تورپانغه بارالدى.

توريانده‌كى تونگانلر بو مدهيش مغلوبيت دين قورقوب كتيب توريانىنى بوشاتيب اورومچىغه قاچتىلر. يعقوب بگ باريب توريان ولايتىنى اوروشسيز الدى. اوچراغان تونگاننى تيريگ قويماى يوق اتتى. اندين‌كين يعقوب بگ اورومچىغه يوروش قيليب تونگانلرنى بير نچه اوروشده مغلوب قيليب اويرنى هم الدى.



ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

تونگانلر مركزىنى مناس شهرىغه يوتكهگەن ايدى . يعقوب بگ او يرلرده هم تونگانلر بيلەن تولا اوروشوب مناس و شيخو شهرلرىنى اليب تونگانلرنى هر يرده قتل‌عام قيلدى . قليچ دين اشقان تونگانلر گوچيكٔ و جميسادين قومول حدودىغەچەكى اولكه لرغه قاچتى لـــر . دوگخواكٔ و اَنْشِى طرف لرىغه قاچقانلر هم تولا ايدى . بو صورت بيلەن اورومچى ولايتيده تونگان قوتى يوق بولدى . بو نيكٔ بيلەن يعقوب بـــگ قومول حدودى و ايلى حدودىغەچه اشغال اتتى.[47]

اندين‌كين ايلىغه يوروش قيلدى . باش ايلى (غولجه ولايتى )دەكى تونگانلرنيكٔ ظلمى سببىدين تونگانلر بيلەن مجادله قيلماق ده بولغان تارانچىلرنيكٔ ياردمى بيلەن يعقوب بگ او يردەكى تونگانلـــر نى اسان مغلوب اتيب او يرنى قولغه الدى . يته سو و اياغ ايلى دەكى تارانچى حكومتى، يعقوب بگ غه الچى يوللاب تابع ليك قبول اتكەنلرىنى بيلدوروب و هر ييلى معين مقدارده ماليات برمك نى گردن لـــرى غـــه اليب داخلى استقلال‌لرى اوز يريده قالماق شرطى بيلەن كليشيم طلب قيلدى لر . يعقوب بگ هم بونى غنيمت بيليب بو جگجوى خلق بيلـــەن اوروشماق دين كليشيم توزوب كاشغرغه ياندى . يعقوب بگ چين حكومتى بيلەن صلح قيلماق خيالى بولغان اوچون قومولغه تعرض قيلمادى. شويوزدين اورومچى نيكٔ شرقى دەكى تونگانلرنى يوق اتميگەن . ليكين بو خطا دوشونجه كين‌لرده شرقى توركستان غه چين استيلاسى اوچون ياراردى.[48]

منه بو صورت بيلەن غربده پامير و آلاى ياىلاغلرى و ايلى طرفى ده ايسيغ كول و آلماتا ، شمالده بالخاش كولى ، تاروتاى ، التاى نيكٔ جنوبى دەكى ياىلاغلر ، شرقده باركول تاغلرى ، اورومچى ، قومول اراسيدەكى شامو چولى وجنوبدەقاراكُفو تاغ (كيونلون ) و قاراقورام سلسله لرى دين عبارت بولغان حدود نيكٔ ايچى تماماً يعقوب بـــگ نيكٔ حاكميتى استيغه كيردى . حاضرقى شرقى توركستان دبيلگەن اولكه نيكٔ حدودىدين التاى و چوچك ولايت‌لرى او وقتده مغولستان دين ساناليب چين‌غه تابع ايدى . قومول و باركول هم چين قوليده قالـدى .

حاضرېه روس قوليده بولغان اياغ ايلى و يته سو يعقوب بگ غه تابع بولدى . ( ٢١ نجى خريطه‌غه قاراسونلر )

### يعقوب بگ نيڭ استقلال اعلان قيلغانى وبدولت عنوانى نى الغانى

يعقوب بگ حكمدار بولغان وقتيدين باشلاب حقيقتاً مستقل ايدى و هر ايش نى فرغانه خانى دين سورماى اوز اختيارى بيله‌ن اجرا قيلور ايدى . انيڭ الديده مسئول هم ايمس ايدى . ليكن اوزى نى رسماً فرغانه خانى نيڭ حاكميتى استيده ديب اڭا حرمت كورساتور ايدى .

يعقوب بگ ايلى نى الغالى تيريشكه‌ن كون لرده فرغانه خانليقى منتهادرجه‌ده ضعيفلاشيب روس نيڭ حمايه سى نى قبول اتكه‌ن ايدى . يعقوب بگ ايلى دين يانيب كليب فرغانه حكومتى غه تابع‌ليق دين چيقغانى نى و شرقى توركستان نيڭ فرغانه دين هر وجهه دين ايريم و مستقل بير دولت ايكه‌نليكى نى اعلان قيلدى . و تابع‌ليق‌غه علامت سانالغان اتاليق عنوانى نى تاشلاب بدولت عنوانينى الدى . كاشغرغه‌اصلى هندستانليغ ميراحمد جمادارنى والى قيليب اقسو شهرى نى پايتخت قيلدى . بو تاريخدين باشلاب يعقوب بگ عسكرى قوتى نى اشورماق اوچون ياراغ و ميلتيق داروسى تيارلايدورغان ايشخانه لر تاسيس قيليب توپ، ميلتيق ، اوق ، دارو تيار قيلدورغالى تورد ى . يورت دين مجبورى صورتده تولا عسكر الدوردى . شهرلر و حدودلرنى محافظه قيلادورغان امنيت‌عسكرلريدين باشقه يالغوز سوقوش اوچون "سكسنميك ﭬوشون جمع قيليب" او زمانه ده‌كى يڭى نظام غه موافق تعليم استيغه الدى (خلق انى فَرَڲچه مَشق دير ايديلر)، داخلى نفوذى نى اشورماق اوچون ممكن قدر هر ماٴمورلوق غه لايق بولسون بولمسون غربى توركستانليغ محاجرلردين تعين قيلدى . عسكرنى و مهاجرلرنى يخشى باقماق اوچون ير مالياتى اليم ساتيم باجلرى، حيوان محصوللرى و باشقه هر قسم الوان لرنى خلق طاقت قيلالمايدورغان درجه‌ده اغير



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قیلدی. حتاکه دهقانلر یرلرینی تاشلاب هر طرفغه قاچقالی توردیلر. تجارت فایده سیز بیر ایش درجه سیغه توشوب سود اگربک آز قالدی. بو سببدین اشلیق و هر نرسه فوق العاده قیمت بولوب خلق قاتماقات ظلم و قحط بلاسیغه مبتلا بولدی.[49]

**یعقوب بك نیك یات دولت لر بیله ن مناسبت پیدا قیلغانی**

۱۸۷۰م ده یعقوب بگ تورکیه غه سلطان عبد العزیز نیك حضوریغه بیر هیئت ایباریب اوزی نیك خلافت مقامیغه تابع لیقی نی بیلدوردی. شرقی تورکستان حکومتی نیك مستقل بیر اسلام دولتی صفتی بیله ن تونولماقی نی التماس قیلدی. سلطان عبد العزیز، بو هیئت نی خوشلوق بیله ن اوز حضوریغه قبول قیلدی، شرقی تورکستان ده خطبه و پولغه خلیفة المسلمین لیك صفتی بیله ن الینماقی نی امر اتتی. یعقوب بگ غه امیرالمسلمین عنوانی نی بردی. یعقوب بگ بو امرنی اجرا قیلیب خلیفه سلطان عبد العزیز نیك اتی نی خطبه لرده الماقغه امر اتتی. خلیفه عبد العزیز عباره سی قاقیلغان کموش پوللر حاضرده مو خلق نیك قولیده باردور.[50]

موندین کین یعقوب بگ هندستانغه و روسیه غه بیرر دین الچی ایباردی. انگلیس و روس دولتلری شرقی تورکستان نیك استقلالی نی تونودیلر. هندستان حکومتی بیله ن بیر تجارت معاهده سی عقد اتتی. ایکنجی ییلی روسیه دین و هندستان دین یعقوب بگ نیك الدیغه رسمی الچیلر کلدی. یعقوب بگ هندستان دین توورت میك دین زیاده راق کارتوس لوغ و یگرمه میك پستانلیغ میلتیق و نورغون حربی نرسه کیره ك الدی.[51]

یالغوز چین دولتی اوزی نیك طبیعی سیاستی نی توتوب شرقی تورکستان استقلالی نی تونومادی. لیکن نارسیده امپراطور توکشی

نیڭ نایبی کونگ،عثمانلی تورکیه ، انگلیس و روس دولتلری‌نیڭ خاطری اوچون شرقی تورکستانغه عسکر ایبارماسلیکی‌نی رسماً اعلان قیلدی . بو کونلرده چین دولتی هم داخلی انقلابلر هم اوروپا دولتلری نیڭ باسیمی‌غه اوچریغان‌ایدی . چین‌دولتی‌نیڭ موندا غ وقتده توتادورغان تاریخی نفاق سیاستی‌دین یعقوب بگ خبرسیز ایدی . دنیانیڭ اوچ چوڭ دولتی استقلالی‌میزنی تونوغاندین‌کین چین دولتی هم تونومای چاره یوق دیگەن نظریه غه توتولوب بی‌پروالیق قیلور ایدی .

### اورومچی وغولجه غه ایکنجی قتیم تونگان استیلا قیلغانی

ایلگری یعقوب بگ دین مغلوب بولوب اورومچی نیڭ شرق طرفیده‌کی اولکه‌لرغه و دوڭخواڭ غه قاچقان تونگانلر ۱۸۷۱ میلادی ده بیرله‌شیب اورومچی غه هجوم قیلیب او یرنی اشغال اتتی لر . بو نیڭ بیله‌ن التی شهر و غولجه اراسیده‌کی حربی حرکت یولی اوزولدی و غولجه ده‌کی تونگانلر اورومچی تونگانلری‌نیڭ یاردمی بیله‌ن غولجه نی ینه الدی لر . نتیجه‌ده اورومچی ، ایلی ، یته سو ولایتلری‌یعقوب بگ نیڭ حاکمیتی‌دین چیقیب کتتی . یعقوب بگ درحال چوڭ اوغلی بگ قولی‌بگ نی تولا عسکر بیله‌ن اورومچی غه یوللادی . بگ قولی‌بگ باشتا غالب کلیب اورومچی نی السه مو ینه تونگانلر یاندوروب الدیلر . بو اوچون یعقوب بگ سکسن‌میڭ قوشون دیب اتایدورغان تمام مرکز قوتی‌نی الیب ۱۲۹۰ هـ (۱۸۷۳م) ده تورپانغه باردی . یعقوب بگ تورپانغه بارور بارماس تونگانلر صلح تیلادی لر . اولرنیڭ حکمداری یوسف لور ینجا اوزی تورپانغه کلیب اطاعت‌عرض قیلیب اورومچی ولایتی ده تونگانلر داخلی استقلالغه ایگه بولوب یعقوب بگ نیڭ حاکمیتی‌نی اوز اوستلری‌ده تونوماق شرطی بیله‌ن و هر ییلی معین بیر مقدار تار تیغ برمکنی بویون لری‌غه الیب کلیشیم توزمکنی تکلیف قیلدی . یعقوب بگ بو صلح غه راضی بولوب یاندی . موندین کین یعقوب بگ تورپان



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ولایتی غه مهاجرلردین حکیم خان توره نی والی تعین قیلدی و اوغلی بگ قولی بگ نی تولا عسکر بیله ن تورپاندە قویدی.[52]

## شرقی توركستان غه چین تعرضی

چین حکومتی یوننن انقلابچیلری بیله ن اوروشوب اولر نیڭ باشلیغی بولغان سلطان سلیمان (تاونسو)نی شهید اتتی. بو نیڭ بیله ن یوننن انقلابچیلری پراکنده بولوب داخو (چوڭ یولبارس) لقب لیك بیر قوماندان اوز قول استیده کی تورت بش میڭ تونگان عسکری بیله ن یوننن دین قاچیب گانسوغه اوتوب او یرده کی تونگانلردین ینه بیر نچه میڭ کشی لیك قوت توپلاب گانسو ده یمان بیر انقلاب چیقاردی. ایکی ییل مدت گانسوده قورقونچ بیر اوروش بولوب تولا شهرلر ویران بولدی.[52]

۱۲۹۰ هـ (۱۸۷۳م) ده چین امپراطوری توکشی بالغ بولوب حکومت ایشی نی قولیغه الیب مذکور ییلی تورت یوز میڭ عسکرنی گانسوغه یوللادی. داخو بو عسکرلردین مغلوب بولوب ۱۸۷۵ میلادی ده شرقی توركستان غه قاچتی. چین عسکرلری اونی قوغلاب قومول غه کلدی لر. بو خبرنی یعقوب بگ اڭلاب تمام قوتی نی الیب کورلا غه باردی و حکیم خان توره نی تورپان دین قیچقیریب اوزی دین نایب لیقی صفتی بیله ن آقسوده قویدی. و تورپان غه تولا عسکر ایباریب اوغلی بگ قولی بگ نی داوانچیڭ بوغازی نی استحکام قیلیب عسکرلری بیله ن اویرن تورماق غه امر اتتی. بو حالده داخو اورومچی غه کلیب یعقوب بگ دین پناه تیلادی و یعقوب بگ اڭا پناه برمکنی قبول اتتی. داخو یانیده قالغان بش الته یوز ادمی بیله ن کورلا غه کلیب یعقوب بگ بیله ن کوروشتی یعقوب بگ، داخونی ادملری بیله ن اقسوده تورماقغه امرقیلدی.

بو اراده اورومچی دەكی تونگانلر اصلی چینلیغ لیقی نی میدانغه چیقاریب یعقوب بگ دین یوز اوٚیروب چین قوماندانی زو زوڭ تاڭ غه اطاعت عرض قیلدی. بو سبب دین زوزوڭتاڭ بیر توسالغو غه اوچراماي اورومچی غه كلدی. زوزوڭتاڭ اورومچی غه اورونلا شیب یعقوب بگ غه الچی ایباریب داخو نی طلب قیلدی. داخو نی برگەن شرط بیلەن شرقی توركستانغه تعرض قیلماسلیقغه امپراطورتوڭ شی نیڭ امری بارلیقی نی بیلدوردی. یعقوب بگ داخو نی برمكنی قبول اتمدی و چین حكومتی بیلەن اساسلیغ بیر دوستلوق معاهدەسی عقد اتمك طلبی نی بیلدوروب الچی ایباردی. زو زوكتاڭ بو نیڭ جوابی دە حرب اعلان اتیب داوانچیڭ غه كلدی. یعقوب بگ حرب نی قبول اتماي اوغلی نی توربان غه یانماقغه امر بردی. بگ قولی بگ بو امرغه بناءً داوانچیڭ بوغازی نیڭ مستحكم موقعی نی ترك اتیب توربان غه یانیب كلدی. چین عسكری توربان غه یوروش قیلدی. ینه یعقوب بگ اوروشماسلیق غه و توربان نی بوشاتماقغه امر بیریب بگ قولی بگ نی و عسكرلری نی كورلا غه یاندوروب الیب كلدی. یعقوب بگ نیڭ چین بیلەن محاربه قیلماسلیقی نیڭ سببی او كونلردە فرغانه نی الیب شرقی توركستان غه كوزی نی تیكیب تورغان روس دولتی نیڭ فرصتدین استفادە قیلیب شرقی توركستانغه هجوم قیلماقیدین قورقماقی ایدی. بو قورقونچی بولمغان بولسه چین عسكری دین هیچ پرواسی یوق ایدی. بو اوچون چین بیلەن صلح قیلماقنی ضرور كورمكدە ایدی. یعقوب بگ، زو زوڭتاڭ غه ینه ینەبیرالچی ایباریب چین حكومتی بیلەن اساسلیغ بیر مصالحه قیلماق و بو نیڭ بیلەن ایكی مملكت آراسیدە بیر دوستلوق و روس مقابلیدە بیرلیك معاهدەسی عقد اتمكنی تكلیف قیلدی. اگر بو تكلیف نی قبول اتمگەن تقدیردە جدی صورتدە محاربه غه كیریشمكنی هم بیلدوردی. زو زوڭتاڭ بو طلب نی قبول قیلیب یعقوب بگ طرفیدین چین امپراطوری نیڭ الدیغه الچی بارماق و الچیلر معاهدە عقد اتیب یانیب كلگونچه اوروشماي تورماقغه قارار بیریلدی.[53]



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

بو اوترا ده یعقوب بگ نیڭ یانیده بولغان ختن والی سی نیاز بگ و خزانه چی عاشوربگ لر چین نی چوقوم غالب گمان قیلیب مخفی صورتده زو زوڭتاڭ غه کشی ایباریب اونی اوروش غه تشویق قیلیب اوزلری نیڭ هر خذمت غه تیارلیق لری نی بیلدورگه ن ایدی لر. اولر نیڭ بو حرکت لریدین یعقوب بگ هم شبهه لانگه ن ایدی. یعقوب بگ بیله ن چین حکومتی اراسیده مصالحه بولماق قارارلاشقانی نی بو خاین لر بیلیب بو مسئله نیڭ اوز جان لری غه خطرلیکی نی بیلدی لر. بو خاین لر یعقوب بگ نیڭ باورچی (اشچی سی) غه تولا پول بیریب انیڭ واسطه سی بیله ن یعقوب بگ غه زهر بردیلر و بو سبب بیله ن یعقوب بگ بیر ساعت ایچیده اۆلدی.

۱۲۹۳ هـ (۱۸۷٦ م) نیڭ اوتراسیده نیاز بگ برد ورگه ن زهر بیله ن یعقوب بگ اۆلدی. یعقوب بگ نیڭ هیچ بیر ولیعهدی یوق ایدی. لیکن یانیده کی اوغلی بگ قولی بگ اوزی نی داداسی نیڭ اورنی غه حکمدار اعلان اتتی. بو نازك وقتده اویلاماسدین حکیم خان توره اوزی نیڭ ولیعهدلیکی نی دعوا قیلیب اوزی نی پادشاه اعلان قیلیب بگ قولی بگ غه دشمن لیك قیلغالی باشلادی. یعقوب بگ نیڭ کیچیك اوغلی حق قولی بگ کاشغر والی سی ایدی. او هم کاشغرده استقلال اعلان اتتی. نیاز بگ کورلادین بیر حیله بیله ن ختن غه قاچتی و او هم استقلال اعلان اتتی. منه بو نازك وقت ده یعقوب بگ نیڭ اۆلومی و مملکت نیڭ پارچه لانماقی و تورپان ده کی چین قوتی نیڭ بو وضعیت دین استفاده قیلماق اوچون قاراب تورماقی، شرقی تورکستان نیڭ چین استیلاسیغه دوچار بولوشینی کورساتمکده ایدی. بگ قولی بگ بو وضعیت مقابلیده چین عسکری نی حسابغه قاتماسدین رقیب لری بیله ن اوروشماق و داداسی نیڭ تختی نی اوگچه الماق هوسی بیله ن کورلا نی بوشاتیب داداسی نیڭ جسدی نی و تمام عسکری نی الیب کوچاغه یوردی. بگ قولی بگ کورلادین حرکت قیلغان وقتده خزانه چی عاشور بگ بیر مقدار التون و جواهر نی الیب چین عسکری طرفیغه قاچتی. بگ قولی بگ کو

چاغه کلیب کوچا والی‌سی عامل‌خان‌توره نی چین عسکری کلگه‌ن تقدیر ده مدافعه قیلماق غه امر قیلیب اگا بیر مقدار عسکر بیریب اقسوغه یوردی، حکیم خان‌توره نی مغلوب قیلیب اقسونی الدی. حکیم خان قاچیب فرغانه غه باریب روس نیک پناهی‌غه سغیندی. بگ قولی‌بگ اقسودین کاشغرغه یوردی. کاشغرغه یاقین کلگه‌نده اینی‌سی حق قولی‌بگ عسکر بیله‌ن چیقیب اگا واوکا اراسیده اوروش بولوب نتیجه ده حق قولی‌بگ اۆلتورولدی، عسکرلری پراکنده بولوب بگ قولی‌بگ کاشغرغه کیردی. اندین کین داداسی نیک جسدی‌نی مراسم بیله‌ن کاشغر قبرستانی‌ده دفن قیلدی.

موندین‌کین بگ قولی‌بگ ختن‌نی الماق اوچون ختن‌غه یوروش قیلدی. نیاز بگ کورلادین قاچیب ختن غه کلگه‌نده ختن‌ده‌کی فرغانه لیغ‌لرنیک ایش‌غه یارار لیغ‌لری‌نی اۆلتوروب ختن خلقی‌دین‌تولا عسکر الیب بگ قولی‌بگ بیله‌ن اوروشماق‌غه تیارلانغان ایدی. بگ‌قولی بگ نیک یوروش قیلغانی‌نی نیازبگ اڭلاب زاوا قصبه‌سی‌غه عسکرلری‌نی توپلاب اویرنی مدافعه جبهه‌سی به‌لگوله‌دی. بگ قولی‌بگ پیالمه غه کلگه‌نده نیاز بگ هیچکیم‌غه بیلدورمای ایکی یوزچه یاراغلیغ ادمی بیله‌ن زاوادین مخفی صورتده ایلچی‌غه کلیب اورداده و شهراطرافیده‌کی باغلریده کوموب ساقلاغان میڭلرچه سیخچه التون و میڭلرچه کوموش یامبولرنی اچتوروب قاچالاب اتلرغه‌یوکله‌پ کریاطرفی غه قاچتی. ایرته‌سی، بگ قولی‌بگ زاواغه کلدی و اویرده‌کی عسکرلر اونیک یولی‌نی کستی‌لر. قاتیغ اوروش بولوب تورغان حالده نیاز بگ نیک یوقاریقی صورتده قاچقانی‌نیک خبری‌نی عسکرلر اڭلاب بعضی‌سی بگ قولی‌بگ غه تسلیم بولدی، و تولاراقی هر طرف غه قاچیب اۆی‌لری غه کتتی‌لر. بگ قولی‌بگ اوروش‌سیز ختن‌نی الدی.[54]

نیاز بگ قاچقانچه کریادین اوتوب چرچن و چرخلیق شهرلری‌غه هم کیرمای چول یول‌لری بیله‌ن یوروب کورلا غه باردی. چین نیک ایکنجی قوماندانی جوویه لیوجن‌تاڭ، یکّی‌ده کورلاغه کلگه‌ن ایدی. نیاز بگ،لیوجن‌تاڭ نی زیارت قیلیب قولیده‌کی تمام التون‌کموش



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

لرنی اکا هدیه قیلیب قدیمدین چینغه‌یقینلیقی نیک نشانیسی قیلیب بو التون کموش نی چین حکومتی اوچون ساقلاغانی نی عرض اتتی[55].

**شرق تورکستان استقلالی نیک یقیلغانی**

یعقوب بگ اولگه‌ندین کین یوقاریقی صورتده داخلی مجادله چیقغانی دین چین حکومتی، شرقی تورکستان نی الماقنی امید قیلیب وضعیت نی دقت بیله‌ن کوز له‌مکده ایدی. مذکور داخلی مجادله‌ده حکیم خان‌توره و حق قولی‌بگ طرفدارلری بولغان فرغانه‌لیغ‌لر کوپ مقدارده یاراغ بیله‌ن فرغانه غه قاچتی. یرلیک عسکرلرنیک تولا راقی اولوب و قاچیب هر طرف غه تاراغالی باشلادی. بو نینک بیله‌ن بگ قولی‌بگ نیک قوتی غایت درجه‌ده آز قالدی.

زو زوکتاک بو وضعیت دین خبر الیب شرقی تورکستان نیک همه سی غه استیلا قیلماقغه قرار بردی. ۱۲۹۳ ھ (۱۸۷٦م) نینک اخریده چین امپراطوری توکشی اولوب اورنیغه نارسیده اوغلی گواکشوی امپراطور بولدی. اناسی وکیل‌لیق صفتی بیله‌ن اداره ایشی نی قولیغه الدی. بو اوچون زو زوکتاک نیک التی شهرغه هجوم قیلماقی بیر ازکین قالدی.

۱۲۹٤ ھ (۱۸۷۷م) ده عسکری‌نیک بیر قسمی بیله‌ن زوزوکتاک اوزی توریاندە قالیب بیر قسمی نی جو و یه لیوجن‌تاک اتلیغ قوماندان نیک قیادتی استیده التی شهرغه یوللادی. شرقی تورکستان لیغ‌لر بو کشی نی تحریف بیله‌ن جولوشی و بعضی سوجاک لوشی دیدور. بگ قولی‌بگ بو واقعه دین خبرسیز ختن‌غه یوروش قیلغان ایدی. ختن نی اشغال قیلیب یورت نیک ضبط و ربطی غه مشغول حالده ایکه‌ن لیوجن‌تاک نیک قارا شهرغه کلگه‌ن خبری‌نی اکلادی. بگ قولی‌بگ بو خبر نی الغان زمان ختن دین یانیب کاشغرغه باردی. اوکاشغرغه بار غونچه لیوجن‌تاک کورلا نی اشغال اتکه‌ن ایدی. بو اراده نیاز بگ،

عاشوربگ ، ختنلیك احمدبگ ، كاشغرلیك محمودبگ ، كوچا واڭ نیڭ اوغلی و چینغه خذمت قیلیب كلگەن باشقه بیر نچه ملت خائن لری و شخصی منفعت فداكارلری بیرر بیرر دین قاچیب لیوجنتاڭ نیڭ الدیغه بارغان ایدی لر. بولر لیوجنتاڭ نی التی شهرنی اشغال اتمكغه تشویق قیلیب اونی ایتیك راق الیب كلمكغه كوشش قیلدی لر. لیوجنتاڭ كورلا دین كوچاغه یوردی و كوچا والیسی عامل خان توره بیراوق اتمای ادم لری و یراغ لری بیله ن توغرا فرغانه غه قاچتی . بونیڭ بیله ن لیوجنتاڭ كوچا و اقسو ولایت لرینی هیچ بیر مانع سیز الدی و اندینكین كاشغرغه یوردی[56].

بگ قولیبگ كاشغردین بیرنچه میل اوزاقیرده استحكام لر قیلیب اویرده تولاعسكر توختاتیب مدافعه غه تیارلانغان ایدی . لیوجنتاڭ او یرغه كلیب اوروش باشلاندی . بو حالده بگ قولیبگ بیرمونچه خاص ادم لری بیله ن قولیغه چیقغان خزانه و یراغلرنی الیب كیچه ده كاشغردین چیقیب فرغانه غه قاچتی . بو حادثه نی جبهه ده كی عسكرلر هیچ بیلمای شدتلیك اوروش غه مشغول ایدی لر. كاشغرده ایلگریكی فتح ده مسلمان بولغان تورت بش میڭ چینلیغ نی یعقوب بگ مخصوص بیر محله ده اولتورغوزوب یخشی محافظه قیلغان ایدی . بو چینلیغ لر بگ قولیبگ نیڭ قاچقانینی بیلگه ن زمان ایلگری یاشورغان یاراغلرینی الیب شهرده كی خلقنی بولان تالان قیلماقغه باشلادیلر. شهرنیڭ دروازه لرینی قوللریغه الماق اوچون شهر ایچیده كی عسكرلر بیله ن اوروشقالی توردی لر. منه بو حادثه جبهه ده كی عسكرلرغه ایشیتیلگه ن زمان مدهیش بیر اضطراب بیله ن پراكنده بولوب قاچالغانی قاچتی و تولاسی دشمن قولیده اۆلتورولدی ویا اسیر الیندی .

موندینكین لیوجنتاڭ كاشغرنی اشغال قیلیب نهایت ارام و خاطرجمع لیك بیله ن یاركند و ختن ولایت لرینی اشغال قیلدی .

منه اوشبو صورت بیله ن مونداغ عجیب و غریب طرزده ١٢٩٤ هـ (١٨٧٧م) ده شرقی توركستان استقلالینی یوقاتیب ینه چین استیلاسیغه توتولدی .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

یعقوب بگ دوریده هر ایش او نینگ اوز اختیاریده ایدی. هر ایش، هر فکر و هر رائی توپ توغرا اوزیدین چیقار ایدی. هیچ کینگه‌شچیسی ویا وزیری یوق ایدی. مهم ایشلر اوچون کینگه‌ش و مذاکره مجلسی اچماق اویان تورسون، باشقه لرنینگ مشوره سی بیله‌ن ایش قیلماق حکمدار بولغان کشی نینگ لیاقتسیزلیکی و کفایتسیزلیکی نینگ دلیلی دور دیر ایدی. بیر مجلسده یعقوب بگ شونداغ دیگه‌ن: "خدا بیر کشی نی بنده لری نینگ اوستیغه حکمدار قیلسه تمام حکومت ایشلری و تمام اختیارات او کشی نینگ ایلگیسیده بولمقی خالص او کشی نینگ خدا برگه‌ن حقی دور." یعقوب بگ نینگ بو سوزی متواتر صورتده روایت قیلینماقده دور. دیمک که: یعقوب بگ تاریخ و حقیقی سیاستدین خبرسیز و اسلام اصولی نی هیچ بیلمایدورغان چوقور بیر جاهل و مُفرِط بیر خودبین ایدی.[57]

حکومت نینگ اک مهم ایشلری نی یعقوب بگ نینگ یاقین ادملری فقط یارلیغنامه چیقفانده بیلور ایدی لر. یعقوب بگ نینگ نظریده اک یخشی والی و مأمور انینگ هر حُکمِی نی ایکیلینیب قالمای اجرا قیلادورغان کشی ایدی. انینگ بعضی حکملری و اِجرا آتی غه یخشی کوز قاراش بیله‌ن اعتراض و تنقید قیلادورغان خوقندلیک ضیاء الدین قاضی کلان، اکمل خان توره و ختنلیک ابراهیم قاضی دک عاقل و دولتخواه کشیلرنی یعقوب بگ یمان کورور ایدی. موندا‌غ کیشیلر نینگ بعضی سی نی مختلف واسطه لر بیله‌ن یوق اتتی. اما یوقاریده‌ات لری اوتکه‌ن بو اوچ کشی اوز لری نینگ خلق اراسیده‌کی شخصیت و اعتبارلری یوزیدین تیریگ قالدی لر. لیکن حکومت نینگ الدیده بوزوق عنصر ایدی لر. الحاصل یعقوب بگ اوز فکریچه یخشی کورونگه‌ن ایش نی عین صواب بیلادورغان و باشقه لرنینگ اگا توغرا کلمیگه‌ن بیر توشونچ غه راضی بولمایدورغان غایت مُفرِط بیر مستبد ایدی.

یعقوب بگ نیڭ اداره تشکیلاتی اساس جهتدین شرقی و غربی تورکستان خلقی نی بیر ملت دیب تونومیغان. اوزی‌نیڭ حکومتی‌نی شرقی تورکستان نیڭ ملی حکومتی دیب حساب اتمس ایدی. بلکه شرقی تورکستان نی بیر مستملکه ساناماق و خلقنی هر حق دین محروم بیر اسیر ملت دیب بیلمه‌ك انیڭ اداره تشکیلاتی نیڭ اساسی ایدی. والی‌لیق، حاکم‌لیق و مأمورلوق غه ممکن قدر غربی تورکستانلیع لر دین تعیین قیلور ایدی. فقط نیازبگ و عاشور بگ لرده‌ك اوز ملتی غه خیانت قیلیب یعقوب بگ غه فوق العاده خذمت قیلغان یرلیك لرنی خذمت مکافاتی صورتی بیله‌ن ایش غه سالور ایدی. بو والی و مأمورلر تماماً غیر مسئول و مُطلَق اختیارات غه ایگه بولوب ظلم بیله‌ن خلق نی اَزمَکده ازاد ایدی لر. غربی تورکستان مهاجرلری چوڭ حقوق لرغه ایگه ایدی لر. اولرنیڭ یرلری مالیاتدین، آلیم ساتیم باجلریدین کیچیریم قیلینغان ایدی. محکمه لرده اولرنیڭ سوزلری حجت ایدی. اما بوڭا مقابل یرلیگ خلق هر حق‌دین محروم و هر ظلم غه اوچرار ایدی. تفصیلاتی توبنده‌کی مضمونلردین اڭلانادور.

اداره تشکیلاتی او وقتده‌کی غربی تورکستان اوزبك‌دولت لریده‌کی شکل‌غه تقلید اتمکدین عبارت بولوب منتظم بیر قانون غه باغلیغ ایمس‌ایدی. توپ توغرا یعقوب بگ حاکمیتی استیده بولغان کاشغر، یارکند، ختن، اقسو، کوچا، کورلا، تورپان ولایت‌لریده مُهاجرلردین ویا نیاز بگ‌ده‌ك بیر خذمت قیلغوچی‌دین بیرردین والی تعیین قیلغان ایدی (والی‌نی دادخواه دیر ایدی). بو دادخواه لر نیڭ اختیارات و صلاحیت‌لری نهایت درجه‌ده کَڭرو ایدی. هر دادخواه اوز والی‌لیق منطقه سیده تولا ایش‌لرده مستقل‌ده‌ك ایدی و او منطقه ده‌کی چوڭ و کیچیك مأمورلرنی اوزی تعیین قیلور و توشورور ایدی. مگر بعضی وقتده یعقوب بگ بعضی کشی‌لرنی حاکم ویا عسکر منصبداری یاکه قاضی و مفتی قیلیب ایبارسه والی انی قایتورالماس



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

ایدی . ادم اۉلتورمك و اندین باشقه جزا ایشلری تماماً والی نیڭ اختیاری‌ده ایدی . عدلیه ایشلری‌کورونوشده‌شریعت قاضی‌لری‌غه تافچورولغان بولسه‌مو حقیقت‌ده یعقوب بگ و والی‌لر و حاکم‌لرنیڭ امری‌غه بویون اگمك غه مجبورایدیلر. یعنی بولرنیڭ غرض‌لری‌غه توقونیشی بولمغان کیچیك ایش‌لر شریعت‌غه اویغون یوروتولور ایدی.[58]

یعقوب بگ نیڭ الڭ مهم ایشی مالیات‌الماق ایدی . یرمالیاتی اوزبك دولت‌لری‌نیڭ اصولی‌غه موافق بولوب هر تاناپ (جریت) غه مقرر بولوب تریلغان نرسه نیڭ توری‌غه قاراب الماق قانونی غه اساسلانغان‌بولسه‌موالینادورغان‌مالیات نیڭ مقداری یعقوب بگ طرفی‌دین تعین قیلینمغان اوچون مالیات‌نی از ویا جیق الماق والی نیڭ اختیاریده ایدی . هیچ بیر ولایت‌نیڭ مالیاتی‌نیڭ مقداری‌نی و او ولایت خزانه سیده بار نرسه‌نی یعقوب بگ بیلمس ایدی . یعقوب بگ،والی غه "مونچه مقدار التون یا کموش یا اشلیق ویا باشقه نرسه خزانه غه ایبارگیل" دیب یارلیغ ایبارور ایدی . والی هم مذکور نرسه نی اوزی بیلگه‌ن یول بیله‌ن ییغیب تعین قیلینغان وقتده ایبارمکغه مجبورایدی . و ینه مونیڭ اوستیغه هر والی بیلده ، یا التهٔ آیده ویا اوچ آیده بیر قاتار تارتیغ عنوانی بیله‌ن یعقوب بگ نیڭ حضوری‌غه بیر مقدار التون کموش و باشقه قیمتلیك نرسه لرنی یا اوزلری الیب بارور ایدی لر یاکه یاور (مَحرَم) لریدین ایبارور ایدیلر. قایسی والی تارتیغ نی تولاراق بیرسه یعقوب بگ اندین زیاده خوش‌ایدی و اڭا زیاده‌راق اعتبار و نفوذ بیرور ایدی . و بو وضعیت والی‌لرنیڭ منصب حرصی یوزیدین یعقوب بگ نی خوش قیلماق اوچون تارتیغ نی زیاده برمکده مسابقه قیلیشماق غه سبب بولدی . بو نیڭ یۉکی بیچاره یرلیك خلق‌نیڭ بوینی‌غه یوکلانیب یرلرنیڭ حاصلاتی مالیات غه یتمایدورغان مرتبه غه‌باردی. خلق یرلریدین قوتولماق اوچون چاره ایستاب یورتدین یورت غه قاچتی‌لر. بو سبب دین یر مالیاتی بیله‌ن والی‌لرنیڭ تارتیغ‌لری تأمین بولمایدورغان بولدی . بوڭا چاره قیلماق اوچون والی‌لر تاغده‌کی ملت‌نیڭ اراسیده‌کی اورتاق یایلاغ‌لرنی‌کشی‌لرغه زور بیله‌ن ساتتی‌لر . ختن والی‌سی نیاز بگ، یایلاغ‌لرنی اوچ قاتا ساتتی . آلیم ساتیم باج لری فایده‌دین

اشوق بولدی . بو نیكَ بیلەن یرلیك سود اگرلر تجارت نی کاملاً ترك اتتی لر. باج الینمایدورغان مهاجرلرانچه مونچه تجارت قیلور ایدی لر. بیر کشی اؤلسه تمام مال‌لری‌نی حکومت ادم لری دفترغه الیب میراث نیكَ یریمی نی یاکه اوچ ده بیری‌نی" تَرکانَه"اتی بیلەن خزانه غه الور ایدی . والی‌لر فقط یعقوب بگ غه اطاعت قیلماق و تارتیغ برمك و یعقوب بگ طلب قیلغان نرسه نی ایبارمك وعسکر ییغیب مرکزغه یوللاماق ایش‌لری ده کمچیلیك قیلسەلر یعقوب بگ نیكَ الدیده مسئول بولوب جزا کورور ایدی لر. خلق‌غه ظلم قیلغان خادملر بو خصوص ده هیچ مسئول ایمس‌ایدی لر. والی و حاکم لرنیكَ اوستیده خلق‌نیكَ شکایتی‌نی اکلاماق ویا بیرخالص‌کشی نیكَ‌نصیحتی و اوختوروشیغه‌قولاق‌سالماق‌یعقوب‌بگ نیكَ تاریخیده هیچ یوق‌دور.[59]

بو نیكَ اوستیغه یعقوب بگ و والی‌لری اؤز آت‌لریده یاد گار قویماق ' چون خیالی و اصل‌سیز مزارلرده غایت مکلف عمارت‌لر و جامع‌لر ر ، رسه لربنا قیلور ایدی لر. بو بنالر اوچون خزانه دین یاکه اوز شخصی ثروت‌لریدین بیر یارماق صرف قیلمای تمام عمارت‌لوازمی‌نی خلق‌نیكَ بوینی‌غه قویوب اوی باشیدین پول ، یغاچ ، تاش، خشت، گچ ، اهك ، و باشقه کرەك لیك نرسه لرنی الوان صورتی بیلەن الور ایدی .هر کیم بو الوان لرنیكَ تاشیده عمارت‌ایشی و یغاچ تاش‌توشوماق ایش لریده تاپاق استیده ایش قیلماقغه مجبور ایدی . مونداغ ظلم لر بیلەن یاسالغان بو عمارت‌لر عموم خلق‌نیكَ فایدەسی بولادورغان قورولوشلر بولوب کوپروك و یول و مکتب و مدرسه و حمام و بوکا اوخشاش نرسه لر بولسه ایدی خلق‌نیكَ تارتقان محنت‌لری نتیجه سیز قالماس‌ایدی . مع الاسف بو عمارت‌لرنیكَ تولاسی مَوْهُوم مزارلر، والی و حاکم لرنیكَ شخصی عمارت و باغ لریدین عبارت‌بولوب بعضی‌سی‌نی چین‌لیغ لر ویران قیلدی لر؛ و بعضی‌سی کرەك سیز تورماقده دور.[60]

یعقوب بگ علم و صناعت ایش‌لری‌غه هیچ توجه قیلمادی، و خلق طرفیدین ایلگری دین یوروتولوب کەلگەن‌مکتب و مدرسه لرده ضعیف بیر صورتده اوقوتوش ایشلری بار ایدی . یعقوب بگ و والی لر



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

نيڭ يورت نيڭ سويه سى نيڭ يوقارى كوتورولوشى خصوصيده بيان قيلغودەك بير خذمتى يوقدور.

## يعقوب بگ نيڭ تاريخ صحيفه سيده كى اورنى

يعقوب بگ شرقى توركستان نيڭ هيچ بير دشمنى بيلەن اوروشمادى. تمام محاربەلرى شرقى توركستان نيڭ ملى مجاهدلرى نيڭ ضدىغە بولوب، هم بير وطن پرورليك مجادلەسى بولماى فقط اوزى نيڭ حرصى و حكمدارليق آرزوسى يوزيدين اوز ملتداش و ديندا شلرىنى مُنتَها درجەدە قساوت و ظلم بيلەن اولتورمكدين عبارت بولغانليقى يوقاريقى فصللردين معلوم بولادور.

اما هر حالدە يعقوب بگ نيڭ بو اقداماتى نيڭ نتيجەسىدە شرقى توركستاندەكى بش پارچه مستقل انقلابچيلرنيڭ داخلى اختلافلرى سببى بيلەن قورقولا دورغان ضعيفليق تهلكەسى اوترادين كوتاريليب شرقى توركستان نيڭ مهم حصەلرى يعقوب بگ نيڭ ادارەسى استيدە جمع بولوب بير دولت شكلىغە كيردى، اهميتليك بير عسكرى كوچغە ايگه بولوب داخلدە و خارجدە شرقى توركستان دولتى نيڭ هيبتى و اعتبارى زيادە بولدى. بو نيڭ سايه سيدە خارجى سياستدە چوڭ بير موفقيت حاصل بولوب دنيانيڭ كاتته دولتلرى شرقى توركستان دولتى نيڭ استقلالىنى تونودى.[61]

سياستكوزى بيلەن قارالسە بو نتيجەلر يعقوب بگ نيڭ ايلگريكى خونريزليقلريدين تاريخ صحيفه سيدە اكا قويولغان عيبلرنى بير مقدار آزلا تماقغە يارايدور. اگر يعقوب بگ نيڭ داخلى سياستى يخشى بولوب ادارە ايشلرىنى توغرا يوروتكەن بولسە و اوزى مستبد بولسەمو قول استيدەكى دولت ادملرىنى منتظم بير قانونغە تابع توتوب لا زمليغ مراقبت و ادارەدە فعاليت كورساتكەن بولسە ايدى، يرليك خلقنى يات و اسير كوزى بيلەن كورماى اوز ملتى ديب بيليب

اولارنى راضى قىلىپ وطن پرورلىك و استقلال پرستلىك حسياتى نى اولرنىڭ وجودىدە قوتلاندوروب دولتى نىڭ اساسى نى محكم لاشتورگەن بولسە ايدى و بو يول بىلەن ملت نى هر دشمن دىن مدافعە قىلماقدە فداكار و قطعى و دايمى استقلالغە مستعد بىر حالغە كلتورگەن بولسە ايدى. يعقوب بگ نىڭ تمام عيبلرى تاريخ صحيفەسى دين يوق بولوب بىر ملت نىڭ استقلالى نى تأمين قىلغان بىر تاريخ قهرمانى عنوانى غە ايگە بولوب يخشى اتى تاريخ صحيفەسىدە مەڭگو قالور ايدى. ليكن يعقوب بگ، اورونسىز و سوغاق استبدادى غە و داخلدەكى قانون سىزلىق و ملت، نى يات بىر ملت كوزى بىلەن كورمك دين عبارت، بولغان چوروك بىر اساس غە اوتورتولغان بىر دولت قوردى. ملت و دولت، غە دشمن بولوب فقط اوز شخصى فايدەلرى اوچون هر غالب غە خذمت قىلغان يمان ادملرنى بىليب توروب، فقط خذمت مُكافاتى و غربى توركستانلىغ لىقى نى نظرغە اليب اولرنى حدودسىز اختيارات بىلەن ملت نىڭ باشى غە ميندوروب هر ظالمانە حركتدە اولرنى ازاد قويدى. بلكە اولرنى ظلم قىلماققە بويورغان حسابدە بىر يول نى توتتى. بو ايشلرى بىلەن شرقى توركستان خلقى نى دولتى دين زيريكتوردى. بو حقسىز خونريزلىق، ظلم، رحم سىزلىق، ادارەسىزلىق بىلەن يرلىك خلق نىڭ فطرى وطن پرورلىك و استقلال پرستلىك حسياتى غە ضربە بردى. بو صورت بىلەن دولتى نىڭ اساسى غايت درجەدە ضعيف لاشيب دوام قىلماقى امكانسىز بىر حالدە ايدى.

همە دين يمانراق ايشى بودوركە: شرقى توركستان غە جدّى هجوم قىلماقغە هيچ قدرتى يوق حالدە عاجز بولغان چين حكومتى[57] نىڭ فقط بىر سىناماق صورتى بىلەن قىلغان ضعيف بىر هجومى نى درحال قورال بىلەن مدافعە قىلغان بولسە، ابد غەچە شرقى توركستان نىڭ چين استيلاسى دين قوتولماقى شبهەسىز ايدى. اما يعقوب بگ يالغوزاوزى نىڭ احتمالى بىر وسوسە دين عبارت بولغان نظريەسىدە محكم توروب، قورال كوچى بىلەن چين عسكرى نى هيداب چيقارماق اياقدەكى اش دەك بىر تيار ايش ايكەنلىكى غە قناعت لانگەن اوغلى بگ قولى بگ و باشقومان دان



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

میر احمد جماعه‌دارلرنیڭ جدی صورتده قیلغان التماسلری‌نی قایتوروب چین بیله‌ن صلح قیلامن دیب چین عسکری‌نی بیر ییل مدت شرقی تورکستانده تورغوزدی. اولرفرصتدین استفاده قیلیب شرقی تورکستانده‌کی منافق‌لر بیله‌ن بیرلاشتی. یعقوب بگ، بو بیرلاشمك نتیجه‌سیده زهر بیله‌ن اۆلتورولدی. باش اوستیده قاراب تورغان دشمن، داخلی مجادله فرصتی‌دین استفاده قیلیب هیچ امید قیلمغان موفقیت‌غه یتیب شرقی تورکستان‌غه استیلا اتتی. بو صورت بیله‌ن کاتته دولت‌لر طرفیدین تونولوب قوتلانگه‌ن بیر استقلال‌نی یعقوب بگ نیڭ بو جاهلانه استبدادی برباد اتتی[62].

منه بو ملاحظه‌لرنی کوزدین کچورولسه یعقوب بگ‌غه تاریخ صحیفه‌سی هیچ بیر یخشی اورون برمایدور. بلکه داخلده اتفاق‌سیز بولسه‌لرمو خارجی دشمن‌نیڭ قارشیسیدا بیرله‌شیب استقلال‌لری‌نی محافظه قیلماقغه استعدادلری بار ملی انقلابچی‌لرنی یوق اتیب ملت‌نی استبداد و ظلم‌لر بیله‌ن قوت‌سیز و ثروت‌سیز و یاراغ‌سیز و اتحادسیز بیر حالغه کلتوروب استقلال‌لری‌نی ساقلاماق استعدادیدین محروم بیر وضعیت‌غه کلتوروب قویغان اوچون تاریخ صحیفه‌سی‌اڭا یمان بیر اورون بیرادور.



توركيەدين كەلگەن معلم احمد كمال ايلقول كاشغرياشلرى بيلەن بيرارادا، ١٩١٣



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

# ایکینجی بۆلۆم

## شرقی تورکستان غه تورتونجی چین استیلاسی

یوقاریده ایتیلغان وجه بیله‌ن چین قوماندانی زوزوڭتاڭ ١٢٩٤ هـ (١٨٧٧م) ده التی‌شهر، تورپان، اورومچی اۆلکه لری نی اشغال اتتی. بو استیلا تمام بولغاندین‌کین شرقی تورکستان‌غه چین حکومتی شنجاڭ دیب ات قویدی. (یڭی اباد یعنی مستملکه‌دیمکدور). و اوروپالیغ لر تحریف بیله‌ن سنکیاڭ دیدور.

شرقی تورکستان غه تورتونجی قتیم چین استیلاسی، ١٨٧٧م ده زوزوڭ تاڭ تعرضی بیله‌ن باشلاب ١٩٣٢م نیڭ باشیده پارتلاق‌برگه‌ن عمومی خلق انقلابی‌غیچه دوام قیلادور. بو دوره نی، مانچو امپراطورلوقی نیڭ آخرقی ییل لری و جمهوریت دوری نیڭ باشلانغوچ ییللری بولوب ایکی فصل ده بیان قیلامیز.

### ١ــ فصل

### چین (مانجور) امپراطورلوق نیڭ اخرقی دوری ده شرقی تورکستان

چین عسکرلری شرقی تورکستان‌نی اشغال قیلغاندین کین ایلگریکی ملی مجاهدلرنیڭ تریگ قالغانلری‌نی و شهید بولغانلر نیڭ اولادی‌نی تماماً قاماقغه آلدی. ایکی اوچ ییل‌غه‌چه بولرنی هر قسم عذاب لر بیله‌ن قیناب تولاسی‌نی قین استیده اۆلتوردی و ازغینه سی‌نی کین لرده قویوب بردی. ملی مجاهدلرنیڭ و اولادلری‌نیڭ تمام

تعلق لرىنى مصادره قيلدى . انقلاب غه قاتيلماى كين لرده مجاهدلرغه ويا يعقوب بگ نيڭ حكومتى غه اخلاص كورساتكه‌ن كشى لر نى هم قاماب مختلف عذاب لر بيله‌ن قيناب تعلق لرىنى مصادره قيلدى . يورت ده‌كى قديم جامع لرنى و مدرسه لرنى قولغه آلدى . مصادره قيلنغان بو تعلق لر ، جامع و مدرسه لرنى مفلس بولوب قالغان چين حكومتى بير ييل دين كين خلق غه زور بيله‌ن ساتيب پولى نى چين مامور لرى و عسكر لرى غه صرف اتتى ، بير روايت غه كوره چين غه اليب كتتى . چين ليغ لر ملى مجاهدلر اولتورغان حكومت عمارتلرى و سپيل لرنيڭ تولاسى نى ويران قيلدى . ويران قيلمغانلريده هم اولتورماى خلق غه ساتتى . بو نيڭ مقابليده خلق نيڭ يخشى عمارتلريدين ايگه لرىنى زور بيله‌ن هيداب چيقاريب چين مامور لرى و عسكرلرى اولتوردى .

استيلانيڭ اوچونجى ييلى دين باشلاب چين حاكم لرى هر شهرنيڭ بير طرفيغه بير سپيل و حكومت عمارتلرى و عسكر قشله لرى دين عبارت چين اصولى ده بير يڭى شهر بنا قيلدوردى لر . بو بنالرغه حكومت طرفيدين بير پول صرف اتيلمك اويان تورسون خلق نيڭ بوينى غه قويولغان لوازم نى كره‌ك ليك مقداردين اوستون قويوب زياده سى چين حاكم لرىنيڭ يانجوقى غه كيريب تولا ثروت اولرغه حاصل بولدى بو بنالرنيڭ تمام لوازمى نى خلق دين الغان نيڭ اوستيغه ياغاچچى سوواغچى اوستالرنى الوان بيله‌ن توتوب تاياق استيده ايشلاتتى . و عمارت ايش لرى اوچون بير مقدار تريم يرى ويا اوى باشى غه ادم قويوب هاشار ييغيب ايشلاتتى لر . و ينه عسكر اوزوقى (توشكون ، چين چه‌سى سه‌ى سه) اوچون خلق نيڭ بوينى غه بوغداى اونى ، گوروچ ، قوناق ، آرپا ، سمان ، پيچان ، اوتون قويوب بولرنى تاياق و حبس و جرمانه (پالى) زورى بيله‌ن الدى لر . توگه‌سه ويا بوزولسه ينه آلدى لر . بو الوان لر بير ييل ايچيده بش الته قاتا الينور ايدى . بو الوان لرنيڭ اوستيغه هر ييل ليق قانون لوغ ير مالياتى علاهده الينور ايدى . هم بك اغير ايدى .

بو وضعيت تورت ييل غه‌چه دوام قيليب خلق غايت قاتيغ عسكرى اداره استى ده ايزيلمكده و يعقوب بگ زمانه سيده‌كى



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دين يمان راق عذاب كورمكده ايدي لر. التى شهر، توربان، اورومچى اولكه لريده وضعيت بو صورتده ايدى. جاگجوك، ايلى و يته سونى تاران چى لردين الالمغان اوچون اورومچى شهرى نى پايتخت قيلغان ايدى. اما ايلى و يته سو اولكه لريده كى تارانچيلر وتونگانلر ١٢٩٧ هـ (١٨٨٠م) غه چه قهرمانليق بيله ن مدافعه قيليب استقلال لرى نى ساقلادى لر. مذكور ييلده بو مجاهدلرغه ينه بير قوتليك دشمن تعرض قيلدى. روس دولتى توبنده كى وجه بيله ن ايلى يته سو غه عسكر كيرگوزوب مجاهدلر نى مغلوب اتتى. مجاهدلر اوز لرى نى عاجز كوروب روس لرغه اطاعت قيلماقغه مجبور بولدى لر.[2]

## ٢ــ فصل

## ايلى ويته سو غه روس استيلاسى

١٢٩٧ هـ (١٨٧٩م) ده انگليس حكومتى چين نيك سيچوان ويا گانسو ولايتى دين تيبت غه عسكر اوتكوزمك اوچون چين حكومتى دين اجازه آلدى. روس حكومتى، بو واقعه نى بهانه كورسه تيب ايلى و يته سو اولكه لريغه عسكر كيرگوزدى.[3]

تارانچى لر اولده قاتيغ مدافعه قيلسه لرمو روس نيك اوستون قوتى نيك آلديده مغلوب بولوب بويون اگمه گگه مجبور بولدي لر. روس حكومتى، چين نيك پته رسبورگده كى الچى سى غه بير سوزله شمه امضا قيلدوردى.[4] بو سوزله شمه نيك مضمونى چه چين حكومتى ايلى و يته سو اولكه لرى نى روس لرغه بركه ن بولور ايدى. الحاصل ١٢٩٨هـ (١٨٨٠م) ده روس لر ايلى و يته سو اولكه لرى نى هم عسكرى و هم ديپلوماسى يولى بيله ن اشغال اتكه ن نى اعلان اتتى لر. چين حكومتى بو اشغال غه ناراضى ليق اعلان اتتى و پته رسبورگ ده كى الچيسى نى چاقيريب حكومت نيك اجازه تى سيز يوقاريقى سوزله شمه غه

امضا قیلغان گناهی غه اونی اۆلتوروب جزا بردی. بو حقسیز اشغال سببی دین چین و روس حکومتلری آراسیده ایکی ییل قدر دیپلوماتیك مجادله سوردی. لیکن روسلر بوندین پروا قیلمای مذکور اولکه لرده تلگراف خطلری و عصری یوللر و عمارتلر انشا قیلابردی. مذکور تلگراف، یول و بعضی عمارتلرنیك اثرلری غولجه ده حاضرده هم بار دور.

دیپلوماتیك مجادله لر و مذاکره لر نتیجه سیده روسلر ۱۳۰۰ هـ (۱۸۸۱م) ده یالغوز باش ایلی (اشغال قیلینغان توپراق لرنیك تقریباً تورت ده بیری بولغان غولجه ولایتی نی عینه) چین حکومتی غه تسلیم اتتی. ایاغ ایلی و یته سونی روسلر آلغانچه آلغان بولدی. او اولکه لرغه سمیر چینسکی آت قویوب بیر روس مستملکه سی قیلیب آلدی لر.

غولجه نی روسلر چین غه تسلیم قیلغان زمان اویرده تارانچی لرغه مدهیش بیر اضطراب توشوب ایلگریکی انقلابده چین لیغ و چنفن لرنی قتل عام قیلغانلری نیك انتقامی اوچون چین حکومتی نیك قتل عام قیلماقی دین قورقوب بیر بۆلومی آیاغ ایلی، و یته سوغه کوچتی ینه بیر بۆلومی یاراغلانیب چین عسکری غه قارشی سوقوش قیلماق غه باشلادی.[5]

اخیراً چین حکومتی تارانچی لر بیله ن صلح قیلماق یولی نی توتوب اولرغه توبنده کی صورتده امتیاز برمکغه مجبور بولدی. تارانچی لرنیك داخلی ایش لری نی اداره قیلماق اوچون بیر یرلیك حاکم نی اوز اختیاری بیله ن سایلاماق، بو حاکم نی تمام داخلی ایش لرده مستقل تونوماق، دینی و عدلی ایش لر کاملاً خلق نیك قولی ده بولماق، یر مالیاتی و تجارت باجی نی الماقدین باشقه چین حکومتی نیك هیچ حقی بولماسلیق، تارانچی دین و باشقه مسلمان لردین چین لیغ نیك خاتون الماق حقی یوق لوقی، غولجه غه چینلیغ کوچمه ن کلتور مسلیك و اولرغه خلق نیك یرلرینی برمسلیك. موکا مناسب حقوقلرنی چین حکومتی رسماً تونوغاندین کین تارانچی لر چین اطاعتی نی قبول اتتی لر.[6]



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

كين لرده چين حكومتی بو امتيازلرنی يوق اتمكغه كوشش قيلسه مو تارانچيلرنيڭ ملی بيرليكی و غيرتی سايه سيده بو امتيازنی پوتونلەی يوقاتمدی اخيرقی انقلاب غەچە ملی حاكم لری بارايدی.

بو صورتبيلەن چين حكومتی غولجه نی الغاندين كين ايلگريكی عنعنه غه مطابق غولجه نی پايتخت قيلماقغه قارار بردی. قديمقی قالماق پايتختی بولغان كوره شهری نيڭ اورنيده بير شهر بنا قيلدی و قالماقلرنيڭ چوڭ معبدی "دا كوره" غه توتاشكا تتا بيرحكومت عمارتی ياساتتی. بو شهر و حكومت عمارتی و داكوره نی ايچيغه الغود ەك غايت مستحكم بير سپيل بنا قيلدوردی. بو شهر پيتكەن دين كين عمومی والی (جاڭجوڭ) مذكور كوره شهرىغه يوتكه ليب اوير نی پايتخت قيلدی لر[7].

## ۳ـ فصل

## چين امپراطورلوقی نظامی بيقولغونچه شرقی توركستان نيڭ عمومی احوالی

۱۳۰۰ هـ (۸۳ـ ۱۸۸۲م) دين اعتباراً چين حكومتی شرقی توركستان دين عرفی اداره نی كوتوراب اهسته اهسته مُلكی اداره غه باشلادی. ير مالياتی، تجارتباج لری و داخلی بيرنچه قسم باج لردين باشقه فوق العاده الوان لركوندين كونگه آزلادی. دينی ايشلر و تجارت ايشلريده خلق غه آزادليق بردی. شونداغبولسه مو ير مالياتی، تجارتباج لری و هر ساتيلغان نرسه غه اليناد ورغانباج لر باشقه مملكتلرده كی غه نسبتاً تولا اغير ايدی. ليكن يعقوب بگ نيڭ زمانه سی و چين استيلاسی نيڭ اوليده كی تورت ييلده كی فوق العاده و انتظام سيز اوشتومتوت كيلادورغان الوان لردين قوتولغانی اوچون مذ كور اغير ماليات و باج لر خلق غه بك اغير كلمدی. بلكه اوزون ييللردين

بری قاتماقات ظلم لر استیده قالغان خلق اوزلرینی بیراز اسایشده کوردی لر.

چین حکومتی نیڭ دین ایشلریده ازادلیق برگەنی سببیی بیلەن ملی مکتب و مدرسه لر خلقنیڭ غیرتی بیلەن کوندین کونگه تولا بولوب معارف ایلگریکی وقتلرغه نسبتاً خیلی رواج تاپتی. چینلیغ لر بو قدیم اصولده و فقط دینی شکلده رواج تاپقان معارف ده اوزاستیلا لریغه هیچ بیر خطر کورمگەنلری اوچون بوگا مانع بولمدیلر. چین حکومتی نیڭ بو توتومی هم بیر قسم خلقنی خوش قیلدی. عدلیه ایشلریده ایلگریکی اسلام حکومتی دوریدەکی قاضی و مفتیلرنی چین حکومتی اوز حالی بیلەن قویوب بعضی دعوالر اولرنیڭ الدیده شریعت حکمی چه حل بولماقیغه مساعده قیلدی. لیکن عدلیه ایشلری قاضیلرنیڭ قانونی حقی بولغان صورت بیلەن ایمس ایدی. بلکه قانون اعتباری بیلەن چین حاکم لرینیڭ حقی بولوب قاضیلر ملی حَکَم یریده ایدی لر. یعنی قاضیلرنیڭ حکم لرینی اگرچینلیغ حاکم لر خواهلاسا بوزار ایدی لر. "شریعت حُکمی" دیمك ملی بیر سوز بولوب اصلی حاکملیق چین قانونی (لی) ده ایدی. بناءعلیه بو قاضی و مفتیلرنی اوز اورونلریده قویماق و بعضی دعوالرنی اولرنیڭ حُکمی بیلەن حل بولماقده چینلیغ لر اوز سیاستلریغه زیان کورمدیلر. بلکه مونده خلقنی مُفت بیر خوش قیلماق بار ایدی. بو اوچون حکومت دین آیلیق آلمای و بلکه بعضاً حاکملرغه تولا رشوتلرنی بیریب بیکارغه خذمت قیلادورغان بو ذاتلرنی رسماً ملی و دینی کتته لر صفتی بیلەن تونودیلر.[8]

چین حکومتی تجارت ایشلریده باج لرینی غینه الیب ازادلیق برگەنی اوچون داخلی و خارجی تجارت رواج تاپتی. بوسوداگرلر هندستان، غربی تورکستان و چین طرفیغه تجارت قیلغالی باشلادیلر. بو یوزدین یورت خلقی، تِجارَت و صَناعَت ایشلریده فعالیت کورساتیب خلقنیڭ اقتصادی یگی دین بیراز ایلگیرلیگیلی باشلیدی.[9]


چین امپراطوری، نارسیده گواکشوی نیڭ اناسی دواگا رتزوشی قدیمقی عنعنه نی رعایه قیلیب کهنه واڭ و گوڭ لرنیڭ اولادینی تاییب اولرغه اتا بابالرینیڭ رتبه و عنوان و معاشلرینی برمکغه حکم بردی.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بولر بیجینغه باریب اسپراطورنی زیارت قیلیب مذکور رتبه وعنوان و معاشلرنی الیب کلدی لر. بو بگ لر و اولرغه تابع تولا خلق چینحکومتی نیڭ صمیمی دوستلری بولدی لر. هم چینلیغ حاکم لر (امبان لر) نیڭ توبنیدهکی کیچیك حاکم لر (بگ ویا دورغه لر، چینچهده "شاڭ یو")، میراب لر و یوزباشی لر چینحکومتی غه خذمت قیلغان ویا امبان لرغه رشوت برگهن یرلیك ادم لردین تعیین قیلیندی لر. قاضی و مفتی بولغان کشی لر هم یورت نیڭ حقیقی و دیندار عالم لریدین تعیین قیلینیش بسك آز بولوب تولا راقی آبرو و منصب پرست دَستارلیغ لردین بلگولینور ایدی.

منه بو بگ، منصبدار، قاضی، مفتی، سوداگر صنف لری حقیقتده چین حکومتی نی دوست توتماسالرمو منصب و شخصی فایده لری و تجارت لرینی محافظه قیلماق اوچون توغولغان احتیاج لری یوزی دین تینچلیق طرفداری ایدیلر. چین ضدیغه بیرقوزغولوش نیڭ الدینی الماق اوچون بار قوت و نفوذ لری بیلهن تیریشور ایدی لر. باشقه خلق بولسه یوقاریقی عنصرلرنیڭ دینی ویا دُنیَوی نفوذ لریو بلکه مراقبت لر استیده بولغانی اوچون هیچ بیر انقلاب تشکیلاتی وجود غه چیقمادی. بو انقلاب چیقماسلیقده یعقوب بگ نیڭ زمانهسیدهکی قاتیل لیق و ظلم لرنیڭ هم مهم تاثیری بار ایدی. هر حالده چینده جمهوریت اعلان قیلینغوچه شرقی تورکستانده تینچلیق دوام قیلدی. لیکن یوقاری قی عنصرلردین باشقه عمومی خلق، چین قولیده اسیر بولغان لری غه راضی ایمس ایدی لر. چینلیغ لرنی غایت یمان بیر نفرت کوزی بیلهن کورور ایدی لر. اما بولر کوچ سیز لیق و اتیفاقسیزلیق سببیدین اۆزلری نی قاتمیقات عاجزلیقده کورمکده بولغانلری اوچون" قضاغه رضا بلاغه صبر" دیمکدین باشقه چاره لری یوق ایدی. اگرچه قومول، توریان، ایلی وکوچاده بیرنچه کیچیك انقلاب لر مختلف زمان لرده چیقسهمو اسان باسیقتورولدی. مع الأسف بو انقلاب لرنیڭ تفصیلاتی نی مکمل صورتده بیلمگه نیم اوچون بو یرده قیسقه غینه بیان قیلیب اۆتوشکه مجبورورمن.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

## چین امپراطورلوق نیڭ شرق تورکستان خصوصیده کی یمان پلانی

چین حکومتی نیڭ یوقاریقی سیاستی ایلگریکی استیلالرده کی سیاستیغه قاراغانده خیلی یومشاق و ملایم بیر سیاست دور. و چین حکومتی نیڭ بو سیاستی شرقی تورکستان خلقیغه شفقت و مُروّت قیلماق نیتیده بولغانلیقی اوچون ایدی دیب خیال قیلیناماسون. چونکه بو استیلاده چین حکومتی نیڭ نیتی ایلگریکی استیلالر دوریده‌کی دین یمانراق ایدی. لیکن بو یمان نیتنی بیرنچه سببدین عملغه اشورالمادی. بونیتلرینی عملغه اشوروشدین بورون شرقی تورکستان خلقی بیر قوزغیلاڭ چیقارمیسون دیگه‌ن تشونجه بیله‌ن وقتینچه بویومشاق سیاستنی توتقانلیقی چین‌چه وثیقه‌لردین اڭلاشیلادور. بووثیقه‌لرغه کوره چین امپراطورلیقی نیڭ شرقی تورکستانده یولغا قویماقا وچون قورغان یمان پیلانی وانی عملغه اشورالمغانلیقیغه سبب بولغان واقعه‌لرنی محترم اوقوغوچیلرغه عرض ایتامیز؟

بو پلان، هر وسیله بیله‌ن شرقی تورکستانده چین‌لیغ‌لرنی اکثریت درجه‌سیغه یتکوزمك و خلق‌نی چینلاشتورماق اوچون ممکن‌بولغانچه چین دین خه‌نزو کوچوروب شرقی تورکستانده یرلاشتورمك؛ شرقی تورکستان تورك‌لری‌نی ممکن قدر چین‌غه کوچوروب اولرنی چین‌لاشتورمك، تورك‌لر نیڭ باله‌لری‌نی چینچه اوقوتوب چین تربیتی بیله‌ن یتیشتورمك، تمام رسمی تیل و رسمی خط چین‌چه بولوب تورکچه تیل‌نی اعتبار دین توشورمك؛ ملی مکتب و مدرسه‌لرنی یوق اتیب اسلام معارفی‌نی یوق قیلماق و او مکتب و مدرسه‌لرنی چین‌چه مکتب قیلیب تمام خلق‌نی چین‌چه اوقوتماق؛ شرقی تورکستان خلقی‌نی چین دین باشقه مملکت‌غه سفر قیلماقدین توسوب چین دین باشقه دنیا ملت‌لری‌نیڭ اولردین دینی و ملی و اقتصادی علاقه‌لری‌نی اوزمك؛ زراعت یرلری‌نی، تجارت‌نی و کان‌لرنی چین‌لیغ‌لرنیڭ و چینلاشقان‌لرنیڭ قول استیغه کیرگوزمکدین عبارت

ايدى . كورولوركه : دنيانيڭ اڭ ظالم و اڭ قوتليك بير دولتى دنيانيڭ اڭ ضعيف و اڭ كين قالغان بير ملتى نى هم موندا غ پلان بيله ن يوق قيلغانليقى تاريخ ده يك از دور. اما چين ليغ لر بو پلان نى قوروب شرقى توركستان ملتى نى دنيادين توگول يوق اتمك و نتيجه ده بو پوتون يورت نى بير چين اولكه سى قيلماق نى ارزو اتكه نليك لرى بيلينمكده دور. بو نيڭ بيله ن چين دولتى نيڭ شرقى توركستان خلقى غه قانچه ليك ياما نليق قيلغانى اشكارا كورونادور. توبنده كى توسالغو بولميغانداموچين حكومتى نيڭ بو آرزوغه ييتالماسليكى معلوم دور. اما چين وثيقه لريده ذكر اتيلگه ن مانع لرنى، مهم تاريخى واقعه لر بولغانى اوچون محترم اوقوغوچى لرغه بو واقعه لر معلوم بولوب قالسون ديگه ن مقصد بيله ن توبنده ذكر قيلاميز .

١٨٤٠ م افيون حربى دين كين اوروپا دولت لرى نيڭ نفوذ لرى چين ده كوندين كونگه قوتلانمكغه باشلادى . انگليس، شاڭ گاڭ بندرى نى و پورتگيز، ماكاو بندرى نى زور بيله ن چين دين تارتيب الديلر. انگليس ،فرانسه ،المان ، إتاليا ، امريكا ،ژاپون دولت لرى شاڭخاى ،تنزين ، فوچو، خاكچو، نه نجين ،ده ك چين نيڭ چوڭ تجارت بندرلريده هر بيرى غه مخصوص باشقه باشقه امتياز منطقه لرى برمكغه چين حكومتى نى مجبور اتتى لر. ١٣٠٤ هـ (١٨٨٥م) ده فرانسه دولتى هند چين نى تارتيب الدى و بير طرفدين ژاپون دولتى كوريه مملكتى نى چين دين تالاشقالى توردى . بوتارتيشما يوزيدين ١٣١١هـ (١٨٩٣م) ده چين و ژاپون اوروشوب، چين قاتتيغ مغلوب بولوب كوريه ،ژاپون نيڭ بير نفوذ منطقه سى بولدى . مذكور ييلده روس لر، لوشون (پورت آرتور) بندرينى ولياوتوڭ يريم اراللى نى ايگه لاب الدى . مذكور ييلده المان دولتى كياوچو (تسكتاو) بندرى نى و انگليس دولتى وايهايواى بندرينى ايگه لاب الدى لر. ١٣١٦ هـ (١٨٩٨م) ده روس لر مانچورياغه تيموريول سالب بو يول نى محافظه قيلماق بهانه سى بيله ن او يرغه تولا عسكر يرلاشتوروب او يرنى بير نفوذ منطقه سى ماهيتى غه كيرگوزدى .

بو صورت بيله ن چين دولتى مذكور يات دولت لرنيڭ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

مشترك نفوذلری استیغه کیرمکده ایدی. بو تجاوزلر مقابلیده امپرا طور گواکشوی نیڭ بویسونماقدین اوزگه چارەسی یوق ایدی. بو ضعیف لیق نیڭ اوستیغه ینه ۱۳۱۹ هـ (۱۹۰۰م) ده مذکوریات دولتلر نیڭ و اولرغه بویون ایگیب تورغان امپراطور گواکشوی نیڭ ضدیغه شمالی چیندە یمان بیر انقلاب قوزغالدی. بو انقلاب مانچو امپرا طورلوقی خاندانیغه منسوب توان اتلیغ بیر شهزاده نیڭ قیادتی استیده ایدی. بو انقلاب اوروپا تاریخلریده بوکسور انقلابی دیب یا زیلادور. بو انقلابنی چین حکومتی باسیقتورالمای انقلابچیلر بیجین شهرینی و اویردەکی یات دولتلرنیڭ سفارتخانه لرینی قورشاب الدیلر.

۱۳۲۰ هـ (۱۹۰۱م) ده اوروپا دولتلری اوز منفعت لرینی تهلکه دین قوتقوزماق اوچون المان قوماندانی فونوالدرسی نیڭ قیادتی استیده بیجینغه عسکر توکوب انقلابنی باسیقتوردی لر. بو نیڭ بیلەن بو دولتلر چینغه بُکراق تیشلرینی پاتوردیلر. مذکور ییلده روس دولتی مانچوریانی اشغال اتتی. ۱۳۲٤ هـ (۱۹۰٤م) ده ژاپون و روس دولتلری مانچوریانی تالاشیب بیر ییل اوروشوب اخیراً ژاپون غالب بولوب روسنی مانچوریادین هیداب چیقاردی. لیکن اوروپا و امریکا دولتلرینیڭ تاثیری بیلەن مانچوریانی چینغه برسه لرمو اویر ژاپون نیڭ نفوذ منطقه سی بولدی.

امپراطور گواکشوی یات دولتلرنیڭ الدیده بو قدر عاجز و مغلوب بولوب قالغان نیڭ اوستیغه جنوبی چینده ۱۳۰۹ هـ (۱۸۹۰م) دین اعتباراً یاش چین اتلیغ بیر سیاسی پارتی تشکیل تاپیب دوقتور سُن یاتسِن نیڭ اداره سی استیده امپراطورلوقنی ییقیتماق و جمهوریت تاسیس قیلماق اوچون فعالیت باشلاب کوندین کونگه قوتلانیب چین امپرطورلوقی تخیمو ضعیفلاشتی.

منه چین حکومتی نیڭ باشیغه موندااغ فلاکتلر ارقه ارقه دین کلمکده و کوترالگوسوز بالالر یوکلانمکده بولغان اوچون شرقی تورکستان خلقی نیڭ اوستیغه قوت و ظلم یولی بیلەن اجرا قیلماقغه تیار لاغان قورقونچ پلانلرنی عملگه اشورماقغه قدرتسیز بیر حالده

ايدى. بو سبب دين شرقى توركستان خلقى بير از خاطر جمع ليكده يا شادى. منه چين محرر لرىنيڭ اقرارى بودور.

ليكن چين حكومتى نيڭ باشيده بو فلاكتلر بارليقى نى شرقى توركستان خلقى بيلماس ايدى. شرقى توركستان نيڭ شرق اولكه لرى يعنى قومول و اورومچى اولكه لرىغه چين دين كوچوب كيليب يرلاشكەن و اولكه لرده اكثريتغه ايگه بولغان چينليغ لردين شرقى توركستان جاڭجوڭ لرى غايت تولا عسكر اليب شهرلرده مهم مقداردە عسكر توختاتيب چوڭ قوت كورساتمكده ايدى لر. يوقاريقى پلاننى عملگه اشورماق اوچون ظلملر قيلماقغه پات پات اقدام قيلور ايدى لر. اما خلق دينى و ملى حقوق لرىنى مدافعه قيلماقده غايت درجەده محكم ليك كورسەتكەنلرى اوچون جاڭجوڭ لر ينه مدارا سياستىغه مجبور بولور ايدى لر. الحاصل بيزنيڭ بيلگەنيميزچه چينليغ لرنيڭ مذكور پلاننى عملغه اشورالماى يومشاق ليق سياستى توتماق غه مجبور بولماقى نيڭ اصلى سببى ايلگريكى انقلاب لرده انقلابچى لرنيڭ قولىدين چينليغ لرنيڭ قورقونچ صورتده جزا كۆرگەنليك لرى و بو استيلادوريده خلق نيڭ دينى و ملى عنعنه لرىغه غايت ثبات بيلەن صداقت كورساتكەنليك لرى دور.

**مانچو امپراطورلوق نيڭ شرق توركستان دا اقتصادى سياستى**

١٣٢٦ هـ (١٩٠٨م) ده امپراطور گواڭشوى اۆلوب اورنيغه شهزاده توان نيڭ اوچ ياشار اوغلى خانتوڭ پويى امپراطورلوقغه تعين قيليندى. (بو كشى حاضرده ژاپون حمايه سيده مانچوريا امپراطورىدور[15]). بو نارسيده امپراطور طرفيدين وكيل ليق صورتى بيلەن حكومت ايشىنى باش وزير يوانشىكاى اداره قيلور ايدى. بو حالده يوقاريقى مشكلات سببى دين چين خزانه سى مُفلس بير وضعيت



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

غه کلگه‌ن ایدی . بو وضعیت غه چاره قیلماق اوچون بو انشی کای غـا یت تولا کاغذ پول چیقاردی . بو جمله دین شرقی تورکستانده اوتکوز مك اوچون چیقارغان کاغذ پولی دنیاده مثلی یوق بیر جبر و تحکم سرمایه سی ایدی . چونکه بو کاغذلر عمومی دنیا دولتلریده‌کی کاغذ پوللرده‌ك خزانه ویا بانکا سَنَدی ماهیتیده ایمس ایدی . چونکه بوکاغذ لـر نیك رواجی نیك اساسی حکومت نیك زور و استبدادی ایدی . چونکه اونی قبول اتمگه‌ن کشی نی اؤلوم ویا اوزون حبس و اغیر پول جزا سی بیله‌ن جزالاندورور ایدی . بو کاغذلرنی حکومت خزانه لری التون ویا کموش ویا باقر (مس) پول غه تیگیشیب برماس ایدی . فقط یگی بولغان شرط بیله‌ن یر مالیاتی و باج غه الور ایدی . بو کاغذلر شرقی تورکستان ده رواج بولغان بیر سر (اون مثقال) کموش پول نیك قیمتی ده ایدی . چیقاریلغان مقداری‌نی بیلمسك مو شرقی تورکستان خلقی نیك قولیده کی التون و کموش ذخیره لری‌نیك قسم کلی سی نی الماق غه یتکوده‌ك درجه‌ده تولا ایدی . منه بو کاغذلر شرقی تورکستان غه کلگه‌ن زماندین اعتباراً حکومت بو کاغذلرنی تداوُل غه چیقاریب بو نیك بدلیده قولی غه کلگه‌ن التون و کموشلرنی چین غه الیب کتکه‌لی باشلادی . بیر طرفدین التون کانلرینی حکومت قارمیقی غه الیب کانچیلر نیك بوینیغه هر آیده بیر مقدار التون حکومت غه برمك و بدلیده حکومت تعین قیلغان نرخ غه مطابق کاغذ پول الماق غه مجبور اتتی . کانچیلر بویونلری‌غه قویولغان مقدارده التون تاپسون و ویاکه تاپماسون مذکور مقدارنی التون‌نی هر نیمه قیلسه قیلیب حکومت غه برمکغه مجبور ایدیلر . ینه بیر طرفدین حکومت رعیه نیك التون الماق و ساتماقنی تؤکؤل یاساق قیلدی . قاچان بیر کشی نیك التون الغانی و ساتقانی معلوم بولسه حکومت او التون‌نی تارتیب الغان نیك اوستیغه قاتیغ جزا بیرور ایدی . بو صورت بیله‌ن خلق نیك قولیده‌کی ثروت نیك تولا راقی کهنه و بیرتوق کاغذلردین عبارت بولوب انسان جامعه سی ده اقتصاد نیك اساسی بولغان التون و کموش شرقی تورکستان‌ده مدهیش درجه‌ده آز قالدی . مملکت ده غایت فعال بیر اقتصادی عنصر بولغان کانچیلر پولسیز بولوب تولا سی ایش دین چیقتی . بو نیك اوستیغه مذکور کاغذ پول

رواج تاپيب اوچ ييل اوتكەندين كين چيندە جمهوريت اعلان قيليب اوكاغذلر اوتماس قيليندى. بو نيڭ بيلەن شرقى توركستان تُجارلرى نيڭ بير قسمى فقط مفلس بولدى، بير قسمى مهم مقدارده سَرمايه لرينى يوق اتتى. زيان كورمگەن هيچكيم قالمادى".

## شرق توركستان ده برنجى قتيم نفوس ساناغى

١٣٢٥ هـ (١٩٠٨م) ده يوانشى كاى تمام چين امپراطورلوقى نيڭ نفوسى نى ساناماق و دفترغه يازماقغه قارار بيريب تمام والى لرغه يارليغنامەلر تارقاتتى. چينده بو نفوس ساناغى قايسى طرزده بولغانى نى بيلمايميز. اما شرقى توركستانده ساناغ غايت عجيب بير صورتده بولغان شرقى توركستان نيڭ نفوسى نيڭ اوندەبيرى نى تزيمغه الغان بو ساناغدنيا ساناغ قانونلريغه توغرا كلمگەن بير شكلده ايدى. چونكه ايشغه باشلاشدين بش التى اى ايلگرى كوچەخبرى شكليده خلق نيڭ اغزيده شهرت تاپتى. وايلگريدين چين حكومتى نيڭ هر ايشى نى اوزلرى نيڭ زيانىغه كوروب كۆنه پقالغان و ساناغ نيڭ فايده و زيانى نى تخو بيلميگەن خلق قورقغالى باشلادى لر. البته چين حكومتى نيڭ يمان بير نيتى بار ديگەن گمانغه توشتى لر. واقعاً چين حكومتى هر ايشنى اوز منفعتلرى اوچون زور و جبربيله اجرا قيليب خلق نيڭ فايده و ضررىغه هيچ اهميت برمگەنلىكى خلقغه ايلگريدين دايما معلوم بولغانى اوچون بو قورقماق بدگمانليقده حقليغ ايدى لر. شرقى توركستانده مەيلى چينليغ و مەيلى يرليك بولسون عموماً حكومت مأمورلرى هر فرصتدين استفاده قيليب وظيفه لرى نى يمانليقغەاشلەتمەك و خلقدين رشوت الماقغه عادتلانيب كتگەن ايدى لر. مينه بو مأمورلر بو ساناغدين خلق نيڭ قورقوب **قالغانليقينى** اوز فايده لرىغه يخشى بير فرصت بيليب بعضى تونوشلرى غەدوستلوق كورساتكەن بولوب مخفى صورتده "چين حكومتى غايت يمان بير خيالغه توشتى". خلقنى پوتونلەى تيزيملىغاندين كين تمام ياشلرنى عسكر



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قیلیب چین‌غه الیب کیتادور و کیچیک باله لرنی چین مکتبی‌غه الیب ملی مکتب و مدرسه لرنی یوق ایتادور و ادم باشی‌غه باج قویوب چوقا پولی الادور،، دیب قورقوتغالی توردی لر. بو سوزلر اغیزدین اغیزغه یوتکه‌لیب و هر قسم یمان سوزلر اگا قوشولوب خلق‌نیك یمان گمانی قوت تاپیب بو ساناغ‌نی قورقونچ بیر تهلکه نظری بیله‌ن کوروب خلق نیك نفرتی انتها درجه سی‌غه یتتی .

هر حالده منیك بیلگانیم چه شرقی تورکستان‌نیك نفوسی نیك یوزده توقسانی بو احصائیه نیك تاشیده قالدی دیالایمن . اما بعضی یرلرده فرق‌لیغ بولسه احتمال باردور. بناءً علیه ٪ ۸۰ کیشی نیك نفوس دفتری‌غه الینمغانلیقی شبهه سیزدور. ۱۳۲۷ هـ (۱۹۰۹م) ده بو ساناغ نتیجه سیده چین حکومتی شرقی تورکستان نیك نفوسی نی بیربریم ملیون دیب اعلان اتتی . لیکن اوتوز ییلدین بری شرقی تورکستان‌ده سیاحت قیلغان اوروپالیغ عالم لر و متخصص‌لرنیك تخمین لری یوقاریقی اعلان‌دین تولا فرق لیغ دور. چونکه بعضی سی اون اوچ ملیون و بعضی سی اون‌بش ملیون و بعضی سی یگرمه ملیون تخمین قیلدی لر.

بو صورت بیله‌ن حقیقی بیر ساناغ ممکن بولمایدورغان بیر وضعیت کاملاً اورونلاشقاندین‌کین سانا غ ایشی باشلاندی . هر کیم نفوس دفتری‌غه یازیلماق‌نی بیر تهلکه بیلیب انیگدین اوزی‌نی و عائیله سی‌نی قوتقوزماق اوچون چاره ایستامکغه باشلادی . همه دین یخشی راق چاره مأمورلرغه رشوت برمکدین عبارت ایدی . خلق مأمورلرغه رُشوَت بیریب بو تهلکه نی بك اسان اوزلریدین دفع قیلدی لر. بو یول بیله‌ن پوتون عائیله لر و هیچ بولمغاندا بیر عائیله نیك تولا راقی ساناغ نیك تاشیده قالدی .

منه بیر مِثال بودورکه : من او تاریخده توقوز یاشده ایدیم باشلانغوچ مکتب تحصیلی نی توگاتیب اوقوش و یازیش‌بیلور ایدیم . رحمت‌لیك دادام پوتون عائیله نی نفوس دفتریغه یازدورماسلیق‌غه تیریشتی . لیکن یورت‌ده تونولغان بیر کیشی بولغانی اوچون

ازی اوچ تورت کشی نی تیزیم غه الدورمای چاره بولمادی. بناءً علیه قادربگ اتلیغ یورت بگی نیڭ اوزی بیزنیڭ اویغه کلیب دادام و ینه ایکی کشی نیڭ ات و یاشلری نی یازیب کتتی. بیزنیڭ اویده کی اون ایکی کشی دین توقوزی ساناغ نیڭ تاشیده قالدی. من هم تورت قریندا شیم بیله ن ساناغ تاشیده قالغانلردین دورمیز. ینه بیزنیڭ توغقانلردین بیرحویلا نیڭ ایچیده تقریباً اللیگ کشی ازغینه رشوت بیریب تماماً قوتولوب قالدیلر. مونداغ مثال لردین تولاسی خاطریمده باردور. بو ساناغ ایشی آلته آیده ایاغلاشتی حالبوکه دنیاده رواج بولغان ساناغ قانونی غه کوره شرقی تورکستاندەك بیر یورت نیڭ ساناغ ایشی ایکی اوچ کون دین اوزون وقت توتماسلیقی لازم دور.[12]

## چین مانچو امپراطورلوق دوریده شرقی تورکستان ده حکومت تشکیلاتی

چین امپراطورلوقی دوریده شرقی تورکستاندە عمومی والی بولغان کشی امپراطورنیڭ حقیقی مُمَثِّلی و نایبی ایدی. یعنی جاڭجوڭ (باش قوماندان) عنوانی بیله ن حدودسیز اختیاراتغه ایگه مُطلَق و غیر مسئول بیر حکمدار ایدی. تمام اجرا آت انیڭ خواهش و آرزوسی چه بولور ایدی. مذکور جاڭجوڭ لر شرقی تورکستان نی یته ولایت غه تقسیم قیلیب اداره قیلور ایدی. هر ولایت نی بیر تاودیرایدی لر. او وقتده ختن و کاشغر بیر ولایت ایدی. هر ولایت بیر والی نیڭ اداره سیده بولور ایدی. والی لرنی دوته ی دییلور ایدی. هر دوته ی نیڭ اَمری استیده کی شهرلرده توبنده کی اوچ درجه ده حاکم لر بار ایدی. بیرنجی درجه شَن خوا ایکنجی درجه شَن، اوچونجی درجه جیسا، هر ولایت و حاکم لیق مرکزلریده لیموڭ عنوانلیغ بیر امنیت مُدیری بار ایدی. یورت نیڭ تمام اداره، مالیه و عدلیه ایشلری مذکور دوته ی و حاکم لرنیڭ کڭرو اختیارلری و حقوق لری غه تاشلانیب قالغان.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

عسکرلیك تشکیلاتی ده جاگجوك نیك عسکری معاونی فوته‌ی واندین‌کین فرقه قوماندانی تی‌ته‌ی واندین‌کین الای قوماندانی جیك ته‌ی واندین‌کین میکباشی شه‌ته‌ی واندین‌کین چوك ضابطلر، بولغان توکلوك لر کلور ایدی. اندین‌کین کلگه‌ن کیچیك ضابطلرنی فوگه‌ن سه‌وگه‌ن دیبلور ایدی.

بو ذکر قیلینغان ملکی و عسکری منصبدارلرنیك عموماً بت پرست چین‌لیغ لردین بولماقی بیر قانون ایدی. یرلیك تورك لر و مسلمان چین لیغ (تونگان) لر بو منصب لردین قطعیاً محروم ایدیلر. یالغوز شهر تاشیده‌کی کنت‌لرنیك مأمورلری بولغان بگ لر و میراب لر تورك لردین بولور ایدی لر.

ینه حکومت تشکیلاتی نیك تاشیده و فقط خلق نیك دینی پیشوالری صفتی بیله‌ن یرلیك قاضی و مفتی‌لربار ایدی. قانون اعتباری بیله‌ن بولرنیك هیچ حقوقی و اختیاراتی یوق ایدی. منه بو منصبدارلرنیك وظیفه لری خلق‌نی قاتیغ کوز استیده توتوب اولرنی أزمك و هر حق‌دین محروم قیلیب اوزلری‌نیك کیفی و منفعتی‌نی تأمین قیلماق ایدی. دیمك که مه‌یلی مُلکی و مه‌یلی عسکری منصبدار اوز اوستلری نیك بویروقلری‌نیك اجراسی ده‌و معین‌مالیاتنی ییغیب برمکده غینه مسئول بولوب هر قایداغ ظلم قیلماقده پوتونله‌ی ازاد ایدیلر. بولرنیك اوستیده جاگجوك غه عرض‌برگه‌ن کشی اۆلوم و تایاق ویا حبس‌بیله‌ن جزالاندرولور ایدی.[13]

## ٤ـ فصل

### چین جمهوریتی دوری ده شرق تورکستان

١٣٣٠ هـ (١٩١١م) ده چین ده‌کی یاش چین پارتیسی غالب بولوب امپراطورلوق‌نی ییقیب جمهوریت حکومتی قوردی لر. جمهوریت نیڭ چین غه فایده سی بولغانی ده شبهه یوق دور. اما شرقی تورکستان‌غه زیان‌دین باشقه نتیجه برمگه‌نی هم هیچ کشی غه مخفی ایمس دور. چونکه بیر طرفدین جمهوریت نیڭ قورغوچی سی سون‌یاتسن نیڭ شرقی تورکستان حقیده توزگه‌ن پلانی امپرالوق دوریده‌کی یوق قیلماق پلانی دین فرق سیز بیر بدخواهلیق ایدی. ینه بیر طرف دین جمهوریت اعلانی دین ایکی ییل‌کین شرقی تورکستان‌ده‌کی چین عمومی والی سی (جاڭجوڭ)، چین مرکزی‌نیڭ اطاعتی نی تاشلاب انیڭ استبدادی هر زمانده‌کی چین استبدادی دین یمانراق بولدی. و شرقی تورکستان خلقی اوستلریده‌کی حکومت نظامی نیڭ ینگوشلانگه‌ن نی تویغوده‌ك هیچ بیر فرق کورمادی. فقط بیر مونچه اسم لر و رسم لر یوتکه‌لدی. تفصیلی توبنده‌کی فصل‌لرده کیلادور. چین ده‌کی جمهوریت نیڭ آتاسی سون‌یاتسن نیڭ شرقی تورکستان حقیده ترتیب برگه‌ن پلانی نی چین دین خصوصی صورتده الغان بیر معلوماتیمیزغه کوره بیان قیلیب بو پلان نیڭ اجرا قیلینمای قالغانی نیڭ سبب لری‌نی ذکر قیلامیز. پلان نیڭ صورتی بو دور:

١ـ چین دین هر وسیله بیله‌ن تورکستان‌غه تولا مهاجر کوچوروب تمام ولایت‌لرده یرلا شتورمك؛

٢ـ عموماً شرقی تورکستان باله‌لری‌نی جبراً چین مکتبی‌غه الیب اولرنی چین‌چه تربیه بیله‌ن یتیشتورمك. تمام ملی مکتب و مدرسه لرنی حکومت قولیغه الیب چین مکتبی ماهیتی غه‌کیرگوزمك و شرقی تورکستان‌ده‌کی تمام وقف لرنی حکومت مصادره قیلیب



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

چینچه مکتب لرنیڭ مصرف لرینی اندین تأمین قیلماق ؛

٣- ایلگریدین رسمی تیل و خط چینچه بولغان نیڭ اوستیفه تعلیم تیلی ویا زیلیشوهم تماماً چینچه بولماق ؛

٤- جمهوریت اصولی غه اویغون شرقی تورکستان نیڭ هر ولایتیدین بردین وکیل چین پارلمانی غه ایبباریلمك و اوروم‌چیده بیر ولایت مجلسی تشکیل قیلیب هر حاکم لیق (شَنْلیك) دین بیر وکیل او مجلس اوچون سایلانماق . و بو هر ایکی مجلس اوچون سایلانادورغان وکیل لرنیڭ چینچه اوقوش یازیش بیلمکی نیڭ شرط بولماقی .

کۆرۈلۈرکه : بو پلانده شرقی تورکستان خلقی نیڭ حقوقی و منفعتی نی رعایه قیلماق نیڭ بیر پیدی هم یوقدور . بلکه بو پلاندین اچوقچه معلوم بولغان مقصد شرقی تورکستان خلقی نی هر وسیله بیله‌ن چینلاشتورماق ، بو مملکت نی دایما بیر چین مستملکه سی حالده بولماقی نی تأمین قیلماق ویا تماماً بیر چین ولایتی حالی غه کلتورمك دین باشقه بیر نرسه ایمس‌دور . بو پلان نیڭ اِجراسی ، چین جمهوریت حکومتی نیڭ شرقی تورکستان‌ده کوچلوغ بیر نوفوذغه ایگه بولوب خلق نیڭ هم مخالفت کورسا تمگه‌نی تقدیرده ممکن بولور ایدی . لیکن جمهوریت ، تقریباً ایکی ییل دوام قیلغان ضعیف بیر نفوذ وقتیده ملت دین خیلی جدی مخالفت کوردی . اندین کین شرقی تورکستان حقیقتاً چین جمهوریتی نیڭ نفوذی نیڭ تاشیده بولوب جاڭجوڭ نیڭ مستقل صورتده اداره قیلماقی باشلاندی . منه بو سبب لردین مذکور پلان نیڭ بعضی ماده لری ، آز آز اجراغه باشلار باشلاماس بوزولدی . بعضی ماده سی فقط کورونو شده اجرا قیلینیب حقیقت‌ده یوق حسابده ایدی .

پلان نیڭ بیرنجی ماده سی نی اجرا قلماق اوچون جمهوریت (مینگوی) نیڭ برنجی ییلیده گانسو نیڭ جنوب شرقی سیده‌کی خوجو (تااوخو) علاقه سی ده‌کی عاصی تونگانلردین بیر نچه یوز اۆیلوك نی چین حکومتی زور بیله‌ن کوچوروب قاراشهر اطرافیده و بعضی شرق منطقه لریده یرلاشتوردی و او یرلرده‌کی قالماق لرنیڭ ککرو یرلری نی تارتیب الیب اولرغه بردی . اما کین لرده موندا غ مهاجر چیقارماق

ایشلریغه حکومت نیڭ قدرتی ویا فرصتی یتمای توختاب قالدی[2]!

ایکنجی ماده نی اجرا قیلماق اوچون جمهوریت نیڭ ایکنجی ییلی شهرلرده و قصبه لرده چین اصولیده مکتب لر یاساتماق و خلق نیڭ باله لری نی مجبوراً بو مکتب لرغه الماق اوچون مخصوص ماءمورلر ایباردی. بو ماءمورلر شهرلرده کی حاکم (امبان) لرنیڭ یاردمی بیلەن شهرلرده و قصبه لرده خلق دین الوان صورتی بیلەن یاغاچ تاش الیب مکتب لر یاساتتی لر و خلق نیڭ باله لری نی بو مکتب لرغه الماقغه تشبث قیلغالی باشلار باشلاماس خلق دین غایت جدی بیر مخالفت و نفرت کوردیلر. لیکن زور بیلەن خلق نیڭ باله لری نی اوچراغان یردین توتوب مکتب غه الدی لر. بگ، اخون (قاضی و مفتی) لر و یوزباشی لرنیڭ بوینیغه اون دین یوزغیچه باله توتوب برمەك وظیفەسینی ارتیب، توتوب برمگەن تقدیرده منصب لریدین اجراب کتیش، و بونیڭ اوستیغه تورمیغا الینیش و جرمانه تولەش بیلەن قورقوتولدیلر. بو منصبدارلر باشتا منصب حرصی یوزیدین بو امرنی اجرا قیلماقغه بیر از اقدامات قیلسه لرمو خلق نیڭ جدی مقاومتی نیڭ مقابلیده عاجز قالدی لر. اخیراً خلق بو نیڭ یخشی چاره سی نی تاپتی لر. یعنی ماءمورلرغه رشوت بیریب باله لرنی قوتقوزماقغه باشلادیلر. بو صورت بیلەن بو مسئله بازارغه توشوب پول برگەن لرنیڭ باله لری نی ماءمورلر قویاب بیریب پول برمگەنلرنی الیب هر شهرده بش دین بیر غەچە و هر قصبه ده بیر مکتب نی باله لر بیلەن توشقازدی لر. اما اوشبو قدر از مکتب لرنی باشقارماقده هم حکومت اول قدم ده ایکی مشکللیک غه اوچرادی: بیری بو مکتب لرنیڭ تاءمیناتی نی ملی وقف لردین حاصل قیلماقده ملت نیڭ غایت جدی مخالفتی، و بیری کافی درجەده معلم لر تاپیلماغانی. هرحالده بو مکتب ایشی حکومت نیڭ پلانی غه مطابق اجرا قیلیناماق امکانسیز کوروندی. بو اوچون بو مکتب لرنیڭ بعضی سی قاپالدی و بیر ازی اوچوق قالدی. لیکن بو مکتب لرده بیر حرف غه چاغلیق علم اورگەتمك یوق ایدی. چونکه بو مکتب لرنیڭ پروغرامی فقط چینچه تیل و خط اورگەتمك و باله لرنی چین طبیعتی غه کیرگوزمك دین باشقه نرسه ایمس ایدی. کین لرده بو پلان و پروغرام کاملاً اونو



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

تولوب ايلگريكى دەك هر شهر و قصبەدە بير يا ايكى چينچه مكتب قالدى . و بو مكتبلردە بير نچه تيلماچ و كاتب يتيشتورمك اوچونسكز ييللیق بير مدت اوچون هر بير مكتب دە يگرمه يا اوتوز بالەنى چينچه تيل و خط اوقوتولادورغان بولدى . تورتنجى مادەنى اجرا قيلماق اوچون چين جمهوريت حكومتى نيڭ اهميت بيلەن برگەن امرلرىغه رغماً مينگوى نيڭ اولقى ييللريدە بو ايشلر اجرا قيلينماى بشنجى ييلى دە چين پارلمانىغه وكيل لر ايبماريلدى و اورومچى دە هم بير ولايت مجلسى نيڭ صورتى قورولدى . بو نيڭ بيانى توبندە شرقى توركيستاندە وكيل لر سايلامى عنوانى استيدە كيلەدور .

## شرق توركستان ده ايكى يريم حكومت

چين امپراطورلوق دورىنيڭ اخريدە و جمهوريت دورى دە اوروپا دولتلرىنيڭ چيندەكى امتيازلرى همه دنياغه معلوم دور . شرقى توركستاندە مينگوى (جمهوريت) اعلانىدين بير نچه ييل ايلگرى دين باشلاب روس و انگليس كونسوللرى و رعيەلرىنيڭ ايگه بولغان امتيازلرى عجايب بير شكلدە ايدى . بو دولتلرنيڭ حمايەلرى استيدە كى مملكتلردە هم مثلى كورولمگەن بير امتياز ايدى . بو مناسبت بيلەن بو امتياز دورىنى شرقى توركستاننيڭ بعضى مُنَوّرلرى «ايكى يريم حكومت دورى» ديدىلر . يعنى بير حكومت روس كونسولى نيڭ حكومتى ، بير حكومت انگليس نايب كونسول نيڭ حكومتى و يريم حكومت چين عمومى والى سى (جاڭجوڭ) نيڭ حكومتى ديمكدور . بو سوزدە اگرچه بيراز مبالغه بولسەمو بو سوزدين مراد بولغان امتياز نيڭ قياسدين تاشقارى بولغانى اوچون حقيقتغه ياقين بير سوز دور.[13]

كونسوللر چين قانونىنى رعايه قيلماق اويان تورسون ملتلراراسى حقوق قانونلرنى هم ارقەلرىغه تاشلاب اوّز اختيارلرىچه حركت قيلور ايدىلر . روس كونسولى نيڭ يانيدە قوراللیغ عسكرى و بير توپخانه سى بار ايدى . انگليس كونسولى نيڭ عسكرى بولمسەمو ادملرى

تولا ، نفوذی روس کونسولی بیلەن برابر ایدی . بو کونسوللرنیڭ هیچ بیر
سوزینی جاکْجوك و دوتەی (ولایت والیلری) قایتورالماس ایدی و
عکسینچه جاکْجوك/دوتەیلرنیڭ سوزینی کونسوللر همیشه قایتورور ایدی
لر . کونسوللر هر شهردە اوز رعیەلریدین بیرینی اقساقالعنوانی
بیلەن اوزلری دین نایب قیلیب اولرغه چوڭ حقوق بردیلر . بو
اقساقاللرنیڭ نفوذی او شهردەکی چین امبانلریدین زیادە ایدی .
کونسوللر و اقساقاللر شرقی تورکستانلیغلردین خواهلاغان کشیغه تا
بعیت ورقەلری بیریب اوزلریغه رعیه قیلور ایدی لر . روس و انگلیس رعیه
سی بولغانلرنیڭ تمام دعوالرینی اوز کونسول و اقساقاللری بیر طرف
قیلور ایدی لر . و اگر بیر شرقی تورکستانلیغ بیلەن بیر انگلیس رعیەسی ویا
روس رعیەسی اراسیدە دعوا بولسه انی کونسول ویا اقساقال اوز رعیەسی
نیڭ فایدەسیغه فیصله قیلور ایدی . اگر مونداغ دعوا چین امباننیڭ
ویا قاضیلیق محکمەسینیڭ الدیغه کیریب قالسه، امبان ویا قاضی مذکور
اجنبینیڭ فایدەسینی کوزلەمەك ، اوز رعیەسینیڭ حقینی مدافعه
قیلماسدین ، دعوانی کونسول و آقساقاللرنیڭ آلدیغه ایباریب برمك
غه مجبور ایدی لر .

روس و انگلیس رعیەلری تجارت،ماللریغه باج برمس ایدی
لر و بعضی چاغلردە یریم باج بردی لر . دوتەی و امبانلر روس و
انگلیس کونسول و اقساقاللرینیڭ طلبلرینی درحال قبول اتمکغه مجبور
ایدی لر . قاچان مخالفت ویا تاخیر قیلسەلر اولرنیڭ اهانتلریغه
دوچار بولور ویاکه اولرنیڭ طلبی بیلەن منصبلریدین ییقیلور ایدیلر .
روس و انگلیس رعیەلری خواهلاغان یر و عمارتلرنی ساتیب الور ایدی
لر و یرلیك خلق نیڭ شفعت و ضرر دعوالرینی هیچکیم ایشیتماس ایدی .
بو اجنبیلر یالغوز یر مالیتینی غینه بیرور و باشقه الوانلردین معاف،
ایدی لر . سونی اوّلا بولرنیڭ یرلری و باغلری ایچار ایدی و بولرنیڭ
اطرافیدەکی یرلیك خلق نیڭ رراعتلری سوسیزلیقدین قوروب کتسه پروا
یوق ایدی . بو اجنبیلر هم شرقی تورکستانلیغنی حقارت قیلماق و اورماق
دە ازاد بولوب حقارت قیلینغان و تایاق ییگەن یرلیکنیڭ دادینی
سورغالی کشی یوق ایدی . چین حکومتیغه باج برمکنی اغیر کورگەن



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ويا بير مسئوليت غه دوچار بولغان ويا زراعت يرىغه سو تاپالمغان ويا بير وطنداشى دين انتقام الماقنى قصد قيلغان كشى، درحال روس ويا انگليس اقساقالى نيڭ الديغه باريب بير از پول برسه اڭا تابعيت ورقه سى (بلت) بيرور ايدى و بو نيڭ بيله ن كوڭلى خواهلاغان امتيازغه ايگه بولور ايدى .

منه بو حدودسيز و حق سيز امتيازلر عمومى حرب نيڭ اخرىغه چه دوام قيلدى . عمومى حرب نيڭ اخريده روس امپراطورلوقى ييقيليب شرقى توركستان ده كى روس كونسول لوقى قالدورولدى . روسيه ده بالشويك حكومتى قورولغان زمان شرقى توركستانده كى روس رعيه لرى دوته ى لرغه و امبانلرغه يالواريب و رشوت بيريب چين رعيه سى بولدى لر . موندين كين شرقى توركستانده حكومت، انگليس كونسول و رعيه لرى نيڭ ملتلرا راسى قانون دين تاشقارى زورلوق و امتيازلرى نى تونوماس ليق غه باشلادى . كين لرده يالغوز انگليس رعيه لرى نيڭ اوزارالريده كى دعوالرى غينه كونسول خانه ده فيصله قيليناماق امتيازى دين باشقه تمام امتيازلرى يوق بولدى . اقساقاللر نيڭ هم هيچ اعتبارلرى قالماى فقط كونسول لرنيڭ عادتده كى خبرچيلرى درجه سى غه توشوب قالديلر. بو نيڭ بيله ن شرقى توركستان ده كى ايكى يريم حكومت دين ايكى سى ييقيليب يريمى پوتونلاندى[14].

**قارا سيج (گوله خوى) جمعيتى**

چين ده جمهوريت حكومتى قورولغاندين كين چين حكومتى شرقى توركستانده كى عسكرلرنى عصرى اصولده انتظام غه كيرگوزمك اوچون تعليم كورگه ن ضابط لردين ياڭ اتليغ بيرى نى ميكباشى ليق رتبه سى بيله ن شرقى توركستان غه يوللادى . ياڭ، ايلى غه كليب بير ييل مدت ايچيده كوره ده كى مركز عسكرلرى نى يخشى انتظام غه كيرگوزوب يكتى ياراغلر كه لتوروپ ، اۆز قول استيده كى عسكرلرى نى هرجهتدين تولوق قورالالاندوردى . اۆز وظيفه سى نيڭ تاشيده كى مُلكى ايش

غه هم ارا لاشيب جاكْجوكْ نى ايش غه باشلاب تولا نفوذ پيدا قيليب
قالدى . هركيم نيكْ اغزيده ياكْ توكْلوكْ (قوماندان) نيكْ گپ سوزى بولا
دورغان بولدى . بو حالده، شرقى توركستان غه يوآن داخوا اتليغ يكْسى
بير جاكْجوكْ كلدى . يوان داخوا، گرچه جمهوريت حكومتى طرفيدين
كلگەن كشى بولسەمو شرقى توركستان غه كلور كلمس جمهوريت قانونى
نى تاشلاپ امپراطورلوق دوريده كى شكلده حكومت قيلغالى باشلادى،
وكهنه اصول طرفدارلرى نى يانيغه تارتيب عسكرى و ملكى ايش لر نى
اولرغه بردى . ديمك كه يالغوز اغيزده غينه چين مركزى غه تابع بو
لوب و حقيقت ده مستقل بير يول نى توتوب هر يكى ايش غه اشكارا ضد
ليق كورساتتى . بو وضعيت توغراسيدين جاكْجوكْ يوان داخوا و ياكْ
توكْلوك اراسيده دشمنليك پيدا بولوب ياكْ توكْلوكْ بير كيچەده جاكْ
جوكْ يامونى (ورداسى) غه باسقون قيليب جاكْجوكْ نيكْ عسكرلرى نى
مغلوب اتتى . جاكْجوكْ يوان داخوا، بير مقدار ادم لرى بيلەن قاچيب
هيچ يرده توختايالماى ايلى ولايتى دين چيقيب كتتى ؛ قومول يولى بيلە
قاچقانچه چين غه كتتى[14] . ليكن شرقى توركستان ده كى چين ليغ حكومت
ادم لرى ده كهنه خيال ليغ لر كوپراق بولغانى اوچون غولجه ولايتى
دين باشقه ولايت لرده كى حكومت ادم لرى عموماً ياكْ توكْلوكْ غه مُخا
لِف بولوب اورومچى ده كى فوتەى (شرقى توركستانده كى اكْ چوكْ عسكر قوما
ندانى) باشليغ تمام حكومت ادم لرى ياكْ توكْلوكْ غه شوقوش اچيب
اورومچى و ايلى ولايت لرى نيكْ حدودلرى اوستيده كى، جيكْ
ديگەن يرده البته اى مدت اوروش بولوب اخيراً ياكْتوكْلوكْ مغلوب بو
لوب بير مقدار عسكرى بيلەن موزارت يولى بيلەن كاشغرغه قاچتى .
بو اوتراده ياكْتوكْلوكْ شرقى توركستان نيكْ تمام ولايت لريده پروپاگندەتا را
تيب يورت ده كى چين ليغ لردين تولا طرفدار پيدا قيلدى و بو طرفدار
لر هر شهرده اشكارا ويا مخفى جمعيت لر تشكيل قيلديلر . بوجمعيت
لر نيكْ اتى گُولَەخُوى ايدى[15] (ايلغار قريندا شلر جمعيتى ديمكدور) . بو
جمعيت غه اعضا بولغانلر نيكْ علامتى، باش لرى غه قارا بوز يورگەمك
ايدى . بو مناسبت بيلەن تورك لر اولرنى قاراسيچ (قاراسَلّەليكلر) دير
ايدى لر . بارا بارا قاراسيَچْ لر قوتلانيب التى شهر اولكه سى نيكْ بعضى



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

شهرلریني اشغال اتتیلر و بعضي شهرلرده دوتهی و امبانلر اولر بیلهن سوقوش قیلماقغه مجبور بولدیلر. بو جمعیت نیك مقصدی شرقي تورکستانده جمهوریت قانونینی حقیقتیبیلهن اجرا قیلماق و کهنهخیال چینلیغلرني ایشدین چیقارماق ایدی. اگرچه بولرنیك بو مقصدی یخشي بولسهمو البته شهرده قارا سیچ بولغان چینلیغلر بو جمعیتني یامانغه ایشلهتیب حکومت ادملری بولمغان بیطرف بای ادملر نیك تعلقلرینی تالان قیلماق و یورتدهکي چینلیغ و تورك لردین بولغان اوغری و قمارباز ادملرني یانلریغه تارتیب و حمایه قیلیب یورت نیك عمومي تینچلیقینی یوق اتمك و دایما یاراغ کوتاریب یوروب خلقني قورقوتماق دهك یمان ایشلرني قیلدی. بو نیك بیلهن بو جمعیتني خلق بیر تالانچیلر جمعیتی دیب بیلدیلر. بو سببدین یورت خلقي بو جمعیتغه یاقین کلمای نفرتکوزی بیلهن کوّر مکده ایدیلر.
١٣٣٢ هـ (١٩١٤م)ده گولهخوی جمعیتی نیك رئیسي بولغان یاکُتوکُلوك یوقاریده ایتیلغان وجه بیلهن مغلوب بولوب ایلیدین قاچیب کاشغرغه کلیب او یرني مرکز قیلماق و طرفدارلرینی ییغماقغهکیریشکهنبولسهمو اورومچیدین انی قوغلاب کلگهن عسکرلر یتیشکهن سببدین کاشغردین قاچیب فرغانهغه کتتي. اورومچیدین کلگهن عسکرلر شهرغه تارقاب قارا سیچ بولغانلرني تماماً اوّلتوردیلر. شو نیك بیلهن شرقي تورکستان ینه کهنه فکرده بولغان مستبد چینلیغلرنیك قولیده قالدی.

## ٥ـ فصل

## شرقی تورکستان دا ملی اویغانیش

اوترا عصرلرده اسلام دنیاسیده یایلغان غفلت، شرقی تورکستانده ١٣٢١ هـ (١٩٠٣ م) غەچە کەکرٶب دوام قیلماقدا ایدی. مکتب و مدرسەلردەکی تعلیم و تربیت کهنَه عنعنەلردین عبارت بولوب زمان و مکان تقاضاسیچە وجودغە کلمکی لازم بولغان اصلاحات هیچ وجودغە کلمگەن ایدی. علما و باشقە صنفلر بو کهنە عنعنەنی اۆزگرتکیلی بولمایدورغان مذهب دیب توشونور ایدیلر. اسلام باشلانغوچیدین حاضرغەچە تعلیم و تربیە اصولی نیڭ میڭلرچە تغییر و اصلاحات کۆرگەنی نیڭ تاریخلری و سببلرینی خاطرغە کلتورگەنلر بَك آز ایدیلر. دنیادەکی مسلمان و غیر مسلمان ملتلر نیڭ علمدە، صنعتدە، هرایشدە قورقونچ صورتدە ترقیغە یتکەنلرینی شرقی تورکستانلیغلر حیرانلیق بیلەن ایشیتۆر ایدیلر. بعضی کەژ کشی لر شرقی تورکستاندە بو ترقیلر امکانسیز دور دیر ایدیلر. حقیقتاً هر کهنَەنی مقدس بیلیب آندین آیریلماقنی ایماندین ایریلماق معناسیدە کۆرگەن و هر یڭی نی نفرت کوزی بیلەن کوروب آنی اِسلام و اِنسانیتغە مخالف دیب بیلگەن و بو نیڭ نتیجەسیدەکی علمسیزلیق و عاجزلیق و هورونلوق رذالتلرینی عین کَمال دیب تورغان بیر ملت نیڭ سعادتی و ترقیسی امکانسیز دور. شرقی تورکستان خلقی نیڭ همەسی مو موندا غ ایمس ایدی. بلکە عُلما و باشقە صنفلر دین اۆستون قابیلیتغە ایگە طبیعی منورلر هم تولا بار ایدی. بولر شرقی تورکستان ملتی نیڭ دنیا ملتلری دین هر ایشدە کین قالغانلیقی و بو ملت نیڭ کۆندین کۆنگە بدبختلیق طرفیغە سۆرۆلمکدە بولغانلیقی دین حاصل بولغان دردلرینی یاشورالماس ایدیلر. بو یمان وضعیتدین قوتولماق چارەلرینی اویلار ایدیلر.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

اخیراً بو مُنَوَّرلردین کاشغرلیك عبد القادر داملا[16] (شهید) ١٣٢٥ هـ (١٩٠٧ م) اطرافیده تورکیه، مصر و شام مملکتلریدٔ بیر تدقیق سیاحتی قیلیب عصری معارف اصلاحاتی نی کوزی بیلەن کۆروب و اصولی نی لازملیغ مقداردە اۆرگەنیب کاشغرغە کلیب یکٔی مکتب کتابلری نی شرقی تورکستان لهجه سیدە تیارلادی. آندین کیین یات یورتلرنی کۆرگەن و یکٔی اصولغە محبت پیدا قیلغان سوداگرلرنی تشویق قیلیب اولرنیكٔ هِمَتی بیلەن کتابلری نی باستوردی. کاشغر شهریدە مطلع الهدایت آتلیغ بیر مکتب تاسیس قیلیب عبد القادر داملا اۆزی اِداره قیلدی. ارتوچ، ختن، کوچا، تورپاندە بیرردین عصری معلم مکتبلری آچیلدی و بو مکتبلرنیكٔ بعضی سی اوچون تورکیەدین احمد کمال بگ و اسماعیل حقی بگ لردەك بیر نچه معلملر کلتورولدی[17].

بو مکتبلرنی خلق غایت خوشلوق بیلەن قبول قیلیب بالهلری نی فوق العادە ذوق و شوق بیلەن کیرگوزدی. ملت طرفیدین بو مکتبلرنیكٔ ضدیدە هیچ بیر مخالفت چیقمادی. الكٔ متعصب عنعنەچیلر هم باشتا راضی لیق کورساتتی لر. مونە بو صورت بیلەن شرقی تورکستان بالهلری توغرا تربیه کورمکگە باشلادی لر. بو یکٔی تربیه اصولی یالغوز کیچیك بالهلرنی تربیه قیلماق بیلەن غینە قالمادی بلکه او مکتبلرغە کیرمگەن بعضی منور طبیعتلیك کیشیلر تورکیەدین کلگەن معلملر بیلەن یاقین مناسبت پیدا قیلیب اولردین وطن و ملتغە فایدەلیغ معلومات حاصل قیلماققە کیریشتی لر. بو نیكٔ بیلەن غایت ابتدائی و ناقص بولسەمو تولا کشی لرنیكٔ دماغیدە بیر اویغانیش و فکر حرکتی پیدا بولدی. هر یردە علمی و اجتماعی اصوللر خصوصیدە بحث قیلا نادورغان بولدی. چین حکومتی نیكٔ شرقی تورکستان نی هر سعادتدین محروم توتماقیدین شکایتلر و یورت نیكٔ نفوذلوغ و اقتدارلیغ عنصرلری نیكٔ اصلاحات حرکتی دین یراق تورماقلری خصوصیدە طعنەلر اوترا غە چیقغالی توردی. بیر طرفدین اصلاحات حرکتی طرفداری بولغان کیشیلر مکتبلرنی کوپەیتمك و یورت ایچیدە نشریات قیلماق اوچون غیرت قیلیب کاشغر و غولجه شهرلریدە بیرردین مطبع اچتی لر. ملی جمعیت تاسیس قیلماق اوچون انچه مونچه تیل تبلیغاتی هم باشلا

ندی. بو اصلاحات حرکتی نیڭ بعضی واقعه لری‌نی احمد کمال ایلقول «تورکستان و چین یوللریده خاطره‌لر» اثریده مفصل یازیب دور[17].

الحاصل جمهوریت (مینگوی) نیڭ اوچونجی ییلی‌غه‌چه بو حرکت‌لرغه چین حکومتی اعتراض قیلمادی، چونکه شرقی تورکستان‌ده‌کی چین لیغ حکومت ادم لری گوله‌خوی جمعیتی بیله‌ن مجادله‌غه مشغول ایدی لر. لیکن عموماً چین‌لیغ‌لر بو ملی حرکت‌لرغه‌نا راضی لیق کوزی بیله‌ن قاراماقده و موندا اوزلری‌غه بیر خطر گمان ایتمکده ایدی لر. یوقاریده ایتیلغان وجه بیله‌ن قارا سیچ قوزقیلاکی باسیقتورولوب حکومت‌غه ایگه بولغان کهنه خیال چین‌لیغ‌لر، ملت نیڭ ملی حرکت لری‌نی اوشبو ابتدائی حالتیده یوق قیلماق‌غه تشبث قیلدی لر. یورتده یڭی فکر و اویغانیش توغولماقی‌دین قورقادورغان و کهنه عنعنه و تینچلیق‌نی دوست توتادورغان بعضی علما و سوداگریگ لر حکومت نیڭ بو حرکتی غه‌تولا خوش‌بولوب حکومت‌نی بو ایش‌غه تشویق ایتتی لر. بو نیڭ بیله‌ن ایکیله‌نگه‌ن حالده قطعی حرکت‌غه جسارت قیلالمای تورغان حکومت نیڭ ارادەسی قوتلانیب ۱۳۳۳ ھ (۱۹۱٤ م) نیڭ سوکیده‌یڭی مکتب لرنی یوق ایتتی و تورکیه‌دین کلگه‌ن معلم لرنی هیداب چیقاردی. او مکتب لرده تربیه کورگه‌ن پاکیزه روحلوغ طلبه لرنیڭ تولاسی‌نی چین مکتبی‌غه الیب اولرنیڭ روحیاتی‌نی بوزوب ایتتی. اندین کیین یڭی اصلاحات سوزی‌نی قیلغان و حرکت‌غه کچکه‌ن کشی‌لرنیڭ بعضی سی‌نی حبس‌بیله‌ن و بعضی‌نی باشقه جزالر بیله‌ن جزالاندوردی، مطبع لرنیڭ بعضی سی‌نی چاقتی و بعضی سی‌نی مصادره قیلدی.

بو نیڭ بیله‌ن چین حکومتی شرقی تورکستان خلقی‌نی بو یڭی قدم قویغان اویغانیش و اصلاحات حرکتی‌نی ظلم و جبر یولی بیله‌ن توختاتیب اولرنی جیمجیتلق بولونگی‌غه تیقتی و کوزغه کورونگه‌ن بیر سعادت‌دین محروم قویدی. لیکن" اویغاقنی زور بیله‌ن اوخلاتقالی بولماس" دیگه‌ن مَثَل باردور. بوگا کوره اگرچه چین لیغ‌لر عصری مکتب لریمیزنی و مطبع لریمیزنی یوق‌اتمه‌ك و اغیزلری میزنی بیرکیتمك بیله‌ن قول‌لری دین کلگه‌ن زور لری‌نی ایشلاتسه لرمو لیکن اویغانیش حسیاتمیزنی و فکر یمیزنی هیچ نیمه قیلالمادیلر. منه شونیڭ بیله‌ن شرقی تورکستان نیڭ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

سعادتی چین اسارتی دین قوتولمای ممکن ایماسلیکی غه ایمان کلتور دوك. بو صورت بیلەن شرقی تورکستان خلقی نیڭ تولا راقی نیڭ کوڭل‌لریدە مخفی اما تولا قوتلیك بیر چین دشمنلیکی حسی و نفرت اورونلاشتی. مع الأسف چین حکومتی نیڭ بو استبداد و ظلم‌لری سببی دین شرقی تورکستان خلقی کین قالماقدە دوام اتمکدە دورلر.[18]

**محاکمه**

انصاف و عدالت بیلەن اویلاساق شرقی تورکستان نیڭ بوکین قالغانلیقی نی یالغوز چین حکومتی نیڭ اِستبداد و ظلمی نیڭ نتیجه سی دیمك توغرا کلمایدور، چونکه چین، شرقی تورکستان ملتی نیڭ اوچ میڭ ییل‌لیق دشمنی دور و شرقی تورکستان نیڭ ویران بولیشیدین چین‌لیغ‌لرنیڭ هیچ پَرواسی بولماسلیقی طبیعی دور. بو ملت نی یوق قیلماق اوچون چین حکومتی نیڭ قیلغان اقداماتی یوقاریدە مُکَرَّر اوّتتی. مونداغ اِقدامات نی چین حکومتی ایلگریدە قیلغاندەك حال و مستقبل‌دە هم قیلماقی نی آڭ‌لیغ کیشی بیلادور. بولماسنی بولوردەپ خیال قیلغاندەك، چین حکومتی نی شرقی تورکستان ملتی غە دوست‌دیب، اویلاسا قمو، چین ملتی دنیا ملت‌لری نیڭ آرقه سیدە قالغان بیر ملت دور و اوزی نیڭ اصلاح و ترقی سی غە محتاج دور و موڭا قدرتی یتمای تورماقدەدور. منه مونداغ حالدەکی چین حکومتی شرقی تورکستان غە نیمه یخشی‌لیق قیلالسون. بلکه شرقی تورکستان نیڭ کین قالغانلیقی نیڭ مسئولیتی نیڭ مهم راقی شرقی تورکستان خلقی نیڭ بوینیغە یوکلانادور؛ چونکه بیر ملت نیڭ سعادتی و اصلاحاتی او ملت نیڭ اوزی نیڭ طبیعی حاجتی وحیاتی دور. بو حاجت و حیات نی تاٴمین قیلماق اوچون او ملت نیڭ اوزی نیڭ تریشچانلیقی و فداکارلیقی لازم دور. او طبیعی حاجت

وحیاتی نی تامین قیلماقدین توساد ورغان هر مشکلاتنی اشماقا اوچون جدّی و دایمی صورتده محکم تورماق و بیر بلا و محنت نیڭ قارشیسیدا قوتلیك بیرلیك و تایانیشما کورساتیب او مشکلات و بلا و محنت نی یکّمك او ملت نیڭ اؤزی نیڭ بوینی غه توشکه‌ن بیر مقدس فرض دور. اما شرقی تورکستان خلقی بو مقدس وظیفه نی آدا قیلماق غه یترلیك غیرتی نی کور ساتتی لرمو؟ مع الاسف یوقسو؛ بلکه اوز سعادتلرینی تامین اتمك و تورموشلرینی ترقی قیلدوروش اوچون آز ساندکی کشیلر ابتدائی و جزئی تریشچانلیق غه قدم قویدیلر. ضعیف توسالغو آلدلریغه کلگه‌چ او غیرتلری‌نی کاملاً ترك اتتی‌لر و فقط کوڭل‌لریده متاثر بولماق و اچینماق دین باشقه عملی بیر حرکت و بیرلیك کورسه‌تمیدیلر.

شرقی تورکستان خلقی نیڭ بو کمچیلیگی نیڭ سببی شو ایدی: شرقی تورکستان خلقی اوزوندین بیری هم چین قولیده سیاسی اسیرلیقی و هم اوز آرالریده فکر و وجدان اسیرلیقی آستیده یاشاغانلیق لری اوچون وطندوستلوق و ملت پرورلیك و حتّاکه حقیقی مسلمانلیق خاصیتلریدین آیریلیب کتکه‌ن بیر ملت ایدی. ایلگریکی آتا بابالری نیڭ طبیعی تورکلوك ایجاباتی و مقدس اسلام دینی نیڭ تعلیماتیدین بولغان وطن و ملت و اسلام اوچون جان و مال فدا اتمك اویان تورسون قورقونجاق، بخیل و عاجز عنصرلر بو ملت نیڭ نفوذلوغ رهبرلری بولوب، انداغ ایشلردین باشقه لرنی توسماقده ایدیلر. بو صورت بیله‌ن هر کیم اوز شخصی فایده سی نی کوز آلدیده توتماق و هیچ بیر فداکارلیق و زحمتسیز- امگه‌کسیز موتقا دنیا و اخرت سعادتی نی کوتمه‌ك، تولاکشی‌لرنیڭ عادتی ایدی. الحاصل شرقی تورکستان خلقی بو قاراڭغو وضعیت ایچیده قالیب باشلری‌غه کلگه‌ن هر فلاکت غه "قضاغه رضا بلاغه صبر" دیب بویون اگمك و موڭا مناسب توبَن توشونچ لرغه محکوم بولوب عادتله‌نگه‌ن طرزده ایدی لر. آیا مونداغ بیر ملت ایچیدین چیقغان آز غینه تجربه سیز و یاردمچی سیز بیر نچه وطن پرور و منوّرلر




ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

او ملت نیڭ سعادتی نی تأمین قیماقفه یاراغوده‌ك درجه‌ده فعالیت
کورساتمکفه یارارمو؟ ابتدائی و تخی بیرِانتظام آلتی‌غه کیرمیگه‌ن بیر
اویغانیش‌او ملت نیڭ حیاتی نی تامین اتمکفه یتر مو؟ آزغینه
بیر ظلم بیله‌ن تمام عَـمَلِی حرکت‌لری‌نی ترك اتیب دشمن نیڭ تمام آرزو
سیغه خوش دیگه‌نلر نیڭ عُذُرلری عقل آلدیده مقبول بولورمو؟ بیزنیڭ
بیلگا نیمیزچه شرقی تورکستان‌ده اۆزلری‌نی وطن دوست و ملت پرور کۆر
سه‌تکه‌ن کشی‌لر و مُنَوَّر اتانغان ذات‌لرنیڭ بعضیسی نیڭ وطن پرور
و منورلیك لری یالغوز اغیز لری‌نیڭ اوچیده‌غینه ایکه‌نلیکی معلوم دور .
دیمك که شرقی تورکستان‌ده حقیقی وطند وستلوق و مُلت پرورلیك خاصیتی
بیله‌ن موصوف بولغان ذات‌لر پارماقلر بیله‌ن ساناغوده‌ك درجه‌ده آزایدی
لر. و بو ذات‌لر هم اۆز مقصدلری‌نی وجودغه چیقارماقدین عاجزایدی
لر، چونکه بولرنیڭ ملی ویا دینی نفوذلری یوق ، بولسه‌مو بك آز ایدی
و ثروت‌لری یوق ایدی . بالعکس بولرنیڭ مقابلیده بیر طرفدین حکومت
و بیر طرفدین هم ملی ویا دینی نفوذغه ایگه و هم ثروت‌لری تولا بولغان
قالاق عُنصُرلر بار ایدی . بیر میلیون آلتی یوز میڭ مربع کیلومتر
کـکُرۆ لۆکده بولغان بیر مملکت و اون بَش ملیون نفوسلوغ تولا بیر ملت
نیڭ حیات و مَمات مسئله‌سی بولغان بیر ایش‌نی بو ذات‌لرنیڭ باشقار
ماقی و هم حکومت و هم ملت نیڭ چوڭ لریدین عبارت بولغان مخالف
لری بیله‌ن مجادله قیلماقی ممکن بولورمو؟ الحاصل شرقی تورکستان‌ملتی
ده بیز وطن پرور دورمیز دیگه‌ن ذات‌لرنیڭ همه‌سی راستی بیله‌ن وطن
پرور بولوب بو صفت نیڭ جُزء لری بولغان فکر بیرلیکی ، نیت نیڭ خالص
لیقی ، ملت و وطن اوچون لازم کلگه‌ن فداکارلیق کورسیتیش و بو یولدٌ
آخرغه‌چه صبر و ثبات ،عزت نفس خاصیت‌لری بولسه ایدی هر ایش‌نی
باشقارماق و حکومت و ملت نیڭ چوڭ لریدین عبارت بولغان مخالف لر
نی یَکْمك شرقی تورکستان‌ده بك مشکل ایش ایمس ایدی . اگر مصر ، سوریه
و فلسطین وطن پرور لریده‌کی ملی کوره‌ش، تریشجانلیق‌وبیرلیك نیڭ اون
دین بیری شرقی تورکستان ملتی‌ده بولسه ایدی بیز یوقاریده ایتقان‌ملی
اویغانیش‌کون لری نیڭ ایچیده شرقی تورکستان نیڭ هر سعادتی نیڭ
تأمین بولماقی‌ده شبهه یوق ایدی . چونکه او کۆنلرده اۆزی‌نی اداره‌قیلالمای

قالغان عاجز چين ليغلر جدى بير ملى كوُرەش و بيرليكفه هرگيز تـه ك كيلالماس ايدى لر. ليكن يوقاريده بيز ايتقانده ك شرقى توركستانده يمان بير ضعيف ليك و اتفاقسيزليق حاكم بولغانى اوچون چين حكومتى نيـك و ملت چوكْ لرى نيكْ آز غينه بير زور و تهديدى بيلەن وطن پرور لريميز باش لرىنى يۆرگەپ اوخلاب قالديلر. حالبوكه بو زور و تهديده اِنگليس و فرانسه دولتلرىنيكْ مصر، عراق، سوريه، فلسطين خلقىغه قيلغـان زور و تهديدلرىنيكْ ميليونده بيرىغه برابر كلمايدور، منه، شرقى توركستان غه كلگەن حاضرقى فلاكت و مصيبتلرنيكْ يگانه سببى ملت نيكْ غيـرت سيز ليكى ، اتحادسيزليقى و غافل ليقى دور.

هاى هاى اىٔ عزيز ملت! ماضى لريگلردين عبرت اليگلر و بـا شقه دنيا ملت لرى نيكْ غيرت و فداكارليق لرىغه قاراگلر. ايمدى ا و عاجزليق ، اُميدسيز ليك ، غيرت سيزليك ، اتحادسيزليق و غافل ليقعَيبى نى تاشلاماق غه تيـريشـيگلـر . سيزلر موباشقەلردەك انسان ايماسمو؟



شرقى توركستان نيكْ شمال - غربى قسمى؛ شهرلر و يوللر.



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## ٦ــ فصل

## شرقی توركستان دين چين جمهوريتی نيڭ نفوذی يوق بولغانی

قارا سيپچ انقلابی باسيقتورولغاندين كين اورومچی و ايلی ده‌كی چين ليغ منصبدارلر جاڭجوڭ لوق تالاشيب بير بيرلری‌بيله‌ن مجادله‌غه توردیلر. بير نچه آی دوام قيلغان مجادله‌دين كين ياڭزيڭ شيڭ آتليغ بير منصبدار تولا راقی تونگان بولغان طرفدارلری‌نيڭ ياردمی و ياراغ قوتی بيله‌ن باشقه‌لرغه غالب بولوب اوزی‌نی جاڭجوڭ اعلان اتتی. اونيڭ طرفدارلری اورومچی‌ده تولا راق بولغانی اوچون اورومچی‌نی پايتخت قيلدی.[19]

بو كونلرده چين ده داخلی اغتشاشلر تولا بولغانی اوچون چين حكومتی نيڭ شرقی توركستان‌غه نفوذی‌نی يتكوزمكغه قدرتی يوق ايدی. ياڭزيڭ شيڭ بو وضعيت‌دين استفاده قيليب چين‌حكومتی‌دين اوزی نيڭ جاڭجوڭ لوقی‌نی تصديق اتمكنی طلب قيلدی و بو شرط بيله‌ن شرقی توركستان‌نی چين جمهوريتی نيڭ آتيده اداره قيلماق‌نی بيلدوردی. چين حكومتی اوزی نيڭ آبرويی‌نی ساقلاماق اوچون ياڭ زيڭ شيڭ نيڭ جاڭجوڭ لوقی‌نی قيد و شرط سيز تصديق اتتی.[20]

ايلی ده‌كی چين‌ليغ‌لر ياڭ زيڭ شيڭ نيڭ ضدی‌غه مُكَرّر اغتشاشلر چيقاردیلر. بو اوچون ياڭ زيڭ شيڭ اوزی نيڭ اڭ ايشانچ ليك طرفدارلری‌دين بولغان بير چين‌ليغ جيڭ جوسی‌نی (حربی باشليغ) تعين قيليب قوتی نيڭ تولا راقی بيله‌ن ايلی نيڭ **مركزی‌بولغان كوره شهری** ده اورونلاشتوردی.

عمومی حرب (١٩١٤-١٩١٨) ده چين حكومتی حربغه كيريب و هم گوميندانڭ پارتی‌سی و جمهوريت پارتی‌لری آراسيده قانليغ مجادله‌لر بولوب چين حكومتی نيڭ بير ضعيف‌ليقی نَچه بولغان فرصتی‌دين ياڭ زيڭ شيڭ تخی‌مو زياده استفاده قيليب چين حكومتی نيڭ

هيچ بير امرىنى قبول اتماى شرقى توركستاننى كاملاً امپراطورلوقدورى دەكى استبداد بيلەن اداره قيلدى. كين لردە زمان تقاضاسى مجبور يتى بيلەن بو اداره شكليدە بعضى اۆزگوروشلر بولغان بولسەمو بو اۆزگرتمە لر بيرەر كۆرسەتمەليك بولوب عمليتدە ينەشو استبداد ادارەسى تغيرسيز دوام اتمكدە ايدى. ياڭ زيڭ شيڭ اۆلتورولگونچە وضعيت اوشبو طرزدە ايدى. ياڭ زيڭ شيڭ اۆلتورولگەندين كين انيڭدين هم مستبدراق و خائنراق جين شورين اتليغ بير چينليغ حكمدار بولدى. الحاصل ١٩٣١م دەكى عمومى انقلابغەچە بو وضعيت دوام قيلدى.

**ياڭ زيڭ شيڭ نيڭ سياستى نيڭ شكلى**

ياڭ زيڭ شيڭ، امپراطورلوق دوريدە چيندە و شرقى توركستاندە شەن (حاكم) ليق و دوتەى (والى) ليق منصبلريدە بولوب ياشى اتميشغە يتكەن و بو حياتيدە استبدادغە عادتلە نيب قالغان غايت درجەدە حريص بير ادم ايدى. ليكن سياست و ادارەچيليكى سببيدين اونيڭ غايت درجەدە استبداد بيلەن قيلغان اجرااتى و حريصليقى و يورتنيڭ اقتصادياتىغە خيانتلرىغە رغماً ١٩١١م دين ١٩٢٨غەچە حكمدارليق قيلدى. بو اوچون اونيڭ شرقى توركستان ملتىنى اداره قيلغانى و چين حكومتىغە كۆرسەتكەن سياستىنى بيان قيلامسيز؟[24]

ياڭ زيڭ شيڭ شرقى توركستان خلقى نيڭ دنيادەكى مسلمان و غير مسلمان مَدَنى ملتلر بيلەن سياسى و اجتماعى علاقەسى يوقلوقىنى و يڭى فكرليك كشيلرنيڭ غايت آزليقىنى بيلور ايدى. بو سببدين بو ملتنى يالغوز دينى و تجارى ايشلردە آزاد قويسە و ينە بعضى بير جزئى رعايەلرنى كورساتسە ملتنيڭ راضى بولماقىنى و بو پردە ايچيدە اۆزى خواهلاغان طرزدە اداره قيلماق نيڭ ممكنليكىنى بيلدى.

بنا ءعليە ياڭ زيڭ شيڭ نيڭ باشلانغوچدا توتقان يولى



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

خلقنى تمام دينى ايشلردە ازاد قويماق بولدى. يعنى تمام دينى مكتب مدرسە، جامع و مسجد، اوقاف و كهنە اصولدەكى اوقوتوش و اوٚرگە تيش لرغە هيچ ارالاشماسليق و بولرنيڭ هەمەسىنى ملتنيڭ اختيارىغە قويماقنى اعلان اتتى. بير طرفدين قاضى و مفتىلرنيڭ حكملرىنى رسماً حرمت قيلماق و هر دعوانى شريعتغە مطابق فيصلە قيلماققە يارليغ چيقاردى. چينليغ امبانلر قاضىلرنيڭ حكملرينى سوندورالماس بولدى. يەنە بير طرفدين تجارت ايشلرىنى آزاد قويوب هر كيم قايداغ تجارت قيلسە و قەيرغە بارسە معين باج نى بەرگەن شرطى بيلەن اختيارليغ بولدى. و يەنە ياڭ زيڭ شيڭ ‹‹يورت بولسە مسلمان توركلرنيڭ يورتيدور. شرقى توركستاندا آزسانليق بيرملت بولغان چينليغلرنيڭ اوٚستون حقوقى يوقدور›› ديگەن مضموندە قوروغ اعلانلرنى چيقارور ايدى. ليكن حكومتنيڭ مهم ايشلرىغە توركلرنى ياقين كلتورماس ايدى. فقط مدنى و جنائى حقوقدە يرليگ لر و چينليغنى برابر كوٚرمك سياستينى توتتى. و يەنە ياڭ زيڭ شيڭ، چين جمهوريتى يوق اتكەن واڭليق و گوڭلوقلرنى اصليگە كلتوروب اولرنيڭ عنوان و رُتبەلرىنى رسماً رعايە قيليب اولرغە بعضى ملكى و عسكرى منصبلر بيريب توختاب قالغان معاشلرىنى بو يول بيلەن تأمين قيليب اولرنى اوٚزىغە باغلادى. چين مكتبلرىدە اوقوب تيل و خط اوٚرگەنگەنلرغە بعضى كيچيك مأمورلوقلر و بير آز آيليق بردى.[22]

منە ياڭ زيڭ شيڭ بو سياستسايەسيدە يورتنيڭ نفوذلوغلرى بولغان آخونلر، بايلر و بگلرنى اوٚزيدين خوش قيلدى. چين حكومتىدين بو وقتغەچە مونچەليك رعايە كورمگەن بو كشىلر ياڭ زيڭ شيڭنى صميمى بير اسلام حامىسى و غايت انصافليغ بير حكمدار ديب بيلديلر. اما يورتدەكى بعضى ضياليغ كشىلر ياڭ زيڭ شيڭ نيڭ بو سياستى فقط اونيڭ اوٚز فايدەسى اوچون بولوب ملتنيڭ عاقبتىغە غايت تهلكەليك بير خطر ايكەنليكىنى بيلور ايديلر و آندين قوتولماق چارەسىنى فكر قيلور ايديلر. ليكن بولرنيڭ سانى آز بولوب ملتنى اوٚز فكرلرىغە توشوندورمك اوچون مادّى و معنوى كوچلرى يوق ايدى. بونيڭ اوٚستيفە بو كشىلر هم حكومتنيڭ و هم يوقاريقى نفوذلوغ عنصرلر

نيڭ كۆز ألـديـده بولوب فكرلرىنى اغيز لريدين چيقارماق جانلرى غه خطرليك بولماقده ايدى .

عوام خلق بولسه، گرچه حكومت نيڭ اغير ماليات،باج والوان لرى و مأمورلرنيڭ ظلم لرى و كوتورالگوسوز كبرلريدين شكايت قيلماقده بولسه لرمو يوقاريقى نفوذلوغلر بو شكايتغه قوشالماغانليقلرى اوچون شكايتلرى فايده سيز ايدى .

منه شرقى توركستان خلقى نيڭ اطاعتىنى تأمين قيلماق اوچون توتقان مدارا سياستى نيڭ شكلى بو ايدى . اما ياڭ زيڭ شيڭ نيڭ چين جمهوريت حكومتى نيڭ معنوى ياردمىنى قولغه كلتورمەك اوچون ياڭ زيڭ شيڭ سۆزده رسماً چين حكومتىغه تابع ليقنى قبول قيلدى و اوزى نيڭ آرزوسى و حرصىغه ضد كلمايدورغان مركز نيڭ بعضى امرلرىنى قبول قيليب جمهوريت مراسمىنى بعضى وقتلرده اجرا قيليب قويدى . چونكه چين جمهوريتىغه تابع ليقنى قبول اتمسه رسماً استقلال اعلان قيلماقى لازم كلور ايدى . بو تقديرده او استقلالنى تأمين قيلماق و محافظه اتمك اوچون چوڭ بير حربى قوت ضرور ايدى . شرقى توركستانده كى چينليغ لرنيڭ سانى يترليك عسكر توپلاغودەك درجه ده ايمەس ايدى . تۆرك لردين تولا عسكر توپلاماق خطرليك ايدى . چونكه تورك لر نيڭ قوليغه ياراغ چيقغان همان او ياراغنى تورك لر ياڭ زيڭ شيڭ نيڭ ضدىغه ايشلاتيب چين بويوندوروقىنى سيندورماقده شبهه يوق ايدى . ياڭ زيڭ شيڭ نيڭ مقصدى شرقى توركستان نيڭ بايليقىده اۆز يانجوقىنى توشقازماق ايدى . تولا عسكر الماق اوچون تولا چيقيم قيلماق كرەك ايدى. بو موا ونيڭ مقصدىغه توغرا كلمس ايدى .

منه بو سببدين ياڭ زيڭ شيڭ سۆزده چين جمهوريتىغه اوزىنى تابع كورساتمكغه مجبور بولوب چين جمهوريت حكومتى نيڭ ميڭلرچه يارليغ لريدين شو اوچ ايشنى اجرا قيلدى : ١- چين پارلمانىغه وكيل ايبارمك ٢- شرقى توركستانده بير شورا (كيڭەش مجلسى) اچماق ٣- سيم سيز تلگراف و فابريكه تأسيس قيلماق . اما بو اوچ ايش نيڭ ينه فقط ياڭ زيڭ شيڭ نيڭ اۆز فايدەسىغه خذمت قيلادورغان



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

ماهيتده ايكەنليكى نى توبندە اۆز بريدە بيان قيلاميز. چين جمهوريت حكومتى، ياڭ زيڭ شيڭ نيڭ اۇشبو مقدار كۆرونوشدە اطاعت كورستكه نى غه راضى ايدى. اونيڭ حقيقتدە مستقل بولوب جمهوريت اوصوليدين پوتونلەى ياراق بير دیکتاتور بولوب جمهوريت اساسى غه مخالف ايكەنليكى اشكارا معلوم بولسەمو چين حكومتى اۆزاعتبارينى ساقلاب قالماق، يعنى قايداغ بولسه بولسون شرقى توركستان نى بير چين مستملكەسى ليك ماهيتى دين چيقارماسليق مقصدى بيلەن ياڭ زيڭ شيڭ نيڭ ديكتاتورليقى نى و مركزغه بويون اگميگەنليكى نى بيلماسليك غه سالور ايدى. ديمك كه ياڭ زيڭ شيڭ نيڭ حرصى و چين حكومتى نيڭ قوروغ آبرو پرستليك سياستى غه شرقى توركستان نيڭ تمام مقدراتى فدا قيلينماقدە ايدى.[23]

### شرق توركستان ده سايلام

چين جمهوريت حكومتى، ياڭ زيڭ شيڭ غه يارليغنامه ايبارىب جمهوريت اصولى نى اجرا قيلماق اوچون شرقى توركستان نيڭ هر ولايتى دين بيرر كشى نيڭ سايلانيب اووقتدەكى يته ولايتاتيدە يته كشى نيڭ وكيل بولوب چين پارلمانى غه كلماكى نى، ينه شرقى توركستان نيڭ هر شەن (حاكم) ليق منطقه سيدين بير كشى نى سايلاب اورومچيدە دايمى بير مجلس ويا ولايت مجلسى اچماقنى طلب قيلدى.

بو يردە محترم وطنداشلرنيڭ معلوماتى اوچون پارلمان و ولايت كيڭەش مجلسى نيڭ ماهيتى نى بيراز بيان قيليب اوتمكنى لازم كوردوم. شرقى توركستاندەك مستملكه ليك ماهيتىدە بولغان مملكت دين چين مركزيدەكى پارلمان (گومين داخوى) غه ايباريلادورغان وكيللر، قانون موجبيچه هر ولايت نيڭ سايلانيش حقى غه ايگه بولغان بوتون سايلاغوچيلر نيڭ كوپونچيسى نيڭ آزاد رای لرى بيلەن سايلانادور. بوندە جاڭجوڭ و باشقه مأمورلرنيڭ آرالاشماقىغه حقى يوقدور. موندا اغ سايلانغان كشيلرنى جاڭجوڭ، مركز حكومتى غه تونوشتوروب اولرنى مركز غه يوللايدور شرقى توركستان نيڭ چين پارلمانىدەكى وكيللرى بولوب

عمومی شرقی توركستان ملتی نیڭ فایده لری نی و تیلەگ لری نی پارلمانغه بیلگوزەدور. شرقی توركستان ملتی غه زیان كلتورەدورغان هر سیاست و اجراات غه قارشی تورونی عملگه اشورماسلیق نی ویا عمل دین قالدورماقنی حكومت دین ممكن قدر طلب قیلادور. ولایت مجلسی نیڭ اعضالری نی انتخاب قیلماق هم خودی یوقاریقی صورتده دور. بو مجلس نیڭ وظیفه سی شرقی توركستان نیڭ سیاسی، اداری، مالی، اجتماعی اجرااتی اوچون قانون لرنی توزمك و حاكمجوڭ نیڭ بو قانونغه موافق ویا مخالف ایش قیلماقی دین خبردار بولماق، قانون غه مخالف ایش قیلغان تقدیرده اڭا اعتراض قیلیب انی قانونغه اویغون ایش قیلماقغه یاكی منصبی نی تاشلاشغه مجبور قیلماق ویاكه انیڭ استیفه مركز غه شكایت قیلیب انی ایشدین توشورماك دور. یعنی جمهوریت تاسیسی دین اصلی مقصد بولغان دیموكراسی (خلق ادارەسی) بیرلەشكەن مملكت لرده حكومت ایشی ده مستملكه خلقی نیڭ حقوقینی احترام قیلماق اوچون لازم كورولگەن مجلس تشكیلی نیڭ صورتی و فایدەسی بو دور.

اما شرقی توركستاندین چینغه وكیل قیچقیرماق واورومچی ده مجلس تشكیل قیلماق دین مەیلی چین حكومتی مەیلی یاڭ زیڭشیڭ نیڭ مقصدلری شرقی توركستان سیاستی نی یوقاریقی بین الملل قاعده غه توغرا قیلماق و شرقی توركستان ملتی نی اوز مقدراتی غه ایگه قیلماق ایمس ایدی بلكه چین حكومتی نیڭ بو یارلیغنامه دین مقصدی فقط كورونوشدە غینه بولسەمو شرقی توركستان حكومتی نی جمهوریت شكلی غه كلیشتورمەك و دنیا دولتلری نیڭ كوزی غه شرقی توركستان نی چین جمهوریتی غه تابع كورساتمك ایدی. یاڭ زیڭ شیڭ هم مونده اوزی غه زیان كورمدی. بلكه بو یارلیغنامه نی اوزیغه غایت فایدەلیغ طرزده اجرا قیلدی.

منه بو مسئله نیڭ ایچ یوزی بودور: چین حكومتی، یاڭ زیڭ شیڭ نی بو یارلیغنامه مضمونی غه اوناتماق اوچون اڭا تگیشلیك همه ایش نی یاڭ زیڭ شیڭ نیڭ اختیاری غه قویدی. سایلاملرنی مراقبت قیلماق اوچون چین دین بیر هیئت ایبارمدی. بو مسئله دین خبرسیز ملت غه سایلام قانونی نی وكیللیك نیڭ شرطلری و وكیللیك وظیفه



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

لرىنى بيلدورمدى . والحاصل بو خصوصده ملت نىڭ هيچ بير حقوقيغه حرمت كورساتيلمادى .

بو اوچون ياڭ زيڭ شيڭ ، چين پارلمانىغه ايبارمك اوچون چين سَوگى سى بيلەن تونولغان و بير منصب و شخصى منفعت اوچون پوتون ملتى و وطنى نىڭ مقدراتى نى ساتادورغان كشى لرنى اوزى بلگولەب يورت نىڭ بعضى باى لرى و بگ لرىنى ياسادوق بير سايلام اوختوروشىغه قول قويدوردى . وكيل لرغه تمام وظيفه لرىده اوزى نىڭ آرزوسىغه اويغون يول يوروق كورستتى . بو نىڭ غه كوره ايش قيلسه لر يانيب كلگەنده چوڭ منصب لر برمكغه وعده بردى . منه بو صورت بيلەن بو كشى لرنى شرقى توركستان نىڭ يته ولايتى نىڭ وكيل لرى ديب چين غه يوللادى . ليكن بو لرنى ملت تونوماس ايدى . حقيقتده ياڭ زيڭ شيڭ نىڭ وكيل لرى ايديلر و انىڭ منفعتىغه ايش قيلديلر . بو وكيل لر نىڭ چين پارلمانيده قيلغان خذمت لرى خصوصيده اولرنىڭ بيرىنىڭ اغزىدين ايشيتكانيم نى محترم اوقوغوچى لرغه سونامن :

چين پارلمانىغه اقسو ولايتى وكيلى بولوب بارغان كوچا ليغ عبدالله بگ بيلەن ١٩٣٠ م ده كوچاده كوروشتوم . انىڭ دين وكيل لرنىڭ چينده وطن و ملت لرى اوچون نيمه خذمت قيلغان لرىنى سوردوم . او كونلرده بو كشى اورومچى حكومتى دين كوڭلى قالغانى اوچون منىڭ سوراغ لريم غه توغرا جواب بردى و ديديكه : شرقى توركستاندين چين غه بارغان وكيل لر اۆز وطنى و ملتىغه قيل چه فايده يتكوزالماى دور . چونكه ياڭ زيڭ شيڭ نىڭ بيزغه برگەن تعليماتى فقط انىڭ اداره طرزىنى چينده ماختاب انىڭ منفعتىغه پروپاگندە قيلماق و" اندين ملت جانى بيلەن خوش دور" ديب سوزلامك و چين حكومتى نىڭ شرقى توركستان خصوصيدەكى هر پلان و لايحەسىنى درحال ياڭ زيڭ شيڭ غه بيلدورمك و انىڭ آرزوسىغه موافق بولمغان پلان و لايحه لرنى قايتورماقدين عبارت ايدى . بير نوبت چين حكومتى شرقى توركستانغه تيمور يول سالماق لايحه سىنى پارلمانغه بردى . بوتكليفنى ياڭ زيڭ شيڭ اۆز حاكميتىغه خطر بيلدى . بو اوچون بيز لر تولا مشكلات بيلەن بو لايحەنى قايتوردوق . ينه بير نوبت شرقى توركستان نىڭ مُلكى ، مالى و بعضى

عسكرى ايشلرىغە توركلردين منصبدار قويماق و بو يول بيلەن اهستە اهستە شرقى توركستان خلقى نى اوزى نى اوزى ادارە قيلماقغە تيارلاب مختاريت بريش قانون تكليفينى پارلمانغە سوندى. موندين چين حكومتى نيڭ مقصدى ياڭزيڭشيڭ بيلەن شرقى توركستان ملتى نيڭ اراسيدە بير اختلاف چيقارماق يولى بيلەن انيڭ نفوذىنى يقيتيب شرقى توركستان نى چين مركزىنيڭ نفوذىغە باغلاماق ايدى. بيز بو لايحەنى قبول قيلمادوق و ديدوك كە: «شرقى توركستان خلقى دە مملكت نيڭ مُلكى و مالى و عسكرى ايشلرىنى ادارە قيلماقغە لايق كشيلر يوقدور. خلق مختاريت نى هم آرزو قيلمايدور. ياڭزيڭشيڭ و مأمورلرى نيڭ عادلانە ادارەلرى استيدە تينچليق و راحت بيلەن ياشاغانغە خوشدور.» بيز نيڭ بو سوزومىزنى پارلمان اعضالرى و اويردە حاضر بولغان حكومت ادملرى شدتليك كولكو و چاواكلر بيلەن مقابلە قيليب حدود سيز مسخرە قيلدىلر.»

ينە چين پارلمانى دەكى شرقى توركستان مُمَثِّلى ويا وكيللرى صفتى بيلەن چينغە بارغان ساتيلمالرنيڭ وظيفەلرى و خذمتلرى بو ايدى. اورومچى دەكى كيڭەش مجلسى ويا ولايت مجلسىغە وكيل سايلاش هيچ بير وقت ملت طرفيدين بولمادى، بلكە ياڭزيڭشيڭ نيڭ امرى بيلەن چينليغ امبان (حاكم)لر اوز تابعىدين بير كشى نى بلگولەب يورت نيڭ سوداگر و بگلريدين بعضى ادملرنى يامون (حكومت خانە)غە قيچقيريب مذكور كشى نيڭ وكيل سايلانغانى نى اولرغە تصديق قيلدوروب امضالرىنى الور ايدىلر. عادت بويونچە بولرنيڭ تولاراقى تجارت ويا باشقە شخصى ايشلرى اوچون اورومچى دە تورادورغان كشىلردين بولور ايدى. بو وكيللر يوقاريدە ايتيلغان بين الملل (خلق ارا) قاعدەغە اويغون قانون چيقارماق و چاكُجوڭ نيڭ اجرااتىنى كوزلەش (كونترول) وظيفەلرىنى ادا قيلماقدە يوق بو وظيفەلر نيڭ اتىنى هم اڭلاماغان ادملر ايدىلر. چونكە بولرغە اڭلاتماق چين حكومتى نيڭ وظيفەسى ايدى و حكومت بو وظيفەسىنى يريغە كلتورميگەن. اصليدە وكيلرنيڭ هيچ وظيفەسى يوق ايدى. فقط بير



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

ایکی ایده بیر قتم یاڭ زیڭ شیڭ بولرنی چاقریب بعضی بیر اهمیت‌سیز نطق لرنی سویلاب اوزی‌نی القیشلاتور ایدی، ویاکه چین حکومتی‌غه ایبارادورغان بعضی یاساما راپورلرغه بولرنی امضا قیلدورور ایدی. الحاصل بو مجلس دنیاده تونولغان کیگەش مجلسی نیڭ خصوصیاتی‌دین پوتونله‌ی یوقسون بیر مراسم واسطه سی بولوب یاڭ نیڭ قولیده بیر اویونجاق ایدی.[24]

### شرقی تورکستان ده فابریکا وسیم سیز تلگراف

چین جمهوریت حکومتی، چین دولتی نیڭ اقتصادیاتی‌نی ایلگرله‌تمك اوچون ملی شرکت و عصری صناعت قورولوش‌لری قوروب چیققاندەك شرقی تورکستان‌ده‌مو ملی شرکت و عصری فابریکا قورماق اوچون چین حکومتی مرکزی‌دین یاڭ زیڭ شیڭ غه کوب یارلیغنامه‌لر کلور ایدی. لیکن یاڭ زیڭ شیڭ عمل‌غه قویماس ایدی. شرقی تورکستان خلقی بو مملکت‌ده هیچ بیر عصری صناعت یوقلوقیدین و یورت نیڭ صناعت جهتدین یات مملکت‌لرغه محتاج لیقیدین شکایت قیلماقده‌ایدی لر. یاڭ زیڭ شیڭ هم چین حکومتی نیڭ و هم شرقی تورکستان ملتی نیڭ طعنه‌لریدین قوتولماق اوچون ۱۹۲۵ م ده بیر شرکت قوردی و یورت نیڭ تمام سوداگر و بای لری‌نی بو شرکت‌غه پول بیریب قوشولماق‌غه‌دعوت اتتی. لیکن بو شرکت بیر ملی قورولوش بولمای توپ توغرا یاڭ زیڭ‌شیڭ نیڭ اوز اداره سی‌ده بولوب بیر شخصی قورولوش یریده بولغانی اوچون بعضی کته کاپیتال ایگه لری بش‌اون حصه مقداری‌دین پول‌نی بیر الوان غه برگەندەك بیریب شریك بولسه‌لرمو تولاراق سرمایه‌دارلر سرمایه‌لری نیڭ کین لرده یاڭ زیڭ شیڭ ویا باشقه چین‌لیغ نیڭ یانجوقی‌غه کیریب کتیب یوق بولماقیدین قورقوب پول بیریشدین قاچتی‌لر. اخیراً یاڭ زیڭ شیڭ، شه‌ن لرغه یارلیغ بیریب یورت‌لرنیڭ سرمایه‌دارلریدین هر کیم نیڭ بایلیقی‌غه کوره ایکی حصه ویا بیر حصه و حتاکه یریم حصه غه‌چه پول‌نی زور بیله‌ن آلدی. بو توپلاغان پول‌نی صرف قیلیب اورومچی

ده سكسن موكاليغ بير بوز فابريكاسى تأسيس قيلدى . بو فابريكادا چين ليغلر و عسكرلرغه كوڭلاك ايشتان و كيم لرىغه استر بولادورغان خام خەسه توقوتتى . بو فابريكا و توقولغان خام خه سه توپ توغرا حكومت نيڭ قوليده بولوب محصولاتى نى اوزى ايشلاتتى . شركت غه پول برگەن لرنيڭ سرمايه لرى ايلگرى گمان قيلغاندەك يوق بولدى[25].

چين حكومتى نيڭ ينه بير يارليغى شرقى توركستان نيڭ تمام ولايتلريده سيم سيز تلگراف مركز لرى تاسيس قيلماق و بو نيڭ بيلەن شرقى توركستان نيڭ هر نقطه سيده چين و پوتون دنيا بيلەن خبرلەشمك واسطه سى پيدا قيلماق دين عبارت ايدى . ليكن ياڭ زيڭ شيڭ تولا بهانه لر بيلەن بونى قبول اتمدى . خصوصاً شرقى تور كستان خزانه سيدين بو ايش اوچون كوب مقدار پول نى برمك اڭاغايت درجەده اغير كلدى . ١٩٢٦ م ده چين حكومتى اۆز طرفيدين ايكى سيم سيز تلگراف مركزى و لازم ليغ ادم و نرسه لر يوللاب بيرى نى اورومچى ده و بيرى نى كاشغرده بولوب قورغوزدى[27].

## شرقى توركستان نيڭ مدنيتي غه واقتصادياتى غه ياڭ زيڭ شيڭ نيڭ

### قيلغان خيانت لرى

شرقى توركستان خلقى نيڭ يڭى مدنيت اصولى نى اۆرگەنمكى نى ، ياڭ زيڭ شيڭ ، بو يورت نيڭ چين قوليدين چقيب كيتيش نيڭ مهم بير عاملى ديب ايشانگانى اوچون مو وياكه اوزى شووەن و مُتَعَصّب بير كهنه خيال ادم ايكەنليكى اوچون مو ، هر مدنيت اصولى و اسبابى نى هم قوت و زور بيلەن و هم پروپاگندە واسطه سى بيلەن يوق ايتار و توسار ايدى . ياڭ زيڭ شيڭ حكمدار بولوشى دين ايلگيرى اچيلغان مكتب لرنى ، مطبع لرنى حكمدار بولغان زمان يوق اتكەنى يوقاريده بيان قيلينەدى[28]. دنيا ملت لرى نيڭ ايلگيرليكى و شرقى توركستان نيڭ كين قالغانى خصوصيده سوز قيلغان كشى نى كمونيست ليق تهمتى بيلەن



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

اۆلوم ویا مدتسیز حبس صورتی بیلەن جزالاندوردی. شرقی تورکستان
دە گزیت نشر اتیلمکدین توسقان نیڭ اوستیغە چتالدین هر قایداغ
گزیت و ژورناللرنیڭ کیریشی نی توستی. مەیلی یورت ایچی پوستا
مکتوبلرنی، مەیلی چتغە چیقادورغان مکتوبلرنی، دایما سانسور
استیدا توتار ایدی. یات یورتلرغە عصری مکتبلردە اوقوماق اوچون
اوقوغوچی یوللاما قنی حکومتغە خیانت حسابیدە کورور ایدی. بیلیب
قالغان حالدە جزا بیرور ایدی. یات یورتلردە اوقوب عصری علم
ویا صناعت اورگەنیب کلگەن یرلیکلرنی اۆلتورگەنی و بیل لرچە حبس
قیلغانی ویا دایمی صورتدە کوز آستیدە توتقانی هر کیمغە معلوم.
یاڭ زیڭ شیڭ، ملت نیڭ اوز طرفیدین مدنیت و اجتماعی ترقی غە
یاقینلاشماق غیرتلری نی بو صورت بیلەن توسار ایدی. مثلاً جمهور
یت اصولی غە مطابق اداره طرزی و معارف نی ملی لەشتوروش، اجتما
عی جمعیتلر قوروش پشیغ یول (شوسە) و تیمور یول کوپروک یاساش
و بولرغە اوخشاش یورت و ملت نیڭ الغا باسیشی غە تگیشلیک مرکزی
حکومت یارلیغنامەلرنی عملغە اشورماق نی یاڭ زیڭ شیڭ یا اوز حا
کمیتی غە خطر ویاکە یانجوق توشقازماق حرصی غە ضررلیک کورگەنی اوچون
«خلق جاهل دور. یڭی اصولغە جدی صورتدە مخالف دور. بو ایشلر
نی زور بیلەن عملگە اشورساق خلق نیڭ قوزغولاڭ چیقاریشیغە یول
اچادور» ویاکە "بو یارلیغ نیڭ عملغە اشورولوشی غە یورت نیڭ اقتصادی
یتمەیدور." دیگەندەك بهانەلر بیلەن قارشی تورار ایدی. الحاصل
یاڭ زیڭ شیڭ خالص اوزی نیڭ حاکمیت حرصی ویاکە متعصب بیر
کهنە خیاللیقی یوزیدین شرقی تورکستان ملتی نی بو مدنیت عصری
نیڭ غایت بسیط و عادی خصوصیاتی دین بولغان مکتب و مطبع غە
چاغلیغ بیر ایش دین هم محروم و هر مدنی حقوق دین اوزاق یاشا
تیب دنیا ملتلری نیڭ اڭ آرقە سیغە اوتکە زیب قویدی.

شرقی تورکستان نیڭ تمام ثروتی نی حیلە و ظلملر بیلەن
توپلاغان یاڭ زیڭ شیڭ بو مدنیت عصریدە ملت نیڭ غایت اهمیتلیك
حاجتی بولغان یول، کوپروك، تلیفون، مکتب، دوقتورخانە، قاتار
لیغ نرسەلردین بیر دانەسی نی وجودغە کلتورمك اوچون هم بیر

يارماق صرف اتمدی . دنیانیڭ اڭ یاقا و اهمیت سیز نقطه لری هم نصیبی نی الغان بو فایده لردین شرقی تورکستاننی پوتونله‌ی یوقسون توتماقده ایدی . بیر ملت نی اسیرلیق فلاکتی استیده توتقان نیڭ اوستیغه او ملت نی مونداغ بدبختلیق و قاراڭغولوق غه سورمکدین یمان راق خیانت بارمو ؟

یاڭ زیڭ شیڭ شرقی تورکستان نیڭ تمام ثروتی نی اوزی الماق و یوتماق اوچون تولا حیله و ظلم لرنی قیلیب شرقی تورکستان ملتی نی مدهیش بیر فقیرلیق غه مبتلا قیلدی . انیڭ بو حیله و ظلم لریدین مهم راق لری بولغان بش قسمی نی ذکر قیلامیز .

قارشیلیق سیز (تایانغوسیز) کاغذ پولچقاردی. بوکاغذ لردنیاده بیلینگه‌ن حکومت خزانه حجتی ویا بیر ملی بانکا حجتی ماهیتی ده بولمای بلکه خلق نیڭ قولیده‌کی التون، کوموش و جواهر کبی قیمت لردین عبارت بولغان ملی اقتیصادیات سرمایه لرینی یاڭ زیڭ شیڭ نیڭ یانجوقی غه ییغماق اوچون بیر الت ماهیتی ده ایدی . بوکاغذلرنی خلق اراسیده الم ساتیم ده قوللانماق مجبوری بولوب "بو کاغذنی آلمایمن ، کموش الامن" دیگه‌ن کشی غه اۆلوم ویا قاتیغ تایاق و مدت سیز حبس جزاسی بیریب خلق نی قورقوتوب بوکاغذنی اۆتکوزدی . فقط یگی بولغان شرط بیله‌ن کاغذ پول نی حکومت مالیات و باج غه الور ایدی . اما بو کاغذلرنیڭ بدده لیده حکومت خزانه لریدین التون، کموش، مس پول برمڭ یوق ایدی . حتاکه کهنه سی نی یگی سی غه ینگوشلاب برمك هم یوق ایدی . بو کاغذ پول نیڭ نیمه ایکه‌نلیکی نی مذکور کاغذلرغه باسیلغان شو تورکچه حکمنامه اچوق اڭلاتادور . "شینجاڭ (شرقی تورکستان) سیکجاڭ (عمومی والی) سه‌ی‌جیڭ تیڭ (مالیه نظارتی) لرنیڭ حکمی اوشبو خنیه (حکومت) دین چیقارغان تیزه (کاغذ پول) نیڭ هر بیری نی تورت یوز داچن (یارماق) بیر سر شاڭفین (مَضرُوب) کموش غه فقرالرنیڭ ایچی ده خرجلایدور و هم له‌ك (یرمالیاتی)، باج قتارلیق لرغه تاءخیر قیلمای الادور . مبادا یالغان تیزه چیقارسه اۆلوم جزاسی نی بیرامن دیب چیقارغان حکوم مینگوی (جمهوریت) نیڭ . . . . . نجی . . . . نجی یلی . . . . . ای نیڭ . . . . . کونیده . "



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

منه بو حكمنامه شرقی توركستان نیڭ یوقسول خلقی نیڭ اقتصادیاتی نیڭ ییلدیزی‌نی كسمك نیڭ اعلانی دور. ۲- یاڭ زیڭ شیڭ بو كاغذ لرنی چیقارغاندین باشلاب خلق نیڭ التون كموش جواهرلری‌نی ساتیب الغالی توردی. خلق احتیاط یوزیدین ساتمغان التونلری‌نی الماق اوچون مختلف حیله لرنی قیلدی. مثلاً بازارده التون كموش یوق بولغانده یاڭ زیڭ شیڭ اوز خزانه سیدین بیر مقدار التون چیقاریب ساتتورور ایدی. خلق بو نیڭ بیله‌ن یاشورغان التون لری‌نی چیقارور ایدی و بازارده التون تولا بولغان زمان شهر شهرده‌كی ادم لرگی بیر نیڭ بدلی‌غه یوز حسابده التون ساتیب الور ایدی. بو حیله بیرنچه قتم تكرار قیلینیب خلق بوڭا الدانماید ورغان بولغاندین‌كین التون‌كموش نیڭ نرخی‌نی اشوروب بو حیله بیله‌ن تولا التون كموش ییغدی. كین‌لرده مذكور بیر سر كموشلوك كاغذ پولدین تورت دانه سیغه بیر سر كموش الادورغان بولدی. منه بو صورت بیله‌ن یاڭ زیڭ شیڭ خلق‌نیڭ بای لیق سرمایه سی بولغان التون و كموش‌لرنیڭ تقریباً یوزده توقسانی‌نی اوز یانجوقی‌غه سالدی و خلق‌نیڭ بایلیقی نیڭ بیوك قسمی ییرتوق كاغذدین عبارت بولوب قالدی.

یاڭ زیڭ شیڭ یوقاریقی حیله بیله‌ن خلق نیڭ التون‌كموش و جواهرلری‌نی الیب بولغاندین كین ینه خلق‌نیڭ تجارت‌فایده (هایان) لریدین بیر قسمی‌نی اوز یانجوقی‌غه دایمی صورتده اقیتماق اوچون ینه بیر خیانت یولی تاپتی. ایلگریده ذكر قیلینغان كاغذ پول‌شرقی توركستان نیڭ تمام ولایت‌لریده اوخشاش ا"وته‌ر ایدی. ختن و كاشغر ولایت لری نیڭ قول مصنوعاتی و هندستان مال‌لری‌نی سوداگرلر اقسو، كوچا، تورپان، ایلی، اورومچی، چوچك، التای ولایت‌لری‌غه الیب باریب ساتار ایدی لر. شرقی توركستان نیڭ اڭ مهم تجارتی بو ایدی. و او یرلردین ختن و كاشغرغه الیب كیلادورغان تجارت مالی بك از بولغانی اوچون سوداگرلر او یرلردین مال ساتقان پول‌لری‌نی الیب كلیب ینه مال الور ایدی لر. یاڭ زیڭ شیڭ بو مهم تجارت‌غه قاتیغ بیر ضربه اوردی. یعنی كاشغر و ختن ولایت‌لری‌غه مخصوص علاحده كاغذ پول چیقاریب ایلگریكی كاغذ پول‌لرنی بو ایكی ولایت‌ده اؤتمس قیلیب قویدی. بو ایكی

ولایتغه مخصوص چیقاریلغان کاغذلرمو بیر سر کموشلوك ایدی. اما سوداگرلر یوقاریقی شرق و شمال ولایتلریدهماللرینی مذکور ولایتلرغه مخصوص بولوب قالغان کاغذلرغه ساتماقغه مجبور ایدیلر. لیکن او کاغذلرنی ختن و کاشغرغه الیب کلیب مال الماق امکانسیز بولوب قالدی. چونکه او کاغذلر بو ایکی ولایتنیڭ بازارلریده اوتمس ایدی. بو سبب دین سوداگرلر یمان قینچیلیق غه قالدیلر. همه ولایتلرنیڭ پولی ایلگریکی دهك اوخشاش بولماقنی یاڭزیڭشیڭ دین طلب قیلدیلر. یاڭزیڭشیڭ بو طلب نی قبول اتمای سوداگرلر مال ساتقان پوللرینی اورومچی خزانهسیغه بیریب بدلی نی کاشغر و ختن خزانهلریدین الماق غه یارلیغ بردی. سوداگرلر بو نیڭ تگیدهکی حیلهنی اوقمای بلکه اوزون یوللرده پول کوتاریب یورمك مشقتی دین قوتولدوق دیب بو یارلیغدین خوش بولدیلر. بش الته آی دین کین بو حواله ( خوی‌چەن ) بیر تجارت شکلینی الدی. یعنی یاڭزیڭشیڭ بو ایشدین یوز غه یگرمه حواله حقی دیب پول الغالی توردی. بییلدین بییلغه بو حواله حقی نی آشوروب سکز اون بییل مقداری مدتده اورومچی خزانهسیغه یوز کاغذ پول برگەن کشی کاشغر و ختن خزانهلریدین یگرمه کاغذ پول الادورغان بولدی. منه رسماً نرخی برابر بولغان بو ایکی قسم کاغذ پول اراسیده بو قدر فاحش بیر تفاوت پیدا بولدی. بو ایکی قسم کاغذ پول نیڭ بو فرقلیغ قیمتلرینیڭ اراسیدهکی فایده تماماً یاڭزیڭشیڭ نیڭ خصوصی بایلیقی غه قوشولماقده ایدی.

سوداگرلر بو سبب دین تارتقان زیانلرینی ماللرینیڭ نرخی غه مینددوروب یگگیللەتمەکته بولسهلرمو فایدهلرینیڭ یوزده اللیگ اتمیش مقدارینی قولدین برگەنلیکلری اشکارا ایدی. بو زیاننیڭ تولاراقی مذکور سوداگرلردین مال الادورغان دهقان و پاتاچی خلقنیڭ باشیغه بولماقده ایدی.

ختن، چرچن، التای تاغلریدهکی التون کانلریده اوز سرمایهلری بیلەن تجارت طرزیده ایشلایدورغان کانچیلردین هر بیر کان ایگەسی هر آیدا معین بیر مقدار التونی حکومتغه برمك و انیڭ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

بده لیده حکومت طرفیدین تعین قیلینغان نرخ غه موافق کاغذ پول الماقغه یاڭ زیڭ شیڭ یارلیغ بردی . بو نرخ التون نیڭ بازارده‌کی قیمتی دین کوب توبن ایدی . کانچیلر بویونلری‌غه قویولغان مقدارده التون تاپسون ویا تاپماسون هر حالده یاڭ زیڭ شیڭ طرفیدین بو ایشغه ماءمور بولغان التون بگی مذکور مقدار التون نی تاپاق و حبس زوری بیله الور ایدی . کانچیلر تولا وقتده او مقدارده التون تاپالمای تایاق و حبس دین قوتولماق اوچون قرض الیب ویا تعلقاتی نی ساتیب بازاردین قیمت بهاغه التون الیب ارزان بهاغه التون بگی‌غه ساتماق غه مجبور بولور ایدیلر . کانچیلر بو بلادین قوتولماق اوچون کانچیلیق صنعتی نی ترک اتمکنی ایسته سه لرمو حکومت اولرنی قویمای زور بیله‌ن کانچیلیق غه سالور ایدی . بو صورت بیله‌ن ملت نیڭ بای بیر عنصری بولغان کانچیلر تمامًا مفلس بولوب یاڭ زیڭ شیڭ و ماءمورلری نیڭ حرصی غه قوربان بولدی لر . مهم بیر ملی اقتصاد منبعی بولغان کانلر نیڭ محصولاتی ... زیڭ شیڭ و ماءمورلری نیڭ خصوصی ثروت منبع لری بولدی .

یورتده‌کی تمام زراعت محصولاتی ، صناعت محصولاتی ایچکی و تاشقی تجارت مال لری نیڭ همه سی غه ایلگریدین چین حکومتی نیڭ الغان باج لری باشقه دنیا مملکتلریده‌کی دین خیلی زیاده ایدی . یاڭ زیڭ شیڭ بو باج لرنی هر ییلی بیر مقدار اشورور ایدی . و بو اشوروشدین حاصل بولغان حدسیز فایده لر یاڭ زیڭ شیڭ نیڭ اوزی نیڭ خصوصی ثروتی غه قوشولور ایدی .

منه تجارت، زراعت، صناعت، و کانچیلیق ایش لری تمامًا کهنه اصولده بولوب بو عصرده مثلی کورولمگه‌ن بیر مشقت و مصرف لر بیله‌ن قولغه کلتورولگه‌ن از غینه بیر فایده هم مشقت تارتقان و حکومت دین هیچ بیر یاردم کورمگه‌ن ملت دهقان لری ، هنرمندلری و سوداگرلری نیڭ قولیدین یوقاریقی صورتده میڭ بیر حیله و ظلم لر بیله‌ن الینماقده ایدی . بو ایتیلغان یول لر و موندین باشقه تولا چوڭ کیچیك حیله و ظلم لر بیله‌ن شرقی تورکستان نیڭ التون و کموش لری نی یاڭ زیڭ شیڭ توپلاب چینده‌کی چت ال شرکتلرنیڭ بانکالری‌غه یوتکه‌ب

وچین‌ده عمارت و یر و باشقه تعلقاتالیب دنیانیڭ اڭ بای ملیونرلریدین بیری بولدی.[28]

**یاڭ زیڭ شیڭ نیڭ اۆلتورولگه‌نی**

١٣٤٨ هـ (١٩٢٨م) ده یاڭ زیڭ شیڭ نی‌وه‌ی‌جوسی (خارجیه ناظری) پی یولیڭ اتلیغ بیر منصبدار اۆلتوردی. بعضی اجنبی محررلر یاڭ زیڭ شیڭ نی یڭی مدنیت و ترقی طرفدارلری اۆلتوردی دیب یازیبدور. لیکن بو سوز حقیقتغه توغرا کلمایدورغان بیر گمان دور. حقیقت بودور: مذکور پی یولیڭ غایت متعصب بیر کهنه‌خیال ادم ایدی و بو یوزدین اگا یاڭ زیڭ شیڭ همه ادملردین زیاده راق اعتماد قیلیب انی هم خارجیه ناظری و هم خصوصی مشاوری قیلغان ایدی. لیکن پی یولیڭ متعصب کهنه خیال‌لیق مسلکی نیڭ اوستیغه فوق‌العاده شدتلیك بیر تورك و مسلمان دوشمنی ایدی. بو اوچون یاڭ زیڭ شیڭ نیڭ مسلمانلرغه قیلغان ظلمی‌نی از کورمکده و یرلیگ لرنی و چین‌لیغ لرنی مدنی و جزائی حقوقده برابر کورگه‌نی‌دین جدی صورتده ناراضی ایدی.

بو سببدین پی یولیڭ اۆز فکریده‌کی چین‌لیغ لر بیله‌ن مخفی بیر جمعیت تشکیل قیلیب یاڭ زیڭ شیڭ نی اۆلتورمك غه قارار بردی. یاڭ زیڭ شیڭ نی وزیرلری‌نی پی یولیڭ، وه‌ی‌جوسی یامونی (خارجیه نظارتی) غه ضیافتغه چاقیریب دستورخان اۆستیده همه نی اۆلتوردی. واندین کین طرفدارلری بیله‌ن جاڭجوڭ یامون‌غه هجوم قیلغانده جاڭجوڭ لوق باش‌کاتبی جین، یامون ایچیده‌کی عسکرلرنی پی یولیڭ نیڭ ضدی‌غه قوزغابانی توتوب اۆلتوروب اوزی جاڭجوڭ بولدی.[29]



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

## ۷ــ فصل

## جین شورین نیڭ حکومت دوری

جین دالویا آتلیغ بو ادم بعضی شهرلرغه شه‌ن (حاکم) بولغان و یکّی ده یاڭ زیڭ شیڭ انی جاکْجوڭ لوق دائره سی غه باشکاتب تعین قیلغان ایدی. یاڭ زیڭ شیڭ اۆلتورولگه‌ن مجلس ده بو هم بار ایدی. لیکن حادثه دین بیر ایکی ساعت ایلگری بیر بهانه بیله‌ن مجلس دین چیقیب جاکْجوڭ یامون غه کلیب اولتورغان ایدی. دالویا نیڭ پی یولیڭ نیڭ جمعیتی ده داخل ایکه‌نلیکی و حادثه دین خبری بار بولوب بیر مهم ایش نی، یعنی یامون نی پی یولیڭ اوچون اشغال اتمك وظیفه سی نی بوینی غه الیب مجلس دین بیر بهانه بیله‌ن یانیب کلگه‌نی نی بو حادثه نیڭ ایکنجی ییلیده‌کی سیاحتیم ده اورومچی ده ایشانچلیك کشی لردین کوب اڭلادیم.[30]

پی یولیڭ، یاڭ زیڭ شیڭ نی اۆلتوروب یانیده‌کی قوراللیغ ادم لری بیله‌ن جاکْجوڭ یامونی غه باسیب کیردی. یامون ده‌کی محافظ عسکرلر درحال یاراغلانیب پی یولیڭ غه مقاومت قیلما قغه باشلادی‌لر و پی یولیڭ نی مغلوب اتتی‌لر. بو حال نی باشکاتب جین کوروب درحال باش سیز عسکرلرنی اۆز قیادتی غه الیب پی یولیڭ نی توتماقغه امر بردی. بیر ساعت قدر اوروش دین کین پی یولیك نیڭ ادم لری اۆلتورولوب اۆزی تیریگ توتولدی. اورومچی ده‌کی چوڭ منصبدارلرنیڭ تولاسی پی یولیڭ نیڭ ضیافتی ده اۆلوب ازراقی یامون نیڭ تاشیده قالغانی اوچون جاکْجوڭ یامون ده‌کی عسکرلرنیڭ قیادتی بو کیچیك رتبه لیك جین دالویاغه قالدی. بو صورت بیله‌ن جین دالویا یامون ایچیده هم قوماندان و هم حکمدار بولوب یاراغ و خزانه نی قولی غه الدی. یامون ده‌کی عسکرلرغه غایت ککْرو پول تارقاتیب اولرنی اوزی غه طرفدار قیلدی. اورومچی نیڭ

الڭ بولا قوتلیك عسكری جاڭجوڭ یامون دەكی عسكرلر ایدی. تمام یاراغ و خزانه مواو یرده ایدی. منه بو عسكر، یاراغ و خزانه لرنی قولی غه الغان جین دالویا بیر كیچه و كوندوز اورومچی ایچكریكی شهر (چین لیغ شهری) نیڭ تمام دروازه لرینی بیكیتیب او یرده كی تمام سوزتیگەر چین لیغ لرنی اوزی غه طرفدار قیلغاندین كین اورومچی و اطرافیده كی تمام عسكری و ملكی منصبدارلرنی یامون غه چاقیردی. جاڭجوڭ سایلاماق مسئله سی نی آراغه سالدی. چوڭ منصبدارلر كیچیك بیر رتبه دەكی جین دالویا نی جاڭجوڭ قیلماقنی خیال لریغه كلتورمیگەن و چوڭ شخصیت لردین بیری نیڭ سایلانماقی نیڭ فكریده ایدیلر. لیكن اوترا و كیچیك رتبه لیغ منصبدار و شهرده كی عسكرلر جین نی سایلاب مخالفت قیلغان كته لرنی یاراغ بیلەن قورقوتتی لر. بو كته لر وضعیت نی كۆروب بویون اگمكغه مجبور بولدیلر. جین دالویا نی جاڭجوڭ اعلان اتتی لر.
بو احوال دین چین جمهوریت مركزی یعنی نەنجین حكومتی غه معلومات بیریلدی و جین نیڭ جاڭجوڭ لوقی نی تصدیق اتمك نی طلب قیلیندی. نەنجین حكومتی، جین نی شرقی توركستان غه عمومی والی تعین قیلغانی نی اعلان اتیب چین نیڭ چوڭ ولایت لری نیڭ والی لری غه جمهوریت حكومتی نیڭ برگەن عنوانی بولغان جوشی (رئیس) عنوانی نی بردی و جاڭ جوڭ عنوانی ایمدی شرقی توركستان دین قالدورولدی[31].
منه بو جین جوشی نی چین و شرقی توركستان دەكی دشمن لری جین شورین دیدور (حقیرادم دیمكدور)، دوست لری اونی دوبەن (دیكتاتور) دەیدور. بیز هم اونی جین شورین دیمیز. بو جین شورین هر ایشده تغییرسیز یاڭ زیڭ شیڭ نیڭ یولی بیلەن یورمكی نی اعلان اتتی. لیكن بو ادم استبداد و ظلم سیاستی ده یاڭ زیڭ شیڭ یورگەن یولده یورسه مو سیاسی لیق و اداره چیلیك ده انیڭدەك قابلیت كورساتالمدی و بلكه لیاقت سیزلیكی نی انیڭ دوست لری هم یاشورالمای اقرار اتتی لر.
جین شورین نیڭ اداره شكلی عموماً یاڭ زیڭ شیڭ دوری دەكی شكل نیڭ عینی ایدی. عسكری و ملكی منصبدارلرنیڭ امپراطورلوق دوریدەكی عنوان لری نی قالدوروب جمهوریت عنوان لری نی قبول



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ائتی . بعضی مهم عنوان لرنی توبەندە كورسونلر:

| | امپراطورلوق و ياڭ زيڭ شيڭ دورە لريدە | جمهوريت دوريدە |
|---|---|---|
| عمومی والی | جاڭجوڭ | جوشی |
| ولا يت والی سی | دوتەی | شين جين جاڭ |
| فرقه قوماندانی | تی تەی | سی جاڭ |
| الای قوماندانی | شەتەی | لوجاڭ |

جين شورين نيڭ حكمدار بولغان كونيدين باشلاب بير نجی درجەدە اهميت برگەن ايشی اوزی اوچون ثروت توپلاماق ايدی . بو يولدە ياڭ زيڭ شيڭ نيڭ ايزی بيلەن يورگەنی نيڭ اوستيغە خارجی تجارت مال لریغە توگشوی اتليغ ينە بير باج قويدی . بو نيڭ بيلەن ايلگری دە يوزغە ١٨ دين ٢٢ غەچە اليناد ورغان باج يوزغە ٣٠ دين ٣٥ مقدار الينادورغان بولدی . و ينە موندين باشقە بير نچە تۆرلۆك داخلی باج و الوان لرنی پيدا قيلدی . كان التون لرينی ايلگريكی دەك الغان نيڭ تاشيدە خلق نيڭ قوليدەكی التون لرنی و خاتون لرنيڭ زينت اسباب لرینی هر وسيلە بيلەن الغالی توردی و حتاكە زور بيلەن الغان ليقی نی هم اڭلادوق .

جين شورين نيڭ دوريدە ، چين جمهوريت حكومتی گومينداڭ پارتی سی نيڭ قوليغە توشوب دیكتاتور چياڭ كای شی نيڭ حكومت نيڭ مركزيتی نی قوتلەندورمك اوچون قيلغان كوشش لريدين بيری چين دين يگی عصری علم لرنی اوقوغان ياش لرنی هر بهانە و عنوان لر بيلەن شرقی توركستان غە تولا يوللاغانی ايدی . موندين مقصدی مذكور ياش لرنی شرقی توركستان دە حكومت ايش لريغە ارالاشتوروب اهستە اهستە بو يورت نی چين مركزی غە باغلاماق ايدی . جين شورين هم گوميندانڭ نيڭ قوتیدين قورقوب بو ياش لرنی قبول اتمك و ولايت لرغە بارئيب خلق غە جمهوريت نيڭ فايدە لری حقيدە پروپاگندە قيلماق لریغە اجازە برمك غە مجبور بولدی . ليكن از كونلردين كين جين شورين بو ياش لر

نی ولایتلردین یاندوروب همه سی نی اورومچی غه ییغدی و اولرنی هیچ ایش قیلدورمادی . چونکه او یاش لرنی خلق یخشی کوز بیلەن کور مدی و بو وضعیت جین شورینغه اویدان بیر بهانه بولدی .

جین اولرنی اورومچی ده بعضی کیچیک وظیفه لرنی بیریب توختاتیب قویدی . بو نیڭ بیلەن چیاڭ گای‌شی نیڭ اقداماتی نتیجه سیز قالدی . بوندین کین نیمه بولا شلیق معلوم بولمای هر کیم بیر اندیشه ایچیده تورغان کونلرده اورومچی و چین اراسیدەکی یوللر قومول انقلابی سببی بیلەن توسولوب قلیب چین و اورومچی اراسیده باریش کلیش توروب قالغاندەك بولدی . بو یوزدین چیاڭ کای‌شی نیڭ آقداماتی پوتونلەی توختاب قالدی [32]




جین شورین



یاڭ زیڭ شین



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى




شرقی تورکستان نینگ جنوب قسمی - شهرلر و یوللر

# تورتونجى باب


## شرق توركستان دا اخرق
(تورتونجى)
## عمومى انقلاب



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



خوجه نيياز جاجيم



ماجوڭيڭ

## بیرینجی بولوم

## شرق تورکستان دا اخرقی عمومی انقلاب

# سونوش

شرقی تورکستان نیڭ ۱۹۳۱ م ده باشلانیب بوکونغه چه دوام قیلماقده بولغان ملّی انقلابی، بو یورت نیڭ تاریخیده غایت مهم بیر واقعه دور. بو انقلاب، یورت خلقی نیڭ ینگی بیر اویغانیش و سعادت دوره سی نیڭ باشلانغوچی دور. بو مناسبت بیله بو انقلاب واقعه لری نی بو کتاب غه یازماق، بو کتاب نیڭ اهمیتی نی تولا آشوراد ور. لیکن بو کتاب نی من یازغانیم اوچون انقلاب واقعه لری نی بو کتاب غه یازماقیم دین مینی توبنده کی سبب لر توسا دور :

- من بو انقلاب نیڭ مهم اعضالرید ین بیری بولوش شرفیگه ایگه بولغانیم اوچون من دین باشقا بیر بیطرف کیشی نیڭ یازماقی مناسب راق ایدی. انقلاب اثناسیده اوزومیزد ین اوتکه ن خطا و عیب لرغه اقرار اتمك و باشقه مسلکداشلریمیز بولغان ذات لر نیڭ خطالری نی یاشورمای یازماق، تاریخچی لیق وظیفه سی نیڭ اڭ مهم فرضی دور. بو ایش نیڭ مکابك مشکل لیکی طبیعی دور. چونکه اوز خطالریمیزنی ذکر اتمك ، وجدان عذابیم نی آشوراد ور ، مسلکداشلریمیز نیڭ خطالری نی یازماقیم اولر نیڭ مندین آزار یمیکی غه سبب بولا دور.

- من اوزوم کورگه ن واقعه لرنی شك سیز بیله من، امّا کورمیگه ن واقعه لرنی مُتواتر صورتده ایشیتکه ن خبرلر و وثیقه لرغه قاراب



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

يازماقيم لازمدور. موندە بعضى كم زيادەليك و خطا بولماقى نيڭ احتمالى باردور.

- انقلاب دە بولگەن ئەمگەك لەريمىز و ملت نيڭ بو يولدە توكول گەن قانلرى اُميد قيلينغان يخشى عاقبت و سعادت بيلەن نتيجەلەنمەى، بالعكس ملّت نيڭ حاضرقى فلاكتغە مبتلا بولغانى، كوزومدە تورغان اوچون قولوم تيترەيدور.

- شرقى توركستان انقلابىنى توگەدى دېمەيمىز و حاضردە بير قرانگغولوق دورەسىنى ياشاماقدە و عاقبتى بير ياروقلوقغە يتمكى نيڭ اُميدى باردور. بناءً عليە بو انقلاب توگەگەندين كين باشدين آياغ تمام واقعەلرنى علاحدە بير كتاب صورەتى بيلەن يازيلماقىنى مناسب كورور ايديم.

- منە بو سببلرغە قاراب كتابيمنى جين شورين نيڭ حكومت دورى واقعەلرى بيلەن توگتكەن ايديم؛ انقلاب واقعەلرىنى يازمغان ايديم.

- ليكن كتابنى تماملاغانيمدين كين هندستاندەكى "شرقى توركستان ملّى بيرليكى" جمعيتى نيڭ اعضالرى بو انقلاب نيڭ واقعەلرىنى بو كتابغە يازماقيمنى طلب اتتيلر. يوقاريقى يازماسليق سببلرى نيڭ مقابليدە توبندەكى معقول دليللرنى سوزلەديلر:

"سكز بيلدين برى بو انقلاب واقعەلرىنى هيچ بير كشى يازمادى و موندين كين هم يازادورغان بير بى طرف كشى يوقدور. سندەك بيليب يازادورغان كشى هم يوقدور. اگر سن يازماساڭ بو مهم تاريخى واقعەلر اونوتولوب قالادور.

- تاريخچيليق وظيفەسىنى يريگەكلتورمكنى حقنى اظهار اتمككغە هيچ نرسە مانع بولالماس.

- انقلاب توگەميدى اما اوتكەن واقعەلريميز غايت عبرتليك واقعەلردور و كلگوسى اوچون مهم و فايدەليغ تجربە سرمايەسىدور

بناءً عليه بو واقعه لرنى شرقى توركستاننيك يگانه تاريخى بولغان بوكتاب ده يازماق سنيك مهم وظيفك دور ."

عزيز وطنداشلريم نيك بو مضمونده‌كى مكتوبى ده سوزلنگه‌ن بو دليللر توغرى دور. بوگا ياندورماق اوچون جواب هم تاپالمايمن .
بناءً عليه ممكن قدر اوزومنى بى طرف وضعيتغه اليب، كوزوم بيله‌ن كورگه‌ن واقعه لرنى ويا ايشيتكه‌ن ويا وثيقه لرده كورگه‌ن خبر و معلوماتدين اوز نظريمده شبهه سيز راستليقى ثابت بولغانىنى مختصر صورتده يازماقنى قبول اتتيم . انقلابده مسلكداشلريميز بولغان ذاتلرنيك وطن و ملّت اوچون قيلغان خدمت و فداكارليقلرىنى كامل اخلاص و صميميت بيله‌ن ذكر اتمك غه تريشيمن ، اوزومدين هم مسلكداشلريمدين اوته‌لگه‌ن سهو و خطالرنى حقيقتى بيله‌ن بيان قيلامن . چونكه آنداغ قيلماغاندا تاريخدين اصلى مقصد بولغان عبرت غايه‌سى يوق بولادور و بو صورت بيله‌ن تاريخچيليق فرضىنى يريگه كلتور ميگه‌ن بولامن . بو اوچون محترم مسلكداشلريميز نيك مونده‌كى فايده‌نى توشونوب مندين آغرينماسليق لرىنى و مينى عفو اتمك لرىنى اميد قيلامن . و ينه اوزومدين باشقه مجاهدلرنيك واقعاتىنى، كوزوم بيله‌ن كورماى متواتر صورتده ايشيتمكدين و وثيقه لر يوزيدين يازغانيم اوچون، بعضى يرلريده آزوياكوپ خطا بولماقى ممكن دور. و ينه اولرنيك واقعاتىنى لازمليغ درجه‌ده مفصل يازماقدين هم عاجز دورمن . بعضى مجاهدلردين، دوستلريميزنيك واسطه سى بيله‌ن، اوز واقعه لرىنى مفصل صورتده يازيب برمك لرىنى التماس قيلديم. اما مع الاسف فرصتلرى مساعده قيلمادى. بو يوزدين مجبوراً آلديمغه كليب قالغان بو نقصانيمنى محترم مسلكداشلريم نيك عفو قيلماقلرىنى و خطا بولسه بيلدورمك لرىنى و لازمليغ تفصيلاتنى برمك لرىنى اميد قيلامن . انشاء الله ايكنجى باسيليش ده بو احتمالى كمچيليك تمالانور.[2]

١٧-٤-١٩٤٠م



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## انقلاب نیڭ سبب لری

انقلاب نیڭ سببی نیڭ حق‌سیز استیلا ایکه‌نلیکی نی هرکم بیلادور و هرکم بونی قبول قیلادور. شونداغ بولغاندا مو هر انقلاب دا بولغانی دەك شرقی تورکستاندیکی سوڭقی انقلاب نیڭ مو بیر مونچه باشقا یان سبب لری بار. اساس جهتدین حق‌سیز استیلادین کلیب چیققان بو یان سبب لرنی بیراز تفصیل بیلەن بیان قیلماق، فایدەدین خالی ایماس دور.

بو سبب لرنی شو ایکی قسم غه ایریب مطالعه قیلش ممکن : برینجی سی ، اوّل قاراغاندا کورونادورغان سبب لر. ایکنجی سی ، بیر آز توشونگەندە و تدقیق قیلغاندا معلوم بولادورغان سببلر.

ـ اوّل قراغاندا کوّزگه کورونادورغان سبب لر :

ـ جین شورین نیڭ ظلم لری . بونی یوقاریدا بیان قیلدوق، جین شورین هم متعصب بیر تورك دشمنی و هم اولکه نی اداره قیلیش قابلیتیدین یوقسون، لیاقت سیز بیرکشی بولغاچ تورك لر و چین لیغ لر اراسیدەکی ایلگریکی مدنی و جنائی حقوق برابرلیگی بارغان ساری یوق بولغالی توردی. یورتدەکی دوتەی لر و شەنجاڭ لر، حتاکه سود اگر و جزانه خور چین لیغ لر، تورك لرغه قول لریدین کلگەن ظلم و تجاوز لرنی قیلغالی باشلادیلر. بو یوزدین خلق نیڭ جین شورین غه قیلغان عرض لری جواب سیز قالورایدی، چین دین کلتورولگەن یاش لرنیڭ تولا راقی شرقی تورکستان نیڭ بارلیقی نی توّگول یوق اتیش یولی نی توتقان . یعنی سون یاتسین نیڭ پلانی نی اجرا قیلیشگه کریش کەن . بعضی سی کومونست ایدی . شرقی تورکستان نیڭ مقدراتی نی روس قولیغه برمك غه حرکت اتکەن لری معلوم بولغان . منه بو ایکی خیل چین لیغ یاش لرنیڭ

شرقی تورکستان غه خطرلیك عنصرلر ایکه‌نلیکی نی خلق آپا چوقبیلدی.

شرقی تورکستان ملتی نیڭ روحیاتی نی تدقیق اتمیگه‌ن لر بو انقلاب نی یالغوز اوشبو انصافسیزلیق و ظلملر و قاتمه قات خطرلر نیڭ باشکۆرسه‌تمیکی ایدی ده‌پ غینه قناعت قیلادورلر.

توشونچ و تدقیق قیلغاندین کین معلوم بولادورغان سبب لر نیڭ اڭ اهمیتلیکی - ٥٦ ییللیق آسارت دوریده شرقی تورکستان خلقینیڭ‌چین حاکمیتیغه طبعاً قارشی بولوپ و چینلیغ و یه‌ر لیك عملدارلرنی نفرت کۆزی‌بیله‌ن‌کۆرمه‌کده بولوپ، خورلینیش دین قوتولماق ایستیگه‌نلیکی ایدی. لیکن، توبنده‌کی سببلر توغراسیدین بو آرزو نیڭ عملغه آشمیقی ممکن بولمیغان ایدی:

- ایلگیریکی انقلاب ده تۆکۆلگه‌ن قانلر و یعقوب بگ نیڭ ظلم لری نیڭ مشلی نیڭ ینه پیدا بولوپ‌قاماقی نیڭ قورقونچیسی،

- چین طرفداری بولغان بگ لر و شخصی منفعت لری یوزیدین تنجیلیق طرفداری بولغان قالا قلر نیڭ نفوذ لری و کوچ لری،

- پوتون یورت خلقی آراسیده قوتلیك بیر سیاسی باغلانیش ویا رابطه قوروش نیڭ امکانسیزلیقی،

- چین حکومتی نیڭ قوت کۆرسه‌تمه‌ك بیله ملت نی دایما قور قوتماقده بولغانلیقی و بونیڭ مقابیلیده ملت نیڭ کاملاً یاراغسیز ایکه‌نلیکی.

منه بو احوال شرقی تورکستان خلقی نیڭ چین حاکمیتی آستیده یاشاماقغه مجبور بولوشی اوچون یترلیك سبب لر ایدی.

براق، کین لرده و خصوصاً چین حکومتی جمهوریت شکلیغه اۆرۆلگه‌ندین کین شرقی تورکستان ده‌کی جاڭجوڭ و کاتته عملدارلر بولغان چینلیغ لر نیڭ یالغوز آغیز ده غینه چین حکومتیغه تابع و حقیقتده چین حکومتی نفوذی نیڭ ته‌شیده بولوپ قالغانلیقینی ادراك



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

اتكيلى باشلادىلر. يورت نيڭ بو كشى لرنيڭ انصاف سيز ايداره‌سيغه تاشلانغانليقى كۆندين‌كۆنگه حلقغه معلوم بولغاللى توردى. خلق اۆز لرىنى او هَيبت‌ليك چين دولتى نيڭ حاكميتى دين تاشقرى بولوب، غايت آز ساندا بولغان‌چين‌ليغ مهاجرلرنيڭ محكومى بولوب قالغانلرىنى بيلگه‌ن سارى وجدانلريده غايت اچيغ بير حسيات و چوقور بيرخجالت تويماقده ايديلر. بو آز سانليق آچ كۆز مُستَبِدلرنى باشلريدين چوشوروب تاشلاماق‌نيڭ ممكن‌ليكى نى بيلمكده ايديلر.

اما ينه اِتّيفاق‌سيزليق، نفوز ايگه‌سى كشى لر نيڭ غفلتى ويا قالاقليقى، و هم عموم خلق نيڭ تجربه سيزليكى، بو ايشنى كين غه قويماقده ايدى. شرقى توركستانده‌كى جاڭجوڭ و حكومت آدم لرى، بو احوال‌نى بيلگه‌ن‌لرى اوچون خلق ايچيده اعتبارليغ بعضى كشى‌لرنيڭ كوڭلينى آليپ، خوش‌توتوپ، بو نيڭ توپَيليده اۆز لرى ايستيگه‌ن انصاف سيزليق لرنى قيامت غه‌چه قيلابرمَك ماليخولياسيده ايديلر. ليكن احوال نيڭ كۆندين كۆنگه خطرليك شكلده ناچارلا شيواتقانليقى‌نى اويلانغانلر نيڭ سانى يوشورون يولدين كوپه‌يمكده ايدى. بولر نيڭ تولا راقى، آز سانليغ چين‌ليغ عملدارلر نيڭ حاكميتى نى آغدوروب تاشلاب، شرقى توركستان نيڭ سياسى مسئله سى‌نى توپ توغرا شرقى توركستان‌خلقى و چين مركزى حكومتى آراسيده نتيجه‌غه‌باغلاش‌كۆز قاراشيده بيرليك بولغان. آما بو كۆز قاراش‌نى عمل‌گه آشوروش اوچون بو مُنَوَّرْ كشى لر نيڭ بير تشكيلات ايچيده بيرليك گه كليش‌لرى كره‌ك ايدى. موندا غ بير تشكيل‌نى قورماق و باشقارماق اوچون تجربه ليك سياسى آڭ‌ايگه‌سى كيشيلر نيڭ خلق ايچيدين چقيشى كره‌ك ايدى. مع الأسف او وقتلرده شرقى توركستان‌دا موندا غ صُفت‌ليك كشى‌لر نيڭ كۆرانميگه نليكى همه غه معلوم دور. شوندا غ بولسه مو خلق اُميد سيز بولمادى. بو كۆز قاراش‌نى عمل‌گه آشورماق اوچون لازم‌كۆرۆلگه‌ن تۆبنده‌كى ايشلرنى بجرمك اوچون يوشورون حركت‌لر پيدا بولدى:

- شرقى توركستان ده‌كى چين‌ليغ لر نيڭ قوتى نيڭ مقدارى نى بيليش؛

- قوشنه دولتلر نیڭ انقلابنی فرصت بیلیب شرقی توركستانغه عسكری و سیاسی مداخله قیلیش ویا قیلماسلیق لرینی اڭلاش ،
- عموم خلق نیڭ روحیاتی نی تدقیق اتیب انقلابغه حاضرلیقی احوالنی بیلمك اوچون تیریشمهك و هم انقلابی حركتده خذمت بجراد ورغان عزم و قابلیتغه ایگه كشیلرنی اوتراغه چقریش ،
- انقلاب اوچون هر یرده مخفی تشكیلات قورماق نیڭ امكانی بارلیقی ویا یوقلیقی نی تكشوروب چقیش، و
- شرقی توركستان نیڭ قایسی ییری نیڭ انقلاب مركزی بولماقغه مناسب ایكه‌نلیكی نی تدقیق اتیش .

بو مسئله لر نیڭ بعضی سیغه اهمیت برگه‌ن ویا همه‌سیغه اهمیت برگه‌ن و عملی صورتده فعالیتغه كریشكه‌ن كشی‌لردین بیرنچه سی نی بیله‌من ، اما بو كتابده اولر نیڭ آتلرینی ذكر قیلماقنی مناسب كۆرمه‌یمه‌ن .[3]

منه بو كۆز قاراش بویونچه بیر تشكیلات وجودغه چیقماقغه باشلاید ورغان چاغ كۆزگه كۆرۈنۈب تورغان حالده انقلاب قوزغالدی . دیمك انقلاب ، یوقاریده بیان قیلینغان شكیلده بیر تشكیلات وجودغه كلمای توروب وقتیدین ایلگری باشلاب كه‌ترودی و انتظام سیز شكیلده عمومیت پیدا قیلیب مناسب بولماغان قوللرغه توشوب قالدی . هر حالده ، یوقاریقی كۆز قاراش خیلی اوزون زمانلر دین به‌ری خلق نیڭ كوڭوللریده یرله‌شكه‌نی اۇچون انقلابغه عمومی ملت درحال قوشالدی . بوكونغه چه دوام اتمكده بولغان فاجعه لر و خلق نیڭ اۇستیغه دشمن طرفیدین یاغد ورولماقده بولغان وحشی چه قتل‌عام لر و ظلم لرغه رغماً خلق نیڭ اُمید سیزلانمای آزادلیق اۇچون فداكارلیق كۆرسه‌تمكده بولغانلیقی یوقارقی توغری كوزقاراش، محكم روحیات، و اۇستون وطن‌سۇیگۇ و ملتپرورلیك نیڭ نتیجه سیدور .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## ۱ــ فصل

## قمول انقلابی

شرقی تورکستان دا مثلی کورولمیگەن ظلم و استبداد بیلەن ۱۷ یل حکومت قیلغان یاك زین‌شیك ۱۹۲۷ ییلی فەن‌یانەن‌طرفیدین اتیپ اۆلتورولگەندین کین جین‌شورین ایشباشیغە چیقتی . جین شورین مو یاك غە اوخشاش،استبدادلیق جهالت سیاستینی یورگوزدی . قومول انقلابی منە شو ظلم غە قارشی کۆتۆرۆلگەن خلق انقلابی بولوب یوقاریدا بیان قیلنغان برنجی قسم سبب‌لرغە اویغون ملی انقلاب شکلی نی آلدی .

قومول، یورتیمیز نیڭ شمال شرقیدە تڭری تاغلری نیڭ اُوچ ایتەك لریدە یرلەشکەن بیر ولا یتیمیز بولوب آراتورك ، آزغان بولاق ، بارکول ، تاراتو، تاش‌بالیق ، تۆرکول ، خوتونتام، قورای ، شوپول ، نوم، نیرین‌کیر و قومول شهری بولوب ۱۲ تاغ جیلغەسیدین‌عبارت دور. مانچو دوری نیڭ باشلانغوچیدین جین‌شورین زمانیغەچە واڭ لر واسطەسی بیلەن ایدارە قیلینب کلگەن[4] قومول خلقی، اغیر آلوان‌سەلیغ و خوارلانیش‌گە قارشی ۱۹۱۱ ییلیدا قورال‌لیق عصیان قیلغان بولسەمو ، تمورخلفت‌عصیانی ، حیلە بیلەن قانلیق بیر شکلدە باستورولغان . ۱۹۲۸ ییلیدا واڭیقنی قالدوروب قومول‌نی ۳ ناهیەگە آیریب اۆزی نیڭ آدم لری بیلەن بی واسطە ادارە قیلغالی باشلاغان جین شورین ، شو ییلی گانسودەکی زلزەلە (یەر تەورەش) واقعەسیدە اۆی سیز قالغان نورغون چین‌لیغ نی قومول‌غە کلتوروب خلق‌دین‌تارتب الغان یەرگە اورونلاشتوروب اُولار نیڭ معیشیتی نی قومول خلقی دین تأمین قیلش غە اوروندی[5]. منە شونیڭ غە اوخشاغان نورغون‌سوموروش واقعە لری،باشقالدوروش شرایطی نی تیارلیغان بولدی. ۱۳۵۰ھ ییلی باشیدا (۱۹۳۱ - ۵ - ۱۹) شوپول جیلغە بگی صالح (سالی )

دورغا قرق الیگ یاراعلیغ آدم بییغیب اوشتومتوت چین‌لیغ حاکم‌نیڭ اۇستیغه باسقون قیلب حاکم‌نی و بیر نچه عسکری‌نی اۆلتوردی. اطراف ده هر یرده تورغان چین عسکرلری‌نی اۆلتوروب ویا اسیر قیلیب اولر نیڭ میلتیق و جبخانه‌لری‌نی آلدی. و بیرمونچه یاراغلیغ آدم لرنی توپلادی. موندین کین‌تکری تاغلری‌نیڭ هر جیلغه‌سیده‌کی تورك لر کلیب صالح دورغاغه قوشولوب خیلی تولا قوت توپلاندی وبو حرکت بیر مللی انقلاب شکلی‌نی آلدی[6]. (۲۳ نجی خریطه غه قاراسونلر) جین شورین بو انقلاب نی باستورماق اوچون قومول تاغلری‌غه عسکر یوللادی. لیکن بو تاغلرنیڭ طبیعی استحکام لری و مجاهدلرایچی ده‌کی اوستا آوچی‌لر نیڭ اوق اتیش‌لری نتیجه‌سیده جین شورین عسکر لری نیڭ تولا راقی اۆلوب آشقانی پراکنده حالده قاچیب قومول شهر یغه یانیب کلدی‌لر. بو ظفر بیله‌ن مجاهدلر یوره‌کلینب قومول تاغری نیڭ تمام جیلغه لری‌نی و شهردین باشقه تمام قومول منطقه سی‌نی اشغال اتتی‌لر. جین شورین، بو انقلاب نی، خبری شرقی تورکستان‌غه یاییلماق‌دین ایلگری، باسیقتورماق اوچون کوچلوغ بیر قشون یوللادی. جین شورین عسکرلری هم قومول طرفیدین و هم بارکول طرفیدین‌مجاهد لر نیڭ اۇستیغه هجوم قیلدیلر. مجاهدلر نیڭ باشلیغی صالح دورغا بیر مقدار عسکری بیله‌ن چیکیلگه‌ن بولسه موکین‌چه آگا قوشولغانینه بیر جیلغه بگی خوجه نیاز حاجی[7]، یورت نیڭ قتل عام غه اوچراماقی‌نی تۆشۆنۆب غیرت قیلیب آوچی‌لرنی یانیغه بییغیب اوشتومتوت باسقون لر و بوقتورمه لر بیله‌ن انتظام سیز سوقوشغه باشلادی. نتیجه‌ده چین عسکرلری‌نی یمان مغلوب اتیب قاچوردی. موندین کین خوجه نیاز حاجی قومول تاغلری‌ده جیلغه آغزلری‌نی توساپ، آوچی‌لرنی توختاتیب مستحکم مدافعه مرکزلری تشکیل قیلدی. تاغلیق منطقه‌دین‌تاشقری چیقمادی. بو صورت بیله‌ن خوجه نیازحاجی انقلاب باشلیغی بولوب ایشنی یخشی شکلده الیب باردی.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

جین شورین قدرەتی یتکەن مقداریچە عسکر یوللاب بیرنچە قاتا هجوم قیلسەمو بو هجوم لرنی اغیر ضایعات بریب مغلوب بولدی. فقط قومول شهری و توز منطقەلر جین شورین نیك قولیدە بولوب تقریباً ۲۰۰۰ عسکرنی اوبیردە قویدی. قومول ولایتی نیك غایت حاصللیغ یرلری بولغان تاغلیق منطقەسی تماماً خوجە نیازحاجی غە تابع بولدی. اون آی بو وضعیت دوام قیلدی. بو مدت ایچیدە ایکی طرفدین بیر بیری نیك اوستیگە کیچیك کیچیك باسقونلر بولسەمو مجاهدلر غالب ایدیلر. بو آرادا سوچو و دونگخوان حکمداری ماجونگ یك (گاسلیك) نیك تابعیدین بعضی تونگانلر خوجە نیازحاجی نیك آلدیغە کلیب خدمت قیلغالی باشلادی. خوجە نیازحاجی بیلەن ماجونگ یك آراسیدە مکتوب واسطەسی بیلەن بیر آز یقینلیق هم پیدا بولدی. ماجونگ یك موندین استفادە قیلیب شرقی ترکستاندین بیر مقدار اولجە ویاراغ حاصل قیلماق خیالیغە توشوب تقریباً ۴۰۰ کشیلیك قوت بیلەن قومولغە کلدی. خوجە نیازحاجی آکا بیر مقدار عسکر بیلەن یاردم قیلدی، لیکن اوزی آکا جدی صورتدە قوشولمادی، مستحکم موقعینی ترك اتمدی. خوجە نیازحاجی نیك بو توتقان یولی غایت یخشی یول ایدی چونکە تونگانلر نیك بو چیقیشدەکی مقصدی خوجە نیازحاجیغە یاردم برمك ایماس ایدی. خوجە نیازحاجی نیك یاردەمی بیلەن جین شورین نیك بعضی عسکرلرینی مغلوب اتیب و بعضی یورتلرنی بولاب تالاب بیر مونچە یاراغ پول مال قولغە کچوروب گانسوغە یانیب کتمك اوچون کلگەن ایدی. یولدە مشهور شیویت سیاحتچی سیون هیدن و یولداشلرینی تالاغانی هم اوشبو سفریدە ایدی". بو اوچون خوجە نیازحاجی آکا قوشالمای تورغانی خیلی یخشی بیر ایش ایدی.

ماجونگ یك، خوجە نیازحاجی نیك و قومولدەکی تونگانلرنیك یاردمی بیلەن جین شورین نیك قومولدەکی عسکرلرینی مغلوب قیلیب اولرنی شهر سپیلیغە محاصرە قیلدی. خلقنی بولان تالان قیلیب

قومول نیڭ ١٨٢ کیلومتر غربیدەکی چیگەچیكٔ غە چە ایلگریلب بو اوترا دەکی خلق دین و جین شورین عسکرلریدین تارتیب آلغان مال و یاراغلرینی تۆرتە بش یوز تیوەغە یوکلاب سوچوغە یانیب کتتی. خوجە نیازحاجی نیڭ عسکرلریغە هیچ نصیبە برمدی. ماجوڭ یڭ نیڭ بو سفردە قیلغان بولانچیلیقی و بیگوناە خلقغە قیلغان ظلم لری و تخریباتی سببیدین خوجە نیازحاجی تولا متاثر بولوب انیڭ دوستلوقیدین کچتی. ایکنجی اونیڭ بیلەن مناسبت قیلماسلیقغە قرار بردی[2]!

خوجە نیازحاجی موندین کین تاغلیق منطقە سینی یخشی مدافعە قیلیب اویردین چیقمای قوّتینی آشورماقغە کوشش قیلغالی باشلادی. جین شورین، ماجوڭ یڭ نیڭ قایتیشینی خوجە نیازحاجی نی مغلوب اتمکغە مساعد بیر فرصت دەب توشونوب، شیڭ آتلیغ بیر منصبدار نیڭ امری آستیدە قومول غە تولا عسکر یوللادی. شیڭ تولا اوروش لردین کین خوجە نیازحاجی نیڭ مرکزی بولغان جیلغە غە بارکۆل طرفیدین کیردی. خوجە نیازحاجی مغلوب بولوب اۆز مرکزینی ترك اتیب تمام قوّتینی الیب شرقدەکی قارلیق تاغ طرفیغە اوزاقلاشتی. شیڭ قومول تاغلری نیڭ تولا راق قسمینی اشغال اتتی، لیکن قیش نیڭ قاتیغ سوغوقیدە خوجە نیازحاجی نیڭ عسکرلری تویغوسوز باسقونلر و انتظام سیز هجوم لر بیلەن شیڭ نیڭ عسکرلریگە تولا ضایعات برگوزدی، شیڭ نیڭ اوزوق و لوازیمی نی اولجە قیلدیلر. بو اوچون شیڭ قومول تاغلرینی بوشالتتی. خوجە نیازحاجی اۆز مرکزینی قایتادین قولغە کچوردی. [13]

شو کونلردە ١٩٣١، ١٢ نجی آییدە بارکول تاغلریدەکی قازاقلر بارملا آتلیغ بگی نیڭ رهبرلیکی آستیدە، انقلاب چیقاریب بارکول نی تماماً اشغال اتتیلر. بو ولایتدەکی چینلیغ لرنی یوق اتیب اۆی لرینی کویدوروب و مال لرینی تماماً اولجە آلدیلر. جین شورین بارملاغە قارشی قوّتلیك عسکر یوللادی. قزاقلر مغلوب بولدی. بارکول دەکی چینلیغ لرغە بولغان زیاننی تمام شرقی ترکستان خلقیدین زوربیلەن پول توپلاپ تولەتتی. کینلردە جین شورین مکروحیلە بیلەن



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

بارملانی توتوب آلسه مو قازاقلر تاغدا اۆز استقلاللرینی ساقلادیلر.[14]

شیڭ قومول تاغلریدین قاچیب کلگەندین کین جین شورین خوجه نیازحاجی نیڭ اۇستیغه هجوم قیلماقغه جرأت قیلالمای فقط قومول شهریده و بارکول شهریده تولا عسکر قویوب مدافعه وضعیتینی آلدی. خوجه نیازحاجی نیڭ عسکرلری پات پات چین عسکرلری نیڭ اۇستیغه هجوم قیلماق و اولرنیڭ یاراغ ـ اوزوقلرینی اولجه الماقغه باشلادی. ۱۹۳۲ ییلی اوتراسیدین اعتبارا" خوجه نیازحاجی نیڭ حربی وضعیتی کوچایب قومول ولایتی حقیقتا" آنیڭ حکمی آستیده بولدی. جین شورین غایت قورقونچ غه توشتی.[16]

خوجه نیازحاجی نیڭ موفقیتی نیڭ خبرلری مبالغه لر بیلەن شرقی تورکستان نیڭ تمام ولایتلریغه یاییلدی و تمام خلق امید کوزینی او طرفغه تیکتیلر. جین شورین بو وضعیتغه چاره ایستاب نهایت سویتلر بیلەن بیر مخفی معاهدەگه قول قویدی. بو معاهده نیڭ مضمونی بیزگه مفصّل معلوم بولمسه مو انقلاب باسیلغاندین کین روسلرغه شرقی تورکستانده کەگرو بیر اقتصادی امتیاز برمکگه وعده قیلدی دیالا یمیز. بونیڭ مقابیلیده سویتلر، جین شورین غه آیروپلان و باشقا اسلحه وکرەك بولغاندا عسکر هم برمکچی بولغان ایدی. بو معاهده بویونچه روسلر، جین شورینغه یته دانه آیروپلان و بیر مقدار یاراغ و جبخانه بردی، بو آیروپلانلرنی اوچوراد ورغان پیلوتنی هم بردی. جین شورین بیر نچه قاتا آیروپلانلرنی خوجه نیازحاجی نیڭ اۇستیغه ایبارسەمو تاغلیق منطقەده تأثیر کورسیتالمادی. بو وضعیت خوجەنیازحاجی تورپانغه یوروش قیلغوچه دوام اتتی.[17]

امین واحدی نیڭ انقلاب خاطرەسیدەیازغینیغەکورە[18] "بو آردا مغولیستاندین جالقسیڭدورغان اتلیغ کیشی بیر مقدار یاردم بیلەکلیب حاجیم بیله کوروشوب شرقی تورکستان نیڭ مغولیستا نغه اوخشاش سویت حمایه سیده بیر دولت بولوشی و حاجیم نیڭ رئیس جمهور بولوشینی تکلیپ قیلیب یاردم وعده قیلغان. حاجیم اولر اعتماداتکودەحرکت اتمیگەن . . . "

## ٢ــ فصل

### تورپان انقلابی

خوجه نیاز حاجی، یوقارده بیان قیلینغان وضعیت دین مغرورلانمادی، چونکه مدافعه مرکزلریدین چیقیب سوقوشقه باشلاماق اوچون یتکودەك قوت غه ایگه ایماسلیکی نی اوبدان بیلور ایدی. تورغان مستحکم یریده توروب قوتی نی آشورغاندین کین بیگلماید ورغان بیر کوچ بیلەن یوروش قیلماقغه مناسب کورور ایدی. خوجه نیاز حاجی نیك بو مصلحتی بك حقیقتلیك بیر مصلحت ایدی.

لیکن ایلگری ماجوك یك دین آیریلیب قالغان ویاکین چەگانسو دین کیلیب خوجه نیازحاجی نیك خذ متیغه کیرگەن ماشی مین، ماپویتن و ماجینسا لر باشلیغ ایکی یوز قدر تونگان بار ایدی. بولر بیر مقدار عسکرلیك تەربیەسی کورگەن آدم لر بولغانی اوچون خوجه نیازحاجی اولر نی عسکرغه حربی تعلیم برمك وظیفەسی غه مامور قیلیب ایشغەسالغان ایدی. بو تونگانلر خوجه نیازحاجی نی تورپانغه چیقماقغه قیزیقتورور ایدیلر، لیکن خوجه نیازحاجی یوقاریقی فکریده محکم تورماقده ایدی. ایلگیریدین انقلابچی بولمای تالانچیلیقغه کوناب قالغان بو تونگانلر خوجه نیازحاجی نیك احتیاطلیغ توتومیدین صبرسیزلانیب ١٣٥١ هـ شعبان (١٩٣٢، ٣) انجی آییدە عصیان چیقاردیلر[19]. خوجەنیاز حاجی اولرنی تاغ جیلغەلریدین هیداب چیقاردی. بو تونگانلر تورپان اولکەسی نیك انتها شرقیده چیقتیم قصبەسیغه کلدیلر، او یرده توروپ "خوجه نیازحاجی پوتون قوتی بیلەن کلدی" دیگەن سوزنی تاراتتی. ماشی مین، خوجه نیاز حاجی نامیدین تورپان غه شو مضموندا بیر خط یوللادی: "امین بای، محمودبای (محیطی) و ابراهیم دورغا لرغه معلوم بولسونکه بیزلر نورغون عسکر بیلەن چیقتیم دیگه جایغه کلدوك.



ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

سیزلر مو حاضرلیق کوروڭلر." بو خبرلرنی تویغان توریان اۇلکەسی خلقی هیجانغه کلیپ تیزدین قوزغولیشقه حرکت قیلدیلر. توریان شهریدین ۸۸ کیلومیتر شرقده کی پیچان شهری نیڭ خلقی انقلاب غه قوپتی. ماشیمینلر هم قاتیلغان حالده بیر هجوم بیلەن شهرنی آلدیلر.

بو احوالده قومول بیله پیچان آراسیده تورغان بیر بۆلۇم مُهاجر آق اوروسلر[20] دین مرکب جین شورین نیڭ قوتی، مجاهدلر نیڭ اۇستیغه هجوم قیلدی. مجاهدلر مغلوب بولوب پیچان شهری دشمن قولیده قورکونچ شکیلده قتلعام و بولان تالان غه اوچرایتلدی. ماشیمینلرلوکچون نیڭ دیفای یزاسیغه سیغیندیلر.

قمول ده انقلاب قوزغالغان کۆندین باشلاپ توریان نیڭ وطن پرورلریدین حمدالله اعلم، مقصود، موصول و محمود محیطی لر و عبدالله داملا لر کبی منورلر قمول انقلابیغه یاردم برمەك غه مخفی مصلحت قیلیشیپ فرصت کۆتۆپ تورغان ایدیلر[22].

بو آردا توریان آستانه ده هم خلق حرکتگه کچیپ قصبه نی قولغه کچورگەن ایدی. مقصود بای[23] ( محمود محیطی نیڭ آکاسی) باشلیغ توریان منورلاری خوجه نیاز حاجیم نی باشلاپ کیلورمیز دەپ آستانه دین لوکچون غه باراد ور. بو کلگەنلر نیڭ آزساندا تونگان ایکەنلیکی نی و خوجه نیاز حاجی نیڭ تیخی اۆز سرکزیدین چیقمغانلیقی نی بیلیپ وقتسیز حرکتگه کچیپ قالغانلیقلرینی توشونوپ تولا مو پوشیمان بولادورلر. ماشیمینلرنی، خوجه نیاز حاجیم نیڭ یانیدین چیققان اولوغ مجاهدلر بیلیپ، اولرنی آستانه غه باشلاب کلادورلر. شو کونی توریان دین آستانه غه یولغه چیقارایلغان اوچ یوز قدر چین عسکری، استانه و قاراخوجه خلقی نیڭ غیرتی بیله مغلوب بولوپ بیرر یوز ملتیق و نورغون اوق اولجه الیناد ور. ارته سی کونی استانه ده اطرافده کی لوکچون، قاراخوجه، لەمجین، سورتوق، یاکْخی کبی کنتلر دین اوچ میڭ کیشی دین اوشوق بیر قوت توپلانغان ایدی.

شونىڭ بىلەن تورپان خلقى تونگانلر بىلە بىرلەشىپ هر طرفدىن چىن لىقلر نىڭ اۇستىگە هجوم قىلغىلى توردىلر. قاتتىغ اوروشلردىن كىن ١٩٣٣، ٢٠نجى آي نىڭ باشلرىدە تورپان اۇلكەسى نى پوتونلەى قوتقوزدىلر. تورپاندەكى تونگانلر ماشى مىن و يولداشلرىغە قوشولوپ همەسى يا راغلاندىلر. بىر تونگان نى باشلىغ قىلىپ اوگا ساوفى سىلىكگ آتالغوسى بردىلر. تورپان خلقى بو ايشغەكوكولدە ناراضى بولسەمو اختلاف چىقماسون دەپ توشونوپ مذكور ساوفى سىلىكگغە اطاعت قىلىش غە مجبور بولديلر.[24]

بو حالدە اورومچى دىن بەى‌زىخوى (اركان حرب رئيسى) باشقارمىسىدا تولا عسكر، ١٢ اوتوموبىل‌دە توپ و مترالىوز بىلەن تورپانغە هجوم قىلدى. تورپان مجاهدلرى و تونگانلر شهردىن بىر نچە كىلو مىتر اوزاقدە قاتتىغ اوروشلردىن كىن بەى‌زىخوى يان مغلوب بولوب قاچتى. مجاهدلرانى قوغلاب خوگلو جىلغەسىدە يتيشىب دشمن‌نى پراكندە قىلديلر. مذكور ١٢- اوتوموبىل، توپ و مترالىوز جبخانەلرى بىلەن مجاهدلرنىڭ قولىغە اولجە توشتى. بو اوروشدا تونگانلرنىڭ باشى ساوفى سىلىكگ نى تورپان مجاهدلرىدىن بىرى، دشمن گمان قىلىب اۇلتورگان ايدى. انىڭ اورنىغە يوقارىدە اتى اوتكەن ماشى مىن، ساوفى سىلىكگ بولدى. بو محاربە نتيجەسىدە مجاهدلر خوگلو جىلغەسى و داوانچىڭ بوغازى‌نى قولغە كچوروب چوڭ يول بىلەن اورومچى دىن عسكر كلمكنى امكانسىز قىلدىلر.

قومول دە انقلاب دوام قىلىب تورغاندا توقسون خلقى هم انقلاب كۆتەرمەك اۇچون فرصت كۆتوپ تورغان ايدى. تورفان انقلابى باشلاغان هما ن توختى اخون[25] باشلىغ اون كىشى تورپانغە بارىب انقلاب رهبرلرىدىن يول يورق سورايدور. تورپان مجاهدلرى رهبرلرى توختى اخونغە توقسوندە انقلاب كوتەرمەك وظيفەسى بىرىب يانىغە ماشى مىن نىڭ آدآملرىدىن بىرى نى قوشوپقويادور. توختى اخونلر ايكى يوز قدر كشى بولوپ توقسونغە هجوم قىلىب شهر خلقى نىڭ قوشولوشى بىلەن توقسون نى قوتقوزادور. توقسون و كوموش دىن قاتىلغان



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

بش‌التی یوز کشی بیله‌ن توختی آخون قاراشهرغه کیرادور. شهرایچی ده‌کی تورکلر و تونگانلر نیڭ هم یاردملری بیله‌ن قاتتیغ اوروشلردین کین قاراشهرنی فتح قیلادور.

جین شورین نیڭ چین لیغ عسکرلری انقلابنی باستوروش اوچون یتمیگه‌ن سببدین اورومچی غولجه چوچك و آلتای ولایت لریده‌کی مهاجر آق روسلردین بیر نچه میڭ کشی‌نی عسکرلیك غه‌الدی.[26]


بو حالده توریان، توقسون، قاراشهر و کورلا شهرلری نیڭ انقلابچیلر نیڭ قولیغه توشکه‌نلیکیدین خبر تاپقان جین شورین قورقونچ غه توشوپ اورومچی نی مدافعه قیلماق کوییغه توشه‌دور. قمول ده تورغان شیڭ زیخوی نی قوتلری بیله‌ن اورومچی غه چاقیردی.

اورومچیغه قایتیش اوچون یولغه چیققان شیك زیخوی عسکر لری پیچاندا تویقوسوز مجاهدلر نیڭ اۇستیغه کلیب قالادور. توپ و زرهلی اوتوموبیل بیله‌ن قوراللانغان ٤٠٠٠ (تورت میڭ) دین آرتوق عسکر دین عبارت بولغان بو قوت پیچانغه هجوم قیلیب خلقی نی قتلعام قیلدی. له‌مجین و لوکچونلرنی ده‌سسه‌پ توریانغه یقینلادی.

دشمن نیڭ عسکری جهتدین کوپ اۇستون بولوشی یوزیدین مجاهدلر چکیلمه‌ك غه مجبور بولوب توریانغه کلدیلر. مجاهدلر توریاندا قاتتیغ مدافعه قیلسه هم مغلوب بولدی. بو سوقوشلرده اون میڭلرچه مجاهد شهید و یارادار بولدیلر. ١٩٣٣ ییلی آخریده ماشی‌مین توریانده‌کی قورال‌لرنی الیپ قاراشهر استقامتی ده توقسونغه قاراب چکیلدی. محمود محیطی (محمود سیجاڭ) هم موصول حاجیم، طاهربگ، بای عزیزی و امین حاجی داملالر بیله بیرلیکده آرتا قالغان مجاهدلر بیله‌ن قاراشهرغه کلدیلر. مقصود محیطی باشلیغ بعضی مجاهدلر قومول غه خوجه نیاز حاجی نیڭ الدیغه تاغ یولی بیله‌ن کتتیلر. شو نیڭ بیله‌ن پوتون توریان اۇلکه سی دشمن قولیغه توشکه‌ن بولدی.[27]

قالغان خلق ، شیڭ زیخوی و انیڭ قول آستیدەكی وحشی روس و چین عسكرلری نیڭ قتل‌عام و بولان تالان لریغە دوچار قالدیلر. بیر نچە كون غەچە تورپان ولایتی‌دە غایت درجەدە رحم سیزلیك بیلەن قتلعام جاری بولدی . خصوصاً پیچان شهریدە آدم قالمادی . قری یاش خاتون و كیچیك بالە لردین هم بك تولا سی‌نی شهیداتی لر .[28]

كورلا قوتقوزولغان كون لردە تورپان انقلابچی لری نیڭ مغلوب بولغانلیقی و ماشی‌مین نیڭ قچیپ كتكەنلیكی خبرلری كورلا غە كیلا دور. اولكە لری نیڭ فجیع حالغە توشوپ قالغانلیقی نی اڭلاغان تورك یگیتلری ،باشتا توختی‌بگ بولوپ، توقسونغە قایتیپ دشمن بیلەن نچە كون سوقوشوپ شهید بولدیلر. چرچەن چارخیلیق و لوپ دین هم بیرر میڭ یگیت تورپان غە باراب كییك اولا یدورغان ماشادر میلتیق لری بیلەن دشمن غە قارشی سوقوشوپ فدا بولدیلر.[29]



شیڭ شی سەی (شیڭزیخوی)



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

خوجه نیازحاجی نیڭ اوزی نیڭ بیان قیلغانی غه کوره او نیڭ مقصدی قومول تاغلری ایچیدین پات چیقماسلیق و او یرده تورو ب دشمن نی ینگوده ك قوت غه ایگه بولغاندین کین منتظم هجوم لر بیله ن دشمن نی یوق اتمك و یورت نیڭ استقلالی نی تأمین قیلماق ایمیش ایکه ن لیکن بو خصوصده انیڭ پلانی نیمه ایکه نلیکی نی بیلمایمیز.

توریان اولکه سی ۱۹۳۳، ا نجی نیڭ اخرلریده شیڭ شی سه ی قوماندا سی آستیده کی جین شورین قوت لری طرفیدین اشغال قیلینیپ، ماشیمین لر و اوندین سوکره محمود محیطی باشچیلیغیده ملی مجاهدلر قارا شهرغه یوتکه لگه نده، مقصود محیطی باشچیلیغیده ایکی یوز قدرکشی خوجه نیازحاجی نیڭ یانی غه باریب توریاندا بولوب تورغان فاجعه لر نی بیان قیلیب انیڭ دین یاردم تیلادیلر[30]. خوجه نیازحاجی ملت نیڭ باشی غه کلمکده بولغان بو فلاکت و مصیبت لر دین غایت درجه ده متأثر بولدی و اولرنی بو بلالردین قوتقوزماق اوچون حرکت قیلماسلیق غه وجدانی چیدامادی. لیکن دشمن نی مغلوب اتمك غه اوز قوتی نی کافی کورمادی. یاراغسیز بولغان اوچون ملّت دین کافی قوّت توپلاماق نی امکان سیز کوردی. تیخی ختن و باشقه یرلرده کی ملی انقلاب لردین خبری یوق ایدی[31].

خوجه نیاز حاجی، ۱۹۳۳ ییلی ۲ نجی آیی نیڭ اخر لریده یانیغه قوربان و سالی دورغا، صوفی و فاضیل آخونلرنی الیب مقصود محیطی و همراه لری بیله ن قومول دین چقیپ لوکچون غه کلیب توختیدی. توریان خلقی عموما" اوگا قوشولدی. حمد الله اعلم آخونوم هم کلیب کوروشوپ سوندین کین کی حرکت پیلانینی مصلحت قیلیشادور[32].

بو احوالدین خبر تاپقان شیڭ زیخوی، اوستون قورالیغ آق اوروس عسکرلرینی لوکچون غه یوللایدور. اوچ کیچه کوندوز قانلیغ سوقوش بولودور. خوجه نیازحاجی مغلوب بولوب چالقان تاغ دیگه ن

يرغه چيكيليد ور. حمد الله آخونوم، مقصود محيطى و رقيب قاضى لركبى تورپان انقلابى نيڭ اڭ قيمتليك رهبرلرى، بو شوقوشده شهيد بولغان اون ميڭ غه يقين قهرمانلريميز آرسيده ايدى لر. مقصود محيطى نيڭ كيسيك باشى نى دشمن آستانه (توغولغان يرى) و لموك چون ده اسيپ قويوپ سازايى قيلدى. لوكچون خلقينى قتلعام قيليب شهرغه اوت قويدى.[33]

او كونلرده اورومچى ده سياسى قالاماقانچيليق پيدا بولغان ايدى، و اڭ اهميتليكى، جيڭ شورين نيڭ آرام آلغوزماى آلتى اى دين اوشوق بير زاماندين بيرى انقلانچى لرغه قارشى شوقوشغه سۇرگەن مهاجر آق اوروس عسكرلر آراسيده خوشنوت سوزلوق يوزبەرگيلى توردى. جين شورين، بولر نيڭ انقلابچيلر طرفيغه اوٚتوپ كتيشى احتمالينى چاغلاپ اورومچى غه قايتوروب آلادور. چينليغ عسكرلر انقلابچيلرغه قارشى تورالمايدور. شو نيڭ بيلەن تورپان، پيچان، لۆكچون دين اورومچيغه قاراپ سۇرولگەن دشمن عسكرلرينى محمود محيطى قوماندا اسيده كى مجاهدلر بياڭگو دا توساپ سوقوشادور.[34]

بو آرادا تورپان غه كەلگەن خوجه نياز حاجى بيلەن محمود محيطى كوروشەدور. شوقوش نيڭ موندين كين كى شكلى خصوصيده آرالريده الينغان قرار بوينچه مجاهدلر گوچيڭ و موريغه قاراب يوروش قيلادور، مورى نى اليب توختايدور.

١٩٣٣ ييلى ١نجى آيدا قارشهرغه چكيلبب او يرده كى تونگانلردين بيرر ميڭ عسكر توپلاپ كوچايغان ماشيمين، او كونلر ده شرقى توركستان ده بير تونگان دولتى قوروشى نيڭ ممكن ليكينى توشونوب ما جوڭ يڭ نى چاقيريپ چيقماق اوچون موصول حاجى (محمود محيطى نيڭ اكاسى) باشچيليقيدا بير هيئت نى دوڭخواڭ يولى بيله گانسوغه يوللايدور. بو دعوتدين محمود محيطى (سيجاڭ) نيڭ خبرى بولوپ بولميغانليقى خصوصيدا فرقليغ روايتلر باردور.[35]



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئەنشى دە بو هيئت غە يولباس بگ هم قوشولا دور. او كون لرده ماجوڭ يڭ،او نيڭ بيله سوقوش حالىدە بولغان مابوفا گدين قاچقيلى ير ايستەپ تورغان ايدى. مذكور هيئت نيڭ كلگينيدين خرسند بولوپ ايكى ميڭ اتليغ و اوچ ميڭ پيادەدين عبارت قوتى نيڭ تمامينى اليپ ١٩٣٣، ٣نجى آى نيڭ آخريده گانسو دين شرقى توركستان غە ينه چيقادور. او كونلرده قمول دا چين عسكرى قوتى آز قالغان ايدى. ماجوڭ يڭ نيڭ قوتلرى قمول نى اليپ گوچيك غە يوروش قيلدى.[36]

موندين كيىن خوجه نيازحاجى آرقه سى غە يانيب ماجوڭ يڭ نيڭ استقبالى غە باريب قومول و توريان آراسيدە اوچراشيب اوترا دە توختام قيليشتيلر. بو معاهدە نيڭ حقيقتى نى اچوق بيلما يميز. اما خوجه نيازحاجى نيڭ طرفدارلريدين اڭلاغانيميزغە كورە بو معاهدە فقط خوجه نيازحاجى غە ماجوڭ يڭ يارد م قيليب جين شو رين دين شرقى توركستان نى آلماق و توشكەن ياراغ و اولجه لر نيڭ يەريمونى ماجوڭ يڭ آلماق و اوروش اثناسيدە خوجه نيازحاجى،ماجوڭ يڭ نيڭ پلانى آستيدە ايش قيلماق مضمونى دە ايدى. بو ايكولەن نيڭ هيچ بيرى ينه بيرى غە تابع بولمغان ايدى. تونگانلر نيڭ دعواسى غە كورە " خوجه نيازحاجى قيد وشرط سيز ماجوڭ يڭ غە بيعت قيلغان ايدى " ديدورلر.[37]

ديمك كه بو ايكى كشى بيرلەشتى لر و قوت لرى نى بير قيليب، جين شورين نيڭ قوتى همەدين تولا راق بولغان،گوچيڭ و جيميساغە هجوم قيلماق غە قرار بردى لر. مشاهدلر نيڭ روايت لرى غە كورە گوچيڭ نى تونگانلر و جيميسا نى تورك لر الماقچى بولغان. شوڭا ماجوڭ يڭ نيڭ تونگان عسكرلرى گوچيڭ نى اون ايكى كون سوقوشوپ الديلر. بو شهرده تقريباً يگيرمە ميڭ قوراللىغ چين عسكرى بار ايدى. بو شوقوشدا اولجا توشكەن نورغونليغان ياراغ و جبخانه نيڭ تمامينى ماجوڭ يڭ آلدى. خوجه نياز نيڭ عسكرلريدە ميلتيق سيزلر تولا ايدى بو لر اوچون ياراغ طلب قيلدى. ماجوڭ يڭ برمەدى، خوجه نيازحاجى جيميساغە هجوم قيليب بير نچه كون سپيل نى (گوچيڭ دين ٣٥ كيلو-

میتر اورومچی طرفیده مستحکم بیر مَوقی ) بیر نچه کۏن محاصره قیلدی.
اخراً او یر دەکی چینلیغ لر یاراغ لرینی تسلیم قیلماقچی بولوب اوروش
توختادی . ارتەسی سهر دە یاراغ نی تسلیم آلماقچی بولوب سپسیل
دین اوزاقلیشیب کیچەلەمەك اوچون بیر یرغە توشوپ یاتتی. کیچە دە
ماجوڭ یكڭ سپیل ایچیدەكیلر بیلەن خبرلەشیب بیر نچە اوتو
موبیل دە جیمیسا غە عسکرا بیاریب او یر دەكی بیرمیڭ سەككیزیوز
میلتیق و نورغون جبخانه لرنی تافشوروب الیب خوجه نیاز خاجی غە
تویغوزمای كوچیكڭغە الیپ كەتتی . بو انصاف سیزلیق سببید ین
خوجه نیاز حاجی و تابع لری تولا خسپه بولد یلر . صبر قیلماقد ین
باشقا چاره لری یوق ایدی.[38]

ماجوڭ یكڭ شرقی توركستان غە چیققان كونلردە اورومچی
دە چینشورین آغدورولوپ ( ١٩٣٣ ، ٤نجی آی نیڭ ١٢نجی كونی ) یری
غە شیڭ شی سەی دوبەن (عسكر ی عمومی والی ) بولا دور ( ٤نجی ای
نیڭ ١٦نجی كونی ) . بو واقعه نیڭ تفصیلاتینی" اورۏمچی حادثه لری"
فصلیده بیان قیلامیز . گوچیكڭ و جیمیسا كبی اورومچی نیڭ مدافعه
سی اوچون بیرینجی درەجەدە اهمیتلیك یرلر الینغاندین كیین د رحال
اورومچی غە هجوم وقتی كلگەن ایدی.[39]

ماجوڭ یكڭ نیڭ قورغان پیلانی بوینچه خوجه نیازحاجی
نی اورومچی غە ایگری ماكذوروب اۏزی اۏرۏمچی نیڭ غربی دەكی مناس،
قوتوبی ، سانجو وشیخو شهرلری غە هجوم قیلیب اویرده كی یاراغ
و غایت تولا اولجه لرنی اۏزی الماقچی ایدی. منه بو پلان غە موا
فق خوجه نیازحاجی نی اورومچی نیڭ یگرمه میل شمال شرقی سیدە
كی فوكاڭ قصبه سی نی فتح قیلماق غە اویرد ین اورومچی طرفیغە
ایلگریله مكغە تكلیف قیلدی . خوجه نیازحاجی د ید یكه : من حاضر
د ورمن اما عسكریم نیڭ قولیدە یاراغ و جبخانه یوق دور . مڭاكافی
یاراغ و جبخانه بیریڭ " . ماجوڭ یكڭ آزغنه جبخانه بردی لیكن
میلتیق برمدی . ینه بیر طرفد ین ماجوڭ یكڭ اشوق یاراغ و جبخا
نه لرنی گانسوغە یوللاماق غە تیارلاغانی معلوم بولدی . بو خیانت



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

سببی دین خوجه نیازحاجی و تابعلری نیڭ طاقتی قالمفودهك درجه غه یتتی . لیکن ناعلاج فوکاڭ غه یوروش قیلیب اویرنی فتح قیلدی. ماجوڭ یڭ مناس ، شیخو ، قوتوبی و سانجو شهرلرینی او یرلردهکی تورك و تونگاندین عبارت بولفان مسلمانلر نیڭ یاردمی بیلهن فتح قیلدی .

بو صورت بیلهن اورومچی غرب و شرقدین محاصره بولــدی . بواوترادە شیڭشی سهی کلیشمهك اوچون هیچ بولمسه خوجه نیاز حاجی و ماجوڭیڭ نی بیر بیری دین ایریماق اوچون تریشمکده ایدی . هر بیری غه باشقه باشقه و ارقه ارقه دین الچیلر یوللاب هر قسم کلیشمه شرط لرینی اراغه سالماقده ایدی . ما نیڭ یوقاریقی خیانتکارانه معامله سی توغراسیدین خوجه نیازحاجی بیلهن اراسی بیراز بوزولغانلیقی نی شیڭشی سهیاڭلاب درحال خوجه نیازحاجی غه الچی یوللاب غایت مساعد شرطلر بیلهن کلیشمه تکلیف قیلدی.[40]

منه بو نقطه شرقی تورکستاننیڭ مستقبلدهکی مقدراتی نی تعین قیلادورغان غایت نازُك بیر امتحان نقطهسی ایدی . چونکه شیــڭ نیــڭ مقصدی هر بهانه بیلهن بولسه بولسون بو ایکیدشمنی نی بیر بیریدین ایریماق ایدی . بو ایریلماق شرقی تورکستانغه قورقونچ بیر خطر نیڭ باشلانفوچی بولماقی نی هر عقلیبارکشی بیلور ایدی . خوجه نیازحاجی اوچون وضعیت، ماجوڭیڭ نیڭ خیانتی و انصافسیزلیقی غه بیر مدت صبر قیلماق نی، ایاقدهکی آشدهك بولوب تورغان اورومچی فتحیدین کین انیڭ بیلهن اچوق میداندە حسابلاشماقنی کرهکتورمکده ایدی . شیڭسی سهی نیڭ هر ایشی نیڭ گوللام چیلیق ایکهنلیکی معلــوم ایدی . لیکن خوجه نیازحاجی بونی تولوقی بیلهن فهم قیلالمای شیڭشی سهی نیڭ اراغه سالفان کلیشمه شرطلری نی قبول اتتی و کلیشمهغه قرار بیر یلدی . کلیشمه نیڭ مهم ماده لری بولر دور.

( ۱ ) شیڭشی سهی، خوجهنیازحاجی غه یگرمه میڭ میلتیق، بیــر نچه میلیون اوق، بیر میلیون سر پول بیرادور . بو یاراغ و جبخانه و پول نیڭ اوچ دین بیری نقد و قالدیسی نی مــا

جوڭ يكْ نى شرقى توركستان‌دين قوغلاب چيقارغاندين كين بيريله دور .

( ۲ ) تڭرى تاغلرى‌نيڭ جنوبى‌دين عبارت بولغان قومول ، تورپان و آلتى شهر اۇلكه لرى‌نى نه‌نجاڭ (جنوبى ولايت ) اسمى بيله‌ن خوجه نيازحاجى توپ توغرا چين حكومتى آتيده اداره قيلادور .

(۳ ) بو نيڭ مقابليده خوجه نيازحاجى جين شورين بيله‌ن دوست، ماجوڭ يكْ بيله‌ن دشمن بولوب انيڭ بيله‌ن لازم كلگه‌نده محاربه قيلادور . جيڭ شورين و ماجوڭ يكْ بيربيرى بيله‌ن اوروشقاندا خوجه نيازحاجى جين شورين‌غه‌ياردم قيلادور ويا طرفسيزتورادور .

منه بو ماده لرده اۆتكه‌ن پول و ياراغلر و شرقى توركستان‌نيڭ پريمى‌دين تولاراقى‌غه حكمدار بولماق خوجه نيازحاجى‌غه غايت چوڭ بير فايده كورونوب بو كليشمه نى قبول اتتى . ۱۹۳۳ ، ٦آى‌نيڭ ۸نجى كونى خوجه‌نيازحاجى و شيڭ‌شى سه‌ى نيڭ الچى‌لرى شيماگو (اورومچى نيڭ يته ميل شماليده بير ير ) ده كوروشوب معاهده‌نامه‌غه امضا قيلدى لر . آلديدين بيرالا دورغان پول و ياراغ‌نى آلدى . اوروش ميدانى‌دين چيقيب تورپان غه كلدى . خوجه نيازحاجى نيڭ بو ايشى‌نى اۇزى نيڭ صميمى مسلكداشى بولغان بعضى بعضى كيشى لر تنقيد قيليب قبول اتمدى . ليكن خوجه نيازحاجى بو ايشى‌دين يانماى معاهده غه قول قويدى .[41]


خوجه‌نيازحاجى تورپان غه كه‌تكه‌ندين كيين ماجوڭيڭ قوت لرى شيڭ نيڭ قوت‌لرى بيله‌ن اۇچ تورت يرده سوقوشوپ ، بعضاً غاليب و بعضاً مغلوب بولوب ، اۇزى اۇرومچيدين چيققان هيئت لر بيله‌ن مذاكره يۈرۈتوپ و اۇرۇمچيغه هيئت يبه‌ريب تورغان‌حالده ايلى ده كى چين قوتلرى قوماندانى بولغان جاڭ بيپوه‌ن (بالدورقى به‌ى‌زيخوى سيليڭ و شيڭ نيڭ رقيبى) بيله‌ن ، شيڭ‌شى سه‌ى نى آغدوروش اۇچون اتفاق قوردى . هر ايكى‌سى نيڭ قوتلرى اۇرۇمچى نى قورشاپ آلدى ، شهر نيڭ بعضى محله لرينى به‌سيب آلدى . بو محاصره بير



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

اَی قدر سوْردی . بو آرادا شیڭ دوبه‌ن سویت حکومتی بیله‌ن مخفی کلیشمه توزدی . بو کلیشمه بوینچه مه‌کانیزه سویت عسکرلری شرقی تورکستان غه کیریب سوقوشقه شیڭ طرفیدین آراشلاشتی ماجوڭیڭ عسکرلرینی قورقونچ مغلوب قیلدی . ماجوڭیڭ قاچیپ یولی اوْستیده‌کی سانجو ، قوتوبی ، ماناس و شیخو شهرلریغه اوت قویوپ گوچیك غه چیکیلدی . شیڭشی سه‌ی نیڭ عسکرلری مذکور شهرلرغه استیلا قیلیب اویرلرده‌کی مسلمانلرنی قتل‌عام قیلدی‌تعلقاتی نی کوْید وروب غایت قورقونچ قان توکتی لر[42].

بو حالده ماجوڭ یڭ نیڭ اوْز یورتی غه یانیب کتمکی نیڭ امکانی قالماغان ایدی . چونکه مابوفاڭ انیڭ یورتی نی اشغال قیلیب یولی نی توسوب تورغان ایدی . بو اوْچون ماجوڭ یڭ التی شهرغه اوْتمك اوْچون ۱۹۳۳ ، ۸-آی‌نیڭ اوترالریده‌گوچیڭ دین تورپانغه یوردی و خوجه نیازحاجی بیله‌ن اوروشماق غه باشلادی[43] (بیانی توبنده کیلادور).



شرقی تورکستان نیڭ شمال۔ شرق قیسمی ۔ یوللر و شهرلر .

# ۳ــ فصل

## ختن انقلابی

### انقلاب نینك کلیب چقیشی

یگرمنجی عصر نینك باشلانغو چیدا شرقی تورکستان هر تۆرلۆك عصری قاتناش و خبر الیش واسطه لری بیله دنیا مملکت لریغه اولا شالمغان ستروك حالده بولوب مانچو امپراطور لوقی نینك مستملیکه سی ایدی. بو نینك اۆستیگه مرکزغه اغیزده غینه تابع بولغان چین لیغ عملدارلر، شرقی تورکستان خلقی نی عصری معارف و تربیه دین محروم حالده اوتراچاغ قاراڭغولیقی ایچیده یاشاتور ایدی.

اوك و سول نی فرق اتکوچولوك بولغان وقتیمدین باشلاب چینلیغ عملدارلر نینك شرقی تورکستان خلقی غه قیلماقده بولغان ظلم و ناحق چیلیق لرنی و خلقیم نینك خورلانغانلیقی نی کوروب بکمو آچینور ایدیم. بو نینك تأثیریدین تولاکیچه لر نی اویقوسوز، خیال وسواس لر بیلەن تاڭ آتتورور ایدیم. یاشیم کچیك، علمیم یوق، تجربه سیز و مادّی قوت دین یوقسون ایدیم. دردیم نی سۆزلا یالا یدورغان کشیم یوق ایدی. حاصلی اون بش یاشیمدین بری چین ظُلمی غه قارشی نفرت حِسی، و ملتیم و یورتوم نینك حالیغه قایغوروش، کۆڭلۆم ده اورونلاشقالی باشلادی. بو حسیات نینك هایداقچیلیقی بیله ملتیم نینك تاریخی نی اۆگنوش، دنیا ملت لری نینك قدیمقی و عصری حیات لری نی تدقیق قیلیش ذوقی، کۆڭلۆم ده کوندین کونگه قوّتلنمکده ایدی. مع الأسف محیطیم ده مکا بو ساحه ده تربیه بیرادورغان کشی لر یوق ایدی.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

منه بو احوال بیله‌ن یگیرمه‌ایکی یاشیمدا مدرسه تحصیلیم نی توگاتیب مُدَرِّس‌لیک گه باشلادیم . کون ساری مدرس لیک ده اعتبار تاپدیم . سۆزوم نی تیڭلاغوده‌ك یاش یگیت‌لردین طلبه‌لریم نیڭ سانی کۆپایدی . طلبه‌لریم نیڭ، دوستلریم نیڭ وعموم خلق نیڭ محبت واخلاصی نی اۆزوم غه جلب اتادورغان دینی واجتماعی ایشلر بیله‌ن شُغُللانیب بو جهتدین یخشی موافق بولدوم . طلبه‌لریم دین تولا کشی نی وطن و ملت اوچون بیر حرکت قیلماق توغراسیده‌کی توشونجه‌لریم غه قوشالماق لرینی کۆتالایدورغان حال‌غه کلدیم .

لیکن یورت نیڭ وضعیتی ، ملت نیڭ روحیاتی و دشمن نیڭ کوچی حقیده یتکوده‌ك معلوماتیم یوق ایدی . مونداغ معلومات‌غه ایگه بولماق اوچون یورت نیڭ هرطرفینی آیلانیب چۆچَك شهریده اولتوروشلوغ تاتار عُلَمالریدین شیخ محمد مُراد ( رمزی ) افندی نیڭ آلدیغه باریب حدیث و تفسیر درسی آلماق اوچون چۆچَك غه بارامن دیب ختن دین ۱۳٤۹ هـ ( ۱۹۳۰م ) قیشدا یولغه چقیب کوچا ، کورلا ، قاراشهر ، تورپان ، اورومچی ، چوچك ایلی ، اقسو و اراده‌کی شهرلرغه باریب الته ای سیاحت قیلیب ختن‌غه یانیب کلدیم . بو سیاحتیمده یورت نیڭ وضعیتی ، ملت نیڭ روحیاتی و دشمن نیڭ قوّتی خصوصیده قناعتلانغوده‌ك معلومات قول‌غه کلتوردوم . ارادەم موغایت درجه‌ده کوچلاندی . تولا یرده مُنَوّر، صادق و جِدّی وطندوست و ملت پرورکشی لرنی تاپتیم . یوره‌کلری درد بیله‌ن‌تولغان ایکه‌ن . لیکن مع الأسف عَمَلِی بیر حرکت‌غه حاضر بولغان ویا سیاسی و ملی بیر انقلاب نی موافقیت‌بیله‌ن‌باشقورالغوده‌ك بیر کشی نیڭ بار ویا یوق لیقی نی بیله‌لمیدیم . فقط غولجه‌ده ثابت داملاحاجیم نیڭ بیر ملی انقلاب اوچون فعالیت‌گه کلمك فکریده ایکه‌نلیکی نی بیلدیم . من هم مقصدیم نی ثابت داملام غه آچتیم . بیر نچه کیچه صحبت اۆتکوزدۆك . موجود احوال‌دا یورت و خلق نیڭ قورتولوشی اوچون قوراللیق بیر انقلاب کوتَرمَك دین باشقه چاره نیڭ قالماغانلیقی غه

قناعت كلتور دوك . انقلاب نى ختن دين باشلاش نيكٔ مناسب راق ايكەنليكى غە قرار قيلدوق . ايكيميز نيكٔ فكريچە جين شوريـــن ويا چين مركزى حكومتى دين قورقوش غە كرەك يوق ايدى ، فقـــط سويت لر اتفاقى نيكٔ انقلاب غە آرالاشيب اليشى دين انديشـە قيليش كرەك ايدى . ثابت داملام حج فريضە سى نى ادا قيلماق و بعضى اسلام مملكت لرى دە سياحت قيلماق و بو آرادا ملى مجادلە ميز غە تگيشليك خلق آرا سياست نى تدقيق قيلماق نيتى بيلەن روسيە يولى دين ١٣٤٩هـ (١٩٣١م ٢-آى) دە يولغە چقتـــى .

منيكٔ بو سياحت دە قناعتيم بو ايكى نقطەغە توپلاندى:
١- همە دين ايلگرى خالص عسكرى ماهيت دە بير مخفى تشكيلات قورماق و دشمن تۆيۇب قاليشدين ايلگرى بير قوت غە ايگە بولوب ، بو يول بيلەن شرقى توركستان نيكٔ هر بير يانيدە خلقيميز نى تشويقات بيلەن انقلاب غە حاضرلاماق . ٢- انقلاب نيـــكٔ مركزى ختن ولايتى دە بولماق . (چونكە هم جغرافيائى وضعيـــت و هم خلق نيكٔ روحياتى اعتبارى بيلەن همەدين بو ولايتنى مساعد راق كۆردوم .) ليكن مكًا اكٔ مشكل كۆرۈنگەن و عزيمتيم غە مهـــم درجەدە ضعيف ليق كلتورگەن بير مسئلە بار ايدى . او، خلق نيكٔ ياراغسيز ليقى و يورت نيكٔ جغرافيائى وضعيتى نيكٔ ياراغلانماق غە مساعد ايماسليكى ايدى . بو مشكل نى حل قيلماق اوچون اكٔ يخشى چارە يورت نيكٔ هر طرفيدە انقلاب چيقماقى و دشمن نيكٔ قوتى نيكٔ پارچەلانماقى دور ديب توشونور ايديم . بو اوچون ينە بير سياحت قيلماق لازم ايدى . بلكە بير نچە سياحت لرنى كۆز آلديدە توتوب حيرانليق دە بير يريم ييل اوتتى و سِرّيم اولقيدەك كۆڭلۈم دە غينە قالدى .

بو حالدە قومول انقلابى قوزغالدى . آنچە مونچە خبرلر آلتى شهر غە كلگە لى باشلادى . ١٩٣٢م دە دشمن نيكٔ تمام قوّتى قومول غە توپلانيب باشقە يرغە سۆق اتكودەك احتياتى



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قوتی یوقلوقی معلوم بولدی. بو نیڭ بیلەن یوقاریقی مِنی حیران اتکەن مشکللیك بیر مقدار یَنگوْدی. یعنی یالغوز التی شهر اولکه سی نیڭ مهم یرلریدە غینه تشکیلات تأسیس اتمکنی یترلیك کوْروْر ایدیم.

موندا غ حربی ماهیتلیك بیر تشکیلات قوروش خصوصیدەکی نیتیم نی ۱۳۵۱ هـ، ۱۰ جمادی‌الاول (۱۱-۹-۱۹۳۲) دە کیچیك اینیم نور احمد اخون غه اچتیم. او فوق‌العادە هیجان بیلەن بو فکر نی قبول قیلیب بیرینجی اعضا بولدی. بیرایکیدین اعضا توپلاماق غه کیریشتوك و بیر آی ایچیدە اللیگ دین آشوق راق اعضادین مرکب بیر مخفی جمعیت وجود غه کلتوردوك. ختن دە بو جمعیت نیڭ قسقه زماندە یتکودەك اعضا غه ایگه‌بولماقی نیڭ شبهه سیز ایکەنلیکی بیلیندی. کاشغر و یارکند و باشقه‌یرلر دە هم جمعیت لر تشکیل اتمك فکری توغولدی. همەدین‌کاشغر نی مهم راق و آسان‌راق خیال قیلیب او یرغه نوراحمداخون نی یوللادوق. کین‌راق اعضالردین قربان اللەنی هم ایباردوك چونکه بو ایکی‌سی بیر نچه ییل‌دین بری کاشغردە اوقوش بیلەن مشغول بولوب مدرسه طلبه لری بیلەن علاقه سی‌تولا ایدی. مدرسه اوقوغوچیلریدین‌اعضا توپلاماق همەدین اسان ایدی. بو ایکی‌سی بو وظیفەدین باشقه کاشغردە حکومت نیڭ حرکاتی نی مراقبه‌قیلماق و او یردەکی بیر فرقه دییلگەن چین عسکری‌نیڭ حربی قوّتی نی‌بیلمك و موکًا مناسب ایش‌لرغه بویرولدی. اما بولر کاشغردە جمعیت تشکیل قیلماق‌غه موفق بولالمادی لر. باشقه وظیفه لرنی یخشی صورتدە آدا قیلیب انقلاب غه اولگوروب یانیب کلدی لر.[44]

اعضالری میز نیڭ اڭ مهم فعالیتی، ممکن بولغان قدریاراغ توپلاماق و پول چوغلاماق ایدی. باشقه فعالیتیمیز هم تقدیر غه لایق ایدی. آلته آی دوام اتکەن یوشورون حرکتیمیز

نتیجه سیده قاراقاش نیڭ تمام کنت لریده هر صنف دین اعضالر توپلانیب هر صنفده و بلکه هر اعضاغه اوزیغه لایق وظیفه لر تعین قیلیندی. ایلچی[45] اطرافیدین هم مهم مقدارده اعضالر جمعت غه قوشالدیلر. دشمن نیڭ تمام احوال، حرکت و اسراری نی هرکونی بیلیب تورالایدورغان بولدوق. لیکن بو مدت ایچی ده دشمن بیز نیڭ هیچ بیر حرکتیمیز غه واقف بولالمادی لر. الحاصل شوال آییده اعضا ویاراغ لریمیز ختن ولایتی دهکی چین قوتی غه برابرلیك قیلغودهك درجه غه یتتی.

شعبان آییده ثابت داملا حاجیم حجاز، تورکیه، مصر و هندستان سیاحتی دین یانیب ختن غه کلدی. سیاحت تأثیرات لرینی اکلاتتی. مصر، حجاز و هندستان ده بعضی سیاسی کشی لر بیلهن کوروشکانلیکی نی شرقی تورکستان ده بیر ملی انقلاب چیقسا قوشنه دولت لر نیڭ مداخله قیلیش لری احتمالی نیڭ از ایکهنلیکی نی، جامعةالملل (ملت لر جمعیتی) نیڭ نظامی بویونچه بیر یورت نیڭ داخلی مجادله سیغه باشقه بیر دولت نیڭ مداخله قیلماقی نیڭ جائز ایماس ایکهنلیکی نی اوختوروب غولجه ملاقاتیمیزده قیلشقان مصلحت غه کوره ختن ده بیر انقلاب تشکیلاتی قورماق مقصدی بیلهن توپ توغرا ختن گه کلگهنلیکی نی سوزلاپ اوتتی.

ایرته سی من ثابت داملا حاجیم غه اسراریمیز نی سوزلاب توضیحات بردیم. بوذات فوق العاده خورسند بولوب جمعیت غه اعضا بولماقی نی طلب اتتی، و جمعیت غه اعضا بولدی. ثابت داملاحاجیم،رمضان آییده قرآن درسی برمك پرده سی آستیده قران جهاد آیت لرینی تفسیر قیلیب عمومی بیر تشویقات وظیفه سی نی بوینیغه آلدی. بو تشویقات خلقغه مهم درجهده تأثیر قیلیب بیز نیڭ اعضا توپلاماق فعالیتی میز غه تولا باردم قیلدی. رمضان نیڭ آخیریده ینه بیر مهم اعضا آرامیزغه قوشالدی. ختن ده برینجی درجهده دینی و ملی نفوذ غه ایگه بولغان محمد نیاز اعلم آخونوم ایدی. بو سایهده شوال آییده



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

جمعيت اعضاسی غایت ایتیگ لیك بیله‌ن آشتی . اعضالر نیڭ
هه‌مه‌سی قوراللیغ بولمسه مو یوزده یگرمه سی میلتیق بیله‌ن، قالدی
سی قیلیچ و سوٚڭگو (نیزه) بیله‌ن یاراغلاندی .

ه شوال (۱۹۳۳، ۲ - آی‌نیڭ ۱ - کونی) پوتون اعضالرغه
خبربیریب، ۲ - آی‌نیڭ ۱٦ - کونی پنجشنبه، شهرنی فتح قیلماق
صورتی بیله‌ن انقلاب باشلاناماقغه قارار بیریلدی . دوشنبه کیچه
سی اعضالردین اون‌سکزکشی تمام اعضالردین وکیل‌لیق صفتی
بیله‌ن محمد نیاز اعلم آخونوم نی حکمدارلیق غه سایلاپ اوگا
بَیْعَت قیلدوق.[46] ثابت داملاحاجیم حکمدارغه مشاور و هم
معارف، عدلیه و دین‌اشلریغه‌مسئول تعین بولوب پنجشنبه‌اوروش
باشلاماق‌قراری تاءکید قیلیندی . دوشنبه کونی هم قارا قاش
و هم ایلچی حکومت اداره‌لریده‌کی مخبرلریمیز، حکومت نیڭ
بیز نیڭ حرکتیمیزدین خبرتاپقانی، بیزنی توتماق اوچون ختن
ده‌کی عسکرلرینی کافی کوٚرمه‌ی گوماده‌کی چین عسکری‌نی چاقیرغانی،
اوعسکرلر نیڭ یولغه چیققانی و پنجشنبه کونی قارا قاش‌غه کلمکی
دین خبرالدی‌لر . بوخبرنی ایشتیب یاقین‌ده‌کی اعضالرنی
یغیلماق غه دعوت قیلدوق . قارا قاش‌غه پنجشنبه کونی هجوم
قیلماق قاراری‌نی بوزوب ۱۷ شوال ۱۳۵۱ هـ (۱۹۳۳-۲-۱۳ م)
دوشنبه‌کونی شامی‌ساعت اون (سهر ساعت‌بش) ده هجوم قیلماقغه
قرار بردوك .

قاراقاش و ایلچی نیڭ قورتولوشی

یوقاریقی قرارغه اویغون قراقاش‌غه هجوم قیلماق‌وقتی‌کلدی.
لیکن توپلانغان قوتیمیز ٦۸ کشی ایدی . قوت نیڭ ازلیقیغه قاراب
قراریمیزنی بوزمای۲نجی آی نیڭ ۱۳ - کونی **ساعت‌بش‌ده** هجوم امرینی
بردیم. دشمن غافل‌بولغانی اوچون‌اوروش یریم‌ساعت دوام‌قیلیپ قاراقاش
شه‌ن‌جاڭ (چین‌لیغ حاکم) باشلیغ ۳٦ چین‌لیغ اوٚلتورولدی و ۱۲ اسی
ایلچی‌غه قاچتی، قالغانی اسیربولدی . بونیڭ بیله‌ن ساعت ٦ ده

شهر فتح بولوب تینچلیق بولدی . شام وقتی غهچه شهر و اطرافدین پالدو، کتمن ، و تاماق کوتریشیب اون میڭ قدر خلق شهرغه تولدیلر آقشام ساعت اون ده بیر میڭ کشی نی قاراقاش دریا بویی غه یوللاب ایلچی یوللری غه قاراوللوق غه بهلگولهندی . بونیڭ بیلهن برابر ینه بیر میڭ کشی نی چوڭ اینیم عبدالله آخون و اعضالردین اسماعیل داملا لرنیڭ قیادتی آستیده زاواغه یوللاب او یرنی اشغال اتمك و گومادین کلمکده بولغان چین عسکرلری نیڭ آلدی نی توسماقغه امر اتیلدی . ارتهسی سهشنبه کونی قراقاش نیڭ ظبط و ربط ایشلر و باشقه پروغراملرنی تیارلاماق بیلهن اوّتتی. آخشام دریا بوییدکی عسکرلرنی ایلچی غه یاقین بارماقغه امر بردوك . زاواده‌کی عسکرلر کیچه‌لهپ گومادین او یرغه کلگهن چین عسکرلرینی غافللیقده باسماق اوچون یوروش قیلدیلر. لیکن چین عسکرلری بو یوروشدین غافل قالمای پیالمهدین کیچهلب یولده بوقتورما قیلیب تورغان ایکهن. بیز نیڭ عسکرلر موندین غافل حالده یاقینلاشقان همان دشمنلر بولرنی اوشتومتوت اوقغه توتوب تولا مجاهدلرنی شهید اتتیلر، قوتیمیز پراکنده بولوب آرقهغه یاندی . چین عسکرلری هم توتقامیش آرقهدین قوغلاب اوتراده‌کی ۲۳ کیلومیتر چۆلده ینه ایکی یوز غه یاقین کشی شهید بولدی. مجاهدلر قوم رباط و تاربوغازده توپلانیب مدافعه وضعیتی نی الیب توردیلر. چوشدین کین ساعت تۆرتده دشمن یتیپ کلیپ تاربوغازده غایت قاتیغ اوروش بولدی. مستحکم یرلرنیڭ همهسی دشمن قولیغه توشتی. لیکن مجاهدلر آخشامده قاتیغ بیر مقابل هجوم بیلهن دشمن نی قطعی صورتده مغلوب اتیب قاچوردیلر، بو یمان و آستن اوستون چولده دشمن نی کیچهده قوغلامادیلر. دشمن شو قاچقانچه گوماغه کتتی.

پنجشنبه کونی ایلچی غه یورگهن عسکرلریمیز شهرغه بیر میل اۇزآق بولغان آقتاش غه بارغانده شهردین بیر قطعه آتلیغ چین عسکری چیقیب اوروش بولدی، مجاهدلر مغلوب بولوب ارقهغه یانغان بولسه مو دشمن اولرنی قوغلامای شهرغه یانیب کتتی. بو نیڭ بیلهن هرایکی طرفیمیزده‌کی دشمن نیڭ تعرض قوّتی سینیب خاطر



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

جمع بولدوق. ایلچی نی محاصره قیلماق و کاشفردین کلمك احتمالی بارد شمن قوّتی نی توسماق اوچون تیارلیق قیلماقغه باشلادوق. یگرمه بش شوال سه‌شنبه کونی ایلچی غه ایکی یول بیله‌ن عسکر یوللادوق، هجوم قیلمای، شهردین بیر نچه میل اوزاقده توختاماق و کاشفر طرفی دین قوّتلیك د شمن عسکری کلمك ویا کلمه ماسلیك معلوم بولفونچه ایلچی نی اوشبو وضعیت بیله‌ن اوزاقدین محاصره قیلماقغه قرار بیریلدی. من زاواغه چیقیب، کاشغر طرفیدین کلادورغان خبرنی کوتمك و هم اویرده قوّت توپلاماقغه باشلادیم.

چهارشنبه کونی کاشفر طرفیدین اساسلیغ بیر قوت کلمگه‌نی و یارکند نیك بو طرفیده قوت یوقلقی انیق بیلیندی. ارته‌سی پنجشنبه سحرده چوك اینیم عبد الله آخون ایلچی جبهه سی غه قوماندان تعین قیلنیب ایلچی نی محاصره قیلماق اوچون یوللاندی. جمعه کونی شهر نیك شمالی د ه‌کی نارباغ کنته سیفه و غربی د ه‌کی شورباغ محله سیفه عسکرلریمیز باریب توشتی‌لر چوشدین‌کین ساعت بیرده شهردین چین عسکرلری ایکی تیمور توپ (تَیپو) بیله‌ن نارباغ جبهه سی غه هجوم قیلدی. اوچ ساعت اوروش بولدی. اخیراً مجاهدلر د شمن نی آراغه الیب، قوماندانیی باشلیغ تولاسی نی اوّلتوردی لر. بك آز بیر قسمی قاچیب یکّی شهرغه کریب آلدی. اوّلگه‌ن و اسیر بولغان د شمن‌لر نیك توپ و یاراغ لری مجاهدلرغه اولجه توشتی. مجاهد لرد شمن نی قوغلاغانچه شهرغه یوروب کهنه شهرنی فتح قیلدی لر. بو خبر کیچه‌ده قاراقاش و زاواغه کلدی. ارته‌سی تاك آتقاندا ایلچی نیك محاصره ایشی نی اوزوم اداره قیلماق اوچون ایلچی غه کلدیم. زاوا جبهه سیده‌کی عسکرلریمیزغه بیر ایکی کشی آرقه آرقه دین قوماندانلیقغه تعین قیلینسه مو بولر کفایت سیز کورولگه‌ن او- چون کیچیك اینیم نور احمد آخون زاوا قوماندانی تعین قیلیندی. ایلچی د ه‌شنبه‌کونیدین‌باشلاب یکّی شهر تورت طرفیدین آراغه‌الیندی و محاصره شد تله‌ندی. ۱۲ ذیلقعده (۱۹۳۳-۳-۹) پنجشنبه اوروشنی توختاتیشغه پوتوشتوك، صلح مذاکره‌سی باشلاندی و ارته‌سی جمعه



ختن انقلابچیلریدین بیر گروپ . الدی صفده قاراچاپانکیگه‌ن امیرمحمدامین (بوغرا)

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

كونى مذاكره اوچون بيز طرفدين يكى شهرغه هيئت كيريب كليشمه غه اتفاق بولوب مصالحه نامه نيك امضاسى اوچون دشمن نيك باش قوماندانى آخشامده منيك آلديمغه چيقتى. دشمن تمام ياراغ و حكومت خزانه سى نى و آتلرى نى و شهرنى بيزغه تسليم اتمك، و بيزلر نيك جان و ماللريغه امان برمك و خواهلاغان دشمن مسلمان بولماق شرطلرى بيله ن توختام امضالاندى. دشمن ارته سى شنبه كونى دين باشلاب ياراغ و خزانه نى تافشورماقغه و بير طرفدين علمالر نيك آلديده مسلمان بولماقغه باشلاديلر.

بو حالده كاشغر، ياركند، قارغاليق و گومادين قوتليك چين عسكرلرى توپلانيب ايلگريكى ختن والى سى يه ن دوته ى قوماندا سى آستيده گومادين ختن غه يورگه ن خبرى كلدى. درحال ايلچى دين چيقغان ميلتيق و جبخانه لرنى عسكرغه تارقاتيب دوشنبه آخشامى مولوى صبغته الله نى آلتى يوزاليگ كشى ليك بير قوّت بيله ن زاوا جبهه سى نيك ياردمى غه يوللادوق. سه شنبه آخشامى دشمن نيك پيالمه غه كلگه ن خبرى كلدى. زاوا جبهه قوماندانى نوراحمدآخون منيك اوروش ميدانيده حاضر بولماقيم نى التماس اتتى. بو اوچون من ارته سى چهارشنبه سحرده زاواغه يوردوم و ساعت اون ايككى ده زاواغه ياروديم. دشمن قومرباط غه كليب قراوللريميز بيله ن محاربه باشلانغان وقتى ايكه ن. درحال قومرباط غه يوردوك. ساعت يريم ده اوروش شدتله نيب ساعت بش يريم غه چه هيچ بير طرف يكيلماى محاربه بولدى. شوساعتدين كينلا دشمن قاچقالى باشلادى. بيز نيك اتليغ عسكرلر دشمن نى آق لنگر نيك ياقينى غه چه قوغلاب كيچه قراكغولوقى سببى دين يانيب كلديلر. تاربوغازده كى عسكرگاهيميزغه ياندوق.

بو نيك بيله ن كاشغر طرفيدين دشمن كلمكى دين خاطرجمع بولوب تعرض نوبتى بيزغه كلگه نى نى بيلدوك. بو اوترادا ختن ولايتى نيك شرقى ده كى چيرا و كريا شهرلرى هم فتح بولدى. بو ايكى شهرنى بيز عسكر ايبارمه كفه حاجت قالماى اۆز خلقى فتح قيليب ختن حكومتى غه بيعت قيلديلر.

قوم رباطمحاربه سیدین قاچقان یەندوتەیو چین عسکرلری گوماغه باریشدین ایلگری گومادە "چین عسکرلرینی ختنلیك لر کاملاً یوق اتمیشلر" دیگەن خبری پیدا بولوب موندین هیجانغه کلگەن گوما خلقی شهرغه هجوم قیلیب بیر کیچه اوروشدین کین شهرنی فتح قیلدیلر. اوچونجی کونی یەندوتەی عسکرلری بیلەن قاچیب گوماغه کلدی. بو خبرنیك توغری ایماسلیکینی اوقفان خلق نیك تولا راقی قاچیب شهردین اوزاقلاشتیلر. دشمن شهرغه کیریب قتلعام و بولان تالانغه توردیلر. تقریباً تورت یوز اللیگ کشی شهید بولدی. شهردەکی تمام اۆی سارای مدرسه لرنی تالان قیلدیلر. بو حالدە کاشغردین یەندوتەی نیك یاردمی اوچون ایبارلگەن ایکی توپخانه و بیر قطعه قیرغیز عسکری قارغالیقغه کلیب اویردین گوماغه یوردی. قارغالیق خلقی شهرغه هجوم قیلیب شهرنی فتح قیلغاندین کین دشمن نیك ارقه سیدین قوغلاب بشاریقدە محاربه بولوب اخیراً دشمن نی مغلوب و اسیر قیلیب توپ و جبخانه لرنی اولجه الدیلر. یەندوتەی گومادە بو خبرنی اڭلاب عقلی شاشیب قاچماقدین باشقه چارەکۆرمەی گومادەکی چینلیغلرنی وعسکرلرینی الیب چوك یولنی تاشلاب تاغ یولی بیلەن یارکندغه یوردی. یول اۆستیدە هریردە خلق نیك الدینی توسوب تولا ضایعات برگوزدی. او هم قولیدین کلگەن مقداریچه بیگناه خلقنی اۆلتوروب و ابادلیق لرغه اوت قویوب میڭ بیر مشکللیك بیلەن یارکندغه باردی.

گوما فاجعەسی ختنگه اڭلانیب ۲۸،۱۹۳۳مارتدە نور احمدآخون و مولوی صبغتەالله نی ایکی میڭ کشیلیك قوّت بیلەن گوما و قارغالیق مجاهدلری نیك یاردمی اوچون یوللادوق. لیکن بولر بارغوچه یەندوتەی یارکندغه بارغان و هم کاشغردین ییکی یاردم عسکری کلیب یارکندده مهم مقداردا چینعسکری توپلانغان ایدی. نور احمداخون قربان عیدغه قارغالیقغه باردی. بو آرادە پوسکام شهرینی هم اۆز خلقی فتح قیلیب قارغالیق مجاهدلری بیلەن بیر لاشیب یارکند دریاسی بوییدە توپلانیب تورغان ایدیلر. نور احمدآخون اوزی بیر مقدار قوّت بیلەن قارغالیقدە قالیب،مولوی



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولیازمىلار ئامبىرى

صبغتەالله نیكٔ قیادتی آستیدە یارکندغە عسکر یوللادی. بولرمقا و مت سیز یارکند کهنه شهرغە کیرسەلرمو شهر ایچیدە قاتیغ اوروش بولوب مولوی صبغتەالله شهید بولدی. لیکن عسکرلر تخیمو غیرت لانیب محاربەغە دوام اتتی. اخیراً دشمن مغلوب بولوب یکٔی شهرغە قاچیب قامالدیلر. نوراحمداخون بو خبرنی ایشتیب درحال قارغالیقدین یوروش قیلیب یکٔی شهرنی محاصرە قیلدی.

ختندە، یوقاریقی صورتدە یارکندغە عسکر یوللانغاندین کین، ایلچی شهرینی پایتخت قیلماقغە قرار بیریلیب بش ذیلحجە (۱۹۳۳-٤-۱م) دەحکمدار محمد نیاز آخونوم مراسم بیلەن قاراقاش دین یۆتکالیب ایلچیغە کلدی. ارتەسی ختن شهرلری نیكٔ کاتەلری بیکٔی باشدین اعلم آخونومغە بیعت قیلیب مَلِك عنوانی بیلەن حکمدار اعلان اتیلدی.

یارکنددە چین قوّتی تولا و بیکٔی شهرنیكٔ سپیلی بەك کگٔرو و مستحکم بولغانی اوچون یارکندغە یاردم یوللاماق لازم بولوب یگرمە ذیلحجەدە عبدالله اخوننی یارکندغە عمومی قوماندان تعین قیلیپ بیر مقدار عسکر بیلەن یارکندغە یوللادوق.

**یارکندفتحی**

نوراحمدآخون یارکند غە کیرگەندین باشلاب یکٔی شهر سپیل ایچیدین باشقە تمام یارکند ولایتی ختن حکومتیغە باغلانغان. ۲ محرم ۱۳۵۲ (۱۹۳۳، ٤-آینیكٔ ۲۷-کونی) دە یارکند غەکیریب محاصرە ایشینی اولقیدین قاتتیغراق الیب باردی. مَلِك، بو ایکسی اینیم غە "امیر" عنوانی بەرگەن ایدی. خلق آراسیدە عبدالله آخون، "شاەمنصور" و نوراحمداخون، "امیرصاحب" عنوانلری بیلەن تونولغان ایدی. من بو کتابدە اولرنی "امیر" عنوانلری بیلەن یازامن.

ماجینسا مارالباشیغه کلگه‌نده مارلوك له‌نجاك (یوز باشی) نی یوز قدر تونگان عسکری بیله‌ن،کۆرۈنۈشده یاردم اۈچون حقیقتده جاسوسلوق و یارکند غنیمتلریغه شریك بولماق اوچون،یارکندغه یوللادی.

امیرعبدالله و امیر نوراحمدلر بو تونگانلرنی اوروش ایشیغه سالمای،ظاهرده مهمان، حقیقتده نظربند صورتیده ساقلادی؛ و کاشغرغه کتمك غه هم اجازه برمدی. بو آرآده امیرعبدالله کاشغرغه بیر هیئت یوللاپ تیمور سیجاك نیك ظَفَری مناسبتی بیله‌ن انی تبریك اتمیش و بعضی بیر نزاکتلیك عبارتلر بیله‌ن هر ایشده بیرلیکده بولماق و بیر بیرلریغه یاردم قیلیشماق نیتی نی اظهار اتمش دور. تیمور سیجاك بو سوزلرنی یاردم تیلاش معناسی بیله‌ن اکلاب حافظ تنجاك نی اوچ یوز کشی بیله‌ن یاردم غه یوللامیش دور. لیکن ختن مرکزی نیك موندین هیچ خبریمیز یوق‌ایدی.

بیر طرفدین یارکند یکی شهر محاصره سی نیك اوزون سۈرگه‌نی و ینه بیر طرفدین کاشغردەکیلر بیله‌ن آرامیزده سیاسی بیر اوقوشماسلیق پیدا بولوب قالیش اندیشه سی یوزیدین منیك ویا ثابت داملاحاجیم نیك یارکندغه باریشمیزنی لازم کۆردۈك، چونکه بیز ختنده توروب امیرعبدالله (۲۵ یاش) امیر نوراحمد (۲۲ یاش) لردین یاشلیق سببیدین کمچیلیك اۆتکه‌نمیکین دیب گمان قیلغان‌ایدوك. مَلِك (ختن حکمداری محمد نیاز اعلم) نیك برگه‌ن قراری بوینچه ختن حکومتی طرفیدین ثابت داملاحاجیم وظیفه له‌ندۈرۈلدی. داملام،صفر آیی نیك تۆرتۆنجی کۈنی (۱۹۳۳ـ ۵ـ ۲۹) ده یولغه چقتی. بو اراده، یعنی ثابت داملاحاجم یارکندغه یتیب بارماسدین، یارکندده‌کی چینلیغلر صلح تکلیف‌قیلیپ ختن فتحی‌ده‌کی شرطلر بیله‌ن توختام قیلینغان ایدی.

بو حالده ثابت داملاحاجیم یارکندغه یاقینلاشقاچ امیر عبدالله اوذاتنی مراسم بیله‌ن الدیغه بارامیزدیب شهردین چیقتی. محاصره غه مشغول عسکر قوماندانلری هم چیقتیلر. بو سببدین کهنه شهر بوشالدی و ییکی شهر اطرافیده‌کی عسکرلر قوماندانسیز قالدی. بو احوالنی یوقاریده ذکری اۆتکه‌ن تونگانلر کۆ




ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

روب درحال یاراغلانیب ییکّی شهر طرفیغه قاچتی‌لر. الدینی توسقان
بیر نچه عسکرنی شهید قیلیب قاچقانچه ییکّی شهرده‌کی چین‌لیغ
لر نیكْ یانیغه کیریب الدیلر . بو تونگانلر کیریب کاشغرده ماجیسا
نیكْ قوتی نیكْ تولا لیقی نی و بوگون ارته یارکندغه کلماکچی بولغانلیقی
نی ایتیب چین‌لیغ لرنی صلح قیلیشدین یاندوردیلر. بو نیكْ بیله‌ن
ینه اوروش باشلاندی . و تونگانلرنیكْ تشویقی بیله‌ن دشمن لر بیر
قتیم غرب دروازه ده‌کی عسکرلر نیكْ اوستیغه و ینه بیر قتیم کهنه
شهرغه اوشتومتوت هجوم لر قیلیب مجاهدلرنی خیلی ضایعاتغه
دوچار قیلدیلر . لیکن بو هرایکی هجوم ده ینه دشمن مغلوب بولوب
شهرغه قامالدیلر . الحاصل بو صورت بیله‌ن اون‌بش کون محاصره
شدت بیله‌ن دوام اتکه‌ندین کین دشمن لر تونگانلرنیكْ سوزی‌نیكْ
یالغانلیقی نی بیلیب مصالحه تیلادیلر . مه‌یلی چین‌لیغ لر مه‌یلی
تونگان لر تمام یاراغ و خزانه لرنی تسلیم اتمك و یالغوز تونگانلر آت
قامچی بولوب کاشغرغه کتمك شرطی بیله‌ن کلشمه بولوب ۱۹۳۳
۶ـ آی‌نیكْ ۱۷ سیده یارکند یکّی شهر فتح بولدی . ارته‌سی تونگان
لر و چین‌لیغ لر نیكْ خیانت قیلغانی معلوم بولدی. یاراغ و خزانه
نیكْ تولا راقی نی یاشورغانلری و کاشغر غه الیب کتمکغه قرار برگه‌نلری
بیلیندی . ایکی میكْ قدر چین‌لیغ و تونگانلر یول تیارگرلیکی قیلماقغه
باشلادیلر

امیر عبدالله بونی بیلیب هیچ اعتراض قیلمادی و
کاشغرغه تیمور سیجاكْ غه خبر بیریب بولرنی یولده یوق اتمکغه قرار
برگه نی نی بیلدوروب انی آگاه بولماقغه توصیه اتتی . ۶ـ آی‌نیكْ
اوتتوزونجی کونی تونگانلر و ایکی میكْ غه یاقین چین‌لیغ لر کا
شغر غه ماگدی. اولرنیكْ ارقه سیدین امیر نوراحمد میكْ کشی بیله‌ن
قوغلاب آق رباط و قیزیل آراسیده‌کی سایده یتیشیب اوروش باشلادی.
دشمن نیكْ تولا راقی اوٚلتورولوب و اسیر قیلینیب آشقانی نی قوغلاب
قیزیل غه بارغانده تیمور سیجاكْ نیكْ دشمن لرنی توسماقاوچون
یوللاغان تورت یوز کشی لیك قوّتی یتیب کلیب ایکی طرفدین دشمن
نی آراغه الیب اوٚلتورمکغه باشلادیلر . بو دشمن لرنیكْ تولا راقی

اۆلتورولوب قوماندانی مارولوك باشلیغ بیر نچه یوزی اسیر بولدی .
و بیره‌ر یوزچه‌سی کاشغر طرفیغه قاچسه مو ییگی‌حصار قوماندانی
احمد خان تنجاك اولرنی تماماً یوق اتتی.[47] فقط بیر تونگان قاچیب
کاشغرغه باریب ماجرانی ماجینساغه یتکوزدی . منه بو صورت‌بیلەن
یارکند فتحی تاملانیب یارکند ولایتی رسماً "ختن حکومتی غه
قوشالدی .



ختن‌حکومتی قوتلرید ین بیرقسمی .
صف نیلك الدیدا باش‌قوماندان محمدامین‌بوغرا کوروناد ور.
ایلچی ،رواق میدانی ، ۱۹۳۳ .



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

## ٤ـ فصل

## قاراشهر، کورلا، کوچا، آقسو وکاشغر واقعه لری

یوقاریده ایتیلغان وجه بیله‌ن ماشی‌مین قاراشهرغه‌که‌لگه‌ن دین کین قاراشهردین قاچقان چینلیغلر کورلا ده‌کی چین عسکرلری و چرخلیق و لوپ دین کلگه‌ن چین عسکرلری کورلاغه یغیلیب خیلی تولا قوّت توپلاب توردی‌لر. توختی‌بگ،شوّال نیك آخیریده کورلاغه هجوم قیلیب قاتیغ اوروش‌لردین کین شهرنی الیب چین عسکری‌نی سپیل‌غه محاصره قیلدی. شدتلیك اوروش‌لردین‌کین چین قوماندانی مأیوس بولوب اوزی‌نی اوّلتوردی. عسکرلری باش سیز قالیب شهرنی مجاهدلرغه تسلیم قیلدی. ماشی‌مین، ٣-آی نیك بشینجی کونی کوچاغه مالوجاك آتلیغ بیر تونگان و تیمور بگ آتلیغ کوچالیغ (اصلی تورپانلیغ) بیر تورك نیك قیادتی‌آستیده عسکر یوللادی[48]. بولر کلور کلماس کوچا خلقی قوزغالدی، و شهرغه هجوم قیلدی. ایکی قوّت بیرلاشیب چین عسکری‌نی مغلوب قیلیب اولرنی سپیل‌غه محاصره قیلدیلر. ٣نجی آی‌نیك اونسه‌ککیزینجی کونی سپیل‌نی هم فتح قیلدی‌لر. موندین کین ماشی‌مین،ماجینسا آتلیغ بیر قوماندان‌نی بیره‌ر میك تونگان عسکری بیله‌ن‌کوچاغه ایباردی ماجینسانی زیخوی (باشقوماندان) عنوانی بیله‌ن کوچاعسکرلری‌غه باش‌قوماندان تعین قیلیب آقسوغه یوروش قیلماق‌غه امر اتتی. کوچاغه کوچا واکّینی حاکم قیلدی. بو اوتراده ماشی‌مین و مالوجاك لردین ختن‌غه بعضی بیر معناسیز پروپاگنده‌غه مُشتَمِل مکتوب‌لر کیلیب بیز اگا مناسب جواب لر یازغان ایدوك. تونگانلر بیزغه حاسدلیق بیله‌ن معامله قیلسه مو واك بگ مخفی صورتده تولا یخشی معامله‌ده بولدی. ٣-آی‌نیك ٢٨-کونی ماجینسا آقسوغه یوروش قیلدی. قارایولغون‌غه بارغانده آقسو دوته‌یی تولا قوت

بیله‌ن چیقیب قاتیغ اوروش بولدی[49]. تونگانلر قاچماقغه تورغان حالده تورك عسكری نیڭ قوماندانی تیموربگ قاتیغ بیر هجوم بیله‌ن دشمن نی مغلوب اتیب قاچوردی. دوته‌ی قاچیب، جام كنتی‌ده بازارغه كلگه‌ن بیره‌ر یوز بیگناه خلق‌نی شهید قیلیب آقسوغه كیریب او یرده هم تورالمای آقسوق شهری‌غه كیریب قوتی‌نی توپلادی.
ماجیسا آقسونی اوروش‌سیز اشغال قیلیب ایكی‌كوندین كین‌اقسوق غه هجوم قیلدی. بو حالده آقسو دوته‌یی قورقوب بیر مقدار عسكری بیله‌ن كاشغرطرفی‌غه قاچتی. باشقه چین‌لیغ‌لر بیرآز مدافعه دین كین تسلیم بولدی‌لر. آقسو خلقی اسماعیل بای آتلیغ بیر كتته كشی نیڭ قیادتی آستیده آقسوق محاربه‌سی‌غه قاتناشیب مهم یاردم اتتیلر.

ماجیسا، آقسوغه كلور كلمه‌س یاوه‌ری جوفوگه‌ن‌نی بیرمكتوب بیله‌ن ختن‌غه یوللاغان ایدی. جوفوگه‌ن ٤-آی‌نیڭ توققوزیده‌ختن غه كلدی. مكتوبی نیڭ مضمونی ختن‌ده قانچه یاراغ بار و قانچه خزانه بار دیگه‌نده‌ك معناسیز سوزلریدین عبارت ایدی. مقصدی یالغوز بو یاوه‌ری نیڭ واسطه‌سی بیله‌ن خبرآلماق ایكه‌ن. بیز هم اگا بیرآز نزاكت‌لیك جواب بیریب عادی بیر هیئت نیڭ قولیدین مكتوب ایباریب احوال‌نی تیكلاغیلی تریشتوك. منه بیز نیڭ تونگانلر بیله‌ن تماسیمیز شونچه لیك بولدی.

ماجینسا ٤نجی آی نیڭ ١١نجی كونی تیموربگ‌نی و بیر مقدار تونگان عسكری‌نی كاشغرغه یوللادی. كاشغر والی‌سی ماد وته‌ی كاشغرده‌كی چین قوتی‌نی ایكی‌غه آیریب بیر قسمی‌نی یاركندغه ایباریب، بیر قسمی‌نی‌مارالباشی نیڭ شرقی‌ده‌كی غایت قوتلیك طبیعی استحكامغه ایگه بولغان تومشوق تاغ واوقورمازار تاغده یرلشتوردی، بو نیڭ اوستیغه كاشغر تاغلریده‌كی قرغیزلردین بیره‌ر میڭ عسكرالیب اولرنی هم تاغقه یوللاب ماجینسا نیڭ یولی‌نی محكم توسقان ایدی.

تیموربگ و تونگانلر تومشوق تاغغه كلیب بیرنچه قیتیم اوروشتیلر. یگیرمه به‌ش‌كون‌دوام‌قیلغان‌محاربه هیچ موفقیت‌بله‌ن



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

نتیجه لا نمادی . بواوچون ۵ـ آینیڭ ۵ـ کونی ماجیسا تمامقوتینی الیپ تومشوقغه یوردی و اقسوغه اسماعیلبای‌نی والی و مالوجاڭ نیعسکر قوماندانی تعین قیلدی . ماجیسا، تومشوق تاغغه کلگونچه مارالباشی و سریغ بویا خلقی عموماً الامان بولوب چین عسکری نیڭ ارقه‌سیدین هجوم قیلغان سببدین چین عسکری مغلوب بولوب ۵نجی‌آی‌نیڭ ۷ سی‌مارالباشی‌غه قاچتی‌لر . بو حالده چین عسکری نیڭ ایچیده‌کی قرغیز عسکرلر عثمانعلی‌بگ و خوش‌محمدلرنیڭ تشویقی بیله‌ن اوروش جبهه‌سیدین چکیلیب کاشغرغه یوروش قیلدیلر . بیرهفته محاربه‌دین کین مادوته‌ی‌نی مغلوب قیلیب کاشغر کهنه شهرنی فتح قیلدیلر . [50] بو خبرمارالباشی‌ده ماجیسانی شدت بیله‌ن توسوب تورغان چین عسکری‌غه یتیب اولر پراکنده حالده قاچتی‌لر و باش‌قوماندانی باشلیغ تولا راقی تیموربگ نیڭ قولی‌غه اسیر توشتی‌لر . بو نیڭ بیله‌ن ماجیسا هیچ توسالغوسیز کاشغرغه کلدی . انیڭ قوتّی زیاده بولغان اوچون قرغیزلر اَکاْ اطاعت قیلدیلر . بو صورت بیله‌ن کاشغر کهنه شهر تونگانلر نیڭ قولی‌غه توشتی . موندین کین ییکی شهرنی محاصره قیلماق‌غه باشلادیلر . معنویاتی مُنتها درجه‌ده بوزوق بولغان چینلیغ‌لر مُقاومت‌سیز تسلم بولوب ییکی شهر هم فتح بولدی .

بو نیڭ بیله‌ن تقریباً بشینجی‌آی‌نیڭ یگیرمه‌لریده کاشغر تنچلیق بولدی . بو آراده کاشغر خلقی‌دین و قرغیزلردین و محاجر اۆزبك لردین بیر نچه میڭ کشی اۆز رغبتی بیله‌ن عسکر بولوب تیموربگ و عثمانعلی‌بگ لر نیڭ قیادتی آستیفه کیردیلر [51]. تورپان انقلابی‌دین باشلاب .تونگانلر اوروش وقتیده صَف نیڭ آرقه سیده توروب اوروشنی تورك لر قیلور ایدی‌لر،لیکن دشمن مغلوب بولغان زمان تونگانلر ایلگریلاب تمام اولجه ویاراغلرنی اۆزلری آلور ایدیلر . حکمدارلیق و اختیارات اولرنیڭ ایدی ، فداکارلیق قیلغان تورك لرغه هیچ نصیبه یوق ایدی . بش‌میڭ دین کوّپراق عسکری بولغان تیمور بگ نیڭ رتبه‌سی ته‌نجاك لیق،یعنی بیرینجی یۆزباشی (تورك اصطلاحی چه‌اۆن یوزباشی ) لیق ایدی . اما تیموربگ و قول آستیده‌کی‌لر تونگان

لر نیكٔ بو انصاف سیز لیقی غه وضعیت نیكٔ نازٔك لیقی سببی دین صبر قیلماقده ایدیلر . كاشغر فتح بولوب محاربه پیتكه‌ندین كین تونگانلر تۇركلرنی بیرآز خوش قیلماق مجبوریتی نی تویوب تیموربگ‌نی لوجاكٔ (میگباشی) ، حافظ، احمدبگ ، همدم بگ ، كیچیك آخون ، عثمان علی و خوش محمدلرنی ته‌نجاگلیق رتبه‌لری‌غه اۇسته ریب قوید یلر . لیكن كاشغرنیكٔ بای خزانه‌سی و تولا یاراغلری‌نی شونداغی‌چه تونگانلر اۆزلری الیب توركلرغه قناعتلانگوده‌ك نصیبه برمه دیلر . تورك لر هر نرسه و هر ایش‌ده تونگانلر بیله‌ن برابر حق‌لری بارلیقی‌نی دعوا قیلیب اوترادە مجادله چیقتی و ه‌نجوآی‌نیكٔا خریده تونگانلر مغلوب بولوب ییڭی شهرغه چیقیب قامالدیلر . تیموربگ اوزینی سیجاكٔ (فرقه‌قوماندانی) عنوانی بیله‌ن كاشغرغه حكمدار اعلان اتتی . لیكن تیموربگ، تونگانلرنی اوشبو مقداردە مغلوب اتكه‌نی‌گه قناعت قیلیب اولرنی جدّی صورتده محاصره قیلمادی . اگر قاتیغ بیر محاصره قیلسه تونگانلر تمام یاراغ لری‌نی تافشوروب تسلیم بولماق‌غه تیار بولغان ایدی . تونگانلر بوكٔا اقرار قیلغان ایدی . تیمور سیجاكٔ نیكٔ بوسیاستی نیكٔ سببی نیمه ایكه‌نلیكینی انیق بیلمه‌ی‌من . لیكن بو خصوصده انیكٔ اغزیدین روایت قیلینغان سۆزلرنی تۆبنده یازیب اۆته‌میز .

۱ . تیمور سیجاكٔ نیكٔ بیر خصوصی آدمی مكٔا شونی اڭلاتتی:
" تیمور سیجاكٔ تونگان لر نیكٔ قاراشهرده تولا قوّتی باردور، بیز تونگانلرنی موندین زیاده ازسه‌ك او طرفده‌كی تونگان لر باشیمیزغه بلا بولادور دیدی" .

۲ . ینه بیر كشی نیكٔ روایتی‌چه تیمورسیجاكٔ ،" قیرغیزلر ویا كاشغرلیغ لر مكٔا قارشی تورسا ،ویا ختن‌لیك لر بیله‌ن آرامیز بوزولسه ، تونگانلر بیله‌ن اَپله شیب اولرنی مغلوب ایتامن » دیگه‌نمیش.

۳ . ختن‌لیك بیر كشی‌غه تیمور سیجاكٔ ایتقان ایدیكه:
"تونگانلر بیله‌ن محاربه قیلیب عسكریم نی ضایع قیلماق‌غه حاجت یوقدور؛ چونكه تونگانلر ییڭی شهرغه سولاندیلر . بیر كۆنی آچلیق و مُشقّت دین مجبور بولوب تسلیم بولمای چاره سی یوقدور ."



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

تیمور سیجاك نیڭ تونگانلرغه قاریتا سیاستی دەكی بو یەڭگوش حساب نیڭ قورتولوش مجادلە میزغه برگەن ضربەسی نی بهالاش نی شرقی تورکستان تاریخینی تدقیق قیلغوچیلرغه حواله قیلامن. تیمور سیجاك نیڭ بو حرکتی دین كلیب چیقغان حادثه لرنی توبنده اۆز یری ده بیان قیلامیز.



محموت محیطی (سیجاك)، كاشغر، ١٩٣٥.

## ٥ــ فصل

### آلتای، چوچك وغولجه انقلاب لری

شریف خان ،آلتای قازاق لری نیكٔ یرلیك بگ لری دین بولوب کیچیك وقتیده چین چه اوقوب کین لرده آلتای نیكٔ بعضی علاقه لری غه شەن جاكٔ (حاکم) بولغان وبو مناسبت بیلەن قازاق لر آراسیده تولا اعتبار ونفوذ غه ایگه بولغان بیر کشی ایدی. یوقاریده ایتیلغان وجه بیلەن بارکۆل قازاق لری نیكٔ انقلابی چیقغان وقتده جین شورین باشقه قازاق بگ لریدین شبهەله نیب بیرنچه قازاق بگ لری نی حیله بیلەن اورومچی غه چاقیریب قاماقغه آلغان ایدی. شریف خان هم اوشبو قامالغان لر دین بیری ایدی.

اوچ تورت آی دین کین شریف خان بیر حیله بیلەن حبس خانه دین قاچیب آلتای غه باریب اۆز تابع لری نی یغیب آلتای دوتەیی بیلەن اوروشوب ولایت مرکزی بولغان ساروسومبا شهریدین باشقه تمام یایلاغ واۆلکه لرنی آلدی. لیکن شهرنی آلالمادی. ماجوكٔ یكٔ ایکنجی دفعه قومول غه چیقغاندە اوچ تورت یوز تونگان نی بارکۆل یولی بیلەن آلتای غه یوللادی. شریف خان نیكٔ ماجوكٔ یكٔ دین یاردم تیلاگەن ویا تیلامگەنی نی بیلمایمیز. هرحالده شریف خان مذکور تونگان لر بیلەن بیرلاشیب ساروسومبا شهری غه هجوم قیلدی و نتیجەده دوتەی مغلوب بولوب قاچیب روسیه طرفی غه کتتی. بو نیكٔ بیلەن پوتون آلتای شریف خان نیكٔ قولی غه اۆتوب ٦نجی آی نیكٔ آخرلریده شریف خان استقلال اعلان اتتی[52]. موندین کین شریف خان بیرنچه یوز قازاق وایکی یوز تونگان دین مرکب بیر قوت نی چوچك ولایتی نیكٔ حدودی نی محافظه قیلماق غه امر اتیب یوللادی (یگیرمه اۆچونجی خریطه غه قراسونلر).



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

شریف خان‌نیڭ عسکرلری حدودغه بارغاندین‌کین دوربین جیڭ شهری‌ده (چوچك ولایتی‌ده بیر شهردور) "شریف خان تولا عسکر بیله‌ن چوچك ولایتی‌نی فتح قیلماق اوچون کلیب دور" دیگه‌ن شایعه‌پیدا بولوب خلق انقلاب‌غه قوپتی‌لر. شریف خان‌نیڭ عسکرلری‌غه وکیل ایبباریب اولردین یاردم تیله‌دی‌لر. بو عسکرلر هم ایتیك یوروب دوربینجیڭ‌غه هجوم قیلدیلر. اویرده‌کی چین عسکرلری آز غینه مدافعه قیلیب چوچکغه قاچیب کتیب شهر فتح بولدی. بو خبر چوچك خلقی‌غه "شریف خان تولا عسکر بیله‌ن کلیب دوربینجیڭ‌نی فتح قیلیب دور" دیگه‌ن شکلده اڭلاتیب ۱۹۳۳، ۷-آی‌نیڭ آخرلریده چوچك خلقی‌بیر یولی انقلاب‌غه قوپوب چین عسکری‌نی مغلوب قیلیب اولرنی شهرنیڭ ایکی باشیده‌کی ایکی سپیل‌غه محاصره قیلدیلر. بو حالده دوربینجیڭ‌دین یوقاریقی قازاق و تونگان عسکرلری یتیشیب کلدی‌لر. چوچك خلقی بولرنیڭ باش‌سیز قازاق و تونگان عسکرلری ایکانلیگی‌نی و آرالریده شریف خان و باشقا تونولوغ بیر کشی‌نیڭ یوقلیغی‌نی کۆردیلر. چوچك خلقی بو احوال‌نی کوروب حرکت‌لریدین پشیمان بولدیلر. لیکن پوشی‌مان لیق نیڭ فایده سیز بولغانی اوچون مذکور عسکرلر بیله‌ن‌بیرلا شیب سپیل‌لرنی قاتیغ محاصره قیلیب ۸-آی‌نیڭ ۱۲ انجی کونی دوته‌ی ولوجاڭ‌لر تسلیم بولماق‌غه قرار بیریب کلیشمه بولدی. و بو حالده اورومچی‌دین اوتوموبیل‌لرده تولا یاردم قوتی کلیب مجاهدلرنی مغلوب اتیب شهرنی اشغال قیلدی.[52]

معلوم دورکه بو تاریخ‌ده شیڭ دوبه‌ن، ماجوڭ یڭ‌نی ییکیب اورومچی و چوچك آراسیده‌کی توسالیب قالغان یول‌نی آچقان‌ایدی. بو یاردم قوتی توپ و مترالیوز بیله‌ن مُسلح ایدی. چوچك مجاهدلری قاتیغ مدافعه قیلسه لرمو بویاراغلرنیڭ مقابلیده مغلوب پراکنده‌بولدی لر. دشمن عسکرلری چوچك خلقی‌نی بیر نچه کون قتل‌عام قیلدیلر، خلق نیڭ تولا راقی شهید بولوب قالدیسی قاچیب شهر بوش‌بیر حالغه کلدی. بو چیرایلیغ شهرنیڭ تولا راق قسمی ویران بولدی. بو صورت بیله‌ن چوچك ولایتی ینه‌شیڭ‌شی سه‌ی‌نیڭ قولیغه توشوب انقلاب نتیجه سیز قالدی.

يوقاريده بيان قيلينغان وجه بيلەن ٦نجي آيدا ماجوڭ يڭ
ماناس و شيخو شهرلري ني آلغاندا اوُروُمچي و ايلي نيڭ آراسي اوزوُل
گەن . ايلي دەكي چين قوتلري باشقوماندان ني جاڭ بيبوەن (بەيزيخوي)
استقلال اعلان قيليب جين شورين طرفدارلري ني يوق اتيب ايلي دەكي
تونگان و تارانچي لر بيلەن بيرلاشيب اوُزي غه خواسيليڭ عنواني نى
الدي ، شيڭشي سەي غه اشكارا دشمن ليك قيلغالي باشلادي . منه
غولجه انقلابي نيڭ قسقه حيكايه سي بودور . ديمك كه غولجه واقعەسي
ملي انقلاب بولماي غولجه ولايتي نيڭ بير چين ليغ نيڭ حاكميتي استيد
اورومچي دين آيريلماق دين عبارت بولغان بير اوزگوروش ايدي.[53]



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

## ٦ــ فصل

### التی شهر دین تونگان لرنیڭ یوق اتیلگه نی

ختن حکومتی نیڭ اوّلدین خالص ملی انقلاب نتیجه سیده قورولغانی، تونگاندین پوتونلەی پاکیزه ایکەنلیکی و مستقل‌لیکی یوقاریڭ کوّرولدی. تیمور سیجاڭ نیڭ موکاشفرده تونگان نفوذی نی یوق اتیب مستقل بیر ملی حکومت قورغانی یوقاریده اڭلاتیلدی. آقسو و کوچاده اسماعیل بای و واڭ بگ لر ملی حکمدار بولسەمو اولر تونگان قول‌آستیڭ بیر حاکم صفتی بیلەن ایش قیلماقده ایدیلر. قاراشهر و کورلا توپ توغرا ماشی‌مین نیڭ اداره سیده ایدی. ولوپ اۋلکەسی و چرخلیق شهری هم تونگانلرنیڭ قولیغه توشکەن ایدی.

خوجه نیازحاجی یوقاریده ایتیلغان وجه بیلەن ماجوڭ یڭغه دشمن بولغان همان ملی انقلاب مرکزلری غه مکتوبلر یازدی. بو مکتوبلرنیڭ ختن غه کلگەنی نیڭ مضمونی نیڭ خلاصه سی شودور:
بیز قومول دین ملت‌نی ظلم دین قوتقوزماق اوچون چیقیب تورپان مسلمانلری‌نی قتل‌عام بلاسیدین قوتقوزدوق، حاضرده اڭ یمان‌دشمنی‌میز بولغان تونگانلرنی یوق اتمکغه مشغول‌دورمیز. اورومچی بیلەن تونگانلرنی یوقاتیب بولغونچیلیك بیر کلیشیم توزدۋك. سیزلرغه امرقیلامن، قولوڭلرده‌کی یورت‌لرده قوراللیغ تونگانلر بولسه یوق اتسونلر. چونکه بولر بولسه غایت انصاف سیز فقط بولانچی و ملتی‌میزغه دشمن بیر خلق دور. بیز نیڭ اورومچی حکومتی بیلەن کلیشیم توزگەنی‌میزدین بدگمان بولماسونلر. بو کلیشمه‌میز وقتنچەدور. یورت اۋزیمیز نیڭ مملکتی‌دور و هیچ وقت یورت‌نی ختای نیڭ قولیده قویمایمیز.

منه بو مكتوب بولسه فقط تونگانلرنی یوق اتمك غه تشویق اتمك و اوزیغه ملّت نیڭ ملامتینی تارتادورغان ایكی نقطه‌دین بیری بولغان ماجوڭ یك‌دین امداد تیله گنیگه پیشمان بولغانلیقی نی بیلگوزمك و شیڭشی سه‌ی بیله‌ن كلیشمه توزگه‌نی نی ملّت غه یخشی‌لاب كوّرستمكدین عبارت ایدی . باشقه لرغه یازغان مكتوبی نیڭ مضمونی بیزچه بیلنمه سه‌مو مضمونیده تونگانلرنی یوق اتمك تشویقی بارلیقی معلوم ایدی. الحاصل بو تشویق نتیجه سیده اسماعیل‌بای و واڭ بگ لر اوّز یورتی‌ده‌كی تونگانلرنی اوّلتوروب و قاماقغه الیب یورتلری نی پاكیزه‌له‌دیلر. خصوصاً واڭ بگ بش میڭ ملّی‌عسكر توپلاب كورلانی هم الیب قاراشهر دریا بویی‌غه‌چه ایلگرلادی . قاراشهر تاغلریده‌كی قالماقلر ماشی‌مین بیله‌ن قاتیغ اوروشوب انی اوّلتوردیلر. لیكن شهر نی آلالمای ینه تاغ و یایلاغلری‌غه كتیب قاراشهر تونگانلر نیڭ قولی ده قالدی.[53]

منه بو صورت بیله‌ن آلتی شهرده توّرت مستقل حكومت اوتراغه چیقتی: ١- ختن حكومتی ، یاركنددین چرچن‌غه‌چه ، ٢- كاشغر حكومتی ، ییڭی‌حصاردین تومشوق تاغ‌غه‌چه؛ ٣- آقسو حكومتی، تومشوق تاغدین بای‌غه‌چه ، ٤- كوچا حكومتی ، بای‌دین قاراشهر دریاسی‌غه‌چه ( ٢٣نجی خریطه‌غه‌قاراسونلر) . بو توّرت حكومت ایچیدین كوچا حكمداری واڭ بگ و آقسو حكمداری اسماعیل بای لر رسماً ٧نجی‌آی‌نیڭ آخریده خوجه نیازحاجی‌غه الچی ایباریب اطاعت عرض اتتی‌لر. تیمور سیجاڭ ظاهرده خوجه نیازحاجی‌نی بیر ملّی باشلیغ كوزی بیله‌ن كوّرمكده بولسه مو حقیقتده "او بیر باشلیغ بولسه من هم بیر باشلیغ دورمن" دیگه‌ن دعوانی قیلیب مغرورانه بیر وضعیت آلغانی معلوم ایدی . ختن حكومتی،خوجه نیازحاجی نیڭ همه‌دین ایلگری چیقغان انقلاب نیڭ باشلیغی و هم اڭ قوت لیك دشمن نیڭ مقابلیده تورغان كشی بولغانی اوچون اڭا صمیمی بیراحترام حسیاتی ایچیده ایدی . لیكن انیڭ قیلغان ایش‌لری و قابلیتی و سیاسی یولی نیڭ تفصیلاتی‌نی بیلمگه‌ن اوچون انی عمومی حكمدار تونوماق ویاتونوماسلیق خصوصیده تخی قطعی قراری یوق ایدی . آلتای



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

حکمداری شریف خان هم اویرده‌کی تونگانلرنی یوق اتکه‌نی معلومدور.
اما انیڭ خوجه نیازحاجی‌غه اطاعت قیلغان ویا قیلمغانی‌نی بیلمای
میز. بوخصوصده مختلف روایت‌لربار دور .



۵۷۷ . تیمورعلی (سجاك) و قوماندانلریدین بیرگروپ
کاشغر، ۱۹۳٤



محمد نیاز اعلم اخونوم (ملك حضرت)



عثمان (قرغیز) باتور و قوماندانلری .

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## ٧ـ فصل

### چین حکومتی نیڭ شرقی توركستان نی اوچ حصه غه تقسیم قیلغانی

خبر الغانیمیزغه كوره چین مركزی حكومتی شرقی توركستان انقلابی دین غایت درجه ده متأثر بولماقده ایدی. اما عسكر ایبارمك غه قدرتی یوق ایدی. شرقی توركستان خلقی نیڭ بیرلاشكه ن تقدیرده استقلال غه هیچ مانع یوق ایدی. شرقی توركستان نیڭ چین خریطه سیدین چیقیب اوزی غه مخصوص بیر رنگ آلماقی شبهه سیز ایدی. بناً علیه چین حكومتی شرقی توركستان واقعاتی نی امیدسیز بیر وضعیت بیله ن كوزه تمكده ایدی.

لیكن یوقاریده ایتیلغان وجه بیله ن شیڭشی سه ی، خوجه نیازحاجی بیله ن كلیشم تۆزوب شرقی توركستان ده انقلاب حركتی انقلابچی لر نیڭ ضره ریغه اۆیرولوب، چین حكومتی غه بیر آز اُمید پیدا بولغان. شرقی توركستان نی اۆز نفوذی استیغه آلماق اوچون بونی یخشی بیر فرصت بیلیب "divide et impera" یعنی "پارچالاب استیلا قیلغیل" دیگه ن لاتین ضرب المثلی غه مطابق شرقی توركستان نی پارچه لاماق و بو واسطه بیله ن بو مملكت نی دایمی صورتده اۆز نفوذی آستیغه آلماق فكری غه توشتی. بناً علیه، مركزی چین حكومتی طاهرده خوجه نیازحاجی، شیڭشی سه ی و جاڭبییوه ن لرنی بیر بیری بیله ن كلیشتورمك و بو نیڭ بیله ن شرقی توركستان ده كی تینچ سیزلیق نی یوق اتمك و امنیت پیدا قیلماق اوچون شرقی توركستان غه خواڭ موسوڭ (اركانی حرب رئیس معاونی) باشلیغیده بیر هیئت یوللادی. بو هیئت ١٩٣٣، ٦ـ آی نیڭ اوترالریده طیاره بیله ن اورومچی غه كلیب شرقی توركستان نی اوچ حصه غه تقسیم قیلدی.[54] اورومچی، چوچك و آلتای ولایت لری نی بیر ولایت قیلیب شیڭشی سه ی نیڭ اداره سی غه بردی. شیڭ اولقیده كی وبه ن عنوانی بیله ن توراد ورغان بولدی.

نكۆرى تاغلرى نيڭ جنوبى دەكى اۋلكه لرنى نەنجاڭ (جنوبى ولايت) آتى بيلەن بير ولايت قيليب خوجه نيازحاجى غه بردى . اڭا نەنجاڭ بو وى زوڭ سيليڭ (جنوبى ولايت نى اداره قيلغوچى باش قوماندان) ديگەن بير عنوان بيلەن رسمى تامغا بردى . غولجه ولايتى نى علاحده بير ولايت قيليب، جاڭ پييوەن غه بردى، و اڭا خواسيليڭ وياكه خو سيليڭ (ايلى خو قوماندانى) عنوانى نى بردى . چينليغ لر نيڭ غولجه ولايتى غه ايلى خوات قويغانى يوقاريده بيان قيلدوق .

كۆزولۆركه چين حكومتى خوجه نيازحاجى و شيڭشى سەى غه جوشى عنوانى نى برماى قوماندان عنوانى نى برگەنى ، رسماً شرقى توركستان نى اۆچ غه تقسيم قيلسه مو ينه شيڭ نيڭ سياسى نفوذى بو ايكى سى غه شامل ديمكدور . موندەكى سياسى اويون نى محترم اوقوغوچى لر چوشونسيلر كرەك . هر حالده بو تقسيم دين مقصد اوزون دين برى مركزى چين حكومتى نفوذى نيڭ تاشيده بولوب قالغان شرقى توركستان نى بير بيريغه رقيب اۆچ اداره غه آيريب ايلگريكى اورومچى ده مركزلەنگەن قوت نى يوق اتمك صورتى بيلەن شرقى توركستان دەكى بو اۆچ قوت نى ضعيب ليق حالده ياشاتيب دايمى صورت ده چين حكومتى نيڭ نفوذى آستيده توتماق دين باشقه بير مقصد ايمس دور . بو تقسيم تمام لانغاندين كين ماجوڭ يڭ نى "شرقى توركستان ده هيچ حقى يوق بير اوغرى" دەب اعلان قيليب مذكور اۆچ حكمدارغه ماجوڭ يڭ نى يورت دين قوغلاماق غه امر بردى[55] .

ماجوڭ يڭ قوغلانغاندا ، خوجه نيازحاجى مو وقتى كلگه نده قولغه الينيب ، ملى انقلاب باستورولغان بولور ايدى . شوكا وقتينچه خوجه نيازحاجى غه ، چين دەكى انقلاب چى كتته لرى غه وقت كلگونچه مدارا اوچون بيريلادورغان قوماندان عنوانى بيريلگه نى معلوم دور .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## ٨ــ فصل

## ختن قوت لری بیله ن تیمور سیجاڭ آراسیده کی مناسبت نیڭ بوزولغانی

کاشفرده عسکرلیک صفتی بیله‌ن تورت قسم‌قوراللیغ ادم‌لر بار ایدی. تونگانلر: بولر اشکارا صورتده باشقه قوت‌لر بیلـه‌ن دشمن لیک حالده ایدی لر. ٢- تیمور سیجاڭ نیڭ اۆز عسکرلری‌دیبیلگه‌ن تورپان ، کورلا ، کوچا وکاشفردین توپلانغان عسکرلر ایدی‌لر . ٣- قیرغیز عسکرلری ‌ ٤- مهاجر اۆزبک لردین عسکر بولغان‌لر . تونگانلر دین باشقه قوت‌لر عموماً تیمور سیجاڭ نیڭ قیادتی‌غه تابع بولسه‌لر مو هر قسم علاحده و آیریم بولوب اۆزلریدین بولغان قوماندانلری نیڭ امری لری استیده ایدیلر . وهم بولر قانون وانتظام غه تابع ایمس چته چی‌لر شکلیده ایدیلر . بو سبب دین کاشفر خلقی دین عقللیغ کشی‌لر بوقوراللیغ ادم لر نیڭ بیر کۆنی اۆزآرالریده اختلاف چیقماقی و مملکت نیڭ قتل‌عام ، تخریبات و بولان تالان فاجعه لری غه دوچار بولماقی دین قورقماقده ایدیلر . هم تیمور سیجاڭ نیڭ انتظام و قانون‌سیز حکومتی سببی دین کاشفر خلقی نیڭ کۆڭلی لری اندین سوغوماقده ایدی . و بو یوز دین یارکند فتح بولغان دین کین کاشفر خلقی نیڭ تولا راقی کاشفر نیڭ ختن حکومتی غه قوشولماقینی آرزوقیلیب کاشفر عالم لری و باشقه صنف لری‌دین بعضی سی مخفی صورتده یارکندغه کشی ایباریب ثابت‌داملام نی عسکر بیله‌ن کاشفرغه بارماق‌غه تشویق اتتی‌لر . کاشفرده‌کی قیرغیز عسکر لری نیڭ قوماندانلری‌دین بعضی‌سی هم اۆزلری‌نیڭ بو ایشغه طرفدار لیقی‌نی و لازم کلگه‌ن تقدیرده ختن عسکرلری‌غه یاردم قیلماق غه حاضر ایکه‌نلیک لری‌نی بیلدوروب یوقاریقی تشویق غه قوشولوب اشکارا ادم ایباردی‌لر .

ثابت داملام اۋزى كاشغرليغ بولغانى اۋچون بالديراق كاشغرغه باريب مەيلى صلح مەيلى حرب واسطەسى بيلەن بومهم و چوڭ شهرنى تهليكەدين قوتقوزماق و هم بو شهرنى الماق بيلەن ختن حكومتى نيڭ سياسى موقعيتى نى اساسلاندورماق مقصدى نى اراغه سالدى. بو ايشغه بك قزيقانليقى نى كۆرسەتتى. كاشغر خلقى نيڭ و قيرغيزلردين بعضى سى نيڭ تشويقلرى، ثابت داملام نى قوتليك درجەدە ايشاندوردى. ليكن مَلِك ( محمد نيازاعلم ) و من بو ايشغه الديرماسليق و تيمور سيجاڭ و تونگانلر نيڭ قوّتلرى غه توغرا كلگودەك بير قوّتيميز حاضردە بولمغان اوچون بير آز فرصتغه منتظر بولماق طرفدارى ايدوك.بو اوچون بيز ثابت داملام نى توسماقدە محكم توردوق . ليكن ثابت داملام اۋزى نيڭ رغبتى نيڭ بك زيادەليكى غه ايرگاشيب بيز نى اۆز رائى غه قناعتلاندورمكغه كوب تشبث قيلدى. بو تشبثلر نيڭ بيانى بودور. كاشغردەكى بو ايشغه طرفدار بولغان كشىلر نيڭ نفوذلرىنى و ياردم برمك وعدەسى قيلغانلر نيڭ قوتى نيڭ تولاليقى نى و كاشغر خلقى نيڭ عموماً بو ايشغه طرفدارليقى نى مبالغەلر بيلەن بيزغه يازدى. بو ايش اوچون بير طرفدين تولا عسكرى قوت لازم ايمسليكى نى حاضردە كاشغر بير اياقدەكى اشدەك بولوب قالغانى نى و تاٴخير قيلساق فرصت قولدين كتمكى نى اثبات اتمكغه كوشش قيليب بير مونچه دليللرنى كۆرساتتى، كاشغر خلقى بيلەن اۆزى نيڭ اراسيدە واسطه بولغان بير كشى نيڭ قولى دين بعضى وثيقەلرنى يوللادى. او كشى بيز ايشانگودەك سۆزلرنى قيلدى. منه بو تشبثلر بيلەن حكومتى نى قناعتلاندوردى. ختن حكومتى، كاشغرغه اوزانيب حقليغ بيرملامت نى تاريخ صحيفەلريغه كچيرەدورغان غايت يمان بير خطا ايشليگەن بولدى. چونكه بو ايش هنوز انقلاب بير نتيجەغه يتيشماى ملّى انقلاب نيڭ قوّتلنمكى غايت ضرور بير زماندە ايكى مِلّى قوّت نيڭ اختلافى غه سبب بولدى. نتيجەدە غايت يخشى تنظيم اتيلگەن ختن قوّتى نيڭ مدهش درجەدە ضعيفلاشماقى و خيلى قوت كۆرسەتيب تورغان تيمور سيجاڭ نيڭ قوّتى نيڭ پوتونلەى پراكندە بولماقى غه سبب بولدى.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بو داخلی مجادله بش آی قدر سوردی و دشمن غه امید قیلمغان درجه‌ده فرصت بردی .

الحاصل ۷ـ آی‌نیڭ ۱۵نجی کونی ثابت داملام و امیر عبدالله یارکندده‌کی عسکرلردین تقریباً ۲۵۰۰ کشی‌لیك قوت‌نی همراه الیب یارکنددین یوردیلر. تیمور سیجاڭ غه "بیز سیزغه یاردم قیلیب کاشغر یڭی شهرده‌کی تونگانلرنی یوق اتمك و بو نیڭ بیله‌ن التی شهردین خاطرجمع بولوب درحال اورومچی طرفی‌غه یوروب خوجه نیازحاجی‌غه یاردم اتمکغه تیار بولماق اوچون کاشغرغه بارامیز" ده‌ب مکتوب یازدیلر. ۷ـ آی‌نیڭ ۱۸نجی کونی یڭی حصارغه باردیلر . دیبیلمای قالمسونکه ثابت داملام، یارکندده‌کی حافظ تنجاڭ‌نی بش یوز سلاحلیغ و اتلیغ عسکری بیله‌ن ارقه‌ده قویوب ماکڈی. بو آدم بولسه تیمور سیجاڭ نیڭ ادملری نیڭ اڭ هشیاری و یما دی . منه بو ایش‌نیڭ یمان بیر خطا ایکه‌نلیکی توبنده معلم بولادور داملام و امیرعبدالله یڭی حصارغه بارغان زمان کاشغرکته‌لریدین و عالم‌لریدین بیر مونچه‌سی استقبال‌غه کلدی‌لر . تیمور سیجاڭ اۏزی هم ینیغا هیچ عسکر آلمای اوتوموبیل بیله‌ن یڭی حصارغه کلدی . تیمور سیجاڭ کوڭلیده بو سفردین تولا قورقغان ایدی . بو اوچون ثابت داملام دین کاشغرغه بارماسلیقی‌نی طلب قیلدی . تونگانلرنی یوق اتمکغه اۏز قوتی‌نیڭ کافی ایکه‌نلیکینی بیان قیلیب بو وظیفه‌نی درحال اجرا قیلماقغه سۏز بردی . ختن حکومتی و کاشغر حکومتی آراسیده یڭی حصار نیڭ شرقی‌ده‌کی شاه نیاز اۏستڭنی فاصله تونوماقغه تکلیف اتتی، و ینه دیدیکه: "حدود یمیز تعین بولسه و مشترك دوشمنیمیز بولغان تونگانٹی یوق اتسه‌م آرامیزده بیرلیك تأسیس قیلنماقغه هیچ مانع قالمایدور . بو مجلس‌ده بو مسئله‌لرنی فیصله قیلماق اوچون اۏزوم کلدیم" دیدی . ثابت داملام، تیمور سیجاڭ نیڭ بو توتومینی انیڭ ضعیب لیقی نیڭ دلیلی ده‌ب خیال قیلب انیڭ بو سۏزلری‌نی قبول اتمای کاشغرغه باریش عزمی‌ده محکم توردی و تیمور سیجاڭ غه بعضی دلیل‌لرنی سۏزله‌دی . تیمورسیجاڭ بو اصرار

نی کوزروب ثابت داملام و امیر عبدالله باشلیغ ختن حکومتی قوتی نیـــڭ
کاشفر غه کیرمکی نی و بیرلا شیب یڭی شهرنی فتح قیلماقنی قبول قیلیب
کاشفر غه یاندی . داملام و امیر عبدالله عسکر بیلەن یوردی لـر و
کاشفر خلقی نیڭ حرارتلیك و صمیمانه استقبال و تظاهرلری ایچـی
دە ٧ـآی‌نیڭ ٢١ـکونی کاشفرغه کیردی لر . تیمور سیجاڭ هم ظـا
هردە یخشی احترام قیلدی . بولر کاشفرغه کیریب هاردوق الفـان
دین کین تیمور سیجاڭغه کشی کیرگوزوب یڭی شهرغه بیرلیکدەهجوم
قیلماقغه دعوت اتتی‌لر. لیکن تیمور سیجاڭ بوگون ارته دەب تاٴخیـر
قیلغالی توردی . بو ارادە یارکندە قالغان حافظ تنجاڭ و کاشفـر
لیغ‌لردین ثابت داملام غه حسدی بار بعضی کشی‌لر تیمور سیجاڭ
نی ثابت داملام نیڭ ضدی‌غه تحریك اتمکگه باشلادیلر . ثابت دا
ملام بیر طرفدین بعضی ایکی یوزلوك ادم‌لرغه اسراری‌نی سوز لـەب
اولر بیلەن صحبتله شمکگه قویولدی. بیر طرفدین کاشفر کتته لریغـه
مفرورانه وضعیت کورسەتیب اولر نیڭ ایلگریکی محبت حسیاتی‌نی بوز
دی . اما تیمور سیجاڭ،قول استیدەکی تمام عسکر قوماندان‌لری‌نی پول
و منصب بیلەن خوش قیلیب همەنی اوزیغه صمیمی طرفدار قیلدی .بـو
نیڭ بیله ١٩٣٣، ٨نجی آی‌نیڭ ٢نجی کونیدین باشلاب تیمور سیجـاڭ
ثابت داملام و امیر عبدالله غه اچوقچه دشمنلیك کورستمکگه بـا
شلادی . بو حال‌نی کورگندین کین ثابت داملام ایش نیڭ یمانلیـق
طرفی‌غه یورگەنی‌نی بیلیب ایلگری یاردم وعدەسی قیلغان کاشفرلیغ
و قیرغیز قوماندان‌لرنی ایستگەلی توردی . حالبوکی اولر پوتونلەی‌تیمـور
طرفداری بولوب فقط آزغینه قیرغیزلر وفادار قالغانلیقی معلوم بولدی.

بو وضعیت ثابت داملام و امیر عبدالله نیڭ کاشفردین
یانیب یارکند غه کلمیکی‌نی لازم توتارایدی . لیکن بولر اوزیغه وفادار
لیق کورستکەن لرنی حمایه قیلماق اوچون درحال یانیب چیقمای‌ایکی
کون کاشفردە قالدی . ١٣ ربیع الثانی سحردە تیمورسیجاڭ بیزغه
وفادارلیق کورسەتکەن قیرغیزلرنیڭ یاراغینی الماق اوچون اولرنیڭ اوستی
غه هجوم اتتی . ثابت داملام او قیرغیزلرغه یاردم قیلماق اوچون



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

عسکرلرغه یوروش امری بیریب اوزی هم اوطرفغه اتلانیب یوردی و عسکرلر آرقه آرقه دین یوردی .

لیکن تیمور سیجاک نینک عسکرلری بیز نینک عسکرلرنی هر طرفدین اوقغه توتوب بعضی سی نی پراکنده قیلدی و یکی حصارلیغ قهرمان بیر قوماندانیمیز (بختیار خان) نی تیمور نینک عسکرلری تولا راق ادملری بیلهن اسیر قیلدی . بو حالده کریا قوماندانی محمد امین بای ایکی یوز اتلیغ عسکری بیلهن و ختن نینک کتته طریقت مرشدلریدین بولغان بیر کیشی نینک اوغلی و هم مینینک طالبیم (غلام قادر) اوچ یوز عسکری بیلهن تیمور سیجاک طرفیغه اوتوب کتتی . بو صورت بیلهن ختن عسکرلریغه مهم بیر مغلوبیت کلیب اوز عسکرگاهلریغه یاندیلر . ارتهسی تیمور سیجاک، ثابت داملا حاجیم و امیر عبدالله دین یاراغلرینی تسلیم قیلماقنی طلب قیلدی . بولر مذاکره بیلهن بیر ایکی کون تأخیر قیلدیلر . لیکن تیمور سیجاک نینک بعضی قوماندانلری و خصوصاً کاشغر اهالیسی دین ثابت داملامغه حسد قیلادورغان قوماندانلر سرای لرده پارچه پارچه تورغان قطعه لریمیزغه هجوم قیلیب اولرنی قورالسیزلا شتورماقغه باشلادیلر . بو حالده امیرعبدالله عسکرلرینی الیب هر صورت بیلهن بولسه بولسون یارکندغه یورمکغه تیار بولسه مو ثابت داملام قوتولوشقه کوزی ایلمهی امیر عبدالله نی تسلیم بولوشلازم کلگانیغه قناعتلاندوردی .

بو صورت بیلهن ۸ـ آی نینک ۸نجی کونیده امیر عبدالله تمام یاراغلرینی تیمورغه تسلیم اتتی . تیمور، یالغوز ثابت داملام و امیر عبدالله نی بیر نچه کشی بیلهن نظربند قیلیب، اوز عسکرلرینی یاراغدین اجراغان ختن عسکرلرینی بولان تالان قیلماقغه بویروب، اولر نینک آت و پول و حتاکه اوستلریدهکی کییملرینی تارتیب الیب و بعضیلرینی اولتوروب غایت وحشیانه ظلملر بیلهن آچ و یالانغاچ حالده کاشغردین قوغلادی . بو عسکرلر نینک شهید بولغانلریدین باشقه یولده سوسوزلوقدین و آچلیقدین اولگهنلر هم تولادور[56].

ثابت داملاحاجیم و امیر عبدالله کاشغرغه بارغاندین کین یارکندده امیر نوراحمد بیله‌ن حافظ تنجاكٔ نیكٔ آراسیده بعضی مُفسد ادم‌لر فتنه قوزغاماقغه کوشش قیلیب‌بیراز مجادله پیدابولدی. بو سبب دین امیر نوراحمد نیكٔ عسکرلری مذکور مفسدلرنی توتوب توّرتی‌نی دارغه آستی‌لر . بو واقعه کاشغرده تیمورسیجاكٔ نیكٔدشمن لیك اظهار قیلیب تورغان کون‌لریده بولغان ایدی . تیمور سیجاكٔ بو خبرنی اكٔلاغان زمان کاشغر قوماندان‌لریدین اوّلده ثابت داملام نیكٔ کاشغرغه بارماقی‌غه اكٔ مهم باعث و تشویقچی بولوب کین تیمور سیجاكٔ طرفیغه اوّتوب آلغان کیچیك آخون تنجاكٔ نی اوچ یوز آتلیغ بیله‌ن یارکندغه یوللادی . کیچیكٔ تنجاكٔ یارکندغه کلگه‌ن کوندین تارتیب حافظ تنجاكٔ،امیر نوراحمدغه آچوقچه دوشمنلیك قیلماقغه باشلادی . هر حالده امیر نوراحمد نیكٔ قوّتی حافظنی یه‌گمه‌کفه‌یترلیك درجه‌ده ایدی . کاشغرده‌کی امیر عبدالله‌دین تیمور نیكٔ تضییقی بیله‌ن تسلیم‌غه دعوت قیلیب مکتوب‌لر کلسه مو امیر نوراحمد اكٔا قولاق سالمای قوت‌بیله‌ن حافظ‌غه مقاومت اتمکفه قرار بردی . لیکن احتیاطاً یارکندده‌کی آشوق جبخانه و خزانه و توپ‌لرنی قارغالیق طرفیغه یوللادی . بونی بیزنیكٔ عسکرلر تماماً کوّردی .‌یارکندنی بوشاتیب چیقیب کیته میز" دیگه‌ن شایعه پیدا بولوب شهرنیكٔ یاقا طرفیده‌کی بعضی عسکر قوماندان‌لری امیر نوراحمد دین امر الماسدین یارکنددین بش‌الته یوز اتلیغ عسکرلری بیله‌ن چیقیب قارغالیق‌غه یوّردی‌لر. بو ایش باشقه عسکرلر اراسیده مدهیش‌بیر اظطراب پیدا بولماقغه سبب بولدی . حافظ بو حال‌نی کوّرگه‌ن همان هر یرده‌کی عسکر خانه لرغه هجوم قیلغالی توردی . منه بو وضعیت امیر نوراحمدغه تسلیم دین باشقه چاره قویمغان ایدی . بناءً علیه امیر نور احمد حافظ بیله‌ن مذاکره قیلیب یاراغ‌وات لرنی تسلیم اتك و حافظ عسکرلرنیكٔ مال و جانی‌غه تعرض‌اتمس‌لیکی و یارکند دریاسی دین اوّتمسلیك، شرط‌لری بیله‌ن کلیشیم بولدی . بو کلیشمه موجبیچه۸آی‌نیكٔ۱۷سیده یاراغلر و اتلرنی تسلیم اتتی . حافظ یاراغلرنی الیب بولغاندٔ عهدی‌نی سیندوروب امیر نوراحمدنی و بیرنچه منصبدارلرنی حبس



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قیلدی ویاراغدین ایریلغان عسکرلر نیڭ تمام نرسه لرینی و کییم لری
نی تالان قیلدی . لیکن بیر نچه یوز عسکریمیز قوماندانلرینی حبس
ده قویوب ختن‌غه کتمکغه راضی بولمای ، بعضی‌لری قیافت‌لرینی
تبدیل قیلیب و بعضی‌لری حافظ نیڭ خذمتی‌غه کیریب یارکندده قا
لدی‌لر .

حافظ ۱۹۳۳، ۸- آی نیڭ ۲۱- کونی قارغالیق‌غه یوروش قیلدی.
او یرده پراکنده حالده تورغان عسکر و منصبدارلر بو خبرنی اڭلاب
قارغالیقنی بوشاتیب چیقیب ختن‌غه یوردی‌لر . ارته‌سی حافظ کلیب
قارغالیقنی اشغال اتتی . من بو خبرنی اڭلاب قراقاش‌غه و اندین
زاواغه باریب بار عسکرنی اویرغه توپلاب ، یارکندین کلگه‌ن عسکر
لرنی اۆی‌لری‌غه رُخصت بیریب توردوم . لیکن حافظ قارغالیقدین
اۆتمای توختادی و فقط گوماغه بیر قطعه عسکر بیله‌ن بیر حاکم ایبا
ریب اویرنی اشغال اتتی . کاشغردین ارقه ارقه‌دین یاردم
قوتی کلتوروب ختن‌غه یوروش قیلماق اوچون تیارلا نماقده ایدی . بیز
قوتی‌میزنی توپلاب گوماغه میڭ بش یوز کشی‌لیك عسکر یوللادوق. بو
عسکرلر باریب اویرده‌کی حافظ نیڭ عسکرلرینی مغلوب اتیب حاکم
باشلیغ اون‌سکز کشی‌نی اسیر قیلدی‌لر . قالغانی‌نی قوغلاب چیقاریب
گومانی اشغال اتتی‌لر . بو عسکر نیڭ ارقه‌سیدین حافظ غه بیرهیئت
ایباریب انی کلیشیم‌غه تکلیف قیلدوق . کلیشمه‌نی قبول اتمگه‌ن
تقدیرده اخرغچه مدافعه قیلماق عزمیمیزنی بیلدوردوك . لیکن
چولاق لنگرغه بارغاندا حافظ نیڭ عسکرلری مذکور هیئت اعضا
لرینی بولاب تالاب بعضی‌سی‌نی اسیر قیلدی‌لر . بعضی‌سی قوتو
لوب قاچیب گوماغه یانیب کلدی‌لر . اسیر بولغان هیئت رئیسی‌گه
حافظ‌دارحال گوماده عسکرلرغه " حافظ نیڭ قوّتی یگرمه میڭ کشی
دین عبارت‌دور ، سیزلر دارحال گومانی بوشاتیب ختن‌غه یانیڭلر"
دیب امر یوللاغیلی سالدی.بو عسکرلر مذکور امرنامه‌نی راست‌گمان
قیلیب میڭ بش یوز کشی نیڭ یگرمه میڭ کشی‌غه مقاومتی‌نی امکان
سیز کوروب یاندیلر .

من درحال زاواغه باردیم و تمام قوتنی اویرغه توپلاب مدافعه‌غه‌تیارلاندیم. بو حالده حافظ گوماغه کلیب بیر نچه تهدید مکتوبلری نی ایباردی. من هم اکا لایق جوابلرنی یازدیم. بیز نیك استخبارات مأمورلریمیز نیك حافظ نیك قوّتی خصوصیده برگه‌ن خبرلری بك مختلف ایدی. اما هیئت رئیسی مکتوبلریده دایما یگرمه میك کشیلیك قوّت دین بحث ایتار ایدی. ختنده‌کی قوّتی میز عدد یوزیدین بش میك کشی بولسه مو میلتیق لریمیز بش یوزغه یتمس ایدی. جبخانه هیچ یوق ایدی، چونکه بیز نیك تمام میلتیق و جبخانه ذخیره لریمیز کاشغر و یارکندده یوق بولغان ایدی.

منه بو سبب دین بو ضعیف قوت نیك او یگرمه میك دییلگه‌ن پوتونله‌ی قوراللیغ قوت غه برابر کیلالماس لیکی کۆرۆنوب صلح قیلماق فکری توغولوب، ینه زانگوی‌غه هیئت یوللادوق. لیکن حافظ بو هیئت غه هیچ قولاق سالمای ایلگریلامکغه باشلادی. مذکور هیئت اعضالری بولغان کتته بیر تریقت مرشدی، حافظ نی ختن‌غه هجوم قیلماق‌غه تشویق اتیب انیك تشویقی بیله‌ن حافظ، مذکورمرشد نیك کاشغرده توز کورلوق قیلغان اوغلی غلام قادر و یوقاریقی خائن‌هیئت رئیسی بیله‌ن ختن غه عسکر یوللادی. بو حالده بیز تسلیم غه قارار بیریب زاواده‌کی عسکرلرنی ایلچی غه یاندوروب او یرنی بوشاتتوق.

۷ـ آی‌نیك ۲۰ ـ کۆنی حافظ نیك عسکرلری زاوانی اشغال اتتی‌لر. من او کۆنی قاراقاش‌ده ایدیم. کچقرونده اولقی و کین‌کی هیئت اعضالریدین بیر نچه کشی، حافظ نیك قولیدین قوتولوب قراقاش‌غه کیریب مکا حقیقت نی سۆزلادیلر. «حافظ نیك قوّتی یگرمه میك ایکه‌نلیکی یالغاندور، بلکه تمام قوّتی اوچ میك دین اشمایدور، و زاواغه کلگه‌ن قوتی میك دین زیاده ایمس دور». بو حالده بیز نیك زاواده‌کی استخبارات مأمورلریمیز کیریب اولر هم مذکور سۆزنی تصدیق اتتی‌لر. من بو خبرنی اکلاغان همان ظاهرده قراقاش‌نی بوشاتیب چیقیب کتکه‌ن صورتده ایلچی‌غه یوردوم. اخشامده ایلچی



ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى


غه باریب ملك غه حقیقت نی عرض اتتیم. درحال مدافعه غه قرار بیریلدی .

شامی ساعت ایکی ده عسکرنی توپلاب زاواغه یوللاماق غه باشلادوق و ساعت بش ده من ماکدیم . کون چیقفان وقتده تویغوسوز زاواغه باریب حافظ نیك عسکرلری نی باستوق . اوچ ساعت اوروش نتیجه سیده دشمن نیك قسم کلی سی نی اولتوروب و اسیر قیلیب اشقانی نی زاواد ین سوروب چیقاردوق، لیکن تاربوغازده شامی ساعت توقوزغچه اوروش بولوب اخیری دشمن قطعی صورتده مغلوب بولوب پیالمه غه قاچتی . بو واقعه نتیجه سیده حافظ پیالمه دین اوتالمای اویرده توروب کاشغردین یاردم تیلامکغه باشلادی . امدی قورقوتوش نوبتی بیزغه کلیب اکا هر قسم تدهیش و تهدیدلرنی قیلیب انیك معنویاتی نی سیندورماق غه باشلادوق . بیر هفته ایچیده حافظ غه کاشغردین خیلی تولا یاردم عسکری کلسه مو هجوم غه جرأت قیلالمای مدافعه وضعیتی نی الیب توردی . حافظ ۱۰-آی نیك ۳-کونی تمام عسکرلری بیله ن قاچقان حسابده کاشغر طرفیغه کتتی . بونیك سببی کاشغرده تیمورنی تونگانلر اولتوروب کاشغرنی اشغال اتکه نی ایدی ( بیانی تو بنده کیلادور ).

بو خبرنی بیز اکلاغان زمان یارکندغه یوروش قیلماقغه تیارلا نغیلی باشلادوق . ۱۰-آی نیك ۵-کونی بیز نیك عسکرلر آرقه آرقه دین یولغه چیقیپ ایگیرلیمه کغه باشلادیلر . ۱۰-آی نیك اونی من یولغه چیقتیم . بیز نیك عسکرلر گوما و قارغالیق شهرلرینی هیچ مقاومت سیز اشغال اتتی لر . فقط بو اشغالده قارغالیق کتته لریدین حافظ طرفداری بولوب بیرآز مقاومت کورستمکده بولغان صابرخان اولتورولدی . من گوماغه بارغان کونی بیز نیك عسکرلر قارغالیق دین ایلگریله ب پوسکام غه باردیلر . بو وقت غچه امیر نور احمد یارکندده قاماقتا ایدی و امیر عبدالله تیمور سیجاك اولتورولگه ن کیچه سی کاشغردین قاچیب یوشورون یوللر بیله ن یارکندغه کلیب اویرده کی طرفدارلریمیز نیك اوییده یاشونوب تورماقده ایدی . دشمن نیك

موندين هيچ خبرى يوق ايدى . بيز نيڭ عسكرلر نيڭ پوسكام غه بار غانى نى ياركند دەكى حافظ نيڭ نايبى و عسكرلرى اڭلاب قورقوب در حال امير نور احمد نى حبس دين چيقاريب بير هيئت غه قوشوب پوسكام غه چيقاريب كليشيم تيلەديلر . ليكن امير نور احمد عسكرغه يتيشيب لا درحال قيادت نى قولى غه اليب ياركند غه يوروش قيلدى .
بو خبرنى ايلگريكى مغلوبيتده ياركند ده قاليب مخفى تورغان بيرر يوز ختن عسكرلرى اڭلاب درحال ياراغلانيب كهنه شهرغه هجوم قيليب بيرر ساعت ايچيده اويرنى الديلر. حافظ نيڭ عسكرلرى قاچيب يڭى شهرغه قامالديلر. بير طرفدين امير عبد الله ياشونغان يريدين چيقيب عسكر قيادتى نى قوليغه الدى و ينه بير طرفدين امير نور احمد ختن عسكرى بيلەن يتيشيب ١٠-آى نيڭ ٢١-كونى يڭى شهرنى محاصره قلماقغه باشلادى .

من بو خبرنى گوما و قارغاليق اراسيده اڭلاب قارغاليق غه بارديم، بير هفته انده توروب پوسكام غه بارديم. بو اوچ اى ايچيده اۆلوم و قان اراسيده ياشاب ينه سلامت و ظفرغه اولاشقان ايكى اينيم بيلەن كوروشتوم . ١٠-اى نيڭ ٢٩-كونى من ختن غه ياندىم و ياركند يڭى شهر اون بش كون محاصره قيلينغاندين كين هجوم بيلەن فتح قيليندى. حافظ نيڭ عسكرلرى نيڭ ياراغلرى نى اليب خواهلاغانيرى يغه كتمكغه اجازه بيريلدى.حافظ نيڭ نايبى محمد نيازاوغلى نى حبس



ياركند سپيلى نيك كاشغر دروازەسى



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

## ۹ــ فصل

## خوجه نیاز حاجی نیكٔ التی شهر غه كلگه نی وختن حكومتی نیكٔ اكا رسماً بیعت قیلغانی

۷ـ آی نیكٔ اخیریدین باشلاپ تورپان اولكه سیده خوجه نیازحاجی و ماجوكٔ یكٔ اراسیده قاتیغ محاربه لربولغالی توردی. بیر آی مدت بواوروش دوام قیلیب دایما خوجه نیازحاجی مغلوب بولوب، اخیری ۷ـ آی نیكٔ ۸ـ ویا ۱۰ـ كونی ده خوجه نیازحاجی تورپان اولكه سیدین تمام عسكرلری‌نی الیب قاراشهر طرفیغه قاچماقغه مجبور بولدی. مع الاسف بو واقعه نیكٔ تفصیلاتی‌نی بیلمای میز[57].

خوجه نیازحاجی وعسكرلری قاراشهرغه یقینلاشیب اوشاق تال‌غه كلگه‌نده قاراشهرده‌كی تونگانلر مدافعه‌غه چیقیب قاتیغ اوروش‌بولدی. خوجه نیازحاجی قاچماقغه تیار بولغانده محمود سیجاكٔ قاتیغ بیر هجوم بیله‌ن تونگانلرنی مغلوب اتیب قوغلاغانچه قاراشهرغه‌كلیب ینه اویرده تونگانلرنی یمان مغلوب قیلیب قاراشهرنی فتح قیلدی، تونگانلر نیكٔ تولا راقی‌نی یوق اتتی.

خوجه نیازحاجی شهرنی آلور الماس‌كوچا واكٔ بگ غه ،اسماعیل بای‌غه ،تیمور سیجاكٔ غه وختن‌حكومتی غه مكتوب لر یازیب درحال تمام قوت‌لری‌نی قاراشهرغه سوق اتمك و اویردین همه‌سی بیرلاشیب تورپان‌غه یوروب ماجوكٔ یك‌نی یوق اتمك و شونچه لیك حالده شرقی توركستان مسئله‌سی‌نی‌حل قیلماقغه دعوت قیلدی.

بو دعوت‌نی واكٔ بگ درحال قبول قیلیب قرا شهرغه بش میكٔ عسكر بیله‌ن باردی. اسماعیل بای‌نیكٔ نیمه قیلغانی‌نی‌بیلمه‌ی میز. لیكن عسكری یاردم قیلمغانی معلوم دور. تیمور سیجاكٔ، من‌ختن

نى اليب بولغاندين كين تمام قوتيم بيلەن تورپانغە بارامن، اما حاضر فرصتيم يوق» ديگەن مضمونده جواب بردى . ختن حكومتى يوقاريده ايتيلغان وجه بيلەن تيمور نيڭ هجوميدين مدافعه قيلماقغه مشغول ايدى .

حافظ پيالەدين قاچيب ارتەسى، يعنى ١٠ - آى نيڭ ٤ - كونى خوجه نيازحاجى غه بير هيئت يوللادوق و انى تمام شرقى توركستانغه رئيس جمهور تونوغانى ميزنى بيلدوردوك . اڭا هم مالى و هم عسكرى ياردم اتمكغه نيتيميز بارليقى نى معلوم قيليب بو هيئت قوليدين ايكى يوزسر ( ٩٠٠٠ گرام ) التون ايباردوك .

بو هيئت باريشدين ايلگرى جمادى الاولى نيڭ اخريده كوچا واڭ نى هم همراه اليب تورپان طرفيغه يوروش قيلدى . آيغير بولاق و كموش اراسيده ماجوڭ يڭ تويقوسوز بير هجوم بيلەن خوجه نيازحاجى نى يمان مغلوب اتتى . بو اوروشده واڭ بگ عسكرلرى نى تاشلاب ايگرى قاچقان اوچون بو مغلوبيتنى خوجه نيازحاجى اڭا يوكله دى . كوچا عسكرلرى نيڭ تولا راقى دشمن قوليده شهيد بولوب و بير حصەسى يولده اچليغ و سوسوزلوق بيلەن اولوب آزغينەسى سلامت كلدى . بومغلوبيتدين كين خوجه نيازحاجى قاراشهرغه كليب محمود سيجاڭ نى عسكر بيلەن اويرده قويوب اوزى كورلاغه كلدى . و بوحالده كوچانيڭ كتته ادملرى كورلاغه باريب انى كوچاغه كلمكغه دعوت اتتى لر . خوجه نيازحاجى ١٠ - آى نيڭ ١٩ - كونى كوچاغه كلدى . بيز ايبارگەن هيئت هم انيڭ بيلەن كوچاده كوروشتى . خوجه نيازحاجى كوچاغه كليب واڭ بگ نيڭ تعلقاتى نى ضبط قيليب اوزى نى نظربند قيلدى . خوجه نيازحاجى بيزغه يازغان مكتوبيده كوچا شهرى نى شرقى توركستاننيڭ پايتختى قيلماقغه قرار بەرگەنى نى يازدى . الحاصل كوچاده توروب آقسو، كاشغر و ختنغه ارقه ارقەدين مختلف هيئت لر يوللاماق و بير بيرىغه مناسبتى يوق و ضد امرلر و تكليف لر قيلماق غه باشلادى.[54]



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

## ۱۰ــ فصل

## تیمور سیجاك نیك اۆلتورولگه نی

یوقاریده ایتیلگان وجه بیلەن تیمور سیجاك ختن‌غه عسکر یوللاغان وقتیده قول استیده‌کی قیرغیز عسکرلری‌نی هم ختن‌غه یوروش قیلماق‌غه امر اتتی. لیکن قیرغیزلر بو امرنی قبول اتمدی‌لر. بو سبب دین تیمور سیجاك قیرغیزلر نیك قوماندانی عثمان‌علی‌بگ‌غه سوء قصد قیلغالی باشلادی. عثمان‌علی‌بگ ۱۹۳۳، ۹-آی‌نیك ۲۱-کونی تمام عسکرلری‌نی الیب تاغ‌قه قاچیب چیقیب کتتی. تیمور سیجاك اولرنی یاندوروب کلتورمك اوچون خیلی تولا کوشش قیلیب موفق بولالمادی.[59]

اخیری ۹-آی نیك ۲۸-کونی تیمور سیجاك کاشغرده‌کی عسکرلری نیك تولاراقی‌نی عثمان‌علی‌بگ‌نی توتماق اوچون تاغ‌قه یوللاب اوزی اوتوموبیل‌غه مینیب زوك قراولده‌کی حکومت باغی‌غه هوا الماق اوچون چیقیب کچقرونده یاندی. یکی شهرده‌کی تونگانلر موندین خبر تاپیب اللیگ اتمش تونگان فدائی بولوب یکی شهردین چیقیب تیمور سیجاك نیك یولیده بوقتورما بولوب توردی‌لر. تیمور سیجاك اویرغه کلگەن همان تونگانلر انی اوق‌غه توتوب یاوری وشۆفۆری بیلەن اۆلتوروب و باشی‌نی کسیب یکی شهرغه قاچتی‌لر.

بو حادثه دین اوچ ساعت کین ماجینسا تمام قوتی‌بیلەن کهنه‌شهرغه هجوم قیلیب اویرده‌کی تیمور سیجاك نیك عسکرلری‌نی مغلوب قیلیب شهرنی الدی. بیر کیچه‌وکوندوز شهر ایچی و اطرافی‌نی تونگانلر بولان تالان قیلدی. بونیك بیلەن بیر هفته مدت کهنه شهر ماجینسا نیك قولیده قالدی[60].

۱۰-آی نیك ۵-کونی عثمان‌علی‌بگ قیرغیز تمام قوتی بیلەن تاغدین کلیب کهنه شهرغه هجوم قیلیب تونگانلرنی مغلوب

قیلدی و شهرنی الدی . ماجینسا عسکرلری بیلەن قاچیب ینه یکی شهرغه قامالدی . عثمانعلی بگ کهنه شهرنی الغاندین کین اوزی نی تیمور سیجاک نیک اورنیغه سیجاک اعلان قیلیب کاشغر حکمداری بولدی. تیمور نیک تابعلرینی اوزیغه اطاعت قیلدوروب ایکی هفته مدت یکی شهرنی قاتیغ محاصره قیلدی . لیکن تونگانلر سپیل اطرافیدەایلگری دین قورغان استحکاملری دین شدت بیلەن مدافعه قیلدیلر .

بو اراده تیمور سیجاک نیک قوماندانلریدین حافظ، احمدخان، همدم بگ و باشقه لری بیردین ایکیدین عسکرلرینی الیب عثمانعلی سیجاک دین ایریلیب خوجه نیازحاجی نیک الدیغه بارامیز دەب کوچاغه کتکەلی توردیلر . بو نیک بیلەن عثمانعلی سیجاک نیک محاصره قوتی آز قالیب یکی شهر محاصرەسی ضعیفلاشتی .

عثمانعلی، سیجاک بولغاندین اعتبارا ثابت داملام یاشونغان یریدین چیقیب عثمانعلی بیلەن یخشی مناسبت پیدا قیلدی . بونیک سایه سیده کاشغردەکی بعضی ختنلیکلرنی و غربی تورکستانلیغ مهاجرلردین بعضی سینی یانیغه تارتیب« ختن اداره سی»اتلیغ بیر جمعیت تشکیل اتتی . بو جمعیتدین کوتولگەن مقصد کاشغرده اهسته اهسته ختن حکومتی نیک نفوزینی آشوروب نتیجه ده کاشغر و ختننی بیرلاشتورومک ایدی . بناً علیه بیز بو جمعیت نیک پوتون مصرفینی ختن خزانه سیدین بردوك . بو جمعیت اهسته اهسته قوّتلەندی و بیر مقدار عسکری قوت هم توپلادی . عثمانعلی نیک قول استیدەکی قوماندانلردین بعضیسی مخفی صورتده بو جمعیتغه طرفدار بولدی . بو ختن ادارەسی جمعیتی نیک موفقیتی نیک مهم سببلریدین بیری، ختن حکومتی نیک کوپچه مالی یاردملری، ایکنجیسی، عثمانعلی نیک عشرتغه توشوب هر ایشدین غافل یورگنی ایدی .

عثمانعلی ،غیرتلیك و باتور بیر یگیت ایدی ،مع الاسف اوزی سوادسیز بولوب، عسکر اداره سی اوچون کرەکلیك بیلم و تجربه غه



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ایگه بیر کشی ایماس ایدی. منه بو اوچون انیكٔ اقتداری ایکی‌ای دین اشوق دوام قیلمادی. انیكٔ بو وضعیتی دین اۆز تابعی ناراضی بولوب چوكٔ قوماندانلری‌دین اۆزبك ساتیوالدی‌جان، یوسف جان، قیرغیز اورازبگ، چپك قاضی، عبدالخالق و آدی‌لر آپ اچوق چه عثمان‌علی‌غه دشمن بولدی‌لر. عثمان‌علی بونی تویار تویماس اۏزی‌غه تابع قالغان بیره‌ر میكٔ قیرغیز عسکری‌نی و تمام توپ و جبخانه ویاراغلرنی الیب تاغ غه قاچتی. عثمان‌علی قاچقاندین کین تمام عسکر نیكٔ قیادتی‌نی اورازبگ قیرغیز قولیغه الدی. درحال یوسف جان‌نی بیره‌ر میكٔ اۆزبك عسکری بیله‌ن عثمان‌علی‌نی توتماق اوچون تاغ‌غه یوللادی. یوسف جان، عثمان‌علی نیكٔ اۏستیغه اوشتومتوت هجوم قیلیب انی و اكٔ چوكٔ ادمی بولغان خوش محمدنی اسر قیلدی و توپ و بعضی یاراغ و جبخانه لرنی هم اولجه الیب کاشغرغه ینیب کلدی.[61]

بو کوندین باشلاب اداره ایشی ثابت داملام غه عسکری ایشلر اورازبگ غه قرار تاپیب ختن اداره‌سی ارادین کۆتریلیب بیر کاشغر حکومتی شکلی‌نی آلدی. بو اراده هندستان‌دین، تورکیه دین بیر نچه هَوَسْکار ادم‌لر کاشغرغه کلیب اۆزلری‌نی کته ایش قیلغان و ایش بیله‌دورغان صورتده کۆرساتیب بعضی عسکری ایشلرغه ارالاشماقده ایدیلر. مذکور ادم‌لر ثابت داملام نیكٔ اكٔ یاقین مشاورلری بولدیلر.[62] ثابت داملام، مه‌یلی ختن حکومتی‌دین و مه‌یلی خوجه نیازحاجی‌دین راٸی سورماسدین بیر مستقل کابینه تشکیل قیلدی. اۏزی باش‌وکیل بولوب اون آلته اعضادین مرکب بیر کابینه‌نی «مُوَقّت شرقی تورکستان حکومتی» عنوانی بیله‌ن ۱۹۳۳، ۱۱-ای‌نیكٔ ۱۲-کونی مراسم بیله‌ن اعلان اتتی.[63] بو کابینه نیكٔ اعضاسی بولغان اون‌الته کشی نیكٔ فقط اۏچ کشی‌دین باشقه‌سی انقلاب اعضالریدین بولمای ملت نیكٔ نظریده‌کی اعتبارلری و بو خذمت اوچون

يترليك قابليت غه ايگه بولغانليقي لري شبهه كۆتۆرگەن كشي لر ايدى .
بو اوچون بو حكومت نى مەيلى ختن حكومتى و مەيلى خوجه نيازحاجى
رسماً تونومادى لر .

ثابت داملام مذكور كابينه نيڭ اتيده پوتون شرقي تور
كستان ده رواج بيريله دوردىگەن حكوم بيلەن كاغذ پول چيقاردى . ليكن
يوقاريقى ناراضى ليق يوزيدين بو پول نى كاشغردين باشقه يرده قبول
اتيلمادى . بو حكومت نيڭ كين كى احوالى توبنده اۆز موردىده كيلادور .



ثابت داملام كاشغر حكومتى اركانى دين بعضيلرى بيلەن بير بيلەن بيراردا .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

## ١١ــ فصل

### اوروﻣﭽﻰ ده كى حادثه لر

١٩٣٣ ارتەيازيده جين‌شورين نيكٔ حاكيميتى استيده اوروﻣﭽﻰ غينه قالغان ايدى. گوچيكٔ تونگان لر و جيمسا خوجه‌نياز حاجيم طرفيدين الينغاندين كين جين شورين نيكٔ وضعيتى خطرغه توشودور. اوروﻣﭽﻴده حكومت نيكٔ تركيبيده يرالغان مهم كيشيلر اراسيده جين‌شورين نى اۇرنيدين توشۇرۇش مقصلتليك حركتلر باشلايدور.

اوزون زماندين بيرى جين شورين، اق اوروس‌لر[64] نى عسكرغه اليشدين چيكينيب كلگەن ايدى. براق چينليغ عسكر لر ملى انقلاب چى‌لرغه قارشى تورالميغانليقيدين مجبور بولوب اولردين عسكر الدى و انگليسلردين الغان يار اغلر[65] بيله‌ن قوراللاندوردى. ١٩٣٣ ييلى ارتەيازيدين باشلاب جين‌شورين بيله اق‌اوروسلر اراسيده اعتمادسيزليق پيدا بولوپ كۈنسايين كۆپه‌يدى. اق‌اوروسلر، بيرياندين انقلاب نيكٔ كەكرۆپ‌كەتكەنيدين، يەنە بير ياندين سويت حكومتى بيله‌ن جين‌شورين نيكٔ اراسيده مناسبتلرنيكٔ يقينلاشيشقا يۆزتوتقانليقىدين اۆزلرى نيكٔ عاقبتى اوچون قورقونجيغه تۆشكەن. اق‌اوروسلر بيله‌ن جين‌شورين اراسيده ايشەنچسيزليك نيكٔ اۇلغايشيده اوروﻣﭽﻴده‌كى سويت كونسولخانه سى نيكٔ هم حصەسى بار ديگەن‌لر آز ايمەس.[66]

١٩٣١ ده چين-ژاپون سوقوشيده ژاپونلردين قاچيپ سويت‌لر اتفاقيغه سيغينغان مانچوريالیغ چيس عسكرلريدين بير قيسمى ١٩٣٣ باشيده سويتلر جين‌شورين غه اۆتكۆزوب بردى.[67] و ١٩٣٣ ييلى نيكٔ ١-ويا ٢-آييده بو عسكرلر نيكٔ باشيغه اصلا" مانچوريالیغ بولغان شيكٔ شى‌سەى نى " شيكٔ زيخوى" عنوانى بيله تعينلاب قمول و تورپاندە سوقوشقە سۆردى.

اقاوروسلر بیلەن مانچوریادین کلگەن چینلیغ عسکرلر اراسیدە جین‌شورین نیڭ نیتی و آگا قارشی توروش خصوصیدە بیرلیك پیدا بولدی[68]. اقاوروسلر، جین‌شورین غە مخالف علاقەلیغ چین لیغ لربیلەن مصلحت‌لیشیپ ۱۹۳۳- ییلی ٤-آی‌نیڭ ۱۲-کونی نەن‌گوون (اورومچی) دە تورغان ۴۰۰ قدر قوت‌بیلەن جاكْجوكْ یامون غە باسیب کیریب جین‌شورین نیڭ ایشدین اوزاقلاشمیقینی طلب قیلیدور. جین‌شورین موندا غبیر واقعە نیڭ بولمیقینی کوزآلدیدە توتوپ یامونغە تولا قوت توپلاب تورغان ایدی. بو ایکی قوت‌اراسیدە قاتتیغ اوروش بولدی. جین‌شورین‌دین کوڭلی قالغان چینلیغلر و مانچوریادین کەلگەن عسکرلر بو شوقوشقە ارالاشمیدیلر. اخیری، چین‌شورین اوزی نیڭ مغلوب بولمیقی و اولتورولمیکی دین قورقوپ مخفی ادم چیقاریب اوزی‌نیڭ و بالابارقالری نیڭ جانینی غینە الیپ اورومچیدین چیقیپ کەتمەك نی تکلیف قیلدی. قوزغولاڭچیلر بو تکلیفنی قبول قیلیب جین‌شورین نی بالە بارقەسی بیلەن بیر اوتوموبیل‌غە سالیب ارقە دروازە بیلەن قاچوردی. جین‌شورین عسکرلری، اوز باشقوماندانلری نیڭ قاچقانیدین خبر تاپقاندین کین اقاوروسلرغە تسلیم بولدیلر. جین‌شورین قاچقانچە ٤-آی‌نیڭ ۲٤-کونی چوچك یولی بیلەن سویت‌لر اتفاقی‌غە اوتوپ اویردین چین غە کتتی[69].

جین‌شورین قاچقاندین کین "اولکەدە امنیت‌نی قوغداش عالی کومیتەسی" اتلیغ بیر هیئت قورولدی. بو هیئت، معارف‌ناظری ۸۰ یاشار لیوەن لوڭ نی حکومت رئیسی و دیكْچیكْ (مانچوریادین کەلگەن عسکرلرنیڭ باشی) نی حربی ایشلر باشلیغی تعین قیلدی. عالی کومیتە، خلق‌نیڭ مال‌مُلکینی و جانینی محافظت قیلیش، جین شورین نیڭ حیاتی و مال‌ملکیغە تەگمەسلیك، و سویت‌کونسولخانەسی نی محافظت قیلیش دیگەن ۳ مادەلیك بیر قارار نی قبول قیلیب اعلان اتتی.

شوکونلردە شیكْشی سەی عسکرلرینی باشلاپ توروپاندین اورومچیغە کیلادور. عالی کومیتە، ٤-آی‌نیڭ ۱٤-کونی شیكْشی سەی‌نی



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دوەن (عسكری والی ویا چیگرا مدافعه قوماندانی) تعین قیلیشقه مجبور بولادور، و ٤٤ اعضادین عبارت بیر وقتلیق (موقّت) اۆلكه لیك حكومت تشكیل قیلادور. حكومت اعضالری اراسیده لو وەن لوك (رئیس)، گمیركین، پاپەنگوت، شیك شی سەی، نظربگ (قمول واكسی)، حسین بای، عبدالقادر، آباو، توگباو و جاك بییوەن لر بار ایدی.[70] بو حكومت طرفیدین اعلان اتیلگەن پروگرام ده سیاست، اقتصاد و معارف ده هر ملت غه برابر حقوق بریلمیكی، هرملت نیك فردلر نیك سایلام و امتحان قانونلری بوینچه حكومت خذمتیغه قاتناشمیقی، خارجی مناسبت ایشلری نیك چین مركزی حكومت قولیده بولیشی كبی مضمون لر بار ایدی.

بو آرادا شیك نیك دوەن بولوشیغه شخصی و یا سیاسی سبب لردین مخالف بولغان لر بار ایدی. باشتا غولجه نیك عسكری والیسی جاك پییون بولوب آق اوروس و چینلیغلر دین مركب بیر "شیك شی سەی نی آ وروش گوروپی" قورولدی. بوندین خبر آلغان شیك، بیر نچه چینلیغ منصبدار نی و اق اوروسلردین گمیركین بیلەن پاپانگوت نی توتوپ اۆلتوردی.[71]

ماجوكیك بو كونلرده (۱۹۳۳ اوترالریده) خوجه نیاز حاجی و محمود محیطی لرنی توریان دین قاچوروپ پیچان، قاراشهر، باركۆل قتارلیغ شهرلرنی ایگیلەپ بو یرلرده كی تۆرك لردین و تونگان لردین تولا عسكر تۆزوپ بیر بۆلوم قوتینی ماخو نیك قوماندا سی آستیده آلتای غه یوللاید ور. اوزی ۹-آی نیك ۲۰-كونی اورومچیغه تعرض قیلغلیی باشلایدور. شیك، اوروشتا مغلوب بولوب اورومچیغه قایتادور.[72]

بو اردا ماجوكیك، جاك پییوەن بیلەن پیتیشیپ او نیك اورومچی تعرضیغه قوشیلیشینی تامین قیلادور. یوقاریده بیان قیلینغان كبی غولجه ویلایتی اورومچی حكومتیدین ایریلغاندین كین جاك پییوەن، بو اولكەنی اۆز باشیغه اداره قیلیپ قوتینی آشورماقتا ایدی. چینلیغ، تونگان، تارانچی، قازاق و قالماقلردین اون بشمیك عسكر توپلیغان ایدی. شرقی توركستانغه روس نوفوذی كیریب قالمیقیغه غایت درجەده

ضد يت كۆرسەتيپ روس چيگراسيني محكم توتقان. البته بو سياست روسلرغه يمان اغير كۆرۆنمكده و فرصت كۆتوپ تورماقدا ايديلر.[73]

ماخى يك آلتاى نى ايگەلەپ، چوچك وماناس قتارليغ يرلرنى هم قولغه توشوروب، داوانچيك دين اورومچيغه تعرضغه كچكەن ماجوك يك قوتلرى بيلەن بيرلەشمەكغه تيريشيدور. جالك بيبوەن، ايلى دين عسكرينى باشلاپ اورومچى غه قاراب يوروش قيلادور. شونيك بيلەن اورومچى تۆرت بيرياندين قورشالغان بوللادور.[74]

ماجوك يك ١٩٣٤-١-آى نيك ١٢-كونى اورومچى غه باسيپ كيريپ نەنگوەن بازارى، آيروپلان ميدانى و راديو مركزينى قولغه توشورادور. شيكشى سەى نيك بو قورقونچلوق زمانيده سويتلر اتفاقى شوقوشغه آرالاشادور. سانى بيزچه بيلينميگەن بير سويت قوتى، تانك توپ و آيروپلان بيله كيريپ جالك بيبوەن نيك قوتلرى بيلەن اوروشقه كريب اولرنى تارومار قيليپ ماجوكيك نيك اوستيغه هجوم قيلادور.[75] بو ارادا اورومچيغه شمال-غرب طرفدين اوچوپ كەلگەن ايروپلانلر ماجوكيك نيك عسكرلرى اوستيغه بومبا و اوق ياغدوروپ تونگانلرنى بك تولا ضايعاتغه اوچراتتى. تونگانلر غايت پراكنده حالده توريانغه قاچتيلر. حتتا بو سوقوشتا ماجوكيك نيك اولگەنى هم شهرت تاپتى. دوانچيك محاربەسيدين كين ماجوئيك نيك اورومچى حكومتى بيلەن اوروشقودەك قوتى قالميدى. آلتى شهرغه يۆرۆمكدين قورقوپ كوچادەكى عسكرلرينى هم اويردين ياندوردى. نيمه قيليشنى بيلەلمەس حالده قالدى.[76]

جالك بيبوەن نى تاغده اۆز ادملرى اۆلتوردى. بير روايتغه كوره اوزىنى اۆزى تپانچه بيلەن اتيب اۆلتورميش دور.[77] اما تارانچى، تونگان، قازاق و قالماق عسكرلرى بيرلاشيب غولجه شهرىده مدافعەغه تيارلاندىلر. دشمن غولجه غه هجوم قيليب قاتيغ اوروشلر بولدى. اخيرى تارانچىلر توردى آخونباى نيك تشويقى بيلەن تسليم بولدىلر. تونگانلر جنوب تاغلرىغه قاچيب كتتىلر.




ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

قازاق‌و قالماق‌لر تارقاب تاغلرده‌کی یایلاغلری‌غه قاچیب کتتی‌لر . تو نگان‌لر قاچقانچه تکّری تاغلریدین کونس و یولدوز یول‌لری بیله‌ن یو روب رمضان ایچیده کوچاغه کلدیلر.[78]

بو صورت بیله‌ن غولجه ولایتی‌غه، روس‌لرنیڭ اچوق‌یاردمی بیله‌ن، شیڭ استیلا اتتی . مذکور توردی آخون‌بای‌نی غولجه ولایتی‌غه دوته‌ی (والی) تعین قیلدی . روس‌عسکرلری تانك و توپ‌لری‌نی الیب اوز حدودی‌غه یانیب کتتی‌لر .

منه شو نیڭ بیله‌ن شیڭ‌شی سه‌ی نیڭ، سویت‌لر اتفاقی حمایه‌سیده، شرقی تورکستان نیڭ اوستیغه مطلق حاکمیتی قرارتاپتی .

اورومچی حادثه لریغه تگیشلیك بولوب ایلگیمیز غه‌که‌چکه‌ن معلومات قیسقیچه منه موندین عبارت دور . جیڭ شورین نیڭ آغدورولوشی ، شیڭ نیڭ دوبه‌ن بولوشی ، سویتلر اتفاقی نیڭ شیڭ نی قوتقوزماق اوچون عسکری کوچ کیرگوزیشی، و حتتا ماجوڭ ینیڭ ایکینجی قتیم شرقی تورکستانغه چیقیشی اسرارلیغ حادثه لردور. بو حادثه لر نیڭ قاراڭغولوقیغه یوروقلوق کلتورمه‌ك که‌لگوسیده‌کی تاریخ‌تدقیقاتچیسی منورلریمیزغه امانت بیر وظیفه دور.[79]




شرقی تورکستان اسلام جمهوریتی پاسپورتی ، ۲۸ / ۱۰ / ۱۹۳۳

## ١٢ــ فصل

### ملى انقلابچيلر نيڭ يات دولتلر بيلەن سياسى مناسبتى

يات دولتلر بيلەن سياسى مناسبت توزوش مسئلەسى نيڭ اهميتى غە اڭ اوّل توشونگەن لر ختن انقلابچيلرى ايديلر. شرقى توركستان انقلابچيلرى عموماً اورومچى حكومتى نيڭ ضِدّى غە بولوب مركز چين حكومتى غە مخالف وضعيت الميغانليقى معلوم دور.[80] ليكن چين مركزى بيلەن آراميزدە مسافە بك اوزون و هم اوترادە دشمن بار ايدى. چين حكومتى نيڭ انقلابچيلرنى يمان كوز بيلەن كورۇب هر ياردم نى اورومچى غە صرف اتكەنى اوچون انقلابچيلر چين مركزى حكومتى بيلەن رسماً مناسبت پيدا قيلماقغە امكان تاپمغان ايدى.[81] بو اوچون بو يردە انقلابچيلر نيڭ قوشنە دولتلر بيلەن مناسبت پيدا قيلماقغە كوشش قيلغانلرى و مناسبتلرىنيڭ كيفيتى نى بيان قيليب اوتاميز.

ختن حكومتى قورولغان وقتدين باشلاب قوشنە دولتلر نيڭ شرقى توركستان خصوصيدەكى سياستلرىنى غيرمستقيم يوللر بيلەن بيلمكغە كوشش قيليب حاصل قيلغان معلوماتدين هندستان حكومتى نيڭ كاملاً بيطرفليك وضعيتى نى الماقغە قرار برگەنليكى معلوم بولوب بو دولت بيلەن تماس اتمك فايدەسيزليقى بيليندى.[82] روس حكومتى شرقى توركستان انقلابچيلرىغە ظاهردە يخشى معاملەدە بولماق و اولرغە هرنرسە تيلاسە برمك و بو يول بيلەن شرقى توركستاندەكى منفعتلرىنى قولغە كلتورمك سياستى نى توتقانليقى شبهەسيز بيليندى.[83]

افغانستان حكومتى بيزغە لازمليغ درجەدە فايدە يتكوزا لمسەمو ديندا شليق، مِلى قوشنەليق و بير اوترا آسياليغ ليق اعتبارى بيلەن بيلمگەنيميزنى بيلدورمك صورەتى بيلەن اخلاقى ياردم قيلماقى نى



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

امید قیلدوق . بناءًعلیه من ۱۰ـ آیده پوسکامغه بارغان وقتیمده افغانستانغه غیر رسمی بیر هیئت صفتی بیلەن بارماق اوچون قوربان الله و میان‌حسن‌خان‌نی تعین‌لاب ختن‌غه یاندیم . بولر ۱۱ـ آیده ده یولغه چیقتی‌لر . بولرنی افغانستان حکومتی محبت‌واحترام بیلەن قبول اتتی. لیکن ارادەکی یول اوزاق بولغان اوچون مثبت ویا منفی‌بیر نتیجه قولغه کلگونچه بیز وطن‌دین خارجغه چیقتوق و هیئتیمیز افغانستان‌ده قالدی[84].

خوجه نیازحاجی‌غه کلسک،انیڭ یانیده ایلگری روسیه‌ده قزیل تشکیلات‌غه اعضا بولغان بعضی شرقی‌تورکستان‌لیغ کشی‌لر بار ایدی‌لر . خوجه نیازحاجی بولرنیڭ تشویقی بیلەن تمام اُمیدی‌نی روس‌غه تیککەن ایدی[85]. خوجه نیازحاجی روس‌حکومتی بیلەن‌مذاکره قیلیب بیر مقدار میلتیق و جبخانه آلماق‌غه پوتوشکەنیدین کین انیڭ بو سیاستی‌غه واقف بولدوق . بیز اگاه‌بو سیاست‌نیڭ عاقبتی وطن اوچون خطرلیك دور‌دەب یازدوق.بو مکتوبومیز نیڭ جوابی‌غه خوجه‌نیاز حاجی یازدیکه" بیزغه هر قسم یاراغ توپ تانك و طیاره لازم دور، و بونی روس‌دین باشقه قوشنه دولت‌لر برماید ور . روس‌لر بو یاراغلرنی براد ورغان بولدی. بیز بو یاراغلرنی الماق اوچون روس‌لر نیڭ قویغان شرط‌لری‌نی قبول اتتوك . لیکن یورت‌نی قولیمیزغه آلغاندین کین او شرط‌لرنی تیگوشتورامیز ، خاطرجمع بولسون‌لر". بو وعده‌لر نیڭ مقابیلیده خوجه نیازحاجی‌نیڭ روس‌لرغه برگەن امتیازی بولر ایدی:


- شرقی‌تورکستان نیڭ تمام تجارتی‌نی سویتلر بیلەن قیلماق‌و هندستان و افغانستان بیلەن تجارت‌نی توختاتماق،
- سویتدین باشقه بیر دولت بیلەن سیاسی مناسبت‌غه کریشمه‌سلیك ،
- عسکر تعلیماتی و هر فننی ایش‌اوچون لازم‌لیغ ادم‌لر نی یالغوزسویت‌دین الماق و باشقه اجنبی‌لرنی ایش‌غه سالماسلیق.

خوجه نیاز حاجی نیڭ بیزغه بیلدورگەنی بو مقدارده دور . لیکن بیزدین مخفی توتقان موندین قورقونچ راق ماده‌نی هم بیلامیز،انی ذکر

قیلماق مناسب ایمەسدور[86].

الحاصل خوجه نیازحاجی بیرآز وعده نیڭ مقابلیده شرقی تورکستان نیڭ پوتون مقدراتی نی روس غه برمکفه بیلمسدین راضی بولدی ، چونکه شیطان نیڭ حیلەسی غه گول بولغان و سیاست اویونلری دین پوتونلەی خبرسیز قالغان ایدی[87].

کاشفرده ثابت داملام، حکومت قورغاندین کین اوذات سیاست ایشیده مهارت کۆرسۆتوب هندستان، افغانستان، ایران، تورکیه و باشقه دولتلر بیلەن سیاسی مناسبت پیدا قیلماق فکری غه توشتی . لیکن مع الاسف بو ایش اوچون سفیر فوق العاده عنوانی بیلەن شرقی تورکستان حکومتی اتیده یوللاغان ادمی تورکیەدین یکّی کلگەن ماجرا پرست کشی ایدی. بو سفیر هندستان غه باریب اۆچ تورت کۆن اویان بویان غه یوگوروب هیچ ایش قیلالمای پشی نی قیستوروب تورکیەگه کتتی. ثابت داملام نیڭ برگەن آلتون لری نی دسمایه قیلیب ایزمیرده چوڭ دوکان اچتی[88] .



انقلاب ده چین عسکرلری اوتقویغان قمول شهری، ۱۹۳۲



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## ۱۳ــ فصل

### خوجه نیاز حاجی وتونگان لر


ماجوكٔ یكٔ، اورومچی محاربه سیده مغلوب بولوب تورپانغه كلگەن همان یا آلتی شهرغه یۉرمك یاكه چرخلیق یولی بیلەن چینغه كتمك لازم كلگەنی غه توشونوب، هر حالده قاراشهر و كورلانی الماقغه قرار بریب، رجب آیی ده ایكی میكٔ قدر تونگان عسكری‌نی قارا شهرغه یوللادی.[89] تونگانلر، ماجوكٔیكٔ تمام قوّتی بیلەن كلدی دیگەن پروپاگنده‌نی تارا تقانی اوچون محمود سیجاكٔ، ماجوكٔیكٔ نیكٔ تمام قوتیغه برابر كیلالماسلیكی نی بیلمگانی اوچون قاراشهر كورلانی بوشاتیب كوچاغه كلدی. بو نیكٔ بیلەن تونگانلر غیرتلانیب كوچاغه هجوم قیلدیلر. خوجه نیازحاجی ینه مدافعه قیلماسدین كوچانی بوشاتیب بایغه كلدی. بو حالده تونگانلر نیكٔ آزلیقی و ماجوكٔیكٔ نیكٔ كلمگەنی معلوم بولوب محمود سیجاكٔ تولاراق عسكری بیلەن بایده توختادی، خوجه نیازحاجی آقسوغه كلدی.

محمود سیجاكٔ كوچاغه هجوم قیلماققه تیارلانغان حالده ماجوكٔ یكٔ نیكٔ داوانچیكٔ محاربه سیده مغلوب بولوب قاچقان خبری كوچاده‌كی تونگانلرغه اولاشقان همان، بولر محمود سیجاكٔ نیكٔ كوچاغه یوروش قیلماقیدین قورقوب بیر كیچه‌ده كوچادین قاچیب هیچ بیر یرده توختاماسدین قاراشهرغه كتتی‌لر. محمود سیجاكٔ درحال یوروش قیلیب كوچا و كورلانی اشغال قیلیب باشارگون بوغازی‌نی استحكام قیلدی.[90]

محمود سیجاكٔ بایده‌كی كونلرده، تیمور سیجاكٔ نیكٔ ادملری، حافظ باشلیغ‌لر، بیره‌ر میكٔ كشی‌لیك قوت بیلەن كاشغردین بایغه باریب محمود سیجاكٔ غه قوشولغان ایدیلر.

بو حالده خوجه نیازحاجی، کاشفر و ختن دین عسکری یاردم طلب قیلدی. کاشفردەکی ثابت دامللام نیڭ یگیده قورولغن حکومتی یاردم قیلالغودەك احوالدە ایمس ایدی. ختن دین اسماعیل دامللانیڭ قیادتی استیده بش یوز اللیك اتلیغ عسکرنو ختن قایی یولی بیلەن یوللادوق و یارکند دین مالی یاردم صورتی بیلەن اشلیق یوللاماقغه قرار بریب ایشغه باشلادوق[91].

بو کونلرده خوجه نیازحاجی غه سویتلردین میڭ ایکی یوز میلتیق، بیر میلیون کارتوس، بیر نچه میڭ قول بومباسی و تپانچه لر کلدی. خوجه نیازحاجی باش ارگونده‌کی استحکامغه تولا ایشانور ایدی[92].



تونگان عسکرلریدین بیر گروپ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

# ١٤ــ فصل

## ينه ختن وكاشغر واقعه لرى

١٩٣٣، ١٠-آى دين باشلاب ختن حكومتى نيڭ بو ينىغه توشكەن وظيفه بواوچ ايش دين عبارت ايدى:

١ - خوجه نيازحاجىغه عسكرى و مالى يارد م قيلماق ،
٢ - كاشغر يڭى شهرده‌كى ماجينسا باشليغ تونگانلرنى يوقاتمك اوچون كاشغر حكومتىغه عسكرى يارد م قيلماق ، و
٣ - كاشغر و تورپان حدودىغه توتاش بولغان شرق اولكه ميز، يعنى چرخليق و لوپ كول‌لرى اطرافىده تونگان نيڭ هجومىغه قارشى مدافعه قيلماق .

خوجه نيازحاجىغه يارد م اتمكى ميز يوقاريده بيان قيلينغان كبى باشلاندى . خوجه نيازحاجى ، تونگانلرغه قارشى مدافعه قيلماسدين قاچمغان بولسه (بيانى توبنده كيلادور) و بيرآز غيرت كۆرسه‌تكەن بولسه ايدى ، من ويا ايكى اينيم دين بيرى ختن عسكرى‌نيڭ كوپراق قسمىنى اليب خوجه نيازحاجى نيڭ ياردمىغه بارماق فكريده ايدوك.

كاشغر حكومتى نيڭ اعضاسى و عسكرلرى، توبنده كيلادورغان شكلده مختلف عنصرلردين مركب بولغانى اوچون، ضعيف بير حالده ايدى . بو سبب دين كاشغر يڭى شهرده‌كى تونگانلر نيڭ آلديده فقط مدافعه وضعيتىنى اليب تورماقده ايدى . بو وضعيت توغراسيدين ثابت داملام، ختن حكومتى دين عسكرى يارد م طلب قيليب ارقه ارقه دين مكتوب و هيئت لر يوللادى . بيز د رحال اميرعبداللەنى بيره‌ر ميڭ عسكر بيلەن يڭى حصارغه يوللادوق . ليكن د رحال كاشغر

غه كيرمكفه آلد يرماسليق و كاشغرد ەكى بير بيرى غه مخالف قوماندان لربيلەن صميمى بير اتفاق تۈزگه ند ين كين كيرمكفه توصيه قيلدوق .

اميرعبد الله بو توصيه غه مطابق يكۇحصارغه باريب توختاب توردى ١٢ـ آىنيڭ ١٨ يده ثابت داملام اۆزى يكۇ حصارغه كليب اميرعبد الله بيلەن مذاكره قيليشيب كامل بير اتفاق غه كليب يكۇ شهرغه جنوب و شرق دين اميرعبد الله، غرب و شمال دين كاشغرعسكرلرى بير وقتده هجوم قيلماقغه قرار ييريشيب مذكور وقت نى تعينلاب ثابت داملام كاشغرغه ياندى . مذكور تعين قيلنغان وقتغه موافق ١٩٣٤ ، ١ـ آىنيڭ ٦ـ كونى عبد الغنى آخون نى سكزيوز اتليغ عسكر بيلەن يوللاندى . عبد الغنى آخون يكۇ شهرنيڭ ١٥ كيلومتر جنوبيد ەكى تازغون قصەبه سى غه باريب توشتى . ليكن بو حالد ە كاشغرد ەكى اۆزبك قوماندانى يوسف جان يوقاريد ه تعين قيلينغان ساعتد ه يكۇ شهرغه هجوم اتمكنى قبول اتماى كاشغرد ه بير داخلى اختلاف باش كۆرستتى . بو واقعه نى ماجيسا اڭلاغان زمان تمام قوّتى بيلەن تازغون غه اوشتومتوت هجوم قيليب عبد الغنى اخون نى بش يوز كشى بيلەن توشكەن مدرسەده محاصره قيليب آلدى. باشقه يرگه توشكەن محمد حاجى و على قازانلر بو حالنى كۆروب اۈچ يۈز كشى بيلەن يكۇ حصارغه قاچتى. عبد الغنى آخون تقريباً بش ساعت غايت شجاعت بيلەن مدافعه قيلدى. اخيرى جبخانه سى توگەب كيتيب تسليم غه مجبور بولوب اۈچ يۈز اللك عسكرى بيلەن اسير بولدى . كاشغرغه ماجيسا نيڭ بو هجومى اڭلانيب توروب، كاشغرعسكرلرى عبد الغنى اخون نيڭ ياردمى غه چيقماديلر . بو حادثه سببى دين اميرعبد الله نى يكۇ حصاردين ياركند غه ياندوروب، اورنيغه امير نوراحمد نى اوير غه ميڭ كشى بيلەن يوللاب يكۇ حصارده قويدوق . كاشغرده اۆزبك و قيرغيز عسكرى بولغان زمانده كاشغرغه ياردم قوّتى يوللاماسليقغه قرار بردوك .[93]

شرق حدودىغه ١٩٣٣، ١٢ـ آىنيڭ باشلريده كريه عسكر قوماندانى كمال داملانى يوللادوق . كمال داملا چرخليقغه باريب



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

هم گانسو و هم تورپان حدودىنى مراقبت قيلدى، گانسو و تورپان طرفلرىغه منتظم استخبارات مأمورلرى ايياريب او طرفلرنيڭ احوالىدين خبر الماق وظيفەسىنى يخشى اجرا قيلدى. لوپ ناهيه لرىدين كۆنچى نيڭ خلقى ختن حكومتىغه اطاعت عرض قيليب او يرلر هم كمال دامللانيڭ امرى استيفه كيردى ( يگرمه اوچنجى خريطه غه قراسونلر ).

كاشغر واقعه لرى بولسه غايت يورەك پارەليغوچى واقعه لردور. كاشغر حكومتى نيڭ اعضالرى و عسكرلرى كاشغرليغ لردين و اۆزبك مهاجرلردين و قيرغيز لردين مركب ايدى. بو عنصرلر دايما شخصى منفعت ويا اۆزلرى نيڭ لياقتسيز ليك لرى يۈزيدين اختلافده بولوب بك ضعيب بير حالده ايدى.بو سبب دين كاشغر حكومتى نيڭ التەميڭ دين عبارت بولغان پوتون قوراللىغ عسكرى يڭى شهردەكى ميڭ بش يوز كشىليك تونگان قوتى نى يوق ايتالمدىلر. بلكه تونگانلر كوندين كونگه غيرتله نيب پات پات يڭى شهردين چيقيب اطراف دين اوزوق توپلاماق بعضاً كهنه شهرغه هجوم قيلماقده ايديلر. منه بو سبب دين ثابت داملام ختن حكومتى دين ياردم تيله مكغه مجبور بولغان.

بو اچنيشليغ احوال نيڭ سببى و واقعه لرى خصوصيده ينه بيرآز اچوقراق معلومات يازماقيم فايدەليغ دور. ثابت داملام نيڭ حكومتى نيڭ اعضالرىدين آزراقى، كوپ لايق كشى لر بولسەمو بعضىسى غربى توركستاندين يڭى ده كلگەن حقيقتى مجهول، شبهەليك ادملر ايدى.[94] بعضىسى شرقى توركستانليغ بولسەمو، انقلاب اعضالرى دين بولمغان،اغيز وطن پرورلرى ، نادان و غير جدّى كشىلر ايدى. ثابت داملام نيڭ مشاور و كاتب لرى نيڭ هم تولاراقى مذكور شبهەليك مهاجرلر ايدى. عسكرلرى نيڭ آزراقى كاشغر خلقى دين بولوب تولاراقى غربى توركستان مهاجرلرى و قيرغيز لردين ايدى.

بو اۆچ عنصر اگرچه همەسى تورك و همەسى مسلمان بولسەمو، طبيعت اعتبارى بيلەن آيريم بولوب اختلاف دين خالى قالماسليقى طبيعىدور. ليكن بو اختلاف نىدرست اداره و منتظم تشكيلات

وسیلەسی بیلەن یوق اتمك ممکن ایدی. لیکن مع الاسف حکومتغە اعضا بولغان و ثابت داملام غە مشاور و کاتب لیق صفتی بیلەن اداره ایش لری نی قول لری غە آلغان مجهول الحال مهاجرلر، مذکور اوچ عنصر دین مرکب بولغان عسکر قوماندان لری نیڭ آراسیغە اختلاف و نفاق اوروغی نی ساچماقدە مهم درجەدە فعالیت کوّرستتی لر .

بو نیڭ نتیجەسیدە اولا قیرغیز قوماندان لریدین بولغان آدی بگ غە باشقە لرنی دشمن قیلیب ادی بگ نیڭ شراب ایچکەنی نی بهانە قیلیب اکا اوزبك یوسف جان و قیرغیز عبد الخالق لرنی کیشکیر تیب انی توتتوروب اولتورتتی لر . بش یوز کشی دین عبارت بولغان عسکری دین یاراغ نی آلدی لر . موندین کین یوسف جان و عبد الخالق نیڭ آراسی نی بوزوب یوقاریقی غە اوخشاش بیر فتنە تیارلادیلر . عبد الخالق اوزی نیڭ عاقبتی نیڭ آدی بگ نیڭ عاقبتی دەك بولماقی دین قورقوب کاشغردین قاچیب یکی حصارغە کلیب امیرعبد اللەنیڭ پناهی غە سغیندی. لیکن مذکور فتنەچی لر نیڭ تشویقی بیلەن ثابت داملام امیرعبد الله غە مکتوب یازیب عبد الخالق نی بیر ملت خاینی کوّرساتیب انیڭ و عسکرلری نیڭ قولی دین یاراغلرینی الماقغە تشویق اتتی . امیرعبد الله بو تشویق غە قاراپ عبد الخالق نیڭ اوچ یوز دین توْلاراق بولغان عسکرلری نیڭ یاراغلرینی الیب اوزی نی نظر بند قیلیب ختن غە یوللادی .

نوبت یوسف جان و اوراز بگ نیڭ آراسی نی بوزماق غە کلدی . بو حالدە یوقاریدە اوّتکەن تازغون فاجعەسی واقع بولدی. لیکن اوراز بگ، ملایم بیر آدم بولغانی اوچون یوسف جان نیڭ ضدی غە یمان اقدامات قیلمادی، اما بیر بیریدین امین ایمس و قلباً بیر بیری غە دشمن بیر حالدە ایدیلر .

منە بو بوزوق آدم لرنیڭ بو فعالیت لری نتیجەسیدە کاشغردەکی یاراغ اسیب یورگەنلر وطن غە خذمت قیلماق اویان تور سون دایما اوّزآرالریدە مجادلە قیلیب بیر بیرلری دین قورقوب خاطر جمع بولمغانلیق دین بیر بیری غە ضدیت کوّرستکەن قوراللیغ چتەچی لر



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

حالیغه کلیب قالدیلر . مذکور بوزوق ادملر اوزلری‌نیڭ بو فعالیتی‌غه ثابت داملام‌نی قناعت‌لاندورمك اوچون "بیز شرقی تورکستانغه ضررلیك بولغان اوزبك و قیرغیز نیڭ انتظامسیز عسکرلری‌نی یاراغدین اجراتیب حقیقی ملت‌عسکری بولغان کاشغرلیغ و ختن لیك عسکرلرنی‌یاراغلاندورامیز" دراید یلر .

لیکن کین‌لرده بولرنیڭ بو فعالیت‌لریدین مقصدلری یورت‌ده داخلی اختلاف توغدوروب انقلاب حرکتی‌نی عقیم قویماق ایکه‌نلیکی معلوم بولدی.[94]

## ۱۵ـ فصل

## خوجه نیاز حاجی نیڭ شخصیت حقیده بعضی توشونجه لر

خوجه‌نیازحاجی قمولده‌کی وقتده انیڭ واقعه‌لرینی مخبرلر مبالغه‌لر بیله‌ن آلتی شهرده تارقیتیب،خلق‌نیڭ خیالیده بو کشی‌بیر اولوغ ملی مُجاهِد و خلاصکار صفتی بیله‌ن مُجَسَّم بولماقده ایدی . بو خیالی خلاصکارغه هرکشی غایبانه صمیمی‌بیر محبت و اخلاص قیلماقده ایدی . کین لرده خوجه نیازحاجی توریان‌نی آلغانده همه کشی نیڭ اُمید کوزی اڭا تیکیلدی . لیکن انیڭ ماجوڭیك‌نی شرقی تورکستان‌غه کلتورگه‌نی و آرقه‌دین‌لا جین‌شورین بیله‌ن کلیشیم توزوب ماجوڭیك بیله‌ن دشمن بولوب سوزوك انقلابی میزنی لا ییتقانی یوقار یقی مُحَبَّت ، اخلاص و امیدلری‌نی یوق اتتی . هرکیم بو خطالر نیڭ ارقه سیده‌کی خطرلرنی حس اتمکده ایدی . لیکن انیڭ بوخطالری‌نی حقیقی خطادیمه‌ی بلکه وضعیت انی مجبور قیلغان‌سبب دین وقتنچه‌صورتده توتولغان بیر یول بولسه کره‌ك دوردەب اوزیغه تسلی برگه‌نلری هم بار ایدی . خصوصاً ختن انقلاب چی لری بوکوز قاراشدا

بولوب، خوجه نیازحاجی نیڭ حقیدەکی یخشی گمان و محبتیمیز نی یوق اتمدوك .

خوجه نیازحاجی کورلا و کوچاغه کلگەن کونلردین باشلاب انیڭ مکتوب لری، ارقه ارقه دین ختن غه کلگەن ادم لری، بیزدین بارغان هیئت لر و استخبارات مامورلری نیڭ واسطه سی بیلەن اوکشی نی تخمو یخشی تونودوق .

خوجه نیازحاجی نیڭ درست بیر فکری یوق و لایق بیر توشونچ غه طبعا" استعدادسیز بولوب تملقچی لرنیڭ سوزی نی درحال قبول قیلادورغان و حقیقت نی سوزلاب انی توتقان خطایولیدین یاندورماقغه کوشش قیلغان کشی نی دشمن توتادورغان، و تمام انقلابچی لر و خلق نیڭ هیچ بیر قید و شرط سیز اڭا اطاعت قیلماقی نی طلب قیلادورغان عنادچی بیر کشی ایکەنلیکی اشکارا بولدی .

و هەمەدین عجب راق بیر ایشی بودورکه عسکرنی عصری انتظام و تربیه قیلماق نی قبول اتمس ایدی. اولرنی خلق نیڭ مالی و آبرویی غه تعرض قیلماقدین توسماق، عسکرنیڭ شوقی و شجاعتی نی سوسلاشتورادور دیب بیلورایدی. "بحران ایچیدەکی حالیمیزدە عسکرنی انتظام و قانون غه تابع توتوب و تربیه غه آلماقغه مجبور قیلیب اولرنیڭ حریتی نی یوق اتسك بیزنیڭ امریمیزنی توتماقدە سوستلوق قیلادور" دیگەن بوزوق نظریه سی نی اشکار سوزلار ایدی . بو اونیڭ خودبین و تملق پرستلیکی سببی دین دشمن غه ساتیلغان ادم لرنیڭ، یانیغه کیریب انی شرقی تورکستان انقلابی نی مدهیش بیر فلاکتلیك عاقبت غه سوْرمك یولی غه کیرگوزگانی اچوقچه معلوم بولدی .

منه خوجه نیازحاجی نیڭ موندا غ مدهیش ضررلیك خطالرغه توشکەنلیکی معلوم بولغاچ انی ایش باشیدین توشوروب لایق بیر کشی نی ایش باشی غه کلتورمك فکری توغولوب ختن و کاشغر حکومت لری بو فکرغه اهمیت بیریب مستقل حرکت لریدە دوام اتتی لر. فقط داخلی اختلاف دین احتیاط قیلیب خوجه نیازحاجی غه مدارا و یار

دم قیلماقده ایدیلر. بو فکرنی عملغه چیقارماق اوچون خوجه نیاز حاجی نینگ نایبی بولغان و هم ملّت ایچیده تونولغان بیر منوّر و وطن پرور محمود سیجانگ نینگ بو فکرغه قوشولماقی ضرور ایدی. بناً علیه غیر مستقیم واسطه لر بیلهن بو ذات نینگ فکری نی الماقغه تشبث قیلدوق. محمود سیجانگ نینگ فکری، اساساً بو فکرغه موافق ایدی، اما بو ذات نینگ محکم تورغان نظریه سی بو ایدی: «خوجه نیازحاجی لیاقت سیز ادم دور و بو آدم نی ایش باشیدین توشورمک لازم دور، لیکن خوجه نیازحاجی نینگ اتی یات مملکت لرده شهرت تاپیب سیاسی موقعیتی باردور. بناً علیه حاضرقی نازوک وقتیمیزده انی ییقیتساق دنیا افکار عمومیه سی غه بیز یمان کورونوب قالامیز و یات دولت لر بیلهن مناسبت تأسیس اتمکیمیز مشکل بولوب قالادور. بو اوچون فقط اونینگ شهرتی و نامی نی ایشلاتمک غرضی بیلهن بیر مدت صبر قیلماقیمیز لازم دور.» محمود سیجانگ نینگ بو کوزقاراشیده کی مقصدی نیمه ایکه نلیکی نی بیلمایمیز اما هر حالده بو نظریه ختن و کاشغر حکومت لری نینگ یوقاریقی ملی مقصدینی عملغه چیقارماقغه مانع بولدی. بو سبب دین خوجه نیازحاجی غه مدارا قیلماق لازم کلدی، و اصلاح فرصتی اوتوب کتتی[95].



## ۱٦ــ فصل

### توریان وایلی ده کی تونگان لر نیڭ التی شهرگه توکولگه نی

قاراشهرتونگانلر نیڭ قولیده بولوب محمود سیجاڭ باشارگون بوغازی‌نی استحکام قیلیب اویرده تورماقده ایدی. بو حال اونبش‌کون قدر دوام اتتی. اخیری ۱۲ ـ آی‌نیڭ ۱۳ ـ کونی قراشهرده‌کی تونگانلر ماجوڭ‌یڭ نیڭ امری بیله‌ن التی‌شهرغه ویا چرخلیق یولی بیله‌ن چین‌غه یول اچماق اوچون باشارگون‌غه هجوم قیلغالی باشلادی. محمود سیجاڭ قاتیغ مدافعه قیلیب، تونگانلرنی هیچ اوتکوزمدی. لیکن آی‌نیڭ اون‌اوچی‌کیچه‌تونگانلر چوڭ یول‌نی تاشلاب دریانیڭ جنوب قاییسیده‌کی یول‌نیڭ مدافعه‌سی‌غه مأمور بولغان‌حافظ تنجاڭ نیڭ اوستیغه اوشتومتوت هجوم قیلیب حافظ‌نی قاچوروب محمود سیجاڭ نی آراغه آلماق‌غه باشلادیلر. محمود سیجاڭ احاطه تهلیکه سیدین قوتولماق اوچون مستحکم موقع‌نی تاشلاب عسکری‌بیله‌ن کورلاغه یاندی. تونگانلر آرقه‌دین باسیب کلگه‌ن سبب‌دین کورلانی هم بوشاتیب کوچاغه کلدی. تونگانلر توختاماسدین کوچاغه هجوم اتتی‌لر. محمود سیجاڭ بیرآز مدافعه‌دین کین مغلوب بولوب بای‌غه چکندی[96].

بو حالده خوجه نیازحاجی اوزی‌نیڭ بعضی عسکرلری‌نی و ختن‌دین بارغان عسکرلرنی محمود سیجاڭ نیڭ یاردمی اوچون‌بای‌غه یوللادی. آی‌نیڭ ۲۲ ـ کونی تونگانلر بای‌غه هجوم قیلدی. محمود سیجاڭ نیڭ عسکرلری مدافعه قیلماسدین قاچیب، محمود سیجاڭ اوزی بیرآز عسکری و ختن عسکرلری بیله‌ن بیره‌ر ساعت مدافعه قیلیب آرقه‌غه چکنمکگه مجبور بولدی[97].



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

بو وقتده خوجه نیازحاجی اقسودین تمام عسکرلری بیله‌ن واقسو والی سی اسماعیل بای هم تمام قوّتی بیله‌ن یوروب اقسو و بای اراسیده‌کی قارا یولغون بوغازی‌غه باریب توختادی‌لر . محمود سیجاڭ وعسکرلری هم بای دین او یرغه کلدی‌لر . بو صورت بیله‌ن اون ایکی میڭ کشی‌لیك بیر قوت باشیده خوجه نیازحاجی اۇزی بولغان حالده قارا یولغونده موقع الیب تونگانلردین مدافعه قیلماق‌غه تیار بولدیلر .

٢٤- کونی کچقچرون تونگانلر قارا یولغون‌غه کلدی‌لر .
خوجه نیازحاجی نیڭ انتظام سیز عسکرلری اوزاقدین تونگان‌نیڭ قارا‌سی نی کۆرۆر کۆرمه‌س بشدین اوندین قاچقالی باشلادی‌لر . قاچمغان لر خوجه نیازحاجی باشلیغ ، تونگانلرغه اوق اتماق‌غه قویولدی‌لر . بو حالده اسماعیل بای‌نی اۆز خذمتیده‌کی بیر تونگان اتیب شهید اتتی . خوجه نیازحاجی بونی کۆرگه‌ن همان اوزی اتلانیب قاچتی وارقه‌دین تمام عسکرلر غایت پراکنده حالده قاچتی لر .

ختندین بارغان یاردم عسکرلری قارا یولغوندین توغرا ختن‌غه یوردی‌لر . خوجه نیازحاجی اقسوغه کیریب توختامسدین تمام نرسه‌لری‌نی الیب اوچ تورپان‌غه قاچتی و تونگانلر اقسونی هیچ محاربه سیز الدی لر . بو پراکنده‌لیك نتیجه سیده ختن واقسو عسکرلری (تقریباً بش میڭ کشی) خوجه نیازحاجی دین آیریلدی لر . خوجه نیازحاجی نیڭ اۆز عسکرلریدین تقریباً ایکی یوز اللك کشی ایریلیب ختن‌غه قاچتی[98].

بو صورت بیله‌ن خوجه نیازحاجی نیڭ یانیده قومول و تورپان عسکرلری‌دین عبارت بولغان انتظام سیز ودشمن دین بوری نیڭ الدیده‌کی قوی‌ده‌ك ، مدافعه سیز ادم‌لری قالدی . بو سبب دین خوجه نیازحاجی اوچتورپانده هم تورالمای تاغ یولی بیله‌ن کاشغرغه یوردی . اوچتورپان‌نی هم تونگانلر اشغال اتتی‌لر .

ایلی دین قاچقان تونگانلر تقریباً ١- ای نیڭ ٦- کونی ده کوچاغه کلدی‌لر . لیکن کوچاده‌کی تونگانلر ، اولرغه ایشه‌نمیگه‌ن اوچون ، اولرنی کوچا شهری‌غه کیرگۆزمای کوچا نیڭ ٢٧ کیلومتر جنوب غر

بسيدەكى توقسون (دوشنبە) شهريدەيرلا شتوردیلر. تماماً ميلتيق،ومترالیوز بيلەن قوراللانغان بوتونگانلرنيك سانی اوچ ميك دين اوشوق راق ايدی.

منە بو صورت بيلەن تورپان و غولجەدەكى تونگانلرشيك طرفيدين مغلوب بولوب شرق دين و شمال دين آلتی شهرغە توكولوب قاراشهر كوچا و آقسو ولايتلرينی اشغال اتتيلر. ... بە نياز حاجی نيك عسكرلری، هم سان لری كوب ايدی و هم اولردين يخشی راق قورال لانغان ايدی لر. شونداغ بولسەمو قوماندانلری ايش بيلمگەن و معنوياتی خراب، انتظامسيز بولغانی اوچون مذكور ولايتلرنی ديگودەك مدافعە قيلماسدين تونگانلرغە بوشاتيب بيريب كاشغرغە قاچتيلر[99].

١٩٣٣-١٢-١٨دين باشلاب شيك،تورپانغە عسكر يوللاماقغە باشلادی. ١٢_آی نيك آخری، "تورپان شهريغە بومبا تاشلايميز، ماجوك‌يك نی قاچوروب تگری تاغلری نيك جنوبی نی توركلرغە بوشاتيب بيريب عسكری ميزنی ياندورماقچيميز" ديگەن مضموندە طيارە بيلەن تشويق ورقەلری تاشلاتتی. مقصدی، بير ياندين خلقنی اوركوتمەسليك و ينە بير ياندين تونگانلرنی قورقوتماق ايدی. ليكن ماجوك‌يك مدافعە قيلماقدە جدّيت كورستكەن اوچون تورپان شهراطرافيغە بومبا تاشلابانی شهردين چيقماقغە مجبور اتتی[100].

ماجوك‌يك نيك ١٩٣٤-١-١٥ غچە تورپان نيك تاغليق يرلريدە انچە مونچە اوروشوب اخيری قاچيب ١-آی نيك آخرلريدە قاراشهرغە كلدی. ماجوك‌يك غايت بحرانليغ بير حالدە ايدی،چونكە كاشغر طرفيغە قاچسا اويردە توپلانغان تورك عسكرلری قوليدا يوق بوليشدين قورقار ايدی، اگر چرخليق يولی بيلەن گانسوغە قاچسا اويردەكى دشمنی مابوفاك نيك قوليغە توشمكيدين قورقار ايدی.(باشقە واقعەلری توبندە كيلادور)

ماجوك‌يك داوانچيك محاربەسيدە مغلوب بولغاندين كين قومول قوماندانی يولبارس بگ انيك دين آيريليب قومول تاغلريدەكی مستحكم موقعلرغە باريب اويردە استقلال اعلان اتتی.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

## ۱۷ــ فصل

### ۲۰ رمضان ــ ۱۰ ذی القعده غه چه بولغان واقعه لر

(۲٤/۲/۱۹۳٤ــ ٦/۱/۱۹۳٤)

خوجه نیازحاجی اوچتورپاندین قاچیپ رمضان ایچیده آرتوچ غه کلدی. بو وقتغچه خوجه نیازحاجی کاشغرنی اشقیا مرکزی آتاب، کاشغر حکومتی ارکانی وعسکرلری‌نی عصیانچی اعلان قیلیب یورگه‌نی اوچون توپ توغرا کاشغرغه کیرمکدین قورقوب ثابت داملام غه عذر نامه لر یازیب، چاقیمچی‌لرنیڭ سوزی بیله‌ن اڭلاشماسلیق پیدا بولغان سببدین یوقاریقی معامله لر بولوب قالغانی‌غه اقرار اتتی، و ایمدی ایلگریکی ایش‌لرنی اونوتماق و یڭی‌دین صمیمی بیرلیك تأسیس قیلماق‌غه دعوت اتتی. ثابت داملام درحال آرتوچ ده خوجه نیاز حاجی بیله‌ن کوروشوب، صمیمی صورتده مذاکره لر قیلیشیب، انی کاشغر غه کیرمکفه دعوت اتتی[15].

خوجه نیازحاجی کاشغر غه کیرگه‌ن زمان بیر عمومی حرب مجلسی قورولوب، یڭی‌شهرنی محاصره قیلماق واویرنی ایتیك لیك بیله‌ن اشغال قیلغاندین کین ماجوڭ‌یڭ غه قارشی مدافعه اوچون تیارلانماق‌غه قرار بیریلدی.

بو قرار غه مطابق محمود سیجاڭ باش قوماندان بولوب، تمام کاشغر عسکرلری هم اڭا قوشولوب، یڭی شهرنی قاتیغ محاصره قیلدی. ختن عسکرلری‌نیڭ هم بو محاصره غه قوشولماق نی خوجه نیازحاجی طلب قیلغان اوچون، امیر نوراحمد نی میڭ ایکی یوز عسکر بیله‌ن یڭی حصاردین کاشغر غه یوللادوق. یڭی شهرده‌کی تونگانلر اولده سپیل‌دین چیقیب مدافعه قیلسه لرمو چوڭ قوماندانلری باشلیغ تولا ضایعات برگه‌ن سببدین ایکنجی شهردین چیقمای سپیل اوستیدین مدافعه قیلغالی توردی لر. ۲-آی‌نیڭ ه-کونی تونگانلر یا قاچماق ویا

تسليم بولماقدين باشقه چاره تاپالماي تورغان حالده آقسو طرفيدين تولا تونگان عسكري كليب كاشغرغه ياقينلاشقاني اگلاشيلدي. بو تونگانلر نيڭ آلدينى توسماق لازم بولغاچ، خوجه نيازحاجي و امير نوراحمد لر بير قسم عسكر بيلەن كاشغر نيڭ ٢٧ كيلومتر شرقيدەكي يمان يار كوپروكي غه باريب توختاديلر. محمود سيجاڭ بير قسم عسكر بيلەن يگي شهر محاصره سي بيلەن شوغوللانماقده ايدي.

تونگان عسكرلري كوزغه كورونور كورونمەس، خوجه نيازحاجي بيردانه اوق اتماسدين قاچقالي توردي. امير نوراحمد موڭا قاتيغ اعتراض قيليب انيڭ الدينى توستي. خوجه نيازحاجي، تونگاننى سيز بيلمايسيز، من بيلامن. بولرغه مقاومت قيلماق امكانسيز ورديب اتلاسيب قاچتي، عسكرلري هم تماماً قاچتيلر. امير نوراحمد بيرده قالیب بيرەر ساعت مدافعه قيلدي. ليكن عسكري نيڭ تولاراقي خوجه نيازحاجي نيڭ عسكرلريغه ارالاشيب قاچيب كتكەن اوچون قوتي آزقالغان ايدي. مدافعه اثناسيده غيرتليك بير قوماندانيميز (يوسف خان حاجي) شهيد بولدي. اخيري امير نوراحمد قوتينى مدافعەغه كافي كورمەي منتظم صورتده عسكرلريني آرقه غه تارتيب كاشغر غه يوردي.

اما خوجه نيازحاجي كاشغر غه كلگەنچه توختاماسدين كاشغرنى بوشاتيش غه امر بيريب اوزي همەدين ايلگري قاچيب تاشمالیق طرفيغه كتتي. آرقه سيدين محمود سيجاڭ و ثابت داملام هم قاچتيلر. كاشغردەكي اوزبك و قيرغيز قوماندانلري عسكرلري بيلەن تاغ طرفيغه قاچتيلر و همەدين كين امير نوراحمد كاشغردين چيقيب آقتور يولي بيلەن يگي حصار غه كلدي[102]

بو صورت بيلەن كاشغر شهري كاملاً بوش بولغاندين كين ٢-اينيڭ ٧-كوني تونگانلر كليب شهرني اشغال اتتيلر. تونگانلر شهرني اشغال اتكەندين كين اولر نيڭ عددي اگلانغاندەك تولا بولماي، فقط ماپوين اتليغ تونگان نيڭ قيادتي استيده بير ميڭدين آزراق آتليغ تونگانلردين عبارت ايكەنليكي بيليندي. كاشغرغه ياقين بير تاغ ايتيكيده توختاغان اوزبك عسكرلري بو حقيقتنى اگلاب



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

٢ ـ آی نیڭ ١٠ ـ کونی سحرده کاشغرغه هجوم قیلیب ماپوین نیڭ عسکرلری نی مغلوب قیلیب شهرنی تقریباً اشغال اتتی لر . لیکن مع الاسف اۆزبک عسکرلری بو ظفرغه مغرور بولوب اولجه توپلاماقغه توردی لر . بو حالده یڭی شهرده کی تونگانلر نیڭ یاردمی بیلەن ماپوین بیر مقابل تعرض قیلیب اۆزبک عسکرلری نی مغلوب قیلیب شهرغه کیردی . اۆزبک لر نیڭ تولا راقی پراکنده حالده شهردین قاچیب چیقیب کتتی لر . یوزیگرمه کشی بیر یرده محاصره بولوب قالیب تورت ساعت قدر مدافعه قیلغان دین کین اوقلری توگەب تسلیم بولدی لر . بولرنی تونگانلر اسیر قیلغان دین کین غایت فاجعه لیک شکیلده شهید قیلدی لر .

ماپوین، کاشغر خلقی اوزبک لرنی القیشلاغانی نی بهانه قیلیب، شهر خلقی نی قتل عام اتمکغه توردی . تقریباً یگرمه تورت ساعت دوام اتکەن بو قتل عام ده خلق دین تورت میڭ دین تولا راق بی گناه لر شهید بولدی . تمام اۆی ، سرای و مدرسه لرنی تالان قیلدی لر .

اجنبی لر هم بو قتل عام دین تاشقاری قالمای سابق افغان باش کونسولی محمد شریف خان شهید بولدی . انگلیس کونسولخانه سیغه تونگانلر باسیب کیریب ایکی هندستانلیغ نی اۆلتوردیلر و کونسول نیڭ خاتونی نی یرالادی لر .[103]

موندین کین خوجه نیازحاجی ، ثابت داملام ، محمود سیجاڭ و اۆزبک یوسف جانلر باشلیغ تمام قوماندانلر عسکرلری بیلەن یڭی حصارغه یوروب ٢ ـ آی نیڭ ١٣ ـ کونی هەمەسی اویرده توپلاندی لر .

بو کته لر و قوماندانلر نیڭ هەمەسی یڭی حصارده توروب قوّت لری نی تنظیم قیلیب کاشغرغه هجوم قیلماقغه قرار برمکنی طلب قیلدی لر . لیکن خوجه نیازحاجی بونی قبول اتمای تمام عسکرلری نی الیب یارکندغه یوردی . اما ثابت داملام ، امیر نوراحمد و یوسف جانلر عسکرلری بیلەن یڭی حصارده قالدی لر . یڭی حصارده یوسف جان نیڭ خیانت قیلماق فکری ده ایکەنلیکی معلوم بولغاچ، ثابت داملام و امیر نوراحمدلرانی توتماق و عسکرلری دین یاراغلرینی الماقغه قرار بردی لر . لیکن بو ایش غه موفق بولالمادی لر . اوترا ده بیر آز اوروش بولوب نیجه

ده یوسف جان مغلوب بولوب یکَی حصاردین اوزا قلاشیب تاغ ایچیغه باریب یرلاشتی . موندین‌کین ثابت داملام هم یارکندغه کلیب، یکَی حصارده امیر نوراحمد ایکی میڭ کشی‌لیک قوّت بیله‌ن قالدی. خوجه نیازحاجی ۲ـآی‌نیڭ ۱۶ـکونی یارکند غه کلدی.[104]

بو حالده انیڭ ملت غه ضررلیک حرکتی و عسکری‌نیڭ هیچ ایش‌غه یاراماسلیقی و انی بقیتمای انقلاب نیڭ باشی‌اوکلاماسلیقی خصوصیده‌کی قناعتیمیز غه بناءً هر بهاغه مال بولسه بولسون خوجه‌نیاز حاجی‌نی توتوب، عسکرلری‌دین یاراغلرنی الیب ختن عسکری‌نی یاراغلاندوروب، دشمن غه جدّی صورتده مدافعه قیلماق و مقدّس استقلالی‌نی‌نی مُقدّس قولدین چیقارماسلیق غه قرار بردوك . بونی قان توکولمس‌دین اجراء قیلماق اوچون امیرعبداللّه‌غه امر بردوك . امیرعبداللّه بو امرنی عمل‌غه آشورماق اوچون ترتیبات الماق‌غه باشلادی . لیکن ثابت داملام باشلیغ بعضی کشی‌لر، بو اقدام دین امید قیلینغان نتیجه چیقمای عاقبتی ضررلیك چیقیب قالماقی نیڭ قورقونجی‌نی آراغه سالیب امیرعبداللّه نیڭ عزمی‌نی سُست‌لاشتوروب تورغان حالده خوجه نیاز حاجی بو ترتیبات‌دین بیرآز خبرآلدی . درحال امیرعبداللّه‌نی خرسنده قیلماق اوچون ۱۹۳۳، ۸ـآی‌ده‌بیزنیڭ عسکرلرنیڭ یاراغینی الیب ختن‌غه هجوم قیلغان حافظ تنجاڭ نیڭ یاراغلرینی الیب امیرعبدللّه غه تاپشوردی و بنه روس‌لر برمکچی بولغان یاراغلرنی کلتوروب همه‌سی‌نی ختن عسکرلری‌غه تاپشورماق و بو تربیه لیك عسکرلرنی‌یاراغلاندورماق غه عهد و پیمان لر قیلیب امیرعبداللّه‌نی یومشاتتی . بو حالده انیڭدین یاراغ الماققه تشبث قیلماق بیر داخلی مجادله نیڭ اچیلماقی‌نی نتیجه برمکی معلوم بولدی . بناءً علیه خوجه نیازحاجی نیڭ عهد و پیمانی‌نی قبول اتمك لازم کلدی .

۲ـآی‌نیڭ ـ ۲۶ـکونی خوجه نیازحاجی اوْز عسکرلری و ختن عسکرلری‌دین مرکب بولغان بیره‌ر میڭ کشی‌لیك بیر قوت بیله‌ن یارکند دین یوروب تش‌گرم یولی بیله‌ن ارکشتام غه کتتی . تونگانلر انی توتماق اوچون غایت اهمیت بیله‌ن عسکری اقدامات قیلسه‌مو



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

بعضاً محاربه و بعضاً قاچماق بیله‌ن قورتولوب ارکشتام غه باردی .
همراه عسکرلر نیڭ تولا راقی نی خطرلیك یرلردین اوتکه‌ندین کین یولــدین یاندورغان ایدی.[105]

بو حالده یڭی حصار و یارکندغه یاردم عسکری یوللاماق ضرور بولغان سبب دین بیز مرحوم دوقتور عبدالغنی آخون نیڭ قیادتی آستیده بیر تابور پیاده عسکر و بیرنچه قطعه آتلیغ و پیاده عسکرلرنـــی ارقه ارقه دین یوللادوق . بولر توغرا یڭی حصارغه باریب امیر نـــور احمد نیڭ امری استیفه کیردی لر .

خوجه نیاز حاجی یوقاریده ایتیلغانده‌ك امیرعبدالله بیله‌ن اوزلا شقاندین کین روس لر برمکچی بولغان یاراغلرغه آلتون برمك شرطی بارلیقی نی بیلدوروب قولیده موگا یتکوده‌ك آلتون یوقلوقـــی نی بیان قیلیب ختن حکومتی دین ایکی میــیك سه‌ر (۹ کیلوگرام) آلتون نی طلب قیلدی . خوجه نیازحاجی بو طلبنی توغرا امیرعبدالله غـــه بیلدورگه‌ن. امیرعبدالله خوجه نیازحاجی غه بونی توپ توغرا اوزی ختن حکومتی غه هیئت ایباریب طلب قیلماقی مناسب ایکه‌نلیکی نی توصیــه قیلدی . بناً علیه خوجه نیازحاجی ختن غه هیئت یوللاب بو طلبی نـــی بیلدوردی . ختن باشتا بو طلب نیڭ وقتی اوتوب کتکه‌نلیکی نی ، یعنــــی روس لردین یاراغ الغالی بولماسلیقی نی توشونگه‌ن بولسه‌مو ینه امیــر عبدالله ارقیلیق خوجه نیازحاجی غه بیر میلئسه‌ر آلتون بریشغه راضــی کوچچیلیکی بیله‌ن قارار بردوك . یاراغ آلماقی انیق بیلینگه‌نده بو آلتون خوجه نیازحاجی غه بریلمکچی ایدی . یاراغ الینماید ورغان بولسه آلتون لر ختن غه‌قایتورولماقچی ایدی، بو آرادا خوجه نیازحاجی ارگشتام غــه کتکه‌نلیکی اوچون التون لر امیرعبدالله نیڭ قولیده قالدی .

اون‌بش ذیقعده‌ده عبدالغنی اخون، ماجیسانیڭ قولی دین قاچیب اسارت دین قورتولوب یارکندغه کلدی . اندین ایلگـری و کین اسیر عسکرلر هم بیردین ایکی دین قاچیب قوتولدی لر .

## ١٨ــ فصل

### ماجوڭ يڭ نيڭ كاشغر غه كلگه نى

ماجوڭيڭ قارا شهرغه‌كليب كاشغر طرفى غه يورمك ويا چرخليق يولى بيله‌ن گانسو طرفى غه قاچماق آراسيده ترددده قالدى. بوكون غچه كوچاده‌كى ايلى دين كلگه‌ن تونگانلر تخى ماجوڭيڭ غه اطاعت قيلماى چرخليق يولى بيله‌ن گانسوغه كتمك غه تيارليق قيلماقده ايدى لر .

بو تردد نتيجه سيده ماجوڭيڭ يوقاريده آتى اوّتكه‌ن ماپوين‌نى كاشغرده‌كى ملّى انقلابچى لر نيڭ قوّتى نى سناماق اوچون سكز يوز اتليغ تونگان عسكرى بيله‌ن يوللاغان ايدى . انيڭ مقصدى ، اگر كاشغرده‌كى ملّى مجاهدلر نيڭ قوّتى زياده بولوب ماپوين‌نى مغلوب اتسه،ماجوڭيڭ كاشغر غه بارماى قاراشهردين چرخليق يولى بيله‌ن گانسو غه كتمك،و اگر خوجه نيازحاجى نيڭ بو وقت غچه بولغان عادتى ده‌ك تونگان‌نى كورۆر كۆرمه‌س قاچيب يول‌نى بوشاتيب بيرادورغان وضعيت ده بولسه،كاشغر غه كلمك ايدى .

ماپوين كاشغر غه كلگه‌ن همان خوجه نيازحاجى باشليغ تمام ملّى قوت نيڭ كاشغرنى بوشاتيب برگه‌نى ماجوڭيڭ غه معلوم بولغاچ ماجوڭيڭ دشمن كلگه‌ن تقديرده كاشغر غه قاچماق غه تيار بولوب توردى . بو آرادا كوچاده‌كى ايلى تونگانلرى بيله‌ن مذكره‌قيليب اولرنى هم كاشغر غه بارماق و بيرله‌شمك غه قزيقتوردى[106].

٢ ـ آى نيڭ ١٥ ـ كونى شيڭ قاراشهر غه چوڭ يول دين گنرال بيكتيف آتليغ بير روس نيڭ قيادتى آستيده روس ، تاتار قازاق و چين‌ليغ دين مُرَكّب اوچ ميڭ بش يوز كشى‌ليك بير قوّت يوللادى . سينگير يولى بيله‌ن هم سكزيوز روس‌عسكرى يوللادى . بو عسكرلر قاراشهر



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

غه یاقینلاشقاندا تورت طیاره کلیب قاراشهر غه بومبا تاشلادی. زهرلیك گاز بومبالری هم تاشلاغان سبب دین بی‌گناه خلق‌دین‌هم تولا کشی‌لر اولدی لر![107]

مذکور کونی (۲-آی‌نیك ۹ ۱-کونی) ماجوك‌یك قراشهردین قاچیب کوچاغه کلدی. اویرده‌کی تونگان‌لرنی کاشغرغه ماکذ وردی. ارقه‌دین روس‌لر قوغلاب کلگه‌چ، ۲-آی‌نیك ۱-کونی، ماجوك‌یك کوچاده ایکی‌میك اتلیغ تونگان‌نی قویوب اوزی آقسوغه یوردی. ارته‌سی شیك قوّت‌لری یتیب کلدی. تونگان‌لر شهردین چیقیب ایکی ساعت مدافعه قیلیب مغلوب بولوب کوچادین قاچتی‌لر.

ماجوك یك، آقسودین قاچیب ۳-آی‌نیك ۱۱-کونی کاشغرغه کلدی. تمام تونگان‌لر اندین ایلگری و کین کاشغرغه کلیب ییغیلدی لر.

۳-آی‌نیك ۱-کونی امیر عبدالله تونگان‌لر نیك مرالباشی دین یارکندغه کلمکی‌نی توسماق اوچون عبیدالله اخون و قربان نیاز حاجی و عبدالحکم آخون لرنیك قیادتی آستیدا مارالباشی‌غه عسکر یوللادی. بولر مرالباشی‌غچه باریب، یارکندغه یورمك اوچون تشبث قیلغان تونگان‌لر بیله‌ن اوقارلیق اوستك بوییده اُوروشوب، تونگان‌لرنی یاندوردیلر. تونگان‌لر کاشغر طرفی‌غه اُوتوب کتکه‌ن‌دین‌کین یارکندغه یانیب کلدی لر.

ماجوك‌یك نیك ارقه سیدین کلگه‌ن گنرال بیکتیف اوّلا کوچانی و اندین کین اقسونی اوروش‌سیز اشغال قیلیب، آقسوده توختادی. ۱۹۳٤، ۷-ای نیك باشیغه چه‌اویرده‌توردی. ماجوك‌یك هم مذکور تاریخ غچه کاشغرده توردی.[108]

# ۱۹ــ فصل

## انقلاب نينك فاجعه ليك صحنه لرى

۱۹۳٤، ۳-آى نينك ۱۷-كونيدين باشلاب ماجوك يـــك يكى حصارنى تالاشماقغه باشلادى. بيز بو شهرنينك هم عسكرى موقعيتى و هم هندستان و آفغانستان يوليغه حاكم ليقى اعتبارى بيله ماجوك يكغه رد جوابى بردوك، ياركند و ختن دين يكى حصارغه باردم عسكرى يوللادوق. ۳-آى نينك ۲۷-كونى ماجوك يك يكى حصارغه هجوم قيلدى. اميـــر نوراحمد قاتيغ مدافعه دين كين شهر ايچيغه محاصره بولدى. تونگانلر كيچه‌له‌ب كوندوزله‌ب هجوم قيلسامو مجاهدلرنينك شدتليك مدافعه لرى سببيدين تونگانلر تولا ضايعاتغه اوچراديلر و هجوم لرينى ترك اتمك و اوزآقدين توپ و متراليوز آتماقغه مجبور بولديلر. ٤-آى نينك ۳-كونى امير عبدالله، ياركند دين يكى حصارغه باريب غايت شدتليك محاربه لر بولدى. ياراغ و عدد يوزيدين خيلى اوستون بولغان تونگان لرنى مجاهدلر، نچه قاتا سوروب آرقه‌غه ياندورديلر. ليكن كچقرونده تونگانلر اوك طرفده‌كى عسكرليميزنى احاط قيلغانى اوچون او طرفده‌كى قوتيميز بوزولدى. بو طرفنى انتظامغه الماق اوچون امير عبدالله آت ساليب كتيب بارغان حالده انينك اتيغه اوق تگيب ييقيلدى. بو ير حرب ميدانى نينك اك خطرليك يرى ايدى. بو حالده امير عبدالله نينك يانيده‌كى بش آلتى كشيدين بير نچه‌سى شهيد بولدى و بير نچه‌سى قاچتى. امير عبدالله غايب بولدى. انينك شهيد بولغانى ويا سلامت بير طرفغه چيققانى معلوم بولمدى. ليكن بو حادثه ياركند دين بارغان عسكرلرنينك مدهيش بير مغلوبيتيغه سبب بولدى؛ تماماً ياركند طرفيغه قاچتولر.[109]

بو عسكرلر نينك تولا راقى نى ثابت داملام قيزيلده توختاتى،



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ثابت داملام یكی‌حصارغه ینه بیرعمومی هجوم قیلماق و تونگانلرنی قاچورماق و هیچ بولمغاندا امیر نور احمدنی وعسكرلرینی محاصره‌دین قوتقوزماق اوچون تمام ختن قوماندانلرینی و محمود سیجاڭ و تابع‌لرینی تشویق اتتی . بو نیڭ بیله‌ن محمود سیجاڭ باش بولوب تمام قوتی نی الیب ٤-ای‌نیك ٧-كونی یكی‌حصارغه هجوم قیلدیلر. تونگانلرنی تورت طرفدین احاط قیلماقغه موفق بولدیلر، بو حالده محمود سیجاڭ نیڭ قوماندانلریدین حافظ تنجاڭ هیچ بیر سببسیز جبهه نیڭ بیر طرفی نی بوشاتیب قاچتی و تونگانلر او طرفغه قاتیغ بیر هجوم قیلغان‌زمان محمود سیجاڭ نیڭ عسكرلری مدافعه‌سیز و پراكنده حالده قاچتی‌لر. موندین كین تونگانلر ختن عسكرلری بار جبهه‌غه مترالیوز و توپ‌لرینی توغریلاپ اوق یاغدورماق و هم بو نیڭ حمایه‌سیده شدتلیك هجوم‌لر قیلماقغه باشلادیلر. نتیجه‌ده ختن عسكرلری هم مغلوب بولدیلر. تمام قوت بینه قیزیل‌غه كلیب توختادی . لیكن محمود سیجاڭ قیزیل‌ده تورماقنی قبول اتمای كۆك رباطغه كلگه‌چ ، ختن عسكرلری هم او یرغه كلدیلر.

بو حالده خوجه‌نیاز حاجی ارگشتام دین قوروغ قول بیله‌ن یانیب كۆك رباطغه كلدی[115] و محمود سیجاڭ نی تمام‌عسكرلریغه قوماندان تعین قیلیب كۆك رباطده قویوب ثابت داملام بیله‌ن یاركندغه كلدی .

بو فاجعه نیڭ خبری ٤-آی‌نیڭ ١١-كونی سحرده ختن‌غه كلدی . ٤-آی نیڭ ١٢-كونی كیچه‌سی من یاركندغه یوردوم، ١٩٣٤ ، ٤-ای‌نیڭ ١٦-كونی گوماغه باردیم. او یرده ختن دین كیلادورغان عسكرلرغه ساقلاب توروب اولرنی، كلگه‌ندین كین ، ایلگری یوللاب گومادا بش‌كون توردوم. ٤-آی نیڭ ٢١-كونی گومادین یوروب ٤-ای‌نیڭ ٢٣-كونی قارغالیق غه باردیم، بیر كون او یرده توروب، ٤-ای‌نیڭ ٢٥-كونی پوسكام غه باردیم، او یرغه بارور بارماس‌اڭ اخیرقی یكی حصار فاجعه سی خبرینی آلدیم. وقعه شودور :

یوقاریدا ایتیلغان مغلوبیت‌لردین كین امیر نوراحمدغه یاردم ایبارمك ممكن بولمدی . امیر نوراحمد ،تونگانلرغه قارشی غایت قاتیغ مدافعه قیلدی . تونگانلر كاشفرده‌كی تمام قوتی‌نی یكی‌حصارغه



امیر نوراحمد (امیرصاحب)، ١٩٢٤، ینگی حصار.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

توپلاب شهرنی تورت طرفدین آراغه اليب توپ بيله‌ن هر طرفدین شهرنی بومبالاب کیچه و کوندوز ارقه ارقه دین هجوملر قیلیب قولید ین کلگه‌ن هر ایش‌لرنی قیلدیلر. اما امیر نوراحمد نیك مثل‌سیز شجاعت بیله قیلغان مدافعه‌سی، تونگانلرنیك بو تعرض‌لرینی کاملاً نتیجه‌سیز قویدی. بو وضعیت اوچ محرم غچه دوام اتتی. تونگانلر بو اوتراده شهرنیك بیر طرفیدین نقب کاولاب دارو قویوب، اوچ محرم سحر وقتیده داروغه اوت قویوب سپیل نیك بیر قیسمی نی هواغه اوچوروب، یول آچتی‌لر و او یردین قاتیغ هجوملر قیلدیلر. لیکن مجاهدلر هجوم چی تونگانلرنیك تولاسی نی اولتوروب و بعضی سی نی اسیر قیلیب یوق اتتی‌لر، اچیلغان یول نی مستحکم قیلدیلر. بو شکلده تورت کیچه کوندوز اوروش دوام اتتی. بو کونلرده شهرده اوزوق هم قالمغان درجه‌ده ایدی. اخیر سکز محرم کیچه‌سیده تونگانلر هجوم قیلمای اوروش توختاغان حسابده بولدی. بو فرصت بیرنچه کیچه کوندوزدین بیری اویقو و استراحت کورمیگه‌ن عسکرلر نیك تولاراقی غه بیر استراحت فرصتی و بلکه بیر غفلت زمانه‌سی بولدی. سحر وقتیده تونگانلر مذکور بیقیلغان یردین سپیل اوستیغه هجوم اتتی‌لر. او یرده‌کی ساقچی عسکرلر آز بولغان سببدین تونگانلر مذکور ساقچی‌لرنی شهید قیلیب سپیل اوستیغه چیقماقغه موفق بولدیلر. استراحت‌ده‌کی عسکرلر یتیشکونچه تونگانلردین بیرنچه میکی سپیل‌غه چیقماق و شهرغه کیرمکغه فرصت تاپتی‌لر. بو نیك بیله‌ن سپیل اوستیده و شهر ایچیده تقریباً تورت ساعت اوروش بولوب بیز نیك عسکرلردین بیره‌ر میك مقداری شهید بولدی و تورت یوزدین اشوقراقی اسیر بولدی. بو اراده سپیل اوستیده‌کی جبخانه‌ده توروب مدافعه‌نی اداره قیلماقده بولغان امیر نوراحمد غایب بولدی. عسکرلر پراکنده بولوب شهردین قاچیب میك بش یوز قدر عسکر یارکندغه کلدی." ۸محرم (۱۳۳۴، ٤-اینیك ۲۳-کونی)

امین واحدی ۱۹۳۸ ییلی ۱۲-ای نیك ۲٤-کونی تاریخلیغ انقلاب خاطره سیده یکی‌حصار محاربه‌سی بیانیده " ماجوك یك پوتون قوتی بیله‌ن یکی‌حصارغه هجوم قیلدی. امیرنوراحمد نیك قوت‌لری‌یاخشی قوراللاری یوق بولساهم یگرمه کون مقداری یکی‌حصارنی یگیتچه مدافعه

قیلدی ، تونگانلرنی کوپ تلفاتغه اوچراتتی ، تونگانلرچه مجبوری عسکر قیلینغان تورك یگیتلر میلتیق لرینی امیرنوراحمد نیكٔ عسکرلریغه سپیل دین سونوب بیریب اؤزی تونگانلر قولیده شهید بولدیلر" دیب یازیب دور.

منه بو صورت بیلهن تونگانلر یکٔی حصارنی آلدی. شرقی تورکستان نیكٔ قهریمان و وطن پرور یگیتلریدین بولغان ایکی اینیم غایب بولدیلر. گرچه بولرنیكٔ شهید بولغانی ویا دشمن قولیغه اسیر تؤشکهنی معلوم بولمادی ، لیکن بوکونغچه بولرنیكٔ حیاتیدین اثر معلوم بولمغان اوچون اولرنیكٔ وطن و ملت یولیدا شهیدلیق شرافتیغهیتکهن لیك لریغه جزم قیلامیز. تونگانلر اؤزلرینیكٔ وحشیانه عادتلریغه مطابق ایکیکسیلگهن باشنی امیرعبدالله و امیرنوراحمد نیكٔ باشلری دیب کاشغرده اسیب شهرتبردیلر. لیکن بو ایکی باش نیكٔ بیری ضابط لردین افغان باز محمد نیكٔ و ینه بیری یؤز باشی هاشیم شاهمردان نیكٔ باشلری ایدی.

پوسکامده بو قورقونچ خبرنی اکٔلاب بیر ساعتدین کین ینه بیر یمان خبر اکٔلاندی. واقعه بو دور: ایکی اینیم نیكٔ غایب بولغانی جزم بولغاندین کین خوجهنیازحاجی درحال یارکند اورداسینی قولیغه الیب امیرعبدالله نیكٔ نایبی شیرعلیخانغه یمان حقارتلر قیلیب ، او یردهکی تمام قیمتلیك نرسه لرینی ، اؤی اسبابی و خزانه لرنی قولیغهالیب دور. ایلگری ختندین ایباریلگهن میكٔ سر التوننی هم امانت قویولغان کشینی قورقوتوب تارتیب الیب دور. بیر طرفدین کؤکرباطده محمود سیجاكٔ بیز نیكٔ قاتماقات مصیبت ایچیدهکی عسکرلریمیزغه و قوماندانلریمیزغه کوپ اغیرحقارتلر قیلیب تورروب دور.

منه بو ایکی مدهیش خبر کلگهچ شو ایکی یول نیكٔ بیرینی توتماق لازم کلدی:

۱- درحال یارکندغه کیریب خوجهنیازحاجی و محمود سیجاكٔ لر بیلهن بیرلهشیب ینه یکٔی باشدین قوتنی تنظیم قیلیب مدافعهغه تیارلانماق ،

۲- بو بیرلهشمك ممکن بولمغان تقدرده ثابت داملام و ختن قوماندانلری بیلهن مصلحت قیلیب ختن عسکرلرینی انتظام بیلهن ختنغه یاندورماق. بو هر ایکی یول نیكٔ تعیینی اؤچون منیكٔ یارکندغه کیرمکیم لازم ایدی.



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بو اوچون من خوجه‌نیازحاجی‌غه بیر مکتوب یازیب ارته یارکندغه کیرمکفه قرار برگانیم‌نی بیلدوردوم.

خوجه‌نیازحاجی بو قراریم‌نی بیلیب نهایت درجه‌ده اندیشه‌غه توشتی؛ چونکه انیڭ گمانی‌چه منیڭ یارکندغه کیرمکیم انیڭ یوقاریقی وجه بیله‌ن انسانیت‌سیزلیکی‌نیڭ مقابلیده بیر انتقام آلماق حرکتی غرضی بیله‌ن تفسیر قیلینمیش‌دور. بو اوچون خوجه‌نیازحاجی، مینی یارکندغه کیرماسدین توپ توغرا کۆکرباط‌غه باریب عسکر قیادتی‌نی قولوم‌غه الماقیم‌غه تشویق قیلیب بیر مکتوب ایبارد ی. من بونی قبول اتمای یارکندغه کیرمک واساسلیغ بیر مذاکره و قراردین کین قیلادورغان ایشیمیزنی تعیین اتمکنیڭ ضرورلیکی‌نی بیلدوروب بیر مکتوب یازیب ارته‌سی اون‌بیر محرم‌ده ارتیگه‌ن یارکندغه یوردوم. خوجه‌نیازحاجی یارکند اورداسیدین‌تالاغان نرسه‌لرنی بیرر یوز تیوه‌غه یۆکلاب پوسکام‌غه یوللاغان ایکه‌ن یولدااوچراڭی یانیم‌ده‌کی قوماندان و عسکرلر بو نرسه‌لرنی کۆروب هیجان‌غه کلسه‌لرمو تعرض قیلماسلیق و سکون طرفی‌نی آلغانیم اوچون هیچ تعرض قیلمای اۆتتوك. اوترا یولدا خوجه‌نیازحاجی ایکی یوزچه عسکری بیله‌ن اوچرادی. کۆرۆشتوك و یریم ساعت قدر بیر یرده اولتوردوق. سوزی‌نیڭ نه باشی‌بار نه آیاغی‌بار، کوزی دایما بیز نیڭ عسکرلرده بولوب قورقونچ و دهشتی‌نی یاشورالمای پاتراق قوپوب یۆرمه‌گدین باشقه مقصدی یوقلوقی معلوم بولماقدا ایدی. نهایت سۆزی اوشبو بولدی: «باله بارقه‌لریم پوسکام‌ده دور. ایکی آی‌دین بری اولرنی کۆرمیدیم. اۆزلری‌نیڭ بوگون یارکندغه کیریشلریدین خبریم یوق، اتلانیب چیقفان ایکه‌ن‌من. حاضر پوسکام‌غه باریب ارته یارکندغه کیرامن. اکاغیچه اۆزلری یارکندده تورسه‌لر من کیرگه‌ن‌دین کین مذاکره قیلیشساق» دیدی. من خوجه‌نیازحاجی‌نیڭ قاچیب چیقفانی‌نی و قیامت‌غچه یارکندغه کیرماسلیکی‌نی بیلدیم. لیکن اونیڭ یارکندده بولغانیدین بولمغانی‌نی یاخشی‌راق کوروب درحال آتلاندیم و کیچه ساعت ١٢ ده یارکندغه کیردیم. ثابت‌داملام بیله‌ن کوروشوب امدی قیلادورغان ایش‌لریمیز خصوصیده مذاکره‌غه کیریشتیم. بو کشی‌هم نیمه قیلیش‌نی بیله‌لمه‌ی، فقط اۆز جانی‌نی قوتقوزماق اوچون یات یورت‌لرغه چیقیب کتمك فکریدین باشقه هیچ بیر خیالی قالمغان بیر حالده ایکه‌ن.

هر حالده يگرمه تۆرت ساعت قدر مدت يكّى شهرده توردوم.

۱۲ محرم (٤-آى‌نيكٔ ۲۷-كۆنى) ده خوجه‌نيازحاجى نيكٔ نيتى نيكٔ بوزوقليقينى، يعنى ثابت داملام نى و منى اسير قيلماق ويا اۆلتورمك اندين كين ختن‌غه باريب مَلِك نى توتوب و خزانه لرنى اليب اندين كين ختن قايى يولى بيله‌ن اُقسوغه باريب ، او يرده‌كى روس و چين قوماندانلريغه بو خذمتى نى تقديم قيلماق و بو واسطه بيله‌ن اۆزينى اۆلوم دين قوتقوزماق پلانى نى قورغان، و هرنيمه بولسه بولسون بوگۆن ارته بو پلان نى عمل‌غه چيقارماقغه قرار برگينينى، ايشانچليك كشى لردين ايشيتتم. بو سبب دين من درحال عسكرلريم بيله‌ن يكّى شهردين يۆتكه‌ليب كهنه‌شهرغه كيرديم. بو حالده خوجه‌نيازحاجى نيكٔ يكّى شهرده‌كى عسكر قوماندانلرى نيكٔ وضعيتى دين يوقاريقى پلان نيكٔ راستليقى‌غه دليل بولغوده‌ك ايشلر كۆروندى. چۆنكه اولر بيزنيكٔ يكّى شهردين چيقغانيميزغه نهايت چوكٔ بير ظفر قوليدين چيقيب كتكه‌نده‌ك خپه بولوب بك مضطرب بولديلر. بو خبر خوجه‌نيازحاجى‌غه يتكه‌ن همان بير نچه كتته آدم لرنيكٔ قوليدين مكّا بير مكتوب كيرگۆزدى. بو مكتوب نيكٔ مضمونى هيچ بير يمان نيتى يوقلوقى‌غه آندلر ايچيپ منى پند ورماقدين عبارت ايدى. من اكّا ظاهراً اغيزده مناسب جواب برديم و هر ايشنى يخشى يولغه كيرگۆزمك مقصد بولسه خوجه‌نيازحاجى يارکندغه كيرسون ديديم.

كيچه‌ده خوجه‌نيازحاجى نيكٔ نيتى نيكٔ يمانليغيده شك قالمىغان درجه‌ده معلومات لر حاصل بولدى. ارته‌سى اون اۆچ محرم‌ده ثابت داملام نى يا مخفى يول بيله‌ن ختن‌غه كتمكغه ويا كهنه شهرغه كيريب منيكٔ يانمدا تورماقغه دعوت قيلديم. چونكه بو كشى نيكٔ يانيدا عسكرى يوق حالده شهر تاشيدا بير باغدا اولتورماقده ايدى. اكّا سوءقصد قيلينسا مدافعه قيلالماس ايدى. بو كشى شهرغه كيرمكنى قبول اتماى، كيلادورغان كيچه‌ده مخفى ختن‌غه كتمكغه قرار بردى. مذكور كۆنى محمود سيجاكٔ تمام عسكرلرى بيله‌ن كۆكرباط دين يانيب يارکند يكّى شهرغه كلدى. بيزنيكٔ عسكرلريميز هم كهنه شهرغه كلدى لر. بو يانيب كلگه‌ن قوماندانلر، محمود سيجاكٔ نيكٔ يارکندغه كليشى نيكٔ اسرارليغ بسير



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولیازمىلار ئامبىرى

ایش ایکه‌نلیکی نی سوّزله‌دیلر. بو اوچون من محمود سیجانگ بیله‌ن کورۆشمک اوچون یگی شهرغه کیرمسیدیم. کیسل‌لیکیمنی بهانه قیلیب بیر نچه کشی‌لرنی انینگ یانیغه کیرگوزوب کوتوش مراسمی نی ادا قیلیب قوید وم. آقشام ساعت تورتده محمود سیجانگ منی کوّرمک اوچون کهنه‌شهرغه چیقتی و یریم ساعت قدر اولتوردی، هیچ بیر مذاکره قیلماسدین یاندی؛ و بیرساعتدین کین محمود سیجانگ، حافظ تنجانگ نی بیر مقدار عسکر بیله‌ن چیقاریب ثابت داملام نی توتوب قولینی باغلاب غایت وحشیانه بیر صورتده یگی شهرغه الیب کیرگه‌ن و او یرده خلق نینگ کوزی آلدیده او ذات نی یمان حقارتلر بیله‌ن باغلاب قویغان خبرینی اگلادیم. درحال محمود سیجانگ غه شدتلیک اعتراضنامه کیرگوزوب ثابت داملام نی بوشاتیب منینگ یانیمغه چیقارماقی نی طلب قیلدیم. محمود سیجانگ آدم‌لری میز شونداغ قیلیب دور. منینگ خبریم یوق ایدی، ارته ثابت داملام نی حضورلریغه چیقارامن، دیب جواب بردی. (١٩٣٤، ٤-آی‌نینگ ٢٨-کونی)

شو کونی شام وقتیده مخبرلریمیز خبر کلتوردیلرکه محمود سیجانگ و قوماندانلری خوجه‌نیازحاجی نینگ امریغه بناً اوشبو کیچه یا ارته‌سی هربهاغه مال بولسه بولسون منی توتماق ویا اوّلتورمک اوچون تشبث قیلماقغه قرار برمیش‌لردور. من درحال قوماندانلرنی ییغیب بو خصوصدا اولرغه مصلحت سالدیم. همه نینگ سوّزی شو بولدی: "محمود سیجانگ نینگ بو تشبثی غه میلتیق و قلیچ بیله‌ن جواب برمکدین باشقه چاره یوق‌دور. بو صورتده غالب کلمک و مغلوب بولماق احتمال‌لری برابردور. چونکه عسکرلریمیز غایت درجه‌ده هارغان و معنویاتی سینغان بیر حالده دور. بیزغه همه‌دین اوّزلری‌نینگ وجودی مهم راق‌دور. بناءً علیه اوّزلری اورونلریده بیر کشی نی تعین قیلیب بو کیچه مخفی صورتده شهردین چیقیب ختن‌غه یورسونلر. اندین کین محمود سیجانگ بیزغه سؤقصد قیلسه اکا لایق جواب بیرامیز" دیدیلر. من بو رائی‌غه قاراب اتمیش کشی بیله‌ن کیچه‌ده شهردین چیقیب کیچیک یول بیله‌ن یوروب اون بش محرم (٤-آی‌نینگ ٣-کونی) ده گوماغه کلدیم و او یرده توختادیم.

منه بو نيكٔ بيلەن خوجەنيازحاجى نيكٔ منى توتماق و ختن‌غە يۈرمك پلانى سوغە توشتى . من كتكەندين كين ارتەسى شام غچە محمود سيجاكٔ واقعەنى بيلەلماى اخيرى منيكٔ كتكەنيم نى اون‌بش محرم آقشامى بيليب پلانى نى ينگوشلادى . يعنى من اورنومدە قويغان قوماندان‌عبد الغفار حاجى و تورسون باقى‌خان و محمدعيسى خان‌لر باشليغ ختن‌عسكر لرى‌نى، بير يردە توروب تونگانلرغە قارشى مدافعە قيلماق بهانەسى‌بيلەن، يكٔى شهرغە اليب كيرمك غە تشبث قيلماقغە باشلادى . موندين مقصدى اكثريتى پيادە بولغان ختن عسكرلرينى تونگان نيكٔ مقابليدە قويوب، اۈزى و خوجەنيازحاجى، تونگان‌نيكٔ قوغلاماقى‌دين خاطرجمع‌ليك‌بيلەن آقسوغە يۈرمك ايدى . اما بيز نيكٔ قوماندانلر بونى بيلگەنى اوچون محمود سيجاكٔ نيكٔ تكليفى‌نى قبول اتمديلر. ليكن شهرنيكٔ اطرافيدە تورغان عسكرلريميز زور بيلەن يكٔى‌شهرغە كيريشكە مجبور قيليندى . بعضى قوما[illegible]رعسكرلرى‌بيلە ختن‌غە يۈردى . عبدالغفارحاجى‌باشليغ بير نچە قوما[illegible]لر محمود سيجاكٔ نيكٔ تهديدلريدين قورقماى‌كهنەشهردە مستحكم توردیلر''²

بو حالدە تونگانلر هم ياركندغە ياقينلاشيب اون آلتە محرم دە كوكرباطغە كلديلر . محمود سيجاكٔ اون‌يتە محرم كيچەسى تمام عسكر لرينى و يكٔى شهردەكى ختن عسكرلرينى اليب شهرنى بوشاتيب بش‌كنت (پوسكام نيكٔ شمال شرقى سيدە )غە يۈردى . سحردە كهنە شهردەكى بيز نيكٔ عسكرلر انتظام بيلەن شهردين چيقيب ختن‌غە يۈرديلر . بونيكٔ بيلە ياركند شهرى خالى بولوب قالدى . اون يتە محرم (٥-آى‌نيكٔ ١٢-كۈنى) دە تونگانلر ياركندنى اشغال اتتى .

محمود سيجاكٔ نيكٔ بو حركتلرى بير ملى مجاهدغە تاريخدٔ يمان بير عيب دور . ليكن بو عيب محمود سيجاكٔ غە يۈكلانمايدور . چونكە بو ذات خوجەنيازحاجى نيكٔ امرى استيدە ايدى . اۈزينى انيكٔ هرامريغە اطاعت قيلماقدە مجبور كۆرۈر ايدى . يوقاريقى ايش‌لرنيكٔ همەسينى محمود سيجاكٔ اۈز اختيارى بيلەن قيلماى بلكە خوجەنيازحاجى نيكٔ قطعى امرى بيلەن قيلغانليقى معلوم دور. بو تاريخى عيب‌لر تماماً خوجەنيازحاجى غە يۈكلانادور .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

خوجه‌نیازحاجی و محمود سیجاڭ لر مرکیت غه یورد یلر. اولر نیڭ یانیده‌کی ختن عسکرلری هریرده اجراب ختن یولینی توتتی لر. اولر مرکیت غه بارغانده تونگانلر قوغلاب بارغان اوچون درحال آقسوطرفیغه کتتی لر. ختن عسکرلریدین اخرقی قطعه هم بو یرده اجراب ختن غه یوردی. خوجه‌نیازحاجی یارکند دریاسینی بویلاب آقسوغه یوردی. آقسوغه یاقین شاقور آتلیغ منزل ده بیر کیچه تونگان باسقونیغه اوچراب یمان ضایعات غه دوچار بولدی. و غایت پراکنده حالده قاچیب آقسوولایتی غه تابع آباد شهریغه باریب توختادی. بیر نچه کوندین کین آقسوغه باریب او یرده‌کی روس قوماندانی بیکتیف بیله‌ن کورۈشوب قولیده‌کی اسیر ثابت داملام و ظریف قاری (کاشغرحکومتی نیڭ عدلیه وکیلی ایدی یارکندڭ اسیر بولغان ایدی )لرنی اکا سوغات قیلدی. بیکتیف خوجه‌نیازحاجی غه ظاهری یخشی معامله قیلدی.[113]

بیز نیڭ عسکرلر گوماغه کلگونچه من او یرده توردوم و کلگه‌ن لرنی ارقه ارقه دین ختن غه یوللادیم. یگرمه‌تورت محرم (٥- ای نیڭ ٩-کونی) ده گومادا بیر قطعه عسکر قویوب ختن غه یوردوم. گوماده‌کی کونلریم ده ظاهرده کلیشیم تکلیف قیلیب حقیقتده نیتی نی بیلمك اوچون بیر هیئت یارکند غه تونگانلرغه یوللادیم. بو لرنیڭ واسطه‌سی بیله‌ن تونگانلرنیڭ ختن حکومتی بیله‌ن کلیشمك مه‌یلی بارلیقی نی بیلدیم. بو اوچون درحال ختن غه مکتوب یازیب کته‌کشی لردین مرکب بیر هیئت نی کاشغرغه ایبار مکنی التماس قیلدیم. من زانگوی قصبه‌سیغه کلگه‌نده مذکور هیئت (داخلیه وزیری داملاعبدالجلیل‌حاجیم و ختن قاضی سی باشلیغ لر) اوچرادی لر. اولرنی کاشغرغه ماجوڭیڭ نیڭ آلدیغه یوللاب اون یته محرم (٥- آی نیڭ ١٣-کونی) ده ختن غه کلدیم. ختن خلقی بو مصیبت لر سببی دین تماماً ماتمده ایکه‌نلر. من ارته‌سی کونی خلق نی و عسکرلرنی رواق میدانی غه توپلاب او یرده خلق غه خطاب قیلیب کاشغر و یڭی حصار فاجعه لریده برگه‌ن شهید لریمیزنی بیلدوروب بو مصیبت اوچون ماتم توتولماسلیق و هیچ بیر مراسم اجرا قیلینماسلیقغه مستقبل ده‌کی خطردین اوزیمیزنی مدافعه قیلماق اوچون تیارلانماقغه خلق نی دعوت اتتیم. بو کوندین

باشلاب عسکرنی یگی باشدین تنظیم قیلماقفه و ممکن قدر یاراغ تدارك اتمکفه باشلادوق. تاربوغازدا استحکام لر بنا قیلدوق.

بیز بومشغول لوقدا اکی کونلرده محمود سیجاك دین، خوجه نیازحاجی دین باشقه باشقه مکتوب لر کلدی. بو مکتوب لرنیك مصمونی یارکنددهکی ایشلری سببیدین تاریخده اوز لریغه توشادورغان عیب نی ینیگلهتمك اوچون یارکند مغلوبیتی نی بیز نیك بوینی میزغه آرتماق و بیز نی موندین کین ینه اولر بیلهن بیر تورماقفه، یعنی اورومچی دین کلگهن دشمن لرغه تسلیم بولماقفه دعوت قیلماقدین عبارت ایدی. بیز بو معنا سیز مکتوب لرغه جواب برمکنی لازم کورمهدوك.



امیرعبدالله (شاهمنصور)، رسم تاریخی: کاشغر- ۱۹۳٤



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## ۲۰ــ فصل

### ختن انقلابی نیڭ ییقیلغانی

ماجوڭ یڭ غه ایبارگەن هیئتیمیزدین داخلیه وزیری گوماغه باریب استعفا قیلیب او یرده قالدی. قاضی باشلیغ لرکاشغرغه باردیلر. بو هیئت واسطەسی بیلەن قیلینغان کلیشم تکلیفی نیڭ ماجوڭ یڭ نیڭ پلانیغه توغرا کەلمەسلیکی هیئت نیڭ مکتوبی دین اشارتاً معلوم بولدی؛ چونکه ماجوڭ یڭ نیڭ پلانی، دشمن کاشغرغه هجوم قیلور قیلماس ختن غه قاچیب او یردین چرخلیق یولی بیلەن گانسو غه کتمك ایدی. بو اوچون مەیلی صلح و مەیلی حرب بیلەن ختن غه استیلا قیلیب گانسو طرفیغه یول آچماقدین اوزگه هیچ بیر یولنی قبول اتماسلیکی اکلاندی. اما بیز دنیانیڭ اڭ ظالم و وحشی بیر قوراللیغ چتەسی بولغان تونگانلرنیڭ ختن غه استیلا قیلماقی نی اڭ یمان بیر دشمن نیڭ استیلاسی بیلەن برابر کوروور ایدوك.

بو اوچون بیز اخیرغچه، قوتیمیز یتکەنچه مدافعه قیلماق، یورت نی و ملت اوز اختیاریمیز بیلەن بولان تالانغه برمەسلیك غه قرار بردوك. اون صفر (٥-ای نیڭ ٢٥-کونی) زاواغه عسکر توپلاب مدافعه غه تیارلاندوق.

**۱۵ صفر (۱۹۳۴، ۵-ای نیڭ ۳۰-کونی)** ده ماجوڭ یڭ، مارلوڭ اتلیغ بیر تونگان نیڭ قیادتی استیده متراليوز و اڭ یکی سیلتیق لسر بیلەن قوراللانغان عسکرلرینی گوماغه یوللادی. او یرده کی محافظ قطعه میز زاواغه یانیب کلدی. مارلوڭ یگرمه صفر (٦-آی نیڭ ٤-کونی) ده پیالمه غه کلدی؛ یعنی آرامیزده اوتتوزبش کیلومتر مسافه لیك بیر چول قالدی. لیکن تاربوغاز جبهەسیدەکی استحکام و او یردەکی عسکر

دین مارلوك قورقوب، پیالمه‌دین ایلگیرلیمه‌ی توختادی. بیزنیك عسکرلر قوم رباط و انیك برابریده‌کی جبهه‌لردین ایلگیرلیمه‌سلیك و تونگانلر هجوم قیلغان تقدیرده هاریب کلگه‌ن دشمن‌نی مذکور جبهه‌لرده و ارقه‌ده‌کی استحکام‌لرده قارشیلاشغه قرار بردوك. من یگرمه ایکی صفر (٦-آی‌نیك ٦-کونی) ده عاملخان حاجیم‌نی بیرلیککه باش قوماندان تعین قیلیب بعضی مهم ایشلرنیك اجراسی اوچون شهرغه کلدیم.

یگرمه بش صفر (٦-آی‌نیك ٩-کونی) ده زاواده‌کی قوماندانلر پیالمه‌غه بیر کیچه باسقونی قیلماق و تونگانلرغه کاشغردین یاردم کلیشدین ایلگری اولرنی پراکنده قیلماقغه قرار بیریب، ارته‌سی کونی آخشامی پیالمه‌غه یوردیلر. لیکن کیچه غایت یمان قاراڭغو بولوب، اوتراده‌کی چولده عسکرلر یولدین ازیب کتکه‌ن سببدین، اوترا یولده تاڭ یاوروب قالغان اوچون، آرقه‌غه یانغیلی مجبور بولوب، غایت درجه‌ده هاریب قوم رباط‌غه کلدیلر. قوماندانلر عسکرلرنی استراحت قیلماق و آش یمک‌غه اجازت برمکغه مجبور بولوب استحکامده آزغینه عسکر قویوب توردیلر. بو عسکرلرنیك کیچه‌ده یول ازیب اوترا یولدین یانغانی‌نی مارلوك اڭلاب درحال زاواغه یوروش قیلدی. سحر ساعت اوچده قوم رباطغه هجوم قیلدی. استراحت‌ده‌کی عسکرلر یتیشیب کلگونچه جبهه‌ده‌کی عسکرلرنی تونگانلر سوروب تاربوغاز استحکامی‌غچه کلدی. بو حالده عسکرلر کلیب موقعلرینی الیب شدتلیك اوروش باشلانیب تونگانلرنی ارقه‌غه یاندوردیلر. تورت ساعت محاربه دوام اتیب تونگانلر ایلگیریلیه‌لمیدیلر. آخشامده تونگانلر شمال طرفدین اوڭ جناح‌نی احاطه قیلماقغه موفق بولدیلر. جنوبدین سول جناح‌نی یاریب او طرفده‌کی عسکرلرنی ایریماقغه موفق بولدیلر. دشمن‌نیك مترالیوزلری‌نیك کوچی بیله‌ن تاپقان بو موفقیتی تمام عسکرلریمیزنیك استحکام‌نی بوشاتیب ارقه‌غه یانماقغه مجبور بولماقی بیله‌ن نتیجه‌له‌ندی. عسکرلر زاواغه کلیب او یرده موقع السالر مو پیاده‌لر غایت پراکنده بولوب عسکرلرنی جبهه‌غه‌یغماق ممکن بولمیدی. بو صورت بیله‌ن ختن‌نیك غایت مهم عسکری موقعی بولغان زاوا، دشمن قولیغه توشتی. آخشام ساعت بشده قاچقان عسکرلر و قوماندانلر شهرغه



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

کلگەلی توردیلر، و تورت ساعت قدر عسکرلرنیڭ شهرغه ییغیلماقی‌غه منتظر بولوب توردوق. لیکن عسکرلرنیڭ یوزده اون مقداری شهرغه‌کلدی و یوزده توقسانیدین هیچ خبر یوق. بو سبب دین شهرده محاصره‌بولوب توروب مدافعه قیلماق ممکن بولمادی.

آخیری من،جبهه (زاوا) طرفیغه یورمك و پراکنده بولغان عسکرلرنی توپلایالسام دشمن غه زاوا ویا شهر اطرافیده مدافعه‌قیلماق و اگر توپلایالمیسام تاغ طرفیغه باریب او یرده قوت یغیب ینه وقتی‌بیله‌ن دشمن غه اوروش‌آچماق پلانی‌بیله‌ن سحر تاڭ وقتیده بیرریوزکیشی‌بیله‌ن شهردین چیقتیم. لیکن درحال عسکرلرنی توپلاماق نیڭ امکانسیزلیقی یولده معلوم بولغاچ زاوا طرفیغه یورمه‌ی تاغ طرفیغه یوردوم. مذکور کونی (٦-آی‌نیڭ ١١-کونی) اوچ یوز قدر آتلیغ عسکر، تاغقه‌بارماس دین توپلاندی. ارته‌سی تاغ ایچیده‌کی لاکرو کنته سیغه باریب توختادوق. او یرده بش یوز کشی‌لیك اتلیغ قوت‌غه ایگه بولدوق. ٦- آی نیڭ ٥١-کونی ده لاکرو نیڭ یوقاریسیده‌کی طبیعی استحکام غه ایگه بولغان پوپاناکنته‌سیغه یوتکه‌لمك و او یرنی مرکز قیلیب قوت توپلاماقغه کوشش قیلماق و دشمن کلگه‌ن تقدرده طبیعی استحکام لرده مدافعه قیلماقغه قرار بردوك. من ایکی یوزچه آتلیغ بیله‌ن پوپانا غه باردیم. اوچ یوزچه اتلیغ کیچه‌لاب شهرغه یاقین راق یرلرغه‌چه باریب بیر مانوره بیله‌ن دشمن نیڭ دقتی‌نی باشقه طرفغه چه‌کمك و مرکزیمیزنی دشمن‌دین یاشورماق اوچون لاکروده قالدیلر. لیکن بولر بیر کیچه اویقوسیز یول یوروب سحرده یانیب لاکروغه کلیب استراحت غه توردیلر. دشمن جاسوسلر واسطه سی بیله‌ن یوقاریقی ایشلریمیزدین خبر الغانی اوچون باشقه یرغه قارامای توپتوغرا لاکروغه هجوم اتتی. قراول چی لریمیز درحال عسکرلرغه دشمن کلگه نیدین خبر بیریب عسکرلر درحال پوپانا استحکامیغه کلیب دشمن نیڭ آلدینی توسوب شدتلیك مدافعه قیلدیلر. دشمن‌دین تقریبا" ایکی یوز کشی اولدی. لیکن تاغلر نیڭ اوستیده‌کی یوللرنی مدافعه قیلماقغه مأمور بولغان عسکرلریمیز او یرده موقع الیشدین ایلگری تونگانلر، ایگیز چوقارلر نیڭ اوستی‌نی اشغال

قیلیب الغان سبب دین مذکور عسکرلریمیز مغلوب بولوب توبنغه قاچماق غه مجبور بولدیلر. تونگانلر استحکام نیكٔ آرقه سیدەکی ایگیز تاغلر نیكٔ اۇستیدین عسکرلرنی اوق غه توتتی‌لر. بو سبب دین اۇچ ساعت موفقیت‌بیلەن دوام اتکەن محاربه درحال بیزنیكٔ زیانیمیز بیلەن نتیجەلەندی. چونکه دشمن لر تاغ اۇستیده استحکام نیكٔ ارقه سیغه اۆتوب عسکرلریمیز نیكٔ آرقا یولی‌نی کستی. عسکرلریمز احاطه دین قورتولماق اوچون بعضی‌سی دریاغه آت سالدی و تولا راقی یول بیلەن یوروب احاطه دین چیقماقغه موفق بولدی. (یگرمه اوچونجی خریطه غه قاراسونلر). بو اوروشده قیمتلیك قوماندانلریمیزدین تورسون‌باقیخان و اسماعیل داملام و منیكٔ یاورلریم دین تۆرت‌کشی باشلیغ ایکی یۆز قدر عسکریمیز شهید بولدی. بو نیكٔ بیلەن‌پوپانا دشمن قولیغه‌توشتی. بیز نیكٔ مدافعه قوتی‌میز کاملاً سیندی. بو اوچون پوپانادین یۆروب دریادین اۆتوب هیچ توختایالمای ۲٤ کیلومتر یول یوروب آخشام دوعا کنته سیغه کلدوك. او یرده هم دشمن نیكٔ باسقونیدین قورقوب آزغینه استراحت قیلیب کیچەلەب ینه یۆردوك. بو صورت‌بیلەن بش‌کۆن یۆروب سانجو داوان آستیغه کلیب هندستان یولی نیكٔ اغزیده توختادوق.

بو حالده اللیگچه کشی یانیمده قالدی. بولردین هم بعضی‌سی اجازه سوراب یورتیغه کتیب اوتوز کشی قالدی. مذکور یرده اون کۆن تورغاندین کین ینه امید سیزلەنمەی یورتغه‌یاقین باریب اوزۆم بیر کۆنلۆك اوزاقده قالیب یانیمدەکی‌قوماندان و عسکرلرنی سانجو غه یوللادیم. موندین مقصدیمیز سانجو و اطرافیدین اگر ممکن‌بولسه قوت‌توپلاب‌ینه ایشقه باشلاماق ایدی. لیکن سانجوده دشمن قوتی بولغان اوچون قوماندانلر او یرده بیر ایشغه موفق بولالمای ختن اطرافی‌غچه بارماق اوچون تاغ یوللری بیلەن ختن طرفیغه کتمیشلردور. تونگانلر من بار طرفغه یوروش قیلغانلیقی و یولدەکی سودین اۆتالمای تورغانلیقی‌نی اکْلادیم. بو وقتده منیكٔ یانیمده فقط ۲۱کشی قالغان ایدی. بو اۇچون ۷-آی‌نیكٔ ٥-کۆنی سانجو داواندین اۆتوب ایکی کۆن یول یورۆب سوگەت قاراول‌غه کتتیم. او یرده آلته کۆن توردوم. هر



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

طرفدین امیدسیز قالغان نیڭ اوُستیغه دشمن نیك تهدیدلیك مکتوب لری کلیب او طرفدین هجوم قورقونجی آز ایمس ایدی. اوزیمیز و آت لر میزنیڭ آوزوق لری هم توگەپ قالماقغه یاقین بولدی. منه بو صورت بیلەن مجبور بولوب ۷-آی نیڭ اوتراسیده هندستانغه یوُرد وُك.

تونگانلر زاوانی الغان کیچه سی سحرده قراقاشنی اشغال قیلدی. ملك بعضی کتته لرنی ییغیب هیچ بیر مدافعه قوتی بولمغان سببدین یورت نی و اوُزینی تونگانلرغه تسلیم قیلماقغه قرار بیریب بو قرارنی مارلوڭغه بیلدوردی. ٦-آی نیڭ ١٢-کونی مارلوڭ ایلچی غه کلیب شهرنی قولغه کەچوُردی. تونگانلر خلق نی گوللاماق اوچون ملِك نی دوتەی (والی) عنوانی بیلەن ختن غه حکمدار قیلدی. لیکن بو هیچ بیر حقوق سیز فقط اسمی بیر رتبه و عنوان ایدی. بو صورت بیلەن ختن ملی انقلابی ییقیلدی.



**ماخوسەن**

## ٢١ـ فصل

### انقلاب نيڭ اخرق صحيفه لرى

خوجه‌نيازحاجى، اوزى‌نى بيكتيف[114] غه تسليم قيلغاندين كيين آنى شيڭ اورومچى‌غه قيچقيردى و اڭا فوجوشى (معاون عمومى والى) ليق منصبى‌نى بردى. يورتدين قورالليغ انقلابچى‌لرنى يوق اتكونچه‌وقتليق خوجه‌نيازحاجى‌نى حكومت‌غه شريك قيلدى. يارليغنامه‌لر و كاغذ پول لرنى آنيڭ آتيده چيقارماقغه باشلادى. محمود سيجاڭ تقريباً تورت ميڭ ياراغليغ عسكريغه قوماندانليق صفتى بيله‌ن اورومچى حكومتى‌غه‌تابع حالده آقسوده قالدى.

١٩٣٤ ييلى ٧ـ آى‌نيڭ اوتراسيده آقسوده‌كى روس و چين ليغ‌لردين مركب بولغان شيڭ نيڭ عسكرلرى كاشغرغه يوروش قيلدى‌لر و تومشوقده تونگانلر مدافعه قيليب، قاتيغ اوروش‌لر بولدى. ليكن دشمن‌نيڭ توپ و طياره لرى‌نيڭ بومبا و اوق ياغدورغانى سببى‌بيله‌ن تونگان‌لر بك تولا ضايعات‌غه اوچرادى. نتيجه‌ده مغلوب بولوب مارالباشيغه‌ياندى‌لر. مارالباشيغه‌مو شيڭ طياره‌لرى بومبا ياغدوردى. تونگانلر اويردين هم پراكنده حالده قاچيپ بير قسمى كاشغرغه و بير قسمى ياركندغه كلدى لر.

بو مغلوبيت بيله‌ن‌ماجوڭ‌يڭ غايت قورقوب، گانسوغه بارالماقيدين اميدى‌نى اوزولوب، اوزى آزغينه ادم لرى بيله‌ن فرغانه غه قاچيب روس‌لرنيڭ پناهى‌غه سغيندى[115]! باشقه تونگانلر ماجوڭ‌يڭ نيڭ توغقانى‌ماخوسه‌ن نيڭ قيادتى آستيغه كيريب كاشغرده‌كى بيگناه‌مسلمان لرنى بيرنچه كون بولان تالان قيليب و اوى‌لرغه اوت قويوب ممكن بولغان قاراقچى‌ليق و وحشى‌ليك لرنى قيليب، ختن‌غه قاچتى‌لر. بو تونگان‌لر ختن‌غه كلور كلمس چرخليق يولى‌بيله‌ن گانسوغه كتمكغه تيار لانيب، بير مونچه‌سى او طرف‌غه يوردى‌لر.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بو حالده شیكٔ کاشفرده‌کی قوتی‌نی آزالتی . اولـر یارکند دین اوّتمای توختاب قالدی . بیر احتمال ، روس‌لرنیكٔ شیكٔغه قیلغان بو آپ آچوق عسکری یاردمی‌غه قوشنه دولت‌لر اعتراض قیلغان اوچون روس‌لر اوّز عسکری‌نی کاشفرغه کیرماسدین اُرقه‌غه یاندوروب الیب کتکه‌ن ایمش . منه بو سبب دین شیكٔ،کاشفرده بیر مقدارچین عسکری قویسه‌مو کاشفرنیكٔ محافظه‌سی‌غه یتکوده‌ك درجه ده ایماس ایـدی . بناً علیه شیكٔ محمود سیجاكٔ غه یقینلیق کورسه‌تیب آنـی قول آستیده‌کی تورك عسکرلری بیله‌ن کاشفر و یارکند غه کلتوردی . اگا شرقی‌تورکستان‌ده‌کی تورك عسکرلری نیكٔ اوٌستیده سیجاكٔ (فرقه قوماندانی )لیق رتبه سی‌نی بردی.[116]

شیكٔ بو قوّت‌سیزلیق سببی دین ختن‌غه هجوم قیلالمادی . بو اوچون ماخوسه‌ن هم گانسوغه کتمای ختن‌ده توروب یارکند حدودیدین تا چرچن و بلکه چرخلیق‌غه‌چه چوّزولغان جنوب یورت‌لرنی ایگه‌لاب توردی.[117]

شیكٔ،التای حکمداری شریف خان و قومول حکمداری‌یولبارس‌بگ لرنی عسکر قوّتی بیله‌ن یوق اتمکفه حاضرچه قوتی یتمگه‌ن‌سبب دین اولر بیله‌ن سیاسی یول دین اتتفاقلاشماق اوچون‌اولرنیكٔ داخلی استقلالی‌نی تونودی ، اولر هم شیكٔ غه مقابله قیلغوده‌ك درجه‌ده قوتلری بولمغان اوچون اغیزده اوروٌمچی حکومتی‌غه تابع‌بولغانلری‌نـی اعلان اتتی‌لر .

لیکن شیكٔ،آهسته آهسته محمود سیجاكٔ ، یولبارس‌بگ و شریف خان‌لرنیكٔ ملّی قوّت‌لری‌نی دسیسه بازلیق بیله‌ن ضعیفلاشتوٌرماق و اوٌز نفوذی‌نی محکم‌لاشتورمك یولی بیله‌ن بولرنی یوق اتمك و بو نیكٔ بیله‌ن تمام شرقی‌تورکستان‌نی ملّی قوّت‌دین آیریماق پلانی‌نی قوروب فعالیتده ایدی . بو جمله‌دین محمود سیجاكٔ‌نیكٔ حقیده‌کی دسیسه بازلیق‌لرنی بیرآز بیان قیلامیز: محمود سیجاكٔ نیكٔ قول آستیده‌کی عسکری منصبدارلرنی بیردین ایکی‌دین اوروٌمچی‌غه قیچقیریب اولرنی پول بیله‌ن و چوك منصب وعده‌سی بیله‌ن محمود سیجاكٔ غه دشمن

قیماقغه باشلادی. بولردین بیر نچه وجدانسیزلر محمود سیجاڭ غه دشمن بولدیلر . بعضی وطن وملت تویغوسی بارلری، یولدین آزمای محمود سیجاڭ غه وفادارلیقده قالدیلر. ینه موندین باشقه دسیسه لر تولادور، مع الأسف بیز تفصیلاتی نی بیمایمیز .[118]

محمود سیجاڭ، هندستانغه هجرت قیلغوچه آراده اوّتکەن تقریباً اوچ ییل مدت ایچیده اوّز موقعی نی محافظه قیلدی و ممکن قدر نفوذ و غیرتی نی صرف قیلیب کاشغرده ملی معارف نیڭ ترقّی سی اوچون و کمونسیتلیك پروپاگنده نیڭ رواج تاپماسلیقی اوچون تولا شایان تقدر و تاریخی خذمتلرنی قیلدی.[119]

شیڭ نیڭ یولبارس‌بگ و شریف خانلرنیڭ حقیده قیلغان دسیسه بازلیق لرینیڭ تفصیلاتی نی بیلمایمیز، لیکن اولرنیڭ حقیده محمود سیجاڭ نیڭ حقیدەکی دین زیادەراق دسیسه لر بولغانی نی مُجمَل صورتده اکْلادوق . اولرنیڭ یورتلری نیڭ جُغرافیاءی موقعیتی هم بونی تصدیق اتمکنه کافی دلیل‌لر تشکیل قیلادور .

ماخوسەن شیڭ غه اشکارا دشمنلیك قیلیب تورماقده ایدی . کین‌لرده شیڭ ماخوسەن غه الچی‌لر ایباریب انی بیرلیك غه دعوت قیلغالی باشلادی، گرچه اوّلده ماخوسەن بو دعوت نی قایتور سه مو، روسیه غه سغینغان ماجوڭیڭ ، روس‌لر نیڭ قیستاشی آستیدا ماخوسەن‌غه مکتوب و آدم ایباریب، مذکور دعوت نی .قبول اتمکنه توصیه قیلدی . بو تقدیرده اوزی‌نیڭ روس قولیدین قورتولماقی نیڭ امیدی بارلیقی نی هم بیلدورگەنلیکی قوّتلیك احتمال‌دور . ماخوسەن ١٩٣٦، ٥- ویا ٦ـ ای‌ده اورومچی حکومتی‌غه باغلانغانلیقینی اعلان‌اتتی . یعنی کوّرونوشده اوزی نیڭ شیڭ غه دشمن ایماسلیکینی و اورومچی حکومتی غه قوشولغانلیقینی قبول اتکەن ایدی . بونیڭ مقابلیده شیڭ ماخوسەن نی ٣٦نجی فرقه قوماندانلیق غه بەلگولەپ سیجاڭ عنوانی بیلەن ختن غه حکمدار تونیدی .[120]

آرادین اوچ آی اوّتکەندین‌کین شیڭ ختن‌غه بیرکمونیست چین‌لیغ نی دوتەی قیلیب ایباردی . ماخوسەن یوقاریقی امید بیلەن‌بونی



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

هم قبول قيليب ملك محمد نياز اعلم نى دوتەى ليك دين عزل قيليب مذكور چينليغ نى دوتەى ليكدە قويدى. موندين كين اهسته اهستە روسيه بالشويك حكومتى غه تقليد قيليب باشقه ولايتلردە اجرا قيلينغان ايشلرنى ختندە هم اجرا قيلغالى باشلادى. مثلا گ. پ. اۇ. ادارسى (چينچەدە بولنجوى) اچيليب جلادليق عمليات باشلانىدى. و خلق باشيغه ياغيب تورغان تونگان ظلم لرى نيك اۇستيغه هر قسم تارليق لر و ظلم لر بولغالى توردى. تجارت تماماً روسيه غه بولوب هندستان و افغانستان غه تجارت قيلماق يوق اتيلدى.[2]

اون آى قدر بير مدت ايچيدە ماخوسەن تولا كوشش قيليب ماجوكيك نى روسلردين آجراتيب آلالمادى. بو اوچون ماخوسەن يوقاريقى مَدارا سياستى نى تاشلاب شيك غه اهسته اهسته دشمن ليك قيلماقغه باشلادى.

بو آرادە شيك و خوجەنيازحاجىلر، محمود سيجاك نى اۇرۇمچى غه قيچقيرغيلى توردىلر. محمود سيجاك، بو قيچقيريش انيك جانيغه بير سوءقصد اۇچۇن ايكەنليكى نى بيليب هر قسم بهانه لر بيلەن اورومچى غه بارماقنى كينغه تاشلاب تورماقدە ايدى. ١٩٣٧ يلى نيك ارته يازيدين باشلاب شيك محمود سيجاك نى كاشغردە هر قسم تضييق لر آستيدە توتماق غه باشلادى. بو حالدە محمود سيجاك غه شو ايكى يول نيك بيرىنى اختيار قيلماق لازم كلدى: ١- ماخوسەن بيلەن بيرلەشمك، ٢- يات يورت غه هجرت قيلماق. محمود سيجاك نيك ماخوسەن بيلەن بيرلەشمكى و شيك غه سوقوش آچماقى غايت آسان ايدى. شيك [illegible]لوب اتمك هم خيلى ممكن ايدى. ليكن محمود سيجاك شيك نيك ا[illegible]ه سيدەكى كوچلوغ يارمچى سى نيك شيك غه قوليدين كلگەن ياردم نى آيماسليقى نى بيلور ايدى. بو سبب دين ماخوسەن بيلەن بيرلەشب ايش قيلماق نيك يورت غه مُدهيش بير عاقبت نى نتيجه برمكيغه جزم قيلور ايدى. بو اوچون محمود سيجاك ماخوسەن بيلەن بيرلەشمكنى اختيار اتمەى، ١٩٣٧، ٤ - آى دە كاشغر و ياركند دەكى عسكرلرى نيك اۇستيدە ايشانچليك بير كشى نى قويوب اوزى آزغينه آدم لرى بيلەن دشمن غه

تویغوزمای کاشغردین چیقیب یارکند و کوکیار یولی بیلەن هندستان غە یوردی.[122]

محمود سیجاك چیقیب کتکەندین کین انیك قوماندانلریدین عبد نیاز بگ بیلەن ماخوسەن بیر لیك توزوب ١٩٣٧ ییلی نیك ٥-آیدە شیك غە اوروش اعلان قیلیب یارکندنی اشغال اتتی لر. اندین کین کاشغر غە یوروش قیلیب کهنە شهرنی الدیلر. دشمن نی یکی شهردە محاصرە قیلدیلر. خلق عموماً غایت شوق و فداکارلیق بیلەن بومحاربەغە اشتراك و یاردم اتتی لر. ماخوسەن،عبد نیاز بگ باشلیغ تورك عسکرلرینی مارالباشیغە یوللاب اوزی تونگانلر بیلەن کاشغردە قالیب یکی شهرنی محاصرە قیلدی. جدی و شدتلیك محاصرە قیلغان بولسە یکی شهرنی آلماقی شبهە سیز ایدی. چونکە کاشغردەکی هم والی و هم باش قوماندان بولغان چین لیغ اورومچی غە قاچقان ایدی. یکی شهردە قوت آز ایدی. لیکن آچ تونگان قوماندانلری دشمن دین تولا رشوت الیب ماخوسەن نیك یکی شهرنی آلماقی اوچون شدتلیك اقدامات قیلماقی غە هر قسم حیلە لر بیلەن مانع بولدیلر. اما عبد نیاز بگ دشمن نی مغلوب قیلا قیلا، آقسو و کوچا ولایتلرینی فتح قیلیب قارا شهرغچە باردی.[123]

کاشغر یکی شهردە اوروش بولوب تورغانی، شیك غە یاردم قیلادورغان دشمن غە بیر دلیل بولوب کاشغردە تینچ لیق اورنیتیمیز، بو اوچون چین حکومتی دین بیز غە اجازت کلدی دیب ١٩٣٧-٨-آیدە قاراول طرفیدین بیدل داوان بیلەن بش میك کشی لیك سویت عسکرلری شرقی تورکستان غە کیریب، اوچ توریان و آقسو شهرلریغە کیرمەسدین، یمان سوغە کلیب باشقە یول بیلەن مارالباشی غە کلدی. ینە آرتباشی یولی بیلەن ایکی یوز اوتومو بیل دە روس عسکری آرتوچ غە کلدی. بو نیك بیلەن عبد نیاز بگ و تونگانلر نیك آراسی اوزولدی. روس طیارەلری کاشغر نیك اوستیدە اوچوب اعلان ورەقەلری و بغضی یرلر غە بومبا تاشلادی. ماخوسەن بو نی کوروب تونگانلری بیلەن پراکندە بولوب کاشغردین قاچیب یکی حصارغە کلدی. طیارەلر یکی حصارغە بومبا

تاشلاب بیر نچه خلق و تونگاننی یوق اتتی . ماخوسه‌ن او یردین هم قاچیب یارکندغه هم بارمای تاغ یولی بیله‌ن هندستانغه قاچتی. ١٩٣٧ ٩-آیده لداخقه کلدی . ملك محمد نیاز اعلم هم‌لداخ غه ماخوسه‌ن دین اوچ تورتکون کین که‌لدی .

عبد نیاز بگ کوچا اطرافیده دشمن بیله‌ن دهشتلیك‌محاربه‌لر قیلدی . لیکن اخیری مغلوب بولوب قوّتی پراکنده بولدی . بو ملی مجاهدلر نیك عاقبتی نیمه بولغانیدین بوکونغچه خبریمیز یوق دور . ماخوسه‌ن و اکا ارگیشیب هندستانغه کتکه‌ن تونگانلر دین باشقه تونگانلر ختنغه قاچتیلر. ١٩٣٧ ، ١٠-آی‌نیك ٧-کونی شیك قوّتلری ختنغه یوروش قیلیب تونگانلرنی هر یرده طیاره بیله‌ن بومبالاب و یر قوّتلری اولرنی اسیر قیلیب تولا راقی‌نی غایت‌فجیع صورت‌بیله‌ن قتل‌عام قیلدی . آز راقی چرخیلیق یولی بیله‌ن گانسوغه قاچسه‌مو بولرنیك تولاسی چوللرده آچلیق و سو سوزلوق بیله‌ن اوّلدی و یوزده بیری گانسوغه بارغان بولسه کره‌ك . منه بو صورت‌بیله‌ن ١٩٣٧ ییلی ١٠-آی‌ده التی‌شهر ولایت‌لرینی شیك استیلاسی استیغه الدی .

یوقاریقی عبد نیاز بگ و ماخوسه‌ن انقلابی چیقغان زمان شیك‌،یاره‌مچیسی (فوجوشی) خوجه‌نیازحاجی بولغان حالده، شرقی تورکستان‌ده‌کی تمام ملی قوتلرنی یوق اتمکغه قارار بیریب آلتایده شریف خان و قومولده یولبارس‌بگ لرنی ١٩٣٧ ، ٦-آی‌ده عسکری قوّت‌بیله‌ن مغلوب اتیب آلتای و قومول ولایت‌لریغه استیلا قیلدی.[124]

مع الاسف بو استیلاغه متعللیق واقعات‌نیك تفصیلاتینی بیلمه‌یمیز. یولبارس‌بگ ٥-ای‌ده بعضی تابع‌لری بیله‌ن قومولدین چیقیب قومول نیك شرقیده‌کی خوتون‌تام اولکه سیغه باردی و ٦-ویا ٧-آی‌ده او یردین قاچیب چیگخای ولایتی‌غه باردی . ایکی آی دین کین خانکوغه باریب چین باشقوماندانی چیاك کای‌شی بیله‌ن کوروشوب یاخشی معامله کوردی . حاضرده چوك کیك ده اعتبارلیغ حیات‌کچورمکده دور .

شريف خان نيكْ نيمه بولغانى نى بيلمه‌يميز. ليكن آلتاى ده‌كى ملى مجاهد قازاق لردين ايليس خان، آدى بگ و زايف بگ لر باشليغ ٦٤٥ اوٚيلوك كشى آلتاى‌دين قاچيب غربى مغولستان يولى بيله‌ن گانسو نيكْ يورجون آتليغ تاغيده‌كى يايلاغده يرله‌شتى لر.[125]

منه بو صورت بيله‌ن شرقى توركستان‌ده‌كى ملى انقلاب كتته لرى آرقه آرقه دين مغلوب بولوب، ياراغليغ ملى قوّت لر پراكنده بولوب تمام شرقى توركستان اولكه لرى نيكْ همه سيغه شيكْ شى سه‌ى استيلا قيلدى.

قهرمان مجاهد عبد نيازبگ (شهادتى ١٩٢٧)

رسمى تاپيلميغانليقدين يرينى "حرمتا" ساقلايميز



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

# ۲۲ــ فصل

## شرقی تورکستان ملی انقلابچی لری نیڭ عسکری وسیاسی وضعیت لری

شرقی تورکستان ملی انقلابچی لری نیڭ رهبرلری و قول آستلریده‌کی قوماندانلردین عصری حربی تعلیم ویا حرب تجربه سی کۆرگه‌ن کشی هیچ یوق ایدی. بو سببدین عسکرلرنیڭ هم عصری عسکر ایمس لیکی طبیعی معلوم دور. لیکن شونداغ بولسه مو ملی انقلابچی لرنیڭ عسکری وضعیت لری نیڭ اراسیده غایت اهمیتلیك فرق لر بار ایدی. بو فرق لرنی قسقه صورتده محترم اوقوغوچی لرغه عرض ایتا میز. خوجه نیاز حاجی، ایلگریده بولسون ویا کین لرده، عسکرلری نی بیر انتظام و قانونغه تابع توتماغان ایدی. بو سببدین خوجه نیاز حاجی نیڭ عسکرلری، انتظام و تربیه کۆرگه‌ن تونگان عسکرلری نیڭ آلدیده دایما مغلوب ایدی لر. خوجه نیاز حاجی قومول تاغلریده‌کی وقتیده چین عسکرلریدین موفقیت بیله‌ن مدافعه قیلیپ شرقی تورکستانده شهرت تاپقان ایدی چونکه اویرده‌کی عسکرلری، تاغلیق منطقه لر نیڭ اویداك چقورینی تماماً بیلادورغان آوچی آدم لر ایدی و دشمن اولکه لر نیڭ کیفیتی دین خبرسیز ایدی. دیمککه او وقتده خوجه نیاز حاجی تاغلر و جانگال لر آراسیدین اوشتومتوت دشمن نی اوقغه توتماق و اولرنی جیلغه لرده ازدورماق و غیر منتظم باسقون لر قیلماق بیله‌ن دشمن نی مغلوب اتکه‌ن ایدی. هرحالده بو موفقیت لر انیڭ عسکرلری نیڭ معنویاتی نی تولا قوتله‌ندوروب دشمن نیڭ کوڭلی غه هیبت سالغان ایدی. بو روح بیله‌ن تورپان و جیمیسا اوروش لریده دشمن نی مغلوب اتتی. کین لرده بو عسکرلر انتظام دین یراق ایکه‌نلیکی سببی دین یوقاریده کۆرولگه‌ن وجهه بیله‌ن دشمن نیڭ آلدیده بۆری نیڭ آلدیده‌کی قوی دەك بولوب قالدی لر. اما خوجه نیاز حاجی بو تجربه

دین عبرت المادی ،عسکرلرینی تربیه و انتظام آستیغه الماق نی قبول اتمیدی. قبول اتسه ایدی بو عسکرلر هر قایداغ دشمن نی ینگوده‌ك وضعیت‌ده ایدی. چونکه بو عسکرلر نیڭ همه سی آتلیغ بولوب قولیده عصری میلتیق و بیر نچه میترالیوز بار ایدی،جبخانه‌سی‌هم آز ایمه‌س ایدی‌سانی‌هم دشمن‌دین توبه‌ن ایمه‌س ایدی. قارا یولغون محاربه سیدین قاچیب ختن غه کلگه‌ن قوماندانلریدین بیری بو وضعیت‌دین شکایت قیلیب مڭا شونداغ دیگه‌ن : "بیز تونگانلر بیله‌ن اون‌سکز قاتا اوروشتوق و هر نوبتده مغلوب بولوب قاچتوق. فقط قاراشهرا وشاقتال محاربه سیده غینه غالب بولدوق. بو غالب لیق هم بیزنیڭ ایکی طرف‌دین دشمن‌نیڭ آراسیده قالغانیمیز سببیدین فوق‌العاده بیر غیرت قیلماقغه مجبور بولغانیمیز نیڭ نتیجه‌سی‌ایدی."

خوجه نیازحاجی عسکر و قوماندان و باشقه حکومت ادم‌لری‌غه منتظم آیلیق معاش برمس ایدی. فقط بعضی وقت‌لرده بیر مقداردین پول بیرور ایدی. سبب دین عسکرلری یاراغ و جبخانه لری‌نی ساتماق ویا خلق‌دین الغانی بیله‌ن حیات‌لری‌نی تأمین قیلور ایدی لر. عسکری غه بو جنایت‌لری اوچون جزا برمك هیچ یوق ایدی. منه بو وضعیت عسکرلرنیڭ انتظام سیزلیقی نیڭ اوستیغه اولرنیڭ معنویاتی‌نی و اخلاقینی بوزمیقی و خلق‌نیڭ خوجه نیازحاجی و عسکرلریدین اوزاقلاشماقی غه سبب بولدی.

ختن حکومتی نیڭ قوماندانلری؛ حربی تعلیم و تجربه لری‌نی‌کورمیگه‌نلیکدین خوجه نیازحاجی نیڭ قوماندانلری بیله‌ن اوخشاش بولسه‌مو، لیکن انقلاب نیڭ اوّلیدین باشلاب ختن حکومتی نیڭ اڭ زیاده اهمیت برگه‌ن ایشی، ممکن بولغان قدر عسکرلرنی توغری بیر حربی تربیه و انتظام غه آلماق و خلق‌نیڭ اسایشی غه تعرض قیلماسلیق اوچون قوماندان و عسکرلرنی منتظم بیر قانون‌غه تابع توتماق ایدی. بو نیڭ سایه سیده ختن عسکرلری شرقی توورکستان‌نیڭ اڭ انتظام لیغ و اطاعت‌لیك، قانون و امنیت‌غه حرمت قیلادورغان عسکری بولدی‌لر. کین‌لرده عسکرلیك تعلیمی کوّرگه‌ن کشی‌لردین بیر نچه سی‌نی تاپیب ختن‌عسکر لری‌غه تعلیم و تربیه برمه‌ك وظیفه سی‌غه مأموراتیلدی[126]. بو نیڭ بیله‌ن



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ختن عسکرلری انتظام یوزیدین خیلی ترقی قیلدی لر . بو سببدین شرقی تورکستان ملی عسکرلری ایچیدین حرب میدانیده همه‌دین زیاده فعالیت کوّرساتادورغان عسکر ختن عسکرلری ایدی لر . بو صورت بیله‌ن ختن عسکرلری نیڭ انتظام و تربیه‌سی و حربی استعدادی همه‌دین یخشی بولسه‌مو لیکن غایت یمان ایکی نقصانی بار ایدی : ۱ـ قوماندانلری عصری حرب ایشلریده تجربه سیز بولوب فقط اوروش‌لرده غیرت کوّرسه‌تکه‌ن کشی‌لردین عبارت ایدی ؛ ۲ـ ختن عسکرلری نیڭ یاراغی همه انقلابچی‌لرنیڭ کی‌دین آز و توبه‌ن ایدی . چونکه اون ایکی میڭ کشی لیك بیر قوّت‌دین عبارت بولغان ختن عسکری نیڭ قولیده ۰۰۰ ۱دانه میلتیق بار ایدی ؛ جبخانه یوق حسابده ایدی . عسکرنیڭ کوّپراق قسمو قیلیچ ، سوّنگو (نیزه) و چوماق بیله‌ن قوراللیغ ایدی . موندا‌غ دنیانیڭ اڭ ضعیف یاراغیغه ایگه بولغان عسکرنیڭ حاضرقی زمانه میزده‌گی استحکام محاربه‌سی‌غه قدرت‌سیز ایکه‌نلیکی طبیعی دور . بو اوچون ختن عسکرلری نیڭ محاربه لری دایما هجوم و باسقون صوره‌تی بیله‌ن بولور ایدی . بو عسکرلرنیڭ دشمن‌لری میلتیق و مترالیوز و عصری توپ لر بیله‌ن قوراللانغان ایدیلر . بو یوزدین ختن عسکرلری مه‌یلی غالب بولغان و مه‌یلی مغلوب بولغان شوقوشلرده دشمن‌دین تولاراق ضایعات بیرور ایدی لر .

ختن عسکرلری ، پیاده ، آتلیغ ، توپچی ، بولوب اوچ صنف غه آیریلور ایدی . یگرمه قدر چوڭ توپ لریمیز بار ایدی . لیکن بو توپ‌لرنیڭ آران ایکی دانه‌سی غینه عصری قلعه توپی بولوب باشقه لری قدیم اصولده‌گی مس و تیمور توپ‌لر ایدی . الحاصل ختن عسکرلری نیڭ لوپ کوّل‌لری و چیگخای حدودی‌دین کاشغر حدودی‌غچه قیلغان فتوحاتی ، اولرنیڭ انتظام ، تربیه و غیرت‌لری نیڭ نتیجه‌سی بولغان‌دك اولر نیڭ مغلوب بولماقی ، یاراغ‌سیز لیق لریدین و عصری حربی تعلیم و تجربه‌دین یوقسون بولغانلیقی‌دین کلیب چیقغان ایدی .

تیمور سیجاڭ نیڭ عسکرلری ، تونگان لردین بیر آز حرب ایش‌لری‌نی تعلیم آلغان بولسه لرمو یتیشمیگه‌نلیکی ، انتظام سیزلیق و قانون سیزلیقده خوجه نیازحاجی نیڭ عسکرلری بیله‌ن اوخشاش ایدی .

قیرغیز و اوٓزبك عسكرلری عمومی حرب دین كین كی فرغانه باسمه چی لری نیڭ یولیده بولوب انتظام سیز هجوم و اوشتومتوت باسقون قیلماق غه بیر آز ماهر بولسه لرمو میدان محاربه سی و محاصره ایش لرده هیچ ایش غه یارا ماس ایدیلر.

آلتای قازاق عسكرلری و قومول عسكرلری نیڭ احوالی دین تولوق خبریمیز یوقدور. اولرنیڭ مه یلی قوماندان لری و مه یلی عسكرلری نیڭ عصری تربیه كوٓرمیكه نلیكی نی بیلا میز. بویوزدین اولر نیڭ هم دشمن عسكرلریدین توبه ن درجه ده ایكه نلیكی معلوم دور.

منه شرقی توركستان انقلابچی لری نیڭ عسكری وضعیتی بو صورتده ایدی. اما اولرنیڭ دشمن لری بولغان چین لیغ لر و تونگانلر نیڭ قوماندان لری نیڭ تولا راقی چین ده حربی تربیه كوٓرگه ن، اوروش تجربه لری غه ایگه، آدم لر ایدی. عسكرلری نی غایت اهمیت بیله ن تربیه و تنظیم قیلور ایدی لر. یاراغلری هم عموماً انقلابچی لردین مكمل راق ایدی.

**داخلی سیاسی وضعیت**

خوجه نیازحاجی و تیمور سیجاڭ لرنیڭ داخلی سیاست لری غایت یمان بیر خطا اصول غه بنا تاپقان ایدی. چونكه بولر انقلاب **نیڭ** اصلی مقصدی بولغان خلق نیڭ اسایش غه اهمیت برمس ایدی لر. مالیات، معارف وعدلیه ایش لری نیڭ تنظیمی دین كاملاً بی خبر ایدی لر. عسكر لوازمی، آوزوق و باشقه هر نرسه نی خزانه دین پول چیقاریب ساتیب الماق هیچ یوق ایدی. بو نرسه لرنی تماماً خلق نیڭ بوینی غه قویوب آلوان صوره تی بیله ن الور ایدی لر.

خوجه نیازحاجی نیڭ سیاستی نیڭ همه دین **یمانراقی** اصولی بو ایدی: شرقی توركستان ده هر امتیاز و هر نفوذ نی، لایق بولسه ن و یا بولماسون، قومول لوغ و تورپان لیغ لر غه برمك و باشقه انقلابچی لرنی اهسته اهسته ایش دین چیقارماق ایدی. بو سیاستی نی گرچه خیلی مخفی توتماقده بولسه مو لیكن اوزی داهی بیر كشی



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولیازمىلار ئامبىرى

بولمغینی اوچون بو اسرارینی وقتیدین ایلگری خلق غه بیلدوروب قویغان ایدی. خوجه نیاز حاجی طرفیدین یورتلرغه تعین قیلنغان والی لر و حاکم لرغه هیچ بیر قانون و دستور العمل بیریلماس ایدی. او لرنیڭ وظیفه سی یالغوز خلق دین آلوان و آوزوق ییغیب خوجه نیاز حاجی غه برمك ایدی. هر بیری اوزی بیلگەن یول بیلەن ویاکه ایلگر کی چین مأمورلری نیڭ یولی بیلەن ایش قیلور ایدی.

ختن حکومتی داخلی سیاست خصوصیده خیلی یخشی و شایان تقدیر بیر یولنی توتقان ایدی. همه دین اوّل خلق نیڭ اسایشی غه اهمیت بیرور ایدی. عسکرلرغه و ملکی مأمورلرغه کافی درجه ده منتظم آیلیق معاش بیرور ایدی. عسکر لوازمی و هر نرسه نی بازار نرخی غه موافق ساتیب الور ایدی. فقط حکومت مجبور بولغان وقتده بیر ایکی قتیم خلق دین آت و حیوان آوزوقی نی فوق العاده صو رتده الدی، اما بو هم عادلانه بیر قانون غه موافق اجرا قیلیندی. خزا نه کفایه قیلمغانده بای لردین قرض آلدی و ینه بو قرض نی تولەدی. مالیات ایش لرینی غایت عادلانه بیر قانون غه تابع قیلدی. ممکن بولغان قدر هر شهرده عصری مکتب لر تأسیس قیلیب معارف ایش لری نی توغری بیر یولغه کیرگوزمه‌کفه باشلادی. عدلیه ایش لرینی اسلام شریعتی غه اویغون قیلیب تولا یخشی اجرا قیلدی. والی لر و حاکم لر غه قانون نامه (دستور العمل) بیریب اکا مطابق اجراآت قیلماق غه امر اتتی. بولرنیڭ اجراآتی نی دایما آشکارا و مخفی مفتش لر واسطه سی بیلەن مراقبت قیلدی.

منه بو اوچون شرقی تورکستان نیڭ باشقه ولایت لریده کی خلق ختن حکومتی غه تابع بولماق آرزوسی نی امکان تاپقان وقتیده اظهار اتمکده ایدی لر. بو سۆز لر العیاذ بالله، ختن حکومتی نی دنیا غه یخشی کۆرستمك اوچون ایمس دور، بلکه تاریخچی لیق نیڭ فرضی بولغان حقیقت نیڭ بیانی دین عبارت دور.

## خارجى سياسى وضعيت

خارجى سياست بابيده هم ملّى انقلابچى‌لر نيڭ آراسى دەكى اختلاف خيلى چوڭقور ايدى. چونكه خوجه نيازحاجى و تيمور سيجاڭ لر اۆز لرى‌نى هر جهت دين چين مركزى حكومت غه تابع كۆر ستمەكدە افراط درجه سيده بولوب، تمام عسكرى و مُلكى منصبدار لر نيڭ آت لرى چين‌چه ايدى. بايراق لرى هم چين بايراقى ايدى. ماليات و تجارت باج لرى هم تماماً ايلگريكى چين اصوليده ايدى و انقلاب ده موفق بولغاندين كين شرقى توركستان‌نى چين حكومتى نيڭ مأمورى صفتى بيلەن اداره قيلماق‌لرى‌نى اعلان قيلماقده ايدى لر. خوجه نيازحاجى يات دولت‌لردين سويت دولتى بيلەن مناسبت قيلماق و او دولت‌غه طلب قيلغان امتياز لرنى بيريب انيڭدين ياراغ و مهمات آلماق سياستى‌نى توتقان ايدى. بو سياستى‌غه باشقه انقلابچى‌لرنى قناعتلاندورمك اوچون "بو سياستيميز وقتنچه بير سياست دور، حاضرچه بيزياراغ‌غه محتاج بولغانيميز اوچون روس‌لر نيمه ديسه قبول قيلاميز. انقلابيميز ده موفق بولغاندين كين روس‌لرغه برگەن امتيازنى يوق ايتاميز" دەب منطق سيز دليل‌لرنى يازار ايدى.

ختن حكومتى، چين حكومتى بيلەن، انقلاب تمام بولغاندين كين سياسى يول بيلەن شرقى توركستان‌نيڭ مقدراتى‌نى تعيين قيلماق طرفدارى ايدى. بو اوچون تمام عسكرى و ادارى تشكيلات‌نى كاملاً ملّى صورتده يكيدين ترتيب برمك نظريه سيده محكم تورماقده و ممكن قدر بونى عمل‌غه آشورماقتا ايدى. يات دولت‌لردين، سويت دولتى نيڭ شرقى توركستان‌دە كۆزى بارليقى تمام دنياغه معلوم بولغانى اوچون ختن حكومتى، سويت‌لر اتتفاقى بيلەن فقط ايلگريدين جارى بولوب كلگەن تجارت مناسبتى‌نى غينه اۆز حالى بيلەن توتوب اكثا سياسى ويا باشقه امتياز برمەك‌نى و شرقى توركستان‌غه انيڭ آچكۆز تيرناقى‌نى پاتورماق‌نى هيچ قبول اتمس ايدى. انگليس و افغانستان دولت‌لرى شرقى توركستان مسئله‌سى خصوصيده كاملاً بى طرف



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

ليك سياستىنى توتقان بولسه مو بولرنيڭ شرقى توركستان ده هيچ بير طمعى بولمغان اوچون ختن حكومتى بو دولتلر بيله ن يخشى مناسبت پيدا قيلماق و بو نيڭ نتيجه سيده بير آز كين راق بولسه مو ضرر سيز فايده حاصل اتمك طرفدارى ايدى .

**تفسير**

بير مملكت ده چيقغان ملى انقلاب نيڭ موفقيتى اوچون الڭ مهم عامل، او انقلاب نيڭ باشليغ لرى نيڭ عسكرليك و داخلى و خارجى سياست ايش لرىنى توغرا بير اساس غه اورونلاشتوروشى دين عبارت دور .

شرقى توركستان نيڭ بو ايش لر خصوصيده كى وضعيتى نيڭ حقيقتى يوقاريده بيان قيليندى . هر بير بى طرف و حقانى كشى نيڭ شرقى توركستان ملى انقلابى نيڭ و انقلابچى لرى نيڭ حقيده و انقلاب نيڭ حاضرقى يمان عاقبت غه اوچراماقى نيڭ سبب لرى خصوصيده كى تفصير و نظريه لرى يوقاريقى بيانات غه بنا تاپسه اۆز موقعى غه بنا تاپقان بولادور .

## ۲۳ــ فصل

### شیڭ نیڭ حکومتی نیڭ ماهیتی

شیڭ نیڭ حاضرده شرقی تورکستانده یورگوزگن تورغان حکومتی نیڭ ماهیتی تمام دنیاغه معلوم دور. لیکن انیڭ رسما چین حکومتی نیڭ مأموری ایکه‌نلیکی‌غه قاراب وباکه انیڭ یالغان پروپاگنده‌لریغه آلدانیب انیڭ حکومتی نیڭ اصولی وماهیتیغه توشونمیگه‌ن کشی‌لرنی هم‌کوْرمکده‌دورمیز. بناءعلیه بوخصوصده بیر آز اچوقلوق کلتوروش‌نی لازم کوردوک.

شیڭ حکومت‌نی قولی‌غه الغان کوندین باشلاب اهسته اهسته تمام اداره ایش‌لری‌نی سویت اصولی‌غه کوْره تطبیق اتمکغه باشلادی. سویت‌لر انیڭ بوخذمتی نیڭ برابریده اڭا یاراغ طیاره وعسکر بیله‌ن مهم صورتده یاردم قیلدی. بونیڭ سایه‌سیده شیڭ شرقی تورکستان‌نیڭ ملّی انقلابچی‌لری‌نی یوق اتیب یورت‌نی استیلاسی آستیغه آلدی. ملکی، عسکری واقتصادی ایش‌لرنی کمونست اصولی‌غه‌کیرگوزمه‌ك وشرقی تورکستان‌نی بیر روس مستملکه‌سی قیلماق اوچون روس‌دین مشاورلر وتولا آدم‌لر آلدی. میڭ‌لرچه روس عسکرلرینی، چین‌عسکریچه کییم‌لرنی کیدوروب شهرلرده قویدی. خلق‌نی مختلف تُهمت‌لر بیله‌ن اولتورمه‌ك وحبس قیلماق یولی بیله‌ن ملّت نیڭ روحیاتی‌نی سیندورغالی باشلادی. انسان نیڭ طبیعی حقوقی بولغان دین آزادلیقی فکر آزادلیقی، صناعت آزادلیقی، تجارت آزادلیقی وسفر واقامت آزادلیقی‌نی یوق اتیب کمونیست‌لیق نیڭ قید واسارت زنجیری‌غه باغلادی. باش‌دین آیاغ بیر تورکستان ملتی بولغان شرقی تورکستان خلقی‌نی روس بالشویک‌لری‌نیڭ تورکستان ملتی‌نی پارچه‌لاغان دشمن‌لیک اصولی‌غه مطابق ۱٤ ملت‌غه آیریماق‌غه کیریشتی. بواون‌تورت ملت دییلگه‌ن یاسامال ملت‌لردین بیری چین محاجرلری‌نیڭ بُست



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

پرست لری ، ینه بیری چین محاجر لری نیڭ مسلمان لری (تونگان ) و ینه بیری روسیه دین کلگەن روس لردین عبارت بولغان غایت آز سانلیق یات ملت لربولوب، قالغان اون بیری ، تماماً شرقی تورکستان دەکی بیر تورك ملتی نی هیچ تونولمغان ات لر بیلەن آتاب اون بیر غە ایریغان یاسا مال آت لر دور . بو اون تورت ملت دییلگەن یاسامال ملت لر نیڭ هر بیری نی زور بیلەن سویت روسیه دەکی شکل دە " آقارتو اویوشماسی " دیگەن تاتارچه بیر آت آستیدە بیر جمعیت تشکیل قیلدوردی . موند ین مقصد شرقی تورکستان دە قدیم دین بیر توغقان و بیر ملت بولوب غایت درجەدە اتفاق و بیرلیك بیلەن یاشاب کلگەن تورك ملتی نی باشقه باشقه بول لر و توشونج لرغە توشوروب بولرنی بیر بیری غەدشمن قیلماق و بو واسطه بیلەن بولرنی اسیرلیق زنجیری غە تخی مو محکم راق باغلاماق دور . چونکه روس لر نیڭ غربی تورکستان و تمام شمالی آسیا و قافقاس و شرقی آوروپادەکی تورك لرنی اوشبو صورتدە پارچه لاب اولر نیڭ قانی نی ایچیب تورغانی کوزیمیز نیڭ آلدیدە دور.[127]

و ینه شیڭ،بیر طرفدین غربی تورکستان دە اوز وطنداش و توغقان لری نی روس جلادلری غە توتوب بیریب جان ساقلاغان وجدا نسیز لردین میڭ لرچەسی نی شرقی تورکستان غە کلتوروب کمونیست لیق پروپاگندەنی یایماق غە و جاسوسلوق خذمتی غە سالدی،چونکه شرقی تورکستان لیغ لردین بو خذمت غەیارایدورغان وطن فروش لر چیقمادی . یاش باله لر نیڭ سوزوك قابلیت لری نی کمونیست لیق بیلەن زهرله مەك اوچون میڭ لرچه مکتب آچتی و بو ابنی نی" شرقی تورکستان نیڭ معارفی غە ترقی بردیم" دەب یورت دە و چین دە پروپاگندە قیلدی،اما واقعه نی بیلگەن کشی معارف نیڭ نەیردە و بو مکتب لر نیڭ نەیردە ایکەنلیکی نی آپ آچوق بیله دور . چونکه شرقی تورکستان دە عصری معلم یوق حساب دە دور، کتاب هم یوق دور، و ... شیڭ بیر مونچه سویت دین کلتور گەن پروپاگندچی لرنی معلم دەب معصوم باله لر نیڭ باشی غە مسلط قیلغان لیقی کوزیمیز نیڭ آلدیدە دور.[128] بو نیڭ اوستیغە شیڭشی سەی،

شرقی تورکستان نیڭ تمام تجارتی نی روس غه باغلادی. دیمك که تجارت اتی استیده یورت نیڭ اقتصادیاتی روس قولیغه اوتتی![129]

الحاصل شیڭ عملیتده هم بیر روس مأموری بولوب حکومتی نیڭ ماهیتی عیناً روس بالشویك لری نیڭ غربی تورکستان ده کی جلادلیق ، یالغانچی لیق ، شیطان لیق اساسی غه بنا تاپقان حکومتی نیڭ ماهیتی ده دور . فقط آغیزده غینه چین جمهوریتی غه تابع لیق دعواسی بار دور . دیمك که شرقی تورکستان یالغوز خریطه سیزیغ لری ده چین غه تابع دور. چین حکومتی هم قدیم دین تونولوب کلگەن قوروغ آبرو سیاستی نی ساقلاماق اوچون شیڭ نی شرقی تورکستان غه حکمدار تونوماقده دور. بو سیاست غه اون بش ملیون انسان نیڭ حقوقی و مقدراتی نی فدا قیلماقده دور . چین ژاپون اوروشی باشلانغاندین کین چین حکومتی روس دین آلادورغان اوروش اسبابی نی شرقی تورکستان یولی بیلەن آلماقغه مجبور بولغان سبب دین شیڭ غه و روس غه تخی مو زیاده تملق قیلماقده و شرقی تورکستان ده روس نفوذی نیڭ یایلماقی اوچون فوق العاده مساعده قیلماقده دور : " اچکوغه جان قایغوسی قصاب غه یاغ قایغوسی! "

## شیڭ کیم دور؟

شیڭ، مانچوریا ده توغولوب چوڭ بولغان بیر چین لیغ دور . کین لرده چین مکتب لریده، مانچوریادا و یاپونیادا عالی عسکری تحصیل کورگەن، عمومی حرب دین کین مانچوریادا کمونیست پارتی سی نیڭ ایچیده ایشلیگەن. کین چه مانچوریانی یاپون لر آلغاندا شیڭ او یردین قاچیب نەنجیڭ غه کلیب چین حکومتی نیڭ خذمتی غه کیردی . شرقی تورکستان غه جین شورین جوشی بولغاندین بیر ییل کین ۱۹۲۹ ده جین شورین نیڭ خصوصی کاتیبی بیلەن نەنجیڭ ده تونوشوپ اونیڭ بیلەن اورومچیگه چقتی و کچیك بیر عسکری



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

خذ متغه اورونلاشتی، باش مصلحتچی و عسکری مکتب غه مُدیر بولدی .
اونیڭ شرقی تورکستان ده قیلغان ایشلری یوقاریده بیان قیلیندی .
سنه شیڭ نیڭ حقیده بیلگنیمیز قسقه چه بو دور . امدی انیڭ سیا
ست و تاریخ صحیفه لریده الغان موقع و عنوانلری‌نی بیر آز غینه
یا زیب اوتمه‌ك لازیمدور .

شیڭ نیڭ خوجا ینی بولغان روس‌لر و خوشامه‌تچیسی
بولغان بعضی چین لیغ لر انیڭ حقیده "بو کشی شرقی تورکستان ده‌کی
انقلاب نی اوزی‌نیڭ قابلیتی و داهی‌لیقی بیله‌ن باسیقتوروب بویورتنی
تینجیتتی ، ارقادا قالغان بو یورت ده معارف، عسکری و اقتصا
دی ایش‌لرنی ترقی قیلدوردی" انداغ، موندا غ ده‌ب پروپاگنده لــر
قیلماقدادور . انیڭ "انسانیت غه قیلغان بو اولوغ خذ متی" غه مکافات
بولوب اوگا "شیڭشه‌سه‌ی" عنوانینی بره‌کده‌دورلر (چین‌چه‌ده عالم‌داهی
سی شیڭ دیمکدور)، اما تاریخ یالغان گواهلیق‌نی قبول اتمایدور
غان غایت عادل و حقانی بیر قاضی دور . یعنی غرض‌لیك لر نیڭ
قارانی آق دیمك وکیچه نی کوندوز دیمك غه قیلغان باطل تشبث
لری‌نی تاریخ آشکارا قیلیب اولرنی قارا یوز قیلادور . شیڭ نیڭ اوز
وطنی بولغان مانچوریانی روس‌غه ساتماق اوچون قیلغان ایش‌لری
انکار ممکن بولمایدورغان بیر تاریخی خاین‌لیق دور . شرقی تورکستان
غه کلگه‌ندین کین فقط اوز شخصی منفعتی اوچون شرقی تورکستان‌نی
روس‌غه ساتقانی و بونیڭ بیله‌ن اوز ملی‌حکومتی بولغان چین حکومتی
غه خیانت قیلغانی آپ‌اچوق میدان‌دا دور . ظلم دین و استبداد
دین قوتولماق و انسانیت نیڭ مقدس حقی بولغان آزادلیق نعمتی
نی حاصل قیلماق اوچون مشروع بیر انقلاب غه قوپقان بیر ملت نیڭ
حقوقی‌نی برباد قیلیب او ملت نیڭ اوستیغه اوزی حاکم بولماق‌مقصدی
بیله‌ن دنیاده‌کی دولت‌لر نیڭ الڭ ظالم و الڭ خونخور راقی بولغان
روس بالشویك لریدین یاردم الیب بو ملت‌نی و یورت‌نی غایت ارزان
بهاغه ساتقانی و اوزی‌نیڭ بیر نچه بیل لیق منصب و رتبه سینی ساقلا
اق، اوچون او ملت‌نی کمونیست جلادلری‌نیڭ قولی‌غه تافشوروب قان

و اوتغه پوچولاب تورغانی هرکیم نیڭ کۆز آلدیده دور . منه موندا غ بیر خاین ، تاریخ صحیفه لریده بك آز کۆرۆلادور . بوڭا تاریخ اۆز لایقیده رُتبه و عنوان برمکدین هیچ تارتیمایدور . هیچ بولمغاندده تاریخ نیڭ عدالتی شیڭ نیڭ یوقاریقی ناحق عنوانی نیڭ بیر حرفی نی یه‌ڭگوشله‌پ بو ناحقلیقنی تۆزار و آڭا شیڭ شه‌زه‌ی عنوانی نی بیرور. (دنیا اوغریسی شیڭ دیمکدور) . منه بو، شیڭ نیك ناحق یرگه آلغان آتالغوسی نیڭ اورنیغه غایت حقلیغ، حقیقتلیغ، تاریخی بیر آتالغو دور.

## شهیدلر خاطره‌سی

آه سیزگه ای وطن قُربانلری    ای اولوس نیڭ قهریمان اوغلانلری
سیزگه‌بیز قان یغلاساق آز تورور    کیم اید یگیز یورتیمیز جانانلری

بیز اونوتولدوقمو دیب قایغورماڭیز    یورت اوچون ملت اوچون آه اورماڭیز
جانیڭیزنی خوش توتوڭ جنت آرا    بیزگه قالدی بو اُلم لیك اورنیڭیز

قانیڭیزنی یرده قویماس بو اولوس    یورت ملت نی اونوتماس بو اولوس
هریگیت سیزنیڭ ایزیڭیزدین یۆرۆر    قورتولور، قولوقدا قالماس بو اولوس

اولوس سیزنی اونوتماس هیچ قاچان    یولوڭیز اوزره یوروولر هر قاچان
اولوس اویغاندی امدی اوخلاماس    جان بیرور سیزده‌ك یاالغوسی جان

انقلاب شهیدلریمیز نی اولوغلاب یازیلغان بیر شعر.
خوجه‌نیاز حاجیم و شریف خان توره نیڭ قبرلرینی یڭیدین تۆزۆپچیقیش مراسیمید
محمد امین بوغرا اوقوغان
اورومچی ١٩٤٧



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

## خاتمه

### شرقی تورکستان نیڭ انقلابی توگادیمو ؟

بو سوال نیڭ جوابی ده شرقی تورکستان خلقی نیڭ روحیاتینی تدقیق اتمیگەن و بو انقلاب نیڭ نتیجەسیده عموماً خلق نیڭ یوریکیده یەرلەشکەن حسیاتدین خبر تاپمغان ویاکه دنیا ملتلری نیڭ تاریخینی بیلمیگەن کشیلر "توگیدی" دەب جواب بیره دور . چونکه بولر ، یالغوز کۆزغه کوزونوشده شرقی تورکستان خلقی نیڭ قولیده یاراغ یوقلوقی نی و دشمن نیڭ قاهر قوتینی کۆرمکده دورلر، بو سبب دین خلق نیڭ هیچ بیر حرکتغه قدرتسیز حالده تقدیرغه بویون ایگیب تورغانینی ،انقلاب نیڭ توگەگینی دەب حکم قیلماقدەدورلر . حاضرقی کونلرده دشمن نیڭ ، هم یالغان پروپاگنده و هم قانلیغ تدهیشلر بیلەن خلق نیڭ روحیاتینی زهرلەمەك ، ملی استعدادینی یوق اتمك اوچون ملت نیڭ اجتماعی و سیاسی حق لری نی طلب قیلماقیغه هیچ امکان برمیگەنی ، بوگابیر دلیل صورەتیده کۆرونمەکده دور. ینه شرقی تورکستان نی تۆرت طرفدین دنیا نیڭ اڭ ایگیز تاغ لری و اڭ یمان چول لری چۆروب آلغانی، هیچ بیر تیکیزغه یا قین ایمەسلیکی، قوروغدین هم مدنی مملکتلردین اُوزاق توشکەنی دین عبارت بولغان جوغرافیائی بخت سیز لیقی ،و قوتلیك دشمن نیڭ حرص و طمع آغزی غه بك یاقین لیقی هم یوقاریقی کۆز قاراشنی قوتلەندوره دور.

لیکین شرقی تورکستان خلقی نیڭ روحیاتی نی تدقیق اتکەن و انقلاب دوریدین بیری کوچەیگەن ملت پرورلیك حسیاتی نی ،

حاضرده دشمن نیڭ قانلیغ ظلم و تدهیش لری نتیجه سیده محکم لەشکەن عداوت و نفرت حسیاتی نی تاریخ و سیاست نظری بیلەن اویلاغان کشی لر، بو سوالغه جدی لیق بیلەن، "هرگز توگمیدی ، و هرگز توگیمەیدور" دەب جواب بیره دور. بوجوابلریده انتها درەجەده حق لیغ دورلر. چونکه شرقی تورکستان خلقی ، یگرمه بیل دین بری دنیادەکی آزاد ملت لرنیڭ عزیزلیقینی ، هرحق گه ایگه ایکەنلیکینی ، انسانیت جامعه سی نیڭ طبیعی حقوقی بولغان معارف تجارت، زراعت ، صناعت، عسکرلیك و باشقه اجتماعی ایش لری نیڭ تماماً او ملت لرنیڭ اوز فایدەسی اوچون ایکەنلیکی نی بیلیب کلمکده دورلر.

وینه، اسیرملت لرنیڭ خصوصاً شرقی تورکستان خلقی نیڭ خوارلیق ، هرحق دین محروم ، هرظلم و اِستبدادغه معروض ، هرایشده دنیاملت لریدین کین ایکەنلیکی اولرنیڭ معارف اقتصادی ایش لری و طبیعی ثروت لری تماماً دشمن نیڭ منفعتی غەبولماقده و تماماً اجتماعی فایدەلردین محروم توتولماقده ایکەنلیکی شرقی تورکستان خلقی نیڭ کوزیغه آپ آچوق کورونمکدەدور. یعنی دنیاملت لری نیڭ قتاریده عزت و آبروغه یتمك ، طبیعی حق لریغه ایگەبولماق هرایش ده سعادت بیلەن یاشاماق و باشقه ظالم خونخوار انسان لرنیڭ آلدیدەحیوان پاتالریدەك خوارلیقدین قورتولماق دین عبارت بولغان انسان لیق حقلریغه ایگه بولوش، یات لرنیڭ حاکمیتی دین قورتولمای و یرلیك بیرملی اداره تشکیل قیلمای امکان سیز ایکەنلیکی غه عموماً شرقی تورکستان خلقی چیڭ کوڭلی بیلەن ایمان کلتورمکده دور.

دشمن نیڭ قاهر قوتی ، قانلیغ ظلم لری ، یالغان پروپاگنده لری ، یاساما نمایش لری بوایمانغه هیچ بیر نُقصان یتکوزەلمەیدور. بلکه بو ایش لر ، خلق نیڭ ایمان لرینی قوتلەندورمك و دشمن حقیدەکی عداوت و نفرت حسیاتی نی آشورماقیغه اڭ مهم عامل دور. بو بولسه سیاست و تاریخ صحیفەلریده انیقلانغان بیر حقیقت دور.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دشمن‌نیڭ زور و جلادلیق بیله‌ن خلق‌نی قورقوتماق و بعضی وجدان‌سیزلرنیڭ واسطه‌سی بیله‌ن تدهیش و تضیق سیاستی‌نی اشله‌تمه‌ك بیر مدت خلقنی ظاهرده قوت‌گه بویون اگمك هر بیر حرکت‌دین عاجز قالماقغه مجبور قیلادور. اما، یوقاریقی قوتلیك ایمان و جِدّی روحیات، اوّچکه‌ن یانارتاغده‌ك ظاهری خاموش‌لوق حالده، ایچیده‌کی قزیغ‌لیقینی دایما آشورماقده و بیر زلزله و یا باشقه بیر حالت نتیجه‌سیده درحال یالقونلانیب تاشیب هرمانع‌نی، هر دشمن‌نی، کوّیدوروب کول قیلماق استعدادی‌نی همیشه آشورماقده دور. چونکه موندا غ بیر ملت‌نیڭ دایما اسیرلیقده قالمغانی و دشمن‌نیڭ باشیغه بلا کلگه‌ن زمان، فرصت‌دین استفاده قیلیب بیر یولی فعالیت‌گه کلگه‌نی، بونیڭ نتیجه‌سیده استقلال و شرف‌لیك حیات نعمتی‌گه یتکه‌نی تجربه‌دین اوّتکه‌ن بیر حقیقت‌دور. ینه، ظلم سیاستی‌نی حکمدارلیق‌غه اساس قیلغان دولت‌نیڭ دوام اتمه‌س لیکی، یقین فرصت‌ده ییقیلیب برباد بولوب تاریخ صحیفه‌سیده بیر عبرت منظره‌سی‌نی کوّرسه‌تمیکی، خدای تعالیٰ‌نیڭ انیق بیر عادتی دور.

دشمن‌نیڭ، ظلم و استبداد یولی بیله‌ن، خلق‌نی اوّز ملتی‌دین چیقارماقغه، یالغان و ریاکارلیق پروپاگنده بیله‌ن او ملت‌نیڭ مُقدراتینی اوّز فایده‌سیغه قوربان قیلماقغه اورونغانلیقی نیڭ ترتو نتیجه برمیکی، انسان تاریخی‌ده غایت اوچوق بیر مضمون دور.

شرقی توکستان‌نیڭ جغرافیائی وضعیتیدین توغولغان قینچیلیق حاضرقی و موندین ایلگریکی فلاکت‌لرنیڭ مهم بیر سببی دور. اگر بو وضعیت بولمسه ایدی، شرقی تورکستان‌غه هیچ بیر یات‌نیڭ استیلاسی ممکن بولماس ایدی. غربی آسیاده‌کی توّرك قرینداش‌لریمیزده‌ك هر دشمن‌نی اوّز وقتیده اوزاقلاشتورماق، کمچیلیکلرنی واقتیدا پوتونله‌مکغه قدرتلیك بولوب، دایما مستقل یاشارایدوك. لیکین بو مشکل‌لیك ییکیلمه‌یدورغان بیر مشکیل‌لیك

ايمەس دور. امكان دائرەسى ايچيدە بولغان ايش هرقانچە قين بولسە بولسون انساننيڭ غيرتى وفداكارليقى، او مشكلنى يەڭميكى هرعاقلغە معلوم دور. اگر انسان غيرت و فداكارليقنى تركاتيب، "قضاغە رضا بلاغە صبر" دەب، عاجزليق، هورونلوق، قورقونچاقليق يولينى توتسا آنداغ انسانغە آسان ايشنيڭ قين بولوب قالماقى هم طبيعى دور.

بيزنيڭ باباليريميزنيڭ توركستاندە دنيانى تيترەتكەن خاقانليقلرنى قورغانى، استقلال و عزتلرينى عصرلرچە محافظە قيلغانى، تاريخلردە همە دنياغە معلوم دور. اولرنيڭ زمانەسيدە هم حاضرقى جغرافيائى مشكلليكلر بار ايدى. فقط اولر نيڭ غيرت و فداكارليقلرى او مشكلنى يەڭدى ايمەسمو؟ ديمەككە بير ملتدە وطن دوستلوق و ملت پرورليك حسياتى تولوق بولسە او ملت نيڭ مقصدىغە مانع بولادورغان سياسى، جغرافيائى و باشقە هر مشكلليك نيڭ يوق بولماقيدە و هر دشمننيڭ يەڭيلميكىدە شبهە يوق دور. بو مشكلليكلرنيڭ، او مقصدنى بير آزكينغە قويماقى طبيعى بولسەمو، ملت نيڭ مأيوسلەنمەى بيرليك وغيرەت وفداكار ليق بيلەن تيريشمكى، زمان شرايطىدين استفادە قيليب او مشكل ليك نى يەڭميكى و مقصدغە يەتميكى هم سياست و تاريخ عالمىدە بيلينگەن بير حادثە دور.

منە شرقى توكستان مسئلەسىغە موندا غ كۆز بيلەن قاراغان شرقى توركستان اوغوللرى يورت ايچيدە هم تاشقيريدە، مهم درەجە دە تولا دور. موندا غ كشى لرنيڭ بارليقى بو يورت و ملت نيڭ غايت يوروقلوق و سعادتليك بير مستقبلغە قاوشماقى نيڭ اڭ مهم عامللرى دين دور. يورت ايچيدە ويا تاشقيريدە ممكن بولغان قدر توغرى حركتدە بولغانلرى، عمومى خلق نيڭ يوقاريقى مستحكم ايمانىغە و حسياتىغە قوشولوب، غايت كەڭ و نهايت فايدەليغ بير انقلاب حركتى دور.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

معلوم بولدیکه شرقی توركستان نیڭ انقلابی توگیمیدی. استقلال نعمتی حاصل بولغونچه بو انقلاب نیڭ توگیمیکو امکانسیزدور.

اولوغ و قادر تڭریمیز دین بو فلاکتغه اوچراغان بنده لریغه رحمت و نُصرت، دشمن لریغه غضب و مغلوبیت تیله یمیز.

آمین.

پنجشنبه

۱۳۵۹ هـ، ۱۰ ربیع الاول (۱۹٤۰ م، ٤-آی نیڭ ۱۸-کونی)

کابل، افغانستان

## III— BAB: ÇİN İSTİLASI DEVRİ

### I— BÖLÜM: İLK ÇİN SALDIRISI


1— Fasıl: Çin İşgalı Altında 1816'ya Kadar Doğu Türkistan Halkının Uğradığı Mezalım
2— Fasıl: Çin İşgaline Karşı Doğu Türkistanda İlk Genel Ayaklanma
3— Fasıl: İkinci Çin İşgali
4— Fasıl: Doğu Türkistanda İkinci Umumi Ayaklanma
5— Fasıl: 1815-1863 Arası Doğu Türkistan'da Genel Durum
6— Fasıl: Doğu Türkistan'da Üçüncü Genel Ayaklanma —İli ve Yettesu Ayaklanması —Kuça Ayaklanması —Raşiddudin Han Hoca'nın Kaşgar, Yarkent Mücahitleri ile Çatışması —Kuça Mücahitlerinin Sonu —Kuça Hükümetinin Mahiyeti — Hoten Mücahitlerinin Akibeti —Hacı Padişah'ın Yönetimi —Kaşgar Ayaklanması —Yarkent Ayaklanması
7— Doğu Türkistan Komşu Türk Yurtlarına Rus İstilası
8— Yakub Beğ —Yakub Beğ'in Hükümdar Oluşu —Hoten Seferi —Kuça Seferi —Yakub Beğ'in Kuvvet Kazanması —Turfan, Ürumçi ve İli'yi Elegeçirmesi —İstiklal İlan Etmesi —Dış Ülkelerle Münasebeti — Ürümçi ve Gulca'nın Tungan İşgali —Doğu Türkistan'a Çin Saldırısı —*Yakub Beğ'in Ölümü ve Iç Savaş —Doğu Türkistan İstiklalinin Yıkılması —Yakub Beğ'in İstibdadı —İdari Teşkilatı* —Tarihte Yakub Beğ'in Yeri


### 2— BÖLÜM: DOĞU TÜRKİSTAN'A DÖRDÜNCÜ ÇİN İSTİLASI


1— Fasıl: Mançur İmparatorluğu Son Döneminde Doğu Türkistan
2— Fasıl: İli ve Yettesu'nun Rus İşgali
3— Fasıl: Çin'de İmparatorluk Rejimi Sonbulurken Doğu Türkistan'ın Genel Durumu —Çin İmparatorluğu'nun Doğu Türkistan Üzerinde Kötü Emeleri —Mançu İmparatorluğunun Doğu Türkistan'da Ekonomik Politikası —İlk Nüfus Sayımı —İdari Teşkilat
4— Fasıl: Çin Cumhuriyeti Döneminde Doğu Türkistan —Doğu Türkistan'da İkibuçuk Hükümet —Siyah Sarıklılar Cemiyeti (Gulâhuy)
5— Fasıl: Doğu Türkistan'da Milli Uyanış —Durum Değerlendirmesi
6— Fasıl: Doğu Türkistan Üzerinde Çin Cumhuriyet Rejimi Etkisinin Yokoluşu —Yang Zing Şin Yönetimi —Doğu Türkistanda İlk Seçimler, Fabrika ve Telsiz Telgraf —Doğu Türkistan'ın Kültürüne ve Ekonomisine Yang'ın Hiyaneti —Yang'ın Öldürülmesi
7— Fasıl: Cin Şu Rin Yönetimi


### III— BÖLÜM: DOĞU TÜRKİSTAN'DA DÖRDÜNCÜ GENEL AYAKLANMA


—Ayaklanmaların Nedeni Üzerine Müellifin Değerlendirmesi
1— Fasıl: Kumul Ayaklanması
2— Fasıl: Turfan Ayaklanması
3— Fasıl: Hoten Ayaklanması
4— *Karaşehir, Korla, Kuça, Aksu ve Kaşgar Olayları*
5— Fasıl: Altay, Çöçek ve Gulca Ayaklanmaları
6— Altişehir'de Tunganların Sindirilmesi
7— Fasıl: Çin Merkezi Hükümeti'nin Doğu Türkistanı Üçe Bölme Planı
8— Fasıl: Hoten Mücahitleri ile Timur Ali Arasında İhtilaf
9— Fasıl: Hoten Hükümetinin Hoca Niyaz'a Bağlılık Bildirimi
10— Fasıl: Timur Ali'nin Tunganlarca Öldürülmesi
11— Fasıl: Ürümçi Olayları
12— Fasıl: Milli Devrimci Kuvvetlerin Dış İlişkileri
13— Fasıl: Hoca Niyaz Haci ve Tunganlar
14— Fasıl: Hoten ve Kaşgar'da Gelişmeler
15— Fasıl: Hoca Niyaz Hacı'nın Kişiliği üzerinde Bazı Düşünceler
16— Fasıl: Tunganların Turfan ve İli'den Güney'e Akını
17— Fasıl: 27 Aralık 1934 — 19 Şubat 1935 Arası Olaylar
18— Fasıl: Ma Chung Yıng'ın Kaşgar'a Gelişi
19— Fasıl: Trajik Gelişmeler
20— Fasıl: Hoten Ayaklanmasının Sonu
21— Fasıl: *Doğu Türkistan'da Milli Ayaklanmaların Son Safhası*
22— Fasıl: Milli Kuvvetlerin Askeri ve Siyasi Durumları
23— Fasıl: Şin Şi-Tsai Yönteminin Mahiyeti
SON SÖZ: DOĞU TÜRKİSTAN HÜRRİYET SAVAŞI BİTTİ Mİ?



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

6— Fasıl: Cucan Tatar İmparatorluğu —Tolun Kağanın Doğu Türkistan'ı Zaptı.

7— Fasıl: Haptal (Yeftel) İmparatorluğu —Doğu Türkistan'ın Yeftel İmparatorluğuna Katılması

8— Fasıl: Kök Türk Devleti —Doğu Türkistan'ın Kök Türk Birleşmesine Katılması —Mokan Kağan'ın Komşu Devletlerle Münasebeti —Kök Türk Devletinin İkiye Bölünüşü —Çin İhaneti Yüzünden Çıkan Olaylar —Doğu Kök Türk Devletinin Çin'le Münasebeti —Doğu Kök Türk Devletinin Yıkılışı —Batı Kök Türk Devletinde Kargaşa ve Çin Saldırısı —Batı Kök Türk Devletinin İran Şahı Yezdgerd ile Birlikte İslam Arab Kuvvetleriyle Savaşı —Batı Kök Türk Devletinin Yeniden Güçlenmesi —Batı Kök Türk Devletinin Yıkılışı ve Doğu Türkistan'a Çin İstilası —Doğu Türkistan'ın Güney İllerine Tibet İstilası.

9— Fasıl: Kutluk ve Türkeş Devletleri —Kök Türk Devleti'nin Yeniden Dirilişi —Doğu'da Kutluk Devleti —Batı'da Türkeş Devleti —Kutluk ve Türkeş Devletlerinin Birleşmesi ve Türkistan'ın Çin Esaretinden Kurtuluşu —Kutluk Devleti ile İslam Emirleri Arasında Geçen Olaylar —Mehleb bin-Ebi Sufre —Kutaybe bin-muslim —İki Tarihi Gerçek —Doğu Türkistan'da İç Hadiseler —Kök Türk Devletinde Siyasal, Sosyal ve Kültürel Ortam —Orhun Abideleri ve Eski Türk Yazısı


## IV— BÖLÜM: KARAHANLAR DEVRİ


1— Fasıl: Karahan'lar Devleti —Kuruluşu —Devletin Genişlemesi —Doğu Türkistan'da İslamiyetin Yayılması —Satuk Buğra Han'ın Savaşları —Musa Buğra Han —Harun Buğra Han —Batı Türkistan'ın Karahanlar Devletine Katılması —Karahan Yusuf Kadir —Samani'lerin Çöküşü —İlik Han Ali Tekin ile Samani Müntasir arasında Savaş —Ali Tekin ve Sultan Mahmut arasında Savaş —Karahan Yusuf Kadir ile Sultan Mahmut Arasında Savaş ve Uzlaşma —Tağan Ali Han'ın Kitay Muharebesi —İlik Hanlık Unvanı Konusunda bir İnceleme —İlik Hanlarının Karahan'a Başkaldırması —Karahan Yusuf Kadir'in Sultan Mahmut ile Buluşması —Doğu Türkistan'da Ayaklanmalar —Ali Tekin'in İkinci İsyanı —Selçukoğullarının Doğu Türkistandaki Tarihçesi —Karahan Yusuf Kadir'in ve Ali Tekin'in Vefatları —Karahanlar Devletinin İkiye Bölenmesi —İkinci Harun Buğra Han Dönemindeki Olaylar —Karahanlar Devrinde İdari ve Askeri Teşkilat ve Medinyet —Türk Dili ve Edebiyati —Karahan'ların Çağdaş Devletler Arasında Konumu —Büyük Türk Devletlerin Yıkılış Nedenleri Üzerine Bir Yorum

2— Fasıl: Karahıtay Devleti — Karahıtay'ların Doğu ve Batı Türkistanı İstilası —Gobing, Goyan ve Tirge'lerin Gorhan Tahtına Çıkışları —İdikut ve Kiliç Han'ın Cengiz Han'a Tabi olmaları —Karahıtay Devletinin Yıkılışı Küçlük'un Kimliği ve Doğu Türkistan'a Geliş Nedeni —Küçlük'ün Doğu Türkistanı İstilası —Karahıtay Devlet Teşkilatı


## V— BÖLÜM: DOĞU TÜRKİSTAN'DA MOĞUL DEVRİ


1— Fasıl: Doğu Türkistan'a Cengiz Han İstilası —Cengiz Han Döneminde Doğu Türkistan'da Durum —Cengiz Han'ın Ölümünden Sonra Doğu Türkistan'da Durum.

2— Fasıl: Çağatay Devleti —Doğu Türkistan'da Oktay Hanedanı —Doğu Türkistan'da Çağatay Hanedanı Eğemenliği —Tuğluk Timur Han'ın Batı Türkistanı Elegeçirişi —Taşköprü Muharebesi —İlya's Hocaoğlan'ın Tahta Çıkışı —Doğu Türkistan'da Ayaklanma Doğu Türkistan Hükümdarları ile Timur Arasında On Yıllık Savaş —Hızır Hocaoğlan'ın Han oluşu ve Doğu Türkistan'da Birliğin Tesisi —Kameruddin Bey ile Tohtamiş Han Arasında İttifak —Kameruddin Bey'in Ölümü —Timurun Doğu Türkistan'a Saldırısı —Hızır Hoca Han'ın İcraatı —Timur'un Ölümü —Muhammed Han'ın Tahta Çıkışı —Şem'i Cehanin Tahta Çıkışı —Şir Muhammed 'in Tahta Çıkışı —Şir Muhammed Han ile Uluğ Bey Arasında Savaş —Uveys Han'ın Tahta çıkışı —Üçüncü Esenboğa Han —Esenboğa Han'ın Fergane'yi Elegeçirmesi —Yunus Han'ın Tahta Çıkışı ve Savaşları —Payitahtin Taşkent'e Taşınması —Sultan Yunus Han'ın Medeniyete İki Önemli Hizmeti —Mahmud Han'ın Tahta Çıkışı —Sultan Mahmud'un Korganlarla Savaşları —Muhammed Şibanı Han'ın Sultan Mahmud'a İhaneti —Sultan Mahmud'un Babur Mirza ile Münasebeti —Kaşgar Muharebesi ve Ababekir Mirza'nın Uç'u İsgali —Sultan Mahmud'un Şibani Han'a Karşı Tutumu —Şibani Han'ın Taşkent'i İşgali —Alaca Han'ın Ölümü ve Doğu Türkistan'da Ayaklanma —Sultan Mahmut'un Ölümünden Sonraki Olaylar —Doğu Türkistan Çağatay Devletinin Yıkılması —Çağatay Devrinde Doğu Türkistan'da İdari Teşkilat ve Sosyal Durum.

3— Fasıl: Doğlat Hükümdarlarının Tarihçesi —Sultan Ababekir Mirza'nın Altışehirde Bağımsız Devlet Kurması —Ababekir Mirza'nın Akli Dengesinin Bozulması —Doğu Türkistan Doğlat Devletinin Sonu —Ababekir Mirza'nın İdari Teşkilatı

4— Fasıl: "Özbek" ve "Kazak" Adlandırmasının Menşei

5— Fasıl: Saidiye Devleti —Sultan Said Hanın Hayatı —Mansur Han'ın Ölümü —1517-1524 Olayları —Doğu Türkistanın Kuzey Kısmının Kaybedilmesi —Biluristan ve Badahşan Harekatı —Tibet ve Keşmir'in Fethi —Sultan Said Han'ın Ölümü —Sultan Abdurraşit Han'ın Tahta Çıkışı —1533-1630 Olayları —Abdullah Han'ın Saltanat Devri —Abdullah Hanın Tahttan İndirilişi —İsmail Han'ın Tahta çıkışı —Saidiye Devletinin Çöküşü —Saidiye Devleti Döneminde Devlet Teşkilatı, Ekonomik ve Sosyal Durum

6— Fasıl: Doğu Türkistana Kalmak İstilası —Kalmakların Tarihçesi —Abak Hoca Evladı Arasında İç Savaş —Abak Hoca'nın Evladı Döneminde Doğu Türkistan.

# DOĞU TÜRKİSTAN TARİHİ

*Mehmet Emin Buğra, 1940, Kâbil.*
*Eserin Dili: Uygur Türkçesi*
*İlk Basımı: Srinagar, 1942. İkinci Basımı: Ankara, 1987*
*Yayınlayan ve Dağıtan: Fatma Buğra, Abidin Daver Sok. No: 47/6,D Blok, Çankaya, Ankara, Türkiye Cumhuriyeti.*
*Basıldığı Yer: REPROMAT Ofset, Meşrutiyet Cad. No: 68/18, Ankara.*

İÇİNDEKİLER

**SUNUŞ–** Yayına Hazırlayan Tarafından
**TAKRİZ**
**ÖNSÖZ**
**KAYNAKÇA** (Eserin hazırlanmasında yararlanılan kaynaklar)

## I— BAB: GENEL TARİH

### I— BÖLÜM: GENEL TARİHİN BİR ÖZETİ

1— Fasıl: Tarih Biliminin Tanımı.
2— Fasıl: İnsan Tarihinin İlk Evreleri

### II— BÖLÜM: GENEL TÜRK TARİHİNİN BİR ÖZETİ

1— Fasıl: Türk Tarihinin Başlangıcı
2— Fasıl: Türklerin Maden Devrindeki Medeniyeti
3— Fasıl: Türklerin Umumi Göç Devri
4— Fasıl: Göç Devrinden Sonraki Türk Anayurdu —Eski Türklerde Yazı —Eski Türklerde Devlet Teşkilatı ve Hukuk —Eski Türklerde Din.

## II— BAB: DOĞU TÜRKİSTANIN ÖZEL TARİHİ

### I— BÖLÜM: RİVAYETLER VE EDEBİ ESERLERE GÖRE DOĞU TÜRKİSTANIN ESKİ TARİHİ

— İran Rivayetleri —Asur Rivayetleri —Yunan Rivayetleri —Hindistan Rivayetleri —Türk Rivayetleri —Bir Değerlendirme —Özet.

### II— BÖLÜM: İSKENDER DEVRİNDEN HUN DEVRİNE KADAR DOĞU TÜRKİSTAN

### III— BÖLÜM: DOĞU TÜRKİSTANIN HUN DEVLETİNE KATILMASINDAN İSLAM DEVRİNE KADAR GEÇEN DÖNEM

1— Fasıl: Büyük Hun İmparatorluğu —Hun Devletinin Genişlemesi —Çin Savaşları— Yavçi Savaşları —Oğuz Mete Han'ın Ölümünden Sonraki Olaylar —Çin'in Hun Devletine karşı Siyaseti —Hunlara Çin Saldırısı —Hun Devletinde İç Kargaşa —Hun Tanrıkuti'nin Zaferi —Hun Devletinin İkiye Bölünmesi —Hun Devletinin Niteliği —Hun'ların Dini ve Kültürü.
2—Fasıl: Hun Devleti Döneminde Doğu Türkistan —Doğu Türkistan'a İlk Çin Saldırısı ve Yenilgisi —Çin Devletinin Doğu Türkistana ilk İstilası —Doğu Türkistan'ın Çin İstilasından Kurtuluşu —Altışehir Hanları Arasında Çatışmalar —Doğu Türkistan ile Çin Arasında Otuz Yıl Süren Savaşlar
3— Fasıl: Kuşan (Kuşhan) İmparatorluğu —Altışehir'in Kuşhan İmparatorluğuna Katılması —Kuşhan'lar Döneminde Doğu Türkistan'da Din ve Medeniyet —Doğu Türkistan'ın Kuşhan Nüfuzundan Çıkışı ve Yerel Hanların Bağımsız Oluşu
4— Fasıl: Siyanpi Federasyonu —Çin İstilası ile Siyanpi Federasyonuna Katılması arasında Geçen Dönemde Doğu Türkistanın Doğu ve Kuzey Bölgelerinin Durumu —Siyanpi Türklerinin Bağımsızlığı ve Doğu Türkistan —Doğu Türkistan Yerel Hanlarının Bağımsızlığı
5— Fasıl: Toba Türkleri —Kucu ve Altışehir Hanlıklarının Toba İmparatorluğuna Katılması —Toba Türklerinin Medeniyeti.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

# تۈزىتىش

| بەت | قۇر | بسسلىغىنى | توغرىسى |
| --- | --- | --- | --- |
| v | ٢ | مۇئەللىيىنى | مۇئەللىپنى |
| v | ٥ | كوجوش | كۆچۈش |
| v | ١٥ | تشكيلات | تشكيلاتى |
| vii | ٤ | اميرلى | اميرلىرى |
| vii | ١٦ | ويغور | اويغور |
| vii | ١٦ | اوريغور | اويغور |
| viii | ٢٣ | سايتخت | پايتخت |
| x | ٤ | سيعت | بيعت |
| x | ١٩ | چين‌شورين | جين‌شورين |
| x | ٢٥ | كوجا | كوچا |
| xi | ١٩ | شيلك كيم‌دورى | شيلك كيم دور؟ |
| xiv | ١٦ | ت. وتەن | ت "T"، وەتەن |
| xv | ١٣ | ل " | ل- L |
| xviii | ١١ | باياننامەسى | باياننامەسىدە |
| xx | ١٥ | كۆك‌لۇم | كۆلكۇم |
| xxi | ١٤ | غمخور | غمخوار |
| xxiv | ٩ | اسيتكە | اسيتكى |
| xxv | ١٣ | بلكە | بلكى |
| xxvii | ١ | استايمنكە | استەيمەنكى |
| xxvii | ١٨ | منكە | منكى |
| 16 | ٢٢ | اسرانگو | ايزاكڭو |
| 36 | ٣ | قوشنە | قوشنا |
| 36 | ١٨ | منكە | مەنكى |
| 85 | ١٦ | ٤_٧٣م.ك. | ٤_٧٣م. |
| 88 | ٩ | كورولوركە | كۆرۈلۈركى |
| 143 | ١٧ | تستختاتيش | توختيتش |
| 163 | ٢١ | (حدد) | (حُدُد) |
| 228 | ٢٥ | مشلا | مثلاً |
| 264 | ٢٨ | تارسيدە | نارسيدە |
| 232 | ٢ | ١٩٢٧ | ١٤٢٧ |
| 396 | ر | زوزوكڭتاك زوزوكتاك | زوزوكڭتاك |
| 417 | ١٠ | بيناءليە | بيناًعليە |
| 455 | ١٥ | قوتى | قُوَتى |
| 467 | ١١ | بيناءءليە | بيناًعليە |
| 467 | ١١ | ديمەكە | ديمەككى |
| 496 | ١٩ | سيبج | سيپچ |
| 507 | ٢٥ | بيناءءليە | بيناًعليە |
| 508 | ٢٥ | ضياليغ | ضيالى |
| 512 | ٢٠ | ديديكە | ديديكى |
| 595 | ر | بيلەن بيربيلەن | بيلەن بير |
| 645 | ١٣ | اويداك | اويداك |
| 661 | ١ | بولديكە | بولديكى |